سەي جىنسوڭ

پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتىكى پەۋقۇلئاددە تارىخىي شەخس
بىر مەزگىل جاھانغا پاتمىغان شىنجاڭ «پادىشاھى»

# شېڭ شىسەي



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

سەي جىنسوڭ
شېڭ شىسەي
مىللەتلەر نەشرىياتى

بۇ كىتابتا شېڭشىسەينىڭ قانداق قىلىپ ھوقۇقنىڭ پەللىسىگە چىققانلىقى، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى بىرلىكسەپ تۈزگەنلىكى ۋە قانداق بولۇپ بىردىنلا يۈز ئۆرۈپ، شىنجاڭدىكى مەشھۇر كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈپ جىياڭ جيېشىغا ياخشىچاق بولغانلىقى، قانداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ۋە قانداق بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى، قانداق قىلىپ سىياسىي رەقىبلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر مول تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۆزگىرىشچان سىياسىي بورانلارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ.



ISBN 978-7-105-07760-1
9 787105 077601 >
定价：33.00 元



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى



سەي جىنسوڭ

# شېڭ شىسەي

تەرجىمە قىلغۇچى : راخمان مامۇت

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

责任编辑：凯赛尔·库尔班
责任校对：麦热木尼沙·肉孜

## 图书在版编目(CIP)数据

盛世才外传：蔡锦松；热合曼·马木提译.—北京：民族出版社，2006.6（2012.3 重印）
ISBN 978-7-105-07760-3

Ⅰ.盛… Ⅱ.①蔡… ②热… Ⅲ.盛世才（1892～1970）—传记—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K827=7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 059974 号

出版发行：民族出版社　htt://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006 年 12 月第 1 版
2012 年 3 月第 2 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：20.875
定　　价：33.00 元

# كىرىش سۆز

شېڭ شىسەي (1894—1970) شەرقىي شىمالدىكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن ناھىيىسىدىن، كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان. كېيىن ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1930 ـ يىلى چېگرا رايوندا چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىش مەقسىتىدە «تولۇپ ـ تاشقان جاسارەت» بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شاڭشياۋ دەرىجىلىك سەنمۇلىقتىن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەپ شىنجاڭنىڭ ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت چوڭ ھوقۇقلىرىنى ئىگىلەپ 11 يىل ئۆلكە رەئىسى، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغان.

ئۇ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى بىلەن قارشى يول تۇتۇپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈپ، ئەنگلىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى يوقاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تاياندى ۋە شىنجاڭنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى چوڭ ئارقا سەپكە ئايلاندۇردى. كېيىن قانات ـ قۇيرۇقى ئاززاق يېتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىدىن تاشقىرى ئۈچىنچى بىر سىياسىي گۇرۇھ، دېگەن نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىكى ئالاھىدە ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. ئەڭ ئاخىردا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرخىل مۇرەككەپ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىلگىرىكى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى يول تۇتتى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمىتى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ يولىغا ماڭدى.

ئۇ پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن پەۋقۇلئاددە تارىخىي شەخس. كىتابخانلار 200 نەچچە مىڭ خەتلىك بۇ ئاممىباب ئوقۇشلۇق ئارقىلىق تېپىشماقتا ئوخشايدىغان بىر قاتار ۋەقەلەرنى، يەنى بىر مەزگىل ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان شىنجاڭنىڭ بۇ ۋاڭىنىڭ قانداق قىلىپ ھوقۇقنىڭ پەللىسىگە چىققانلىقىنى، ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان، يەنئەننىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن، كومپارتىيە بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى بىرلىك سەپ تۈزگەن بىر ئادەمنىڭ قانداق بولۇپ تۇيۇقسىز ئۇ ئىشلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق مەشھۇر كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈپ جياڭ جيېشىغا ياخشىچاق بولغانلىقىنى، قانداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى، قانداق قىلىپ بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئىلغار ئەربابلاردىن پايدىلىنىپ مالىيە، خەلق ئىشلىرى، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەشۋىقات، ھەربىي، باج، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردە نەتىجە قازانغانلىقىنى، قانداق قىلىپ ئىشپىيونلۇق ۋە سۇيىقەستلىك ۋاسىتىلار ئارقىلىق كۆپ قېتىم «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلولىرى» نى ياساپ چىقىپ سىياسىي رەقىبلىرىنى تۈركۈملەپ تۈرمىلەرگە تاشلىغانلىقىنى، مەخپىي ئۆلتۈرگەنلىكىنى، قانداق قىلىپ شىئەن ۋەقەسى يۈز بەرگەن چاغلاردا سىياسىي نەيرەڭ ئىشلەتكەنلىكىنى، ستالىنغا بەيئەت قىلىپ، ئالاھىدە تەستىق بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغاندىن كېيىن، يەنە قانداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل 8 - تۇەنى بىلەن شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن زور تۈركۈمدىكى مۇتەخەسسىسلەر، مەسلىھەتچىلەر، تېخنىك خادىملارنى دۆلىتىگە قايتىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن ئەمەلدار تۇرۇپ، يەنە قانداقلارچە گومىنداڭغا ئەزا بولمىغانلىقىنى، يەنە تېخى گومىنداڭنى شىڭشىڭشيادىن بۇياق-

قا ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

شىڭ شىسەينىڭ ئائىلىسىمۇ ئوخشاشلا سىرلىق بىر ئائىلە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەشكىلاتچىلىرىنىڭ ۋە جۇڭگو ياشلار ئىتتىپاقىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان يۇ شيۇسۇڭ شىڭ شىسەينىڭ سىڭلىسى بىلەن توي قىلىدۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالاپ ئېلىپ كېتىلىپ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بىر تۇغقان ئىنىسى شىڭ شىچى ئۆز ئۆيىدە سىرلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمۇ ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنمۇ؟ قاتىل زادى كىم؟ ئېنىقلانمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بەكمۇ كۆپ.

بۇ كىتاب ئەنە شۇنداق سىرلىق ئىشلارنى، كۈندە مىڭ خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىياسىي بورانلارنى چۆرىدىگەن ھالدا شىڭ شىسەينىڭ گۇمانخورلۇقى، تۇراقسىزلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


1. فېڭتيەن. توكيو. نەنجىڭ ........................ 1

ئائىلە شەجەرىسى ........................ 1

«شەھەرلىك بالىلار قانچىلىك ئىدى!» ........................ 6

رەڭگارەڭ چىراغلار ........................ 13

فۇسۇغا بېرىش ........................ 18

ئەسكەر بولۇش ........................ 22

ئەر ـ خوتۇن بىللە ئوقۇشقا بېرىش ........................ 30

لۇەنجۇ ھەربىي ئۆزگىرىشىگە قاتنىشىش ........................ 35

ياپونىيىگە ئۈچىنچى قېتىم بېرىش ........................ 38

شاڭشياۋ دەرىجىلىك سەنمۇ ........................ 47

2. تەڭرىتاغ ئېتىكىدە ........................ 55

«7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ۋە جىن شۇرېن...55

سىبىرىيە ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىش ........................ 83

3. يېغىلىق يىللىرىدىكى قەھرىمان ........................ 103

قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە «گا سىلىڭ» ........................ 103

قوش ئۆردەك رىسالىسىنى قالايمىقان ئاختۇرۇش......121

«جاڭ سالپاڭ قۇلاق» يۈز ئۆرىدى ........................ 128

ھەربىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ........................ 137

شۆھرىتى ھەممە يەرگە داڭ كەتتى ........................ 143

قاراشەھەر، قەشقەر، خوتەن، ئالتاي قوزغىلاڭلىرى...148

باش قوماندانلىقنى تالىشىش ........................ 152

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4. غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ...... 167
تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەر ئىتتىپاقى ...... 167
12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى ...... 191
تەييارغا ئىگە بولۇش ...... 200
«گا سىلىڭ» قايتا باش كۆتۈردى ...... 218
ھاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك جەڭ ...... 222
خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ پىلانى ...... 227
شەرقىي قورۇدىكى ئوق ئاۋازى ...... 235
لو ۋېنگەننىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاقى ...... 244
ئۇرۇمچىدىكى تازىلاش ...... 259
ئالتاي قوشۇنى ۋە تارباغاتاي قوشۇنى ...... 272
«گا سىلىڭ» سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى ...... 287

5. خاتىرجەم يۇرت سوراش ...... 293
ئۇزۇن بۇرۇن مەسلىھەتچىلەر ...... 293
ئارمىيىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 295
7 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلى ...... 308
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ۋە «ئالتە
بۈيۈك سىياسەت» ...... 312
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ...... 318
مامۇت بىلەن ما خۇشەننىڭ يوقىتىلىشى ...... 322
«ئۇنى تۇت دېگەندىكىن تۇتامسىز!» ...... 327

6. كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپون جاھانگىرلىكىگە
قارشى تۇرۇش ...... 343
«مەن كومپارتىيىگە كىرىمەن» ...... 343
جياڭ جيېشىنى تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىش ...... 349

يېڭى ھەربىي گازارما ........ 355
3 ـ مېھمانخانا ........ 362
موسكۋاغا «تاۋاپ» قىلىپ بېرىش ........ 372
1938 ـ يىلى — كومپارتىيە بىلەن ئۆتكەن «شېرىن ئايلار» ........ 383

7. ھەممە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇچۇن ........ 389
ئۇرۇشقا پەقەت 91 ئايروپىلانلا قاتناشتى ........ 389
سىرلىق تەكشۈرۈش ئۆمىكى ........ 393
مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتى شىنجاڭ تارماق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ........ 403
«ئوچىن خاراشۇ!» ........ 407
ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا بېكىتى ........ 413
چوڭ گازارما ........ 417
«دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى» ........ 420
ھەرەمباغ ئاسمىنىدىكى ناخشا ئاۋازى ........ 423
ئەزرائىل بىلەن ئوينىشىش ........ 424
سوپۇندىن ئەپچىل پايدىلىنىش ........ 428

8. «بەزىلەر مېنى ئۆلتۈرمەكچى» ........ 431
1937 ـ يىلىدىكى «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» ........ 431
ئۆزىنى ئۇچىنچى سىياسىي گورۇھ دەپ ئاتىۋېلىش ........ 463
«مېنى دۇبەنلا قۇتۇلدۇرالايدۇ» ........ 471

9. سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 501
يېڭى سىرتماق ........ 501
جەنۇبىي قورۇدىكى ئوق ئاۋازى ........ 513
«دوكتور» لار تۇرمىدىن چىقتى ........ 532

«پېقىر سىزنى قوللايمەن» ........................ 539
مولوتوف ئۆزىنى كۆرسەتتى ........................ 546
«تەگرى يولىدا ئىش قىلىشقا مەن تەييار» ........ 553
«شىنجاڭغا بارىمىز» ........................ 567
ۋېيىۋەنجاڭغا قىلغان سوۋغا ........................ 575
خەير خوش، قىزىل 8 - تۈەن ........................ 589

10. توزۇغان گۈلگە ئامال يوق ........................ 594
كېلىشتۈرۈش قىيىن زىددىيەت ........................ 594
ئەڭ ئاخىرقى قارا ئاپرېل ........................ 605
«ئۆزىنى مەلۇم قىلىش دېگەن نېمە گەپ؟» ........ 611
«خۇاڭ رۇجېن - لىن جىيۇڭ دېلوسى» — گو-
مىنداڭ قانداق بولۇپ كومپارتىيە بولۇپ قالدى؟...... 613
زوراۋاننىڭ ئاقىۋىتى ........................ 620

11. خاتىمە ........................ 632
مۇستەبىت كەتتى، خەلقنىڭ پەريادى كەتمىدى ...... 632
ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ........................ 646

قوشۇمچە: شېڭ شىسەي يىلنامىسى ........................ 653

# 1. فېڭتيەن . توكيو . نەنجىڭ

## ئائىلە شەجەرىسى

150 يىلدىن ئىلگىرىكى جۇڭگو تەبىئىي ئاپەت، سۈنئىي ئاپەتلەر بىلەن تولغان زېمىن ئىدى. شۇ يىللارنىڭ بىرىدە، شەندۇڭدا شەنخەيگۇەن تەرەپكە قاراپ سەرسان بولۇپ كېتىۋاتقان بىر مۇساپىرلار توپى پەيدا بولدى. بۇ توپنىڭ بېشىمۇ، ئاخىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى، غايەت زور بىر قارا ئېقىندەك ئالغا قاراپ ئاستا سىلجىماقتا ئىدى. ھەممە ئادەمنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى جۇل - جۇل، چىرايلىرىدا قان دىدارى يوق. قېرىلار ھاسىلىرىغا تايىنىپ ئاران - ئاران ماڭاتتى، ئارىلاپ بەزىلەر يىقىلىپ چۈشەتتى ۋە شۇ يىقىلغانچە ئورنىدىن قايتا تۇرالمايتتى. ئەرلەرنىڭ مۈرىلىرىدە ئەپكەش، ئەپكەشكە ئېسىلغان بىر سېۋەتتە ئاددىي شىڭلىسى، يەنە بىر سېۋەتتە بالىلىرى بار ئىدى. ئاياللارنىڭ ھالى تېخىمۇ خاراب، كۆچ - ماداردىن ئايرىلغان، قەدەملىرىنى تەستە ئېلىپ ماڭاتتى، باشلىرى ئۈستىدىكى قۇياش ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇزۇنغىچە يامغۇر ياغمىغان بولغاچقا، يەرلەر يېرىلىپ كەتكەن، زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتكەنىدى.

مۇساپىرلارنىڭ بۇ سېپى تىنىماي كېڭىيىپ تۇراتتى. مىڭلىغان ئاچ - زېرىن دېھقانلار يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ چىقىشقانىدى. شەندۇڭنىڭ خۇاڭشيەن ناھىيىسىدىن چىققان شىبىڭ فامى-

لىلىك ئون نەچچە ئائىلىمۇ يۇرتىدا تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمى-
غاچقا مۇشۇ توپقا قوشۇلۇۋالغانىدى. ئۇلار شەنخەيگۇەننىڭ سىر-
تىغا چىقىپ كەتكىلى خېلى بولغان قوشنا كەنتتىكى ھەقەمسايىلى-
رىدىن ئۇ يەرنىڭ يېرى مۇنبەت، ئادىمى ئاز ئىكەنلىكى، تىرى-
شىپ ئىشلەيدىغانلا بولسا بىرنەچچە مو يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ
تېرىقچىلىق قىلسا جېنىنى ئېلىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرۇ-
لۇق خەۋەر ئاڭلىغانىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شىڭ فۇشىن بىلەن خۇاڭشيەن ناھىيە-
سىدىكى شىڭ جەمەتىدىكى نامرات دېھقانلار خۇددى ھاياتلىق يولى-
نى كۆرگەندەك بولۇشۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ
روھلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئالدىراپ - تېنەپ يولغا چىققانىدى.
تۇغۇلغان يۇرتىدىن قەتئىي ئايرىلمايدىغان دېھقانلار ئامالىنىڭ يو-
قىدىن ئايرىلمىسا يۇرتىنى تاشلاپ كېتەمدۇ دەيسىز؟ ئۇلار يۇرتى-
دىن بىر چىقىپ كەتسە قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟

15 — 16 ياشلارغا كىرىپ قالغان شىڭ فۇشىن كىچىكىدىن
تارتىپلا [illegible] پىشىپ [illegible]رغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى، ئائىلى-
سىدە بىر [illegible] چىمۇ تېرىلغۇ [illegible]رى يوق ئىدى، يىل بويى باشقىلار-
غا ئىشلەپ يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئۆتەتتى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاققان
ئاققۇنلارغا قوشۇلۇپ، يول بويى تىلەمچىلىك قىلىپ جان ساق-
لاپ، كېچىلىرى دالادا تۈنەپ، ئىككى يىلدا شەنخەيگۇەندىن ئۆ-
تۈپ شېڭجىڭ (بۈگۈنكى شېنياڭ) بىلەن سىپىڭنىڭ ئارىلىقىدى-
كى كەييۈەن شەھىرىنىڭ سىرتىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. كېيىن
بارا - بارا شەندۇڭدىكى يۇرتىدىن بۇ يەرگە كەلگەنلەر كۆپىيىپ،
بۇ يەر مەھەللىگە، يەنى كېيىنكى شېڭجياتۇن كەنتىگە ئايلاندى.
شىڭ فۇشىن بۇ يەردە تۇرمۇشۇم ياخشىلىنىپ قورساق تويغۇدەك
تاماققا ئېرىشەرمەن دەپ ئويلىغانىدى، كىم بىلسۇن، بۇ يەرمۇ
يۇرتىغا ئوخشاش بولۇپ چىقىپ، ئوخشاشلا پومېشچىككە يىللىق-

چى بولۇپ ئىشلىدى، ئانچە - مۇنچە ئوۋچىلىقمۇ قىلىپ يۈردى، ئەمما يەنىلا ئالىقانچىلىك يېرى يوق ئىدى.

شىڭ فۇشىن 30 ياشقا كىرگەندىمۇ توي قىلىۋالغۇدەك پۇل تاپالماي يىللىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتتۈۋەردى. تۇرمۇشى جاپالىق، باش تىققۇدەك ماكانى يوق ئىدى. قولىدا ھېچنېمىسى يوق ئۇنداق ياۋاش قارا نامراتقا قانداق ئايال تېگىدۇ دەيسىز. شۇنداقتىمۇ، خۇدانىڭ رەھمى كەلدىمۇ، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇ قوشنا كەنتتىكى بىر قېرى قىز بىلەن توي قىلىۋالدى.

شىڭ فۇشىننىڭ ئۆيىمۇ بار بولدى. لېكىن، خوتۇنىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا زىققە كېسىلى بار ئىدى. بۇنداق كېسەللەر چارچىسا، سوغۇق تەگكۈزۈۋالسا بولمايتتى، كېسىلى قوزغىلىپ قالسا نەپەس ئالالماي ئۆردىسىگە تىنىپ قالاتتى، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتى. شىڭ فۇشىن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ يىللىقچىلىقتىن، ئوۋچىلىقتىن نېرىغا بارالماي، ئۆيىنىڭ ئىشلىرى پۈتۈنلەي خوتۇنىغا قېلىپ بەكمۇ ئالدىراش بوپكەتتى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە دەم ئالماي ئىشلەيتتى. شەرقىي شىمالنىڭ قىشتىكى سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى، بىر يىلنىڭ يېرىمىغىچە پاختىلىق كىيىمنى سالغىلى بولمايتتى. گەرچە تۇرمۇشى ئاشۇنداق غۇربەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ، يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى ئۆكسۈپ تۇرسىمۇ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ ياخشى ئىدى، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار بىر ئوغۇللۇق بولۇپ شىڭ جەمەتىدە ئۈمىد پەيدا بولدى. شىڭ فۇشىن بۇ تۇنجى ئوغلىغا كەلگۈسىدە بىز ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالار دېگەن ئارزۇ بىلەن باۋدۇڭ دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ دەل شىڭ شىسەينىڭ بوۋىسى ئىدى.

شىڭ باۋدۇڭنىڭ تەقدىرى دادىسىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىدى. دادىسى پومېشچىكلارغا يىللىقچى بولغان بولسا ئۇ

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈللۈكچى بولدى، بۈگۈن بۇ يەردە ئىشلىسە ئەتىسى ئۇ يەردە ئىشلىدى، تاپسا يېدى، تاپالمىغاندا ئاچ يۈردى. ئاتا - بالا ئىككىسى بىر قېتىم بولسىمۇ پاختىلىق ئۈزۈن چاپان كىيىپ باقمىدى. پۈلى بار ئادەملەر قىش كەلگەندە ئۈچىسىغا سۆسەر جۇۋا، بېشىغا سۆسەر تۇماقلارنى كىيىشىپ، ئىسسىق ئۆيلىرىدىن چىقماي راھەتتە ياشىسا، شېڭ فۇشىن ئاتا - بالا ھەريىلى ئۈستى - ئۈستىگە ياماق سېلىنغان كونا پاختىلىق چاپانلىرىنى كىيىپ، بېلىنى ئەسكى ئارغامچا بىلەن باغلىۋېلىپ سوغۇقتىن دۈگدەرىگەن ھالدا سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلىشتى ياكى ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل دېگەندەك جانىۋارلارنى ئوۋلاپ جانلىرىنى ساقلاشتى.

كېيىن شېڭ باۋدۇڭ ئۆيلەندى، خوتۇنى ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، چوڭىنىڭ ئىسمى جېنجيا، ئوتتۇرانچىسىنىڭ جېنۋ، كىچىكىنىڭ جېنلىن ئىدى. شېڭ جېنجيا شېڭ شىسەينىڭ دادىسى ئىدى. بىرنەچچە يىلنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە ئادەم قوشۇلۇپ، نەتىجىدە شېڭ باۋدۇڭنىڭ جاپاسى تېخىمۇ كۆپىيىپ تەرەپ - تەرەپتىن ئىش ئىزدەشكە باشلىدى.

ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ ئۈچ ئوغۇل ئاستا - ئاستا چوڭ بولدى. بالىلار 13 — 14 ياشلارغا كەلگەندە شېڭ باۋدۇڭ ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن بىر پارچە بوز يەر ئېچىپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىنىڭ ئۆزىنىڭ يېرى بار بولدى. تەڭرىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىنى كۆردى بولغاي، تۇنجى يىلى زىرائەتتى ئوخشاپ خېلى ھوسۇل ئالدى، بۇنىڭدىن خۇشال بولغان بۇ بىر ئائىلىلىك ئادەم ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى.

شېڭ باۋدۇڭ ئۆمۈر بويى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بىر كۈنمۇ مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان ئادەم ئىدى؛ ھەتتا پۈلنىمۇ تۈزۈك بىلمەيتتى، شۇڭا دائىم كىشىلەرگە ئالدىنىپلا يۈرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ بىر نەچچە ئون جىڭ ياڭيۇنى بازارغا ساتقىلى ئاپاردى. بۇ ئۇنىڭ بىر يىللىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شۇنى سېتىپ پۇلىغا بالىلىرىغا كىيىم تىكىپ بەرگۇدەك رەخت سېتىۋېلىپ كەتمەكچى ئىدى. ياڭيۇلىرى خىل ھەم ئوخشىغان ياڭيۇلار ئىدى. بىر ئالارمەن ئۇنىڭ ياۋاش ئادەملىكىنى كۆرۈپ، بىرنەچچە يارماقنى بىرنەچچە يۈەن قىلىپ كۆرسىتىپ ياڭيۇلىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بازارغا بىللە كەلگەن بىر مەھەللىلىكى ئۇنىڭغا ئالدانغانلىقىنى دېگەندە، ئۇ ئادەم ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. شېڭ باۋدۇڭ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.

شېڭ باۋدۇڭ بىر ئۆمۈر جاپا تارتقانىدى، شۇڭا بالىلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش جاپاكەش بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ شۇ ئوي بىلەن يېمەي ـ ئىچمەي پۇل يىغىپ چوڭ ئوغلى شېڭ جېنجيانى خۇسۇسىي مەكتەپكە كىرگۈزۈپ ئۈچ يىل ئوقۇتتى. شېڭ باۋدۇڭنىڭ ئارتۇقچە تەلىپى يوق، پەقەت ئوغلىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويسىلا بولاتتى، شۇ چاغدىلا ئوغلى خەققە بوزەك بولمايتتى.

ئۇ چاغلاردا بىرنەچچە يىل مەكتەپتە ئوقۇپ چىقسىلا زىيالىي سانىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆز يېرىدە نامى چىقاتتى. كېيىن شېڭ جېنجيا يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، يەنە تېخى قوشنا كەنت خۇاڭجياتۇندىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىممۇ بولۇپ تۇرمۇشى ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

ئۇ چاغدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىر بەلگىلىمىسى بو-لۇپ، شەرقىي شىمالدا ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇلار چوقۇم مانجۇ تەۋەلىكىگە ئۆتۈشى كېرەك ئىدى، شېڭ ئائىلىسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «خەنكاڭ قەبىلىسى»گە كىرگەن بولدى.

گۇاڭشۈينىڭ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) نىڭ كېيىنكى

www.uyghurkitap.com

يېرىمىدا، شېڭ جېنجيا يۈجياتۈندىكى ئەن فامىلىلىك بىرىنىڭ جىڭفېڭ ئىسىملىك قىزىغا ئۆيلەندى. ئەن جىڭفېڭ كىچىكىدىن تىرىشچان، ئىشچان قىز ئىدى، شېڭ ئائىلىسىدىكى ئائىلە جان ئادەمنىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ تىنىم تاپماي ئىشلىدى. ئۇ ئاخشاملىرى ئاينىڭ يورۇقىدا پاختىدا يىپ ئېشىپ، ئەتىسى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ ئۆيىنىڭ پارچە خىراجەتلىرىنى قىلاتتى. ئۇ تېپىك جۇڭگو يېزا ئاياللىرىدىن ئىدى، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.

توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى گۇاڭشۈينىڭ 12 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى (1898 - يىلى 1 - ئاي) يېڭى بىر ھاياتلىق شېڭ جېنجيانىڭ ئەبجەق ئۆيىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ يىغىسى زىمىستان قىش ئاسمىنىدا ياڭراپ، بۇ كەمبەغەل ئائىلىگە ئالەمچە خۇشاللىق ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى.

ئۇ بالا كېيىن شىنجاڭغا 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئۆلكە رەئىسى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغان، ھەربىي ئۇنۋانى گومىنداڭنىڭ شاڭجياڭىغا تەڭ كېلىدىغان شېڭ شىسەي ئىدى.

## «شەھەرلىك بالىلار قانچىلىك ئىدى!»

ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە، بالا ئولتۇرالايدىغان، ئۆمىلىيەلەيدىغان، ئانچە - مۇنچە گەپ قىلالايدىغان بولدى، يېشىغىمۇ يەتتى. كونا ئادەت بويىچە بالا شۇ ياشقا كەلگەندە ئاتا - ئانىلىرى ئۇنىڭ «تەلىيىنى سىناپ» باقاتتى، يەنى چوڭ بىر لېگەنگە ھەرخىل نەرسىلەر سېلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلاتتى، بالا شۇ نەرسىلەردىن بىرنى ئالاتتى، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىدىن، كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇ كۈنى ئۇلار ئۇنى يۇيۇندۇرۇپ، چىرايلىق كىيىندۇرۇپ قويدى، بالىنىڭ

كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. بوۋا - مومىلىرى بىر سېۋەتكە قەلەم، يامبۇ، ئويۇنچۇق، ئوقيا، يېمەكلىك دېگەندەك نەرسىلەرنى سېلىپ بالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. يېشىغا ئەمدىلا يەتكەن بالا سېۋەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ھەر خىل روھىي ھالەتلەر ئىچىدە بۇدرۇق قوللىرىنى سېۋەتكە ئۇزىتىپ بىر قەغەزنى ئالدى، قەغەزنى ئىككىلا سىلكىپ تاشلىۋېتىپ، ئاندىن ئوقيا ئوقىنى ئالدى ۋە ئۇنى ئۇزاق ئويناپ تۇرۇپ خۇشال كۈلۈشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت ئويۇنى ئاخىرلىشىپ، بۇ بىر ۋاراق قەغەز بىلەن ئوقيا ئوقىنىڭ نېمىدىن بېشارەت ئىكەنلىكى بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئاساسەن ئايان بولۇپ بولدى ...

ئۇ چاغلاردا ئاچارچىلىق، قۇرغاقچىلىق، ھەرخىل يېغىلىقلار، قاراقچىلار، ئەمەلدارلار، پومېشچىكلار پۇقرالارنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويۇۋاتاتتى. شىڭ جىنجيا شىڭجياتۇن كەنتىنىڭ ئاشۇنداق خورلۇقلارنى تارتىشىنى شىڭجياتۇندىن بىرەر ئەمەلدارنىڭ چىقمىغانلىقىدىن كۆرەتتى. ئەگەر شىڭجياتۇندىن ھوقۇقى ۋە تەسىرى بار بىرەر ئەمەلدار چىققان بولسا كىم ئۇلارنى خالىغانچە بوزەك قىلالىسۇن؟

شىڭ شىسەي قاراقاش، كۆزلىرى يوغان، كېلىشكەن يىگىت ئىدى، كىچىكىدىن تارتىپ دادىسى بىلەن ئېتىزلىقتا ئىشلەيتتى، بىكار قالغان چاغلىرىدا دادىسىدىن خەت ئۆگىنەتتى، يەنە تېخى خۇسۇسىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە دادىسى ئۇنى بىڭيۇگۇ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي كەيپۇەننىڭ شەرقىگە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان شىفېڭ دېگەن جايغا بېرىپ ئوقۇدى. كېيىن يەنە شېنياڭدىكى 5 - ئالىي باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ ئۇ مەكتەپنى

تاماملىدى. شىڭ جىنجيا ئۆزىنىڭ ئوقۇيالمىغانلىقىنى ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىدىن كۆرۈپ كەلگەنىدى، ئەمدى ئۆزىنىڭ كۆڭلى ئازراق ياخشىلانغاندىن كېيىن ئوغلىنى تېخىمۇ كۆپ تەربىيىگە ئىگە قىلىپ ئەجدادلىرىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىشنى، دۆلەتكە پايدىلىق بىر ئادەمنى تەربىيىلەپ چىقىشنى نىيەت قىلغانىدى. ئۇ شىڭ شىسەي ئوقۇمايدىغان بولسا شىڭ جەمەتىنىڭ مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىغا، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كىشىلەرگە بوزەك بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى.

شىڭ شىسەي كىچىكىدىن تارتىپ ئەقىللىق ئىدى، شۇڭا مەكتەپكە كىرمىگەن چېغىدىلا ئاز - تولا ساۋاتىنى چىقىرىۋالغانىدى. مەكتەپكە كىرىپ ئۆزۈن ئۆتمەي فېئودالىزم دەۋرىدىكى ئىمتىھاندا ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغان «دارىلفۇنۇن»، «مادارا چىلىق»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «مېڭزى» ناملىق تۆت كىتابنى تولۇق يادلاپ بولدى. 12 ياشقا كىرگەندە 13 نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ، قەدىمىي كىتابلارغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئاساسەن ھازىرلاپ بولدى.

شىڭ شىسەي بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار سەنئىتى» ناملىق كىتابنى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى، يۈفېينىڭ قەھرىمانلىقلىرى يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئوغۇل بالا دېگەن ئاشۇ قەھرىمانلاردەك بولۇپ دۆلەت ئۈچۈن چوڭ ئىشلارنى قىلىشى كېرەك، شۇندىلا ئادەم ھاياتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمىگەن بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

شىڭ شىسەي باللىق چاغلىرىدىن باشلاپ كىشىلەرگە چوڭ ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈككەن، يۈرەكلىك، ھەرقانداق ئىشقا جۈرئەتى بار بالا بولۇپ كۆرۈنەتتى، ئۆزىمۇ قەھرىمانلارغا ئاپىرىن ئوقۇپ شۇلاردەك بولۇشنى خىيال قىلاتتى. ئەمما، نېمىنىڭ ھەقىقىي قەھرىمانلىق ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، مۇشتى

بىلەن ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەنلەرنى باتۇر ئەزىمەت دەپ بىلەتتى.

ئۇنىڭدا باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىش ئېڭى كۈچلۈك ئىدى، ساۋاقداشلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا، ئۆزىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايتتى، كىمكى بويسۇنمىسا ئۇراتتى، ئۆزىدىن قورققان، ئۆزىگە بويسۇنغان چاغدىلا بولدى قىلاتتى. ئۇ يەنە كەنتتىكى بالىلارنى تەشكىللەپ قوشنا كەنتتىكى بالىلار بىلەن سوقۇشۇشقا ئېلىپ باراتتى.

شىنياڭدىكى 5 - ئالىي باشلانغۇچ مەكتەپكە يېڭىلا كىرگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقى؛ كىتاب ئوقۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى، ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شەھەرلىك بالىلاردا ھەسەت قوزغاپ قويدى. ئۇ بالىلار ئۇنى سەھرالىق دەپ ياراتمايتتى، ئەخمەق قىلاتتى، بوزەك ئېتەتتى. دەسلەپتە ئۇ تاياق يەپ قېلىشتىن قورقۇپ دەردىنى ئىچىدە بىلىپ يۈردى. بارا - بارا ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ساۋاقداشلىرىغا تارىخىي ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى بىلەن بىر قىسىم بالىلار ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغان، ئۇنى قوغدايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى توملاپ، كىم ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ساۋاقداشلىرىنى بوزەك قىلىدىغان بولسا قىلچە قورقماي ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان بولدى. ئۇ «شەھەرلىك بالىلار قانچىلىك ئىدى؟ ئۇلار نېمىسكە ئادەمنى بوزەك قىلىدۇ؟ قورقماڭلار! ئۇ نىجىسلارنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن!» دەيتتى ۋە گېپىنى تۈگىتىپلا قول ياندۇراتتى، ئۇلار تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرمىغىچە، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنى بوزەك قىلمايمىز، دەپ ۋەدە بەرمىگۈچە بولدى قىلمايتتى.

مۇشۇنداق ئىش بىرنەچچە قېتىم يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەيىنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىچىدە ئابرۇيى تىكلىنىشكە باشلىدى، بۇ ئادالەتنى ياقلىغانلىقى ياكى مۇشتىغا تايانغانلىقى بىلەن بەرپا بولغان ئابرۇي ئىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا دائىم:

«شەھەرلىك بالىلار سەھرالىق بالىلارنى كەمسىتىدىغان بولسا ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىش كېرەك، شۇ چاغدا ئۇلارنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرالايسەن. كىملا بولسۇن، قاتتىق قوللۇق قىلىشقا جۈرئەتلا قىلىدىكەن، شۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى تىكلىيەلەيدۇ، ھېچكىم ئۇنى بوزەك قىلالمايدۇ» دەپ تۇراتتى.

شېڭ شىسەي باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى 14 ياشقا كىرگەنىدى. ئەمدى ئۇ يالغۇز ئەمەس، كەينىدە ئىنىسى شېڭ شىيىڭ، سىڭلىسى شېڭ شىفېن، ئىككىنچى ئىنىسى شېڭ شىدجۈن، ئۈچىنچى ئىنىسى شېڭ شىچىلار بار ئىدى، ئاتا - ئانىسىنى قوشقاندا ئۇلار ئەمدى يەتتە جان ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئىككى تاغىسىنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنى قوشقاندا 20 ئادەمگە باراتتى. بۇ 20 ئادەمنىڭ قورسىقىنى بېقىش بۇياقتا قېلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى بىر تەرەپ قىلماق ھەممىدىن ئېغىر ئىش ئىدى. تاغىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھېساب - كىتابى بار ئىدى، ئىككىلىسى بۇ جىيەنىنى داۋاملىق ئوقۇتۇشقا چىدىماي قېلىۋاتاتتى. نەتىجىدە، شېڭ شىسەي ئوقۇشسىز قېلىپ ئۆيگە قايتىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئوقۇشقا ئالاھىدە ھېرىسمەن بولغاچقا، ئۇ يەنە ئانىسىنىڭ قولىقىنى ئاغرىتىشقا باشلىدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئانىسىنى مومىسى بىلەن كىچىك ئاپىلىرىدىن پۇل قەرز ئېلىشقا قىستايتتى، ئانىسى ئۇلاردىن يەنە قەرز ئېلىشقا خىجالەت بولاتتى، چۈنكى ئۇلاردىن كۆپ قېتىم قەرز ئالغان، لېكىن ئالغان قەرزلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قايتۇرمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنچىلىك پۇلدار ئەمەس ئىدى.

— ئانا، — دېدى ئۇ ئانىسىغا يالۋۇرۇپ، — مومامنىڭ قېشىغا يەنە بىر بېرىپ كەلسەڭچۇ، مېنىڭ بەكمۇ ئوقۇغۇم بار. ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقىنى بىلىمەن، ئوقۇش راسخوتىنى تۆلىيەلمەيمىز، ئەمما مەن يەنە ئوقۇيدىغان بولسام چوقۇم ياخشى



www.uyghurkitap.com

ئوقۇيتتىم، سىلەرنىڭ ماڭا ئىشلەتكەن پۇللىرىڭلارنى كۆڭلۈمگە
پۈكۈپ قويۇپ كەلگۈسىدە ھەسسىلەپ قايتۇراتتىم.
ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ يالۋۇرۇشلىرىغا چىدىماي، ئاخىر ئاند-
سىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن 20 يۈەن قەرز سوراپ كەلدى.
لېكىن، بۇ پۇل ئوقۇش راسخوتىغا يەتمەيتتى. بوۋىسى چوڭ
نەۋرىسىنىڭ ئەقىللىق، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەنلىكىنى، كەلگۈسى-
دە چوقۇم ياراملىق ئادەم بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بىر
نەچچە مو يېرىنى بىرىگە گۆرۈگە قويۇپ ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم
بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 14 ياشقا كىرگەندە شېنياڭ-
دىكى ئۆلكىلىك فېڭتيەن دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئوتتۇرا
مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى.
بۇ مەكتەپنىڭ تارىخىنى يېزىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا:
1909 - يىلى بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان شېڭ شىسەي ئىسىملىك 14
ياشلىق بىر ئوقۇغۇچى 35 يىلدىن كېيىنكى 1944 - يىلى
10 - ئايدا جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق - ئورمان-
چىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولدى، دەپ يېزىپ قو-
يۇش كېرەك. شۇ چاغدا جياڭ جيېشىنىڭ ئۇنى بۇ ئەرزىمەس
مەنسەپكە قويۇشى ئۇنىڭ شۇ چاغدا دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق
مەكتىپىدە بىرنەچچە يىل ئوقۇغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇلار
كېيىنكى گەپلەر.
ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرى ئۇنىڭ ئەڭ جاپالىق
شارائىتتا ئۆتكەن چاغلىرى ئىدى، سەۋەبى يەنىلا شۇ نامراتلىق
ئىدى. تاماق پۇلىنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن ئۇ دائىم ئۆيىدىن
جېڭموما، تۇزلىغان سەيلەرنى ئېلىپ كېلىپ مەكتەپتە يەيتتى،
بەزىدە يېنىدا پۇل بولماي قالسا ئۆزىنىڭ كونا سائىتىنى ساۋاق-
داشلىرىغا پۇلغا ياكى ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىگە ئالماشتۇراتتى،
قارشى تەرەپ ئۇنىمىسا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەي-
تىپ قارشى تەرەپنى تەمتىرىتىپ قوياتتى، نەتىجىدە ئۇلار ئۇنىڭ

تەلىپىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بەزىلەر: «نېمىشقا بۇ كونا سائىتىڭنى دائىم پۇلغا ئالماشتۇرۇپ، يەنە ئېلىۋېلىپ، يەنە ئالماشتۇرۇپ يۈرىسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ: «نېمىشقا ئىكەنلىكىنى سەن بىلمەيسەن، مېنى مۇشۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئامالىنىڭ يوقىدىن شۇنداق قىلىمەن. مېنىڭ سائىتىمنى چىن كۆڭلۈمدىن ئالماشتۇرغۇم يوق، پەقەت جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قالغاچقىلا شۇنداق قىلىمەن، بۇنىڭ پۇلىمۇ چاغلىقلا. خەقتىن پۇل ئۆتنە ئالاي دېسەم خىجالەت بولىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرزدار دېگەن ئاتاقنى ئالغۇم يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە سائىتىمنى گۆرۈگە قويسام ياخشى ئەمەسمۇ؟ قولۇمغا پۇل كىرگەندە سائىتىمنى ياندۇرۇۋالىمەن. بۇنىڭ نەرى يامان؟ ياخشى ئىشقۇ؟ ھېچكىمگىمۇ قەرز بولمايمەن» دەيتتى، بۇ ئىشتىن تېخى ئازراق ماختانغاندەكمۇ قىلاتتى.

ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشى ئۇ سائەتنىڭ ۋەقەسىنى بىرقانچە ئون يىللارغىچە ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

شېڭ شىسەي بىر نەچچە ساۋاقدىشى بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئارىلاپ قارتا ئويناپ قوياتتى. دەسلەپتە ئويۇن ئۈچۈن ئوينىدى، كېيىن ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قېلىپ، بارا - بارا پۇل تىكىشىپ ئوينايدىغان بولدى. شېڭ شىسەي ئادەتتە بۇنداق ئويۇنلارغا قاتناشماي بىرچەتتە قاراپ تۇراتتى، كېيىنچە ئوينايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ناھايىتى زېرەك بولغاچقا، قارتىنىڭ ئەپچىل يوللىرىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنكاسى بەكمۇ تېز ئىدى، بەزىدە ھىيلە ئىشلىتىپمۇ قوياتتى، شۇڭا دائىم ئۇتۇپلا تۇراتتى.

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدا ئۇنىڭ ياخشى ئۆتىدىغان بىر ساۋاقدىشى بار ئىدى، ئۇ شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ تيەنجىن بىلەن چۈڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ يۈەنفۇ

ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى باي ئىدى، شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە ئويناپ بارغانلىرىدا جاڭ يۇەنفۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭ تىرىش-
چان بالا ئىكەنلىكىنى، ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ-
غا ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بەرگەنىدى.

1911 ـ يىلى جۇڭگو فېئودال مەنچىڭ پادىشاھىنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلايدىغان داغدۇغىلىق بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى بېشىدىن ئۆت-
كۈزۈپ جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىگە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا شىڭ
شىسەيمۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىدى. ئۇ چاغلاردا ئوقۇغۇچىلار
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئىشسىز قالاتتى، نامرات يېزىسىغا قايتىپ
چوڭلار بىلەن بىللە تېرىقچىلىق قىلماقتىن ياكى بىرەر باشلانغۇچ
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ياكى خۇسۇسىي بالا ئوقۇتىدىغان خەلپەت
بولماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

شىڭ شىسەي ماڭغان يولىدىن كەينىگە يانىدىغانلاردىن ئە-
مەس ئىدى، ئوقۇش ئارقىلىق چوڭ ئىشلارنى قىلىپ نامراتلىق-
تىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئامال قىلىپ داۋاملىق
ئوقۇشقا، ئاندىن تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىدى.
ئۇنىڭ بۇخىل ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، بۇرادەرلىرىنى تەسىرلەندۇردى. ئاخىر
شىڭ جېنجيا جەمەتىدىكىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلاردىن يەر-
لىرىنى سېتىپ بولسىمۇ شىڭ شىسەينىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بې-
رىشنى ئۆتۈندى.

## رەڭگارەڭ چىراغلار

1912 ـ يىلى، شىڭ شىسەي شاڭخەيگە كېلىپ دۆلەت
ئىگىلىكىدىكى ۋۇسۇڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئالتە
يىلنىڭ ئالدىدا، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىنقى-
لابىي پارتىيىنىڭ ئەزالىرى ياپونىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى-

نىڭ «مەنچىڭ دۆلىتىنىڭ ياپونىيىگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش بەلگىلىمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» ئۇقتۇرۇشىنى ئېلان قىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاڭخەي ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىپ قايتىپ كەلگەن ۋە ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس مۇشۇ مەكتەپنى ئاچقانىدى. مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزاسى ما جۈنۋۇ ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ مەكتەپتە سىياسىي ئىقتىساد كەسپىنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ بۇ كەسپكە بولغان قىزىقىشى ئالاھىدە كۈچلۈك ئىدى. ئۇ بۇ مەكتەپتە رادىكال خائىشلىرى بار ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ مەكتەپ ئىلمىي تەتقىقات ئەركىنلىكى ۋە سىياسىي تەشەببۇسلارنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالىشى بىلەن مەشھۇر ئىدى، پروفېسسورلىرىنىڭ كۆپى ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلمىي خادىملار ئىدى. كېيىن «ئاۋام گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان جاڭ جىلۇەن بۇ مەكتەپتە غەرب تارىخى بويىچە دەرس ئۆتكەنىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلدى، شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغان چاغلاردىمۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە خەت يېزىشىپ تۇردى.

18 ياشتىن 21 ياشقىچە بولغان چاغلار ئادەمنىڭ ئىدىيىسى تازا جانلىنىدىغان، كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ - خىياللىرى جۇشقۇنلىنىپ تۇرىدىغان، شۇ خىياللىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغان چاغلار.

شەرقىي شىمالنىڭ نامرات بىر يېزىسىدىن كەلگەن ياش شېڭ شىسەي شاڭخەيدىكى پەرەڭلەرنىڭ غادىيىپ يۈرۈشلىرىنى ۋە ھەرخىل بولمىغۇر ئىشلارنى كاللىسىغا زادىلا سىغدۇرالمىدى.

ئەنجىڭ كوچىسىدا باشلىرىغا قىزىل سەللە ئورىۋالغان، يۈز - كۆزىنى ساقال باسقان، قوللىرىدا زاكون تاياقلىرى-



uyghurkitap.com

ـنى كۆتۈرۈشۈۋالغان، چىرايلىرىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان
ھىندىستانلىق ساقچىلار كوچا چارلاپ يۈرۈشەتتى.

ۋېتەندىكى خۇاڭپۇ دەرياسى ئۈستىدە چەت ئەل ھەربىي
پاراخوتلىرى بىلەن ھەرخىل پاراخوتلار تۈرخۇنلىرىدىن قويۇق
ئىس چىقىرىپ، گۆدۈكلىرىنى چىرقىرىتىپ ئەركىن ئۈزۈپ يۈ-
رۈشەتتى.

ياۋروپادىكى ئوردا، قەلئە ۋە ئەنگلىيە تۆرىلىرىنىڭ تۇرالغۇ
ئۆيلىرى، ۋېنا قورۇقلىرىدىكى كاتتا ئىمارەتلەر شەكلىدە سېلىن-
غان خىلمۇخىل ئىمارەتلەر كىشىنى خۇددى مىڭلىغان دۆلەتلەر-
نىڭ ئىمارەت مۇزېيىغا كىرىپ قالغاندەك تەسىراتقا كەلتۈرۈپ
قوياتتى.

كوچىلاردا تراللىبۇس، ماشىنا، هارۋا، رىكشا دېگەنلەر
ئۈيان - بۇيانغا قۇيۇندەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

كىيىملىرى ئاۋارە، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان
بولۇپ قالغان تىلەمچىلەر، ئېغىر هارۋىلارنى سۆرەپ كېتىۋات-
قان، تەرلەپ چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن ئىشلەمچىلەر
ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى.

كاستۇم - بۇرۇلكا، ئۇزۇن پىرىجە، جۇڭشەن چاپان، تار
كۆڭلەك كىيىشىۋالغان چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇقلار چەت ئەل-
لىكلەر بىلەن جۇڭگولۇقلار ئاچقان رېستورانلار، تانسىخانىلار،
ئويۇنخانىلار، قىمارخانىلارغا ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ - چىقى-
شىپ تۇراتتى.

......

يوغان قورساق چەت ئەللىكلەر جۇڭگو زېمىنىدا ھېچنېمى-
دىن تەپتارتماي ئەركىن - ئازادە ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈشسە،
مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئادەملەر قورقۇمسىراپ،
ئۇياق - بۇياققا قارىشىپ، خۇددى ھېلىلا بېشىغا بالا كېلىدىغان-
دەك يۈرۈشەتتى. مانا بۇ 1840 - يىلى غەربلىكلەر ئەپيۇن بىلەن

www.uyghurkitap.com

زەمبىرەك ئوقلىرى ئارقىلىق شاڭخەي دەرۋازىسىنى ئېچىپ 70 يىلدىن كېيىنكى كۆرۈنۈش ئىدى.

بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى شىڭ شىسەيگە كۈچلۈك تەسىر قىلدى.

1915 ـ يىلى، شىڭ شىسەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋۇسۇڭ ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى تاللاشتا يەنە بىر قېتىم دۇچ كەلدى. ئۇ دېھقان بالىسى بولغاچقا، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى يوق، ئەمەلدار ـ تۆرىلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ ماڭارغا يول تاپالمايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، يېڭى تۇرمۇشقا ئىنتىلەتتى ۋە ئۇنى قوغلىشاتتى. ئەپسۇس، ئۆزى يالغۇز كۈرەش قىلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى، ھېچكىم ياردەم قولىنى سوزمايتتى، بۇنداق ئەھۋالدا بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات پىلانىنى لايىھىلىدى:

ئۇنىڭ بىرى، قىزىل ساقاللىقلار (شەرقىي ـ شىمالدىكى باندىتلار) غا قوشۇلۇش. بۇنىڭدا، كېيىن تەسلىم بولغان تەقدىردە چوڭراق بىر ئەمەلگە ئېرىشىپ قالغىلى بولاتتى، ئەمما ئۇ لياڭشەندىكى سۇڭ جياڭنىڭ تەۋەككۇلچىلىكى ئىدى.

يەنە بىرى، چوڭراق ياشتىكى بىرەر ئەمەلدارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئۇنىڭغا چەكسىز سادىق بولۇش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، شۇ يول بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، شۇ ئارقىلىق يۇقىرىغا ئۆرلەش.

ئۈچىنچىسى، موڭغۇل رايونىغا بېرىپ بىرەر ۋاڭنى تېپىپ شۇنىڭغا ئاتاق ئوغۇل بولۇش، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش.

قىزىل ساقاللىقلارغا قوشۇلۇش، بىرەر قېرى ئەمەلدارنىڭ كەينىگە كىرىش، بىرەر ۋاڭنى ئاتاق ئاتا تۇتۇشلارنىڭ ھەممىسى

چوڭراق ئەمەلدار بولۇشنىڭ شوتىلىرى، ئەلۋەتتە. قارىغاندا، نامى چىقمىغان ياش بىر تالىپ مەلۇم بىر سىياسىي تەسىرگە تايانماي تۇرۇپ چوڭراق ئەمەلگە ئېرىشىش تەس ئوخشايدۇ.

لېكىن، ئۇ چاغدا يوەن شىكەي پارلامېنتنى تارقىتىۋەتكەن، ۋاقىتلىق قانۇننى بىكار قىلىۋەتكەن، زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىنى پادىشاھنىڭ ھوقۇقىدەك كېڭەيتىۋەتكەن، گومىنداڭنىڭ ئۇنىڭغا زادىلا ئامالى قالمىغانىدى. يوەن شىكەي ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن شەندۇڭ ئۆلكىسىنى ئۇنىڭغا سېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ياپونلار بىلەن دۆلەتنى نومۇسقا قويغان «21 ماددا» نى ئىمزالىغانىدى. شېڭ شىسەي دۆلەتنىڭ دۆلەتكە ئوخشىماي قېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مۇئەللىملىرى ياپونىيىدە ئوقۇغانىدى، شېڭ شىسەي شۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ياپونىيىگە چىقىپ ئوقۇشنى ئويلاپ قالدى ھەم ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئاشۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇئەللىملەر قىزغىن قوللىدى.

شېڭ شىسەي ياپونىيىگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆيىدىكىلىرىگە ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىسى قوللىغان بولسىمۇ تاغىلىرى قوللىماي، ئەگەر شېڭ شىسەي ياپونىيىگە چىقىپ ئوقۇيدىغان بولسا بىز ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. شېڭ شىسەيگە يول خىراجىتى تەييارلاپ بېرىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسى تاغىلىرىنىڭ ئۇ تەلىپىگە ئازاب بىلەن قوشۇلدى، ئاندىن بىر قىسىم يەرلىرىنى سېتىۋەتتى. شېڭ شىسەينىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش جابدۇقلىرىنى ساتتى. شېڭ شىسەينىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ پۇللارغا جاڭ يوەنفۇنىڭ دادىسى تەييارلاپ بەرگەن پۇللارنى قوشۇپ، مىڭ تەستە شېڭ شىسەينىڭ ياپونىيىگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى قاندۇرغان بولدى. شۇ يىلى شېڭ

شىسەي 18 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش يېشىغا يەتكەندى. ئاتا ـ ئانىسى بالدۇرراق نەۋرە كۆرۈش مەقسىتىدە ئۆزى بىلەن ئوخشاش ياشتىكى بىر قىزنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى. شېڭ شىسەينىڭ بۇنداق بالدۇر ئۆيلىنىشىگە ئويى يوق ئىدى، شۇڭا بۇ تويغا بەكمۇ نارازى بولدى. بىر ئەر ئىشىنىڭ بېشىنى تۇتماي تۇرۇپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇۋالسا قانداق بولىدۇ؟ لېكىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توي قىلىشقا قوشۇلدى ۋە توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ياپونىيىگە كەتتى.

## فۇسۇغا بېرىش

1917 ـ يىلى، 23 ياشقا كىرگەن شېڭ شىسەي توكيودىكى مېجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىردى.

شېڭ شىسەي ياپونىيىدە تولىمۇ تىرىشىپ ئوقۇدى، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنى ۋىجدانلىق يىگىت دېيىشكە بولاتتى.

ئۇ ياپونىيىگە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، روسىيىدە جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاغدۇرۇلدى، ھاكىمىيەتنى ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق ئىگىلەپ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. ياپونىيە گېزىتلىرى بۇ ئىنقىلاب ھەققىدە نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئېلان قىلدى ۋە روسىيە كومپارتىيىسىنى (بولشېۋىك) «ھەددىدىن ئاشقان رادىكال پارتىيە»، قىزىل ئارمىيىنى «قىپقىزىل ئارمىيە» دەپ ئاتىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپونىيىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغان ماركسىزم بىلەن سوتسىيالىزمغا بولغان



www.uyghurkitap.com

تەشۋىقاتمۇ يېڭى بىر باسقۇچقا كۆچۈپ، ماركسىزمغا ئائىت نۇر- غۇن مۇھىم ئەسەرلەر نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. شىڭ شىسەي ئوقۇۋاتقان سىياسىي ئىقتىساد ساھەسىدىكى كيوتو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، سوتسىيالىزمنى ئاكتىپ تەش- ۋىق قىلىدىغان ئىقتىسادىي پەنلەر ئالىمى خې شاڭجاۋ «ماددىي نامراتلىق ھەققىدە» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.

ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل ئومۇمىي كەيپىيات شىڭ شىسەيگە ئاستا - ئاستا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. شىڭ شىسەينى ماركسىزم بىلەن شۇ چاغدىن باشلاپ تونۇشقان دېيىشكىمۇ بولاتتى.

روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو- دىكى دۇەن چىرۇي ھۆكۈمىتى ياپونىيىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، 1918 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ياپونىيە بىلەن مەخپىي ھالدا «جۇڭگو - ياپونىيە دۈشمەندىن ئورتاق مۇداپىئە كۆرۈش كېلىشىمى» ئىمزالىدى. كېلىشىمدە سىبىرىيىگە بىرلىكتە ئەس- كەر چىقىرىپ روسىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇش، ياپونىيە شۇ پۇرسەتتە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا زور تۈركۈمدە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، شەرقىي شىمال بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى كونترول قىلىش، سىبىرىيىدىكى بايقال كۆ- لى ئەتراپىدىكى جايلارنى، بېسىۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى ياپونىيە ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈشلەر قارار قىلىندى.

ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بۇ مەخپىي كېلىشىمگە ۋە ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمى- شىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى ۋە ۋەتەنگە قايتىپ كېتىش ھەرى- كىتىنى قوزغىدى، بەزى ئوقۇغۇچىلار بارماقلىرىنى چىشلەپ [illegible] قالدى خەتلەرنى يېزىپ ۋەتەننى سۆيۈش روھىنى ئىپادى- لىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ياپونىيە [illegible] باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ساقچىلار ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلە-

رىنى چارلاپ، مەخپىي يىغىلىشلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى ئۇردى، تەپتى، قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ ساقچى ئىدارىسىگە يالاپ كەلدى. ئەمما، دەھشەتلىك بۇ باستۇرۇشلار جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى تېز پۈكتۈرەلمىدى، ئۇلار ئاخىر پۈتۈنلەي ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشنى قارار قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈردى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا 3 مىڭ 500 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن 2 مىڭ 500 ى دۆلەتكە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ سان ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. ئۇلار دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاڭخەيدە ياپونىيىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش ئورگىنىنى، بېيجىڭدا ئۇنىڭ تارمىقىنى، ھەرقايسى ئۆلكىلەردە گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار سېپى بىلەن بىرلىشىپ، مەملىكەت بويىچە يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قوزغىدى.

شىڭ شىسەيمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ سىياسىي بوران - چاپقۇندا ئىنتايىن ئاكتىپ ئىپادە كۆرسەتتى.

ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىلىرى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، كۆپچىلىكى دۆلەتكە قايتىپ كېتىشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تاللىۋالغان بولسىمۇ، ئاز ساندىكىلىرى ياپونىيىدە قېلىپ داۋاملىق ئوقۇشنى خالايتتى؛ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىسى ھەرخىل بولىدۇ، مائارىپ ئارقىلىقمۇ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىقمۇ، خىزمەت ئارقىلىقمۇ ۋەتەننى قۇتقۇلدۇرغىلى بولىدۇ، تېخنىكا ئۆگىنىپ ۋەتەنگە قايتىپ كېتىپ زاۋۇت قۇرۇشمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يولى دەپ قارايتتى. بۇ خىلدىكى ئادەملەر شىڭ شىسەينىڭ نەزىرىدە قورقۇنچاق، بوشاڭ ئادەملەر ئىدى.

ياپونىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار شىڭ شىسەينى ئوقۇغۇچىلاردى

ۋەتەنگە قايتىشقا «ھەيدەكچىلىك قىلىش ئەترىتى» نىڭ مەسئۇللۇقىغا سايلىندى. ئۇ قولىغا بىر كالتەكنى ئېلىۋېلىپ، ۋەتەنگە قايتىشتا ئىككىلىنىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا: «ھازىر قايسى چاغ، يەنە نېمىگە ئىنجىقلاپ تۇرۇشىسەن! قايسىڭ ۋەتەنگە قايتمايدىكەنسەن كالتەك يەيسەن!» دەپ ھەيۋە قىلاتتى. بىر كۈنى بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا: «نەگىلا بارساڭ زەمبىرەكتەك ئادەمگە ھەيۋە قىلىپلا يۈرەمسەن!» دېگەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن شىڭ شىسەيگە «زەمبىرەك» دەپ لەقەم سىڭىپ قالدى.

ئۇ سۆز قىلغاندا ئازراق كېكەچلەپ قالاتتى، ھاياجانلىنىپ كەتكەندە تېخىمۇ بەكرەك كېكەچلەپ قىزىرىپ كېتەتتى، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەر روھىنى تېخىمۇ ئىپادىلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى.

1918 - يىلى 5 - ئايدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى، ئەمما «ۋەتەنگە قايتىشنىڭ ئۆزى ۋەتەنپەرۋەرلىك» دەپ قارىغان شىڭ شىسەي ياپونىيىدە قېپقالدى، سەۋەبى ئېنىق ئەمەس ئىدى. «ھەيدەكچىلىك قىلىش ئەترىتى» نىڭ مەسئۇلى بولغاچقا، ئۇ كېتىپ قالسا ۋەتەنگە قايتىش دولقۇنى پەسلەپ كېتىدۇ، دەپ قارىغانلىقتىنمۇ، بىلىپ بولمايتتى.

1919 - يىلى 2 - ئايدا چىڭداۋنى قايتۇرۇۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى.

چىڭداۋ مەملىكىتىمىزنىڭ بوخەي دېڭىزى بويىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى يېقىشلىق شەھەر بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا گېرمانىيە بېسىۋالغانىدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىرلىشىپ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ياپونىيە ئەنە شۇ پۇرسەتتە چىڭداۋنى بېسىۋالدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو چىڭداۋ بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپ، 1919 - يىلى 1 - ئايدا پارىژدا ئېچىلغان تىنچلىق كېلىشىمى

يىغىنىدا جۇڭگو تەرەپ ۋەكىلى بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئويلىمىغان يەردىن ياپونىيە ۋەكىلى ئۆكتەملىك بىلەن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قارشى تۇردى، بۇ ئىش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى.

ياپونىيىدىكى لياۋنىڭ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى شىڭ شىسەيىنى ۋەكىل سايلاپ چىڭداۋنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. شىڭ شىسەي ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ يەنە شاڭخەيدىكى مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشتى. 1919 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە، شاڭخەي دادۇڭ مېھمانخانىسى پانوسلار ئېسىلىپ، قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلىپ ئاجايىپ قىزغىن كەيپىياتقا چۆمگەنىدى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 56 نەپەر ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بۇ يەرگە يىغىلىپ مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتاتتى، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالتە نەپەر ۋەكىلىمۇ بۇ يىغىنغا قاتناشقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ تايانچلىرى ۋە داھىيلىرى ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئىدى، سۈن جۇڭشەن ئەپەندى ئۇلارغا ياردەم بەرگەن ۋە كۆرسەتمىلەرنى بەرگەنىدى.

بۇ چاغدىكى شىڭ شىسەينى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئوت يۈرەك ياش، ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولاتتى.

## ئەسكەر بولۇش

شىڭ شىسەي ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما كەسپىي ئىنقىلابچى بولۇشنى خالىمايتتى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ چاغدىكى جۇڭگودا مىلىتارىستلار يامراپ، كەتكەن، جەنۇب بىلەن شىمال تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان، چوڭ مىلىتارىستلار قوراللىق بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشسا، كىچىك مىلىتارىستلار ئۆزىنىڭ دائىرىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن تىركىشىۋاتقان، ئىچكى ئۇرۇش ھەر يىلى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىرخىل ۋەزىيەت مەۋجۇت ئىدى.

مانا مۇشۇنداق دەۋردە تۇرۇۋاتقان شېڭ شىسەي، بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، نەتىجە قازىنىشتا ئادەم كىتابتىكى ئەلنى ئىدارە قىلىش نەزەرىيىسى بىلەنلا چەكلەنسە بولمايدۇ. قورال بولمىسا ھېچنېمە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، «ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى، چەت ئەلدە ئوقۇپ كېلىشلەرنىڭ ھەممىسى تالىپلارچە ئىسيان كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ بىلەن جۇڭگونى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن قورالغا تايىنىش كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئاخىر قەلەمنى تاشلاپ ئەلەمنى قولىغا ئالدى. 25 ياشقا كىرگەندە، لى گېنيۈەن مۇدىرلىقىدىكى يۈننەن ھەربىي مەكتىپىنىڭ شاۋجۇدىكى شۆبىسىنىڭ 2 ـ قارارلىق پىيادە ئەسكەرلەر بۆلۈمىگە كىرىپ ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەندى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇش ئىدى. 17 يىلدىن كېيىن ئۇ (1936 ـ يىلى) گومىنداڭ ئارمىيىسىدە جۇڭجياڭ بولدى، كېيىن شاڭجياڭلىققا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 1944 ـ يىلىغىچە ئۇنىڭ ھاياتى ئەسكەرلىك ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى.

شاۋجۇ يەنە شاۋگۇەنمۇ دېيىلەتتى، 2 ـ مىڭ يىل ئىلگىرىكى خەن سۇلالىسى بۇ يەرنى مۇھىم ئۆتكەل قىلغانىدى. شېڭ شىسەي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، دەل مۇشۇ جايدا خەتەرگە يولۇققانىدى. بىر كۈنى، باندىتلار ئۇ ئوقۇۋاتقان مەكتەپنى قورشىۋالىدۇ. ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ شۇ يەردىكى بىر يالغۇز ياغاچلىق كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ياغاچ ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ كېتىپ ئۇلار سۇغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شېڭ شىسەي قىرغاقتا ئۆمىلەپ چىقىۋاتقاندا باندىتلار قوغلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئاتىدۇ. ئۇ مىڭ تەستە ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم خەتەرگە ئۇچرىشى ئىدى.

1921 - يىلى باھاردا، شېڭ شىسەي ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈردى. شۇ چاغدا «شەرقىي شىمال پادىشاھى» ئاتالغان جاڭ زولىن ئىچكى موڭغۇلغا قوشۇن تارتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولغاچقا، ھەدەپ قوشۇننى كېڭەيتىۋاتاتتى. شېڭ شىسەي 18 يېشىدىن باشلاپ يۇرتىدىن ئايرىلىپ كەتكەندى، ھازىر ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ يۇرتى شەرقىي شىمالغا بېرىپ ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىشنى ئويلاپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەكتەپ مۇدىرى لى گېنيۈەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جاڭ زولىن قوشۇنىنىڭ 8 - لۈيىنىڭ لۈيجاڭى گو سۇڭلىڭنىڭ قول ئاستىدىكى بىر پەيگە پەيجاڭ بولدى.

گو سۇڭلىڭ شېنياڭدىكى دۆڭشياڭ يېزىسىدىن بولۇپ، 1882 - يىلى نامرات بىر ئائىلىدە تۇغۇلغانىدى. كېيىن ئۇ ۋۇبېي ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن، شۇ يىلى تۇڭمىڭخۇيغا قاتناشقان، 1916 - يىلى بېيجىڭدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملاپ، شاۋجۇ ھەربىي تارماق مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇ مەكتەپتىكى ۋاقتى شېڭ شىسەي كېلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت بولۇپ، 1918 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي شىمالغا قايتىپ كەتكەن، 1919 - يىلى ئەتىيازدا يېڭىلا ئەسلىگە كەلگەن شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكە ھەربىي تاكتىكا ئۆگىنىش مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغانىدى. شۇ چاغدا شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ تەپتىش مەھكىمىسى مۇھاپىزەت لۈيى ئىككىنچى تۈەننىڭ تۈەنجاڭى جاڭ شۆلياڭمۇ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان، ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەنىدى.

گو سۇڭلىك سۈن جۇڭشەننى ھىمايە قىلاتتى، مىلىتارىست-
لارنىڭ ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشلىرىغا نەپرەتلىنەتتى، ياپون
تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇراتتى. ئۇنىڭ جاڭ زولىننىڭ قوشۇ-
نىغا كىرىشى ئەتراپىغا ئادەم توپلاش، ئاخىردا قوشۇننىڭ ھوقۇ-
قىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى. ھەر يەكشەنبە كۈنى ماشىنىسىنى
ھەيدەپ چىقىپ ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلاردىن بىر
نەچچىنى ئېلىپ ئائىلىسىگە بىللە تاماق يېگىلى باراتتى. تاماق
يەۋېتىپ، دۆلەتنى قانداق كۈچەيتىش، ھەربىيلەر دۆلەت ئۈچۈن
قانداق خىزمەت قىلىش توغرۇلۇق سۆزلەپ تۇراتتى. ئۇ مۇدىر
لى گېنيۇەن تونۇشتۇرغان بىر يۇرتلۇقى شېڭ شىسەيگە ئالاھىدە
غەمخورلۇق قىلدى.

شېڭ شىسەي بۇ قوشۇنغا كىرگەن چاغلار مىلىتارىستلار
قوشۇنلىرىنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغلارغا
توغرا كەلدى. جاڭ زولىن سىچۈەندىكى ليۇ شياڭ بىلەن ليۇچاڭ-
دىكى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمى ھەربىي مۇداپىئە
قوشۇنىنىڭ قوماندانى سۈن چۈەنفاڭ بىلەن بىرلىشىپ ۋۇ پېيفۇغا
قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ قوشۇننى كۈچەيتىۋاتاتتى. سۈن
چۈەنفاڭ بىلەن ۋۇ پېيفۇ گەرچە بىر مەزھەپتىكى مىلىتارىستلار
بولسىمۇ، ئەمما دىلى بىر ئەمەس، زىددىيىتى چوڭقۇر، ئوت
بىلەن سۇدەك بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئادەملەر
ئىدى.

شېڭ شىسەي گو سۇڭلىڭ بىلەن جاڭ شۆلياڭنىڭ تونۇشتۇ-
رۇشى بىلەن جاڭ زولىننىڭ قوشۇنىغا ۋەكىل بولۇپ، يىچاڭ
بىلەن سىچۈەندە سۈن چۈەنفاڭ بىلەن ليو شياڭنىڭ بىرلىشىپ
ۋۇ پېيفۇغا قارشى تۇرۇشى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارماقچى
ئىدى.

يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى جاڭ شۆلياڭ ئۇنى باش قوماندان
جاڭ زولىننىڭ قەسرىگە باشلاپ كىردى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قەسرى شىنياڭنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى يېنىدىكى ھەر-بىي مەھكىمە جايلاشقان كوچىدا ئىدى. قەسىر ئىچىدە ئىككى قاتار ئۆيلەر بولۇپ، ئالدىدىكىسى ئىشخانا، كەينىدىكىسى ئولتۇ-راق ئۆيلەر ئىدى. جاڭ زولىن ئالدى تەرەپتىكى ئىشخانا بىناسىغا پەقەتلا بارمايتتى، ئىش بولسا خىزمەتچىلەر ئارقا بىناغا كېلىپ بىجىرەتتى. بۇ يەر پۈتۈن شەرقىي شىمالنىڭ سىياسىي مەركىزى ئىدى.

جاڭ زولىن شېڭ شىسەينى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا قوبۇل قىلدى. بۇ مەشھۇر قوماندانىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى بولغاچقا، شېڭ شىسەي سەل جىددىيلىشىپ قالدى.

— سىز گو ماۋچېننىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ؟

— شۇنداق، قوماندان، — شېڭ شىسەي ئۆرە تۇرغىنىچە ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ.

شېڭ شىسەي كارىۋات يېنىدىكى بىردىنبىر ئورۇندۇقنى كۆرۈپ سەل تارتىنىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى باشلاپ كىر-گەن جاڭ شۆلياڭغا قاراپ قويدى.

— ئۇ ئۆرە تۇرسۇن، سىز ئولتۇرۇڭ، — دېدى جاڭ زولىن شېڭ شىسەينىڭ خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈپ، — بۇ قېتىمقى ۋەزىپىڭىز ئىنتايىن مۇھىم. سىزگە دې-يىشكە تېگىشلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى لۇيجاڭگىلار دېگەن بولسا كېرەك. ئەمما، بىر گەپ، يول ياخشى بولمىسا ئۆزىڭىزنى مەجبۇرلىماڭ، قايتىپ كەلسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

بۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپتىن شېڭ شىسەي قاتتىق تەسىرلەن-دى، بۇ گەپلەر خۇددى دادىسى دەۋاتقاندەك شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يول ھەرقانچە خەتەرلىك بولسىمۇ چوقۇم بارىمەن، دەپ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە قىلدى.

شېڭ شىسەي يىچاڭغا بېرىپ سۈن چۈەنفاڭ بىلەن كۆرۈشتى

ۋە ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئىگىلەپ تۇرغان يېچاڭنىڭ
ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى كۆپتۇرۇپ سۆزلە-
دى. سۇن چۇەنفاڭ ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قاراپ، ئىستىقبال-
لىق ياش ئىكەن، دەپ ئۇنى ماختىدى.

شېڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ لىۇ شياڭ بىلەن سۆزلەش-
تى. لىۇ شياڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ جاڭ زولىن
بىلەن ھەمكارلىشىشقا ماقۇل بولدى، يەنە تېخى بىر ۋەكىلنى
شېڭ شىسەيگە قوشۇپ قويدى. لېكىن، بۇ چاغدا لياۋنىڭ گۇرۇ-
ھى بىلەن خېبېي گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ
(1922 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە) لياۋنىڭ تەرەپ
يېڭىلىپ قالدى، 30 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئۆلدى، يارىلاندى،
40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەسىرگە چۈشتى، ھەربىي خىراجەتتىمۇ
30 مىليون يۈەندەك چىقىم بولدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى جاڭ
زولىننى شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىنىڭ مۇپەتتىشلىكى بىلەن
قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىدىن ئېلىپ تاشلىدى. لېكىن، جاڭ
زولىن بۇنىڭلىق بىلەن كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالماي، شەنخەيگۇەن
ئېغىزىنى توسۇپ، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ ئۆز ئالدى-
غا ئىش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، جاڭ زولىن
بىلەن لىۇ شياڭنىڭ ھەمكارلىشىشلىرىنىڭ ئەھمىيىتى قالماي،
نەتىجىدە شېڭ شىسەي چۇڭچىڭدىن شاڭخەيگە، شايخەيدىن تيەن-
جىنگە، تيەنجىندىن شېنياڭغا قايتىپ كەلدى.

گەرچە شېڭ شىسەي ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەزى-
پىسىنى ئورۇندىيالمىغان بولسىمۇ، ئەمما گو سۇڭلىڭنىڭ ئەتى-
ۋارلىشىغا ئېرىشىپ، جاڭ زولىننىڭ مۇھاپىزەتچىلەر لىيەنىگە
شاڭۋېي دەرىجىلىك لىيەنجاڭ بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە شاۋش-
ياۋ، جۇڭشياۋ دەرىجىلىك سەنمۇ بولدى. كېيىن يەنە ئوفىتسېر-
لارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ 1 ـ قارارىغا كىرىپ ئوقۇدى.
گو سۇڭلىڭ ئۇنى ئۇ مەكتەپكە مۇئەللىم ھەم مەشىق يېتەكچىسى

قىلدى. كېيىن نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى بولغان پېڭ شاۋشيەن ئۇنىڭ مۇئەللىملىرىنىڭ بىرى ئىدى.

گو سۇڭلىڭ بىلىملىك، تەن تۇزۇلۇشى قاملاشقان، تەلەپچان ئادەم ئىدى، ھاراق ئىچمەيتتى، تاماكا چەكمەيتتى، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىگە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەپ بەرگەنىدى، شۇ ۋەجىدىن ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ شۇ ئارتۇقچىلىقلىرى شىڭ شىسەيدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە بولغاچقا، گو سۇڭلىڭ ئۇنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايتتى. ئۇ گو ئائىلىسىگىمۇ دائىم بېرىپ تۇرغاچقا، ئۇلار بىلەنمۇ تېزلا چىقىشىپ كەتتى.

گو سۇڭلىڭ خوتۇنى خەن شۇشيۇ بىلەن 1912 - يىلى توي قىلغانىدى. خەن شۇشيۇ بېيجىڭ يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، ئالتە ياشقا كىرگەندە ئۆلۈپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن تۇغماي بەكمۇ غېرىبسىنىپ ياشاۋاتاتتى.

گو سۇڭلىڭنىڭ قول ئاستىدىكى جاڭ زولىن مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى جيۇ زۇڭجۇننىڭ ئۈچ قىزى بار بولۇپ، كىچىك قىزى جيۇ يۇفاڭ ئوماق، تېتىك، كىشىنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك قىز ئىدى، گو سۇڭلىڭلارنى تاغا، ھەدە دەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەركىلەپ، ئويناپ يۈرەتتى. بىر قېتىم خەن شۇشيۇ ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ قىزىنى ئويلاپ يىغلاپ كەتتى. يۇفاڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدىغان قىز بولغاچقا، شۇئان قولىياغلىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ قويۇۋىدى، خەن شۇشيۇ ئۇنى بىردىنلا باغرىغا بېسىپ: «سىز مېنىڭ قوزام» دەپ كەتكەن ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ يۇفاڭنى ئاتاق قىزى قىلىۋالغانىدى.

شىڭ شىسەي دائىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرغاچقا، ئاستا ـ ئاستا يۇفاڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ چاغدا يۇفاڭ شىنياڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇيتتى، ئۆزى چىرايلىق، ئوماق قىز ئىدى، ئىككى مەڭزى دائىم قىپقىزىل تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ئالما» دەپ چىرايلىق چاقىراتتى، موڭغۇللارنىڭكىدەك زاڭاقلىرى ئېگىزرەك بولغاچقا، «موڭغۇل» دەپمۇ لەقەمى بار ئىدى.

بۇ چاغلاردا شىڭ شىسەي يالغۇز ئىدى، ئۆز ۋاقتىدا ئۆيلەنگەن خوتۇنىغا كۆڭلى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن ۋاقىت سىرتتا يۈرگەچكە، خوتۇنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالماي، قىمارۋاز قېيناتىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قىزىنى ئۇنىڭدىن ئاجراشتۇرۇۋېلىپ باشقا بىرىگە ياتلىق قىلىۋەتكەنىدى. بۇ ئىش شىڭ شىسەينىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولغاچقا، ئاجرىشىشقا قوشۇلغانىدى. بىراق، ئۇ ئايالمۇ تەلەيسىز ئىكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. شىڭ شىسەي گو سۇڭلىڭنىڭ ئۆيىدە يۇفاڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

بىر قېتىم مەكتەپتە سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلگەندە، چيۇ يۇفاڭ ئاتاق ئانىسىنى مەكتەپكە بېرىپ ئۆزىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ كېلىسىز دەپ تۇرۇۋالدى. دەل شۇ كۈنى خەن شۇشيۇنىڭ بارمىسا بولمايدىغان بىر ئىشى چىقىپ قېلىپ ئاتاق قىزىنىڭ ئويۇنىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۈنى شىڭ شىسەي شۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىدى، ئاخىر ئۇنى بېرىشقا زورلىدى، ئۇنىڭ باشقا ئىشى بولمىغاچقا بېرىشقا قوشۇلدى.

ئويۇن باشلاندى. شىڭ شىسەي ئويۇننى بېرىلىپ كۆردى. نېمىشقا چيۇ يۇفاڭ سەھنىگە چىقمايدىغاندۇ؟ ھەممە ئادەم قىلىچ ئېسىۋېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن قاملاشقان بىر ياش ئوفىتسېرنىڭ رول ئېلىشىغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى، ئارىلاپ

قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ كېتەتتى. ئويۇن توگەپ پەردە يېپىلى-
دىغان چاغدا ھېلىقى چىرايلىق ئوفىتسېر بېشىدىكى شەپكىسىنى
ئېلىۋېتىپ قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرىنى قويۇۋەتكەنىدى، بىردەمدىلا
چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدى، تاماشىبىنلار ھەيران قې-
لىپ تېخىمۇ قاتتىق چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. شېك شىسەي
ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ، بىردىنلا «ئالما!» دەپ توۋلاپ كەتتى،
چيۇ يۇفاڭمۇ پەستە ئولتۇرغان شېك شىسەيگە قىزغىن نەزەر
بىلەن قارىدى. شك شىسەي تولىمۇ خۇشال ئىدى، تولا چاۋاك
ئۇرۇپ ئالقانلىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن،
چيۇ يۇفاڭنىڭ چىرايى شېك شىسەينىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدى-
غان بولدى، ئۇنى كۆرسىلا بۇرۇنقىدەك تەبىئىي بولالمايتتى،
گەپلىرىمۇ راۋان چىقمايتتى.

سەزگۈر خەن شۇشيۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشە-
نىپ ئاخىر تويىنى قىلىپ قويدى. گو سۇڭلىڭ ئەر - ئايال
ئىككىسىنىڭ بالىسى بولمىغاچقا، شېك شىسەينى ئۆزىنىڭ ئوغ-
لىدەك كۆرۈپ، ھەر ئايدا دېگۇدەك پۇل بېرىپ تۇردى. ئۇ ياش
ئەر - خوتۇنلارمۇ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىدەك كۆرۈپ،
خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈشتى.

## ئەر - خوتۇن بىللە ئوقۇشقا بېرىش

جاڭ زولىن تۇنجى قېتىم ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغاندىن كې-
يىنمۇ بەل قويۇۋەتمەي قوشۇنىنى تېخىمۇ جەڭگىۋار قىلىپ رەت-
لىدى، ھەربىي مەكتەپنى كېڭەيتتى، ئوقۇتقۇچىلارنى كۆچەيت-
تى، ياش ئوفىتسېرلارنى ئۆستۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئارمىيە ئۇنى-
ۋېرسىتېتىغا، بەزىلىرىنى چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. گو
سۇڭلىڭنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شېك شىسەي ئەر - ئايال ئىككى-
سى 1923 - يىلى يازدا ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقتى. بۇ ئۇنىڭ

ياپونىيەگە ئىككىنچى قېتىم ئوقۇشقا چىقىشى ئىدى. ئۇ ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ 4 - قارار سىنىپىغا كىردى. جىلىنلىق خې چېڭپۇمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا ئىدى. چيۇ يۇفاڭ قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئائىلە ئىشلىرى كەسپىگە كىردى. ئۇلارغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن 250 ياپون يېنى ياردەم قىلاتتى، تۇرمۇشى راھەتتە ئۆتەتتى، ئۇ پۇل يەتمىسە ئاتاق ئاتىسى ئەۋەتىپ بېرەتتى، شۇڭا شېڭ شىسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھېچنېمىدىن غېمى يوق ئىدى.

1925 - يىلى، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى كۈز پەسلىلىك مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە فېڭ يۇشياڭنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىدىكىلەر بىلەن جاڭ زولىنىنىڭ لياۋنىڭ گۇرۇھىدىكى ئادەملىرىنى مانېۋىرنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

شېنياڭ گۇرۇھى گو سۇڭلىڭنى ۋەكىل قىلىپ ياپونىيىگە ئەۋەتتى. ئۇ 8 - ئايدا خانىمىنى ياپونىيىگە يولغا سېلىپ قويغانىدى. گو خانىم ياپونىيىگە كېلىپ شېنتيەن مېھمانخانىسىغا چۈشكەن، شېڭ شىسەي ئەر - ئايال ۋە خې چېڭپۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ياپونىيىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەنىدى. 9 - ئايدا گو سۇڭلىڭ يېتىپ كېلىپ ئىمپېرىيە مېھمانخانىسىغا چۈشتى ۋە ھەر كۈنى شېنياڭ گۇرۇھىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇردى.

ياپونىيىگە مانېۋىر كۆرگىلى كەلگەن دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىلى خەن فۇجۇمۇ ئىمپېرىيە مېھمانخانىسىغا چۈشتى.

گو سۇڭلىڭ توكيوغا كەلگەن كۈنى ياپونىيە سەنمۇبۇسىنىڭ مۇھىم بىر ئەمەلدارى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى مېھمانخانىغا كەلدى.

پاكار، قىسقا بۇرۇت قويغان ئۇ ئادەم گو سۇڭلىڭدىن سىرلىق ھالدا:

— گو گېنېرالدىن سوراپ باقسام، بۇ قېتىم بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە كېلىشتە مادېئۇر كۆرۈشتىن باشقىمۇ ۋەزىپىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

گو سۇڭلىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، خۇددى بۇ سوئالغا تەييارلىقى باردەك: «بۇ ئىشتا...» دەپ توختاپ قالدى. ئۇ ئۇ ئادەمنى، گەپنى ئوچۇقراق قىلسىكەن، دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇ ياپون گو سۇڭلىڭنىڭ گەپنى ئېنىق قىلمىغىنىنى كۆرۈپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئالدىراپ خوشلاشتى.

گو سۇڭلىڭ ئۇ ياپوننىڭ سىرلىق زىيارىتىدىن سەگەكلەشتى. كېيىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاخىر بىلدى.

يېرىم كېچە، خەن فۇجۇ يېتىپ قالغانىدى، بىرى ئىشىكنى چەكتى. خەن فۇجۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ گو سۇڭلىڭنى كۆرۈپ ئالدىراپ ياتاققا تەكلىپ قىلدى. گو سۇڭلىڭ ئىشىكنى چىڭ يېپىپ، ئاندىن خەن فۇجۇغا:

— بۇرادەر، بۈگۈن غەلىتە بىر ئىش بولدى، شۇ توغرۇلۇق سىز بىلەن سۆزلىشەي دەپ كەلدىم، — دەپ، كۈندۈزى ھېلىقى ياپون ئەمەلدارىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. ئارقىدىن يەنە، — كېيىن مەن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، جاڭ زولىننىڭ «21 ماددا» نى ئېتىراپ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بەدىلىگە ياپونىيە تەرەپ ئۇنىڭغا زور مىقداردا قورال بەرمەكچى، ئۇ قورال بىلەن سىلەرنىڭ دۆلەت ئارمىيىڭلارنى يوقاتماقچى بولغانلىقىنى بىلدىم، — دېدى.

خەن فۇجۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ:

— راست شۇنداق ئىش بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا قىل سىغمايدۇ، — دېدى گو سۈڭلىڭ، — مەن يەنە جاڭ زولىننىڭ شېنياڭدا ياپونلار بىلەن سۆزلىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. يېقىندا جاڭ زولىن ياپونىيە تەرەپكە تېلېگرامما يوللاپ، مەخپىي كېلىشىمگە قول قويىدىغان ۋەكىل يولغا چىقتى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېتىپ بارىدۇ، دەپتۇ. مەن دەل ئۇ دېگەن كۈندىن بىر كۈن بۇرۇن يېتىپ كەلگەچكە، ياپون تەرەپ خاتا ھالدا مېنى شۇ ئادەممىكىن، دەپ ئويلاپ قېلىپ ئۇ ئەمەلدارنى مەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئەۋەتكەن گەپ.

— ئەمىسە جاڭ زولىنغا ۋەكىل بولۇپ كېلىشىمگە قول قويىدىغان ئادەم زادى كىمدۇ؟

— مەن سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلدىم، يۇ چۇڭخەن ئىكەن، توكيوغا كېلىپ بوپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى گو سۈڭلىڭ، — ئارقىدىن ئۇ غەزەپ بىلەن يەنە سۆزلەپ كەتتى، — مىلىتارىستلار يىلمۇ يىل ئۇرۇش قىلىپ خەلقنىڭ ھالىنى قويمىدى، دۆلەتنىڭ ئامىتىمۇ مۇشۇ خەقنىڭ كاساپىتىدىن قولدىن كەتكىلى تۇردى. پۇقرالارنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، جاڭ زولىن ئۆزىنىڭ — بىر ئادەمنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن ھېچنېمىگە باقماي دۆلەتنى ساتماقچى. مەن ھەربىي ئادەم، دۆلەت ئۈچۈن بارلىقىمنى ئاتىۋەتكەن، بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق ئەمەس، ئىرادەمگە قارشى ھالدا شۇ بىر ئادەمنىڭ قالايمىقان بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمايمەن. ئەگەر جاڭ زولىن سىلەرنىڭ دۆلەت ئارمىيىڭلار بىلەن ئۇرۇشىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن… بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزنى بەكمۇ مەخپىي تۇتۇڭ، ھەرقانداق ئادەمگە تىنماڭ.

— پېقىر گو ئەپەندىنىڭ بۇ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. دۆلەتكە قايتىپ بارغاندا سىزنىڭ مۇددىئايىڭىزنى چوقۇم خۇەن جاڭ ئەپەندىگە يەتكۈزىمەن. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى شۇ

چاغدا مەسلىھەتلىشىمىز. بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزنىڭ ئەھمىيىتى بەكمۇ چوڭ، چوقۇم مەخپىيەتلىكىنى ساقلايمەن، خاتىرجەم بولغايسىز.

1925 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ياپونىيىدە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغان گو سۇڭلىڭنى جاڭ زولىن تېلېگرامما بېرىپ قايتۇرۇپ كەتتى. گو سۇڭلىڭ قايتىشتىن ئىلگىرى شىڭ شىسەي، خې چېڭپۇ قاتارلىق شەرقىي شىماللىق 60 نەپەر ئوقۇغۇچىنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، ئۆزىنىڭ دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنى ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ بىردەك سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشقا كۆندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىردا: «مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، سىلەرنىڭ دۆلەتكە قايتىش ـ قايتماسلىقىڭلار توغرۇلۇق تېلېگرامما بېرىمەن» دېدى.

ماڭىدىغان چاغدا يېنىدىكى 7مىڭ ياپونىيە يېنىنى شىڭ شىسەي ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە بېرىپ قويدى. ئۇ، ناۋادا يامان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا ئۇلارغا پۇل ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئادەم يوق قىيىنلىپ قالمىسۇن، دەپ ئويلىغانىدى.

گو سۇڭلىڭ شېنياڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، فېڭ يۈشياڭنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن دەرھال ھەمكارلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا، مىلىتارىستلارنى يوقىتىپ شەرقىي شىمالنى بار كۈچى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نىيەت قىلدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە جاڭ زولىننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ بىر لۇي ئەسكەرنى باشلاپ جىڭيۇ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى، ئاندىن 10 ـ ئاينىڭ ئىچىدە شىڭ شىسەي بىلەن خې چېڭپۇغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇلار تۇرۇۋاتقان مەكتەپتىكى ئون نەچچە ئوقۇغۇچى بىلەن بىللە دۆلەتكە قايتىپ تەييارلىق كۆرۈشنى بۇيرۇدى.

شىڭ شىسەي بىلەن خې چېڭپۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گو سۇڭلىڭنىڭ 10 ـ جىتۈەنجۈن قوماندانلىق شتابىدا بۇڭشياۋ

www.uyghurkitap.com

دەرىجىلىك سەنمۇ بولدى.

## لۈەنجۇ ھەربىي ئۆزگىرىشىگە قاتنىشىش

1925 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، گو سۇڭلىڭ بىلەن فېڭ يۈشياڭ بىرلىشىپ مىلىتارىستلارنىڭ زوراۋانلىقىنى تۈگىتىش، ئۇرۇش ئاپەتلىرىنى مەڭگۈگە يوقىتىش، چېگرا رايونلارغا يۈرۈش قىلىش، دۆلەت زېمىنىنى قوغداشتىن ئىبارەت «يەتتە ماددىلىق مەخپىي كېلىشىم» ئىمزالىدى. شۇ كۈنى گو سۇڭلىڭ تېلېگرامما يوللاپ جاڭ زولىندىن تەختتىن چۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، ئەتىسى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لۈەنجۇ ناھىيىسىدە ھەربىي ئۆزگىرىش قىلدى.

شۇ كۈنىلا ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنى يۈگۈەن، پولىيەنشەن، جىڭجۇ قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ شېنياڭغا قىستاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن ھەممە يەر زىلزىلىگە كېلىپ، جاڭ زولىننىڭ سەنمۇجاڭى ياڭ يۈشىڭ دالىيەنگە قېچىپ كەتتى، جاڭ زولىن خەزىنىدىكى قەغەز پۇللارنىڭ بىرىنى قويماي كۆيدۈرۈۋېتىپ شېنياڭدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ ئىشقا ئاخىر ياپونىيىنىڭ گۈەندۇڭ ئارمىيىسى ئارىلاشتى.

بىر كۈنى، گۈەندۇڭ ئارمىيىسى فۇ دېڭجياڭ ئىسىملىك بىر جۇڭزۇ سەنمۇنى شەنخەيگۈەندە تۇرۇشلۇق شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ 10 - جۈنگە (بۇ جۈننىڭ جۈنجاڭى گو سۇڭلىڭ ئىدى) سەنمۇجاڭ، قوشۇمچە توپچىلار قىسمىنىڭ قوماندانى ۋېي يىسەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي فۇ دېڭجياڭنى قوماندانلىق شتابىغا باشلاپ كىردى. فۇدېڭجياڭ ۋېي قوماندانغا گۈەندۇڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇلتىماتۇمىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

شېڭ شىسەي ئۇ ئۇلتىماتۇمنى مۇنداق تەرجىمە قىلىپ بەردى:

«دۆلەت ۋە شېنياڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي مانجۇ تۆمۈر يولىنىڭ ئىككى قاسنىقى ۋە ئىككى تەرەپتىكى 20 كىلومېتىر ئارىلىق ئىچىدە ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت يوق، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قورالسىزلاندۇرۇلىدۇ.»

بۇ ئۇلتىماتۇمنىڭ ئاساسىي مەقسىتى گو سۇڭلىڭنىڭ قوشۇنىنى شېنياڭغا كىرگۈزمەسلىك ئىدى.

ۋېي قوماندان بۇ ياپونىنىڭ تەكەببۇر قىياپىتىنى كۆرۈپ ئۇنى پەسەنتىگىمۇ ئالماي، شېڭ شىسەيگە ئۇنى جىنجۇ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇۋاتقان جۇنجاڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىشنى تاپشۇردى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ياپونىيىنىڭ گۇەندۇڭ ئارمىيىسى لياۋياڭدىن شېنياڭغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

ئەتىسى، گو سۇڭلىڭ شېڭ شىسەينى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ فۇ دېڭجياڭدىن بىر قانچە سوئاللارنى سورىدى.

«سىلەر ئۇلتىماتۇمدا ئېيتقان جەنۇبىي مانجۇ تۆمۈر يولىغا تەۋە چەكلەنگەن رايون زادى قايسى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟»

«ئارمىيەڭلارنىڭ بۇ تەلىپى نېمىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟»

«ئارمىيىمىز گۇەندۇڭ ئارمىيىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى سەۋەبسىز تەلەپ دەپ قارايدۇ. جەنۇبىي مانجۇ تۆمۈر يولىنى گەرچە ياپونىيە باشقۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگونىڭ زېمىنى ئۈستىدىكى جاي، جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ زېمىنى ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىشى چەت ئەل قوشۇنلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئادەتتە بىز شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكە ئىچىدە قوشۇن يۆتكىسەك جەنۇبىي مانجۇ تۆمۈر يولى بىلەن بېيجىڭ - شېنياڭ تۆمۈر يولى كېسىشىدىغان لاۋداۋكو ئارقىلىق ئەركىن مېڭىۋېرەتتۇق. ئىككى قېتىملىق خېبېي - ئەنخۇي، خېبېي - شېنياڭ

ئۇرۇشىدىمۇ شىنياڭ ئارمىيىسى بۇ جايدىن توسالغۇسىز ئۆتكەن،
گۇەندۇڭ ئارمىيىسى بىر قېتىممۇ توسۇپ باقمىغان، ئەمدى نېمە
ئۈچۈن توسۇدىغان بولۇپ قالدى؟»

ئارقا ـ ئارقىدىن قويۇلغان بۇ سوئاللار بىلەن فۇ دېڭجياڭ-
نىڭ ئاغزى ئېتىلدى.

بەش كۈندىن كېيىن، گۇەندۇڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى
بەيچۇەن يىزىي جەنۇبىي مانجۇ تۆمۈر يولى لىنىيىسىدىكى مەنپەئەت-
تىنى ۋە ياپونىيىلىك مۇھاجىرلارنى قوغداش باھانىسى بىلەن 3
مىڭ 500 نەپەر ئەسكەر چىقاردى، بۇ خىل ۋەزىيەت جاڭ زولىن
ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

جاڭ زولىن دېمىنى ئېلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ گو
سۇڭلىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى سېتىۋېلىشنى كۈچەيتتى.

گو سۇڭلىڭنىڭ شەرقىي شىمال دۆلەت ئارمىيىسى شىنياڭ-
دىكى جۇلىيۇخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بەيچىباۋ پويىز
ئىستانسىسىغا كېلىپ شىنياڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلغاندا، قوماند-
دانلىق شتابىنىڭ ئارقىسىغا توختىتىپ قويۇلغان ئوق ـ دورا
بار ئاپتوموبىلغا زەمبىرەك ئوقى چۈشۈپ ئاپتوموبىل پارتلاپ
كەتتى، ئەتراپنى پارتلاش ئاۋازى بىر ئالدى. شتابتىكىلەر نېمە
ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، شىنياڭ ئارمىيىسى قورشىۋالغان
ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ پويىز ئىستانسىسىدىن قېچىشقا باشلىدى.
شېڭ شىسەي، خې چېڭپۇ، چى شىيىڭ، دۇەن رۇگېڭ قاتارلىق-
لار ئىستانسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ياپونىيىنىڭ شىنمىندا تۇ-
رۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا كىرىۋالدى.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، لۇەنجۇ ھەربىي ئۆزگىرىشى
گۇەندۇڭ ئارمىيىسىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن مەغلۇپ بولدى، گو
سۇڭلىڭ ئەر ـ ئايال ئىككىسى بۇگۇنكى لياۋجۇڭ ناھىيىسىدىكى
بىر پوتەينىڭ ئىچىدە قازا تاپتى، شۇ يىلى ئۇ 45 ياشتا ئىدى.

لۇەنجۇ ھەربىي ئۆزگىرىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ

زولىن گو سۇڭلىڭدىن باشقا بىرمۇ ئادەمنى جازالىمىدى. ۋېي يىسەن دەرھال پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنلىرىنىڭ تۈەنجاڭلىرى ھەم مۇستەقىل يىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا كۆپ ساندىكى ئادەم گو سۇڭلىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى، ئىتتىپاقلىشىپ ئاداققىچە كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بەزىلەر شىنياڭ گورۇھىدىكىلەر بىلەن ئۇ-رۇش قىلىشنى خالىمىدى ياكى پاسسىپ پوزىتسىيىدە بولدى. ۋېي يىسەن كۆپچىلىككە: «ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قارىشى بولى-دۇ، خالىمىغانلار تيەنجىندىن شىنياڭغا قايتىپ كەتسە بولىدۇ، ئۇلارنى مەجبۇرلىمايمىز» دېدى.

شىڭ شىسەي گو سۇڭلىڭ ئەر - ئايال ئىككىسى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىنغان بولسىمۇ، ئەمما جاڭ زولىن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىشقا بەل باغلايدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى، جاڭ زولىن بىلەن بولغان مۇنا-سىۋەتنى قەتئىي ئۈزۈشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇش خىراجىتىنى پۈتۈن-لەي دېگۈدەك جاڭ زولىن بېرەتتى.

ۋېي يىسەن ئۇنى مەجبۇرلىماي، ئۇنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ داۋاملىق ئوقۇشى ئۈچۈن 2 مىڭ ياپونىيە يېنى بەردى.

## ياپونىيىگە ئۈچىنچى قېتىم بېرىش

1926 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، جۇڭگونىڭ ياپونىيە-دە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى توك-يودا تەزىيە يىغىنى ئېچىپ، خائىنلارنى يوقىتىشتا قۇربان بولغان گو سۇڭلىڭ ۋە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە تەزىيە بىلدۈردى. يىغىنغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچى-لار، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ مىڭدىن ئار-

تۇق ئادەم قاتناشتى.
تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئېچىلغان كۈنى سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، توكيونىڭ 1 - ئايدىكى ھاۋاسى خېلىلا سوغۇق ئىدى.
يىغىن مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپى جۇيخۇا گۈلى ۋە گۈلچەمبەرەكلەر بىلەن توشۇپ كەتتى، ھەممە ئادەمنىڭ مەيدىسىگە ئاق قەغەز گۈل تاقالغان، ھەممىلا ئادەم قايغۇغا پاتقانىدى. ئۇلار يىغىن مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان گو سۇڭلىڭ ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ سۈرىتى ئالدىغا بىر - بىرلەپ كېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى، ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
تەزىيە يىغىنىنى بىلىكىگە قارا لاتا باغلىۋالغان شېڭ شىسەي باشقۇردى.
«گېنېرال گو سۇڭلىڭ ئايالى بىلەن بىللە بىزدىن ئايرىلدى. ئۇلار ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، شەرقىي شىمالنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلدى. بىز ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى، گېنېرالنىڭ قەيسەرلىكىدىن، سۇنماس روھىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارسلىق قىلىپ ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە كۈرەش قىلىمىز!»
تەزىيە زالىغا نۇرغۇن بېغىشلىمىلار ئېسىلىپ كەتكەنىدى، بۇ بېغىشلىمىلارنىڭ ئىچىدىكى شېڭ شىسەي بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۆچ پارچە بېغىشلىمىسى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ بېغىشلىمىلاردا شېڭ شىسەي ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئاتاق ئاتا - ئانىلىرىغا بولغان چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرىتى ئىپادىلەنگەنىدى.
شېڭ شىسەي ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ گو سۇڭلىڭ ساقلاپ قويۇڭلار دەپ بەرگەن 7 مىڭ ياپونىيە يېنى، كېيىن ۋېي يىسەن بەرگەن 2 مىڭ ياپونىيە يېنى ۋە شېنياڭ ئارمىيىسى ياپونىيىدە

ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان تۇرمۇش خىراجەت پۇللىرى-
نى قوشقاندا خېلى كۆپ پۇلى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ياپونىيىنىڭ
تۇرمۇش خىراجەتلىرى بەكمۇ يۇقىرى ئەمەس، ئايدا 15 ياپونىيە
يېنى بىلەن يامان ئەمەس تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولاتتى. شۇڭا
ئۇلار ئازادە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى، قورۇسىدا
دەرەخلەر، گۈللەر بار ئىدى، ئەتىيازدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ باشقى-
چە چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. تاماق ئېتىش، يېتىپ - قوپۇش،
دوستلار بىلەن سۆھبەتلەردە بولۇشقا قولايلىق ھەم راھەت ئىدى.
ئۇلار بىلەن ياپونىيىگە بىللە كېلىپ ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا
كىرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان تۆتىنچى ئىنىسى شېڭ شىچمۇ
ئۇلار بىلەن بىللە تۇراتتى.

شېڭ شىسەي بۇ قېتىم ياپونىيىگە كەلگەندە ئۇنى كەييۈەنلىك
يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئۇيۇشمىنىڭ باش باشقۇرغۇچىسى
سۇڭ فۇياۋ (كېيىن ئىسمىنى سۇڭ نيەنسىگە ئۆزگەرتكەن) قىز-
غىن قارشى ئالدى.

سۇڭ فۇياۋ بىلەن زى بويۇ لياۋنىڭدىكى كەييۈەن ناھىيىسى-
دىن ئىدى، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ مانجۇ تېببىي
ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىرگەنىدى. سۇڭ فۇياۋ ياپونىيىدە ئو-
قۇۋېتىپمۇ ياپونىيىگە، مىلىتارىستلارغا قارشى ئىدى. 1925 -
يىلى شاڭخەيدە يۈز بەرگەن 30 - ماي قانلىق ۋەقەسىدىن كې-
يىن، ئۇ جۇڭخۇا ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى نۇرغۇن ساۋاق-
داشلىرى بىلەن بىللە ئوقۇش تاشلاپ مەكتەپتىن چېكىنىدى،
كېيىن ياپونىيىدىكى ۋاسېدا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ئىقتى-
ساد فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، شۇ يەردە شېڭ شىسەي بىلەن
تونۇشۇپ قالدى. بەلكىم ئۇ شۇ چاغدىلا كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ
بولغان بولۇشى مۇمكىن. 1929 - يىلى، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا
خەت يېزىپ ئۆزىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزالىققا تونۇشتۇ-
رۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، لېكىن ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي

سۇڭ فۇياۋ ياپونىيىدە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. 1933 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدا پۈت دەسسەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى شىنجاڭغا كېلىپ مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ھەم دوست، ھەم دۈشمەن ئىدى. شېڭ شىسەي دەسلەپتە ئۇنى ئۇستاز بىلىپ تۆرگە ئۆتكۈزگەن بولسا، كېيىن يەنە دۈشمەن بىلىپ تۈرمىگە تاشلاپ تارتقۇزمىغان ئازابى قالمىدى. ئىككىسى بىر ئۆمۈر بىر ـ بىرى بىلەن ئۆچلىشىپ، كۈرەش قىلىپ كەلدى، 1949 ـ يىلى تەيۋەنگە بارغاندىمۇ كونا ـ يېڭى ئۆچمەنلىكلىرىنى ئۇنتۇمىدى، ئېلىشىشلىرىنى زادىلا توختاتمىدى. بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدا توختىلىمىز.

سۇڭ فۇياۋ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ دەسلەپتە مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ بىر يۇرتلۇق بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە موھتاج ئادەملەر ئىدى. ئۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ تۆتىنچى ئىنىسى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە يېڭىلا كىرگەن، ئىنگلىز، ياپون تىللىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا بىر مۇئەللىم كېرەك ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئايالى چيۇ يۈفاڭ قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيتتى، شېڭ شىسەي مەكتەپتە دەرس ئوقۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى، شۇڭا ئىنىسىگە چەت ئەل تىلىدىن تەكرار قىلىپ بېرىش مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان سۇڭ فۇياۋنىڭ زىممىسىگە چۈشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تىللاردىن دەرس ئۆتۈش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ئۇ چاغلاردا سۇڭ فۇياۋنىڭ ئىقتىسادى ياخشى ئەمەس، تۇرمۇشى قىيىنراق ئىدى، شېڭ شىسەيلەر ئۇنى پات ـ پات تاماققا چاقىرىپ تۇراتتى. سۇڭ فۇياۋ ياغدا قورۇلغان بېلىقنى ياخشى كۆرەتتى، چيۇ يۈفاڭ بولسا ئۇنى قورۇشقا ئۇستا ئىدى. تاماقتىن كېيىن ئىككىسى

ۋەزىيەت توغرۇلۇق، سىياسىي ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى، ئىككىسىنىڭ ئويلىغانلىرى كۆپ چاغلاردا ئوخشاش چىقاتتى، شۇڭا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە قىلچە ئارىلىق يوق ئىدى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئىنىسىگە شۇنچىلىك قىتىرقىنىپ دەرس ئۆتۈۋاتقىنىغا خۇشال بولۇپ، بىر يىلنىڭ ئىچىدە (1926 — 1927) ئېيىغا 10 يۈەندىن پۇل بېرىپ تۇردى، سۇڭ فۇياۋ ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولدى.

شېڭ شىسەي يەنە كەييۈەن ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئىدىيىسى سول بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشتى، ئۇلارنىڭ شېڭ شىسەيگە بولغان ئىدىيە جەھەتتىكى تەسىرى بەكمۇ چوڭ بولدى. سۇڭ فۇياۋدىن باشقا شۈي لىيەن، خې يۈجۇ، كاڭ بىڭلىن، گو شىلاڭ، ۋاڭ لىشى، ۋاڭ يەنلىڭ، چېڭ دۇڭبەي، لاڭ داۋخېڭ، ۋاڭ لىيەنگۈيلارنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئالاھىدە يېقىن ئىدى. كېيىن شېڭ شىسەي شىنجاڭغا دۈبەن بولغاندا ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىگە شېڭ شىسەينى پاناھ تارتىپ كەلدى. ۋاڭ لىيەنگۈيدىن باشقا، كېيىن قوشۇلغان سۈي گوجېڭ بىلەن ئۇلار ئون ئادەم بولۇپ، شىنجاڭنىڭ كونا بيۇروكراتلىرى ئۇلارنى «ئون چوڭ دوكتور» دەپ ئاتىشىۋالدى.

بۇ «ئون چوڭ دوكتور»نىڭ بەزىلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سىرتلاردىكى تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقان، بەزىلىرى كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشقانىدى (كېيىن ھەممىسى كومپارتىيىدىن چېكىنىپ كەتتى). شېڭ شىسەي بىر تەرەپتىن دەرس ئاڭلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيىدىكى كەيفېڭ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلىدى ۋە ئىلغار، سولچىل يۇرتداشلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ماركسىزم ۋە كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «مەن ماركسىزمنىڭ پەلسەپەگە باي كىتابلىرىدىنى ئوقۇغاندا، ئۇلاردىكى

توغرا نەزەرىيە، «تارىخىي ماتېرىيالىزم»، «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم»، «سىنىپىي كۆرەش تەلىماتلىرى» قەلبىمنى يورۇتۇپ، ئاستا - ئاستا ئېتىقاد تىكلەشكە باشلىدىم.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدىكى ئاشۇ ئېتىقاد ئۇنىڭ كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشىنى تەلەپ قىلىشىغا ئىدىيىۋى نەزەرىيە جەھەتتە ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

شېڭ شىسەينىڭ ئۆيى يۇرتداشلار جەمئىيىتى يىغىن ئاچىدىغان جاي ئىدى، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇيۇشمىدىكىلەر شۇ يەردە يىغىن ئاچاتتى، نەزەرىيىلەرنى تەتقىق قىلاتتى، ياپونغا قارشى كۈرەشلەرنى ئېلىپ باراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەي بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ئۇچاغدا، كەيىۋەن يۇرتداشلار جەمئىيىتىدىن باشقا جاڭ زولىن قوللايدىغان لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇڭزى كۇلۇبىمۇ بار بولۇپ، بۇ كۇلۇب لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۇنى - بۇنى بېرىپ ئۆزىگە تارتىپ ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇراتتى، ئۇلارنى يەنە جاڭ زولىنغا رەھمەت ئېيتقۇزاتتى. مەسىلەن، كۇلۇب دائىم كۆپچىلىكنى تاماققا، كىنوغا تەكلىپ قىلاتتى، ئۇلارغا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى بېرىپ تۇراتتى، ترامۋاي بېلەتلىرىنى تارقىتىپ بېرەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، كەيىۋەن يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى «باھار شامىلى» ، «قانلىق ئۆركەش» قاتارلىق شاپىگرافتا بېسىلغان قەرەلسىز ژۇرناللارنى چىقىرىپ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سۆيۈش تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۇڭزى كۇلۇبىنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى بىرنەچچە ساۋاقداش شىڭ شىسەينىڭ ئۆيىگە يەنە يىغىلىشتى. شۇ كۈنى شىڭ شىسەينىڭ كەيپىياتى بەكمۇ يۇقىرى ئىدى؛ ئالدىنقى كۈنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرى يويوگىدا ھەربىي كۆرەككە قاتناشقان، ياپونىيە پادىشاھى شاۋخې كۆرەكنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەن ۋە ھەربىر ئوقۇغۇچىغا بىر بوتۇلكىدىن ۋىسكىي ھارىقى تارقىتىپ بەرگەنىدى. شىڭ شىسەي ئۇ ھاراقنى يالغۇز ئىچكۈسى كەلمەي، ساۋاقداشلار يىغىنغا كەلگەندە چىۋۇ يوفاڭغا قورۇما قورۇتۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە پاراڭلاشقاچ ئىچىپ مەززە قىلىشتى.

— بىزدە يالغۇز يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىلا بولسا بولمايدىكەن، — دېدى شىڭ شىسەي، — تېخىمۇ كۆپ ئادەم بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز، نەزىرىمىزنى تېخىمۇ يىراققا تاشلىشىمىز كېرەك، كۆز ئالدىمىزدىكىنىلا كۆرۈپ تۇغۇزى كۆلۈبىدىكىلەر بىلەنلا ئېلىشساق ئۇنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بىز گېنېرال گو سۇڭلىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ شەرقىي شىمالنى ئۆزگەرتىشىمىز، قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

— شىڭ ئاكا، سىز باشقا بىر تەشكىلات قۇرايلى دېمەكچىمۇ؟

— دەل شۇنداق، مەن ھەتتا ئۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمىنىمۇ ئويلاپ قويدۇم، شەرقىي شىمال ياشلار جەمئىيىتى. بىز ئەمدى كەيىۋەن دېگەن بۇ تار دائىرىدىن چىقىپ پۈتۈن ئۈچ ئۆلكىدىكى ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئىسلاھات ۋە شەرقىي شىمالنى قۇرۇپ چىقىشتەك ئېغىر يۈكنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك چېلىشتى ۋە شەرقىي شىمال ياشلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قەدەم كۆتۈرۈشتى.

شەرقىي شىمال ياشلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1926 ــ يىلى 3 ــ ئايدا، ياپون جاھانگىرلىكى

لياۋنىڭ گۇرۇھىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرىنىڭ داگۇ ئېغىزىنى قوغداۋاتقان دۆلەت ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىدى ھەم داگۇغا قارىتىپ توپ ئاتتى. بۇ ئىشتىن كېيىن يەنە «شىنچۇ شەرتنامىسى» غا قول قويغان سەككىز دۆلەت ئەلچىلىرى جۇڭگوغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن داگۇ پوتەي سۇپىسىنى چوۋۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، دېگەن ۋاقىتتا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

گو سۇڭلىڭنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇچۇن قاتتىق قايغۇغا پاتقان ياپونىيىدىكى شەرقىي شىماللىق ئوقۇغۇچىلار يەنە بىر قېتىم قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، توكيودىكى جۇڭخۇا ياشلار ئۇيۇشمىسىدا يىغىلىش ئۆتكۈزدى. يىغىلىشتا «ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان شەرقىي شىماللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەتكە قايتىپ جاڭ زولىن ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، ياپونغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات تۈەنى» قۇرۇش قارار قىلىندى. شۇ مەيداندىلا ۋەتەنگە قايتىشنى تەلەپ قىلىش ئىلتىماسىغا قول قويغانلار 60 تىن ئېشىپ كەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، بۇ تۈەن شەرققە ماڭىدىغان پويىز بىلەن كاندوغا يېتىپ بېرىپ، شۇ يەردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ تيەنجىنگە قاراپ ماڭدى. شېڭ شىسەي ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئىلھام بەردى ھەم قايىل بولدى، شۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە ھەربىر ئادەمگە 30 يۈەندىن پۇل ياردەم قىلدى. بۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. يېڭى قۇرۇلغان شەرقىي شىمال ياشلار جەمئىيىتىنىڭ تۆپ سانلىق تايانچلىرى دۆلەتكە قايتىپ كەتكەچكە جەمئىيەت تېزلا تارقىلىپ كەتتى.

ئەمەلىيەتتە، شېڭ شىسەينىڭ لۈەنجۇ ھەربىي ئۆزگىرىشىگە قاتناشقانلىقىنى ئۇزۇنغا بارمايلا لياۋنىڭ گۇرۇھىدىكى مىلىتارىستلار بىلىپ قالغانىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىر يەتكۈزەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما جاڭ زولىن ئۇنىڭ ھۆكۈمەت

www.uyghurkitap.com

خىراجىتى بىلەن ياپونىيىدە ئوقۇش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى. جاڭ زولىن يەنە ياپونىيە ھۆكۈمىتىدىن ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ياپونىيىدە داۋاملىق ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بەلگىلىمىسىدە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار جۇڭگونىڭ مەلۇم بىر ئۆلكىسىدىكى دائىرىلەر كېپىللىككە ئېلىپ ئوقۇشقا ئەۋەتسە، ئاندىن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدۇ، دېيىلگەنىدى، جۇڭگو پۇقراسى سالاھىيىتى بىلەن كەلسە قوبۇل قىلىنمايتتى. ئەلۋەتتە، ياپونىيە ئەزەلدىن جۇڭگوغا ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، مەلۇم بىر تەرەپنىڭ پىكرى بويىچىلا ھەرىكەت قىلمايتتى. ئەمما، شېڭ شىسەي ياپونىيىدە داۋاملىق ئوقۇيمەن دەيدىغان بولسا چوقۇم ئىككى مەسىلىنى، يەنى كېپىل بولىدىغان ئادەم ۋە خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى.

شېڭ شىسەي بۇ ئىش ئۈچۈن شۇنچىلىك جىددىيلەشتى. ئوقۇش بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى ئاساس ئىدى، شۇڭا ئۇنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنىنىڭ قورسىقىدا قالغانىدى. ياپونىيىدە ئۈچ جان (تۆتىنچى ئىنىسىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى) ئادەمنى باقماق ئاسان ئەمەس ئىدى، كەييۈەندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياردەم قىلمىسا ئەمدى بولمايتتى. ئەگەر مەكتەپتىن چېكىندۇرۇلسە ئۆيگە قايتماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

دۇنيادا ماڭغىلى بولمايدىغان يول يوق. كېيىن شېڭ شىسەي تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق سۇن چۇەنفاڭ، فېڭ يۇشياڭ ۋە جياڭ جېيېشىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئاران دېگەندە ئوقۇشنى تۈگىتىۋالدى، بولۇپمۇ ئۇ جياڭ جېيېشىنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇيال-

مىدى، دائىم كىشىلەرگە: «مېنىڭ توكيودا ئوقۇشىنى تۈگىتىۋېلىشىمغا زۇڭسەينىڭ ياردىمى ئالاھىدە يۆلەك بولدى» دەپ يۈردى.

## شاڭشياۋ دەرىجىلىك سەنمۇ

1927 ـ يىلى، شېڭ شىسەي ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرە ئىزنىكىنى تاقاپ خوتۇنى بىلەن بىللە دۆلەتكە قايتىپ كەلدى. بۇ دۆلەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. شېڭ شىسەي تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بۇ ئارمىيىگە قاتنىشىپ، ئىنقىلابىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك سەنمۇسى، قوشۇمچە مەركىزىي ھەربىي مەكتەپ قارىمىقىدىكى ئوفىتسېرلار تۈەنىنىڭ ياۋروپا ئۇرۇش تارىخى دەرسلىكىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

1928 ـ يىلى، شېڭ شىسەي باش قوماندانلىق شتاب سەنمۇ باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سەنمۇبۇ بىرىنچى نازارىتى ئۈچىنچى بۆلۈمىنىڭ، يەنى ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ سەنمۇ دەرىجىلىك بۆلۈم باشلىقى بولدى.

ئۇ سەنمۇبۇدا ئىشلەش جەريانىدا ئەستايىدىل، تىرىشچان بولدى، كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتتى. ھەر قېتىم جەڭ پىلانىنى تۈزگەندە، نازارەت بۆلۈمىگە ئۆزى كىرىپ جەڭ پىلانىغا تامغا باستۇرۇپ چىقاتتى، بەزىدە جىددىي ھۆججەتلەرنى تارقىتىشقا توغرا كەلگەندە يېرىم كېچىلەردىمۇ نازارەت بۆلۈمىگە بېرىپ ئۇلارنى ئويغىتىپ ھۆججەتكە تامغا باستۇرۇپ چىقاتتى. بۇنداق ئىشلارنى شاڭشياۋ دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئاساسەن قىلمايتتى، ئۆششاق ئىشلارنى قىلىدىغان جەنچىلەرگە قىلدۇراتتى. يېرىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېچىدە باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىدىغان ئىشنى كىممۇ قىلىشىنى خالىسۇن؟ شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇ ئىشى شۇ چاغدا نازارەت بۆلۈمىدىكىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ شۇ چاغدا تامغىغا مەسئۇل ئادەم شېڭ شىسەينىڭ شۇ يىللىرىدىكى ھۆججەتلەرگە تامغا باستۇرىدىغان ئاشۇ ئىشلىرىنى ئەسلەپ بېرەلىگەن.

شېڭ شىسەي سەنمۇبۇنىڭ بىرىنچى نازارىتىدە ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتاتتى، خىزمەت توغرۇلۇق گەپ قىلمايلا، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان، قايناق سۇ ئىچىپ، گېزىت كۆرۈپ، قىز - پوكانلارنىڭ گەپلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ئىشتىن چۈشۈپلا تانسىخانىلارغا، قەھۋەخانىلارغا يۈگۈرەيدىغان ئىشداشلىرىنى ياراتمايتتى، ئۇلارنى چاكىنا، ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغان ئادەملەر، دەپ قارايتتى.

باشقىلار ياپونىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بۇ ئادەمدىن ئازراق تەپ تارتىپ يىراقراق يۈرەتتى، ئۇنى باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، بەزگە قوشۇلمايدۇ، ھاكاۋۇر دېيىشەتتى. بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭ كەينىدىن: «ياپونىيە ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇپ كەلگىنى قانچىلىك ئىشتى؟ ھازىرغىچە ئۈچ توچكىلىق شاڭشياۋدىن ھالقىپ كېتەلمىدىغۇ؟» دېيىشەتتى. ئۇ بۇ گەپلەر قۇلىقىغا كىرىپ قالغان چاغلاردا ئاڭلىمىغانغا سالاتتى، ئەمما ئىچىدە بىئارام بولاتتى.

ئەمەلدارلىق سورۇنلىرىدا، بىرەر ئەمەلدارنىڭ ئۆيىدە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم بولغان چاغلاردا تۆۋەن دەرىجىلىكلەر بۇنى باشلىقلىرىغا خۇشامەت قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلەتتى، شېڭ شىسەيمۇ بۇنداق پۇرسەتلەرنى قولدىن بەرمەيتتى.

بىر قېتىم ئۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن نازارەت باشلىقى گېنېرال ليۇگۇاڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خىزمەتداشلىرىدىن ئۇنى تەبرىكلەپ بارىدىغان - بارمايدىغانلىقىنى

سورىغانىدى، ئۇلار باشلىرىنى چايقاپ سۇس جاۋاب بېرىشتى، بىرەيلەن ھەتتا بىر قولىدا تاماكا، بىر قولىدا قايناق سۇ قاچىسى، شېڭ شىسەينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇرادەر، گېنېرالنىڭ ئىشكىنى بىلىۋالاي دەۋاتامسىز نېمە؟ — دېدى.

شېڭ شىسەي دەررۇلا:

— ياق! ياق! ئۇ كۇنى كەمىنىڭىزنىڭ باشقا بىر ئىشى بار، ھەرقايسىڭلار بارمىغانىكەنسىلەر، مېنىڭ بېرىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق! — دەپ جاۋاب بەردى.

شېڭ شىسەي ئاغزىدا شۇنداق دەپ قويغان بىلەن كۆڭلىدە باشقىچە ئويلىغانىدى.

شۇ كۇنى، شېڭ شىسەي رەتلىك كىيىنىپ، بازاردىن گېنېرالنىڭ تۇغۇلغان كۇنىگە ئاتاپ بىرمۇنچە سوۋغىلارنى ئېلىپ خۇشال ھالدا نازارەت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئۇ مېھمانخانىغا كىرمەي تۇرۇپلا ئۆيىنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان خۇشال كۇلكە - چاقچاقلارنى ئاڭلىدى ۋە مېھمانخانىغا كىرىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بولغان، بىر ئۆزىلا يوق ئىدى. شېڭ شىسەي قولىدا سوۋغاتلار، ھەممە ئادەم ئۆزىگە قارىشىپ قالغان، ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۇشۇپ قالدى. ئۇ تېخى بىرىنچى بولۇپ بېرىپ باشلىقىمغا ياخشى كۆرۈنىمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئەمدى بىلدىكى، ئۇلار ئۇنى ئالداپتۇ. غەزەپ ۋە نومۇس ئۇنىڭ ئىچىنى قاتتىق ئۆرتىدى.

شۇ ئىش بىلەن ئۇ ئادەملەرنىڭ بەكمۇ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى چۇشىنىپ بىر مەزگىل تېڭىرقاپ يۇردى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ گېپىگە ئاسان ئىشەنمەسلىك كېرەكلىكىنى چۇشەندى. بۇ ئىش يەنە ئۇنىڭ كېيىن كىشىلەرگە، ئىشلارغا يالغانچىلىق، ساختىلىق قىلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدىغان ئىستىل-

نىڭ شەكىللىنىشىگە تۇرتكە بولۇپمۇ قالدى.
ئۇرۇش بۆلۇمىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ئۇرۇش پىلانلىرىنى تۇزۇپ، دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بىرىنچى نازا-
رەت بىلەن سەنمۇبۇنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۇچىلىرىنىڭ پايدىلى-
نىشىغا سۇنۇش ئىدى. بۇ باشقىلار ئۇچۇن كىيىم تىكىپ بېرىدى-
غان، نامى چىقمايدىغان، جاپالىق ھەم زېرىكىشلىك ئىش ئىدى،
ئالدىرىغاندا بىرنەچچە كېچە - كۇندۇز دەم ئالماي ئىشلەيتتى،
ئىش يوق چاغدا سانسىز كۇنلەر بىكار، زېرىكىپ ئۆتۇشكە توغرا
كېلەتتى. شېڭ شىسەي ئاستا - ئاستا بۇ ئىشتىن زېرىكىشكە
باشلىدى.
كۇنلەرنىڭ بىكار ئۆتۇشى ئادەمنى ئاسانلا ھۇرۇنلاشتۇرۇۋې-
قويىدۇ، شۇڭا شېڭ شىسەي بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۇردى. سىيا-
سىي جەھەتتە، ئۇ گومىنداڭغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى، ئىش-
داشلىرىنىڭ گومىنداڭنىڭ پارتىيە بەلگىسى چۇشۇرۇلگەن ئىزنە-
كىنى تاقاپ يۇرۇشكەنلىكىنى كۆرسە سوغۇقلا قاراپ قويىاتتى. ئۇ
1919 - يىلىدىن باشلاپلا ئۆزىنى ماركسىزمچى ياكى «مارك-
سىزمنىڭ ئەگەشكۇچىسى» بولۇپ بولغانمەن، دەپ ئويلايتتى،
ئەمما كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس ئىدى. كەسپىي جەھەتتە، ياپو-
نىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۇگەتكەن بولسىمۇ
تېخىچە شاڭشياۋ دەرىجىلىك بۆلۇم باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋا-
تاتتى ...
كېيىن نۇرغۇن ئويلىنىشلار ئارقىلىق چۇشەندىكى، باشقى-
لارنىڭ ئاشۇنداق ئەركىن - ئازادە گىدىيىپ ياشاشلىرى، ئۆزى-
نىڭ تىنماي ئاچچىق يۇتۇشلىرىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق ئىكەن:
بىرىنچى، ئۇ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپىنى پۇتتۇرگەن ئەمەس؛
ئىككىنچى، ئۇ جېجياڭلىق باش قوماندانىنىڭ يېقىن - يۇرۇقلى-
رىدىن ئەمەس؛ ئۇچىنچى، ئۇ شەرقىي شىماللىق. ئۇ چاغلاردا
جاڭ شۆلياڭ شەنخەيگۇەننىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ ئۆزىنى

«ياش قوماندان» دەپ يۈرگەن، تېخى ئۆز ئالدىغا، «بايراق
تىكلىمىگەن»، گومىنداڭنىڭ بايرىقى شەرقىي شىمال ئاسمىنىدا
تېخى لەپىلدىمىگەن چاغلار بولغاچقا، بۇ يەردىكىلەر شېڭ شىسەي-
نى لياۋنىڭ گۇرۇھىنىڭ ئادىمى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان؛
ئۆتىنچى، ئۇ گومىنداڭ ئەزاسى ئەمەس؛ بەشىنچى، ئۇنىڭ باش-
لىقلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تازا ياخ-
شى ئەمەس؛ ئالتىنچى... شېڭ شىسەينىڭ بېشى ئايلىنىپ خىيا-
لىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

ئۇنىڭ ھاياتى زېرىكىش، ئىككىلىنىش، تېڭىرقاش،
تىت - تىت بولۇش، تەشۋىشلىنىشلەر ئىچىدە ئۆتمەكتە. 36
ياشقىمۇ كىرىپ قالدى، ئائىلىسى، باللىرى بار، ئەمدى بۇنداق
ئۆتۈۋېرىشكە بولمايدۇ. ئۇ قولىدىن چوڭ - چوڭ ئىشلار كېلىد-
غان ئىرادىلىك ئادەم. ئۇ بۇ يەردىن كېتىشنى، ئاۋات ئەنجىڭنى
تاشلاپ ئۆز ئالدىغا بىر يول ئېچىشنىمۇ ئويلىدى.

يۇننەندىكى بىرنەچچە ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا يۇننەندە ھەربىي
تەلىم - تەربىيە مەكتىپى ئېچىپ بېقىشنى ئېيتتى. سىچۈەن
تەرەپتىمۇ تەرەققىي قىلغىلى بولاتتى، چۈنكى لېيۇ شياڭ بىلەن-
مۇ بىر ئاي بىللە بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي جاڭ
زولىننىڭ ۋەكىلى بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، لېيۇ شياڭ ئۇنىڭ شەرد-
پىگە پات - پات مېھمان چاقىرىپ تۇراتتى، سىچۈەننىڭ ھەربىي
ئەمەلدارلىرىدىن سەنمۇجاڭ ۋاڭ فاڭجەن، قوماندان ياڭ سېن،
جۇنجاڭ شيۇڭ كېۋۇلار بىلەنمۇ پات - پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى.
بىراق، ئۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرى تاز، تۆگۈلدىكىدەك ئەمەس، كونا
مىلىتارىستلارنىڭ كېنا ئۆۋسى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىكى
يىلتىزى يەكمۇ چوڭقۇر ئىدى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىسە-
مۇ ئىرخشالا تەرەققىي قىلالمايتتى.

شېڭ شىسەي كۆڭلىدىكى بۇ تۈگۈنلەر توغرۇلۇق گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى پېڭ شاۋشيەنگە پات - پات سۆزلەپ بېرەت-

تى. پېڭ شاۋشيەن ئىلگىرى شەرقىي شىمال ئوفىتسېرلار مەكتېپىنىڭ مۇئەللىمى بولغانىدى، شېڭ شىسەينىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى ۋە كۆڭلىنى چۈشىنەتتى ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى، ئىككىسىنىڭ ئويلىغانلىرى بىر يەردىن چىقاتتى ھەم پاراڭلىشالايتتى.

شېڭ شىسەي نەنجىڭدىن كېتىش قارارىغا كېلىپ بولدى، ئەمما نەگە بېرىشىنى تېخى بېكىتمىگەن ئىدى. بۇرۇن بەنچاۋغا ئوخشاش چېگرا رايونلارنى ئېچىشنى ئويلاپ باققانىدى، ھازىر يەنە شۇ خىياللارنى قىلىپ بارغانسېرى قىزىقىپ قالدى ۋە چېگرا رايونلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشلىرىگە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغاچ شۇ جايلارغا بېرىپ بىرەر ئىش قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى.

شېڭ شىسەي ھايات يولى ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. پۈتكۈل جۇڭگو ھازىر داۋالغۇش ئىچىدە، جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشى يامان ئىش ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا بىر ئادەمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بىر پۇرسەت. جۇڭگو پۇقرالىرى تولىمۇ نامرات، ئىنقىلاب قىلىشنى قانچە ئاۋازلىق توۋلىساڭ ئۇلار سېنى شۇنچە قوللايدۇ، ساڭا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئەمما ئىنقىلابقا مەبلەغ كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

1930 - يىلى ئۇ شىنجاڭغا مېڭىشتىن ئىلگىرى بىر شەرقىي شىماللىق، بىر يۇرتلۇق جۇ چۈنخۇي (كېيىن ئىسمىنى جۇ دۇڭشياۋغا ئۆزگەرتكەن، «ئون چوڭ دوكتور» نىڭ بىرى، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا ئىشلەتكەن ئىقتىدارلىق ياشلارنىڭ بىرى) بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلار گۈزەل دالىيەننىڭ دېڭىز بويى باغچىسىدا سەيلە قىلغاچ پاراڭلاشتى.

— ئىنقىلاب ئۈچۈنمۇ پۇل بولۇش كېرەك، — دېدى ئۇ، — پۇل بولغاندا ئىنقىلاب تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىڭ بولمىسىمۇ ئۇلار سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، سەندە ئىنقىلاب قىلىش

ئويى بولسىلا.

شېڭ شىسەي ئۆزىنى ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلىمەن، دەپ ھېسابلاپ، دائىم يۇرتداشلىرى ئارىسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى، كومپارتىيە ئەزاسى خې يۈجۇنى قۇتۇلدۇرۇپمۇ قالغانىدى. خې يۈجۇ دەسلەپتە ياپونلار تەرىپىدىن تۇرمىگە تاشلانغان، تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن شاڭخەيگە قاي-تىپ كېلىپ يەنە كومپارتىيىگە كىرىپ يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىنغان، شېڭ شىسەي بىر ئامال قىلىپ ئۇنى تۇرمىدىن قۇتۇل-دۇرۇپ چىققانىدى.

شېڭ شىسەي ئىنقىلاب قىلىشنى خالىغان بولسىمۇ، لېكىن كومپارتىيە تەرەپ ئۇنى ئىنزدىمىدى.

ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ‹ئەمەل› مۇ تۇتالمايدىغان ‹ئىش› مۇ قىلالمايدىغان بولماسلىقى كېرەك. ئىنقىلاب قىلىش ئۇچۇن ‹ئەمەل تۇتالايدىغان›، ‹ئەمەل تۇتالايدىغان› ئورۇنغا ئىگە بولالايدىغان بولۇشى كېرەك، بۇ ئىنقىلابنىڭ ئەقەللىي شەر-تى. دەسلەپتە سېنىڭ ‹ئەمەل تۇتۇش› دائىرەڭ ئانچە چوڭ بولماسلىقى، گېپىڭنى ئاڭلايدىغانلار ئاز بولۇشى، گېپىڭنىڭ تورى بولماي ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقىڭ، سېنى قوللايدىغانلار ئاز بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، غايەڭ بولسىلا، تىرىشىپ ئىشلىسەڭلا ئۇ دائىرىنى چوڭايتىشنىڭ پۇرسىتىگە ئىگە بولالايسەن.»

مانا بۇ شېڭ شىسەينىڭ كىشىلىك ھاياتقا بولغان يۈرەك سۆزى، كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى، ئەمەل تۇتۇش يولى.

شېڭ شىسەي دائىم «تالانتىم تۇرۇپ ئىشلىتەلمىدىم»، تەگرى ماڭا ئادىل بولمىدى، غايەم بىلەن ئىرادەمنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشۇمغا پۇرسەت بەرمىدى، دەپ ئاغرىنىپلا يۈرەتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئادەمگە ھاياتىدا نۇرغۇن پۇرسەتلەر كېلىدۇ، شۇ پۇرسەتلەر ئىچىدىكى پۇرسەتلەرنىڭ بىرەرىنى تۇتۇشنى بىل-سىڭىز ئۇ سىزنىڭ ھايات كېمىڭىزنى ئويلاپ باقمىغان بىر گۈ-

www.uyghurkitap.com

زەل قىرغاقلا ئېلىپ كېلىشى، شۇنىڭ بىلەن تەقدىرىگىز بەلگى-
لىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ھايات مۇساپىسى ئىچىدە يول تاپالماي
تېڭىرقاپ يۈرگەن شىڭ شىسەي يىراق غەربىي شىمال چېگرا
رايوننىڭ ئۆزىگە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىدىغانلىقىنى چۈشى-
نىمۇ ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەۋرنىڭ
بوران - چاپقۇنلۇق چوڭ سەھنىسىگە چىقىپ، شىنجاڭنىڭ بار-
لىق ئەسكىرىي ۋە مۇلكىي ھوقۇقلىرىنى 12 يىل ئۆز قولىدا
تۇتۇپ تۇردى. شىنجاڭ ئىنتايىن مۇھىم جاي بولغاچقا، ھەتتا
ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىمۇ ئۇنىڭغا جىددىي قارىدى.

## 2. تەڭرىتاغ ئېتىكىدە

### «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ۋە جىن شۇرېن

شىنجاڭ قەدىمكى غەربىي دىيارنىڭ بىر قىسمى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئۇنى شىمالىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭدا ئالتۇن بىلەن ئېسىل ياقۇتلار چىقىدىغان ئالتاي تاغلىرى، يېرى مۇنبەت جۇڭغار ئويمانلىقى، شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان، ئالتۇن بىلەن ئوسكار بېلىقى چىقىدىغان ئېرتىش دەرياسى بار.

جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەيۋەتلىك پامىر ئېگىزلىكى، كوئىنلۇن تېغى، نېفىت زاپىسى ئەڭ كۆپ تەكلىماكان چۆللۈكى، شەرق بىلەن غەربكە قاراپ سوزۇلغان تارىم دەرياسى بار.

بۇ بىپايان زېمىندا ئون نەچچە مىللەت ياشايدۇ، ئاساسلىق مىللەت ئۇيغۇرلار، ئۇلاردىن باشقا قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، تاتار، تاجىك، تارانچى (جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار)، ئۆزبېك، سولۇن، شىبە، رۇس ۋە خەنزۇلار بار. خەنزۇلار پۈتۈن ئاھالىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون بولۇپ، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 100 مىڭدىن

كۆپرەك ئىدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە موڭغۇللار لاما دىنىغا، شىبە، سۇلۇنلار شامان دىنىغا، رۇسلار پراۋوسلاۋىيە دىنىغا، باشقا مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى تەقۋادار مۇسۇلمانلار، ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ ئاللادىن ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك ۋە بەخت تىلىشىدۇ.

شىنجاڭنىڭ مىنگودىن كېيىنكى مەمۇرىي ئەمەلدارى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭزى ناھىيىسىدىن بولغان ياڭ زېڭشىن.

ياڭ زېڭشىن (1867 — 1928) گەنسۇ ئۆلكىسىدە كۆپ يىل ئەمەلدار بولدى، كېيىن يەنە شىنجاڭدا تۇتۇق بولدى، كۆپ يىللىق ئەمەلدارلىق تەجرىبىسى ۋە ھوقۇقىغا تايىنىپ ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قاماپ، ئىچكىرىگە پالاپ، ئاخىر ئۆلكە باشلىقلىق ۋە گېنېراللىق ئورۇنغا چىقتى. ئۇ يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى باستۇردى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى، كوبۇدىنىڭ ئالتايدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىنى بېسىقتۇردى، مەغلۇپ بولغان ئاقلارنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ بېرىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىنى توسۇدى، روسىيىدىن قېچىپ كەلگەن 300 مىڭ مۇساپىرنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەم يەنە ئۇلارنى ساق ـ سالامەت چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ دۆلىتىگە يولغا سېلىپ



ياڭ زېڭشىن (1867ـ1928) شۇ دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ تۇنجى ھۆكۈمرانى ھەم ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا ئەڭ ئۇزۇن ئولتۇرغان شىنجاڭنىڭ ھەربىي، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى

قويدى. ئۇنىڭ 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلە-
دىغان، 16 جېجياڭغا تەڭ مۇشۇنداق بىر چوڭ ئۆلكىنى ھەممە
جەھەتتىن باشقۇرۇپ كېتەلىگەنلىكىنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش ئىدى.
ياڭ زېڭشىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارىتا «بۇتخانىنى تو-
نۇش، بۇتنى تونۇماسلىق» تەك بىر يۈرۈش چارىلەرنى قوللاندى.
ئۇ شۇنداق دەيدۇ:
«بېيجىڭ بۇتخانىغا ئوخشايدۇ، مەن ئاشۇ بۇتخانىنى تونۇي-
مەن، بۇتخانىنىڭ ئىچىدىكى بۇتلار مەيلى قانداق ئەمەلدىكى بۇتلار
بولسۇن، ئۇلارغا شياڭ كۆيدۈرمەن، باش قويمەن.»
1915 ـ يىلى، يۈەن شىكەي بۇيۇك زۇڭتۇڭ بولۇپ، ئارقى-
دىن پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇرماقچى بولۇۋاتقاندا، ياڭ زېڭ-
شىن دەرھال ئۇنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، تېلېگراممىا يوللاپ
ئۇنىڭ تېزراق تەختكە ئولتۇرۇشىنى تىلىدى.
1927 ـ يىلى، جياڭ جيېشى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىنىڭ
غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ نەنجىڭنى پايتەخت قىلدى،
ئىككىنچى يىلى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە
مەركىزىي سىياسىي بيۇرونىڭ رەئىسى بولدى. شۇ يىلى 6 ـ
ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىن «بۇتخانىنى تونۇش، بۇتنى
تونۇماسلىق» پرىنسىپى بويىچە جياڭ جيېشىنى قوللاپ تېلېگرام-
ما يوللىدى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغانلىقىنى، ئۈچ
مەسىلەكنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم گومىنداڭنىڭ
بايرىقىنى ئاستى.
ئۇ قوشنا دۆلەتتە يۈز بەرگەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كې-
يىنكى يېڭى، كونا ئىككى پارتىيىنىڭ كۈرىشىگە قارىتا ئوتتۇرا
يول تۇتتى ھەم قول ئاستىدىكىلەرنى شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇر-
دى: «دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭىسى كونىسىنى
يېڭىدۇ. كونا پارتىيە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرالمىغاندا يېڭى پار-
تىيە جەزمەن ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئۇلار ئۇرۇشسا ئۇرۇشى-

ۋەرسۇن، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىغا پۇختا بولساڭلارلا بولىدى، ئۇلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن!»

ئۇ ئىشى يوق بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىكى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە بىردىنبىر ئۈچ قەۋەتلىك كىچىك بىنانىڭ بالكونىدا تۇرۇپ ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان موللاقچى كەپتەرلەرنىڭ ئويۇنىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ھوزۇر ئالاتتى. شىمال تەرەپتىكى «بىر توپ بىلەن غەلىبە قىلىش پوتىيى»گە، غەرب تەرەپتىكى قىزىل تاغقا، يامالىق تېغىغا، ئۈرۈمچى دەرياسىغا، جەنۇب تەرەپتىكى قىزغىن بازارغا، ياڭخاڭ مەھەللىسىگە قاراپ خىلمۇخىل خىياللاردا بولاتتى. ئۇ شىڭشىڭشيانىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ شىنجاڭغا 17 يىل ھۆكۈمران بولدى. ئۇنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلاپ قويغان «سورىما ئىچكىرىنىڭ ئىشلىرىدىن بىر نېمە، تۇت ئاۋامنى چىڭ، بىلمىسۇن ئۇ ھېچنېمە» دېگەن ئىككى مىسرا بېيىتى ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەممە دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، خەلقنى مەڭگۈ نادان ھالەتتە تۇتۇش مەقسىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدا ئۇ تەختىدە خاتىرجەم ئولتۇرالايتتى.

ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادانلىقتا تۇتىدىغان سىياسىتى ئۆلكە ئىچىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ شىنجاڭ جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدى.

1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۆلكە رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندان ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي قانۇن تېخنىكومىنىڭ 1 ـ قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىمغا قاتناشقان مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلار بىرقانچە ئونغا يەتكەنىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىمۇ ئايالى بىـ

لەن بىللە قاتناشقانىدى.

ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، تاشقى ئىشلار مىنىس-
تىرلىقىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارماق مەھكىمىسىنىڭ سىجاڭى
فەن ياۋنەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

فەن ياۋنەن خۇبېيلىك ئادەم ئىدى، ياپونىيىدە ۋاسېدا ئۇنى-
ۋېرسىتېتىدا قانۇن ئوقۇغانىدى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كې-
يىن، مەنچىڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى شۈەنتۇڭ يىلى ۋە مىنگو
ۋاقتىدىكى لى يۈەنخۇڭ زۇڭتۇڭ بولغان يىللاردا ئىككى قېتىم
شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىن-
جاڭ رۇسچە سىياسىي قانۇن تېخنىكومىنىڭ مۇئەللىمى، يەر-
لىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە
بولغانىدى.

فەن ياۋنەن يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيىسىدىكى ئادەم ئىدى،
ياڭ زېڭشىنىڭ مۇتەئەسسىپ ئىدىيىسى بىلەن زادىلا كېلىشەل-
مەيتتى، شۇڭا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئىرادە قىلغان بىر
تۈركۈم ئىسلاھاتچىلار بىلەن تونۇشقانىدى. ئۇلار بىلەن دائىم
تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى مەخپىي ئۆيگە
يىغىلىپ ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنىڭ پىلانلى-
رىنى تۈزەتتى.

ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىكى قورۇسى
ئۈچ قەۋەت قاراۋۇللار بىلەن قوغدىلاتتى. ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆزى-
مۇ سىرتقا كۆپ چىقماي ئىچكىرىدىكى خانىسىدا بولاتتى، شۇڭا
ئۇنىڭغا قول سالماق قىيىن ئىدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا
ياڭ زېڭشىن ئۆلكە رەئىسلىك سالاھىيەت بىلەن قاتنىشىدىغان
بولغاچقا، فەن ياۋنەن بۇنى ھەرىكەتنى باشلاشنىڭ ياخشى پۇرسى-
تى، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك، دەپ ئويلىدى.

فەن ياۋنەن ئۆز گۇرۇھىدىكىلەر، يۇرتداشلىرى، رۇسچە

سىياسىي قانۇن تېخنىكومىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۇنيەن، مۇئەللىمى جاڭ شىن، سىمسىز تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لۈي باۋرۇلار بىلەن مەخپىي سۆزلىشىپ، مۇراسىم تۈگەپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدىغان چاغدا بىرىنى بۇيرۇپ ياڭ زېڭشىننى ئېتىۋېتىشنى قارار قىلىدى. بۇ مەخپىيەتلىك ناھايىتى ياخشى ساقلاندى.

— ناۋادا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئىشلارنى ئىنچىكە ئويلايدىغان فەن ياۋنەن جاڭ چۇنيەندىن، — ئۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ كاللىسى كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشتا چوقۇم غەلىبە قازىنىشىمىز كېرەك، مەغلۇپ بولۇشقا بولمايدۇ. ناۋادا مەغلۇپ بولساق ئىككىنچى لايىھە بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن، كۆپچىلىك بىرىنچى لايىھە ئەمەلگە ئاشمىسا، زىياپەتتە فەن ياۋنەن ھاراق تۇتقاندا شۇنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى، ياڭ زېڭشىننى چوقۇم ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى.

پىلان بېكىتىلدى، ئەمما ئاتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. بۇ ئادەم چوقۇم يۈرەكلىك بولۇشى، تارتىنىدىغان ئادىمى بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

— مەن بىرىنى تونۇيمەن، ئىسمى لىۋ جىنچېن، لىۋ لېيەنكېنىڭ ئات باقارى، ئۇ ئادەم چوقۇم ئۇنايدۇ، — دېدى لۈي باۋرۇ.

لىۋ لېيەنكې شەندۇڭ دېڭجولۇق ئادەم بولۇپ، دېلو سادىر قىلىپ قويۇپ روسىيىگە قېچىپ كېتىپ ئاقلارنىڭ ئاتامانى ئانېنكوفقا بېقىنغان، شۇنىڭ قولىدا بىر تۆەنجاڭ بولغانىدى. ياڭ زېڭشىن ئانېنكوف چېگرادىن قېچىپ كىرگەندە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن لىۋ لېيەنكېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. لىۋ جىنچېننىڭ فامىلىسى ئەسلىدە لىۋ ئەمەس ئىدى، لىۋ لېيەنكېنى

ئاتاق ئاتا تۇتقاندىن كېيىن فامىلىسىنى ئۆزگەرتكەن، لىۇ لىەن-
كېنى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئاتىسى-
نىڭ قىساسىنى ئېلىشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ
ناھايىتى مەرگەن ئىدى، ماقۇل بولسىلا بۇ ئىش جايىدا بولغان
بولاتتى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ھاۋا ئوچۇق ھەم بەكمۇ ئىسسىق
ئىدى، ئون نەچچە نەپەر قوراللىق ئادەم تاپانچىلىرىنى چاپانلىرى-
نىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردەك كىيىنىپ ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇلار ئەتراپنى كۆزىتىپ
ئولتۇراتتى، قاچانلا بولسۇن ھەرىكەتنى باشلاشقا تەييار ئىدى.

لىۇ جىنچېن خىزمەتكارچە ياسىنىپ، مېھمانلارغا چاي،
تاماكا تۇتقاچ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇستىگە ئۇزۇن چاپان كىيىۋالغان، چاچ - ساقاللىرى
ئاقارغان ياڭ زېڭشىن يېتىپ كەلگەندە ئىككى قاتار بولۇپ تىزى-
لىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئۇنى قىزغىن چاۋاكلار بىلەن قارشى
ئالدى، ئون نەچچە مۇھاپىزەتچىسى ماۋزۇرلىرىنى يالىڭاچلاپ
ئەتراپنى قاتتىق كۆزىتىپ تۇراتتى.

ياڭ زېڭشىن مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق
سۆزلەپ بولغاندا چۈش بولۇپ قالدى. مۇراسىمنىڭ كۈنتەرتىپى
بويىچە، بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار كەلگەن مېھمانلار
بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشەتتى، قول سالىدىغان چاغمۇ
دەل مۇشۇ چاغ ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن لۇيجاڭ دۇ فارۇڭ
يىغىن تەرتىپىنىڭ باشقىچە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەرخىل ئادەملەر-
نىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى، كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ مەيداندىلا جاڭ چۈنيەنگە:

— جاڭ ئىلمىي مۇدىر، بۈگۈن بۇ مۇراسىمغا گېنېرال ياڭ
زېڭشىن كېلىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى بىلەن ئايالىمۇ
بار، شۇڭا تەرتىپ ياخشى بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق

بولمايۋاتىدۇ. ئوتتۇرىدا مىڭىپ يۈرۈۋاتقان ئادەملەر كۆپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋۇن. ئۇلارغا ئېيتىڭ، ھەممىسى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشسۇن، — دەپ قالدى.

جاڭ چۈنيەن ئامالسىز قېلىپ، ھەرىكەت باشلاشقا تەييار تۇرغان ئادەملىرىنى ۋارقىراپ يۈرۈپ بىر چەتكە چىقىرىۋەتتى.

سۈرەتكە چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، سىياسىي ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن ئەپيۈن خۇمارى تۇتۇپ كەتسە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سەتلىشىپ قالماي دەپ ئويلاپ، بىر تەرەپ قىلىدىغان نۇرغۇن خەت - ئالاقىلەر بار ئىدى، شۇلارنى بىر تەرەپ قىلمىسام بولمايدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ كېتىپ قېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىنلارنى زىياپەت تەييارلانغان بىر سىنىپقا باشلاپ كىردى. ئۈستەللەرگە ھەرخىل يېمەكلىكلەر، ھاراق - شارابلار تىزىۋېتىلگەنىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئۆيلەردە ئايرىم راسلانغان تائاملار بىلەن مېھمان قىلىندى.

جاڭ چۈنيەن ھەرىكەتكە ئوڭۇشلۇق بولسۇن ئۈچۈن، ھاۋا ئىسسىق، قورال - ياراغلىرىڭلارنى بوينۇڭلاردىن ئېلىۋېتىپ ئازادە ئولتۇرۇڭلار، دېۋىدى، ئادەتتە قورسىقى تۇزۇك تويمايدىغان ئۇ مۇھاپىزەتچىلەر ئالمان - تالمان قورالىرىنى تامنىڭ تۈۋىگە تىزىپ قويۇپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ تاماق يېيىشكە، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىشكە باشلىدى.

سىنىپ ئىچىدىكى زىياپەت ئۈستىلىدە ياڭ زېڭشىن، كونسۇل ئەر - خوتۇن، كەسپىي ئىشلار نازىرى يەن يۈشەنلەر بىللە ئولتۇرۇشقانىدى، فەن ياۋنەن ئۇلارنى كۈتۈۋاتاتتى. رومكا ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن، چۈشتىن كېيىن ھەربىي مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى ئىدىم، تاماقنى بالدۇرراق چىقىرىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى. لېكىن، تاماق يەنىلا ۋاقتىدا

چىقمىدى، ياڭ زىڭشىنمۇ، تاماقنى سۆيلەۋەرسەم رەئىسلىك سالا-
پىتىمگە تەسىر يەتمىسۇن، دەپ ئويلاپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. بىر چاغدا جاڭ چۈنيەن قولىدىكى رومكىنى ئۈستەلگە «پاق» قىلىپ قاتتىق قويۇۋىدى، ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتى ۋە گېنېرال ئولتۇرسا نېمىشقا بۇنداق قىلىقسىزلىق قىلىدىغاندۇ، دەپ ئوي- لاشتى. دەل شۇ چاغدا فەن ياۋنەن جاڭ چۈنيەندىن:

— تاماق تەييار بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەممە ئىش تەق! — دەپ جاۋاب بەردى جاڭ چۈنيەن.

شۇنىڭ بىلەن، فەن ياۋنەن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىغا هاراق تۇتتى، بۇ ھەربىكەت باشلاشنىڭ بەلگىسى ئىدى. مۇشۇ بەلگىنى ساقلاپ تۇرغان ليۇ جىنچېن بىرسەكرەپلا ئالدىغا ئۆتۈپ يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ ياڭ زىڭشىننىڭ ئەجەللىك يېرىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ياڭ زىڭشىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، غەزەپ بىلەن: «نېمە قىلىۋاتىسەن!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىغان- دى، ليۇ جىن-چېن ئۇنى ئۆلمەي قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ يەنە ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى، ياڭ زىڭشىن شۇندىلا يەرگە يىقىلدى. جان ئۈزىدىغان چاغدا يەن يۈشەنگە لەپپىدە قاراپ قويدى، بۇ قاراشتا دەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئازاب ۋە چەكسىز پۇشايمان بار ئىدى.

ئۇ نېمىگە پۇشايمان قىلىدۇ؟ فەن ياۋنەننى بالدۇرراق ئۆل- تۈرۈۋەتمىگەنلىكىگىمۇ؟ ياكى بارلىق ئەمەللىرىدىن ۋاز كېچىپ بالدۇرراق يۇرتىغا كەتمىگەنلىكىگىمۇ؟ ھېچقايسىسىنى بىلىپ بولمايتتى.

ئەسلىدە، يەن يۈشەن فەن ياۋنەننىڭ كۆرۈنۈشتە ياڭ زىڭ- شىنغا بەكمۇ ئىتائەت قىلغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىلەن زادىلا كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ياڭ زىڭشىنغا فەن ياۋنەننى يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتسە بەزى ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئال- غىلى بولىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن ئېيتقاندا ياڭ زىڭشىن ئۇنىمى-

غان، فەن ياۋەننىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرغانىدى. ياڭ زېڭشىنمۇ فەن ياۋەننىڭ ئۆزىگە بويسۇنغاندەك قىلغان بىلەن ھامىنى بىر كۈنى قەست قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا باشقىلارغا: «مەن بىر يولۋاسنى بېقىۋاتىمەن!» دېگەنىدى. ئەمما، ياڭ زېڭشىن يەنە ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنەتتى، ئۆزىنىڭ قابىللىقى بىلەن فەن ياۋەننى ھېچنېمە قىلدۇرمايمەن، دەپمۇ ئويلايتتى، ئۆزىنى رۇ لەيفوغا، فەن ياۋەننى سۇن ۋۇكۇڭغا ئوخشىتىپ، كىشىلەرگە: «ئۇ سۇن ۋۇكۇڭ ھەرقانچە ئۇستاتلىق قىلسىمۇ مېنىڭ چاڭگىلىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دەپ ئۆزىگە بەكمۇ تەمەننا قوياتتى. ئويلىمىغان يەردىن بۈگۈن فەن ياۋەننىڭ ئوقىدا ئۆلۈپ، ئۆز ۋاقتىدا نېمىشقا يەن يۇشەننىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

بىردىنلا زىياپەت زالى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، سوۋېت كونسۇلى خوتۇنىنى باشلاپ دەرھال ئۇ يەردىن چىقىپ ھاجەتخانىغا كىرىۋالدى ۋە ھاجەتخانىنىڭ سېسىقچىلىقىغىمۇ قارىماي ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم ئېتىۋالدى. دۇ لۇيجاڭ ھەربىي ئادەم بولغاچقا، شۇئان قورالىنى چىقاردى، لېكىن ئوق چىقىرىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۆزىگە باستۇرۇپ كىرگەن بىر توپ قوراللىقلارنىڭ ئوقىدا ئۆلدى. يەن يۇشەننىڭ قورال ئالغان قولىغا ئوق تەگكەنىدى، شۇئان ياڭ زېڭشىننىڭ سول يېنىغا يىقىلىپ يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىپ بۇ قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

تاشقىرىقى ھويلىدا بولۇشىچە يەپ - ئىچىپ ئولتۇرغان مۇھاپىزەتچىلەر ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خەقلەر پوجاڭزا ئېتىپ مۇراسىمنى تەبرىكلەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاشتى. كېيىن مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنجاڭى گاۋ لىيەنشېڭ بىلەن مۇھاپىزەتچىسى جاڭ زېۋېن يۈگۈرۈپ زىياپەت بولۇۋاتقان ئۆيگە كىرىپ ياڭ زېڭشىننىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنى

قۇتۇلدۇرماقچى بولىۋىدى، ئۇلارمۇ شۇئان ئوق يەپ يەرگە يىقىل-
دى.

ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىمۇ ھەقلىق، چۈنكى ئۇمۇ بىر
چاغدا زىياپەت مەيدانىدا ئادەم ئۆلتۈرگەن ئەمەسمۇ؟!

ئۇ 1915 ـ يىلىدىكى ئىش. يۈەن شىكەي خانلىق ئېلان
قىلغاندا، يۈننەندىكى سەي ئې بىلەن تاڭ جىياۋ قاتارلىقلار ۋەتەن-
نى قوغداش ئۇرۇشىنى قوزغاپ يۈەن شىكەيگە قارشى جازا يۈرۈ-
شى قىلدى. شۇ چاغدا يۈننەن دائىرىلىرى ما فامىلىلىك بىرىنى
يۇرتدىشى ياڭ زېڭشىنغا خىزمەت ئىشلەشكە شىنجاڭغا ئەۋەتكەند-
دى. ياڭ زېڭشىن «بۇتخانىنى تونۇش، بۇتنى تونۇماسلىق» پرىند-
سىپى بويىچە ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە پىسەنت قىلمىغان، ئەمما
ئىچىدە ھوشيار تۇرغاندى.

ياڭ زېڭشىن دەسلەپتە ھاكىمىيەت تۇتقاندا ئۆزىنىڭ يېقىنلىد-
رىنى ئىشقا قويغانىدى، شۇڭا قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ كۆپى يۈند-
نەنلىك ئىدى. شىنجاڭدىكى يۈننەنلىك يۇرتداشلار گېنېرال سەي
ئېنىڭ بىرىنچى بولۇپ يۈەن شىكەيگە قارشى قوزغالغانلىقىنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ يوشۇرۇن قوللاشقا باشلىغانىدى،
ئۇلارنىڭ ياڭ زېڭشىنغا قەست قىلىش ئويى يوق ئىدى. ئەمما،
گۇمانخور ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتا
تەھدىت دەپ ئويلىدى.

بىر كۈنى ئۇ يۇرتداشلىرى، يېقىنلىرى بىلەن چوڭ بىر
زالدا ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن
ئېلىپ تاشلانغان شيې فامىلىلىك بىر ئەمەلدارى تۇيۇقسىز يۈگۈ-
رۈپ كىرىپ بەزى ئادەملەرنىڭ سەي گېنېرالغا ماسلىشىپ ئىش
تېرىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىمىسە بولمايدى-
غانلىقىنى دېدى. ئۇ ئەسلىدە مۇشۇ ئىش ئارقىلىق خىزمەت
كۆرسىتىپ ئەمىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالماقچى ئىدى، كىم بىل-
سۇن، ياڭ زېڭشىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ئۇس-

تەلگە بىرنى ئۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— سەن نەدىكى يوق گەپلەرنى قىلىپ ئارمىيەنىڭ كۆڭلىنى بۆلمەكچى بولدۇڭ. تەپتارتماي باشقىلارغا تۆھمەت قىلىۋاتقىنىڭنى قارا. كېلىڭلار، بۇنى ئاچىقىپ ئېتىپ تاشلاڭلار.

مۇھاپىزەتچىلەر تېخى ئۆزىگە كېلەلمىگەن شيې فامىلىلىك ئۇ ئادەمنى بىر بۇيرۇق بىلەن زالنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ ئېتىپ تاشلىدى.

مەخپىيەتلىكنى يەتكۈزگۈچىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن يىغىندا ئولتۇرغان يۇرتداشلىرىغا شۇنداق دېدى:

— شيې فامىلىلىك ئۇ بىر نېمە نېمىدېگەن چاكىنا ئادەم، بىز ئاكا - ئىنىلەرنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سالماقچى بولغانىدى، ئۇنى قانۇننىڭ جازاسىغا تاپشۇردۇم، ئۆلگىنى خوپ بولدى. ھەرقايسىڭلارنىڭ خاتىرجەم ئىشلىشىڭلارنى، ئۇنداق قۇرۇق سۆزلەرگە ئىشەنمەسلىكىڭلارنى سورايمەن. پېقىر ھەرقايسىڭلارغا داۋاملىق ئىلگىرىكىدەك مۇئامىلە قىلىمەن، ھەرگىز گۇمان قىلمايمەن، ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ بىرلىكتە قىيىنچىلىقلارنى يېڭەيلى. شىنجاڭنىڭ ئىچى - تېشىدا يامان ئىشلار ئەۋج ئېلىپ قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا ھەرگىز ھودۇقمايلى، ئۇنداق يامانلىقلارغا پۇرسەت بەرمەيلى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار باشلىرىنى توختىماي لىڭشىتىشتى، سىرىمىز ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ، ئەمدى بېشىمىز كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانلارمۇ خاتىرجەم بولۇشتى.

ئەمەلىيەتتە، ياڭ زېڭشىن شيې فامىلىلىك ئادەم دېگەن ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەتتى ھەم ئۇنىڭغا قارىتا تەييارلىقمۇ قىلىپ قويغانىدى، پەقەت ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ئىشنى ئاشكارىلىغان ۋاقتىلا توغرا بولمىغان، چوڭ ئىشنى بۇزۇپ قويغىلى تاس قالغانىدى. ياڭ زېڭشىن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش بىلەن كۆپچىلىكنىڭ گۇمان - ئەندىشىلىرىنى يوق



www.uyghurkitap.com

قىلىۋەتتى.
شۇ يىلى، كونا يىلنىڭ 14 - كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىقى
لىيۇ جاڭلياڭنى شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە
ئەۋەتكەن، ياڭ زېڭشىن يۈەنشياۋ بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى
كۈتۈۋالغان ۋە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۆزىنىڭ يۈننەنلىك
يۇرتدىشى خەن جېنىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى،
ھېچكىم بۇ زىياپەتتە يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشى يۈز بېرىدۇ
دەپ ئويلىمايتتى.
ئاسماندا تولۇن ئاي چىرايلىق پارلاپ تۇراتتى، ئەتراپقا ھەر-
خىل پانۇسلار ئېسىلىپ كەتكەنىدى. تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار
زىياپەت زالىغا كىرىپ ئۇستەللەردىن ئورۇن ئېلىشتى. ياڭ
زېڭشىن تۆردە، قالغانلار ئىككى تەرەپتە تەرتىپ بىلەن ئولتۇ-
رۇشتى. بىر - بىرىگە ھاراق تۇتۇشتى، كەيپىيات ناھايىتى
قىزغىن ئىدى. ئۇشتۇمتۇت، ياڭ زېڭشىن ئورنىدىن تۇرۇپ
زالدىن چىقىپ كەتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا دىققەت قىلمى-
دى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە قايتىپ كىردى، كەينىدە بىر مۇھاپى-
زەتچى بار ئىدى، مۇھاپىزەتچىنىڭ قولىدا يوغان بىر قىلىچ،
كەينىگە تۇتۇۋالغانىدى. ياڭ زېڭشىن گېنېرال مەھكىمىسىنىڭ
فۇگۇەنى شىيا دىڭنىڭ كەينىگە كېلىپ توختاپ، قولى بىلەن
ئۇنىڭ بېشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يۈننەن تەلەپپۇزى بويىچە:
«شىيا دىڭنىڭ كاللىسىنى ئال!» دەپ توۋلىدى.
مۇھاپىزەتچى بۇيرۇقنى ئاڭلاپلا قىلىچنى بىرلا چېپىۋىدى،
تېخى يېڭىلا ھاراق، تائامدىن تويغىچە يېگەن شىيا دىڭنىڭ كاللى-
سى تېنىدىن جۇدا بولدى، ئىسسىق قېنى يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ
كىيىملىرىگە چاچرىدى. بۇنداق قانلىق كۆرۈنۈشنى كىم كۆر-
گەن؟ زىياپەتتە ئولتۇرغانلارنىڭ جان - پېنى چىقىپ غال - غال
تىترەشتى، چىرايلىرىدا قان قالمىدى. ياڭ زېڭشىن بولسا خۇد-
دى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ناھايىتى تەمكىن ھالدا:
«بۇ ئىشنىڭ كۆپچىلىك بىلەن ئالاقىسى يوق، ھارىقىڭلارنى ئى-

چىۋىرىنلار!» دەپ قويۇپ، ئادەملىرىگە جەسەتنى ئاچىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن ئورنىغا بېرىپ ئىلگىرىكىدەكلا كۆلكە ـ چاقچاقلارنى قىلىپ ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ قېتىممۇ بىر ئەسكەرنى باشلاپ كېرىپ، ئۇدۇل توپچىلار يېڭىنىڭ يېڭىجاڭى لى يىننىڭ كەينىگە كېلىپ: «لى يىننىڭ كاللىسىنى ئال!» دەپ توۋلىدى.

لى يىن شېرىكى شىيا دىڭنىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپلا سەگەكلەشكەن، لېكىن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە ئامال بولمىغانىدى. ياڭ زېڭشىن شۇنداق دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھامان ئىختىيارسىز ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىۋالغانىدى، قىلىچ بىر بىلىكىنى كېسىپ تاشلىدى. لى يىن ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋارقىرىغىنىچە قاچتى، ئۇ ئەسكەر كەينىدىن قالماي قوغلىدى. ئىچكىرىدىكى زالغا كىرىدىغان تار يەرگە كەلگەندە شۇ يەردە تۇرغان ئىككى ئەسكەر ئۇنى توسۇۋالدى. قان كۆپ ئېقىپ كېتىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن لى يىن شۇ يەردىلا يىقىلدى، قىلىچ تۇتقان ئەسكەر يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭمۇ جېنىنى ئالدى.

كۆپچىلىك ياڭ زېڭشىننىڭ يەنىشياۋ بايرىمى كۈنى، يەنە كېلىپ مەركەز ئەۋەتكەن مۇھىم ئادەمنىڭ، بىرقانچە يۇرتدىشىنىڭ، يېقىنلىرىنىڭ كۆزىچە ئۇ ئىككىيلەننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇچىغا چىققان بۇ ۋەھشىيلىكتىن قاتتىق لەرزىگە كەلدى، ھەممە ئادەمنى قورقۇنچ باستى. ياڭ زېڭشىن يەنە مەركەزدىن نەسىھەتكە ئەۋەتكەن ما فامىلىلىكنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇ ئىشقا قاتناشقان باشقا يۇرتداشلىرىنى يول كىراسى بېرىپ يۇرتلىرىغا يولغا سېلىپ قويدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ يۈننەنلىكلەرنى زادىلا ئىشلەتمىدى، يۈننەنلىكلەرمۇ ئۇنى ئىزدەپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشقا كېيىن كۆپ پۇشايمان قىلىپ، بەك ئاشۇرۇۋېتىپتىمەن دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى. ھەر يىلى مۇشۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە ئىشىك ـ تۈڭلۈكنى تاقاپ ئۆزى



گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىن-
جاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئى-
سى بولغان جىن شۇرېن
(1880 — 1941)

يالغۇز ئولتۇرۇپ شۇ ئىشى ئۈچۈن تۇۋا
قىلىدىغان بولدى.
ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، فەن
ياۋنەن ياڭ زېڭشىننىڭ ئوق يەپ يىقىلغان-
لىقىنى كۆرۈپمۇ، ئۆلمەي قالمىسۇن، دې-
گەن ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭغا قارىتىپ يەنە
بىر نەچچە پاي ئوق ئاتتى، ئاندىن ياڭ
زېڭشىننىڭ ئىشتانبېغىنى يېشىپ بىر باغ-
لام ئاچقۇچنى ئالدى - دە، ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتكە بېرىپ ھۆكۈمەت تامغىسىنى قو-
لىغا ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرىكەتنى
تاماملاش ئۈچۈن ئون نەچچە ئادىمىنى باش-
لاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراپ ماڭدى.
ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يېتىپ كەلدى.
بىر ئەسكەر مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ توسۇۋالدى، فەن ياۋنەن ئۇنى
ئېتىپ تاشلاپ ئۇدۇل ئۈچىنچى ھويلىغا كىرىپ ياڭ زېڭشىننىڭ
ئۇستىلىدە ئولتۇردى. بىر تەرەپتىن تامغا بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ھۆججەتلەرنى ھەم قورال ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى
نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا ئالاقە ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتكە يىغىنغا چاقىرماقچى بولدى. ئۇنىڭ قوللىرى
تىترەپ قەلەمنى زادىلا تۇتالماي، يېنىدىكىلەرنى يېزىشقا
بۇيرۇدى.
سىياسىي ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن زىياپەتتىن بالدۇر
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بەرگەن-
لىكىدىن شۇ چاغدىلا خەۋەر تاپقاندى، شۇ تۇرقىدا ئۇنى يىغىنغا
چاقىرغان ئالاقىمۇ يېتىپ كېلىپ ئىككىلىنىپ تۇراتتى. ھەربىي
ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بىر يۇرتلۇقى جاڭ پېييۈەن ئۇنىڭغا
يىغىنغا بارماسلىقنى، ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-

مەتنى قورشاپ ئىسيانچىلارنى تىرىك تۇتۇشنى ئېيتتى. بۇ چاغدا دۇ لۇيجاڭنىڭ ئوغلى دۇ گوجىمۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئەسكەر باشلاپ كەلگەنىدى. جىن شۇرېن، جاڭ پېييۈەن ۋە ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىدىن فېڭ لياڭ، لى خېيرۇ قاتارلىقلارنىڭ پىلانلىشى بىلەن قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ دەرھال ئۆلكىلىك ھۆكۇمەتنى قورشاپ ئۇچىنچى قورۇغا باستۇرۇپ كىردى.

فەن ياۋنەن دەسلەپتە كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن ئاخىردا كۈچى ئاجىز كېلىپ قېلىپ ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قولغا ئېلىنغانلار 20 نەچچە ئادەم ئىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە جىن شۇرېن يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، فەن ياۋنەننىڭ شېرىكلىرىدىن جاڭ چۈنيەن، لۇي باۋرۇ، ليۇ جىنچېن قاتارلىقلارنىمۇ قولغا ئالدى. ئۇلار ئىنتايىن ئېچىنىشلىق جازا بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

تۆت سائەتلا داۋاملاشقان سىياسىي ئۆزگىرىش مانا مۇشۇنداق ئاخىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى. جىن شۇرېن توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخىدا ئىككىنچى ھۆكۇمران بولۇپ قالدى.

جىن شۇرېن (1880 — 1941) گەنسۇ داۋخېلىق (خېجۇ، كېيىن لىنشياغا ئۆزگەرگەن) ئادەم. گۇاڭشۇينىڭ 22 ـ يىلى (1896) ياڭ زېڭشىن خېجۇغا ھاكىم بولغاندا مىرزىلار مەكتىپى ئاچقان ۋە ئۆزى دەرس ئۆتۈپ ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرگەنىدى، جىن شۇرېن شۇ مىرزىلارنىڭ بىرى ئىدى. گۇاڭشۇينىڭ 27 ـ يىلىنىڭ (1901) ئاخىرىدا ياڭ زېڭشىن ۋالىيلىققا كۆتۈرۈلۈپ، لەنجۇ ئالىي مەدرىسكە مەسئۇل بولدى.

1909 ـ يىلى، ياڭ زېڭشىن جۇيرېنلىك ئىمتىھانىدىن ئۆتتى، ئۈچ يىلدىن كېيىن شىنجاڭغا تۇتۇق بەگ بولۇپ شىنجاڭ-

نىڭ ھەربىي، سىياسىي ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭغا ئەمدى قابىلىيەتلىك ئادەملەر كېرەك ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىن شۇرېننى چاقىرتىپ كەلدى. جىن شۇرېننىڭ قەلىمى ياخشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىتائەتمەن بولغاچقا ياڭ زېڭشىننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاقسۇ، قەشقەر كونا شەھەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ھاكىم بولۇپ تۇردى، 1926 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىياسىي ئىشلار نازارىتىگە يۆتكەپ كېلىندى.

جىن شۇرېن تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقە بىلەن سىياسىي سەھنىگە چىقىپ قالدى. لېكىن، ئۇ بىلىم، قابىلىيەت، پەزىلەت جەھەتلەردە يېتەرلىك ئەمەس بولۇپ، ئۇنداق مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالالمايتتى. ئۇ چىرايى سېرىق، ئىككى قوۋزى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، كۆزلىرىدە نۇر يوق، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، 48 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ بىر قاراشتا 60 تىن ئاشقان قېرى ئادەمدەك كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىدى، يىل بويى بېشىدىكى قارا پوسمىسىنى ئالمايدىغان بولغاچقا، قۇلاقلىرى بېسىلىپ ياپىلاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى كىشىگە ئەتىدىن كەچكىچە كارىۋاتتىن قوپماي ئەپيۇن چېكىپ ياتىدىغان ئەپيۇنكەشنى ئەسلىتەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ خۇمارى ئېغىر ئەپيۇنكەش ئىدى، كۆپ چاغلاردا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا زېھنى يەتمەي، توختىماي ئەپيۇن چېكىپ تۇرۇش ئارقىلىق روھىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئەمما ئۆزى شىنجاڭنىڭ ئەپيۇننى چەكلەش كومىتېتىنىڭ مەسئۇل ئەزاسى ئىدى.

جىن شۇرېن ئۇزۇن ۋاقىت ھاكىم بولۇپ تۇرغان بولغاچقا، توپلىۋالغان بايلىقىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردا نۇرغۇن ئادەملەر نازىر بولۇشقا ئەمەس تۆۋەنگە بېرىپ ھاكىم بولۇشقا ئامراق ئىدى، چۈنكى قانچىكى تۆۋەندە ئىشلىسە ئېرىشىدىغان نەپمۇ شۇنچە كۆپ بولاتتى. ھاكىم دېگەن شۇ جاينىڭ پادىشاھى

www.uyghurkitap.com

دېگەن گەپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇڭگونىڭ پۇقرالىرى ياۋاش تۇر-
سا، بۇ خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئۇلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلماي
قالامدۇ؟ شۇ چاغدا شىنجاڭدا: «رەئىس نازىرچىلىك سېمىز
ئەمەس، نازىر ئىدارە باشلىقچىلىك سېمىز ئەمەس، ئىدارە باش-
لىقى ھاكىمچىلىك سېمىز ئەمەس» دەيدىغان بىر گەپ تارقالغان-
دى. ياڭ زېڭشىن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پارىخورلۇقىغا يول
قويۇپ، ئۇلار ھاكىمىيەتكە خەۋپ يەتكۈزمىسىلا بولاتتى. مالىيە
نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ چوڭ بىر سودا دۇكىنى
ئاچتى، بېيجىڭ، تيەنجىنلەردىمۇ تارماق دۇكانلىرى بار ئىدى،
شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «تىجارەتچى نازىر» دېيىشەتتى. ياڭ زېڭ-
شىنىڭ ئۆزىمۇ پۇقرالاردىن ئۇندۇرۇۋالغان نۇرغۇن پۇللىرىنى
خۇسۇسىي سودىگەرلەر، ليۇ ۋېنلۇڭ ياكى ۋېيفېڭخۇ گۇرۇخانىسى
ئارقىلىق يۇرتىغا ئۇزۇلدۇرمەي ئەۋەتىپ تۇراتتى. بېيجىڭ، تيەن-
جىنلەردە بىنا، ئولتۇراق ئۆيلەرنى سالدۇرۇپ خوتۇنى بىلەن
بالىلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى. جىن شۇرېننىڭ خىيانەت
ئىشلىرىغا ئېپى بولغان بىلەن پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئىشلىرىنى باش-
قۇرۇشقا كۈچى يەتمەي قېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە، شۇ چاغدا جامائەت پىكىرلىرى ئۇنىڭغا
پايدىسىز ئىدى، كۆپ كىشىلەر ياڭ زېڭشىنىنى ئۆلتۈرۈشنى جىن
شۇرېن پىلانلىغان دېيىشىۋاتاتتى، بۇ گەپلەر زادىلا بېسىقمايۋاتات-
تى، ھەتتا ئالتە يىل ئۆتۈپ ئۇ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ھەرقاي-
سى ناھىيىلەرنىڭ خەلق ۋەكىللىرى گومىنداڭنىڭ مەركىزىي
پىرقىسىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا: «جىن شۇرېن شېرىكلىر-
ى بىلەن بىرلىشىپ ياڭ زېڭشىنىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دې-
يىلگەنىدى.

فەن ياۋنەننىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈشىمۇ ئۇنىڭ يۇرتلۇق-
لىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ۋاستىسىنىڭ
ئىنتايىن قەبىھلىكىنى دېيىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالىمىز، دەپ

يۇرۇشتى. جىن شۇرېن ئۆزىنىڭمۇ ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن قورقۇپ مۇھاپىزەتنى قاتتىق كۈچەيتتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى دەرۋازىلىرىغا كۈتۈۋېلىش ئۆيلىرىنى سالدۇردى، ئىككىنچى دەرۋازىغا فۇگۇەنلىرىنى تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر ئاۋۋال كۈتۈۋېلىش ئۆيىدە ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئاندىن ئىسىم كارتوچكىسىنى كىرگۈزەتتى. ئىككىنچى دەرۋازىدىكى فۇگۇەنلەر ئۇ كارتوچكىنى ئۈچىنچى قورۇغا كىرگۈزۈپ كۆرسەتمە سورايتتى. بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالتە - يەتتە سائەت ۋاقىت كېتەتتى.

ئۇ ئىش بېجىرىدىغان ئۈچىنچى قورۇنىڭ مۇھاپىزىتى تېخىمۇ قاتتىق ئىدى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلاردا ئۈچىنچى قورۇنىڭ تۆرىدىكى ئىككى ئىشخانىدا مۇھاپىزەتچى يوق ئىدى، پەقەت قورۇدىلا بىر مۇھاپىزەتچى ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. جىن شۇرېن بۇ ئەھۋالنى خەتەرلىك دەپ بىلىپ، ئۈچىنچى قورۇنىڭ سىرتىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنى ئەسلىدىكى ئالتە ئادەمدىن ئون ئادەمگە يەتكۈزدى. ئىشخانا ئىچىدە داۋاملىق بىر ئەسكەر قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى. ھەممىدىن كۈلكىلىكى، جىن شۇرېن ھاجەتخانىغا بارماقچى بولسا، بەش - ئالتە مۇھاپىزەتچى خۇددى ھازىرلا دۈشمەن كېلىدىغاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكى ۋە ئەتراپىدا قاتار تۇرۇشۇپ كېتەتتى. بۇخىل قاتتىق مۇھاپىزەت جىن شۇرېننى سىرت بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئايرىۋەتكەن بولۇپ، يامۇلنىڭ ئىچىدىن ئاساسەن دېگۈدەك چىقمايتتى، ئارىلاپ چىقىپ قالسا چاپارمەنلەر داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ، «ئۆزۈڭنى چەتكە ئال! زۇۋانىڭنى ئۆچۈر!» دەپ ۋارقىراپ، مۇتلەق بىخەتەرلىك پەيدا قىلماقچى بولۇشاتتى.

جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ جەمەتىدىكىلەر بىلەن يۇرتداشلىرىغىلا

ئىشىنەتتى ھەتتا ئەسكەر ئېلىشتىمۇ شەنشىلىكلەر بىلەن گەنسۇلۇقلارنى، بولۇپمۇ گەنسۇلۇقلارنى ئاساس قىلاتتى، ئۆستۈرۈشكە توغرا كەلسىمۇ شۇلارنىلا ئۆستۈرەتتى. باشقا ئۆلكىنىڭ ئادەملىرىنىمۇ ئىشلىتەتتى، لېكىن ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەيتتى. شۇ چاغدا شىنجاڭدا تارقالغان: «ئۆگەنسەڭ گەر سەن سەھەردە خېجۇ تىلىنى، ئاسسەن بېلىڭگە كەچتە مەنسەپ قىلىچىنى» دېگەن قوشاقتىن جىن شۇرېننىڭ ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا قانچىلىك چاپان ياپىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. جىن شۇرېننىڭ ئۇ ئادەملەرنىڭ قابىلىيىتىنىڭ قانچىلىكلىكى، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش - چىقالماسلىقى بىلەن كارى يوق ئىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭغا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە كەلگەن شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ «قاچاق ما جۇڭيىڭ» دېگەن ئەسىرىدە شۇنداق دېگەن:

«ماشىنىچى، موزدۇز، پوشكال ساتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىكى ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى قانچىلىك، ئۇ ئىشقا مۇۋاپىق كېلەمدۇ، يوق، ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىكەن. قولدىن ئىش كېلىدىغان ئوفىتسېرلار گەنسۇدىن باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن بولسا ئۆستۈرۈلمەيدىكەن.»

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى، يۇرتدىشى ھەم بىر نەۋرە ئىنىسى، ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەن خىزمەتدىشى لۇ شياۋزۇنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— لاۋلۇ، سەن كاتىپلاردىن بىر نەچچىنى تېپىشقا مەسئۇل بولغىن. ئاۋۋال كاتىبات باشقارمىسى قۇرايلى، سەن ئۇنىڭغا باش كاتىپ بول، بۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي ئىشلارغا ئائىت ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا تاپشۇرىمەن، — دېدى.

— ئۆلكىلىك مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى بارغۇ؟ — دېدى لۇ

شياۋزۇ، — بەلگىلىمە بويىچە بارلىق مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە شۇلار قارار چىقىرىدىغان تۇرسا، يەنە نېمە دەپ...

— سەن بىلمەيسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇ ھەيئەتلىرى يىغىن ئاچسىلا تولا سۆزلەپ ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋېتىدۇ، بەش ـ ئالتە سائەتكىچە يىغىن تۈگىمىگەن. ئۇنىڭغا ئادەم قانداق چىدايدۇ.

لۇ شياۋزۇ ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. دېمىسىمۇ يىغىن بىر نەچچە سائەتكە سوزۇلۇپ كەتسە جىن شۇرېننىڭ خۇمارى تۇتۇپ، كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ خەقنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولاتتى، ئاندىن ئامالسىز ئالدىراپ ـ سالدىراپ يىغىننى ئاياغلاشتۇرۇپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن كۆرە كاتىبات ئىشخانىسى قۇرۇلسا، چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى باش كاتىپ باشقۇرۇپ جىن شۇرېنغا دوكلات قىلىپ قويسا بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئىش بولامدۇ.

لۇ شياۋزۇ بۇيرۇق بويىچە بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا كاتىبات باشقارمىسىنى قۇرۇپ ئۆزى باش كاتىپ بولدى، ئارقىدىنلا ھەر قايسى نازارەتلەرنىڭ يېڭىدىن تەيىنلىنىدىغان نازىرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى تۈزۈپ چىقتى:

جىن شۇرېننىڭ يۇرتدىشى، ساۋاقدىشى ۋاڭ جىزو خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا؛

جىن شۇرېننىڭ ساۋاقدىشى شۈي يىسى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا؛

جىن شۇرېننىڭ يۇرتدىشى يەن يۈشەن قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا؛

جىن شۇرېننىڭ يۇرتدىشى، خىيانەتچى چېن جىشەن ئالاقە مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛

جىن شۇرېننىڭ قۇدىسى جۇرۇيچى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا (كېيىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى) كۆرسىتىلدى. جىن شۇرېن بۇ ئادەملەرنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەس-

www.uyghurkitap.com

تىقلىتىپ شۇ ئورۇنلارغا قويدى.

كاتىبات باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالدى، بىرقانچە ئايغىچە يىغىنمۇ ئاچمىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، جىن شۇرېن يەنە بەشىنچى ئىنىسى جىن شۇشىننى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

— سەن مېنىڭ ئورنۇمدا پۈتۈن ئارمىيىنى باشقۇرىسەن. ئەلۋەتتە، مەركەزنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقى ئاز كۈندە يېتىپ كېلىدۇ. ئادەملەرنى ياخشى تاللاپ مەن ئۈچۈن ئۆلكىمىزنى ئوبدان قوغدا. تاللىغان ئادەملىرىڭنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ ماڭا كۆرسەت! — دېدى ئۇ جىن شۇشىنغا.

جىن شۇشىن كۆڭۈل - كۆكسى تار، قابىلىيىتى يوق ھەم پارا يەپ تويمايدىغان چاكىنا ئادەم ئىدى، جىن شۇرېن ئىنىسىنىڭ بۇ ئەھۋاللىرىنى ئوبدان بىلەتتى، لېكىن ئارمىيە ھاياتىنىڭ كاپالىتى تۇرسا ئۇنى باشقا ئادەمگە تۇتقۇزغىلى بولاتتىمۇ؟

جىن شۇشىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، جىن شۇرېنىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى سۇي چىجى بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ تېز ئارىدىلا ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئىسىملىكىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. سۇي چىجى ئەسلىدە جىن شۇرېننىڭ بىر يۇرتلۇقى ئىدى، ئادەتتە جىن شۇرېننىڭ ئەپيۇن چېكىدىغان غاڭزىسىنى تەييارلاش، ئوت يېقىش، چاي تەييارلاش دېگەندەك ئىشلارنى قىلاتتى، چىچەن، چەبدەس ئىدى، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە جىن شۇرېننىڭ دېگەن يېرىدىن چىقاتتى، ھەرقانداق چاغدا ئۇنىڭدىن ئايرىلمايتتى. شۇڭا، جىن شۇشىن ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىگە ئەترەت باشلىقى، كېيىن يەنە ئۈرۈمچى شەھەر مۇداپىئە گارنىزونىنىڭ

قوماندانى قىلىپ قويدى، ھەربىي ئۇنۋانى شاۋجياڭ ئىدى.
جىن شۇشىن كىچىكىدىن تارتىپلا تۆتىنچى ئاكىسى جىن شۇجى بىلەن پىتنىشالمايتتى، بۇ قېتىم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا شىجاڭ قىلىپ قويدى. جىن شۇرېن بۇ ئىككى ئىنىسىنىڭ چىقىشالماسلىقىدىن بەكمۇ بېشى قاتاتتى، شۇڭا جىن شۇجىنىڭ سىرتتا تۇرۇشىنى ياقىلايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قەشقەر مۇھىم شەھەر، مىللەت، دىن ئىشلىرى مۇرەككەپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۇچلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى جىددىي ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن ياقۇپ بەگكە ئوخشاش «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىپ ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلماقچى ئىدى، شۇڭا جىن شۇجىنى ئۇ يەرگە قويسا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققان بولاتتى.
غەربىي دەرۋازىغا ئادەم قويۇپ بولغاندىن كېيىن، شەرقىي دەرۋازا بولغان قۇمۇلغا بىر يۇرتلۇقى ليۇ شىزېڭنى شىجاڭلىققا تەيىنلىدى. ليۇ شىزېڭ گەنسۇ جىڭنىڭلىق ئادەم بولۇپ، خۇيىي قورال ـ ياراغ تەييارلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنىدى. ئۇ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە قۇمۇلدا ئەترەت باشلىقى بولۇپ تۇرغاندا ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىنى بەرمەي ئۇلارنى بەكمۇ قاقشاتقانىدى، باشلىقى خىيانەتچى بولغاندىكىن ئەسكەرلىرى پۇقرالارنى تالان ـ تاراج قىلىدىغان گەپ، شۇڭا ئۇلارمۇ قۇمۇل خەلقىنى زار ـ زار قاقشاتتى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىدىن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق شىنىڭ شاۋجياڭ دەرىجىلىك شىجاڭلىقىغا ئۆستۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قۇمۇلنىڭ خاقانىغا ئايلاندى. ئاشۇنداق ئادەمنى شەرقىي دەرۋازىنى ساقلاشقا قويسا قالايمىقانچىلىق چىقماي قالامدۇ؟
جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغا بىر يۇرتلۇ-

قى، ھەربىي ئىشلار نازارىتى بىرىنچى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاڭ پېيۈەن ئالاھىدە ياردەم قىلغانىدى، شۇڭا جىن شۇرېن ئۇنى ئىلىدا تۇرۇشلۇق شىنىڭ شىجاڭلىقىغا، قوشۇمچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ ئەلچىلىكىگە تەيىنلەپ، شىمالىي دەرۋازىنى قوغداشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

ئالتاي تەرەپكىمۇ سەل قاراشقا بولمايتتى، شۇڭا ئۇ تەرەپكە ئۆزىنىڭ بىر يۇرتلۇقى ۋېي جېنگونى دۇتۇ بەگلىككە قويدى.

چۆچەككە لى خېيرۇنى ۋالىي، قوشۇمچە مۇئاۋىن دۇتۇ بەگلىككە تەيىنلىدى. چۆچەك شىمالىي شىنجاڭدا مۇھىملىق جەھەتتە ئىلىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى، چۆچەكتىن چېگرا چاغانتوقايغا ماشىنا بىلەن بىر سائەتتىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. لى خېيرۇ گەرچە گۇاڭدۇڭلۇق ئادەم بولۇپ، باۋدىڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دە جىن شۇرېننى قوللاپ فەن ياۋنەنگە قارشى تۇرۇشتا تۆھپە ياراتقان بولغاچقا، ئۇمۇ تېگىشلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى.

جىن شۇرېننىڭ ياڭ زېڭشىنغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ «قوشۇننى ئاجىز تۇتۇش سىياسىتى» نى ئۆزگەرتىپ ئارمىيىنى كېڭەيتتى، ھەربىي خىراجەتنى ئاشۇردى، قورال - ياراغ سېتىۋالدى، ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئاچتى، ھەربىي جەھەتتىكى تالانتلىق كىشىلەرنى تەربىيىلىدى ۋە ئەتراپىغا توپلىدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ۋاقتىدىكى ئارمىيە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئەڭ تارقاق، ئەڭ كۈچسىز ئارمىيە ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئەسكەر كۆپەيتىشنى خالىمايتتى، شىنجاڭنىڭ دائىرىسى كەڭ، بىر يەردىن ئىش چىقسا قانچىلىك كۆپ ئەسكەر بولسىمۇ بېسىقتۇرۇش تەس، تەمىناتنى كۆپەيتكەن بىلەنمۇ بىكار، ئارمىيە شۇ جاينىڭ ئامانلىقىنى قوغدىسىلا بولدى، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئەس-

كىرى ھەم ئاز، ھەم ئاجىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە ئوفىتە-سېرلار بىلەن ئەسكەرلىرى ئەپيۇنغا بېرىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا ئادەم كۆچى ئاز، ئەمگەك ھەققى قىممەت ئىدى، مەدىكارچىلىق قىلغانلار كۆپ پۇل تاپاتتى، شۇڭا ئەسكەرلەرنىڭ كۆپى سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ كېلىپ كەچتە قاراۋۇللۇقىدا تۇراتتى، ئوفىتسېرلارمۇ بۇنى ئادەتتىكى ئىش قاتارىدا كۆرەتتى.

ئەسكەرلەر ناھايىتى ئاز مەشىق قىلاتتى، بەزىدە ياڭ زېڭ-شىننىڭ قىزغىنلىقى تۇتۇپ كەتسە گازارمىلارنى كۆزدىن كەچۈ-رۈشكە كېلەتتى، بۇنىڭدىن ئوفىتسېرلارنىڭ ئالدىن خەۋىرى بول-غاچقا، ئەسكەرلەرنى رەتلىك كىيىندۈرۈپ، راست ھەم يالغان مىلتىقلار بىلەن ئازراق مەشىق قىلدۇرۇپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ ئىشنى تۈگىتەتتى. ئادەتتە ئەسكەرلەر باشلىقلىرىنىڭ بالىلىرىنى باقىدىغان، زاكىلىرىنى يۇيىدىغان، سۇيدۇكلىرىنى تۆكىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلاتتى، ھېچكىم باشلىقلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قو-يۇشنى خالىمايتتى. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش چاغلىرىدا ئەسكەر-لەرنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلارغا ئەمگەك قىلىپ پۇل تاپقىلى كېتەت-تى، تېرى، ئاجىز، مېيىپ ئەسكەرلەردىن بىرنەچچىسىلا قېلىپ گازارمىغا قارايتتى، ئىشلىگىلى كەتكەنلەر يېزىلاردا ئىش ئاياغ-لاشقاندا ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. قىشتا قار تازىلاش، ئوچاق سېلىش، تۆرخۇن تازىلاشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولات-تى. بۇنداق قوشۇن پۇقرالارنىلا قورقىتالايدۇ، خالاس.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇنداق بېشاپ كېتىشلىرىگە يول قويمىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن ئەسكەر تولۇقلىدى. ئۇ چاغلاردا گەنسۇدا ئۇدا بىر قانچە يىل ئاپەت بولۇپ شىنجاڭغا نەچچە ئون مىڭ ئادەم قېچىپ چىققان بولغاچقا، ئەسكەر مەنبەسىدىن غەم قىلىش ھاجەت-سىز ئىدى. جىن شۇرېن تەختكە چىققان 7 ـ ئايدىن 12 ـ

ئايغىچە بولغان يېرىم يىل ئىچىدە 30 مىڭ ئەسكەر ئالدى، ئەسلىدىكى ئەسكەرلىرىنى قوشقاندا ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى ئالتە شى، جەمئىي 40 مىڭغا يەتتى. ئۇ ئاغدۇرۇلغان 1933 - يىلى سەككىز شى، جەمئىي 64 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

ئەسكەر كۆپەيگەندىن كېيىن ھەربىي خىراجەتمۇ ئۆرلەيدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 1931 - يىلىدىن كېيىن ھەر يىلى ئۇرۇش بولۇپ ھەربىي خىراجەت شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان 1927 - يىلى پۈتۈن قوشۇن-نىڭ خىراجىتى 9 مىليون 300 مىڭ سەر كۈمۈش بولغان بولسا، جىن شۇرېن تەختكە چىققان بىر يىلى (1929) 21 مىليون 960 مىڭ سەر كۈمۈشكە يېتىپ، پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي خىراجەتنىڭ 72.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۇ تەخت-تىن غۇلاشتىن بىر يىل ئىلگىرى، يەنى 1932 - يىلى ھەربىي خىراجەت 39 مىليون 740 مىڭ سەر كۈمۈشكە يەتتى. شىنجاڭ-نىڭ ھەر يىللىق ئومۇمىي كىرىمى تەخمىنەن 7 مىليون سەر كۈمۈش بولۇپ، شۇ سان بويىچە بولغاندا 1932 - يىلىدىكى بىر يىللىق ھەربىي خىراجەت شىنجاڭنىڭ ئالتە يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنى يەپ كەتكەنىدى.

ھەربىي خىراجەت بەك كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، قانداق قى-لىش كېرەك؟ جىن شۇرېننىڭ بۇنىڭغا ئامالى بار ئىدى. باسما زاۋۇتى ئۇنىڭ قولىدا، كېچە - كۈندۈز توختىماي پۇل باسسا پۇل دېگەن سۇدەك كېلىۋېرەمەمدۇ؟ شۇڭا، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەش يىل ئىچىدە 90 مىليون سەر كۈمۈشلۈك پۇل باستى.

قوشۇن ئادەم، پۇل، ئاشلىق، قورالغا تويمايدىغان غەلىتە بىر مەخلۇق. ياڭ زېڭشىننىڭ ۋاقتىدىكى قوراللار كونىراپ ئەب-جىقى چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇ قوراللار مەنچىڭنىڭ ئاخىرقى مەز-گىلىدىكى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىدىن ئېلىپ كەلگەن يەرلىك مىلتىقلار، پەرەڭلەرنىڭ مىلتىقلىرى بولۇپ، نەچچە ئون

يىلدىن بۇيان بەزىلىرى داتلىشىپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ زاپچاس-لىرى يوق، بەزىلىرىنىڭ ئوقى يوق، بەزىلىرىنىڭ ئوقى بار مىلتىقى يوق ئىدى. ئۇرۇمچىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىر-تىدىكى شىمىگوۋدا ھەربىي زاۋۇت بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ زاۋۇت-نىڭ بۇزۇلغانلىقى ياساشتىن باشقىسىغا كۈچى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ-دىن باشقا، قاچاق ئاقلاردىن تارتىۋالغان ئازراق مىلتىق، زەم-بىرەكلەر ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەر بار ئىدى. جىن شۇرېن 1929 - يىلى 900 مىڭ يۈەن خەجلەپ ئەنگلىيىنىڭ كونتروللۇ-قىدىكى ھىندىستان ئارقىلىق 3 مىڭ دانە يېڭىچە مىلتىق، 2 مىليون پاي ئوق كىرگۈزدى. گېرمانىيىگە يول چىڭداش ماشى-نىسى سېتىۋېلىش، مائارىپ ۋە كەسپىي سودا ئىشلىرىنى تەكشۈ-رۈشكە بارغان بۇرھان ئارقىلىق 200 دانە ماۋزۇر سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى قوراللاندۇردى. ئۇ يەنە شىنجاڭدا بولۇۋاتقان قالايمىقانچىلىقلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن، 1932 - يىلى ئوغلى جىن زودىڭنى گېرمانىيىگە چىقىرىپ پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىدىن، يەڭگىل پىلىموت-لاردىن خېلى كۆپ سېتىۋېلىپ كەلدى.

قوشۇننى ئۆزىگە تېخىمۇ رام قىلىش، ئەسكەرلەرنى بۇرۇن-قىدەك سىرتقا چىقىپ مەدىكارچىلىق قىلدۇرماسلىق، پۇقرالارنى تالان - تاراج قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مائاشلىرىنى بىردەك ئۆستۈرۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەسكەرلەر-نىڭ مائاشىنى ئەسلىدىكى ئالتە - يەتتە سەر كۈمۈشتىن سەككىز - توققۇز سەر كۈمۈشكە ھەتتا ئون سەر كۈمۈشكە ئۆستۈردى.

يېڭىدىن سېتىۋالغان ئۇ قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى. شىنجاڭدىكى ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىنىڭ ساپاسى بۇرۇندىن ناچار بولغاچقا، ئۇ قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ئادەمدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككى مىلتىقنى —

ئاتىدىغان مىلتىق، ئەپيۇن چېكىدىغان ئۇزۇن غاڭزا — مۇرىسىدىن چۈشۈرمەيدىغان «قوش مىلتىقلىقلار»دىن ئىدى. شۇڭا، جىن شۇرېن چىشىنى چىشلەپ، خىراجەتلەرنى تېجەپ يۈرۈپ نۇرغۇن پۇلغا يېڭى قوراللارنى سېتىۋالغان بولسىمۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئۇ قوراللارنى ئىشلىتەلمەي قوشۇنى بۇرۇنقى سەۋىيىدە تۇرۇۋەردى.

جىن شۇرېن ھەربىي ئىشلاردىكى تالانتلىق ئادەملەرنى ئۆزى بىۋاسىتە تەربىيىلىمەكچى بولدى. 1928 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يەنى ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلگىنىگە تېخى ئۈچ ئاي بولمىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەسلىدىكى ئەلەم ئۆگىتىش مەكتىپىدە شىنجاڭ پىيادە ئەسكەرلەر قوشۇنىنىڭ كاندىدات ئوفىتسېرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنى ئېچىپ، ئۇ مەكتەپكە ئۆزى مۇدىر، چېن پىنشيۇ ئىلمىي مۇدىر بولدى. بىرىنچى قاراردا 101 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىلمىنى دەرس قىلىپ ئۆتتى. ئۇلار 1930 - يىلى 12 - ئايدا مەكتەپ پۈتتۈردى. جىن شۇرېن ئىككىنچى قاراردا 250 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئۇلار پەقەت بىر يىللا ئوقۇيالىدى، چۈنكى 1931 - يىلى قۇمۇلدا قوزغىلاڭ بولۇپ كېتىپ ھەممىسى ئالدىنقى سەپكە ئۇرۇشقا كەتتى، مەكتەپمۇ يېپىلىپ قالدى.

جىن شۇرېن ئۆزى مەكتەپ ئاچقاندىن باشقا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئوفىتسېرلارنى تەكلىپ قىلدى. 1928 - يىلى 10 - ئايدا، جىن شۇرېننىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئادەملىرى تولۇقلانغاندەك بولغانىدى، ئەمما نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى تەستىقلىمىدى. ئۆزىنىڭ ئۆلكە رەئىسى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇشىنىمۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى رەسمىي تەستىقلىشى كېرەك ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئارقىدا، مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىدى، مەركەز مالىيە جەھەتتە ئازراق ياردەم بەرگەن، پۇل بەرگەن بولسا ئۇنىڭ كۈنى ياخشىراق بولاتتى. مۇشۇ مەق-

سەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تۆلكە تېرىسى، سۇغۇر تېرىسى، بۇغا مۈڭگۈزى، گىلەم، 36.5 كىلوگراملىق خوتەن قاشتېشى قاتارلىق نەرسىلەرنى نەنجىڭگە ئەۋەتىپ شۇ نەرسىلەر ئارقىلىق ئۆزىگە يول ئاچماقچى بولدى.

ئۇ بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى لۇ شياۋزۇ بىلەن بېيجىڭدىكى رۇسچە سىياسىي قانۇن تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن شىبە گۇاڭ لۇغا تاپشۇردى.

ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا جىن شۇرېن لۇ شياۋزۇغا شۇنداق دېدى:

— ئىچكىرىگە بارغاندا پۇل خەجلەشتىن قورقما، ساڭا يېتەرلىك قىممەت باھا تېرىلەر بىلەن ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىدىن تەييارلاپ قويدۇم. پۇل يەتمىسە تېلېگرامما ئەۋەت، دەرھال پۇل ئەۋەتىمەن. ئۆلكە رەئىسى بىلەن دۇبەنلىك مەنسىپىنى بېكىتكۈزۈپ كېلەلىسەڭلا ئۇتۇق قازانغان بولىسەن، «دۆلەت قۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن» ئادەمگە ئايلىنىسەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىچكىرىدە نۇرغۇن تالانتلىق ئوفىتسېرلار بار، ئۇلاردىن بىر - ئىككىنى باشلاپ كېلەلىسەڭ تېخىمۇ ياخشى، ئۇلار بىزنىڭ قوشۇنىمىزنى قۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئادەم تاللاشقا ئالاھىدە دىققەت قىل.

جىن شۇرېننىڭ دەل مۇشۇ گېپى نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ئاجايىپ ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

## سىبىرىيە ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىش

1929 - يىلى 4 - ئايدا، لۇ شياۋزۇ بىلەن گۇاڭ لۇنىڭ نەنجىڭدىكى ياڭ گېنېرال كوچىسىغا جايلاشقان شىنجاڭنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا كېلىپ تۇرغىنىغا يېرىم يىل بولدى.

www.uyghurkitap.com

ياڭ گېنېرال كوچىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە گومىنداڭ ھۆ-
كۈمىتىنىڭ كاتىپى پېڭ شاۋشيەننىڭ تۆرالغۇسى جايلاشقانىدى.
گۇاڭ لۇ نەنجىڭگە كېلىپلا مۇئەللىمىنى يوقلاپ باردى. گۇاڭ
لۇ 1919 — 1925 - يىللىرى بېيجىڭدىكى رۇسچە سىياسىي
قانۇن تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا پېڭ شاۋشيەن شۇ مەك-
تەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىدى. گۇاڭ لۇ ئەقىللىق، تىرىشچان
ھەم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا، پېڭ شاۋشيەن
ئۇنىڭغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغانىدى. لۇ شياۋزۇ بىلەن گۇاڭ
لۇ ئاشۇ ئادەم ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈ-
شۈپ جىن شۇرېن تاپشۇرغان بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇندىماقچى
ئىدى. لېكىن، يېرىم يىل بولدى، ۋەزىپىنىڭ يېرىمىمۇ تۈگى-
گىنى يوق، شۇڭا ئۇلار ھازىرچە قايتىپ كېتەلمەيتتى.

— سىلەرنىڭ شۇنچە يىراق يەردىن نەنجىڭغا كېلىشتىكى
مەقسىتىڭلارنى تولۇق چۈشىنىمەن. ئۆلكە رەئىسى بىلەن ھەرقاي-
سى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرى بېكىتىلىپ مەقسىتىڭلارنىڭ يېرى-
مىغا يەتكەنمۇ بولدۇڭلار. چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىك ۋەزىپىسىلا
قېپقالدى. ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار، ئۆزۈڭنى ئويلاش كې-
رەك. ئالدىرىغان قالار، بۇيرۇغان ئالار، دېگەن بىر گەپ بار،
ئالدىراپ كەتسەڭلار شۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالمىسۇن. پۇلنىڭ
ئىشىغا كەلسەك، ھۆكۈمەتنىڭ نەنجىڭنى پايتەخت قىلغىنىغا ئۇ-
زۇن بولمىدى، شۇڭا مالىيىدە قىيىنچىلىق بار. ھازىر ھەممىلا
يەر مەركەزدىن پۇل سوراۋاتىدۇ، مەركەزدە پۇل يوق، قىيىنچى-
لىق ئېغىر، شۇڭلاشقا بىر مەزگىل يەرلىكتە ياردەم قىلالماسلى-
قى مۇمكىن.

لۇ شياۋزۇ پېڭ كاتىپنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئالدىرىغانىنىڭ
پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، پۇلغا ئېرىشىشتىن ئۈمىد يوق
ئوخشايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جىن شۇرېن تاپشۇرغان ھەربىي
جەھەتتە قابىلىيىتى بار ئادەمدىن تېپىپ كېلىش ئىشىنى ئويلاپ،

بۇ ئىشتىمۇ پېلىڭ شاۋشيەندىن ياردەم سورىدى.

پېلىڭ شاۋشيەن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يانپىشىغا بىرنى ئۇرۇپ:

— بىزدە دەل ئاشۇنداق بىر ئادەم بار، بەزى ئىشلار كاللى-سىغا سىغماي نەنجىڭدە تۇرغۇسى يوق، يىراقراق جايلارغا بېرىپ رولىنى جارى قىلدۇرسام دەيدۇ. خالىساڭلار چاقىرتاي، ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭلار، — دېدى.

— سىز دېگەن ئۇ ئادەم قەيەرلىك؟ ئىسىم - زاتى نېمە؟ ئاۋۋال بىزگە تونۇشتۇرسىڭىز.

— ئۇنىڭ فامىلىسى شېڭ، ئىسمى شىسەي، شەرقىي شى-ماللىق، 35 ياشلاردا بار. ئىلگىرى مېنىڭ ئوقۇغۇچىم ئىدى، كېيىن ياپونىيىگە چىقىپ كېتىپ ياپونىيە ھەربىي ئۇنىۋېرسىتې-تىدا ئوقۇغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەنمۇبۇنىڭ ئۇرۇش بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇ يەردە ئىشلەۋات-قىنىغا ئىككى يېرىم يىل بولدى. ئۇنى ئېلىپ كېتەلەيدىغان بولساڭلار ئۇ ھەرقانداق ئىشىڭلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى.

لۇ شياۋزۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە شۇ كۈنىلا شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقىتنى بېكىتىۋەتتى.

شۇ كۈنى دەل يەكشەنبە ئىدى، پېلىڭ شاۋشيەن تېلېفوننى ئېلىپ بىرنەچچىنى چۆرگىلەتتى. ئۇ شېڭ شىسەينى بۈگۈن چو-قۇم ئىشخانىدا كىتاب ئوقۇپ ياكى ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قى-لىپ ئولتۇرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— ئىنىمىز شىسەيمۇ؟ يەكشەنبە كۈنى تۇرسا نېمىشقا دەم ئالمىدىڭىز؟ يەنە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردىڭىزمۇ؟ يىراقتىن ئىك-كى دوستۇم كېلىپ قالدى، ئۇلارنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويدۇم، سىزمۇ بىللە مېھمان بولۇپ كېتىڭ، سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان باشقا ئىشلارمۇ بار. قانداق ئىش دەمسىز؟

www.uyghurkitap.com

كەلگەندە بىلىسىز، دەررۇ كېلىڭ، سىزنى ساقلايمەن.

ئۇ قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايلا تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭ پېڭ كاتىپ ئىكەنلىكىنى ئاۋازىدىن تونۇدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت بولسىمۇ، بىر يەردە ئىشلىگەچكە داۋاملىق بىرىش - كېلىش قىلىشىپ تۇراتتى. بەزىدە شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ماجاڭ ئويناپ، بەزىدە ئىككىسى سەنيۈەن كوچىسىغا بېرىپ چۆچۈك ساماۋەر شورپىسى ئىچىپ كېلەتتى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىدەك ئەمەس، ئىختىيارىي پاراڭلىشىپ ئولتۇرالايتتى.

لۇ شياۋزۇ بىلەن گۇاڭ لۇ شېڭ شىسەي بىلەن پېڭ شاۋشىيەننىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىم ئۇچراشتى. لۇ شياۋزۇ شېڭ شىسەينىڭ قامەتلىك، قاراقاش، ئۇستىدىكى ھەربىيچە كىيىملىرى ئۆزىگە ياراشقان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە خۇش بولدى. پېڭ شاۋشيەن ئۇلارنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئىختىيارىي پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— شېڭ ئاكىمىزنىڭ ئەھۋالىنى پېڭ كاتىپ بىزگە ئاساسەن تونۇشتۇرۇپ بولدى. ھازىر بىزنىڭ شىنجاڭدا قابىلىيەتلىك ئادەملەر بەكمۇ كەمچىل، بولۇپمۇ جانابىڭىزغا ئوخشاش ھەربىي جەھەتتە ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەر تېخىمۇ ئاز. مەن سىزنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەربىي ئالىم ئىكەن دەپ ئويلىدىم، ئەگەر شىنجاڭغا بارسىڭىز رولىڭىزنى ياخشى جارى قىلدۇرالايسىز دەپ ئويلايمەن، — دېدى لۇ شياۋزۇ شېڭ شىسەيگە.

— مېنى بەكمۇ ماختىۋەتتىڭىز، ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت. پېقىر ئۇنچىلىك قابىلىيەتلىكمۇ ئەمەس، ئەمما كىچىكىمدىن تارتىپلا چېگرا رايونلارغا بارسام، شۇ يەرلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقارسام، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. ئاۋادا ھەرقايسىلىرى پېقىرغا شۇنداق پۇرسەتنى بېرىشسىلە شىنجاڭغا بېرىپ ئويلىغاند-

لىرىمنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ باقساممۇ بولىدۇ، — دېدى شېڭ شىسەي جاۋابەن.

— ناھايىتى ياخشى! بىزنىڭ جىن رەئىس سىزدەك تالانت ئىگىلىرىگە بەكمۇ موھتاج، چوقۇم قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سىز بىللە ئىشلەپ قالىمىزمۇ تېخى.

لۇ شياۋزۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى تالانتلىق ئادەمنى تاللاش ئىشى ئاخىرلاشقان بولدى. ئۇ جىن شۇرېنغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن شېڭ شىسەيگە ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ بېرىشنى ئېيتتى.

لۇ شياۋزۇ جىن شۇرېنغا مۇنداق مەزمۇندا تېلېگرامما يوللىدى:

«رەئىس جانابلىرىغا: ئىشلار تېخى ئاياغلاشمىدى، يەنە داۋاملىشىۋاتىدۇ (چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىك ئىشى). پېقىر شېڭ شىسەي ئىسىملىك بىر ئوفىتسېر بىلەن تونۇشتۇم، سەنمۇبۇنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى ئىكەن، ياپونىيىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپتىكەن، لياۋنىڭلىق، بىلىمى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق ئىكەن. ئىشلەتسەك بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ھۆرمەت بىلەن: لۇ شياۋزۇ»

جىن شۇرېن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، دېگەن گەپنى قىلمايلا جىن شۇشىنغا سۇندى.

— شۇشىن، بۇ لاۋلۇدىن كەلگەن تېلېگرامما، بۇ ئادەمنى ئىشلەتكىلى بولامدۇ، يوق، كۆرۈپ باققىن.

جىن شۇشىن تېلېگراممىنى كۆرۈپ بولۇپ ئۇزاققىچە خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئىچى تار بولۇپ،

تۆتىنچى ئاكىسىغىمۇ چىدىماسلىق قىلاتتى، شۇڭا ئۇنى بىر اققا ھەيدىۋەتكەنىدى. ئەمدى ھازىر ياقا يۇرتلۇق بىرى كەلسە، يەنە كېلىپ ئۇ ياپونىيىدە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ئوقۇش تارىخى ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرى تۇرسا، ئۆزى كېيىنچە ھازىرقى مەنسىپى-دە تۇرالامدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاكىسىغا:

— بىرنەۋرە ئاكاممۇ قىزىق ئىكەن، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى ئو-فىتسېرلار مەكتىپىدەئوقۇغاندىن بىرنى تاپ، ھەربىي ئۇنۋانى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمىسۇن، ئەسكەر باشلاپ ئۇرۇش قىلالايدىغان، ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرالايدىغان بولسىلا بولدى دېسەك، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاننى تېپىپتۇ. يەنە تېخى ئۇ شاڭشياۋ ئىكەن، ئۇ كەلسە ئۇنى نەگە ئورۇنلاشتۇر-غۇلۇق؟

جىن شۇرېن ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ياپونىيىدە ئوقۇغانىكەن. ئاكا، ئۇن-تۇپ قالما، فەن ياۋنەنمۇ ياپونىيىدە ئوقۇغان.

بۇ بىر ئېغىز گەپ جىن شۇرېننىڭ پەركايىنى ئۇچۇردى ۋە شۇئان ئاشۇ زىيابەت كۇنىدىكى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، چەت ئەلدە ئوقۇغانلارنىڭ ئىدىيىسى يېڭى، خۇددى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلار بىلەن بىر مەسلەكتىكى كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شېڭ شىسەينى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنى ھەربىي ئۇنۋانى يۇقىرى ئىكەن، تېگى - تەكتى ئېنىق ئەمەس، دېگەن باھانە بىلەن، ھەربىي ئىشلار نازارىتىگە شىنجاڭ-نىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باشلىقى گوڭ بىدېڭ ئارقىلىق لۇ شياۋزۇغا شېڭ شىسەينى قوبۇل قىلالمايدىغان-لىقى توغرۇلۇق تېلېگراممىا ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى.

لۇ شياۋزۇ تېلېگراممىنى كۆرۈپ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. بۇ چوقۇم جىن شۇشىننىڭ ئىشى، قەستەن قىلىنىۋاتقان سۇيىقەست، دەپ ئويلىدى ئۇ. لۇ شياۋزۇ ئادەتتە ناھايىتى تەمكىن، ئەمما كېسىپ ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىدى. مېنى ئادەم تېپىپ كەل دەپ ئەۋەتىشىسەن، تاپسام رەت قىلىشىدىسەن. خەققە ۋەدە بېرىپ قويغان تۇرسام ئۆزگىرىۋالغىنى نېمىسى بۇ خەقنىڭ. مەن ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ پېڭ باش كاتىپقا نېمە دەيمەن؟ خەققە يالۋۇرىدىغان ئىشلىرىمىزنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىمۇ بۇ خەق. ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ ئەخمەق قىلغان بارمۇ!

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئۇ شېڭ شىسەيگە، — جىن رەئىس ئۇنىسۇن، ئۇنىمىسۇن، مەن بىلەن شىنجاڭغا بىللە بارىسىز. مەنلا بولىدىكەنمەن سىزنى ئىشسىز قويمايمەن، — ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويۇپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى، — بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، ئۆزۈم توغرىلايمەن.

شېڭ شىسەي لۇ شياۋزۇنىڭ بۇ قىزغىنلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ يا مەن بىلەن تۇغقانچىلىقى، يا ئاغىنە - بۇرادەرچىلىكى بولمىسا نېمىدەپ ماڭا بۇنچىلا قىلىپ كېتىدۇ؟ دەپ ئويلاپ بەكمۇ ھاياجانلاندى.

— تەقسىر، سىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن، — دېدى شېڭ شىسەي لۇ شياۋزۇغا، — مەن باشقىلارنىڭ قىلغىنىنى بىلىدىغان ھەم ياندۇرالايدىغان ئادەم. سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، ئەمما مېنى دەپ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىڭلارغا تەسىر يېتىپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

شېڭ شىسەي ئۇنىڭ قېنىنى تېخىمۇ قىزىتىش ئۈچۈن شۇ گەپنى قىلىۋىدى، ئۇ دەرھال ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقتى.

— بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى لۇشياۋزۇ ئۇنىڭغا، — قايتىپ بېرىپ تەييارلىقىڭىزنى

قىلىۋېرىڭ.

لۇ شياۋزۇ جىن شۈرېننىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، قاتتىقراق تۇرسا يۇمشاپ كېتىدىغان ئىشمۇ بار ئىدى. ساغا چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى دېگەن بۇ كاتتا ئەمەل لازىممۇ، لازىم ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىن شۈرېنغا دەرھال تۆۋەندىكىدەك تېلېگرامما ئەۋەتتى:

«جىن ئۆلكە رەئىسىگە: شېڭ شىسەينى قوبۇل قىلىش ئىشى ئاللىبۇرۇن بېكىتىلىپ بولغان، ئەمدى رەت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئادەم ئۇزۇن يىل ھەربىي ئىچىدە ئۆتكەن، تەجرىبىسى مول، قابىلىيەتلىك. ئاشۇنداق قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشلەتمەسلىك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ نۇرغۇن ئىشلىرىمنى بېجىرىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا مېنى بۇ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ باشقا بىرىنى تەيىنلىۋالسىڭىز. جاۋابىڭىزنى ساقلايمەن.

ھۆرمەت بىلەن: لۇ شياۋزۇ»

لۇ شياۋزۇنىڭ بۇ چارىسى راستىنلا ئەسقاتتى. ئۇنىڭ پېشىپ قالغان ئىشنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىنى بىلگەن جىن شۈرېن شېڭ شىسەينى قوبۇل قىلماسام بولمىغۇدەك، دەپ ئويلاپ، دەرھال لۇ شياۋزۇغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ شېڭ شىسەينى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بوران ئاخىر بېسىلغان بولدى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ سەنموبۇدىن ئۇزۇن ۋاقىتلىق رۇخسەت سورىدى. شۇ ئارىلىقتا يەنە سەنموبۇنىڭ سەنموجاڭى جۇ پېيدېغا ئادەم كىرگۈزۈپ ئۆزىنىڭ دەرىجىسىنى شاۋجياڭلىققا كۆتۈرۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، جۇ پېيدې، يىل ئاخىرىدىكى باھالاشتىن كېيىن ئوي-

لىشايلى، دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ
دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، 1929- يىلى
6 - ئايدا ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ، لۇ شياۋزۇ بىلەن بىللە
نەنجىڭدىن شەرقىي شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ سىبىرىيە رايونى ئارقىلىق شىنجاڭغا بارماقچى بولدى.
ئۇيلىمىغان يەردىن، شۇ يىلى 7 - ئايدا جۇڭدۇڭلۇ ۋەقەسى
يۈز بېرىپ سىبىرىيىگە بارىدىغان تۆمۈريول ئۈزۈپ تاشلاندى.
شېڭ شىسەي ئامالسىز بېيجىڭگە بېرىپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنى-
ۋېرسىتېتىدا بىر يىل مۇئەللىملىك قىلدى. شۇ كۈنلەردە لۇ
شياۋزۇ بېيجىڭدا يەن شىشەن، ۋاڭ جىڭۋېي، فېڭ يۈشياڭ، لى
زۇڭرېن قاتارلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رە-
ئىسلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە جۇڭگو گومىنداڭ مەر-
كىزىي پىرقىسىنىڭ جياڭ جيېشىغا سىياسىي جەھەتتە قارشى
تۇرىدىغان كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا قاتنىشىش بىلەن ئالدىراش بو-
لۇپ كەتتى. ئۇيلىمىغان يەردىن 1930 - يىلى 9 - ئاينىڭ
8 - كۈنى جاڭ شۆلياڭ جياڭ جيېشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى
توغرۇلۇق تېلېگراممىا ئەۋەتىپ قالدى ھەم ئۈچ تەرەپتىن شەنخەي-
گۇەننىڭ سىرتىغا قوشۇن تارتىپ ماڭدى، بۇنىڭ بىلەن كېڭەي-
تىلگەن ئۇ يىغىن بەربات بولدى.
1931 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى
جىن شۇرېننى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە تەيىنلىدى. جۇڭ-
دۇڭلۇ ۋەقەسىمۇ بېسىلىپ لۇ شياۋزۇ شۇندىلا ئۇھ دەپ، شېڭ
شىسەي بىلەن بىللە شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. لۇ شياۋزۇ
بىلەن بىللە كەلگەن گۇاڭ لۇ جىن شۇرېننى دۇبەنلىككە تەيىنلە-
گەن بۇيرۇقنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن نەنجىڭدە قېلىپ، 12 -
ئايدا، يەنى لۇ شياۋزۇ بىلەن شېڭ شىسەيدىن ئىككى ئاي كېيىن
ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.
شېڭ شىسەي شىنجاڭغا زادى نېمە مەقسەتتە كەلدى؟ بۇ

هەقتە ئوقۇرمەنلەر ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسىنى چۈشەندى بولغاي. دۇنيادىكى ئىشلار كۆرۈنۈشتە روشەندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمما ئۇ ئىشلارغا كىشىلەر ھەرخىل قاراشلاردا بولىدۇ. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا كەلگەن مۇشۇ ئىشنىلا ئېلىپ ئېيتساق، بەزىلەر ئۇنى، مەركەز ئەۋەتكەن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن «ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي مەشقلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا كەلگەن ھەربىي مۇتەخەسسىس» دېسە، بەزىلەر، ئۇنىڭ كېلىشى گومىنداڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر، جياڭ جيېشىنىڭ قوللىشى بىلەن غەربىي شىمالغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشتى. ئاز ساندىكىلەر ئۇ ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونى ئېزىۋاتقانلىقىغا چىدىماي، ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىش ئىرادىسى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر ...

بىز يەنىلا شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقايلى:

«پېقىر مىنگونىڭ 18 - يىلى 6 - ئاي ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان نەنجىڭدىن ئايرىلىپ يىراقتىكى قاقاس زېمىن شىنجاڭغا مۇنداق ئىككى مەقسەت بىلەن كەلدىم:

بىرىنچى مەقسىتىم، چېگرا رايوننى ئېچىش، چېگرا رايوننى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش.

ئىككىنچى مەقسىتىم، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، تۇنجى سوتسىيال كوممۇنىزم دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ ماركسىزمنىڭ خاتا نەزەرىيىسىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان ياشلارنىڭ بىرى ئىدىم، شۇڭا ئۆمۈرلۈك ئېتىقادىمنى تىكلەش ئۈچۈن ماركسىزم نەزەرىيىسى بويىچە قۇرۇلۇۋاتقان سو-



www.uyghurkitap.com

ۋېت روسسىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى زادى قانداق؟ ئاتالمىش دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ ئۇستازى ستالىن دۇنيا ئىنقىلابىغا زادى قانداق رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ؟ شۇلارنى بىلمەكچى.

مېنىڭ مەقسىتىم ئىككى بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە ئېيتقاندا يەنىلا بىر، يەنى سوۋېت روسسىيىسىنىڭ بارلىق ئەمەلىي ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىپ ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئېتىقادىمنى تىكلەش.»

شېڭ شىسەي بېيجىڭدىن شېنياڭغا كەلگەندە جاڭ شۆلياڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋە كۆرۈشۈشتە شەرقىي شىمالدىكى ھەربىي مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە نائىل بولالىسا شىنجاڭغا بارمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. لېكىن، جاڭ شۆلياڭ ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى لۈەنجۇ ھەربىي ئۆزگىرىشىگە قاتـ نىشىپ دادا ـ بالا ئىككىسىگە قارشى تۇرغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل كۆرمىگەن، ئەمما قوپاللىق بىلەن رەت قىلماي قول ئاستىدىكى فۇگوۋەنى ئارقىلىق شېڭ شىسەيگە شاڭشياۋ دەرىجىلىك بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىسە بولىدىغانلىقىنى يەتكۈزگەن. شېڭ شىسەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاپا بولغان ۋە يۇرتىدا ئىشلەپ قېلىشتەك ئاخىرقى ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ يىراق جايغا سەپەر قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

شۇ چاغدا ئۇ ساۋاقدىشى ھەم يېقىن ئاغىنىسى جاۋ تيېمىڭغا شۇنداق دېگەن: «نەنجىڭدىكى جياڭ ئەپەندى بۇ يىل كۈزدە چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ ئۆمرىدە قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قىلىش پۇرسىتى ئەمدى كەلمەيدۇ. ئۇ ۋۇخەندىكى تازىلاشتا كۆرـ مىگەن ياشلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىمۇ چىرىك. بىرنەچچە يىلغا قالماي ئۇنىڭ كەينىدە پالاقلاپ يۈرگەنلەرگە زېـ مىن قالمايدۇ. ئۈچ مەسلەك ئۇزۇل ـ كېسىل ئەمەس، ھازىرـ غىلا مۇۋاپىق، كېيىن يەنە ئىنقىلاب كۆتۈرۈلىدۇ...» بۇ گەپلەرـ

دىن بىز شېڭ شىسەينىڭ جىياڭ جيېشىغا قارشى ئىككىنچىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

شېڭ شىسەي ئەر ـ خوتۇن، لىۋ شياۋزۇ ئۈچى ئاۋۋال خاربىنغا بېرىپ قېيناتىسى چيۇ زوڭجۇننىڭ ئۆيىگە چۈشتى. چيۇ زوڭجۇننىڭ كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىر ئاغىنىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خاربىندىكى باش كونسۇلى مېلنىكوف بىلەن تونۇشاتتى، مۇشۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۇلار ناھايىتى تېزلا چەت ئەلگە چىقىدىغان پاسپورتقا ئىگە بولدى.

1930 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي ئەر ـ خوتۇن، قىزى، لىۋ شياۋزۇ بولۇپ بەش ئادەم ئوتتۇرا شەرق تۆمۈريولىدا قاتنايدىغان پويىزغا چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار خەيلاردىن ئۆتۈپ مانجۇرىيە ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ چىتادا سىبىرىيىنىڭ قوش رېلىسلىق پويىزىغا ئالمىشىپ، 600 كىلومېتىر دائىرىدىكى بايقال كۆلىنى ئايلىنىپ، ئىركۇتسكى بىلەن كراسنويارىسكىدىن ئۆتۈپ نوۋسىبىرسكى پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇلار پويىزدىن چۈشۈپ جەنۇب تەرەپكە ماڭىدىغان پويىزغا ئالمىشىپ سېرووۋغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇلارنى شىنجاڭنىڭ شەمەيدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى جاۋ گوبىڭ كۈتۈۋالدى. ئۇلار شەمەيدە بىر نەچچە كۈن ئارام ئالدى. ئۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەرسە ـ كېرەكلەر ناھايىتى قىس ئىدى، ئۇلار يولغا ئېلىۋالغان يېمەكلىكلەرمۇ تۈگىگەنىدى، چيۇ يۈفاڭنىڭ قۇچىقىدىكى بالىسى قورسىقى ئېچىپ تولا يىغلايتتى. كونسۇلخانىدىكىلەر ئۇلارغا ناھايىتى تەستە سۈت، بولكا، چاقماق قەنت، توخۇ گۆشى، كۆكتات دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى تېپىپ بەردى.

ئۇلار يەنە پويىزغا چىقىپ 336 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن ئاياگوس ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ چاغلاردا تۆمۈر يول پەقەت ئاشۇ يەرگىچىلا كېلەتتى. كونسۇلخانىدىكىلەر بۇ

يەردىكى ئاپتوموبىل شىركىتىگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ ئۇلارنى جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرىسىدىكى باكتوغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

باكتودا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاموژنا خادىملىرى، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى بولۇپ 200 دەك ئادەم تۇراتتى. لۇ شياۋزۇلار بۇ يەردە پاسپورت، يۈك ـ تاق تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئاپتوموبىل بىلەن بىر قانچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى جۇڭگو چېگرا ئېغىزى باكتو ( ئۇ تەرەپتىكى باكتو بىلەن بىر ئىسىم) غا قاراپ ماڭدى. چۆچەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئۇلارنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇلار يەنە 70 كىلومېتىر يول يۈرۈپ ئاخىر چۆچەككە يېتىپ كەلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ زالىغا مول زىياپەت ئۇستەللىرى راسلانغان بولۇپ، چۆچەكنىڭ ۋالىيسى ئۇلاردىن ھاردۇق سوراپ چاي بەرگەندى. ئۇلار شەرقىي شىمالدىن غەربىي شىمالغا يېتىپ كەلگۈچە سانسىز تاغ ـ داۋانلاردىن، دەريا ـ ئېقىنلاردىن ئۆتۈپ، مىڭبىر جاپالارنى تارتىپ يېرىم ئاي دېگەندە ئاران بۇ يەرگە كېلىۋالغانىدى.

بىز ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن ئۇ يوللارغا بۈگۈنكى نەزەر بىلەن قارىمايلى، ئۇ چاغدا بۇ يول شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ يوللىرى ئىچىدە ئەڭ يېقىن يول ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆمۈريولمۇ، ئاپتوموبىلمۇ يوق (كوكخوتتىن چىتەيگىچە تۆگىدە مال توشۇلاتتى، بىر قانچە ئاي ۋاقىت كېتەتتى. شىنجاڭ ـ سۈيييۈەن تاشيولى 1935 ـ يىلى پۈتتى) ئىدى، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قىسقا ۋاقىتلىق يولغا قويغان شاڭخەي — (ياكى بېيجىڭ) ئۈرۈمچى ھاۋا يولىدىن باشقا قۇرۇقلۇقتا نەنجىڭ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقىدا قاتناش پەقەتلا يوق ئىدى، مېڭىشقا توغرا كەلسە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى.

هېلىمۇ ياخشى لۇ شياۋزۇنىڭ غەمخورلۇقى بولغاچقا، شېڭ شىسەي ئەر - خوتۇن يول بويى يەيدىغان - ئىچىدىغاندىن، قاتناشتىن غەم قىلماي كەلدى، بولمىسا ئىككىسى كۆرمىگەننى كۆرگەن بولاتتى.

ئۇلار 1930 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مىڭبىر جاپالار بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىۋالدى.

شېڭ شىسەيلەر يېڭى كەلگەچكە، تۇرىدىغان جايى يوق، لاۋمەنچېڭدىكى لۇ شيازۇنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. لۇ شياۋزۇنىڭ قورۇسى ئەسلىدە جاڭ پېيىيۇەنىڭ بولۇپ، قورۇ يوغان، 50 — 60 ئېغىز ئۆيى بار ئىدى، جاڭ پېييۇەن غۇلجىغا كېتىپ بۇ ئۆيلەرنى لۇ شياۋزۇنىڭ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا بەرگەنىدى.

شېڭ شىسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى لۇ شياۋزۇنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان شۇنچىلىك كۆپ ياخشىلىقلىرىغا ئالەمچە رەھمەت ئېيتتى ھەم ئۇنىڭ قىزى كېچىننى ئاتاق قىزى قىلىۋېلىشنى ئۆتۈندى. كېيىن يەنە ئائىلىمىزدە جان سانىمىز كۆپ، ئاتا - ئانام قېرىپ قالغان، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقىمىز ئېغىر، دېگەن گەپلەرنى قىلىپ لۇ شياۋزۇدىن جىن شۇرېنغا دەپ بېرەر ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. لۇ شياۋزۇمۇ جىن شۇرېنغا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى توختىماي ئېيتىپ تۇردى، لېكىن جىن شۇرېن ۋەزىيەتنى ئازراق ئوڭشىۋېلىپ ئاندىن بىر نېمە دېيىشەيلى، دەپ جاۋاب بەردى.

شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە جىن شۇرېن ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇشىن بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتى توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكەنىدى.

— ھازىرچە ئۇنىڭ قولىغا ئەسكەر تۇتقۇزمايلى، — دېدى جىن شۇشىن، — چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ قورسىقىدا نېمە ئويۇنلار بار، كىم بىلىدۇ؟ ھەربىي ھوقۇقنى تۇتقۇزۇپ قويساق مەن خاتىرجەم بولالمايمەن. ھازىرچە دۇبەن مەھكى-



www.uyghurkitap.com

مسىدە مېنىڭ نازارىتىمدە سەنمۇ بولۇپ تۇرسۇن، كېيىن قاراپ باقمايمىزمۇ.

— ئەمىسە ئۇنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرايلى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭ پاراڭلاش، مەن كۆرۈشمەي تۇراي، — جىن شۇرېن شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ ئەسنەشكە باشلىدى.

لۇ شياۋزۇ شېڭ شىسەينى ھەربىي ئىشلار نازارىتىگە باشلاپ كېلىپ نازىر بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۆز ئارا ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، جىن شۇشىن ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن قانداق ئويلىرىنىڭ بارلىقىنى سورىدى.

— مەن شىنجاڭغا بىرەر ئىش تېپىپ قىلاي دەپ كەلدىم، — دېدى شېڭ شىسەي، — قانداقلا خىزمەت بولسا مەيلى، خىزمەت تاللىمايمەن.

— ياخشى، جاسارىتىڭىز باردەك قىلىدۇ، بۇ روھىڭىزغا قايىل بولدۇم. دۇبەن مەھكىمىسىگە بىر سەنمۇ لازىم ئىدى، كىچىك كۆرمىسىڭىز شۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ماڭا ئانچە - مۇنچە مەسلىھەت بېرىپ، يول كۆرسىتىپ تۇرسىڭىز قانداق بولار؟

— نازىر جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا! ھەرقانداق ئىشنى ئىشلەشكە رازىمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىز تاپشۇرغان ئىشلارنى ئورۇندايمەن.

تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈش خېلى كۆڭۈللۈك بولدى. بىراق، شېڭ شىسەي ئاغزىدا «ھەرقانداق ئىشنى ئىشلەشكە رازىمەن» دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە باشقىچە بولۇپ قالغانىدى. شۇنچە ئۇزاق يەردىن جىن شۇرېننى دەپ كەلسەم ئازراق بولسىمۇ يۈزۈمنى قىلىپ قويمىدى. سەنمۇبۇدا بۆلۈم باشلىقى ئىدىم، بۇ يەرگە كېلىپمۇ سەنمۇ بولۇپ قالدىم، ھەربىي ئۇنۋانىم يەنىلا شاڭشياۋ. جىن شۇشىننىڭ كۆزلىرىدىن ياخشى ئادەم ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتمەكمۇ تەس

ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئارقىدىنلا يەنە، مېنىڭ مەقسىتىم كىچىك ئىشلارنى ئەمەس چوڭ ئىشلارنى قىلىش، مۇشۇ جاسارد-تىمدىن يانمىسامىلا كىچىك ئەمەلدىن چوڭ ئەمەلگە تەرەققىي قىلالا-لايمەن. هازىر قانداق چاغ؟ بۇ يەرگە يېڭى كەلدىم، ئادەم ھەم مۇھىت بىلەن تونۇشلۇقۇم يوق، شۇڭا قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپ، بىر پىكىرگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن كۆڭلى خېلى تىنغاندەك بولدى.

خىزمەتكە تەيىنلىنىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن، شېڭ شى-سەي ئاتالمىش سەنمۇلۇقنىڭ ئانچە - مۇنچە كېلىپ قويىدىغان، مەخپىيەتلىكى يوق ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىن باشقا قىلىدىغان ئىش يوق بىكارلا يۈرىدىغان مەنسەپ ئىكەنلىكىنى، ھەربىي مەخپىيەتلىككە ئائىت ئىشلار بىلەن كادىرلار ئىشىنى پۈتۈنلەي جىن شۇشىن قولىغا ئېلىۋالغانلىقىنى چۈشەندى، بۇ ئىشلارغا ئۇنى يېقىنمۇ كەلتۈرمىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىشداشلىرىدىن بىرىمۇ ئۇنى پىسەنتىگە ئېلىپ قويمىدى، ئۇلارغا شۇنچىلىك ۋاي دېسىمۇ، ئۇلارنى ھۆر-مەتلىسىمۇ ھېچكىم ئۆزگە ئىلمىدى. بۇمۇ چۈشىنىشلىك ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇ گەنسۇلۇقلار گۇرۇھىنىڭ ئىچىگە قانداق سى-ڭىپ كىتەلىسۇن؟

ئۇ خىزمەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل بولدى، قىلچە بىخەستە-لىك قىلمىدى، ھەممە ئىشنى جاي - جايىدا، قۇسۇر تاپقۇسىز ئىشلىدى، خىزمىتىدىن باشقا ئىشلارغا زادىلا ئارىلاشمىدى.

سەنمۇلۇق خىزمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۇ ئادەتتە ئۈستىلى ئۈستىدىكى ھۆججەتلەرنى قارا تور رەخت بىلەن يېپىپ قوياتتى. تۇغقانچىلىق، ئاغىنە - بۇرادەرلىك مۇناسىۋەتلەر بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتقان ئەمەلدارلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئو-فىتسېرلار شېڭ شىسەينىڭ بىلىمىگە چىدىماي ھەممە ئىشتا ئۇ-نىڭغا تۇزاق قۇرۇۋاتقان بىر چاغدا شېڭ شىسەينىڭ بۇ ھەرىكىتى-



www.uyghurkitap.com

نى كۆرۈپ، ئۆزىنى مەنلا ھەقىقىي تالانتلىق ئادەم، دەپ بىزگە كۆز ـ كۆز قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچلۈك قىلىشقا باشلىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا شېڭ شىسەي ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇشقا، ھەر-قانداق ھاقارەتكە چىداشقا مەجبۇر بولۇپ، سېنىڭ راست دەپ يۈرۈۋەردى.

قىلىدىغانىغا ئىشى بولمىغاچقا، جىن شۇرېن، جىن شۇ-شىنلارنىڭ بۇ ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، خىزمەت ۋاقتىدا بەزىدە يەپ ـ ئىچىپ، قىمار ئويناپ ئولتۇرۇ-شاتتى. شېڭ شىسەي بۇنداق ئىشلاردىن بىزار ئىدى، بۇ ئىشلارنى ئەخلاق ـ قائىدىگە مۇخالىپ ئىشلار دەپ قارايتتى. ئەمما، كۆرۈ-نۈشتە ئۇلارغا ماسلاشقاندەك، ئۇلارنىڭ ئۇ ئىشلىرىنى بىلمىگەن-دەك يۈرەتتى، ھەرگىز قارشى تۇرمايتتى، ئۇلارمۇ ئۇنى ئۇنداق ئىشلارغا زورلىمايتتى. ئۇ قولىدىكى ئىشىنى قويۇپ بىر چەتتە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قاراپ تۇراتتى. ئارىلاپ ئۇلار ماجاڭ ئوينىغان، قارتا ئوينىغان چاغلاردا ئادەم كەم بولۇپ قالسا كەم ئادەمنىڭ ئورنىغا سەپلىنىپ ئويناپمۇ قوياتتى. شېڭ شىسەي بۇ ئويۇنلارغا ئۇستا ئىدى، ئەمما بۇ يەردە قەستەن ئۇلارغا ئۇتتۇ-رۇپ بېرىپ ئۇلارنى خۇشال قىلاتتى. بەزىدە يېڭىپ قالسا ئۇتقان پۇلىنى ھەرگىز يانچۇقىغا سالمايتتى، ئۇلارغا خەجلەپ بېرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ نان قېپىلار ئاستا ـ ئاستا شېڭ شىسەينى ياخشى كۆرۈپ قالدى، بەزىدە شېڭ شىسەينىڭ مەردلىكىنى، قابىلىيىتىنى جىن شۇشىننىڭ ئالدىدا ماختاپمۇ قويۇشاتتى. ئۇ-نىڭغا قوشۇپ لۇ شياۋزۇنىڭ جىن شۇرېننىڭ ئالدىدا شېڭ شى-سەينىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشلىرى، شېڭ شىسەينىڭ پۇرسەت بولسىلا نازىر يانابلىرىغا سوۋغا ـ سالاملارنى كىرگۈزۈپ تۇرۇش-لىرى نەتىجىسىدە جىن شۇشىن ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا ئىشىنىدى-غان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەي شاڭشياۋ دەرىجىلىك

سەنمۇلۇقتىن شاۋجياڭ دەرىجىلىك مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈلدى، قو-
شۇمچە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار مۇئەللىمى
بولدى.

1930 - يىلى 12 - ئايدا، شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە ئىككى ئاي بولغاندى، شۇ ئايدا شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە كاندىدات ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارار ئوقۇ-غۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى، ئارقىدىن بىر يولىلا 250 نەپەر يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇتقۇچى يېتىشمەي قالدى. بۇ ئىشنى ئاڭلىغان شېڭ شىسەي ھەربىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇت-قۇچى بولۇشنى ئۆزلۈكىدىن تەلەپ قىلدى. جىن شۇرېن بۇنى بىرنەچچە ئۇششاق بالىغا بىر نەرسىلەرنى ئۆگىتىدىغان ئىشقۇ، دەپ ئاددىيلا قاراپ ئۇنىڭ تەلىپىگە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ھەم ئۇنى تاكتىكا ئۆگىتىدىغان باش ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىققا تە-يىنلىدى.

بۇيرۇق ئېلان قىلىنغاندا شېڭ شىسەي بەكمۇ خۇشال بو-لۇپ، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ قىزىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتتى ۋە خوتۇنىغا قورۇمىلارنى قورۇپ ئۇستەل راسلاشنى بۇيرۇدى. چيۇ يۈفاڭ ھەيران قېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئېرىدىن سورىدى:

— سىزنى شۇنچىــلا خۇشال قىلىۋەتكۈدەك قانداق ئىش بولدى؟

— پەرەز قىلىپ باقە!

— يەنە پۇل ئۈتتۈڭىزمۇ؟

— ياق!

— بىرەر ناھىيىگە ھاكىم بولدىڭىزمۇ؟

— ئۇمۇ ئەمەس. مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن.

— ئەمىسە ماڭا خىزمەت تاپقان ئوخشىمامسىز؟ — ئېرى بىلەن بىللە يىراق يۇرتلارغا كەلگەن بۇ ئوقۇمۇشلۇق ئايال ھازىر. غىچە ئۆيدە ئېرى بىلەن قىزىنىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ ئولتۇ-

روۋاتاتتى.

— ئۇمۇ ئەمەس!

— ئەمىسە نېمە ئىش؟ بولدى، پەرەز قىلمايمەن! — چيۇ يۇفاڭ خاپا بولۇپ قالدى.

— مەن ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە تاكتىكا ئۆگىتىدىغان باش ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولدۇم.

— مەن تېخى قانداق بىر ئاجايىپ ئىشكىن دەپتىمەن. سىز ئۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغان ئادەم ئەمەسقۇ؟ نەنجىڭدە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ھەربىي ئوقۇتقۇچىسى بولدىڭىز، بېيجىڭدىمۇ بىر يىل دەرس ئۆتتىڭىز، شۇنداق تۇرۇپ بۇ يەردىكى كاندىدات ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولغىنىڭىزغا ئەجەبمۇ خۇشال بوپكېتىپسىزا!...

— سەن چۈشەنمەيسەن، بۇ مېنىڭ شىنجاڭدا پۇت دەسسەپ تۇرۇشۇمنىڭ ئاساسى.

چيۇ يۇفاڭ ئۇنىڭ مەقسىتىنى يېرىم چۈشىنىپ، يېرىم چۈشەنمەي «ھىم»لا دەپ قويدى.

شېڭ شىسەينىڭ كاللىسى جىن شۇرېننىڭكىدىن خېلىلا مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ ھەربىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدىن (ئوقۇغۇچىلار ئارا مۇناسىۋەتمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) توقۇلغان تورنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يولىدا ئوينايدىغان ئالاھىدە رولىنى بەكمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا، ھەربىي مەكتەپنى ھەربىي ئىشلاردىكى قابىلىيەتلىك ئادەملەرنىلا تەربىيىلەيدىغان بۆشۈك دەپ قارىماي، يەنە ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنىمۇ تەربىيىلەيدىغان بازا دەپ بىلەتتى.

شېڭ شىسەي تاكتىكا ئۆگىتىدىغان باش ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىلار دەرسنى ئۆلۈك ئۆتەتتى، ئۆتكەن دەرس-

لىرىنىڭ مەزمۇنى كونا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى زادىلا قىزىقتۇرالمايتتى. شىڭ شىسەي سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي بىلىملەرگە تولىمۇ ئىشتىياقمەن ئىدى، تاكتىكا دەرسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونلارنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن دەرس ئۆتەتتى، ئۆتكەن دەرسلىرىنى ئوقۇغۇچىلار ئوڭاي قوبۇل قىلالاتتى. دەرس ئۆتكەندە يەنە ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئائىت بىلىملەرنى، يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى قوشۇمچە سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي بىلىملەرنىلا ئۆگىنىپ قالماي، سىياسىينىمۇ ئۆگىنىشكە يېتەكلەيتتى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ھەربىي ئالىملا ئەمەس، بەلكى يەنە پىشقان سىياسىيون دەپمۇ بىلىشەتتى، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىغا ئۆرلىشىنى، ئىشلىرىدا ئۇتۇق قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. شىڭ شىسەيمۇ ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا ئۇلارنى ئىنتىلىپ ئىلگىرىلەشكە، ئورتاق تەرەققىي قىلىشقا يوشۇرۇن ئۈندەپ تۇراتتى.

شىڭ شىسەي يەنە ئەقىللىق، چىچەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ ماڭدى. كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تۇنجى مەخپىي رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان ۋاڭ يۇشۇ ئۇنىڭ مەكتەپتىكى چاغدىكى ئوقۇغۇچىسى ئىدى.

شىڭ شىسەي ئوقۇتۇش ئىشىدىن باشقا جەمئىيەتنىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىپ، تەكشۈرۈپ ماڭدى. شۇ جەرياندا ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن چەت، قالاق، بېكىنمە ھالەتتىكى بىر جاي ئىكەنلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكىنى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىقىنى، مۇشۇ ئەھۋاللاردىن جىن شۇرېن گورۇھىنىڭ ئۆزىنى بارماي گۇمران بولىدىغانلىقىنى، جەمئىيەتتە چوقۇم چوڭ داۋالغۇشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىدى.

# 3 . يېغىلىق يىللىرىدىكى قەھرىمان

## قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە «گا سىلىڭ»

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا كەلگەن بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىللەتلەرنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

شەرقىي شىمالدىكى ئائىلىسىدىن ئون پارچە خەت كەلگەن بولسا سەككىز ـ توققۇز پارچىسىنىڭ ئېچىپ ئوقۇلغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى، ئىلگىرىكى خىزمەتداشلىرى ۋە ئاغىنىلىرىدىن كەلگەن خەتلەر ئۆزىچىلا يوقاپ كېتەتتى.

كوچىلاردا بىرنەچچە ئەسكەرنىڭ چەمبەرچاس باغلانغان پۇقرالارنى يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۈندە كۆرگىلى بولاتتى، كىشىلەر: «قايسى بىچارىدۇ بۇ، بېشىغا بالا ـ قازا كەلگەن» دېيىشىپ، دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى.

ئەسكەر، دېھقان، ئىشچى، سودىگەرلەر شىڭشىڭشياغا بېرىپ كەلمەكچى بولسا چوقۇم جىن شۇرېن قول قويغان يول خېتى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق يول خېتى بولمىسا قانات ياساپمۇ بارغىلى بولمايتتى. ھەتتا ئۆلكە ئىچىدە تۇغقان يوقلاپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بارسىمۇ، تىجارەت قىلسىمۇ جىن رەئىسنىڭ تامغىسى بېسىلغان خەت بولمىسا بولمايتتى.

بىر كۈنى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۇشەن جىن

شۇرېنغا:

— شىنجاڭدا تېرىلغۇ يەرلەر كۆپ، سۇلا بولسا ھەر يىلى يۇقىرى ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. ۋۇجياچۇ، باجياخۇ تەرەپلەردە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كومباين سېتىۋېلىپ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرساق بۇمۇ سىزنىڭ تۆھپىڭىز بولاتتى، — دېدى.

— بۇرادەر، — دېدى جىن شۇرېن كۈلۈپ كېتىپ، — شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنى بىلەن قونىقى ھەممىمىزنىڭ يېيىشىگە يېتىدۇ، پۇقرالار بىلەن مەنپەئەت تالىشىپ نېمە قىلىمىز.

— شىنجاڭدا ئاشلىق كۆپ، — دېدى يەن يۈشەن يەنە، — مېۋە - چېۋىلەرمۇ نۇرغۇن، بولۇپمۇ پىچاننىڭ قوغۇنى، كۇچانىڭ ئۆرۈكى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرىنى شىنجاڭنىڭ ئادەملىرى قانداقمۇ يەپ تۈگىتەلىسۇن؟ نۇرغۇنى سېسىپ تۈگەيدۇ، شۇڭا ھاراق زاۋۇتلىرىنى، كونسېرۋا ياسايدىغان زاۋۇتلارنى قۇرساق...

— ئىچكىرىدىكى شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق جايلارنىڭ ھاراقلىرى بىلەن كونسېرۋالىرىنىڭ باھاسى ئەرزان، سۈپىتىمۇ ياخشى، ئۇ نەرسىلەرنى شىنجاڭدا ياسىسىڭىز ھەرگىز ئۇلارنىڭكىدەك ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشقا بېشىڭىزنى قاتۇرماي، ئىشىڭىز يوق زېرىكىپ قالغان چاغلىرىڭىزدا نەزمىڭىزنى يېزىپ، ھارىقىڭىزنى ئىچىپ يۈرۈڭ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ رەئىس بولۇپ تۇرغان شۇ كۈنلەردە شىنجاڭنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىقىدا ھېچقانداق تەرەققىيات بولمىدى.

ئەلۋەتتە، زادىلا ئىلگىرىلەش بولمىدى دېسەك جىن رەئىسكە سەل ئۇۋال قىلغان بولىمىز، ئۆزى ئۇچۇن پۇل كىرىدىغان، مالىيىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىدىغان بىرنەچچە ئىشنى قىلغانمۇ بولدى.

شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئەلتېرە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق ئىدى، بولۇپمۇ قاراكۆل تېرىسىنىڭ خەلقئارالىق بازارلاردا بازىرى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. مەرى تېرە[1]تېخىمۇ قىممەتلىك ئىدى، بۇنداق تېرە ئىككى قوينىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ئېلىناتتى، بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. بۇنداق تېرە يۇمشاق، بۇدۇر كېلىدۇ، شەكلى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، پارقىراپ تۇرىدۇ. سودىگەرلەر بۇ تېرىلەردىن ھەر يىلى تيەنجىنگە نۇرغۇن ئاپىرىپ چەت ئەللىكلەرگە سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالاتتى. جىن شۇرېن بۇ سودىدىن نۇرغۇن پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، «پۇقرالار بىلەن مەنپەئەت تالىشىپ نېمە قىلىمىز» دېگەن گېپىنى ئۇنتۇپ، ئۆزى ئەلتېرە شىركىتى قۇردى ۋە ھەربىر تېرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ تيەنجىندە ئون باراۋەر قىممەت ساتتى، بۇنىڭ بىلەن يېزا - بازارلاردىكى سودىگەرلەر نۇرغۇن زىيان تارتتى.

جىن شۇرېن يەنە ئالتايدىكى ئالتۇن كانلىرىنى، خوتەندىكى قاشتېشى بازارلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، ھەر يىلى ئالتۇن ئىدارىسىنىڭ ئادىمىدىن ئىككىنى، باجخانا خادىملىرىدىن تۆتنى ئاشۇ جايلارغا ئەۋەتىپ نازارەت قىلدۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈن بايلىق توپلىدى. ئالتايدىكى ئالتۇن كانلاردا 5 — 6 مىڭ ئادەم ئالتۇن قازاتتى. جىن شۇرېن ئالتۇننىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆزى بېكىتىپ، كۈندىن - كۈنگە كۇرسى چۈشۈپ كېتىۋاتقان كۈمۈش پۇلنىڭ چەك قەغىزىگە ئالتۇن سېتىۋالاتتى، ئاندىن ئۇنى ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالاتتى. ئۇ گېرمانىيىلىك ئۇچقۇچى راتيانى نۇرغۇن پۇلغا ياللىۋېلىپ ئۈرۈمچىدىن 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئالتۇننى بېيجىڭغا ئايروپىلان بىلەن يۆتكىدى. كان ئىشچىلىرى بىلەن سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بۇ قىلمىشلار

[1] ساغلىقنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئالغان قوزىنىڭ تېرىسى.

1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پارتلىغان كېرىيە، قارىقاش ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىغا سەۋەبچى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش ئوتى تۇتىشىپ كەتتى.

باسما زاۋۇتلىرىدا پۇل بېسىش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئۇ زاۋۇتلاردا كىتاب بېسىلمايتتى، كۈندە بىر ۋاراق چىقىدىغان، ئىككى ـ ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدىكى خەۋەرلەر بېسىلىدىغان، بىرنەچچە يۈزى بېسىلسىلا ئېھتىياج قاندىغان «تەڭرىتاغ گېزىتى» نى باسقاندىن باشقا ھېچنېمە باسماي پۇللا باساتتى. جىن شۇرېننىڭ قۇدىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ رۇيچى: «ياڭ زېڭشىننىڭ دەۋرىدە بىر سەر كۈمۈش قىممىتىدىكى پۇلدىن ھەر ئايدا 1 مىليون 300 مىڭى بېسىلاتتى، جىن شۇرېننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئۈچ سەر، بەش سەر كۈمۈش قىممىتىدىكى پۇلدىن 7 مىليون 500 مىڭى بېسىلىدىغان بولدى» دېدى. قەغەز پۇل زور مىقداردا بېسىلسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كۇرسى چۈشىدىغان گەپ. 1928 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئىككى سەر بىر مىسقال قىممىتىدىكى قەغەز پۇلنى تيەنجىنگە ئەۋەتىپ بىر يۈەن تەڭگە پۇلغا تېگىشكىلى بولاتتى، 1929 ـ يىلى جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، 15 سەرلىك قەغەز پۇل بىر يۈەن تەڭگە پۇلغا تېگىشىلىدىغان بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلار ئىچىدىكى چىرىكلىك، زومىگەرلىكلەر باندىتلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللىي زىددىيەتنى كۈچەيتىۋەتكەچكە، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى پارتلاشقا باشلىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدا ئۈچ يىل داۋاملاشقان، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە چوڭ چېكىنىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قوزغىلاڭلار-

نىڭ ئەڭ دەسلەپتىكىسى قۇمۇلدا پارتلىدى.

قۇمۇل شىنجاڭنىڭ شەرق تەرىپىدىكى گەنسۇدىن شىنجاڭغا ئۆتۈدىغان بىرىنچى دەرۋازا، شىڭشىڭشيادىن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىرىنچى چوڭ شەھەر ئىدى. بۇ پەۋقۇلئاددە بىر رايون بولۇپ، بۇ رايونغا 1697 - يىلى تۇنجى ئۇيغۇر ۋاڭى ئەبەيدۇللا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان، كېيىن ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇپ كەلدى ھەم ئۇلارنىڭ خەلققە سالغان ئالۋان - ياساقلىرى يىلمۇ يىل ئېشىپ، تېرىلغۇ يەرلىرى كۆپىيىپ باردى، ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئادەملىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ پۇقرالىرىمۇ بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتتى. 1915 - يىلى 2 - ئايدا، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك ۋاڭ، گۇڭلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ جۇمھۇرىيەتنى قوللىدى، ئارقىدىن يەنە يۈەن شىكەينى تاۋاپ قىلىپ بېيجىڭغا باردى. بۇ ئىش يۈەن شىكەينىڭ خان بولۇش ئارزۇسىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. نەتىجىدە، ئۇ ھاياجانلىنىپ كېتىپ شامەخسۇتقا «سۆيۈرغاللىق قوش تەمىنات» بېرىپ ئۇنى «قوش ۋاڭ» قىلىپ قويدى، بېرىلىدىغان تەمىناتىنىمۇ بىر ھەسسە ئۆستۈرۈپ 4 مىڭ سەر كۈمۈش، ئەتىياز، كۈز ئىككى پەسىل بويىچە 570 دەن گۈرۈچ بېرىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئوغلى بىشىرغا «بىزى» دېگەن مەرتىۋىنى ئاتا قىلدى، تەمىناتىغا 500 سەر كۈمۈش، 119 دەن گۈرۈچ بەردى.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا ئايرىم ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىقلار ئاشۇ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. يالغۇز قۇمۇل خەلقىلا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىدى، بۇ ئالاھىدە بىر ئەھۋال ئىدى.

قۇمۇل ۋاڭ سەككىز چوڭ «دورغا» (كەنت باشلىقى) غا

تايىنىپ تۇرۇپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇلار
ۋاڭنىڭ ئوۋ ئىتلىرى ئىدى، ھەربىرىنىڭ قول ئاستىدا نۇرغۇن
قولچۇماقلىرى بار ئىدى، ھەممىسى ئالۋان يىغىپ بېرىش باھانى-
سى بىلەن دېھقانلارنى قاتمۇ قات شىلىپ ئۆزلىرىگىمۇ بايلىق
يىغاتتى، دېھقانلار قاتمۇقات ئالۋانلارنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بو-
لۇپ ئۆمۈرۋايەت قۇلدەك ئىشلەپ ئۆتەتتى.
ۋاڭغا ھاشارغا ئىشلەپ بېرىش دېھقانلارنىڭ باش تارتىپ
بولمايدىغان ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دېھقانلارنى
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ ئاساسلىق ۋاسىتىسى ئىدى. دەس-
لەپتە دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسىغا ئايدا ئۈچ كۈن ھەقسىز ئىشلەپ
بېرەتتى، كېيىن بەش كۈنگە، يەتتە كۈنگە كۆپەيدى. مەيلى
ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى، كۈزلۈك يىغىم ۋاقتى ياكى دېھقانچى-
لىقنىڭ باشقا ئالدىراش ۋاقتى بولسۇن، دېھقانلار ئالدى بىلەن
ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭدىن
كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئوتاق يېرىگە ئىشلەيتتى.
دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن باشقا، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئۆي
ئىشلىرى، ئۆستەڭ چېپىش، كارىز چېپىش، ئۆي سېلىش، كان
ئېچىش، مال بېقىشتەك ئىشلىرىنى قىلىشمۇ دېھقانلارنىڭ زىم-
مىسىدە ئىدى، يىل بويى ئىشلەپ تىنمايتتى.
ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۇھاپىزىتى بەكمۇ چىڭ ئىدى، ئوردا
دەرۋازىسىغا «ۋاڭ ئوردىسىغا ئىختىيارىي كىرىش چەكلىنىدۇ»
دېگەن خەتلەر يېزىلغان يوغان بىر پەيزە ئېسىقلىق ئىدى. دەرۋا-
زىنىڭ بىر تەرىپىگە كالتەك بىلەن قامچا قويۇپ قويۇلغان بولۇپ،
«قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان» دېھقانلارنى شۇ نەرسىلەر بىلەن
جازالاپ تۇراتتى. دېھقانلارنىڭ ھاياتى زادىلا كاپالەتكە ئىگە ئەمەس
ئىدى، ئازراقلا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا كالتەك يەيتتى،
چوڭراق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويسا قاراڭغۇ ئۆيگە سولىناتتى ياكى
بىرنەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يايلىقىغا

قوي ـ كالىلارنى بېقىشقا سۈرگۈن قىلىناتتى، ئۇنىڭدىنمۇ ئې-
غىرراقلىرىغا ۋاڭنىڭ ئۆزى ئۆلۈم جازاسى بېرەتتى، ئۆلتۈرۈل-
گەنلەرنىڭ سورىقى بولمايتتى.

ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ئۇيغۇر دېھقانلىرى پىچاق سۆڭەككە
يەتمىگۈچە جاننى قولغا ئېلىپ چىقمايتتى. 1907 ـ يىلى،
ئاكا ـ ئۇكا تورپاقلار بىرقانچە يۈز دېھقاننى باشلاپ قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى كېسەك بىلەن ئېتى-
ۋەتكەنىدى. بەش يىلدىن كېيىن، نەچچە مىڭ دېھقان تۆمۈرنىڭ
رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ۋاڭ ئوردىسى بىلەن كەڭ
كۆلەمدە قوراللىق ئېلىشتى. بۇ ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ
تەلىپى ئالۋان ـ ياساقنى ئازايتىش، ۋاڭلىق تۈزۈمنى بىكار
قىلىش ئىدى. لېكىن، ۋاڭ ئوردىسى ھەر قېتىمقى قوزغىلاڭدا
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ دېھقانلارنىڭ قارشى-
لىقلىرىنى باستۇردى.

1930 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، قوش ۋاڭ شامەخسۇت ئۆلۈپ
ئورنىغا ئوغلى بىشىر ۋاڭ چىقتى. ئۇمۇ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام-
لار بىلەن جىن شۇرېننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورى-
دى. بۇ قېتىممۇ دېھقانلار ۋاڭلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى،
ئالۋان ـ ياساقنى يوق قىلىشنى، دېھقانلارغا ئەركىنلىك بېرىشنى
تەلەپ قىلىشقانىدى.

جىن شۇرېن قول ئۇلدا تۇرۇشلۇق شىنىڭ شىجاڭى لىۇ شى-
زېڭدىن مۇشۇنداق بىر ھالقىلىق چاغدا خەلقنىڭ رايى بويىچە
ۋاڭلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىۋەتسە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى
سورىغانىدى، لىۇ شىزېڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: مۇشۇ پۇرسەتتە
ۋاڭلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىپ يەرلەرنى دېھقانلارغا بېرىش كې-
رەك. بۇنداق قىلىشنىڭ بۇنداق تۆت ياخشى تەرىپى بار: بىرىن-
چى، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقىلى بولىدۇ، ھەر
مىللەت خەلقى چوقۇم ھۆكۈمەت بىلەن جىن رەئىستىن قاتتىق

رازى بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىرىنى گەنسۇ ئۆلكىسىدىن قۇمۇلغا قېچىپ چىققان خەنزۇلارنىڭ تېرىشىغا بەرسەك ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولىمىز؛ ئۈچىنچى، غەللە ـ پاراق بىلەن باجنى كۆپەيتىمىز؛ تۆتىنچى، يېڭى سىياسەت ئىسلاھاتىدىكى توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ ھەم قۇمۇل رايونىنىڭ ئالاھىدە ئورنى بىكار قىلىنىدۇ.

جىن شۇرېن ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ئىشنى قىلدى:

1. ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ ھۆكۇمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلارنى قۇمۇل، باركۆل (ئورنى ئاستانىدا)، ئاراتۇرۇك (ئورنى تۇخۇلۇدا) دەپ ئۈچ ناھىيىگە بۆلۈۋەتتى. 1931 ـ يىلى يېڭى يىلدا ئۈچ ناھىيە رەسمىي قۇرۇلدى.

2. قۇمۇل ۋاڭنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۆلۈۋەتتى. ئەسلىدە قۇمۇل ۋاڭنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تېرىيدىغان (تەخمىنەن 40 مىڭ مو يەر، ئۇنىڭدىن باشقا ئېچىلمىغان يەرلەرمۇ بار) 6مىڭ 500 نەپەر دېھقان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە باشقىدىن ئۆزلىرىنى تىزىملىتىپ يەر تېرىش گۇۋاھنامىلىرىنى قولىلىرىغا ئالدى. قۇمۇل ۋاڭنىڭ باشقا جايلاردىكى مال ـ مۈلۈكلىرى، مەسىلەن، ئۆي ـ جاي، باغ، داچا، تۈگمەن قاتارلىقلارنى شۇ جايلاردىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار بۆلۈشۇۋالدى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ لىيەنجاڭ، پەيجاڭلىرىغا، كۆپ قىسمى گەنسۇدىن كەلگەن مۇساپىرلارغا بۆلۈپ بېرىلدى.

3. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كۈچى پارچىلىنىۋېتىلدى. بىشىر ۋاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى، دېگەن نام بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىدى، ئەمەلىيەتتە نەزەربەندكە ئېلىنىدى. ۋاڭ ئوردىسىدا ۋاڭ بولمىغاندىكىن، «دورغا»لار تايانچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، خۇددى ئىگىسى كوچىغا پە-

ئىرىۋەتكەن لالما ئىتلارغا ئوخشاپ قالدى. ئەسلىدە ۋاڭ ئوردىسىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك دۇتۇ بولۇپ تۇرغان يولۋاس قۇمۇل ئاتلىق يىڭنىڭ يىڭجاڭلىقى بىلەن ئاپتوموبىل ئىدارىسى قۇمۇل تارماق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ قويۇلدى.

ئەسلىدە بۇ خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان زور بىر ئۆزگىرىش بولۇپ، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى بۇنىڭدىن ئەڭ زور دەرىجىدە مەنپەئەتلىنىشى كېرەك ئىدى، شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ ئىسلاھات ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان بولاتتى. لېكىن، ئەمەلىي ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى، ئۇيغۇر دېھقانلار بۇ ئىسلاھاتتىن قىلچە ياخشىلىق كۆرمىدى، ئەكسىچە قاتتىق زىيان تارتتى.

مەسىلە باج - سېلىق تۈزۈمىدىن كېلىپ چىقتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان غەللە - پاراق تاپشۇرۇش بەلگىلىمىسىدە، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يېرىنى يەر خېتى ئېلىپ تېرىغان دېھقانلار شۇ يىللىق يەر بېجىنى تاپشۇرغاندىن سىرت 1929 - يىللىق يەر بېجىنىمۇ تاپشۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى، گەنسۇدىن كەلگەن خەنزۇ دېھقانلارنىڭ يەر خېتى ئالغان يەرلىرىدىن ئىككى يىللىق يەر بېجىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى. بۇ ئوچۇق - ئاشكارا ناھەقچىلىك ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلماقتا يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچلۈك مىللىي كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ، بۇنداق بولىدىغانلىقىنى بالدۇر بىلگەن بولساق ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋېرەتتۇق، دېيىشتى.

قۇمۇل ۋاڭى باشچىلىقىدىكى ئوردا بىلەن جىن شۇرېننىڭ ئەسلىدىلا زىددىيىتى بار ئىدى، بۇ زىددىيەت ھامان بىر كۈنى پارتلاپ چىقاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ۋاقتى كېلىپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئاممىنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئاممىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلاھاتىغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن

ئاشلىق، قورال يىغىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ ئۇرۇش قىلىشقا مەخپىي تەييارلىق قىلدى. شىنجاڭنىڭ هازىرقى تارىخىنى تەتقىق قىلغان چەت ئەللىك بىر تارىخچى شۇنداق يازغان: ئۇلار «تۆگە بىلەن قېچىر سېتىۋېلىپ، ھېچكىم بىلمەيدىغان سوقما يوللار بىلەن قورال، ئوق - دورا، يېمەكلىك توشۇپ، ئۇ نەرسىلەرنى سوغۇق تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە يوشۇرۇپ قويىدى. تاغ ئىچىدە قورال - ياراغ توشۇيدىغان كىچىك ئەترەتلەر جەنۇبىي يولدىن، دۇنخۇاڭدىن، گەنسۇ بىلەن باركۆلنىڭ ئارىلىقىدىكى چۆل يوللىرىدىن ئۆتۈپ نۇرغۇن ئەسلىھەلەرنى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئارىتامدىكى يازلىق ئوردىسىغا توپلىدى، باغداشقىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن يېمەكلىك بىلەن قورال - ياراغلارنى توپلىدى.»

شۇ چاغدا، تاشۋېلىق يېزىسىغا قاراشلىق شوپۇل كەنتىدە تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ لىيەنجاڭى بىر ئۇيغۇر قىزىنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئېلىپ، نەتىجىدە غەزەپلەنگەن ئامما تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن «شوپۇل ۋەقەسى» قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالدى.

«شوپۇل ۋەقەسى» گە سەۋەبچى بولغان لىيەنجاڭنىڭ ئىسمى جاڭ گوخۇ بولۇپ، گەنسۇلۇق ئادەم ئىدى، شوپۇلدا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىدى، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا نارازىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرگەن ھامان شوپۇلدىكى ئەڭ مۇنبەت 100 مو يەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانىدى. ئۇ پۇلى، قورالى بار، شوپۇلدا «بايۋەچچە» دەپ نامى بار ناھايىتى مۇتتەھەم بىرنېمە ئىدى.

بىر مەشرەپتە ئۇ ئايگۈل ئىسىملىك چىرايلىق، زىلۋا بىر ئۇيغۇر قىزىغا كۆز تاشلايدۇ. ئۇ قىز 28 ياشلاردا بولۇپ، مەشرەپتە ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتىكەن. جاڭ گوخۇ ئۇ قىزنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي مەيدانغا چۈشۈپ قىزغا ئەسكىلىك قىلىشقا

باشلايدۇ، قىزنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كېلىدۇ، ئەتراپتا ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلارمۇ ئۆزلىرىنى تۇتالماي قالىدۇ. جاڭ گوخۇ ئەزەلدىن زوراۋان بىر نېمە بولغاچقا، كىشىلەرنى قورالى بىلەن قورقىتىپ ئۇ قىزنى تۇرالغۇسىغا ئاپىرىپ نومۇسىغا تەگمەكچى بولىدۇ، بۇنى ئاڭلاپ خەلق ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ.

جاڭ گوخۇ ئۇلارغا قىلچە يول قويماي، ئۇ قىز بىلەن ئۇزۇنغىچە كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنى مەجبۇرىي ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ.

جاڭ گوخۇ 1931 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنىنى خاسىيەتلىك كۈن دەپ ئويلاپ توينى شۇ كۈنى قىلماقچى بولۇپ، 30 دەك ئەسكىرىنى قوراللاندۇرۇپ قىزنى ئالغىلى بارىدۇ.

توي مەرىكىسى تېخى تۈگىمەيلا، جاڭ گوخۇ ئالدىراپ كېتىپ ھۇجرىغا قاراپ ماڭىدۇ. ھۇجرىغا كىرگەندە بىر نېمىگە پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ، ئورنىدىن قوپاي دەپ تۇرغاندا، قىزچە ياسىنىۋالغان بىرى ئۇنى بېسىۋېلىپ قولىدىكى پىچاقنى گېلىغا سۈرىدۇ، شۇئان گېلىدىن ئوقتەك قان ئېتىلىپ چىقىپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ. بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ھويلىدىكى ئەسكەرلەرنىمۇ كىشىلەر تاياق - توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ بىرىنىمۇ ئامان قويماي ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن شوپۇل خەلقى ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ، ئالدىن بېكىتىلگەن پىلان بويىچە شۇ كېچىسىلا غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى 80 چاقىرىم كېلىدىغان تاشۋېلىققا قاراپ ماڭىدۇ.

شوپۇل ۋەقەسى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا تۇتۇرۇق بولۇپ، جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش يالقۇنى شۇئان پۈتۈن قۇمۇلغا تۇتىشىپ كەتتى.

ليۇ شىزېڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان ئۇلارنى باستۇ-

رۇش ئۇچۇن ۋەقە چىققان جايغا قاراپ يولغا چىققتى، لېكىن بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ غەزەپ ئوتى پەلەككە يەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى «قوش مىلتىقلىقلار» دىن بولغاچقا، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

جىن شۇرېن ليۇ شىزېڭنىڭ ئامال قىلالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى جۇ رۇيچىنى قوشۇن باشلاپ كېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا يۆتكەپ كەلدى. جۇ رۇيچى ئەنخۇيلۇق ئادەم ئىدى، قىزى جۇ يۈيىڭنى جىن شۇرېننىڭ ئوغلى جىن شۇدىڭغا ياتلىق قىلىپ بەرگەنىدى. جۇ رۇيچى قۇدىلىق مۇناسىۋەت بولغاچقىمۇ، ئامالسىز جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغانىدى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، زىيان تارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئېيتتى. جۇ رۇيچى خىزمەت كۆرسىتىشكە ئالدىراپ ھەم ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىپ سۆھبەتكە كەلگەن ۋەكىللەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، نەتىجىدە سۆھبەت دەرۋازىسى ئېتىلىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى قايتا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

قوزغىلاڭچى دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى خوجانىيازنىڭ رەھبەرلىكىدە باغداشقا كىرىپ كەتتى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىدە تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي تاغ تىزمىلىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى، چوققىلىرى ئېگىز، يىل بويى قار كەتمەيتتى، تاغنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان توققۇز ئېغىز بار ئىدى. چوڭراق ئېغىزنىڭ ئىسمى «باغداش» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يەرنىڭ يوللىرى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، بىرلا ئات بىلەن ماڭغىلى بولاتتى، يولنىڭ ئىككى تەرىپى تىك قىيا ئىدى، تاغ ئېغىزىدا بىرلا ئادەم تۇرۇۋالسا 10 مىڭ ئادەممۇ ئۆتەلمەيتتى. نەتىجىدە، ئۇ جاي «باغداش» دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

خوجانىيازغا كەلسەك، ئۇ مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارى-

خىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان شەخسلەرنىڭ بىرى، بىر مەزگىل تازا شۆھرەت تاپقان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئۇنىڭ مىللىتى ئۇيغۇر، 1896 ـ يىلى قۇمۇلنىڭ تاراتى دېگەن يېرىدىكى ۋاڭنىڭ بىر ئوتاقچىسىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئالتە ياشقا كىرىپ ئات مىنگۈدەك بولغاندا بايلارنىڭ ماللىرىنى بېقىشقا باشلىغان. باشقا باللار 50 قوي باقسا، ئۇ 300 دىن ئارتۇق باقاتتى. 1912 ـ يىلى ئۇ 16 ياشقا كىرگەنىدى. شۇ يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنىنىڭ تۆەنجاڭىنى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدە، قوزغىلاڭغا قاتناشقان خوجانىياز ئۇنىڭ كۆزىنى بىر پاي ئوق بىلەن قارىغۇ قىلىپ قويغانىدى. ئىككىنچى يىلى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولۇپ، خوجانىياز ئۆزى يالغۇز ئالتايغا، ئاندىن روسىيىگە، تۈركىيىگە كەتتى، ئاخىردا سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەجگە بېرىپ ھاجى بولدى.


خوجانىيازھاجى (1896—1941)

خوجانىياز قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، كۆپنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاجى بولغاچقا، ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر ئۇنى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلغانىدى. شوۋل ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇ يەنە قوشۇن توپلاپ، ليۇ شىزېڭنىڭ بىر يىڭ ئەسكىرىنى يوقىتىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي تاغدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئاتامانى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

شەرقىي تاغ قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالىغا 200 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى تاغلىق بولۇپ، ئورمىنى قويۇق، ئوتلاقلىرى بولۇق، ماللىرى كۆپ، تاغ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلىرىدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىنىدىغان ئاجايىپ ئېسىل جاي ئىدى، ئاشلىقلىرى باركۆل، موڭغۇلىيىلەرگە توشۇلۇپ تۇراتتى. خوجانىياز نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئەمما، ئۇ ۋاڭ ئوردىسىدا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن پۇل - مالغا ئىگە بولۇپ، ئىدىيىسى ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلاپ، ئوردىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان، ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۆچەيدىغان بولۇپ قالغاندى. ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى ئېلىپ تاشلاشنى، ئۆلكە قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى، قۇمۇلنىڭ ئامانلىقىغا شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلار مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ خاراكتېرى ۋاڭلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاڭلىق تۈزۈمنى ھىمايە قىلىشقا قاراپ ئۆزگىرىپ كەتتى.

1931 - يىلى 5 - ئايدا، ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، خوجانىياز ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەمكارلاشتى، كېيىن يەنە ئىككى تەرەپ پايدا بۆلۈشكەندە كېلىشەلمەي ئايرىلىپ كەتتى. 1933 - يىلى 5 - ئايدا، ئۇ شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ مۇداپىئە قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولدى. يېرىم يىلدىن كېيىن يەنە قەشقەردىكى ئەكسىيەتچى سابىت داموللا بىلەن بىرلىشىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭتۇڭى بولدى.

شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغاندىن

كېيىن، ئۇ يەنە شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى.

1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولدى» دېگەن جىنايەت بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1941 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى دېھقانلىرى تاغقا چېكىنگەندىن كېيىن، يولۋاس ۋاڭلىق تۇزۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىكىنى تاشلاپ، ئۇيغۇر نامى بىلەن نەنجىڭگە ياردەم سوراپ بارماقچى بولۇپ قومۇلدىن مەخپىي ئايرىلدى.

يولۋاس ئەمدىلا جيۇچۇەنگە يېتىپ كېلىشىگە، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ما جوڭيىڭ ئۇنى تۇتۇپ قالدى.

ما جوڭيىڭنىڭ ئەسلىي ئىسمى ما بۇيىڭ ئىدى، كىشىلەر ئۇنى «گا سىلىڭ» دەپ ئاتايتتى. غەربىي شىمال تەرەپتىكىلەرنىڭ گېپى بويىچە «گا» كىچىك، يەنى ياش، ئۇمىدلىك ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ گەنسۇدىكى لىنشيا (خېجۇ) نىڭ مونگۇ دېگەن يېرىدىن ئىدى، ما بۇچىڭ، ما بۇفاڭلار بىلەن بىر نەۋرە ئىدى، ئەمما ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايتتى. كېيىن ئۇ ئىسمىدىكى «بۇ» دېگەن خەتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بىر نەۋرە قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىسمىنى ما جوڭيىڭ دەپ ئاتىدى.

1931 ـ يىلى، جياڭ جيېشى گەنسۇنىڭ جيۇچۇەن رايونىنى ئۇنىڭ قوغداش رايونى قىلىپ بەردى. ما جەمەتىدىكىلەر گەرچە بىر نەسەپتىن بولسىمۇ، ئەمما پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇرۇندىنلا زىددىيىتى كۈچلۈك ئىدى، بىر ـ بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايتتى. گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ئۈچ

www.uyghurkitap.com

ئۆلكىدىكى ما فامىلىلىكلەرنىڭ قوشۇنىدىكىلەر «گاسىلىڭ» نىڭ ئۆز ئالدىغا ئەسكەر ئېلىپ، ئات سېتىۋېلىپ كۈچىيىپ كېتىۋال- قانلىقىنى كۆرۈپ، بىرلىشىپ ئۇنى جازالاشنى، غەربكە تەرەققىي قىلىشقا قىستاپ، ئارقىسىدىن ئۆزلىرىمۇ يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلىشتى.

«گا سىلىڭ» مول داستىخان راسلاپ، بىرنەچچە كۈن ئاچ قالغان يولۋاسنىڭ قورسىقىنى تويغۇزدى. تاماقتىن كېيىن ما- جۇڭيىڭ ئۇنىڭدىن:

— سىز بۇ سەپىرىڭىزدە نەنجىڭگە بېرىپ مەركىزىي ھۆكۈ- مەتكە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق جىن شۇرېننىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى، شىنجاڭدىكى ئۇي- غۇرلارنى قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئوخشايسىز. سىزنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىقلىرىدا تونۇشلى- رىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن نەنجىڭگە پەقەتلا بېرىپ باقمىغان، شۇڭا ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ بىرىنىمۇ تونۇمايمەن، — دېدى يولۋاس كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى چايقاپ.

— ئۇنداق بولسا ئۇ يەرگە بارماڭ، بارسىڭىز نائۈمىد قاي- تىپ كېلىسىز، — دېدى ما جۇڭيىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ كەسكىن ھالدا.

— نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدى يولۋاس ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي.

— بىرىنچى، ئەپەندىمنىڭ ئۇياققا سەپەر قىلغان ۋاقتى توغرا ئەمەس. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تېخى ئەمدىلا جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى، شۇڭا ئۇلارغا تىنچلىق، خاتىرجەملىك كېرەك، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ھەرقانداق بىر چېگرا رايوننىڭ چوڭ ئەمەلدارىنى قانچىلىك يامان بولۇپ كەتسۇن ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتمەيدۇ. مەركەز ئەپەندىمنىڭ تەلىپىگە ماقۇل كېلىپ جىن شۇرېننى ئال-

ماشتۇرۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ، شىنجاڭ مەركەزدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا، شۇڭا مادارى يەتمەيدۇ، يەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئەپيۇنكەشنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە ئىككى - ئۈچ يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

يولۋاس ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆزى ياش بولسىمۇ گەپ - سۆزلىرىنىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ:

— جانابىڭىزنىڭ پىكرىچە بولغاندا، قۇمۇلنىڭ ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— مەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنى قۇتقۇلدۇرماقچى، دېگەن نام بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ ئالدى بىلەن قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنى قۇتقۇلدۇرىمەن، ئاندىن جىن شۇرېننى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلىمەن.

— شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىڭىز كۈچلۈكمۇ؟

— مەن شۇنچىلىك تېز سۈرئەت بىلەن ئىش باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇۋېتىمەن.

«گا سىلىڭ» نىڭ گېپى ئاڭلىماققا بىر ئاز پودەك قىلاتتى.

ئۇ چاغلاردا ما جۇڭيىڭ «گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى» ھەم جياڭ جيېشى شىنجاڭغا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇق بەرگەن ئادەم ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ 400 نەپەرلا ئەسكىرى بار بولۇپ، ئاشپەز، ئات باقار ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنى قوشقاندا ئاران 500 گە باراتتى. قوراللىرىنىڭ كۆپى نەيزە، قىلىچ ئىدى، مىلتىق، ئوق - دورىلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، لېكىن ئەسكەرلىرى باتۇر، جەڭگە ماھىر ئىدى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «گا سىلىڭ» جيۇچۈەندىن يولغا چىقىپ غەربكە قاراپ تېز ئىلگىرىلىدى. يول بويى ئاشلىقتىن قىينالغاندا قېرى ئاتلارنى، قېچىرلارنى سويۇپ يېيىشكە بۇيرۇق

قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى خەنچىڭ بىلەن مەنچىڭنى قورشىۋالدى. بۇ جايلارنى جۇ رۇيچى بىلەن لۇيجاڭ شيۇڭ فايۇ ئايرىم ـ ئايرىم قوغداپ تۇراتتى، شۇڭا بۇ جايلارنى ھە دېگەندىلا ئىشغال قىلىش تەس ئىدى. ما جۇڭيىڭ شەرقتىن شەپە بېرىپ غەربكە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قول- لىنىپ، بىر نەۋرە ئىنىسى ما جۇڭجيېنى داۋاملىق شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى يۈزچە ئاتلىق ئەسكىرىنى باش- لاپ بېرىپ باركۆلگە ھۇجۇم قىلدى، باركۆلنى قوغداۋاتقان ئەس- كەرلەر بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي دەرۋازىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى.

ما جۇڭيىڭ بۇ يەردە قوشۇنىنى ئۈچ كۈن دەم ئالدۇردى، 500 دانە مىلتىققا ئىگە بولدى ھەم قوشۇنىنى كېڭەيتتى، ئاندىن ما فۇيۈەننى 100 ئەسكەر بىلەن باركۆلنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرنى ئۆزى باشلاپ قۇمۇلنى ئېلىشقا ماڭدى.

قۇمۇلنى قوغداپ ياتقان كوماندىر ـ ئەسكەرلەر ئېگىز سې- پىلنىڭ ۋە ئەپيۈننىڭ كۈچى بىلەن يېرىم يىل بەرداشلىق بەردى. بۇ ئارىلىقتا جىن شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭنى «قىزىل باندىت» دەپ ئاتاپ، تولۇق قوراللانغان تۆت دانە كۆرەشچى ئايروپىلان ئەۋەتىپ ئۆزلە- رىنى قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىش بىلەن كارى بولمىدى.

جىن شۇرېن قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىنى كۆ- رۈپ، 8 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى لۇ شياۋزۇ- نى شەرقىي يۈنىلىشتىكى باندىتلارنى تازىلاش قوماندانلىقىغا تە- يىنلىدى. لۇ شياۋزۇ، شىڭ شىسەي سەنمۇجاڭلىققا تەيىنلەن- سۇن، دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر ئۇنى ئۆزىگە سەنمۇجاڭ قىلىۋالدى. دۇ گوجى لۇيجاڭ جىن شۇرېننىڭ يېقىنى بولغاچقا،

ئالدى بىلەن يولغا چىقىپ قۇمۇلغا قاراپ ماڭدى.

## قوش ئۆردەك رىسالىسىنى قالايمىقان ئاختۇرۇش

ما جۇڭيىڭ ئۆلكە تەرەپنىڭ چوڭ بىر قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇئان جىددىي ھۇجۇم بىلەن قۇمۇلنىڭ غەرب تەرىپىدىكى لياۋدۇننى ئىگىلەپ ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن ئېلىشىشقا تەييار تۇردى.

جىن شۇرېن لۇ شياۋزۇنى بەلگىلەشتە «قوش ئۆردەك رىسالىسىنى قالايمىقان ئاختۇرۇش» دېگەن خەلق تەمسىلىدىن پايدىلانغاندى. لۇ شياۋزۇ مۇلكىي ئادەم ئىدى، ھەربىي ئىشلارنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ۋەزىپىگە يېڭىلا تەيىنلەنگەنىدى. ئون يىلنىڭ ئالدىدا بۇرچىن ناھىيىسىگە ھاكىم ئىدى، شۇ چاغدا روسىيە تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن ئاقلارنىڭ كوماندىرى باتيۇكوف ئالتايغا ھۇجۇم قىلغاندا ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا سوۋېت ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ ئاق باندىتلارنى يوقىتىشنى تاپشۇرغان، ئۇ قوماندانلىقتا بويسۇنماي ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، نەتىجىدە باتيۇكوفدىن يېڭىلىپ زەمبىرەكلىرىنى تاشلاپ جىمسارغا قېچىپ كېلىۋالغان ۋە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمىلىدىن توختىتىپ ئالتە يىل ھېچقانداق ئىشقا قويماسلىق جازاسىغا ئۇچرىغانىدى. لۇ شياۋزۇ باشقىلارنىڭ پىكرىنى زادىلا ئاڭلىمايتتى، شۇڭا شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ رولىنى پەقەتلا جارى قىلدۇرالمىدى. ئۇ يەنە خەقتىن ئاغرىنىپلا يۈرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭمۇ يوللۇق يەرلىرى چىقىپ قالاتتى. ئۇنىڭ باشقارمىسى ھەربىي ئىشلار نازىرى جىن شۇشىننىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىدا بولغاچقا، ھېچقانداق ئىشنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە قىلالمايتتى. لۇ شياۋزۇ يۆتكىگەن قوشۇنلار ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدى، ئاشلىق بىلەن يەم - خە-

www.uyghurkitap.com

شەكلەرمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىن ئازىر تىنماي جىن رەئىسىنىڭ بۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنى يولغا چىقىشقا ئالدىرىتاتتى. لۇ شياۋزۇنىڭ بىرنەچچە كۈن سۈرۈك بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى تەستىقلانمايلا قالماي، يەنە تېخى ئازىردىن بىرمۇنچە گەپ ئاڭلىۋالدى. ئازىر جىن شۇرېنغا لۇ شياۋزۇنى چېقىپ، لۇ شياۋزۇ ئەتەي ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈپ ھەربىي پىلانغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇيرۇققا بويسۇنمىدى، ھەربىي قانۇن بويىچە ئۇنى جازالاش كېرەك، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. لۇ شياۋزۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلاپ، بولدى، بۇ ئىشنى قىلمايمەن، دەپ چالۋاقىغانىدى، شېڭ شىسەي بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ئاچچىقىدىن ياندۇرۇپ، دۇ گوجىغا بۇيرۇق چۈشۈرگۈزۈپ ئۇنى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن ئاۋۋال يولغا سېلىۋەتتى.

دۇ گوجى قوشۇننى باشلاپ فۇكاڭ، جىمىسار، گۈچۈڭ، مورى، داشتۇ، سېبىكۇ، يەتتە قۇدۇقلاردىن ئۆتۈپ لياۋدۇنگە يېتىپ باردى. ئۇنىڭ قولىدا كۆچەيتىلگەن ئون ليەن بار بولۇپ، جەمئىي ئادەم سانى 1 مىڭ 500دىن ئاشاتتى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۈچ ـ تۆت ھەسسە كۆپ ئىدى، يەنە تېخى گېرمانىيىدە ياسالغان ئىككى چوڭ زەمبىرىكمۇ بار ئىدى.

لۇ شياۋزۇ بىلەن شېڭ شىسەي ئازغىنە ئەسكەر بىلەن 100 مىڭ جىڭدىن كۆپ يەم ـ خەشەكنى ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ بېرىپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن يەتتە قۇدۇققا كېلىپ چۈشتى. بۇ يەرنىڭ غەرب تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە، غەربىي شىمال تەرىپىدىن چۆچەك، تۇرپانلارغا ھەتتا ئۆلكە مەركىزىگە، شەرق تەرىپىدىن لياۋدۇن ئارقىلىق قۇمۇلغا بارغىلى بولاتتى، جۇغراپىيىلىك ئورنى بەكمۇ مۇھىم ئىدى.

شېڭ شىسەي لياۋدۇن ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ،

لۇ شياۋزۇ قوماندانغا يەتتە قۇدۇقتا جەڭدىن ئىلگىرى يىغىن ئېچىپ تاكتىكا مەسىلىلىرىنى مەسلىھەتلىشىۋېلىشنى ئېيتتى.

لۇ قوماندان يىغىندا قوشۇن باشلاپ ماڭىدىغان بىرنەچچە سەركەردىگە شۇنداق دېدى:

— ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بەكمۇ يامان، شۇڭا ئۇنىڭغا زادىلا سەل قاراشقا بولمايدۇ. تۆۋەندە سەنمۇجاڭ بۇ جەڭنى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق سۆز قىلىدۇ.

شېڭ شىسەي قۇمۇلنىڭ يەر تۈزۈلۈشى بىلەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى خېلى بۇرۇنلا پىششىق ئىگە-لەپ بولغانىدى، شۇڭا ھېچكىمگە سۆز بەرمەي، گېلىنى قىرىپ قويۇپ گېپىنى باشلىدى.

— ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى خۇيزۇلارنى ئاساس قىلىپ قۇ-رۇلغان قوشۇن، ئادەم سانى كۆپ ئەمەس، ئەمما ناھايىتى باتۇر، جەڭگە ماھىر، شۇڭا ئۇلارغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك، بول-مىسا چوڭ زىيان تارتىپ كېتىمىز. بۇرادەرلىرىمىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللى-نىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرى قىسقا، دەريا دولقۇنىغا ئوخشاش ئۆزۈلمەي ئالدىغا ئېتىلىپ تۇرىدىغان ھۇجۇم، بۇنداق ھۇجۇمغا بەرداشلىق بەرمەك بەك قىيىن. بۇخىل ھۇجۇمغا بىز قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك؟ — شېڭ شىسەي ئازراق سىرتىغا كۆپۈپ چىققان كۆزلىرى بىلەن كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىقتى، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋات-قانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ناۋادا بىز ئاشۇنداق تاكتىكىغا دۇچ كېلىپ قالىدىغان بولساق پىلىموت ۋە ئەڭ ئىلغار مىلتىقلارنى ئالدىغا قويۇپ دۈشمەننىڭ ئۇدۇلدىن قىلغان ھۇجۇ-مىنى توسۇشىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى چە-قىرىپ دۈشمەنگە سول بېقىنىدىن تېگىپ ئۇدۇلدىن قىلغان ھۇ-جۇمنى ئاجىزلاشتۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇدۇل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ماجۇڭيىڭ (1909 — 1936)

دىن ھەم ئىككى تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ئەسكەر چىقىرىپ دۈشمەننى قورشاۋغا ئېلىشىمىز كېرەك، — شېڭ شىسەي ئىككى قولىنى يىغىپ قورشاش ھەرىكەتىنى قىلدى، — ئەگەر ما جۇڭيىڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ قالسا، ئۇ چاغدا كۈچى بىر قەدەر چوڭراق بولغان زاپاس قوشۇننى ساقلاپ قويۇپ، ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەنگە بىر قىسىم كۈچىمىز بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئاندىن زاپاس قوشۇن بىلەن دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىپ يوقىتىش كېرەك. زاپاس قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم، ھەرقايسىڭلارنىڭ بۇنى ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇشۇڭلارنى سورايمەن.

شېڭ شىسەي گېپىنى توختىتىپ، خۇددى بۇ گەپنى مەخسۇس دۇ گوجىغا قارىتىپ ئېيتىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئالاھىدە قاراپ قويدى. ئاخىردا شۇنداق دېدى:

— ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكىرى كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ پەقەت جەڭنى تېز قىلىپ، تېز تۈگىتىدىغانلا ئالاھىدىلىكى بار. بىز بىرقەدەر چوڭراق ئەسكىريي كۈچ بىلەن ئۇنى مەھكەم قورشىۋالساقلا يوقىتىۋېتەلەيمىز.

يىغىندىن كېيىن، شېڭ شىسەي لياۋدۇننى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

لياۋدۇن ئېگىزگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ خەۋەر پوتىيى قىلىنىپ كەلگەن جاي ئىدى، سۈيى، ئوت - چۆپى مول ئىدى. لياۋدۇن يەتتە قۇدۇق بىلەن قۇمۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ھەممە يەرنى تولۇق كۆرگىلى بولىدىغان يەرگە جايلاشقان

بولغاچقا شۇنداق ئاتالغانىدى. ئۇ يەرنى ئىگىلىۋالغان ئادەم چد-
قىپ ھۇجۇمـمـۇ قىلالايـتتـى، چېـكىنىپ مۇداپىـئەدىـمۇ تۇ-
رالايتتى.

— لياۋدۇننىڭ ئالدى تەرىپىدە بەش جىرا بار، — دېدى
شېڭ شىسەي دۇ گوجىغا ئالاھىدە تاپىلاپ، — بەشىنچى جىرانىڭ
يەر شارائىتى ئەڭ خەتەرلىك، سىز شۇ يەردە چوقۇم خەندەك
قېزىپ ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇڭ.
ئۇچىنچى جىرامۇ خەتەرلىك جاي، ئەگەر ئۇ يەرگىمۇ خەندەك
كولايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۇ ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيىسىگە
ئايلىنىپ، لياۋدۇن مۇستەھكەم قورغانغا ئايلىنىدۇ.

دۇ گوجى ئۇنىڭ ھەربىر گېپىگە خوپ دەپ تۇردى.

— ناۋادا لياۋدۇندىن چاتاق چىقىپ قالغۇدەك بولسا، —
دېدى شېڭ شىسەي يەنە، — ئۇ چاغدا چىغدەڭ بىلەن يۈەنچۈەنگە
چېكىنىمىز، ئەمما كېچىدە ھەرگىز ئوت ياقماسلىق كېرەك،
چۈنكى بۇ جايلار چۆل، ئوت يېقىلمىسىلا ھېچنېمىنى بىلگىلى
بولمايدۇ، دۈشمەنمۇ ئالدىغا مېڭىشتىن قورقىدۇ. ئوت ياقسىڭىز
دۈشمەن سىزنىڭ قوشۇنىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ، تۆت تەرەپ-
تىن قورشاپ كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلارغا تاقابىل تۇرماق تەسكە
چۈشىدۇ.

دۇ گوجى كۆرۈنۈشتە شېڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلغاندەك
قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ
دېگەنلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ئېسىدە تۇتماي، بەشىنچى جىرا،
ئۇچىنچى جىرا دېگەن يەرلەرگە قولىنىڭ ئۇچىدىلا تېيىز خەندەك-
لەرنى كولاپ قويۇپ، ئاندىن ئەسكەرلىرى بىلەن چېدىرلىرىغا
كىرىپ قارتا ئويناپ، ئەپيۇن چېكىپ ئولتۇرۇشتى.

1931 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سائەت 9 يېرىمدا
لياۋدۇن جېڭى رەسمىي باشلاندى.

ما جۇڭيىڭ ئاق ئېتىغا مىنىپ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ

www.uyghurkitap.com

هۆكۇمەت قوشۇننىڭ ئىستىھكامىغا ھۇجۇمغا ئۆتتى، كەينىدە
200 دەك ئاتلىق ئەسكىرى چىپىپ كېلىۋاتاتتى، ھەممىسىنىڭ
دۇمبىسىدە مىلتىقى، قوللىرىدا ئۇزۇن قىلىچلىرى بار ئىدى.
ھۆررا سادالىرى پەلەكنى تىترىتەتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاس-
تىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ئاسماننى بىر ئالغانىدى.
دۇ گوجى بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كېتىپ قالايمىقان
قوماندانلىق قىلىشقا باشلىدى. دۇشمەن ناھايىتى شىددەت بىلەن
بېسىپ كەلگەچكە زەمبىرەكنىڭ رولى زادىلا جارى بولمىدى،
شېڭ شىسەي دۇشمەننى قورشاپ يوقىتىشقا قالدۇرغان زاپاس
ئاتلىق ئەسكەرلەرنىمۇ ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان دۇشمەنگە سالغان
بولغاچقا، جىددىي پەيتتە زاپاس قوشۇن دۇشمەننى قورشى-
يالمىدى.
ھۇجۇم داۋامىدا ما جۇڭيىڭنىڭ سول پۇتىغا ئوق تېگىپ
ئېتىدىن يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىشكە ئاز قالدى. لېكىن، «گا
سىلىڭ» قانداقلا قىلغان بىلەن ياش بولغاچقا، ئاغرىققا چىداپ،
چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئېتىغا مىنىۋالدى ـ دە، داۋاملىق
ئالدىغا قاراپ چاپتى. كەينىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلىرى قوماندا-
نىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپلا گاڭگىراپ قېلىشقانىدى، كېيىن
ئۇنىڭ يەنە ئېتىغا مىنىپ ئوقتەك چىپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ قايتىدىن جانلىنىپ دۇشمەن بىلەن جېنىنىڭ بارىچە ئېلىش-
تى، ئۆلكىلىك ھۆكۇمەت قوشۇنىنىڭ تۆەنجاڭى نازىكباتولۇ بى-
لەن لۇيىنىڭ سەنمۇجاڭى فېي جيەندېنى چىپىپ ئۆلتۈردى. نەتى-
جىدە، دۇگوجى پۇتۇن سەپ بويىچە چېكىنىپ يەتتە قۇدۇق تەرەپ-
كە قاراپ قاچتى.
كەچتە، دۇ گوجى قوشۇننى باشلاپ چىغدەڭگە يېتىپ كەل-
دى. ئەسكەرلەر ئۇزۇن يول مېڭىپ چارچاپ كەتكەن، قورساقلى-
رى ئاچ بولغاچقا، ئارتۇق مېڭىشقا ماجالى يەتمەي قالدى، دۇ
گوجىمۇ ئەپيۇن خۇمارى تۇتۇپ ئارانلا قالغانىدى. ئۇ شېڭ شى-

ـﻪيىنىڭ كىچىدە ئوت يېقىشقا بولمايدۇ، دېگەن گېپىنى پۈتۈنلەي ـ
ئۇنتۇپ قازان ئېسىپ تاماق ئېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ما
جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئوتنى كۆرۈپ يەنە قوغلاپ كەلدى، دۇ
گوجى ئامالسىز كۈن پېتىشقا قاراپ قاچتى.

يەتتە قۇدۇققا ئاز قالغاندا دۇ گوجى باركۆلدىن كېچىلەپ
ما جۇڭيىڭغا ياردەم بېرىشكە ماڭغان 50 ئاتلىق ئەسكەرگە ئۇچ-
راپ قالدى. ئالدى ـ كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان دۇ گوجى
قورشاۋ ئىچىدە قېلىپ، قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە
كۆزى يەتمەي ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى ئېتىۋالدى. مىڭ كىشى-
لىك قوشۇن ئاتاماندىن ئايرىلىپ قېلىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ
قېچىشقا باشلىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ بىر ليەنجاڭى دۇ گوجىنىڭ
كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئىنئام ئېلىشقا ماڭدى.

ما جۇڭيىڭ لياۋدۇن جېڭىدە توققۇز دانە پىلىموت، ئىككى
دانە زەمبىرەك، ساناقسىز ئوق ـ دورا ئولجا ئېلىپ غەلىبە بىلەن
قايتتى.

ما جۇڭيىڭنىڭ يارىسى ئېغىر ئىدى، داۋالىنىش ئۈچۈن
قۇمۇل شەھىرىگە يول ئالدى.

يەتتە قۇدۇقتا تۇرۇۋاتقان لۇ قوماندان بىلەن شېڭ سەنمۇ-
جاڭ ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇننىڭ قاتتىق مەغلۇپ بولغانلىقىنى
كۆرۈپ، ئامالسىز 100 مىڭ جىڭ يەم ـ خەشەكنى ئوت قويۇپ
كۆيدۈرۈۋېتىپ، پەلەككە تۇتاشقان ئوت يالقۇنىنىڭ يورۇقىدا بۇ
ئەدىمىي شەھەردىن چېكىندى.

جىن شۇرېن لياۋدۇن ئۇرۇشىدا ئۆز قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ
بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى ھەتتا تىنىقى
توختاپ قېلىشقا تاس قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن لۇ شياۋزۇنى
قوماندانلىق قىلىشتا كەتكۈزۈپ قويغان، دېگەن گەپ بىلەن ۋەزى-
پىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، شېڭ شىسەينى سەنمۇجاڭ تۇرۇپ
ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان دەپ، قوشۇمچە ئۈستىگە

ئالغان ۋەزىپىلىرىنى بىكار قىلىۋەتتى، ئالدىنقى سەپتە خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا قالدۇردى. شىڭ شىسەيگە ئۇۋال بولغاندى، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەمنىڭ قولىغا قالغاندىكەن شۇنداق بولىدىغان گەپ. ئۇلار ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەي خىيالىغا كەلگەننى قىلىپ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە ئۇچرىغاندى. ئۇنىڭغا ئەمدى خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

شەرقىي شىنجاڭ قولىدىن كەتكەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئۆلكە قوشۇنىنى ئىنتايىن ئاجىز كۆرۈپ «ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن» بىلەن جاڭ پېييۈەندىن پايدىلىنىشنى ئويلاپ قالدى.

## «جاڭ سالپاڭ قۇلاق» يۈز ئۆرىدى

«ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن» ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا رۇسىيەدىن قېچىپ كەلگەن رۇسلاردىن تۈزۈلگەن قوشۇن بولۇپ، جەڭدە تەجرىبىلىك ئىدى. جىن شۇرېن ئۇلارغا ياخشى قوراللارنى بەردى، مائاشىنى ئۆستۈردى. ئۇلارنىڭ دەسلەپتە ئىككى لىيەنلا ئەسكىرى بار ئىدى، كېيىن ئىككى تۇەن، ئىككى لۈيگە كۆپىيىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇنى ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنغا ئايلاندى.

جاڭ پېييۈەن (1894 — 1934) گەنسۇنىڭ گۇيدې دېگەن يېرىدىن بولۇپ، گومىنداڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە جۇڭجياڭى ئىدى. ئۇ بەقۇۋۋەت، قۇلاقلىرى يوغان ئادەم ئىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «جاڭ سالپاڭ قۇلاق» دەپ ئاتايتتى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى گەنسۇدا دارىلمۇئەللىمىننى، گەنسۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىي ئىشلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنىدى. 1917 - يىلى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى يېڭىلىپ جىمسارغا چېكىنگەندە، جاڭ پېييۈەن مىڭلىغان ھەر-

بىي شەپكىلەرنى ياغاچلارغا كىيدۈرۈپ يالغان ئەسكەر توپى يا-
ساپ، رۇس قوشۇنىنى، بۇ يەردە مۇداپىئەدە قوشۇن بار ئىكەن،
دېگەن ۋەھىمە بىلەن چېكىندۈرۈپ، شۇ خىزمىتى ئۈچۈن تۆەن-
جاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى.
1928 - يىلى 7 - ئىيۇن سىياسىي ئۆزگىرىشىدە جىن
شۇرېننى تەختكە چىقىرىشتا تۆھپىسى بولغاچقا، جاڭ پېيىۈەن
لۈيجاڭلىققا، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشقارما
باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن، 1930 - يىلى كۈزدە، جىن شۇرېن
بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىشتىن قېچىپ، ئىلىغا بوز يەر ئۆز-
لەشتۈرۈش ئەلچىسى بولۇپ كەتكەنىدى.
جىن شۇرېن بۇ بىر يۇرتلۇقىنى جەڭگە قوماندانلىق قىلالاي-
دۇ، دەپ ئويلاپ، 1931 - يىلى 9 - ئايدا «باندىتلارنى تازىلاش
قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى» لىققا تەيىنلەپ، 6 مىڭ 500 ئەس-
كەرنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، شېڭ شىسەينى ئۇنىڭغا سەنمۇ-
جاڭلىققا بېرىپ قۇمۇلدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئەۋەتتى.
«جاڭ سالپاڭ قۇلاق» ھەربىيلىكتىن چىققان ئادەم بولغاچقا
قوماندانلىققا ئېپى بار ئىدى. شېڭ شىسەي جىنايىتىنى يۇيۇپ
خىزمەت كۆرسىتىش ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئۆز ئىشىغا تېخىمۇ
پۇختا بولدى، بىرلىپ ئىشلىدى. 6 مىڭ ئەسكەر ئۇرۇمچىنىڭ
شىمال تەرىپىدىن يولغا چىقىپ شەرققە قاراپ ماڭدى. فەنماتاڭغا
كەلگەندە ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما خېيىڭنىڭ تۆەنىدىكى
700 ئەسكەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ
قېتىمقى جەڭدە شېڭ شىسەينىڭ، بىر قىسىم قوشۇن ھۇجۇمغا
ئۆتۈش، بىر قىسىم زاپاس قوشۇن دۈشمەننى قورشاش تاكتىكى-
سى ئىشلىتىلگەچكە جەڭدە تولۇق غەلىبە قازاندى، ما خېيىڭنىڭ
300 دىن ئارتۇق ئەسكىرى، ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ 200 دىن
ئارتۇق ئەسكىرى ئۆلدى ۋە يارىلاندى.
ما جۇڭيىڭنىڭ سول پۇتى ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، دوختۇر

ھەم دورا بولمىغاچقا يۇقۇملىنىپ كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن، قىزىتمىسى ئۆرلەپ تولا جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالغانىدى. قول ئاستىدىكى ما شىمىڭ بىلەن ما خۇشەن قاتارلىقلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇرۇش قىلىشقا كۆڭلى بارمايۋاتاتتى. ما خۇشەن ما جۇڭيىڭ ھوشىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— ئالدىنقى سەپتىن تېلېگرامما كەلدى، جىن شۇرېن بىزگە قارشى يەنە قوشۇن ئەۋەتىپتۇ. بۇ قېتىمقى قوماندانى «سالپاڭ قۇلاق» جاڭ پېييۈەن، سەنمۇجاڭى يەنە ھېلىقى چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن شېڭ شىسەي ئىكەن. بۇ قېتىمقى ئەسكىرى كۈچى ئالدىنقى قېتىمقىدىن تۆت ھەسسە كۆپ ئىكەن. قارىغاندا، بۇ قېتىم قومۇلنى ئالماي قويمىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش كېلىپ قېلىۋاتىدۇ، بۇرادەرلىرىمىزنىڭ كىيىملىرى يېنىك، سوغۇق چۈشۈپ كەتسە ئۇرۇش قىلىش تۇرماق جاننى ساقلاپ قالماقمۇ تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ما جۇڭيىڭ قېيناكىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئاغرىق ئازابى بىلەن تەڭ «ھىم» دەپ قويدى، ئۇنىڭ ئازابقا چىدىماي ئاغزى مايماق كېتىۋاتاتتى.

— سىنىڭچە قانداق قىلساق بولا؟ — ئۆز سۆز، زومىگەر «گا سىلىڭ» ئاغرىقنىڭ قىيىنىشى بىلەن ئۇنىڭغا ھۆركىرىيەلمەي ھەم بىر پىكىرگە كېلەلمەي قىلىۋاتاتتى.

— مېنىڭچە، قومۇلدا ئۇلار بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋېرىدىغان بولساق نۇرغۇن زىيان تارتىپ كېتىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە يۇرتىمىزغا قايتايلى، ئۇ يەردە يارىڭىزنى داۋالىتىپ ساقىيىڭ، ساقىيىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دېگەندەك، قايتا پىلان قۇرۇپ ئۇرۇشقا ئاتلانساقمۇ كېچىكمەيمىز.

ما جۇڭيىڭ بېشىنى بوش لىڭشىتىپ قويدى، ھەر ھالدا ئۇ قېيناكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى.

10 - ئايدا، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى قومۇلدىن گەنسۇغا

قاراپ يولغا چىقتى. مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇ كېيىن قايتا كەلگەن-
دە لازىم بولىدۇ، دەپ ئويلاپ ھەم قوشۇندىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى
تىندۇرۇش مەقسىتىدە ما شىمىڭ بىلەن ما چۈەنلۇنىڭ قوشۇنىنى
قومۇلنىڭ تاغلىرى ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا قالدۇردى. ئۆل-
كە قوشۇنى ما جۇڭيىڭنى 470 چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ،
شىڭشىڭشياغا بارغاندا ئاندىن كەينىگە قايتتى.
ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن،
قومۇلنىڭ مۇداپىئەسىگە مەسئۇل شيۇڭ فايۇ ئاچچىقىنى چىقىرى-
ۋېلىش ئۈچۈن، 200 يىللىق تارىخقا ئىگە ۋاڭ ئوردىسىغا باستۇ-
رۇپ كىرىپ پۈتۈن بايلىقنى بۇلاپ كەتتى، ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ
قەبرىلىرىنى ئېچىۋەتتى، بىرقانچە يۈز يىلدىن بېرى ساقلىنىپ
كېلىۋاتقان «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شېرىپ» قا ئوخشاش
كلاسسىك كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى، قومۇل ئۇيغۇرلىرى تۇر-
پان، پىچان قاتارلىق جايلارغا قاراپ تۈركۈملەپ قېچىشقا باشلى-
دى. جاڭ پېييۈەن بىلەن شېڭ شىسەي ئىككىنچى لىنىيىدىكى
ليۇ رۇشېڭغا، تۆتىنچى لىنىيىدىكى ئا داۋدېغا، باركۆلدىكى
ئۆلكە قوشۇنىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭىنى
باستۇرماقچى، تۇخۇلۇ، سىمېيخۇاچۈەن، يۇقىرى - تۆۋەن مۇيا-
لاردىكى قوراللىق دېھقانلارنى يوقاتماقچى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى
قوراللىرىنى تاشلاپ ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلىشقا مەجبۇرلى-
ماقچى بولدى. پەقەت باغداش دېگەن بىرلا جايدىكى قوزغىلاڭچى
دېھقانلار خەتەرلىك يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈ-
مەت قوشۇنىنى تاغ ئىچىگە كىرگۈزمىدى.
جىن شۇرېن بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن جىن شۇشىنغا:
— جاڭ پېيۈەنگە تېلېگرامما بەر، ئۇ باندىتلارنى يوقىتىپ
با" - قازانىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتسۇن! — دېدى.
جاڭ پېيۈەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن شېڭ
شىسەيگە:

— جىن رەئىسنىڭ تېلېگراممىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، توپىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىشىمىز كېرەكتەك قىلىدۇ، شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ — دېدى.

— توپىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئۆلتۈرۈشكە بولماسمىكىن، — دېدى شېڭ شىسەي، — شىنجاڭدىكى 4 مىليون ئاھالىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار 70 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. بىز، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزدەك مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. جاڭ گوخۇغا ئوخشاش مۇناپىقلار خەلقنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ مۇشۇ قالايمىقانچىلىقنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان، ئۇنداقلارنىڭ ئۆلگىنى خوپ بولدى. شۇڭلاشقا، شىنجاڭنىڭ مەسىلىسىنى قورال كۈچى بىلەنلا ھەل قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىڭ ئىنتىزامىمۇ چىڭ ئەمەس، شۇڭا قوشۇننىڭ ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈر.

شېڭ فايۇگە ئوخشاش ئۆزى لۇيجاڭ تۇرۇپ باندىتلارغا ئوخشاش بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدىغان ئادەملەر جەڭدە غەلىبە قىلغان بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، يەنە تېخى بىزگە بالا-قازا تېرىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە رام قىلىشنى ئاساس، قوراللىق باستۇرۇشنى قوشۇمچە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

جاڭ پېييۈەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى: بۇ ئاداش قانداقلا بولسۇن چەت ئەلدە تۇرغاچقا ئىدىيىسى يېڭى، گەپلىرى ئورۇنلۇق. ئەمەلىيەتتە، جاڭ پېييۈەنمۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى خالىمايتتى، قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم قىلدۇرۇشنىمۇ تەكىتلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئېلانلارنى يېزىپ

شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ھەممە كوچىلىرىغا چاپلاتقۇزۇۋەتتى:

*ئۇيغۇر، خۇيزۇ قېرىنداشلارغا مەلۇم بولغاي: بۇ قېتىم*
*قوشۇنىمىز ما جۇڭيىڭ باندىتلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن دىيارىڭلار-*
*غا كەلگەن. باندىت ما جۇڭيىڭ ئېغىر يارىلىنىپ شەرققە قېچىپ*
*كېتىپ قۇمۇل تىنچلاندى. لېكىن، ئاز ساندىكى يامان غەرەز-*
*لىك ئۇيغۇر، خۇيزۇلار جاھىللىق قىلىپ ئۆيلىرىدە قورال ساق-*
*لاپ قايتا كۆتۈرۈلۈشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ. پېقىر جاڭ قوماز-*
*دان شۇنداق جاكارلايمەنكى، ئۆيىدە قورال ساقلىغۇچىلار بىر*
*ئاينىڭ ئىچىدە قوراللىرىنى تاپشۇرسا جازالىنىشتىن ئامان قالى-*
*دۇ، قارشىلىق قىلىپ تاپشۇرمىغۇچىلار، توغرا يولدا ماڭماي*
*يەنە توپىلاڭ كۆتۈرۈش خىيالىدا بولغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ.*

باندىتلارنى تازىلاش قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاڭ پېيىۋەن
سەنمۇجاڭى شىبىڭ شىسەي
جوڭخۇا مىنگونىڭ 20 ـ يىلى 10 ـ ئاي كۈنى

جاڭ پېيىۋەن ئۇنىڭدىن باشقا تاغ ئىچىگە بىرقانچە قېتىم
ئادەم ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارغا خىزمەت ئىشلىدى، نەتىجىدە يول-
ۋاس قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن قۇمۇلغا كېلىپ
مەڭگۈ قوزغىلاڭ كۆتۈرمەسلىككە قەسەم قىلدى. جاڭ پېيىۋەن
قورال تاپشۇرۇشقا بەرگەن مۆھلەت ئىچىدە قورال تاپشۇرۇپ
ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلغان دېھقانلارمۇ بولدى، باركۆلدىكى
قازاقلار ھۆكۈمەتكە بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ
بىلەن شەرقىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش بىر مەزگىل پەسەيگەن
بولدى.

جاڭ پېيىۋەن يولۋاسنىڭ چوڭ قورۇسىدا غەلىبىنى تەبرىك-
لەپ كاتتا چاي بەردى. ئەسكەرلەر ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ،
گۆشلەرنى بولۇشىغا يەپ ئاجايىپ يايراپ كېتىشتى. تەڭشىلىپ

www.uyghurkitap.com

قالغان جاك پېيىۋەن ئورنىدىن قوپۇپ:

— بۇرادەرلەر، جاپا چەكتىڭلار! پېقىر جىن رەئىسىگە دەپ سىلەرگە تۆھپە يازغۇزىمەن، جىن رەئىسىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھەر بىرىڭلارغا بىر ئايلىق مائاش قوشۇپ بېرىمەن! — دېدى.

قورۇنى تەنتەنە ساداسى بىر ئالدى.

زىياپەتتىن كېيىن، جاك پېيىۋەن بىلەن شېك شىسەي قورۇ ئىچىدىكى چوك بىر توپ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. جاك پېيىۋەن چاي ئىچكەچ شېك شىسەيگە:

— بۇ قېتىم ئىككىمىز ناھايىتى ياخشى ماسلاشتۇق، بولۇپمۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ يېرىم غەلىبىسى سىزنىڭ توپلاڭچىلارنى تەسلىم قىلدۇرۇش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپىڭىزدىن قولغا كەلدى. شۇڭا، مەن سىزگە بېرىلگەن جازانى بىكار قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆھپە يازغۇزۇش قارارىغا كېلىپ كاتىپىمغا تېلېگرامما يازغۇزدۇم، كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى.

شېك شىسەي تېلېگراممىنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىدى:

«... شېك شىسەي بىلىملىك، كەڭ قورساق ئادەم ئىكەن. ئۆتكەن قېتىم جازالانغاندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىپ، بۇ قېتىمقى جەڭدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ تۈزگەن قومۇلنى قايتۇرۇۋېلىش پىلانى ئەتراپلىق ھەم ئەستايىدىل تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدۇق. بۇ غەلىبىلەر ئادەتتىكى غەلىبىلەر ئەمەس، شۇڭا پېقىر ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئىلگىرىكى ۋەزىپىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىمەن...»

شېك شىسەي تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولۇپ ھاياجاندىن خېلىغىچە گەپ قىلالماي قالدى.

— جانابىڭىزنىڭ ماڭا شۇنچىلىك غەمخورلۇق قىلغىنىڭىزغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت! بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پېقىرنىڭ جانابىڭىزنىڭ ياردىمىگە تايىنىدىغان ئىشلار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنداق چاغلاردا ياردەم قولىڭىزنى يەنە سۇنۇشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى ئۇ.

شېڭ شىسەي جاڭ پېييۈەننىڭ جىن رەئىسنىڭ بىر يۇرتلۇقى، ساۋاقدىشى، خىزمەتدىشى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويماسلىق كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

«جاڭ سالپاڭ قۇلاق» شېڭ شىسەينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كېرىلىپ كەتتى. ئۇ يېقىندا قۇمۇلدىكى لى ۋېنخۇەننىڭ قىزىنى تۆتىنچى خوتۇنلۇققا ئالغان بولۇپ، شېرىن ئاينىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى، قوشۇننىڭ ئىشلىرىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك. شېڭ شىسەي بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ قۇمۇلدا يەنە يېرىم يىل تۇرۇپ، بۇ يەرنىڭ ئىشلىرى تەرتىپكە چۈشكەندىن كېيىن قايتىپ كېتىش ئويى بار ئىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە بۇنچىلىك خۇشامەت قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ:

— ھە، سىزگە ھەر ۋاقىت ياردەم قىلىپ تۇرىمەن، سىزمۇ ياردىمىڭىزنى ئايىماسسىز، — دېدى.

جىن شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئۆيىدە ئەپيۇن چېكىپ خىيال بىلەن ياتاتتى، بۇنداق چاغدا ئاسمان ئىلاھى كەلسىمۇ قوبۇل قىلمايتتى. ئەپيۇننى چېكىپ خۇماردىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچىسىگە جىن شۇشىننى چاقىرىشقا بۇيرۇدى.

جىن شۇرېن ئەپيۇن چېكىدىغان كارىۋىتىدىن چۈشمەي، ساڭگىلاپ كەتكەن قاپاقلىرىنى يېرىم ئېچىپ خىيال بىلەن ياتاتتى. جىن شۇشىن كىرگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئەپيۇن غاڭزىسى بىلەن ياندىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن:

— يەنە نېمە ئىش بار؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

جىن شۇشىن ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن سۆزىنى باشلىدى:

— ئاكا، «جاك سالپاك قۇلاق» نىڭ شۇ كۇنلەردە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. ئىشلار تۇگىگەن تۇرسا يەنە نېمە دەپ قايتىپ كەلمەي قۇمۇلدا يېتىۋالىدۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار. ئاڭلىسام، ئۇ يولۋاس بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ، سىنىڭ بۇيرۇقىڭنى نەزىرىگىمۇ ئېلىپ قويمىدى. يولۋاسقا ئوخشاش توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر نېمىنى قاتتىق جازالاش كېرەك ئىدى. شيۇڭ فايۇ تېلېگراممىسىدا جاك پېيىۋەننى، يولۋاس بىلەن قۇچاقلىشىپ بىر ـ بىرىگە قەسەم بېرىشىپ ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى دېيىشىپ كەتتى. شىڭ شىسەيگە تۆھپە يازدى. چىرايلىق بىر قىزنى تۆتىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىپ قۇمۇلدا توي قىلدى، تويدا قاتتىق ئىسراپچىلىق قىلدى، دەپتۇ. مۇشۇنداق چاغدا خوتۇن ئېلىپ، قوشۇن بىلەن كارى يوق يۇرسە ئەسكەرلىرىنىڭ كۆڭلى بۆلۇنمەمدۇ؟

— سەن جاك پېيىۋەننى مەندىن كۆڭلى بۆلۇنۇۋاتىدۇ، دېمەكچىمۇ؟ ئۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىنىسى، ئۇنداق ئىش بولمايدۇ، — دېدى جىن شۇرېن ئۇنىڭغا.

— ئادەم دېگەن ھۆل نېمە، نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ، نېمىلەرنى قىلمايدۇ دەيسەن. «جاك سالپاك قۇلاق» نىڭ قۇمۇلدا مىدىرلىماي يېتىۋالغىنىنى باشقا بىر مەقسەت ئۈچۈن ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ھەر قانداق نەرسە چوڭىيىپ كەتسە تاقابىل تۇرماق تەس بولىدۇ. ئەگەر گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ، ئۇنىڭغا، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار، تېز قايت، دەپ تېلېگرامما ئەۋەتىپ باققىن. ئەگەر بۇيرۇق بىلەن قايتىپ كەلسە، دېمەك شەرق تەرەپتە ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ، ئۇنى ھەربىي ھوقۇقتىن قالدۇرۇپ ئېلىشقا ئەۋەتىۋەتسەڭ بولىدۇ. ناۋادا بۇيرۇقۇڭنى ئاڭلىماي قايتىپ كەلمىسە، ئۇ چاغدا مېنىڭ پەرىزىم توغرا چىققان بولىدۇ.

جىن شۇرېن ئاران تەستە ئۆرە ئولتۇرۇپ:

— ئەمىسە بۇ ئىشنى ساڭا تاپشۇردۇم، — دېدى.

جاڭ پېيىۋەن دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بۇنىڭ جىن شۇشىنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇ كۈنلەردە قۇمۇلنىڭ ئىشىدىنمۇ مۇھىم نېمە ئىش بولسۇن؟ ما جۇڭيىڭ گەنسۇغا قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قۇمۇلغا قويۇپ كەتكەن ئادەملىرى بار، شۇڭا بۇ يەرنىڭ تىنچ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھازىر تاغدىكى ئۇيغۇرلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇۋاتىمەن، ئۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك، ئەگەر مۇشۇنداق چاغدا قوشۇننى چېكىندۇرۇپ كەتسەم قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كەتمەمدۇ؟ شۇڭا، ئۇ جىن شۇرېننىڭ تېلېگراممىسىغا جاۋاب بەرمەي ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرۈۋەردى. نەتىجىدە، جىن شۇشىنىڭ پەرىزى سۆزسىز ئىسپاتلىنىپ، جىن شۇرېن جاڭ پېيىۋەننىڭ باندىتلارنى تازىلاش قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى كۈتۈشكە بۇيرۇدى.

جاڭ پېيىۋەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئاكا - ئۇكا ئىككىسىگە بولغان نارازىلىق ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتىگە بولغان پۇشايمان بىلەن يېڭى ئۆيلەنگەن ئامراق خوتۇنىنى ئېلىپ ئىلىغا قايتىپ كەتتى. ماڭىدىغان چاغدا: «بۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېننىڭ ئىشلىرىغا زادى ئارىلاشمايمەن» دەپ قەسەم ئىچىۋەتتى.

## ھەربىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىش

شەرقىي شىنجاڭدا ئەمدى ئۇرۇش بولمايدۇ، دېگەن گەپ كۆرۈنۈشتىكى گەپ ئىدى، ئىنتايىن چوڭ بىر يوشۇرۇن ئاپەت يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى.

خوجانىيازنىڭ قوشۇنى باغداشقا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، شۇ يەردە يېتىپ ئارام ئالغاچ ئۆزىگە كۈچ توپلىدى. موڭغۇل گوسىنداردىن 500 مىلتىق، 100 مىڭ پاي ئوق، 500 يۇرۇش ھەربىي كىيىم، 40 مىڭ سەر كۈمۈش ياردەم ئېلىپ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋالدى ھەم توختىماي تاغدىن چۈشۈپ ھۆكۈمەت قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپمۇ تۇردى. ئۇلارغا ئۇ يەرلەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تونۇشلۇق ئىدى، ئەمما ياردەم قىلىپ تۇراتتى، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىغىمۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئامالسىز قالدۇرۇۋاتاتتى.

جاڭ پېيىۈەن كېتىپ ئورنىغا چۆچەكنىڭ دۇتۇسى لى خەيرۇ كېلىپ، شەرقىي لىنىيە مۇداپىئە ئارمىيىسىگە قوماندان بولدى، شېڭ شىسەي بىلەن ليۇ جيېسەن ئالدىنقى سەپنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. شېڭ شىسەي شۇنىڭدىن باشلاپ رەسمىي ھالدا ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ، ئۆز ۋۇندىن بۇيان بېسىلىپ كېلىۋاتقان ھەربىي تالانتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

لى خەيرۇ ئالدىنقى سەپنىڭ ئۇ ئىككى قوماندانىغا قوشۇننى ئىككى يولغا بۆلۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردى. بۇيرۇق بويىچە شېڭ شىسەي باركۆل تەرەپكە بېرىپ ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن قازاق چارۋىچىلارنىڭ بىرلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى، ليۇ جيېسەن بىرىنچى لىنىيىنىڭ كوماندىرى جاڭ ليۇشيۇ بىلەن بىللە قۇمۇلنىڭ شەرقىي ئېغىزىدا باندىتلانى يوقاتماقچى بولدى. 1932 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئۆلكە قوشۇنى باغداشنىڭ ئىككىنچى ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە كەچ كىرىپ كېتىپ، تاڭ ئاتقاندا داۋاملىق تاغنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ شۇ يەردە بارگاھ تىكىپ قونۇپ قالدى.

تومۇز ئىسسىقتا تاغنىڭ ھاۋاسى سالقىن بولىدۇ. ئىسسىقتا تولا يۈرۈپ، مىلتىق ئېسىپ، زەمبىرەك سۆرەپ قاتتىق چارچاپ كەتكەن ئەسكەرلەر قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن، ئەتىسى ئەتىگەندىمۇ

ئورنىدىن تۇرماي تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقانىدى.
تاغدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ يۇزدىن ئار-تۇق خۇيزۇ ئەسكىرى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ يۈرگەچكە، ئۇلار ئەنە شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چاغدا باستۇ-رۇپ كېلىپ ئورغۇننى قىرىپ تاشلىدى. ليۇ جيېنشىن شىددەت-لىك ئوق ئاۋازلىرىدىن ئالدىنقى قوشۇن؛ۇڭ زەربىگە ئۇچرىغانلى-قىنى بىلىپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇشقۇسى كەلمەي دەرھال چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۆلكە ئەسكەرلىرى زەمبىرەكلە-رىنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، تاغدىن دومىلاپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك قېچىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ليۇ جيېنشەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۇلارنى توسۇدى، توسۇغانغا ئۇنى-مىغانلاردىن بىرنەچچىنى ئېتىپمۇ تاشلىدى. ئەسكەرلەر قېچىش-تىن توختىغاندىن كېيىن زەمبىرەكلەرنى قايتۇرۇپ چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئەسكەرلەر ئامالسىز جان تىكىپ جەڭ قىلىپ يۈرۈپ زەمبىرەكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاتلارنى قوشۇپ زەمبىرەك-لەرنى سۆرىگەنىدى، ئويلىمىغان يەردىن بىر زەمبىرەك چاقىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كېتىپ زەمبىرەكنى مىدىرلاتقىلى بولمىدى.
ليۇ جيېنشەن ئاتنى ئۇراي دەپ ئەمدىلا قامچىنى كۆتۈرۈشىگە كۆكسىگە بىر پاي ئوق تېگىپ شۇئان يىقىلدى، كوماندىر جاڭ ليۇشيۇ بېلى قايرىلىپ كېتىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ئەسكەر-لەر باشلىقىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ئىككى كىچىك زەمبىرەكنى، ئوقى سۇنۇپ كەتكەن بىر زەمبىرەكنى، زەمبىرەك ئوقىدىن 14نى ۋە نۇرغۇن ئوق ـ دورىلارنى تاشلاپ، ليۇ جيېنشەن بىلەن جاڭ ليۇشيۇنى ئاتقا ئارتىپ شىنجاڭزىغا چېكىنىپ كېلىۋالدى، ليۇ جيېنشەن يارىسىدىن قان جىق ئېقىپ كېتىپ ئۇ دۇنياغا كەتتى.
ليۇ جيېنشەن ئۆلگەندىن كېيىن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلى-دىغان ئادەم بولمىدى، لى خەيرۇ دەرھال شېڭ شىسەينى باركۆل-دىن قۇمۇلغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ باغداشقا كىرىپ باندىتلارنى

يوقىتىشقا بۇيرۇدى.

شىڭ شىسەي تاغ باغرىغا يېتىپ كېلىپ، ئاۋۋال بىر تۇزۇلۇشنى پۇختا بىلىدىغان بىر قازاق چارۋىچىنى تاغ ئىچىگە كىرگۈزۈپ خوجانىيازنىڭ قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ جاينىڭ ئاقساقىلىنى قولغا كەلتۈرۈپ قوزغىلاڭچىلارنى ئىچكى جەھەتتە پارچىلاشقا ئۇرۇندى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، چارۋىچىلاردەك كىيىنىۋالغان پايلاقچى تاغدىن قويلىرىنى ھەيدەپ چۈشتى ۋە شىڭ شىسەينىڭ چېدىرىغا كىرگەندىن كېيىن تاغنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ شۇنداق دېدى:

— پېقىر چىغىر يول بىلەن خوجانىيازنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭدىم. ئۇلار تاراتىغا 30 — 40 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى قارلىق تاغقا كېلىپ توختىدى. ئالدىدا چوڭ بىر كۆل بار ئىكەن، ئۇ تەرەپكە ئۆتكىلى بولمايدىكەن، ئادەمزات يوق، چوققىلىرى شۇنچىلىك خەتەرلىك. كۆلنى بويلاپ بىرلا چىغىر يول بار ئىكەن، شۇ يول بىلەنلا ئۆتكىلى بولىدىكەن. ئەمما، ئۇزۇن ماڭماي بىر ھاڭغا دۇچ كېلىدىكەنسىز، ھاڭنىڭ ئۈستىدە يالغۇز بىر ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىكەن. خوجانىياز شۇ يەرنى ساقلاشقا 300 دەك ئادەم قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى تۈگەپ كۈندە قوي ئۆلتۈرۈپ يەۋاتىدۇ.

شىڭ شىسەي خوجانىيازنى ماڭارغا يولى قالماپتۇ دەپ ئويلاپ، قوشۇنىنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ مېڭىشقا بۇيرۇپ، تاكى شەكلى ئاتنىڭ ئېگىرىگە ئوخشايدىغان قارلىق بىر چوققىغىچە كەلدى.

— بۇ قانداق جاي؟ — دەپ سورىدى شىڭ شىسەي يول باشلىغۇچىدىن.

— بۇ جاي «تاسما» دەپ ئاتىلىدۇ، ئالدىمىزغا يەنە ئازراق ماڭساق خوجانىيازنىڭ قوشۇنى بار يەرگە بارىمىز، — دەپ جاۋاب

بەردى يول باشلىغۇچى.
خوجانىيازنىڭ كەينىدىن ئۆلكە قوشۇنى قوغلاپ كەلدى. ئۇلار ئالدىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان خەتەرلىك جايغا دۇچ كېلىپ، ئادەملىرى چارچاپ ھەم ئاچ قېلىپ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان، جەڭ قىلىشقا مادارى قالمىغانىدى. ئۇ بىشىر ۋاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يالغان تەسلىم بولۇش قارارىغا كېلىپ، ئاۋۋال شېڭ شىسەيگە 50 مىلتىق بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنىغا قوشۇلۇش شەرتلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى.
شېڭ شىسەي بۇرۇندىن ئۇرۇش قىلماي «تەسلىم» قىلدۇ-
رۇشنى قۇۋۋەتلەپ كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇلار تەسلىم بولۇش توغ-
رۇلۇق سۆھبەتلىشىمىز دەۋاتسا، ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ غەلىبە قىلسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاراتى كەنتىنىڭ كەنت باشلىقى نىيازنى تاغقا سۆھبەتكە ئەۋەتتى. خوجانىياز ئەس-
لىدە تاراتلىق ئىدى، نىيازنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈ-
زۈش ئارقىلىق ۋاقىتنى سوزماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، كەنت باشلىقى نىياز تاغدىن چۈشتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەرلەر كۆك گۆللۈك يوغان ئىككى لوڭقىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.
— خوجانىياز ھاجى، — دېدى نىياز شېڭ شىسەيگە، — شېڭ باش قوماندانىنىڭ ئۆزى بىلەن بۇرادەرلىرىنى ھۆكۈمەت قوشۇنى تەركىبىگە كىرگۈزمەكچى بولغان ياخشى نىيىتىگە رەھ-
مەت ئېيتتى. ئۇنىڭغا ھاياتلىق يولى بەرسىڭىزلا ئادەملىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ قوراللىرىنى تاپشۇرماقچى، ئاندىن يېزد-
لىرىغا قايتىپ تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇنداق قىلغىنىغا مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا، بىرنەچچە كۈن مۆھلەت بەرسىڭىز، شۇ مۆھلەت ئىچىدە

ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولماقچى بولدى، — ئارقىدىن نىياز ئۇ ئەۋەتكەن لوڭقىنى كۆرسىتىپ شۇنداق دېدى، — بۇ ئىككى لوڭقا ۋاڭ ئوردىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمىي ئاسارىئەتىقە ئىكەن، كاڭشى خان تۇنجى قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا ۋاڭغا سوۋغا قىلغانىكەن، 200 يىللىق تارىخقا ئىگە ئوخشايدۇ. خوجانىياز ھاجى، بۇ بىشىر چىڭۋاڭنىڭ ئازراق كۆڭلى، دېدى. بۇنى ئۇياق ـ بۇياققا يۆتكىلىپ يۈرگەنلەردە چېقىپ قويمايلى، دەپ ئەنسىرەپ ئۆزلىرىگە ئەۋەتتى، قوبۇل قىلغايلا.

نىياز شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، بۇ لوڭقىنىڭ زادى قايسى دەۋرنىڭ قىممەتلىك ئاسارىئەتىقىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ لوڭقىنىڭ بويىنىنى سىلاپ قويدى، ئاندىن تېگىنى ئۆرۈپ "قايسى يىللاردا ياسالغانلىقىنى بىلىش نىيىتىدە لوڭقىنى كۆتۈرگەنىدى لوڭقا مىدىرلىمىدى. ئۇ بۇ لوڭقىنىڭ شۇنچە ئېغىرلىقىغا ھەيران قېلىپ، ئىچىگە ئېغىر بىرنەرسە سېلىپ قويغان بولمىسۇن يەنە دەپ، ئاغزىغا چىگىپ قويۇلغان قىزىل تاۋار رەختنى يېشىپ ئىچىگە قاراپ، لوڭقىنىڭ ئىچىدە پارقىراپ تۇرغان لىق ئالتۇننى كۆردى. شېڭ شىسەي بۇنچە كۆپ ئالتۇننى كۆرۈپ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى ۋە شۇئان خوجانىيازنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

شېڭ شىسەي شۇنىڭدىن كېيىن قوشۇننى بىرنەچچە كۈنگىچە مىدىرلاتمىدى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ تۆەنجاڭى بابېگوت قوشۇن تارتىپ چىققاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ كۆڭۈلدىكىدەك جەڭ قىلالمايۋاتقىنىغا تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى، گېرمانلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بۇ ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىنى يارامسىز دەپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى، شۇڭا شېڭ شىسەيگە ھۇجۇم قىلايلى، دەپ بىرقانچە قېتىم ئېيتقان، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ھەر قېتىمقى ئىلتىماسىنى رەت قىلىۋەتكەنىدى.

بىر كۈنى گۈگۈم مەھەلدە شىباڭ شىسەي ئۈنىڭغا ھۈجۈمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بەردى. بابىگوت شىباڭ شىسەينىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، شىباڭ شىسەي زادى نېمە قىلماقچى؟ بىز يولنى بىلمىسەك ھەم قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن تۇرسا، بۇنداق چاغدا تاغنىڭ ئىچىگە كىرىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلاپ، ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىشنى ئېيتقانىدى، ئويلىمىغان يەردىن شىباڭ شىسەي، بۇيرۇققا قارشى تۇرماقچىمۇ سىز؟ مەن سىزنى ھەربىي سوتقا تاپشۇرىمەن، دېدى. شىباڭ شىسەينىڭ ئۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتى ئۇرۇش قىلىش ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن بابىگوتنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئىدى.

بىرقانچە كۈنلۈك بۇ سۈرۈك ئىچىدە خوجانىياز قول ئاستىدىكىلىرىگە دەرەخلەرنى كەسكۈزۈپ، شۇ ياغاچلار بىلەن چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئۈستىدىكى جىنىنى ئېلىپ قاچقىلى بولىدىغان بىردىنبىر يالغۇز ياغاچلىق كۆۋرۈكنى مۇستەھكەملەپ ھەم كېڭەيتىپ، 300 ئادىمىنى، قورال ـ ياراغلىرىنى، قوي ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىنى شۇ كۆۋرۈك بىلەن موڭغۇلىيە بىلەن گەنسۇ چېگرىسىغا ئۆتكۈزۈپ كەتتى. ئۆلكە قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە كۆرگىنى قويلارنىڭ تېرىلىرى، يەپ تاشلىۋەتكەن قوينىڭ ئۇستىخانلىرى، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە يېقىلغان گۇا.ئانلارنىڭ كۆيۈپ ئۆچكەن كۈللىرى بولدى، ئۇلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

## شۆھرىتى ھەممە يەرگە داڭ كەتتى

ما جۇڭيىڭ ئەنشى، دۇنخۇاڭ، يۇمېن قاتارلىق جايلارغا چېكىنىپ بارغاندىن كېيىن، ئەسكەر ئالدى، ئاتلىرىنى تولۇقلىدى ھەم ئوبدان ئارام ئېلىۋالدى. 1932 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ما جۇڭيىڭ جياڭ جيېشى تەرىپىدىن يېڭى تۈزۈلگەن 36 ـ شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ تېخىمۇ كۆ.ەڭلەپ كەتتى

ۋە قوشۇننى باشقىدىن كۆچەيتىپ شىنجاڭغا قايتا قوشۇن تارتىپ ئۇرۇمچىنى ئېلىشنى پىلانلىدى.

ما جۇڭيىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ۋە يېقىنلىرى بىلەن ھەربىي يىغىن ئېچىپ، يىغىندا تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇردى.

— ھازىر يەنە بىر قېتىم تەڭرىتاغ تەرەپكە يۈرۈش قىلىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلدى. بىرىنچىدە ئايلىق رەتكە سېلىش نەتىجىسىدە قوشۇنىمىزنىڭ ئەسكىري كۈچى 5 مىڭغا يەتتى، بۇ سان بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرگەن چېغىمىزدىكىدىن 10 ھەسسە كۆپ. مەن كېلەر يىلى پۈتۈن شىنجاڭنى قولغا ئېلىشنى پىلانلىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، فۇگۇەن ما شىمىڭ زاۋلىيۇ تۈەنىنى باشلاپ چىڭتۇڭ جىلغىسىدىن چىقىپ چاقىلىققا بېرىپ، ئاندىن چاقىلىقنىڭ شىمال تەرىپىدىن خوشۇتقا بېرىپ شۇ يەردە قوماندانلىق شتابى قۇرسۇن. ئۇ يەردە ئۇلار جىن شۇرېننىڭ ئارقا سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۈچ توپلاپ، توقسۇن، تۇرپان، پىچانلاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىدۇ، پۇرسەت كەلگەندە جەنۇبىي شىنجاڭنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ما دېشياڭ، ما جىنلۇ ئىككىڭلار بىر ئامال قىلىپ ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئەتراپىدا بازا قۇرۇپ، جىن شۇرېننىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ سانجىلىڭلار، ئۇ كېچىلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان بولسۇن.

ئۈچىنچى، ما خېيىڭنىڭ قوشۇنى قۇمۇلنىڭ شىمال تەرىپى ئارقىلىق باركۆلنى بېسىۋېلىپ، ئاندىن ئالتاي، چۆچەك تەرەپلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتسۇن.

تۆتىنچى، يولۋاس شىنجاڭنىڭ ئايغاقچىلىقىغا تەيىنلىنىپ

شۇ نام بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدىكى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ، قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، پىچانلاردىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەممەيلەننىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇۋېتىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

بەشىنچى، خوجانىياز جەنۇبىي لىنىيە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. كۆپچىلىك ئېنىق ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى بىردەك:

— ئاڭلىدۇق! — دېيىشتى.

ما جۇڭيىڭ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇنىڭدىن باشقا، بولتۇرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، قۇمۇل، باركۆل تەرەپلەردە ئاشلىق كەمچىل، ئەسكەرلەرنىڭ قورسىقىنى ئۇزۇنغىچە بېقىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ جايلارنى ئىستراتېگىيىلىك بازا قىلساق پۈت دەسسەپ تۇرۇشمۇ تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، ئاشلىقى مول جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىمىز كېرەك، بۇ بىزنىڭ يىراق كەلگۈسى نىشانىمىز. بۇ يىلقى ۋەزىپىمىز جەنۇبىي شىنجاڭنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، ئۆلكە مەركىزىگە قىستاپ بېرىش. شۇڭا، تاكتىكىدا بەزىدە ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك، بولتۇرقىغا ئوخشاش شەھەرلەرگە مەجبۇرىي ھۇجۇم قىلساق بولمايدۇ.

پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇگۈن شەرقتە كۆرۈنسەك، ئەتە غەربتە كۆرۈنۈپ ئۆلكە قوشۇنىنى باش - كۆزىنى تاپالمايدىغان قىلىۋېتىش كېرەك. شېڭ شىسەينىڭ مۇنتىزىم قوشۇنى بىلەن بىۋاستە تۇتۇشۇشتىن ساقلانمىساق بولمايدۇ. «قوش مىلتىقلىق» قوشۇنغا بولسا شىددەت بىلەن زەربە بېرىپ ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتىش كېرەك، — ئۇ شۇ گەپ بىلەن تەڭ تۆمۈردەك چىڭ مۇشتى بىلەن ئۈستەلگە قاتتىق بىرنى ئۇرغاندى، ئۈستەل ئۈستىدىكى چاي ئىستاكانى ئۈستەلدىن چۈشۈپ

كېتىپ كۆكۆم ـ تالقان بولۇپ كەتتى.

ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ پىلانى ئاجايىپ زور تەسىر كۆرسىتىپ، شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلۈك دولقۇن كۆتۈرۈلدى. ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ئۇلارغا كۈچى يەتمەي، 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار پىچان بىـــلەن تۇرپانـــنى ئىگىلىدى. لى خەيرۇ ئالدىراپ ـ تىنەپ شىڭ شىسەينى قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يۆتكەپ كەلدى. 1933 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ ئايلاردا، شىڭ شىسەي ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، زەمبىرەك، برونېۋىك ۋە ئايروپىلانلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش، ئىككى ياندىن قورشاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ تۇرپاننىڭ سىرتىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلارنى چېكىندۈردى. ئارقىدىن يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ما شىمىڭنى يېرىم كېچىدە 400 ئەسكىرىنى باشلاپ ۋە نۇرغۇن قورال، قەغەز پۇللارنى ئېلىپ توقسۇنغا قاراپ چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

شىڭ شىسەي تۇرپاننىڭ يېڭى شەھەر رايونىغا كىرىپ 500 دەك ھەرخىل قورال، زەمبىرەك ئوقىدىن 15 ساندۇق، ئايروپىلاندىن ئاتىدىغان بومبىدىن بەش ساندۇق، ھەرخىل ئوقلاردىن 16 مىڭ پاي، قول بومبىسىدىن 100 دانە، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ھەربىي ئەسلىھەلەرنى غەنىيمەت ئالدى.

شىڭ شىسەي تۇرپاننىڭ يېڭى، كونا شەھەرلىرىگە، ئاستانىغا: تۇرپان خەلقى بۇرۇن ئۆزلىكىدىن ئەمەس، ما مىڭشەن، ماموت (ئاستانىلىق چوڭ بىر پومېشچىكنىڭ ئوغلى)، خوجاندياز (ئۇ موڭغۇلىيە، گەنسۇ چېگرىسى ئارقىلىق قۇمۇلدىن ئۆتۈپ تۇرپان بىلەن پىچانغا يەنە كەلگەنىدى) نىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ھازىر باندىتلارنىڭ ئۇ ئاتامانلىرى قېچىپ كەتتى. ئەمدى سىلەر قوراللىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئۆز تىجارىتىڭلارىڭلار، دېھقانچىلىقىڭلار بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار. ھۆكۈمەت

بىر دەك سىيادرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى سۇرۇشتۇرمەيدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئېلانلارنى چاپلىغۇەتتى. بۇ ئېلان چىقىرىلىپ يەتتە كۈن ئىچىدە تۇرپان بىلەن پىچاندىكى ئۇيغۇر پۇقرالار ئارقا ـ ئارقىدىن قايتىپ كېلىپ قوللىرىغا قايتا كەتمەنلىرىنى ئېلىشتى ھەم مىڭغا يېقىن قورال ـ ياراغلارنى تاپشۇردى.

1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، يەنى شېڭ شىسەي تۇرپاننى ئېلىپ ئىككىنچى كۈنى جىن شۇرېنغا تېلېگرامما يوللاپ ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاشنى ئېيتتى. بىرىنچى يول قوشۇننىڭ كوماندىرى جاڭ يۇشيۇ، ئىككىنچى يول قوشۇننىڭ كوماندىرى فۇ چۈەن، ئۈچىنچى يول قوشۇننىڭ كوماندىرى ياڭ جېڭجۇڭ، تۆتىنچى يول قوشۇننىڭ كوماندىرى لى زوشياڭلارنىڭ ھەربىرىگە ئىككى ئايلىق، ھەربىر جەڭچىگە بىر ئايلىق، لەمجىن، سىڭگىم، تۇرپان جەڭلىرىگە قاتناشقان ئۇچقۇچىلارغا ئىككى ئايلىق مائاش مۇكاپات قىلىپ بېرىلدى.

كوماندىر ـ جەڭچىلەردىن باشقا شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ئالدىغا مۇكاپات ئالدى.

ئۇرۇشتا شېڭ شىسەي نۇرغۇن ئۈجەي يىپلارنى غەنىيمەت ئالغانىدى، چاغان يېقىنلىشىپ قالغاچقا، ئەسكەرلەرگە چاغانلىق پۇل تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن سودىگەر تېپىپ ئۇ يىپلارنى ساتماقچى بولدى.

سودىگەر ناھايىتى مەھكەم ياسالغان، ئاغزى پېچەتلەنگەن ياغاچ تۇڭلارنى كۆرۈپ، ئىچىدىكىسىنىڭ راست ئۈجەي يىپى ياكى ئەمەسلىكىنى، 100 تالالىقىۇ ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تۇڭنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى.

بىرقانچە ئون تۇڭنى بىر ـ بىرلەپ ئاچقانىدى، ھەربىر تۇڭدىن يېتەرلىك ئۈجەي يىپلىرى چىققاندىن باشقا تۇڭلارنىڭ ئاستىدىن كېپەك ئالتۇن بىلەن بۆكەن مۈڭگۈزلىرى چىقىپ

قالدى. شىڭ شىسەي تۆگىلارنىڭ ئىچىدىن بۇناق جىق بايلىق چىقىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. ھەممە ئادەم بۇ ئالامەتنى كۆرگەن بولغاچقا، شىڭ شىسەي دىگەن گېپىدىن يېنىۋالالماي مەردلىك بىلەن:

— ئۇچەي يىپلارنى ساتقان پۇلدىن باشقا بىر قىسىم كېپەك ئالتۇن بىلەن بۆكەن مۈڭگۈزلىرىنىمۇ سېتىپ، دەرىجە بويىچە ئوفىتسېرلارغا بۆلۈپ بېرىلسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

شۇ چاغنىڭ باھاسى بويىچە بىر سەر كېپەك ئالتۇن 80 سەر كۈمۈش باھاسىدىكى چەككە سېتىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، كېپەك ئالتۇن ئالىدىغانلارغا كېپەك ئالتۇن، كېپەك ئالتۇن ئالمايدىغانلارغا 80 سەر كۈمۈش قىممىتىدە چەك بېرىلىدىغان بولدى، بۆكەن مۈڭگۈزىنى ساتماي بۆلۈپ بېرىۋەتتى.

بۇنىڭ بىلەن، شىڭ شىسەينىڭ قوشۇنىدىكى ئوفىتسېردىن تارتىپ جەڭچىلەرگىچە بولغان ھەممە ئادەمنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ھەممە ئادەم بىر تەرەپتە پۇل ساناش، يەنە بىر تەرەپتە كېپەك ئالتۇن بىلەن بۆكەن مۈڭگۈزلىرىنى جىڭلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھەممەيلەن باش قوماندان شىڭ شىسەيدىن تولىمۇ رازى بولدى، نەتىجىدە پۈتۈن قوشۇندىكىلەر چاغاننى بەكمۇ باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

تۇرپان بىلەن پىچاننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بەزىلەر ماقالە يېزىپ، شىڭ شىسەينى: «شۆھرىتى ھەممە يەرگە داڭ كەتتى، ئابرۇيى بارغانسېرى كۆتۈرۈلدى» دىدى.

## قاراشەھەر، قەشقەر، خوتەن، ئالتاي قوزغىلاڭلىرى

شەرق تەرەپتىكى قۇمۇل، پىچان، تۇرپانلاردا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار تولۇق بېسىقتۇرۇلماي تۇرۇپلا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى

قاراشەھەر، قەشقەر، خوتەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئالتاي را-يونلىرىدىن شۇ جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوزغىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئارقا ــ ئارقىدىن تېلېگراممىلار كېلىشكە باشلىدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە شىنجاڭ-نىڭ ھەممىلا يېرىدە ئومۇميۈزلۈك ئىش باشلاپ كەتكەن، غول-لۇق قوشۇنلىرى ئۈيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەممىلا يەردە ھۆكۈمەت قوشۇنىغا زەربە بېرىشكە باشلىغانىدى.

1933 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 26 ــ كۈنى، ما شىمىڭ قاراشەھەرگە بېسىپ كىرىپ، قاراشەھەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى نيۇ شىنى پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. 200 دىن ئارتۇق ھۆكۈمەت قوشۇنى بىر قورۇغا قاپسىلىپ قې-لىپ، بەربىر ئۆلۈپ كېتىمىز، دېگەن خىيال بىلەن ئۆزلىرىنى پارتلىتىپ ئۆلۈۋالدى. ئەتىسى ما شىمىڭ قاراشەھەردە باندىتلار-نى يوقىتىش 36 ــ باش قوماندانلىق شتابىنى قۇردى. ئارقىدىن ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما جەنساڭ كۇچادىكى تۆمۈرنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە شەرق تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، بۈگۈر، باي، كۇچا، كورلا قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ، ئاندىن ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ما شاۋۋۇ دەرھال تۈەنجاڭ ياڭ چىڭ-مىڭنى 250 نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى، 150 نەپەر پىيادە ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى توسۇشقا بۇيرۇدى. ھۆكۈمەت قوشۇنىدى-كىلەر خەلق قوشۇنىدىكىلەرگە تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قېلىپ، نەتىجىدە ياڭ چىڭمىڭ مەغلۇپ بولغان ئادەملىرىنى باشلاپ مارال-بېشىغا قېچىپ كېلىۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خوتەن بىلەن قارىقاشتىكى ئال-تۇن كان ئىشچىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتۇننىڭ باھاسىنى مونوپول

قىلىۋېلىش سىياسىتىگە نارازى بولۇپ ئېسيان كۆتۈردى.

قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ شىجاڭى جىن شۇرېننىڭ تۆتىنچى ئىنىسى جىن شۇجى بولۇپ، ئەلىمىدىمۇ، قەلەمدىمۇ يوق، سىياسەتنىمۇ چۈشەنمەيدىغان، ھەربىي ئىشلاردىن تېخىمۇ خەۋىرى يوق، ھەيۋىسىگە تايىنىپ زومىگەرلىك قىلىدىغان، تىنماي ئۆزىگە دۇنيا يىغىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ۋەزىيەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇرۇش قىلاي دېسە يېتەرلىك ئەسكىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى.

جىن شۇجى ئۆلۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت ھوقۇقى قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ما شاۋۋۇنىڭ قولىغا قالدى. جىن شۇرېن ئۇنى «جەنۇبىي شىنجاڭ باندىتلارنى يوقىتىش قوماندانى» قىلىپ تەيىنلەپ، دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. بىچارە ما شاۋۋۇ ئۇ كۈنلەردە «قۇرۇق قول قوماندان» بولۇپ قالغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ كونا ئۆۋىسى ھېسابلانغان قەشقەرنىمۇ قوغداپ قالالمايتتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر قىرغىزلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، ئوسمان ئەلى دېگەن بىرىنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ قويدى.

قىرغىزلار قورالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ما شاۋۋۇنى قوغدىماي، ئەكسىچە ما جەنساڭ، تۆمۈرلەر بىلەن مەخپىي سۆزلىشىپ تۆمۈرنى قەشقەر كونا شەھەرگە باشلاپ كىردى. ما جەنساڭ قەشقەر كونا شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، تۆمۈر باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى، ئوسمان ئەلى ئۆزىنى گېنېرال دەپ ئاتىۋالدى. ما جەنساڭ يېڭى شەھەرگە كىرىپ، سەنمۇجاڭى سۇ جىنشۇ بىلەن قۇمۇللۇق ئۇيغۇر يۇنۇسبەگنى (خەنزۇچە ئىسمى يى ۋېلىن) قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. ما شاۋۋۇنى ما جەنساڭ بىلەن تۆمۈر ئورتاق نازارەت قىلىپ تۇردى. كېيىن ما



خوتەننىڭ ئەمىرلىرى (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن بىرىنچى ئادەم مەمتىمىن بۇغرا)

شاۋۇ ما جەنساڭ بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ تۆمۈر بىلەن ئوسمان ئەلىگە قارشى چىقتى. بۇ 1932 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى ئىشلار ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خوتەندىكى مەمتىمىن بۇغرا (كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان) قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەن، كېرىيە، يەكەن، پوسكام، چەرچەن، چاقىلىق، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالدى.

1932 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ما خېيىڭ بىلەن ما رۇلۇڭ ئالتاي رايونىنىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ئەتراپىغا يېتىپ بېرىپ، شۇ يەردىكى قازاق ئاقساقاللىرى بىلەن ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇرۇلتوقاينى بېسىۋېلىپ، ئاندىن ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئالتاي رايونىنىڭ مەركىزى ئالتاي شەھىرىگە قىستاپ كەلدى. جىن شۇرېن ئالتاي رايونىنىڭ ۋالىيسى ۋېي جېنگونى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى باستۇرۇشقا بۇيرۇدى. قازاقلارنىڭ ۋاكى ئەلىنىڭ ئاتا بىر ئىنىسى شېرىپقان ئىلگىرى ئۇرۇمچىدىكى موڭغۇل ـ قازاق دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان بولۇپ، ئىدىيىسى ئىلغار ئىدى، بۇرھان قۇرغان مەخپىي تەشكىلاتقا قاتناشقانىدى، شىنجاڭدا يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇ قېتىم ئۇمۇ ئالتاي رايونىنىڭ ساۋۇ تېغىغا قايتىپ كېلىپ هۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت تەشكىللىدى، لېكىن ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشمەي، ئەكسىچە ما رۇلۇڭ بىلەن قارشىلاشتى.

www.uyghurkitap.com

# باش قوماندانلىقنى تالىشىش

1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما چۈەنلۇنىڭ قوشۇنى نەنشەنگە، ما شىمىڭنىڭ قوشۇنى داۋانچېغا يېتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتۈپ ياتتى. جىن شۇرېن ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قوغدىنىش قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆزى قوماندان بولدى، چېن جۇڭنى سىلىڭبۇنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ يەنە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش ئورنى قۇرۇپ، بەي شۇجىنى باش كوماندىر، سۈي چىجىنى ئورۇنباسار كوماندىر قىلدى.

جىن شۇرېن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى زو ۋېيشىنىنى (لەقىمى «زو ساراڭ») چاقىرتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چىغدەڭدە تۇرۇپ ما چۈەنلۇنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشقا بۇيرۇدى.

— ئۆلكە مەركىزىدىكى 100 مىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى سىنىڭ قولۇڭدا، — دېدى جىن شۇرېن ئۇنىڭغا، — مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ما چۈەنلۇ داۋانچېڭ بىلەن نەنشەن تەرەپتىن كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. ھازىر يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى، خۇيزۇلارنىڭ قوشۇنى مۇشۇ پۇرسەتتە ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. سەن ماڭا ياردەملىشىپ غەرب تەرەپنى ياخشى ساقلاپ بەرگىن، ھەرگىز بىخۇتلۇق قىلما!

شۇ يىلى قىشتا سوغۇق قاتتىق بولدى، تېمپېراتورا نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇستىن ئۆرلىمىدى. چىغدەڭ تورپان، پىچان، توقسۇننىڭ شامال ئېغىزىدا بولغاچقا تېخىمۇ سوغۇق ئىدى، بۆرىلەرنىڭ پات ـ پات ھوۋلاپ قويۇشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق سادا يوق، ئەتراپ جىمجىت ئىدى.

زو ۋېيشىن بىر ئەسكەرنى قاراۋۇللۇققا قويۇپ قويۇپ، قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ يەپ ـ ئىچىپ، قىمار ئويناپ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتى، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئەپيۇننى خۇماردىن چىققۇچە چېكىپ، ئاندىن ئورۇنلىرىغا كىرىپ بەخۇدۇك ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇلار چاغاننىڭ ھارپا كۈنىدىكى بۇنداق قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان كېچىدە بىر كىملەرنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىغا زىنھار ئىشەنمەيتتى.

ما چۇەنلۇ مانا مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈۋاتاتتى، ئاخىر بۇ پۇرسەت يېتىپ كەلدى. ئۇ خىل ئەسكەرلىرىنى بۇ يەردىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى تۇرۇشلۇق جايغا باشلاپ كېلىپ بىرلا بۇيرۇق بىلەن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئەسكەرلەرنى قىرىشقا باشلىدى، ئۇلاردىن پەقەت 100 چە ئادەم ھايات قالدى، زو ۋېيشىن بىرنەچچە ئەسكىرى بىلەن كېچىلەپ قېچىپ ئۇرۇمچىگە كېلىۋالدى. جىن شۇرېن ئۇنىڭ رەسۋا قىياپىتىنى كۆرۈپ، شۇنچە كۆپ بۇرادەرلىرىنى، ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ يېڭى 400 دەك مىلتىقىنى، ئون نەچچە پىلىموت ۋە نەچچە ئون مىڭ پاي ئوقنى ما چۇەنلۇغا تاشلاپ بېرىپ ئۆزىنىڭ يالغۇز قېچىپ كەلگەنلىكىگە قاتتىق غەزەپلىنىپ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئالدىمغا كەلدىڭ، دەپ تىللاپ كەتتى ۋە ئادەملىرىگە ئۇنى دەرھال قاماپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

ما چۇەنلۇنىڭ چوڭ قوشۇنى ئۇرۇمچىگە يېقىنلاپ كەلدى. ئۆلكە مەركىزى خەۋپ ئىچىدە قالغان، ھەممە ئادەم ئەندىشە ئىچىدە ئىدى. جىن شۇرېن نەنگۇەن، شىگۇەنلەردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرى بىلەن ئاقساقاللىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشەنمەسلىك، توپىلاڭچىلارغا يوشۇرۇن ياردەم بەرمەسلىك ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلىدى ھەم شۇ جايدىلا ئۇلارغا ئۆز تەۋەسىدىكى جامائەتنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىقىغا، قالايمىقانچىلىققا ياردەم بەرمەسلىكىگە ئىگە بولۇش توغرىسىدا كاپالەتنامە يازغۇزدى. لېكىن، پىتنە ـ پاساتلار بار-

غانسېرى ئۆلگىيىشقا باشلاپ ھەممە ئادەم دەككە ـ دۈككىدە قال-
دى. سېپىل سىرتىدىكى خەنزۇ سودىگەرلەر پۇل ـ ماللىرىنى
ئېلىپ سېپىل ئىچىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە
ۋاقىتلىق تۇرۇپ تۇرۇشقا كېلىشتى. پۈتۈن شەھەرنىڭ يەتتە
دەرۋازىسى ئىچىدە پەقەت شەرقىي دەرۋازىلا كۈندۈزى ئېچىپ
قويۇلدى، قالغانلىرى زادىلا ئېچىلمىدى.

شەھەر ئىچى ھەربىي ھالەتكە ئۆتتى. ھەربىر كېچىدە ھەر-
بىر ئائىلىدىن بىردىن ئادەم سېپىل ئۈستىدە كېچىچە قاراۋۇللۇق-
تا تۇرىدىغان بولدى، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش دەرۋازىسى
ئالدىدىكى يەنە بىر ياغاچ دەرۋازا كېچە ـ كۈندۈز تاقاق تۇرىدىغان
بولدى، قاراۋۇللۇقمۇ چىڭ بولۇپ، دەرۋازىغا ھېچقانداق ئادەم
يېقىن كېلەلمەيتتى. مەيلى قانداقلا ئادەم بولسۇن، ئالاھىدە ئى-
جازەتنامە بولمىسا جىن شۇرېنىنىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە كىرەل-
مەيتتى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ما شىمىڭ قوماندانلىق قىلغان
«ما جەمەتى قوشۇنى» ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىر-
تىدىكى قوراللىق مىڭ نەپەر ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن بىللە ئۈرۈم-
چىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. ما شىمىڭ قول
ئاستىدىكىلەرگە يالغان سۆزلەپ شۇنداق دېدى:

— شەھەر ئىچىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى كاپىر-
لار ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا بىز «گا سىلىڭ» نىڭ بۇيرۇ-
قى بويىچە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك. مەن قوشۇنىمىزنى
ئۈچ يولغا بۆلۈپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدىم. بى-
رىنچى يولدىكىلەر خۇڭشەن تېغىنىڭ ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىدۇ.
ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقانلار كۆپ ئەمەس، ئۇ يەرنى ئېلىپ بولغاندىن
كېيىن دەرھال شەرق تەرەپكە مېڭىپ شىمالىي دەرۋازىغا ھۇجۇم
قىلىدۇ. ئىككىنچى يولدىكىلەر شىمال تەرەپتىن زەمبىرەكلەر
ئارقىلىق شەھەرنى توپقا تۇتىدۇ. مەنچىڭنىڭ گۇاڭشۈي يىللىرىدا
لىيۇ جىنتاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئاشۇ يەردىن شەھەرنىڭ ئىچىگە
قارىتىپ بىر پاي توپ ئېتىپلا ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئالغانىكەن.

ئۈچىنچى يولدىكىلەر شەرق تەرەپتىكى مەشىق مەيدانىغا ھۇجۇم قىلىپ سىمسىز ئالاقە پونكىتىنى ئالىدۇ.

ئەگەر ئۈچ يولدىكىلەرنىڭ ھەممىسى غەلىبە قىلالىسا بىز شەرق، شىمال ۋە غەرب ئۈچ تەرەپتىن شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىمىز، شەرق تەرەپتە ما چۇەنلۇنىڭ قوشۇنى بار، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ بىزگە ماسلىشىدۇ. ئۈرۈمچى بىزنىڭ، ئۇزۇنغا قالماي شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ «گا سىلىڭ»نى كۈتۈۋالىمىز.

خۇڭشەن تېغىنىڭ ئېغىزى، شەھەرنىڭ شىمالىي ۋە سىمسىز ئالاقە پونكىتى تەرەپلەردە قاتتىق جەڭ بولدى. بەي شۇجىنىڭ 500 ئەسكىرى ما جۇڭيىڭنىڭ خۇڭشەن بىلەن سىمسىز ئالاقە پونكىتىغا بېسىپ كەلگەن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈردى. 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ يەنە خۇڭشەن تېغىنىڭ ئېغىزى بىلەن غەربىي باغچىدا بىر ـ بىرىگە توپ ئېتىشتى.

ئەتىسى، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى باش كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى، شۇ يەردىكى فۇمىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋە غەربىي باغچە قاتارلىق جايلارغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ جەڭ قىلدى.

باش كۆۋرۈك ئەتراپىدا خۇيزۇلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مەھەللىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر چاقىرىمدەك كېلەتتى، بەي شۇجى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاشۇ ئۆيلەرگە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ قارشىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ مەھەللىگە ئوت قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى، نەتىجىدە ئۇ يەردىكى بارلىق ئۆيلەر بىلەن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپ كەتتى، 2 مىڭدىن كۆپرەك خۇيزۇ، خەنزۇ پۇقرالىرى قىرىلىپ، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق بولدى.

ئۈرۈمچى قورشاۋ ئىچىدە قالدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى فۇكاڭ، مىچۈەن، سانجى، قۇتۇبى، دىۋوپۇ قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلارمۇ ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە

www.uyghurkitap.com

هۆجۇم قىلىشقا تەييارلاندى.

جىن شۇرېن جىن شۇشىننى ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىكى بۆلۈم باشلىقىدىن تۆۋەن خادىملارنىڭ هەممىسىنى يىغىپ قىززغىتىش سۆزى سۆزلەشكە، هەربىر ئادەمگە «خەلق مۇداپىئەسى» دېگەن خەت يېزىلغان يەڭ بەلگىسى تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇنىڭ دىن باشقا، هەربىر ئادەم قوللىرىغا هۆكۈمەت تارقىتىپ بەرگەن قىلىچ ياكى تاياق - توقماقلارنى ئېلىپ نۆۋەت بىلەن سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرىدىغان بولدى، هېچكىمنىڭ ئۆيىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى.

شەهەر ئىچىدىكىلەرنىڭ قالايدىغان كۆمۈرى تۈگەپ كەتكەنگە بىر قانچە كۈن بولغانىدى، ليۇداۋان، چىداۋانلاردا كۆمۈردىن تولا نېمە يوق ئىدى، ئەمما توشۇپ كەلگىلى بولمايتتى. خېلى كۆپ ئائىلىلەر نەرسە - كېرەك قويىدىغان كىچىك ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى، ئۆيلىرىنىڭ ياغاچ سايمانلىرىنى قالاپ ئىسسىنىشقا مەجبۇر بولدى، كېيىن كىشىلەر ليۇجىنتاڭ دەرۋىدە زاپاس ساقلاپ قويۇلغان كۆمۈرنى كولاپ تېپىۋېلىپ بىر دەمدىلا بۇلاپ تۈگەتتى.



باش كۆۋرۈك ئەتراپىدا يېتىپ كەتكەن جەسەتلەر

باش كۆۋرۈك، خوڭشەن ئېغىزى، يامالىق تېغى ئەتراپىدىكى جايلاردا نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. شەھەر ئىچىدىكى كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ جەسەتلىرىمۇ كۆپ ئىدى، جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە بورىلارنى يېپىپ قويۇشقانىدى، بورىلارنىڭ ئاستىدىن جەسەتلەرنىڭ پۇتلىرى چىقىپ تۇراتتى. سەنداۋبا ئەسلىدە ئارمىيىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان جاي ئىدى، شال تېرىلىدىغان 10 مىڭ مودەك يېرى بار ئىدى، بۇرۇندىن تارتىپ ئۆلكە مەركىزىنىڭ ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ كەلگەنىدى. پۇقرالارنىڭ قوراللىق قوشۇنلىرى بۇ يەرنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن سانسىز ئاشلىقنى يۆتكەپ كېتىپ، نۇرغۇن ئادەم ئاچارچىلىقتا قالدى، ئاخىر بولالماي ياۋا ئىتلارنى تۇتۇپ يېيىشكە باشلىدى.

شەھەر ئىچىدە ھەتتا ئىچىدىغان سۇمۇ تۈگەشكە باشلىدى. 3 -، 4 - ئايلاردا شەھەر ئىچىدىكى قۇدۇقلار قۇرۇشقا باشلاپ، شەھەر خەلقى شەھەر سىرتىدىن ئېشەك - قېچىرلار بىلەن توشۇپ كەلگەن سۇنى سېتىۋېلىپ ئىچتى. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شىمىگۇ، غەرب تەرىپىدىكى ئۇرۇمچى دەرياسىدا سۇ بەكمۇ مول ئىدى، ئادەتتىمۇ سۇچىلار شۇ يەرلەردىن ئېشەك ھارۋىلىرىدا تۇڭ بىلەن سۇ ئېلىپ كېلىپ شەھەردە چېلەكلەرگە قويۇپ ساتاتتى. ھازىر ئۇرۇش بولۇۋاتقاچقا، شەرقىي دەرۋازا ناھايىتى ئاز ۋاقىتلا ئېچىلاتتى، شۇ قىسقا ۋاقىتتا سۇ سېتىۋالالىدىغانلار سېتىۋالالايتتى، سېتىۋالالمىغانلارغا سۇ يوق ئىدى.

شەھەر ئىچىدىكى سودىگەرلەر بىلەن بايلار بۇ پۇرسەتتە ئاشلىق توپلاشقا باشلىدى، خەلق بولسا ئاچلىقتىن بارغانسېرى كۆپ ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى. خۇنەن، خۇبېي ئۆيۈشمىلىرى، ھەرقايسى جايلارنىڭ يۇرتداشلار ئۆيۈشمىلىرى، ئۇرۇمچى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئۆيۈشمىلىرى، مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى، چېركاۋلارنىڭ پوپلىرى پۇل يىغىپ، ئاشلىق توپلاپ،

كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەير ـ ساخاۋەتخانىلارنى قۇرۇپ، چوڭ داشقازانلاردا ئۇماچ قاي-
نىتىپ ئاچارچىلىقتا قالغان خەلقلەرنى قۇتۇلدۇرۇشقا باشلىدى.
لېكىن، مۇساپىرلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى، شەھەر ئىچىدىكى
نامراتلاردىن باشقا، شەھەر سىرتىدىن ھەركۈنى 1 — 2 مىڭ
مۇساپىر شەھەرگە ئېقىپ كىرەتتى.

تازىلىق ناچار، ئوزۇقلۇق يېتەرلىك بولمىغاچقا، شەھەردە



شىنجاڭدىكى خەير ـ ساخاۋەتخانىلار ئاچقان تۈنجى ئۇماچخانا

يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كەتتى. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى:
شياۋشىمېندىكى جاۋ ئائىلىسىدە ئالتە ئادەم، خۇ ئائىلىسىدە ئۈچ
ئادەم، كىچىك نەنمېن ئەتراپىدا بىرنەچچە ئادەم يۇقۇملۇق كې-
سەلدىن ئۆلۈپ كەتتى، كېسەل داۋاملىق تارقىلىۋاتىدۇ، دېگەن
مەلۇماتلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ تۇردى.

جەمئىيەت تەرتىپىمۇ بۇزۇلۇشقا باشلاپ، ئوغرى ـ بۇلاڭچى-
لارنىڭ، بولۇپمۇ ئاشكارا ھالدا ئاشلىق بۇلايدىغان قاراقچىلارنىڭ
بۇلاڭچىلىق ئىشلىرى كۈندە نەچچە قېتىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان
بولدى، بۇ بۇلاڭچىلىقلارنىڭ كۆپىنى باندىتلار قوشۇن ئىچىدىكى
ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ قىلغانىدى.



1933 - يىلى 4 - ئايدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن
خەير - ساخاۋەتخانىلار يارىدارلارنى توشۇۋاتىدۇ

شەھەرنى قوغداۋاتقان قوشۇنلارنىڭ قوراللىرى چەكلىك ئىدى، ئىسكىلاتتىكى ئوقنىڭ سانى 12 مىڭ پايغا يەتمەيتتى، مىلتىقلار كونا، دات باسقان، ئېگىلىپ كەتكەن، نىشانغا ئالغۇچلىرى بۇزۇلغان ياكى پاينەكلىرى سۇنۇپ، يېرىلىپ كەتكەنىدى. زەمبىرەك ئوقىدىنمۇ ئاران 100 پايلا بار ئىدى، ئۇنىڭمۇ ناھايىتى ئاز قىسمىنىلا ئىشلەتكىلى بولاتتى.

مۇشۇنداق ئاپەتلىك كۈنلەردە جىن شۇشىن بىلەن شياۋسۇي شەھەر خەلقىنى قۇتقۇزماقتا يوق، ئەكسىچە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يەنمىڭ بىلەن مەخپىي كېڭىشىپ، ئۇچى دەسمايە سالمايدىغان سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

بىر توپ ساقچى ئاشلىق يىغىمىز دېگەن باھانە بىلەن سودىگەرلەر بىلەن باي ئائىلىلەرنىڭ دۇكانلىرىنىڭ، ئامبارلىرىنىڭ قۇلۇپلىرىنى چېقىپ ئاشلىقلىرىنى ساقچى ئىدارىسىگە يىغدى، ئاشلىقنىڭ ئىگىلىرىنى قاماپ قويدى. ئاشلىقنى ئەلۋەتتە «ئومۇمنىڭ» قىلىۋېتىدۇ، ئەمما ئاشلىقنىڭ ئىگىلىرىنى ئۆيدىكىلىرى ئالتۇن - كۈمۈش خەجلەپ فاماقتىن ئاچىقىۋېلىشتى.

www.uyghurkitap.com

ساقچى ئىدارىسى بولاپ كەلگەن ئاشلىقنى ھەيران قالغۇدەك يۇقىرى باھا بىلەن پۇقرالارغا سېتىپ نۇرغۇن پايدا تاپتى. پۇقرالار ۋىجدانىنى يوقاتقان ئۇ ھايۋانلارغا قاتتىق نەپرەتلەندى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىدى، جىن شۆرېننى تەختتىن چۈشۈرۈشنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

ھەممىلا يەردە ھەرخىل گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى، شەھەر ئىچىدىكى خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگۈدەك، دېيىشسە، شەھەر سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار بىزنى قىرىپ تاشلىغۇدەك، دېيىشەتتى، بۇنداق گەپلەرنىڭ قورقۇنچىسىدا ھەممىلا ئادەم ئەندىشىگە چۈشكەنىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بالكوندا تۇرۇپ دۇربۇن بىلەن يامالىق تېغىغا قاراپ، تاغدىكى ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، زەمبىرەكلىرىنىڭ شەھەرگە توغرىلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى بىلەن كونسۇلخانىنىڭ بارلىق خادىملىرىنى ئىلى ئارقىلىق ئاچىقىپ كېتىشكە تەييارلاندى.

جىن شۆرېن تارىخ سەھنىسىدىن ئۆزلۈكىدىن چۈشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇشىن شەھەر ئىچىدىكى 18 ياشتىن يۇقىرى، 45 ياشتىن تۆۋەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى شەھەرنى قوغداش، سودىگەرلەر جەمئىيىتىنى ئەسكەر تولۇقلاشقا كېتىدىغان 3 مىڭ ئەسكەرلىك راسخوتقا ئىئانە بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چىقاردى. بۇنداق چاغدا كىممۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسۇن؟ كۆپ ئادەملەر ھويلىلىرىدىكى ئورىلىرىغا مۆكۈنۈۋالدى، يېرىم كېچە بولغاندا قوراللىق ئەسكەرلەر ئۆيمۇ ئۆي دەرۋازىلارنى بۇزۇپ، تاملاردىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇپ پۈتۈن شەھەرنى ساراسىمە قىلىۋەتتى.

جىن دۇبەن ئۆلۈمىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن-

دەك ئىدى. ئۇ 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى نەنجىڭدى-
كى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى لىن سىنغا «جىددىي»
تېلېگراممىا يوللىدى:

«... بىر ئايدىن بۇيان باندىتلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ھەم-
مىلا يەرنى قالايمىقان قىلىشقا باشلىدى. قوشۇنىمىز كەينىدىن
قوغلاپ بارسا يوقاپ كېتىدۇ، قايتىپ كەلسە يەنە پەيدا بولىدۇ.
ئاشلىقلىرىمىزنى بۇلاپ، قوشۇنىمىزنى چارچىتىپ ھالىمىزنى
قويمىدى.»

ئۇ تېلېگراممىدا بىر تەرەپتىن پۇل ۋە قورال جەھەتتە يار-ەم
قىلىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەنشى، گەنسۇلارنىڭ
ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن تېزلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ شىنجاڭغا
ياردەم بېرىشنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈندى ۋە: «چېگرا رايوننىڭ
ۋەزىيىتى مۇقىملاشقان ھامان يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىپ، قالغان
ئۆمرۈمدە دۆلەت ئۈچۈن يەنە ئىشلەيمەن» دېگەندەك ۋەدىلەرنى
بەردى.

تەرەپ ـ تەرەپتە قوزغىلاڭ يالقۇنلىرى كۆتۈرۈلگەن شۇ
كۈنلەردە شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى-
نىڭ باشلىقى بولۇپ قالدى.

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ
يۆتكىشىگە ماقۇل بولۇپ تۇرپاندىن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ،
لىيۇداۋاندا 6 مىڭدىن كۆپرەك خۇيزۇ، ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى
بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى.

چىداۋاندا، شېڭ شىسەي قوشۇنى چيەندى ناھىيىسى تەرەپ-
تىن كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق پۇقرالار بىلەن قاتتىق
ئېلىشتى، خاۋگۇ جىراسىنى بەش قېتىم تارتقۇزۇپ قويۇپ، بەش
قېتىم تارتىۋالدى. ئەڭ ئاخىردا ئۆزلەشتۇرۇلگەن قوشۇننى ئىشقا

سىلىپ ئۆلارنى يەڭدى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي سەنداۋبادا خۇيزۇلارنىڭ قورائلىق قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى مۇنتىزىم قوشۇن بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى، ئەمما ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، ئەرلىرى ئالدىدا جەڭ قىلسا، ئاياللىرى ئارقىدا تۇرۇپ ئۇلارغا توۋلاپ تۇرۇپ مەدەت بەردى، لېكىن سانى ئاز بولغاچقا ئاخىر بەرداشلىق بىرەلمەي نۇرغۇنى جەڭ قىلىپ تۇرۇپ ئۆلدى، ئەسىرگە چۈشكەنلەر مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، نۇرغۇن قېرى ۋە ئاجىز ئاياللار تەسلىم بولۇشنى خالىماي دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى. شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنى ئۇلارنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ چيەندى ناھىيىسى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بىرىنشكە بۇيرۇدى.

شېڭ شىسەي ئاخىر قوشۇننى باشلاپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، پۇقرالار ئۇلارنى پوجاڭزا ئېتىپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارغا نۇرغۇن رەھمەتلەرنى ئېيتتى.

شېڭ شىسەي پەرەڭلەرنىڭ يوغان بىر ئېتىغا مىنگەنىدى، قارشى ئېلىۋاتقانلارغا ھەربىيچە سالام بېرىپ كېلەتتى. شۇ يىلى ئۇ 40 ياشتا ئىدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشنىڭ جاپالىرىدا چېكىسىگە خېلى كۆپ ئاق سانجىلغانىدى، ئازراق تومپىيىپ تۇرغان كۆزلىرى سەل قىزىرىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا چاقناپ تۇراتتى.

ھازىرقى شېڭ شىسەي بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق سەنمۇ ۋاقتىدىكى شېڭ شىسەي ئەمەس، قولىدا نۇرغۇن ئەسكەر بار، شىنجاڭ بويىچە ئەمەلىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئالدىنقى سەپ قوماندانى ئىدى. بىر يىلدىن بۇيان ئۇ پۈلىمۇ يوق، دەرمانىمۇ قالمىغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشىدىكى بىردىنبىر ئۈمىدى بولۇپ قالدى. نەدە خەۋپ تۇغۇلسا ئۇنىڭ قوشۇنى شۇ يەردە ھازىر بولۇپ ئۇ يەردىكى

لەرنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى، شۇڭا ئۆلكە مەركىزىدىكى خەلق خۇددى قۇرغاقچىلىق بولغاندا ئاسماندىكى بۇلۇتلارغا تەلپۈنگەندەك ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغان، ئۇنىڭ يولىغا قارايدىغان بولدى.

شېڭ شىسەي قايتىپ كېلىپ، تاقىلىپ قالغىنىغا 46 كۈن بولغان تۆت چوڭ دەرۋازا ئېچىۋېتىلدى، نەنمېن دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى بازار باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى، ليۇداۋاندىن كۆمۈرلەرمۇ توشۇلۇشقا باشلاپ شەھەرنى كۆمۈرگە توشقۇزۇۋەتتى. سەنداۋبانىڭ ئاشلىقلىرى بازارغا كىرىپ كوچا - كوچىلاردا ۋارقىراپ ساتىدىغان بولدى. بىر مەھەل چۆلدەرەپ قالغان كوچىلار، بازارلار بىردىنلا ئاۋاتلىشىپ، سامسىپەزلەر سامسىلىرىنى، كاۋاپچىلار كاۋاپلىرىنى، لەڭپۇڭچىلار لەڭپۇڭلىرىنى ماختاپ خېرىدار چاقىرىدىغان بولدى. باققاللار قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى، ئۈزۈملىرىنى، بادامىلىرىنى، ئەنجۈرلىرىنى، نەشپۈتلىرىنى دۇكانلىرىنىڭ ئالدىغا يېيىۋەتتى، ھەممە بازارلاردا ئېلىم - سېتىم قايناپ ئاجايىپ بىر قىزغىن كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنى خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدار ھېسابلاپ، مۇكاپاتلارغا ئېرىشىمەنغۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن جىن شۇرېننىڭ بىر ئېغىز بولسىمۇ ماختىغان سۆزىنى ئاڭلىمىدى، يەنە تېخى ئەمىلىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. ئەسلىدە جىن شۇشىن ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغانىدى.

— ئاكا، — دېدى ئۇ، — شېڭ شىسەي ھازىر قالتىس بولۇپ كەتتى، قولىدا ھەربىي ھوقۇق بار، شۇڭا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ. تۆتىنچى يول قوشۇندىن باشقا بابىگوتنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇنىنىڭ ئۈچ تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرلىرى بولۇپ، جەمئىي 6 مىڭ 500 ئادىمى بار. ئۇنىڭغا بىرونېۋىك، زەمبىرەكلەرنى قوشقاندا قانچىلىك بولۇپ كەتتى؟ يەنە تېخى ئۇ ئايروپىلانلارنىمۇ ئىشتا سالالايدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە ھەرگىز بولمايدۇ،

ناۋادا ئۆزىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ قالىدىغان بولسا، ئۆيلاپ باقىڭ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىمىزنىڭ ھاياتىمۇ تۈگەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى ھەر-بىر ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىپ دەم ئالدۇرۇش كېرەك.

جىن شۈرېن ئۆزىنى مۈشكۈلچىلىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ تۇرىدىغان شېڭ شىسەيدىن ئايرىلالمايتتى ھەم شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ كۈچىيىپ كېتىشىدىنمۇ قورقاتتى. جىن شۇشىننىڭ ئۇ گەپلىرى دەل كۆڭلىدىكى گەپلەر بولغاچقا، ئۇ شېڭ شىسەيدىن كېچە ـ كۈندۈز ئۆزى ئۈچۈن شۇنچىلىك جاپا تارتقىنىغا رازى بولماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇنى، ئېمىشقا ۋاقتىدا كېلىپ بىزنى قۇتۇلدۇرمايسىز، دەپ ئەيىبلەپ كەتتى.

شېڭ شىسەي قايتىپ نەنگەندىن بېرى ئاچچىق يۇتۇپ كېلىۋاتقاچقا، جىن شۈرېننىڭ ئۆزىنى «ياخشىراق دەم ئېلىڭ» دېگىنىنىڭ نېمە مەنىدىكى گەپ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرى جىن شۈرېنغا قادىلىپ قالغانىدى. جىن شۈرېن ئۇنىڭدىن، ماڭا پايدىسىز ھەرىكەتلەردە بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— نېمىگە چەكچىيىپ تۇرىسەن، چىقىپ كەتمەمسەن!

شېڭ شىسەي شۇندىلا ئۆزىگە كېلىپ، ئۆتۈكىنىڭ ئاپقۇتلىرىنى بىر ـ بىرىگە «پاق!» قىلىپ ئۇرۇپ تىك تۇردى، ئاندىن جىن شۈرېنغا ھەربىيچە سالام بېرىپ كەينىگە بىرنەچچە قەدەم شوخشۇدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ «گۈس! گۈس!» دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ شۇنچە كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن تۇرۇقلۇق ئەكسىچە جازالىنىدىغانلىقىنى زىنھار ئويلىمىغانىدى. ئۇنى شەرقىي يول باندىتلارنى يوقىتىش قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى

دانىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئورنىغا ياڭ جېڭجۇڭنى قويدى. جىن شۇرېندەك بۇنداق ئادەم بىلەن قانداقمۇ بىللە ئىشلىگىلى بول-سۇن؟ ئۇ ئۆيىدە بىر تەرەپ قىلىنىشنى ساقلاپ بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدى. كېيىن باشقىلار جىن شۇرېنغا، شېڭ شىسەي تالانتلىق ئادەم ئىدى. بىر ئادەمنى ئىشلەتتىڭىزمۇ، ئۇنىڭدىن گۇمانلانماڭ، گۇمانلىنىپ قالسىڭىز ئىشلەتمەڭ. ئەگەر ھۆكۈ-مەت ئۇنى ئىشەنچسىز دەپ قارىسا، ئەڭ ياخشىسى بالدۇرراق ئىچكىرىگە يولغا سېلىپ قويۇش كېرەك، بولمىسا كېيىن ئىش چىقىدۇ. ھازىر شەرقىي شىمالدىن كېلىۋاتقان پىدائىيلار قوشۇنى سىبىرىيە ئارقىلىق چۆچەككە يېتىپ كەلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ، شېڭ شىسەينىڭ ئۇلار بىلەن يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بار. ئۇلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىمەن دەيدىكەنسىز، شېڭ شىسەيگە تايانماي بولمايدۇ، شۇ-ڭا ئۇنىڭ كۆڭلى بۆلۈنمەسلىكى كېرەك، دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى چاقىرتىپ بىر – ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ بىلەن كۆڭلىنى ياساپ قويدى، شېڭ شىسەيمۇ قەسەم بېرىپ، ھەرگىز ئالا كۆڭۈللۈك قىلماي-مەن، بۇيرۇقىڭىزغا مۇتلەق بويسۇنىمەن، خىزمىتىمگە سادىق بولىمەن، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىن ئۇ «ئاۋام گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى چېن جىيىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە مۇشۇ ۋەقەنى دەپ بەرگەنىدى، ئەمما ۋەقەلىك ئازراق ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئالدىنقى سەپتە جىن شۇرېن ئۇچۇن جان تىكىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشسا، جىن شۇرېن رەھمەت ئېيتماقتا يوق، جىن شۇشىننىڭ يالغان گەپلىرىگە ئىشىنىپ، شەرقىي يول باندىتلارنى يوقىتىش قوشۇنى يېتەرلىك كۈچ چىقارمىدى، دەپ ئۇنى ئەيىبلەپ كەتكەن، ئالدىن-قى سەپتىن قايتىپ كېلىپ جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشكىلى

www.uyghurkitap.com

كىرگەندە ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلغان، شېڭ شىسەي ئۇنى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدىن دەرھال يېنىپ چىقىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولغاچقا، ئۇنى ئىككىنچى قېتىم خەتەرگە يولۇقۇشۇم دېگەن.

# 4 . غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى

## تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەر ئىتتىپاقى

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن، جاڭ شىن قاتارلىقلار پىلانلىغان، ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىش قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بەردى. بۇ ھەرىكەت شىنجاڭ تارىخىدا «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، «12 ـ ئاپرېل ئىنقىلابى» ياكى «ئاپرېل ئىنقىلابى» دەپمۇ ئاتالدى.

بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشنى پىلانلىغان ئادەم ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تاۋ مىڭيۈ ئىدى.

تاۋ مىڭيۈ جېجياڭ شاۋشىڭلىق ئادەم ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى خۇبېيدا ئەمەلدارلار سورۇنلىرىدا ئەمەل ئىزدەپ بىر مەزگىل يۈرگەنىدى. مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915) بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئالغان مۇلكىي ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا ھاكىملىققا ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇ بىلىملىك، يېڭىلىققا، يېڭى بىلىمگە ئىنتىلىدىغان، چىقىشقاق ئادەم ئىدى.

دەسلەپتە ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنىدى. كېيىن ياڭ زېڭشىن باشقا ئىقتىدارلىق ئادەملەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ: «سىرتىدىن تەمكىن كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئىچىدە ئويۇن بار؛ ئۆزى ئەقىللىق، قانائەتچان، ئەمما تازا ساداقەتمەن ئەمەس؛ ئۆزىگە بەك ئىشىنىدۇ، يۇقىرىغا ئىتائەتمەن ئەمەس؛ جاپادا بىللە بولالايدۇ، ئەمما ھالاۋەتتە ئۇنداق ئەمەس» دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنىڭغا پەقەتلا چوڭ ئەمەللەرنى بەرمەي، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىخۇ، قۇمۇل، ئونسۇ، قەشقەر كوناشەھەر، يەكەن، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ھاكىملىقىغىلا تەيىنلەپ كەلگەنىدى. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قىلىپ قويدى. جىن شۇرېن ئۇنى، ھەددىدىن زىيادە چېچەن، ئەمما باشقۇرۇش تەس ئادەم، دېگەنىدى.

1932 - يىلى، لۇ شياۋزۇ يەتتە قۇدۇقتا مەغلۇپ بولۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىدىن ئېلىپ تاشلاندى. 1933 - يىلى 2 - ئايدا، جىن شۇرېن ئۇنى چۆچەكنىڭ ۋالىيلىقىغا ئەۋەتىپ، شەرقىي شىمالدىن سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي شىمال ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى پىدائىيلار قوشۇنىدىكىلەرنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن باش كاتىپلىق ئورۇن بوش قېلىپ، بەزىلەر بۇ ئورۇنغا تاۋ مىڭيۈنى لايىق كۆردى. ئۇ تالانتى بار، ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەل تۇتۇپ كەلگەن، تونۇش - بىلىشلىرى كۆپ، ئىش بېجىرىشكە تەدبىرلىك ئىدى، شىنجاڭدا ئىشلىگىنىگىمۇ 20 يىلدىن ئاشقان، مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك ئەمەلدار بولىدىغان ۋاقىتىمۇ بولغانىدى. قابىلىيىتىمىدىن ئېيتقاندا باش كاتىپلىق مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، دەپ ئويلىغانىدى ئۇ. ئويلىمىغان يەردىن، جىن شۇرېن بۇ مەنسەپنى ئۆزىنىڭ بىر يۇرتلۇقى سۇڭ خۇيشىگە

بەردى. چىرىكلىكتە چېكىگە يەتكەن بۇ ئادەمدە ھەرخىل ئىشلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك قابىلىيەت پەقەتلا يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاۋ مىڭيۈنىڭ جىن شۇرېندىن كۆڭلى بەكمۇ سوۋۇپ كەتتى.

قۇمۇل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ئۆلكە قوشۇنلىرى ئالدىنقى سەپكە تۇركۇملەپ مېڭىپ، ئاشلىق، يەم - خەشەك، مائاش، ھەربىي كىيىم، ئىگەر دېگەندەك نەرسىلەرگە بولغان ئېھتىياج ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. جىن شۇرېن دائىم دېگۇدەك تاۋ مىڭيۈنى چاقىرتىپ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا بېجىرگۈزەتتى. تاۋ مىڭيۈ ئۇنچىلىك كۆپ نەرسىنى قاندۇقمۇ تەييارلاپ بولالىسۇن؟ ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئەمدىلا گەپكە ئېغىز ئېچىشىغا، جىن شۇشىن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ:

— ھازىر قانداق ۋاقىت؟ ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر - جەڭچىلەر جان تىكىپ جەڭ قىلىۋاتسا، سىلەر مۇلكىي ئەمەلدار- لار مىلتىق تۇتماقتا يوق، ئەتىدىن كەچكىچە ئويۇن - تاماشا بىلەن بولۇپ، يەپ - ئىچىپ راھەت سۈرۈپ يۈرىسىلەر. سىز دېگەن بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى، شۇنداق ئىكەن، بۇ نەرسىلەرنى مەن سىزدىن ئالماي كىمدىن ئالىمەن؟ — دېگەندى.

تاۋ مىڭيۈ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىچىدە: «ھەربىي مائاش، ھەربىي ئەسلىھەلەر، ھەربىي ئاشلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەر- بىي ئىشلار نازىرى بولغان سېنىڭ ئىشىڭ تۇرسا، بۇ ‹ياخشى ئىشلار› نى نېمىدەپ ماڭا ئىتتىرىپ قويىسەن؟» دەپ ئويلىغان، ئەمما جىن شۇشىننىڭ مۇتتەھەملىكىنى بىلگەچكە، دەردىنى ئىـ- چىگە يۇتۇپ بۇ ئىشنى تۆۋەندىكىلىرىگە تاپشۇرغانىدى.

ئۇرۇمچى مۇھاسىرىدە قالغاندا، تاۋ مىڭيۈ جىن شۇرېننىڭ كۆنىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى پەملەپ ئۆزنى ئاغدۇرۇۋېتىشنىڭ تەي- يارلىقىنى جىددىيلەشتۈردى.

ئۇ ئالدى بىلەن جاڭ شىننى كۆزلىدى. جاڭ شىن خۇبېي

خۇاڭئەنلىك ئادەم ئىدى، خۇبېي قانۇن تۇرغۇزۇش سىياسىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنىدى. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ھاكىم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خوجىلىق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئالاقە مەھكىمىسى بىرىنچى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئۇ ئىلغار پىكىرلىك ئادەم ئىدى. 1928 - يىلى 7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى بولغاندا سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان، لېكىن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقماي يوشۇرۇن ياردەم بەرگەنىدى. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، جىن شۇرېن ئۇنى قاماققا ئېلىپ سوراققا تارتتى، لېكىن فەن ياۋنەنلەر ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇ ئىشقا قاتناشقانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق ئىسپات تېپىلماي، ئىككى يىلدەك قامالغاندىن كېيىن، 1930 - يىلى قويۇپ بېرىلگەن، شۇنىڭدىن تارتىپ جىن شۇرېن ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمىگەنىدى.

جاڭ شىن جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى ھەم بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ تېززەك ئاياغلىشىشىنى، بىرەر قەھرىماننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ يامان كۈنلەرگە خاتىمە بېرىپ خەلقنى ئاسايىشلىق كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

تاۋ مىڭيۆ بىلەن جاڭ شىن ئىككىسى بۇرۇندىن تونۇش ئىدى. تاڭ مىڭيۆ جاڭ شىنغا شۇنداق دېدى:

— ھازىر پىچاق سۆڭەككە يەتتى. جىن شۇرېننى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەن، ۋاي دەپ كەتكۈدەك ئادەم ئەمەس، ھەممە ئادەمنىڭ نەپرىتىگە قالدى، ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتمىگۈچە خەلقنىڭ غەزىپىنى باسقىلى بولمايدۇ، يەرلىك ئورۇنلارغىمۇ خاتىرجەملىك يوق. قانچە بالدۇر چارىسىنى قىلساق ئۆزىمىزگە ھاياتلىق يولى قالدۇرۇشىمىز شۇنچە ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

جاڭ شىن تاۋ مىڭيۆنىڭ پىكرىنى قوللاپ، جىن شۇرېننى

ئاغدۇرۇشنىڭ نۇرغۇن تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ بەردى، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

تاۋ مىڭيۈ بىلەن جاڭ شىن شىنجاڭنىڭ مەنسەپدارلىرى ئىچىدە سالاھىيىتى ئەڭ ئۈستۈن ئادەملەر ئىدى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى لى چى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ رۇيچى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۈشەن، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تۇ ۋېنفېي (بۇ ئادەم تاۋ مىڭيۈنىڭ قېيناتىسى)، ئۈرۈمچىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى لى رۇڭ قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكمۇ ياخشى ئىدى، ئۇلار بىلەن ئاغىنىدارچىلىقىمۇ بار ئىدى.

بۇ ئەمەلدارلار ھېيت - بايراملاردىن باشقا چاغلاردىمۇ پات - پات بىر يەرگە يىغىلىپ ئويناپ، كۆڭۈل ئېچىپ تۇراتتى، كۆپرەك يىغىلىدىغان جايى تاۋ مىڭيۈنىڭ ئۆيى ئىدى.

تاۋ مىڭيۈنىڭ باغلىق قورۇسى ئازادە، مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەر قورۇنى بىر ئالغان، چىرايلىق ئىدى، بولۇپمۇ بۇ باغدىكى بىر جۈپ توز گۈزەل قاناتلىرىنى يېيىپ ئاستا ماڭىدىغان بولسا ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى.

شىنجاڭ گەرچە چەت جاي بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستەللىرىدە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، قارلىغاچ ئۇۋىسى دەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. تاۋ مىڭيۈ ئويۇنچى ھەم تائاملارنىڭ تۈرىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم ئىدى، مەخسۇس ئاشپەزلىرى بار ئىدى، ئۇلار قىلغان تائاملار ھەممىنىڭ ئاغزىدا قالاتتى. تاۋ مىڭيۈ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن قولى بوشىغان چاغلاردا قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامانىنىڭ تائام پىرلىرى يازغان تۈرلۈك قورۇما - تائاملار توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ، ئاشپەزلەرگە قايسى تائامنى قانداق ئېتىش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى ھەم شۇ بويىچە قىلدۇرۇپ باقاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىدە تاماق يېگەن

بۇرادەرلىرى ئۇ تائاملارنى ماختىماي تۇرالمايتتى.

بىر كۈنى، ئۇلار ئەنە شۇنداق مەززىلىك تائاملارنى يەپ، ئارقىدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان ئاجايىپ شېرىن - شەربەت ھەرخىل مېۋىلىرىنى يېگەچ ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان بىر چاغدا تۇ ۋېنفېي تويۇقسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇۋېدى، دوستلىرى ھەيران قېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— تۇ ئەپەندى، نېمىگە شۇنچىلىك ھەسرەتلىنىسىز؟ شۇن-داق خۇشال ئولتۇرۇۋاتقاندا پەيزىمىزنى ئۇچۇرمىسىڭىزچۇ!

— بۇنداق ئېسىل نازۇنېمەتلەردىن ئۇزۇنغىچە مۇشۇنداق بەھرىلەنگەن بولساق قانداق ياخشى بولاتتى، — دېدى جاۋابەن تۇ ۋېنفېي.

ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن تەڭ قالغانلارمۇ ئىختىيارسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشقا باشلىدى. بىرەيلەن:

— بۇ بۇرادىرىمىزنىڭ دېگىنىمۇ توغرا. كىم بىلىدۇ، بىر كۈنلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار شەھىرىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ بىزنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەمدۇ، — دېدى

— بۇرادەرلەر، ئەنسىرەپ كەتمەڭلارچۇ، — دېدى يەنە بى-رەيلەن، — شېڭ باش قوماندانىنىڭ 6 مىڭدىن كۆپ ئەسكىرى بار. ئۇ ئادەم ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈ-گەتكەن، ئۇرۇشتا ئېپى بار. قۇمۇلدىن تارتىپ تۇرپان، پىچان، توقسۇن، فۇكاڭ، سانجى قاتارلىق جايلارغىچە بولغان يەر-لەردە 50 — 60 قېتىم چوڭ - كىچىك جەڭلەرنى قىلىپ ھەممىسىدە غەلىبە قىلدى. ئاشۇ ئادەم بولغاچقا بىز بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ بۇ نازۇنېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىۋاتىمىز.

— جىن رەئىسمۇ قىزىق ئادەم ئىكەن، — دېدى ليۇ ۋېنلۇڭ ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، — شىنجاڭدا مىللەتلەر مۇرەك-كەپ، شۇڭا مەسىلە چىقسا ئۆلتۈرىمەن، ئۆلتۈرىمەن، ئۆلتۈرد-

مەنلا دېمەي، شاپائەت بىلەن جازانى تەڭ يولغا قويۇشى كېرەك ئىدى. ئەينى يىللاردا ياڭ گېنېرال هايات ۋاقتىدا مىللىي مەسى- لىلەر هازىرقىدىن كۆپ هەم مۇرەككەپ ئىدى، ئۇ شۇ مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنى بىر - بىرلەپ هەل قىلىپ تۈگەتتى. ئەڭ يامىنى تۇرپاندىكى تۆمۈرنىڭ قوزغىلىڭى بولىدىغان، ياڭ گېنې- رال ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېلىپ يىغجاڭلىقنى بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قانچە يۈز ئادىمىنى ئاسانلا يىغىشتۇرۇۋەتتى. هازىرقى يولۋاس بىلەن خوجانىيازلارنى ئال- ساقمۇ، ئۇلار دەسلەپتە بىر قانچە يۈز ئىدى، جىن رەئىس باستۇرۇشنىلا بىلىپ بىرقانچە يىل ئۇرۇشقانىدى، ئۇلار ئازايماق- تا يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، يەنە تېخى گەنسۇدى- كى «گا سىلىڭ» بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، قۇمۇلدىن باشلاپ ئۆلكە مەركىزىگىچە ئۇرۇشۇپ كەلدى. بۇنىڭ هەممىسى بىزنىڭ سىيا- سىتىمىزنىڭ خاتالىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ كاساپىتى بىلەن بېيجىڭ، تيەنجىندىكى سودىدا نۇرغۇن زىيان تارتىپ كەت- تىم، تىجارىتىممۇ توختاپ قالدى.

— نەنجىڭدىكى گومىنداڭ هۆكۈمىتىگە تېلېگراممۇ بېرىپ، مەركەزدىن بۇ ئىشلارنى تۈزىگىلى بىر ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك، جىن رەئىس ئەمدى يۇرتىغا بېرىپ ئارام ئالسۇن.

ئۇلار ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن سۆزلەپ، ۋەزىيەت- نىڭ مۇقىمسىزلىقىغا بولغان ئەندىشىلىرىنى ئىپادىلىدى هەتتا جىن شۇرېننىڭ قۇدىسى بولغان جۇرۇيچىمۇ جىن شۇرېن ئۈچۈن بىر ئېغىز بولسىمۇ ياخشى گەپ قىلىپ قويمىدى.

تاۋ مىڭيۈ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن «خەلقنىڭ رايى» نىمۇ، «ئەمەلدارلارنىڭ رايى» نىمۇ ئاڭلىدى. بىر هاكىمىيەت خەلقنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇنىڭ يامان سۆزىنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالىدىكەن، ئۇ

هۆكۈمەتنىڭ ئامىتى قاچىدىكەن.

تالىپلار ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولسا ئۈچ يىلدىمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، دېگەن بىر گەپ بار. شۇنىڭغا ئوخشاش، تاۋ سىڭيۇنىڭ قولىدا بىرمۇ ئەسكەر، قىسقىسى بىرمۇ تاپانچا يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ جېن شۇرېننىڭ قولىدىكى قورال بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرسا بولاتتى.

1932 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۈرۈمچىگە سىرلىق بىر ئادەم كەلدى، ئىسمى چېن جۇڭ ئىدى. ئۇ ئۆزىنى جياڭ باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جىن شۇرېننىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا كەلدىم، دېدى.

چېن جۇڭ خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 3 ـ قارارىنى پۈتتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ سىياسىي قىياپىتى بۈگۈنگىچە بىر تېپىشماق. بەزىلەر ئۇنى، كوممۇنىست، دېسە، بەزىلەر، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، دەيتتى. يەنە بەزىلەر، ئۇنىڭ گومىنداڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن، دەيتتى. بۇ گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا پاكىت تېپىلمىدى، دېگۈچىلەرمۇ بولدى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى توغرۇلۇق شىنجاڭنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلاقلىق، 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جىن شۇرېنغا ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر پارچە خېتىلا ئازراق بىر نېمە دەپ بېرەلەيتتى.

ئۇ بۇ خېتىدە يېزىشىچە، 17 ياش ۋاقتىدا خۋاڭپۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقۇپ شۇ مەكتەپنىڭ 3 ـ قارارىنى تاماملىغان. 1927 ـ يىلى 21 ـ جۇننىڭ ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار تۈەنگە تۈەنجاڭ بولۇپ، ۋۇخەن ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن 2 ـ قېتىملىق شىمالىي مىلىتارىستلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان. كېيىن «مەركەز» نىڭ تاللىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي بىلىم ئۆگىنىشكە، سىياسەتلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا بېرىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك

مەرگەنلەر مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1929 - يىلى كۈزدە جۇڭدۇڭلۇ ۋەقەسى يۈز بەرگەندە «ئىنتايىن يامان ئەھۋالغا قېلىپ» شيۇك شياۋيوەن قاتارلىقلار بىللە باشقىچە ياسىنىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كېتىپ، شۇ يەر ئارقىلىق قەشقەرگە كىرگەن.

1929 - يىلى قىشتىن 1930 - يىلى 7 - ئايغىچە قەشقەردە يېرىم يىلدەك يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پاسپورتنى ھەل قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كەلمەكچى بولغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ساخارا دېگەن جايىدا قولغا ئېلىنىپ، موسكۋانىڭ سىياسىي مەھبۇسلار تۈرمىسىگە ئېلىپ بېرىلىپ شۇ تۈرمىگە تاشلانغان. 11 - ئايدىكى قاتتىق سوغۇقتا سىبىرىيىدىكى شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا ئېلىپ بېرىلىپ ياغاچ كېسىشكە سېلىنغان.

1931 - يىلى 4 - ئايدا، ئۇ يەرلىك ئادەمدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، شۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو كونسۇلىدىن جۇڭگوغا قايتىپ كېتىشكە پاسپورت بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ چاغدا دەل شىنجاڭنىڭ بەش نەپەر بايۋەچچىسى (جىن شۇرېننىڭ ئوغلى جىن شۇدىڭ، جيەنى جىن زوجىڭ، جۇرۇيچىننىڭ ئوغلى جۇ يۈنىڭ، ليۇ شىزېڭنىڭ جيەنى ليۇ خۇڭبېي، لۇ شياۋزۇنىڭ ئوغلى لۇ كېمېي) گېرمانىيىگە ئوقۇشقا چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقانىكەن، كونسۇل چېن جۇڭغا پاسپورتنى ئاشۇ بايۋەچچىلەرنى چۆچەكتىن ئېلىپ كەلگەندە شۇلارنىڭكى بىلەن بىللە ئىشلەپ بېرىشنى ئېيتقان.

بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، چېن جۇڭ 1931 - يىلى 7 - ئايدا نەنجىڭگە يېتىپ بېرىپ جياڭ جيېشىغا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تارتقان كۈنلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق دوكلات قىلغان.

www.uyghurkitap.com

1932 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، چېن جۇڭ يەنە توپچىلار تۈەنىگە تۈەنجاڭ بولۇپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇزۇن ئۆتمەي، جياڭ جيېشى ئۇنى چاقىرتىۋېلىپ «روسىيە ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈش»، «سوۋېت روسىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مەخپىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىشانىنى تەكشۈرۈش»، ئاندىن ئۇ ھەقتە جىن شۇرېنغا تەپسىلىي دوكلات قىلىپ، جىن شۇرېننى «سوۋېت روسىيىسىنىڭ شىنجاڭدا يامان ئىشلارنى قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» قا كۆندۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەنسۇنى ئايلىنىپ مېڭىپ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن.

جىن شۇرېن چېن جۇڭنىڭ جياڭ جيېشى ئەۋەتكەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي سىرتتا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى.

تاۋ مىڭيۆ ئاغىنە تۇتۇشقا ماھىر، چىقىشقاق ئادەم بولغاچقا، ياش ھەم قاملاشقان، ئۈرۈمچى جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن چېن جۇڭ بىلەن تېزلا تونۇشۇپ كەتتى ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇشنى ئېيتتى. چېن جۇڭ يالغۇز ھەم بارىدىغان باشقا يېرى بولمىغاچقا، تاۋ مىڭيۆنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان بولۇپ، ئىككىسى تېزلا يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ كەتتى.

— بىز جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى، — دېدى تاۋ مىڭيۆ چېن جۇڭغا، — ئۇ مەقسەتكە يېتىشتە قېرى ئەمەلدارلارغا تايانغىلى بولمايدۇ. سىز ھەربىي ئادەم، قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىسىز، قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىك ئادەملەر بولسا بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز.

— مېنـىـڭچە، لى شياۋتـيەن بىلەن ھەمكارلاشساق بولىـدۇ، — دېدى چېن جۇك.

— شىنياڭلىق ھېلىقى ئادەممۇ؟ — سورىدى تاۋ مىڭيۈ.

— دەل شۇ ئادەم، — دېدى چېن جۇك، — ئىككىمىز پاراڭلىشالايمىز. ئۇ ئىلگىرى ياپونىيىدە ئاۋىئاتسىيە كەسپىدە ئوقۇغان. 1931 ـ يىلىدىكى 18 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ۋەتەن ساتقۇچ بولۇشنى خالىماي يۇرتىدىن چىقىپ كەتكەن. شۇ كۈنلەردە جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «شىنجاڭ ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» ئىمزالاپ، نەتىـجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئېرىشـۋالغان. شۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقى جىن شۇرېـنـغا ئايروپىلاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەددىي كېرەكلىك قوراللار بىلەن ئوق ـ دورىلارنى سېتىپ بېرىشكـە قوشۇلغان. شـۇنىڭ بىلەن، 1931 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىرى 40 مىڭ مېكسىكا كۈمۈش تەڭگىسى ھېسابىدا ئۈستىدە پىلىموت ھەم بومبا تاشلايدىغان ئۈسكۈنىلىرى بار ئىككى دانە قوش قاناتلىق ئايروپىـلان سېتىۋالغان. 1932 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئىككى تەرەپ يەنە سەككىز ئايروپىلان ئۈستىدە سودا توختامى تۈزۈشكەن. شۇنىڭـدىن تارتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەملىرى ئايروپىلان ھەيدەپ ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان بولغان. جىن شۇرېن لى شياۋتيەن بىلەن ياۋ شيۇك، ۋاڭ زىگۈلارنى شۇ چاغدا شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئۇچقۇچى، قوشۇمچە ئۇچقۇچىلىق ئوقۇتقۇچىسى قىلغان.

چېن جۇك بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تاۋ مىڭيۈدىن سورىدى:

— ئايروپىلاننىڭ گېپى چىقىپ بىر ئىش يادىمغا كېلىۋاتىـدۇ، بۇلتۇر يازدا نەنمېننىڭ سىرتىدا يۈز بەرگەن ئۆلۈم ئىشى يادىڭىزدىمۇ؟

— يادىمدا بولمايچۇ، — دېدى تاۋمىڭيۈ، — پۈتۈن شەھەر-

نى زىلزىلىگە سېلىشقەتكەن ئىشقۇ ئۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئۇچقۇچىسى ئايروپىلاننى ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئايروپىلاندىن چاتاق چىقىپ كۈنپېتىش تەرەپتىكى سايغا چۈشۈپ كېتىپ، نەتىجىدە ئايروپىلانمۇ ۋەيران بولدى، ئۇچقۇچىمۇ ئۆلدى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا كەلگەن ئادەمنىڭ سانى يوق، ئالدىدا ھەربىي ئوركېستىر ماڭدى، كەينىدىن ئۇ ئۇچقۇچىنىڭ جەستى سېلىنغان ساندۇق قويۇلغان هارۋا، ساندۇقنىڭ ئۈستىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت بايرىقى يېپىلغان، ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ، باشقارما، مەھكىمىلەرنىڭ باشلىقلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئۆلۈمنى ئۇزىتىپ چىقتى. ھەممىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىغىچە كەلدۇق. كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ جەسىتىنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەتتى.

— شۇ ئىشتىن كېيىن لى شياۋتيەننىڭ زېمىنىسىدىكى يوك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ئۇچقۇچىلارنى تەربىيىلەشتىن باشقا ئايروپىلان ھەيدەپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ بومبا تاشلايدىغان بولدى. بۇ يىل 1 ـ ئايدا ئۇ يەنە تۇرپان بىلەن پىچاندا بولغان ئۇرۇشقا قاتناشتى، — دېدى چېن جۇڭ.

— سىلەر ئادەتتە نېمە ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىسىلەر؟ — سورىدى تاۋ مىڭيۈ ئۇنىڭدىن.

— لى شياۋتيەن مىجەزى ئوچۇق ئادەم، شەرقىي شىماللىق ھەقىقىي ئەركەك، — دېدى چېن جۇڭ، — پەزىلىتى ياخشى، ۋەزىيەتتىن سۆزلەشكە قىزىقىدۇ. ئىدىيىسى يېڭى، گەپلىرى ئۆتكۈر، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قۇردىن تىللاپ چىقىدۇ.

— ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىشقا بولارمۇ؟ — تاۋ مىڭيۈ بارغانسېرى ئۇنىڭغا قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى.

— ئۇ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ رۇيچىنى، ناھايىتى

ھىيلىگەر، ھۆكۈمەت بانكىسىدىكى پۇلنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلدەك خەجلەيدۇ، جىن شۇرېننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ھەم شۇنداق؛ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى لى چىنى، ئېھتىياتچان ئادەم، ئەمما ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ؛ قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۇشەننى، ناھايىتى سالاپەتلىك ئادەم، ئەمما قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ؛ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭنى، ناھايىتى مەككار، چۇتۇچى، ئوي - خىيالى سودىگەرچىلىكتە؛ لۇ شياۋزۇنى ئۆزىنىڭلا چىۋىنىنى قورۇيدۇ؛ چىن شۇشىننى باشباشتاق؛ سۇي مابيەننى چاكىنا ئادەم، دەيدۇ...

تاۋ مىڭيۈ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئۇ ئادەملەرنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار راست ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئادەملەر، — دېدى.

— ئۇنىڭ سىزگىمۇ باھاسى بار، — دېدى چېن جۇڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

تاۋ مىڭيۈ ئۇنىڭ گەپلىرىگە تېخىمۇ قىزىقىپ، ئىختىيارسىز ئەمەلدارلارچە تەلەپپۇز بىلەن:

— مېنى نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ سىزنى ئەقىللىق ھەم تەدبىرلىك ئادەم، باشقىلارنىڭ نوختىسىغا چۈشۈشنى خالىمايدۇ، دەيدۇ.

— ئۇ مېنىمۇ خېلى ئوبدان بىلىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، گەپ - سۆزدە ئېھتىيات قىلسۇن، جىن شۇشىننىڭ قۇلاقلىرى كۆپ، گېپىم بار دەپ دەۋەرسە بولمايدۇ، — ئارقىدىن ئۇ چېن جۇڭدىن سورىدى، — شېڭ باش قوماندان قانداقراق ئادەم؟

— مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئادەم خېلى بولىدىغاندەك. بىرىنچى، ئۇرۇش قىلالايدىكەن. ئىككىنچى، لى شياۋتيەن بىلەن

بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى، چۈنكى ئۇلار بىر يۇرتلۇق ـ دە. ئۇچىنچى، ئىدىيىسى ئىلغار، ياپونىيىدە سىياسىي ئىقتىسادنى ئىلىمىنىمۇ ئۆگەنگەنىكەن ھەم ھەربىي ئىلىمىنىمۇ ئۆگىنىپتۇ. لېكىن، جىن شۇرېن بىلەن جىن شۇشىن ئىككىسى ئۇنىڭغا ئازا ئىشەنمەيدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن كارى يوق. ئۇ، مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن 20 يىل بولسىمۇ ئاچچىق يۇتۇشقا رازىمەن، دەپتۇ. ھازىر ئۇ سانائەتلىك ئادەملەرنىڭ قاتارىدا. لېكىن، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا جىن شۇرېن ئۇنى ئەمىلىدىن ئېلىۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدە قالدى ـ دە.

— بارىكاللا! — دېدى ئاۋ مىڭيۇ خۇشاللىقىنى باسالماي، — سىز، لى شياۋتيەن، شېڭ شىسەي ئۈچۈڭلار بولساڭلار، بىرىڭلار دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ ئاخباراتلىرىنى تويلىساڭلار، بىرىڭلار ئالدىنقى سەپتە مىلتىق ـ زەمبىرەككە ئىگە بولساڭلار، يەنە بىرىڭلار ئاسماننى ئىگىلىسەڭلار ئىشلىرىمىزنىڭ پىرىمى ئەمەلگە ئاشىدۇ دېگەن گەپ. بىر ئامال قىلىپ شېڭ شىسەيگە يېقىنلىشىڭ. پەيتىنى كەلتۈرۈپ ئۇنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ كېلىڭ، بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

شېڭ شىسەي ئۆز ئۆيىدىكى كارىۋىتىدا قورساق كۆپۈكى بىلەن ياتاتتى، لى شياۋتيەن بىلەن چېن جۇڭ كىرىپ كەلدى.

شېڭ شىسەي زورغا كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىككىڭلارنى قانداق شامال مېنىڭ مۇساپىرخانامغا ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدىڭلارغۇ، — دېدى.

— شېڭ ئاكا، سىزنىڭ ئۆيىڭىز «مۇساپىرخانا» ئەمەس!

شېڭ شىسەي ھازىرغىچە لاۋمەنچېڭدىكى لۇ شياۋزۇنىڭ قورۇسىدىكى 7 ـ 8 ئېغىزلىق پاكار ئۆيلەردە تۇرۇۋاتاتتى. ھەممە ئۆيلەر ئاپئاق ئاقارتىلغان، دېرىزىلىرى كۆك سىردا سىرلانغان،

تاملىرى قىلىن بولغاچقا قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن ئىدى. ئىككى ئۆينىڭ پاسىل تېمىغا ئېگىزلىكى ئىككى ـ ئۈچ مېتىر، دىئامېتىرى بىر مېتىر كېلىدىغان ئېگىز تاممەش جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تاممەشكە بىر قېتىمدا 20 ـ 30 كىلوگرام كۆمۈرنى سېلىپ ئوت يېقىۋەتسە بىردەمدىلا ئۆينىڭ ئىچى ياز كۈنلىرىدىكىدەك ئىسسىپ كېتەتتى، كۆڭلەك بىلەن ئولتۇرمىسا ئولتۇرغىلى بولمايتتى. مەخسۇس ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگەنگەن چيۇ يۇفاڭ ئۆينى شۇنچىلىك چىرايلىق، پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

لى شياۋتيەن بۇ ئائىلىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولغاچقا ئانچە تارتىنىپ كەتمىدى. چيۇ يۇفاڭ قايرىما ياقىلىق ئاق كوپتا كىيىپ، ياقىسىنى تونچە ياقىلىق قىزىل يۇڭ پوپايكىسىنىڭ ياقىسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئاستىغا بەدىنىگە چىپپىدە كەلتۇرۇپ تىكىلگەن كۆك كاجى ئىشتان، پۇتىغا قېنىق رەڭلىك سوكنۇدىن قىلىنغان ساپما ئاياغ كىيىۋاپتۇ. ئىككى مەڭزى قىزىل، گەرچە يۈزىنىڭ گۆشلىرى ئازراق بوشىغان بولسىمۇ، لېكىن رەڭگىدىن كەتمىگەن، ئىككى بالىنىڭ ئانىسى دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

— شېڭ خانىم، بارغانسېرى ياشىرىپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ، — دېدى لى شياۋتيەن چيۇ يۇفاڭنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ.

— ھەدىگىنىز گىمۇ چاقچاق قىلىۋېرىسىز ھە، سىز، — دېدى چيۇ يۇفاڭ كۈلۈپ كېتىپ، — جىيەن قىزىڭىز مەكتەپكە بارغۇدەك بولغان تۇرسا، يەنە مېنى 18 ياشلىق قىز چاغلامسىز.

قايسىبىر ئايال كىشى ئۆزىنى ياش دەپ ماختىغاننى ياخشى كۆرمەيدۇ؟ چيۇ يۇفاڭ ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن ئىچىدە خۇشال بولغانىدى.

— ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى چېن جۇڭ شېڭ شىنسەيگە، — ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ.

— ئىنىم، سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ بۇنداق ناھەقچىلىكلەرگە ئۇچرىشىم بىرىنچى قېتىم ئەمەس. ئۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسىمۇ ئۆزلىرىنى رەئىسلىك، دۇبەنلىك، نازىرلىق ئورۇنلاردا خاتىرجەم ئولتۇرغۇزۇۋاتقان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بېقىشى كېرەك - دە. ئۇلار خەلقنىڭ ئاۋازىغىمۇ قۇلاق سېلىپ باقسۇن. ئەمەلدار، ئەسكەر، كۆكتاتچى، تاقىچى، ئاشپەز دېگەنلەردىن قايسىبىرى ئۇلاردىن ئاغرىنمايدۇ؟! ھازىرقى ئەھۋالدا بايراق كۆتۈرۈپ چىقىدىغان بىرلا ئادەم كەم.

— شېڭ ئاكا، ئاشۇنداق ئادەم چىقىپ قالسا سىز قانداق قىلىسىز؟ — سورىدى لى شياۋتيەن سىناق تەلەپپۇزىدا.

— ئىنىم شياۋتيەن، سىزچە قانداق قىلسام بولار؟ — شېڭ شىسەي ياندۇرۇپ ئۇنىڭدىن سوراپ، ئارقىدىن ئىككىلىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇرۇمچىنىڭ ھاكىمى تاۋ مىڭيۈ ئەپەندى سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا خېلىدىن بېرى ئاپىرىن ئوقۇپ كېلىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ بۇ قېتىم ئۆلكە مەركىزىنى قوغدىغىنىڭىزغا بارىكاللا ئېيتتى، كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىزگە لايىق مۇكاپاتلانماقتا يوق، ئەكسىچە جازالانغىنىڭىزغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، پېقىرنى سىزدىن كۆڭۈل سوراشقا، ئەگەر خالىسىڭىز سىز بىلەن دوست بولۇپ قېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ئەۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، شېڭ شىسەي چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ، دائىم تاۋ مىڭيۈنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارىدىغان بولۇپ قالدى.

12 - ئاپرېل كۈنى، بابىگوتنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تۇنجى ئوقنى ئاتتى.

بابىگوت گېرمان نەسلىدىن بولغان بېلورۇس ئوفىتسېرى ئىدى، روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئاقلار قوشۇنى

باشلاپ ئىلىگە چىقىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان، پۇرسەت كەلگەندە روسىيىگە چىقىپ كېتىشنى مەقسەت قىلغان. كېيىن روسىيە-نىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قايتا تىرىلىش خام خىيالى ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولۇپ ئۇ خىيالىدىن يانغان. شۇ چاغلاردا ئۇ نامدا يەنە-لا ئاقلار قوشۇنىنىڭ سەنمۇجاڭى ئىدى. 1925 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۇ تۈەنجاڭ تكاچيوف بىلەن بىرلىشىپ ئىلىنىڭ ۋالىيسىغا ئىلتىماس يېزىپ، ئۆزلىرى بىلەن قول ئاس-تىدىكىلەرنىڭ ئەمدى رومانوفلار پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئىشلىمەي-دىغانلىقىنى، شىنجاڭدا قېلىپ جان بېقىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تۈەنىنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، بارلىق ھەربىيلەر بىر دەك گازارمىلىرىدىن چىقىپ تارقاق تۇ-رۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇڭا، ئۇلار كېيىن ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق رايونلارغا تارقىلىپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىرى تېرىقچىلىق قىلغان، ئىشچىلىق قىلىدىغانلىرى ئىشچى بولغان، بەزىلىرى ھەتتا ماشىنىچى بولۇپ مەخسۇس كاس-تۇم - بۇرۇلكا تىكىدىغان، بەزىلىرى پىچاق چاقلايدىغان چاقچى بولۇپ كەتكەن. 1931 - يىلى ئۆلكىلىك ئارمىيە لياۋدۇن جېڭى-دە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئۇلارنى تارقىلىپ كەتكەن جايلىرىدىن يىغىپ كېلىپ ئۆزلەشتۇرۇلگەن ئۇچ تۈەنلىك قوشۇن قىلىپ تەشكىللىگەن، بابىگوت ئۇ قوشۇنىنىڭ كوماندىرى بولغان.

دەسلەپتە ئۇلارنىڭ تەمىناتى يامان ئەمەس، مائاشى ئۆلكە ئارمىيىسىدىكىلەرنىڭكىدىن بىر - ئىككى ھەسسە كۆپ ئىدى. 1933 - يىلىغا كەلگەندە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىنىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ مائاشىمۇ ۋاقتىدا بېرىلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ يىل 2 - ئايدا، ئۆلكە مەركىزى قورشاۋدا قالغاندا مال

باھاسى ئۆرلەپ كېتىپ، بىرقانچە ئاي مائاشسىز، تەمىناتسىز قالغان ئۇ قوشۇننىڭ ئادەملىرى قاتتىق قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى، شۇنىڭ بىلەن بابىگوت جىن شۇشىننىڭ ئالدىغا مائاش تارقىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ باردى.

فۇگۇەن جىن شۇشىنغا بابىگوتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، جىن شۇشىن: «يەنە ئازراق ساقلىسۇن!» دەپ جاۋاب بەردى.

بابىگوت تالادىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئارقا - ئارقىدىن موخوركا چېكىپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە شۇ ساقلىغانچە ئۈچ - تۆت سائەت ساقلىدى، تاماكىنىڭ كۆتۈكى ئۇنىڭ ئالدىدىكى يەرنى بىر ئالغاندى. بىر چاغدا جىن شۇشىندىن خەۋەر چىقىپ بابىگوت ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىڭىز؟ — جىن شۇشىن خۇرۇم ئورۇندۇقتا يېنىچە ئولتۇرۇپ، بىر پۇتى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي، تىرناق ئالغۇچ بىلەن قولىنىڭ تىرنىقىنى ئېلىپ ئولتۇراتتى.

— نازىر، بىرقانچە ئاي بولدى مائاش ھەم تەمىنات ئالمىدۇق، قارا بولكا يەپ كېتىۋەرسەك بولماس. ئۇزۇن بولدى بىر قوشۇق شورپىمۇ ئىچەلمىدۇق.

— قارا بولكا يېيەلىگەن بولساڭلار چوڭ ئىش بوپتۇ، يەنە تېخى شورپا ئىچمەكچىمۇ سىلەر؟ شورپىغا پەمىدۇر، ياڭيۇ، كاپۇسكا، پىياز، كالا گۆشى نەدە تۇرۇپتۇ؟ تويىمغورلۇق قىلماڭلار، باشقا قوشۇندىكىلەر نېمە يەۋاتىدۇ بىلەمسىلەر؟ ئۇلار ئۇماچ ئىچىۋاتىدۇ، ئۇماچ! ئاچتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. قارا بولكا يەۋاتقان بولساڭلار بۇ سىلەرنىڭ ئامىتىڭلار.

— ئامىتىڭلار؟ ئامىتىڭلار دېگەن نېمە گەپ! — بابىگوت ئۇ گەپنى چۈشىنەلمەي، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئېغىر پېتېربۇرگ تەلەپپۇزى بىلەن خەنزۇچە سورىدى. ئۇ شىنجاڭدا ئون نەچچە يىل تۇرغان بىلەن مۇشۇ

گەپنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىكەن.

— ئامىتىڭلار دېگەن بەختىڭلار دېگەن گەپ. چىق! چىق! چىق! مېنىڭ سەن بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقتىم يوق، مەندە ساڭا بەرگۈدەك ھەربىي تەمىناتمۇ يوق، چىقىپ جىن رەئىسنى ئىزدە!

بابىگوت نۇرغۇن ئاچچىق يۇتۇپ ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ دۇبەن مەھكىمىسىگە كېلىپ دۇبەن بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ناھايىتى تەستە ئىككىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ كاتىپنىڭ ئىشخانىسىدا بەش - ئالتە سائەت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئارقا - ئارقىدىن چاينى ئىچىپ تۇراتتى، ھاجەتخانىغىمۇ ئارقا - ئارقىدىن بېرىپ تۇراتتى، قورسىقى ئېچىپ توختىماي غولدۇرلايتتى، كۆزلىرىگە ئاچلىقتىن قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ كېتىۋاتاتتى، ئىچىدە بولسا، جىن رەئىسنى ئەپيۇن چېكىدۇ، دېيىشىدۇ، مېنىڭچە ئۇ ئەپيۇن چەكمىسە كېرەك، ئەپيۇن چەككەن ئادەمدە بەش - ئالتە سائەت ئىشخانىدا ئولتۇرالايدىغان زېھنىي قۇۋۋەت بولامدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى، جىن شۇرېنىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى:

— رەئىس سىزنى قوبۇل قىلماقچى! — دېدى.

بابىگوت غەزىپىنى زورغا بېسىپ، كىيىملىرىنى، بېشىدىكى ھەربىي شەپكىسىنى تۈزەشتۈرۈپ، قۇرۇق يۆتەلدىن بىرنى يۆتەلىپ قويۇپ جىن شۇرېنىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

ئىشىكتىن كىرىشىگە غەلىتە بىر خىل ئىسنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا ئۇرۇلدى، ئۇستەلنىڭ كەينىدە يۆلەنچۈكى ئېگىز بىر خۇرۇم ئورۇندۇق تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭدا ئادەم يوق، سول تەرەپكە قارىۋىدى، جىن شۇرېن قولىدا ئۇزۇن غاڭزا، كارىۋاتتا يېتىۋېلىپ ئەپيۇن چېكىۋېتىپتۇ. بابىگوت ئەمدى چۈشەندى، جىن

شۈرىن ئەسلىدە مۇشۇ نەرسە بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرىدىكەن. ئەمما، بابىگوت ئۇنىڭ كۆپكۆندۈزدە، يەنە كېلىپ ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا، قىلچە ئەيمىنىش يوق ئەپيۇن چېكىپ ياتىدىغانلىقىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى.

جىن شۈرىن بىرىنىڭ يۆتەلگىنىنى ئاڭلاپ بابىگوتنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپمۇ قويماي، غاڭزىسىنى يەنە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم شورىۋېلىپ، ئاندىن ئېرىنچەكلىك بىلەن پۇشقىقىنى بوغۇۋالغان، ئاياغ كىيمىگەن بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ ياندىكى ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى، ئاندىن چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ «ئولتۇرۇڭ!» دېدى.

— سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرۇلۇق ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ماڭا تېلېفوندا ئېيتتى. ھەربىي تەمىنات...

ئۇنىڭ گەپلىرى بابىگوتنىڭ قۇلاقلىرىغا زادىلا كىرمىدى. ئۇ باشلىرى چىڭقىلىپ، ساقاللىرى تىترەپ، خۇددى ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك، جىن شۈرىنىنىڭ ئىنچىكە بوينىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە غەزىپى ياندىغاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەزەلدىن جىن شۈرىندىن كۆرگەن ھاقارەتتەك ھاقارەتنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە ۋاقىت نېمىنى شۇنچە ساقلىغانلىقىنى ئۇنتۇپ، كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، ئىشىكنى غەزەپ بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتتى، ئۆينىڭ ئىچىدە «سۇۋۇلۇش» (ھايۋان) دېگەن بىرلا سۆزى قالدى.

جىن شۇشىنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بېرى خۇددى بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك كۆڭلى ئەندىشىدە، قاپىقىمۇ توختىماي تارتىپ تۇراتتى، كېچىلىرى قارا بېسىپ، چۈشىدە بىردە چاچلىرى سالۋاراپ تۇرغان، ئۆزىگە قانلىق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئالۋاستىنى كۆرسە، بىردە ئۆزىنىڭ تاغ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەنلىرىدە چىلىق ـ چىلىق تەر-

گە چۈمۈلۈپ بىر هازاغىچە ئىسگە كېلەلمەي قالاتتى، ئىسگە كەلگەندە دەرهال ياستۇقىنىڭ تېگىدىكى فرانسىيە تاپانچىسىغا قولىنى سوزاتتى، تاپانچا چىراغىنىڭ يورۇقىدا خۇددى چۈشىدە كۆرگەن ئالۋاستىنىڭ كۆزلىرىدەك ئوخشاش كۆكۈش يېنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئەمدى ئۇيقۇسى قېچىپ، چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ كارىۋاتتىن چۈشتى، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، يۇمشاق خوتەن گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئۇياقتىن ــ بۇياققا مېڭىپ يۈردى.

ئۇچىنچى خوتۇنى چىراغنىڭ يورۇقىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، ئەركىلىگەندەك ئاھاڭدا:

— يەنە نېمە بولدىڭىز؟ بىرنەچچە كۈن بولدى، خۇددى ئالۋاستى چاپلىشىۋالغاندەك يېرىم كېچىدە بىردەم ئىنجىقلايسىز، بىردەم تووۋلايسىز. ئۆزىڭىز ئۇخلىمىغاننى ئاز دەپ خەقنىمۇ ئۇخلاتمايسىز، — دېدى ۋە گېپىنى تۈگىتىپ، يامانلىغاندەك چىراغقا دۈمبىسىنى قىلىپ ئۇ تەرىپىگە ئۆرۈلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇخلاپ كەتتى.

جىن شۇشــــن بىرنەچچە كۈندىن بېرى كېلىۋاتقان مەلۇماتلاردىن گاڭگىراپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى. نەنشەندىكى ما چۇەنلۇنىڭ قوشۇنى قاتتىق مەشىق ئېلىپ بېرىپ ئۆلكە مەركىزىگە يەنە بىر قېتىم هۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. شېڭ شىسەي ئۆيىدە دەم ئالغان بۇ بىرنەچچە كۈندە باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك، هە دېسىلا چېپىن جۇڭ، لى شياۋشىيەنلەر بىلەن خۇددى ئايرىلالمايدىغان قوشماقلاردەك كېچە ــ كۈندۈز بىللە دېگۈدەك يۈرۈشۈۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ قورسىقىدا نېمە ئويلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. بابىگوت ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننى هەر كۈنى خاباغا باشلاپ بېرىپ مەشىق قىلدۇرىدىغان، قىلىچلىرىنى بىلەپ پارقىرىتىۋېتىدىغان، ئاتلىرىنى يۇيۇپ ــ تارايدىغان بولۇۋالدى. شەرقىي شىمالدىن ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە

بىرنەچچە كۈن بولغان پىدائىيلار قوشۇنىدىكىلەرمۇ ناھايىتى روھلۇق يۈرۈشىدۇ، كوچىلارغا چىققانلىرىدا ئادەملەرنىڭ توپلىنىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىلا دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ ئۇلارغا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ، «ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى!» دەپ شوئار توۋلىشىدۇ. پۇقرالار ئۇلارنى كۆرسە ئالامەت خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ، دۇكانلاردىن بىر نەرسىلەرنى ئالسا دۇكان خوجايىنلىرى، بىزنىڭ ياپونغا قارشى قوشۇنغا ياردىمىمىز بولۇپ قالسۇن، دەپ ئۇلاردىن پۇلمۇ ئالمايدۇ، ئۆلكە قوشۇنىدىكىلەرنى كۆرگەندە بولسا خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدۇ. پوچتىخانىدىكى تەكشۈرۈش خادىملىرى ناھايىتى نۇرغۇن سېرىق رەخت سېتىۋېلىش توغرۇلۇق يېزىلغان غەلىتە خەتلەرنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقىپتۇ. بۇ شەھەر مۇداپىئە خادىملىرى بىلىكىگە تاقايدىغان سېرىق رەختتىن تىكىلگەن يەڭ بەلگىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقى ئەمەسمۇ؟ بەزى كونۋېرتلار خەت يوق قۇرۇق، بۇ شەھەر ھازىر ئەسكەرسىز تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەنلىكقۇ؟ بەزى خەتلەردە بىزنىڭ توخۇلار ھازىر تۇخۇم تۇغمايدىغان بولۇپ قالدى، دېيىلگەن. خەتكىمۇ شۇنداق گەپلەرنى يېزىش كېرەكمۇ؟ بۇ قارشى تەرەپكە، گەرچە ئايروپىلان بولسىمۇ تاشلايدىغانغا بومبا يوق، دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ئادەمنىڭ ئەڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغىنى بىرنەچچە نازىرلار بىلەن باشقارما باشلىقلىرى. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ تامىقىنى يەپ ھۆكۈمەتنى تىللاپ تۈزكورلۇق قىلىشىۋاتىدۇ. رۇسچە سىياسىي قانۇن تېخنىكومى بىلەن ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ياتاقلىرىنىڭ، كارىدورلىرىنىڭ، سىنىپلارنىڭ تاملىرىغا تەپتارتماستىن «يوقالسۇن جىن شۇرېن! ما جۇڭيىڭنى قارشى ئالايلى!» دېگەندەك شوئارلارنى چاپلىشىپتۇ. بۇ دېلو ھازىرغىچە پاش بولغىنى يوق. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى يامان ئىشلارنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ؟

جىن شۇشىن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان توپلىغان مەلۇماتلارنى

رەتلەپ چىقىپ جىن شۇرېن قاپاقلىرى تۇرۇلگەن ھالدا مەلۇماتلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، مەلۇم قىلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ چوڭقۇر بىر تىنىدى، ئاندىن: «بىكارغا بولۇت كەلمەس، بولۇت كەلمىسە يامغۇر ياغماس» دەپ قويۇپ، ئازدىن كېيىن:

— ھازىر ۋەزىيەت بەكمۇ خەۋپلىك، ئۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشلارنى قەتئىي ئېنىقلاپ، غەيرىي ئۇنسۇرلارغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىپ، ئاشكارىلانغانلىرىنى قاتتىق جازالاش، ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق كېرەك، ئېغىرلىرى دەرھال ئېتىلسۇن! — دېدى.

جىن شۇشىن شۇ بويىچە ئىش قىلماقچى بولۇپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، جىن شۇرېن ئۇنى يەنە توختىتىۋېلىپ:

— ئۇرۇمچى ناھىيىلىك تۈرمىگە قامالغان ھېلىقى ئون نەچچە خويزۇ، ئۇيغۇر جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىپ تاشلانسۇن، بولمىسا كېيىن ئۇلار بېشىمىزغا بالا بولىدۇ، — دېدى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ھەقىقەتەن خەۋپ ئىچىدە قالغاندى، ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى.

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، شىڭ شىسەي بۇيرۇققا بىنائەن نەنشەنگە ما چۈەنلۇڭنىڭ قوشۇنىنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. شەرقىي شىمالدىن كەلگەن پىدائىيلار قوشۇنى قورال تارقىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن شىمگو، گۇمۇدى، سەنداۋبالارغا بۆلۈنۈپ شۇ جايلارنى قوغدايدىغان بولدى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ باھار كۈنلىرى ئىدى، قۇياش يەنىلا كېچىكىپ چىقاتتى ۋە ئالدىراپ پېتىپ كېتەتتى. چۈشتىن كېيىن تاۋ مىڭيۆنىڭ قورۇسىدا ئېچىلغان مەخپىي يىغىن ئىككى سائەت داۋاملاشتى. تاۋ مىڭيۆ يىغىنغا قاتناشقان چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن، گىمىركىن قاتارلىقلارغا:

— ھازىر پىچاق سۆڭەككە يەتكەن چاغ، يېگىش - يېگىلىش

مۇشۇ بىر ھەرىكەتىمىزگە باغلىق بولۇپ قالدى. گىمىركىن ئەپەندى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ ئىشىنى پۈتۈنلەي سىزگە تاپشۇردۇق، — دېدى.

— تاۋ بېگىم، خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم غەلىبە قىلىمىز!

— ئەمىسە سىلەرنىڭ خۇش خەۋىرىڭلارنى كۈتىمەن! — دېدى تاۋ مىڭيۈ.

— سىز بابىگوتقا ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى چېن جۇڭ گىمىركىنگە، — سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ ئورنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشلىرىدىن غەم يېمىسۇن، بارلىق ئەسكەرلىرى ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن ئەسكەر ئېلىنمايدۇ.

گىمىركىن بېلورۇسلارنىڭ خېلى نامى بار چوڭ سودىگىرى ئىدى، شىنجاڭدىكى ئىچكى - تاشقى سودا تىجارىتىدىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. بۇرۇن تيەنجىندە رۇس سودىگەرلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئىشلىگەن، 1917 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرخىل تېرە، ئۈچەي سېتىۋېلىپ تيەنجىنگە ئاپىرىپ سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالغانىدى. كېيىن ئۈرۈمچىدە دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلدى، ئالتايدا نۇرغۇن بوز يەر ئاچتى. ئۇنىڭ كۆچمەس مۈلكىلا خېلى نۇرغۇن ئىدى، ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە 2 مىڭ دەندىن ئارتۇق غەللە - پاراق تاپشۇراتتى. 1925 - يىلى شىنجاڭدا ئاپتوموبىل ئىدارىسى قۇرۇلغاندا ياڭ زېڭشىن ئۇنى شۇ ئىدارىگە باشلىق قىلدى. مەبلەغمۇ، ئاپتوموبىلمۇ ھەم ئەمەلمۇ بولغاندىكىن، ئۇنىڭ سودىسى تېخىمۇ رۇناق تاپتى، تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. لىيۇ ۋېنلۇڭنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۆزى قىزىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. گىمىركىن لىيۇ ۋېنلۇڭنىڭ مەبلىغىنىڭ بىر قىسمى ياڭ زېڭشىننىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ ئۇ

تەكلىپىنى، ئەلۋەتتە، رەت قىلالمايتتى. گىمىركىنىنىڭ سودىسى
ھۆكۈمەتنىڭ قىزىل تامغىسىنىڭ كۈچى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە
راۋاج تېپىشقا باشلىدى، بۇنىڭدىن لىۋ ۋېنلۇڭ بىلەن ياڭ زېڭ-
شىنمۇ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشتى.

گىمىركىن بىلەن بابىگوتنىڭ مۇناسىۋىتى پەۋقۇلئاددە مۇنا-
سىۋەت ئىدى. ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن يېڭى قورۇلغان چاغلاردا
گىمىركىنىنىڭ نۇرغۇن ياردىمىگە ئېرىشتى، بابىگوتنىڭ ئۇ قو-
شۇنغا تۆەنجاڭ بولۇپ قېلىشىمۇ گىمىركىنىنىڭ ئۇنى جىن شۇ-
رېنغا تونۇشتۇرۇشى بىلەن بولغانىدى. ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن
ھەربىي ئىشلار نازارىتىدىن تەمىنات ئالالمىغاندا گىمىركىن ئۇ-
لارغا ياردەم قىلغان، بابىگوت جىن شۇرېندىن تارتقان ئەلىمىنى
گىمىركىنغا دەپ بېرىپ ئىچىنى بوشاتقانىدى. شۇڭا، گىمىر-
كىن بابىگوتنىڭ خوجايىنى ئىدى، گىمىركىن شەرقنى كۆرسەتسە
بابىگوت ھەرگىز غەربكە قارىمايتتى.

گىمىركىن تاۋ مىڭيۆ بىلەنمۇ كونا تونۇشلاردىن ئىدى، تاۋ
مىڭيۆ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ باشقا ئەمەلدارلار
بىلەنمۇ تونۇشۇپ تىجارىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەنىدى، شۇڭا ئۇ-
نىڭ تاۋ مىڭيۆگە رەھمىتى كۆپ ئىدى. تاۋ مىڭيۆگە 120 يۇرۇش
كۇمۇش قوشۇق ـ ۋىلكىغا ئوخشاش ئاشخانىدا ئىشلىتىدىغان
سايمانلارنى سوۋغا قىلغانلىقىنىلا ئالساق، ئۇنىڭ ئۇنىڭغا قانچى-
لىك دەرىجىدە ياندۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز، چۈنكى ئۇ سايمانلار-
نىڭ ھەممىسى چار پادىشاھ نىكولاي II نىڭ ئوردىسىدا ئىشلىتىل-
گەن سايمانلار ـ دە.

## 12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، دېھقانلار كالېندارى
بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، قەبرە سۇپۇرۇش بايرىمى ئۆتۈپ

www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى كۈنى.

چېن جۈك سەھەردە بابىگوتنى قوبۇل قىلىپ، 200 ئادىمى
بىلەن شەھەرگە كىرىپ، يېرىم ئەسكىرى بىلەن تۆت دەرۋازىنى
ئىگىلەشنى، يېرىم ئەسكىرى بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىگە ھۇجۇم
قىلىشنى، قالغان 200 ئەسكىرىنى شەھەر سىرتىدا زاپاس قالدۇ-
رۇپ، ناۋادا باشقىچە ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا بۇ زاپاس ئەسكىرد-
نى شەھەرگە ياردەمگە كىرگۈزۈشنى بۇيرۇدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە، بابىگوت پىلان بويىچە نەنل-
ياڭدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ شەرقىي دەرۋازىغا بېرىپ دەرۋازىنى
ساقلاۋاتقانلارغا، خۇيزۇ قوشۇنلىرى شەھەرگە يەنە ھۇجۇم قىل-
ماقچى، دەرۋازىنى ئېچىڭلار، دەپ ۋارقىرىۋېدى، ئۇلار دەرۋازد-
نى ئېچىپ بەردى. بابىگوت شەھەرگە كىرىپ ئالدى بىلەن شەھەر
مۇداپىئە گارنىزونىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى ئىگىلەپ، كوماندد-
رى بەي شۈجىنى جىن شۇرېنغا قارشى كۆتۈرۈلۈشكە، تۆت
دەرۋازىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنى يۆتكىۋېتىشكە قىستىدى. مەقسىد-
تى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۇدۇل
دۇبەن مەھكىمىسىگە قاراپ ماڭدى.

200 گە يېقىن ئاتنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان ئاۋاز شەھەر
خەلقىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇلار ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ
ئات ئۈستىدە ھەيۋەتلىك ئولتۇرۇشلىرى ۋە پارقىراپ تۇرغان
قىلىچلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى، يەنە نېمە بالا ـ قازانىڭ
يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقىشاتتى. قوشۇن دۇبەن
مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە بابىگوتنىڭ
بىر بۇيرۇقى بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەر دەرھال باشقىدىن سەپ
تۈزۈپ مىلتىقلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ دەرۋازىغا ئات سالدى.
مۇھاپىزەتچىلەر بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي،
باشلىرىنى چاڭگاللىشىپ ئىككىنچى قورۇغا چېكىنىپ دەرۋازىنى
مەھكەم تاقىۋالدى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېتىشتى. ئۆزلەشتۈ-

رۈلگەن قوشۇن ئىككىنچى دەرۋازىدىن بۆسۈپ كىردى.
ئۈچىنچى قورۇدا تۇرۇشلۇق جىن شۈرېن قويۇق ئېتىلىۋات-
قان مىلتىق ئاۋازىنى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىنى، «ھۇررا» دې-
گەن توۋلاشلارنى ئاڭلاپ سىرتتا بىر ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى
پەملەپ قورققىنىدىن سوغۇق تەرگە چۆمۈلدى، پۇت - قوللىرى
ئىختىيارسىز تىترەشكە باشلىدى، مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ياردىمى-
دە ئۇزۇن چاپىنىنى ئالماشتۇرۇپ، بېشىدىكى سۆسەر تۇمىقىنى
ئالدىغا ئۇچرىغان بىر ئەسكەرنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپ ئۇ-
نىڭ ئەسكەرچە شەپكىسىنى بېشىغا، ئەسكەرچە بىر كىيىمنى
ئۈستىگە كىيىپ ئارقىغا قاراپ بەدەر قاچتى. قورۇنىڭ ئېگىز
تېمىنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە ئۈچ مۇھاپىزەتچىسى بىرىنىڭ ئۈستىگە
بىرى چىقىپ، ئەڭ ئۈستىدىكى ئەسكەرنىڭ شىللىسىگە جىن
شۈرېننى مىنگۈزۈپ تامغا ياماشتۇردى. شۇ ئارىلىقتا بىرى ئار-
غامچىنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلاپ بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇپ
تۇردى. جىن شۈرېن تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن
ئارغامچىغا ئېسىلىپ تامدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، شۇ قاچقانچە
جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ 1 - تارماق ئىدارىسىگە كې-
لىۋالدى، كېيىن ئۇ يەردىن چىقىپ شىمالىي دەرۋازىنىڭ سىپې-
لى ئۈستىگە چىقىۋالدى.
جىن شۈرېن بۇ يەرگە كېلىپلا ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قوشۇنىغا
قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنىڭ-
دىن كېيىن مىلتىق، پىلىموتلاردىن چىققان ئوق ئاۋازلىرى
ئەتراپنى بىر ئالدى.
ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن ئۈچىنچى قورۇغا قارىتىپ زەمبى-
رەكتىن ئۈچ پايلا ئوق ئېتىۋېدى، مۇھاپىزەتچىلەر يىگى بەرداش-
لىق بېرەلمەي چېكىندى.
بابىگوت دۆبەن مەھكىمىسىگە بېسىپ كىرىپ ئۇدۇل ھەربىي
ئىشلار نازارىتىگە بېرىپ جىن شۇشىنىنى ئىزدىدى، شۇنچە ئىز-

www.uyghurkitap.com

دەپمۇ ئۇنى تاپالمىدى.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ بىر توپ ئەسكىرى ئۈچىنچى قورۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، جىن شۇشىن مەخپىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسىدا بىخەتەرلىك ئىشكاپىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ جىنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە غايىب ئوقتىن بىرى تېگىپ شۇ جايدىلا جان بەرگەنىدى.

ھاجەتخانىغا كىرىۋالغان سوي جاۋجى ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇدەك جاي تاپماي تۇرۇپلا ئوق يەپ دومىلا چۈشتى، تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ بىر ئەسكىرى كىرىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىپ، ئۆلۈكىنى تېپىپ ھاجەتخانىنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتى.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرى دۇبەن مەھكىمىسىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆز يەردىكى نەرسىلەرنى بۇلاشقا باشلىدى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىدىكى قوراللارنى، ئوق - دورىلارنى ئاتلارغا ئارتىپ ئېلىپ كەتتى، قالغان نەرسىلەرنى بۇلاپ - تالاپ ھېچنېمىنى قويمىدى.

سىياسىي ئۆزگىرىش بولغان كۈنى كەچتە، ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرى ئىككى ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، مۇھىم بىر يىغىنغا قاتنىشىسىلەر، دەپ چوڭ كوچا بىلەن ئېلىپ ماڭدى، يىغىننىڭ نېمە مەزمۇندىكى يىغىن ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا دېمىدى. ئۇلار يول بويى كوچاندا ئاۋازلىرىنى، مىلتىق - زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى، ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ماڭدى، ھەممىسىنىڭ ئەمدى نېمە ئىش يۈز بېرەر، بىزنى نېمە قىلار، دەپ قورقۇپ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ شىتابى تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كەلگەندە، ئاندىن توختىدى.

ئۆيىنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىدى، تاماكى-

نىڭ، سامساقنىڭ، پىيازنىڭ پۇراقلىرى ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالغانىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ، قازاقلارنىڭ، رۇسلارنىڭ، شەنشىلىكلەرنىڭ، گەنسۇلۇقلارنىڭ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى غەلىتە بىر ئوركېستىرغا ئوخشاش يېقىمسىز ئاڭلىنىپ باشلارنى قايدۇراتتى.

جۇ رۇيچى قوللىرىنى بىرنەچچە قېتىم شاپىلاقلاپ قويۇپ، ئاندىن گېلىنى قىرىپ، بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلدى:

— بۇرادەرلەر، جىم بولۇڭلار. ھەممىمىزگە مەلۇم، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شەھىرىمىزدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئامالسىزلىقتىن قىلىنغان ئىش، ئۇنىڭ ھەققانىي ھەم خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭلارنى سورايمەن. ھازىر جىن رەئىس ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شىمالىي دەرۋازىنىڭ سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. قارىغاندا، شەھەردە يەنە قان تۆكۈلىدىغاندەك قىلىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە نېمە قىلىمىز، كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشەيلى، يەنە ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشنىڭ بىر چارىسىنى تېپىپ چىقايلى.

— جۇ نازىر ناھايىتى توغرا گەپ قىلدى، — دېدى چېن جۇڭ، — بۈگۈن ھۆكۈمەت خەلقنى ئېسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان كۈن، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىشقا يول يوق، — ئۇ ئاخىردىكى گەپنى بەزىلەرنىڭ جىن شۇرېننى قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرايلى، دەپ سېلىشىدىن ئەنسىرەپ دېگەنىدى.

بابىگوت چېكىۋاتقان موخوركىسىنى ئۆتۈكىنىڭ ئاپقۇتىغا بېسىپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچىۋېتىپ، ئاندىن شۇنداق دېدى:

— بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش ئامالسىزلىقتىن يۈز بەردى. جىن دۇبەندە شىنجاڭنى باشقۇرۇپ كەتكۈدەك ئىقتىدار

يوق ئىكەن. هازىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى، ئەمما دېھقانلار يەرلىرىنى تېرىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ، نۇرغۇن ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. جىن رەئىس ئادەتتە بىزگە بەكمۇ يامانلىق قىلىپ كەتمىگەن، شۇڭا بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىش ئويىمىز يوق، پەقەت هوقۇقنى تاپشۇرۇپ بەرسىلا بولدى. ئۇستەل ئۈستىدىكى بۇ بىرنەچچە تامغىنى قول ئاستىمدىكىلەر غەنىيمەت ئاپتۇ.

— هازىر ئۆلكىلىك هۆكۈمەت باشسىز قالدى، شۇڭا دەرهال هوقۇق يۈرگۈزۈش ئورگىنىدىن بىرنى قۇرۇپ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈپ تۇرۇش زۆرۈر، — دېدى تاۋ مىڭيۆ.

— تاۋ هاكىمنىڭ سۆزى ئىنتايىن مۇهىم، هازىر هەممە ئىش شۇنىڭغا قاراپ قالدى، قۇرماقچى بولغان ئۇ ئورگاننىڭ بىر ئىسمى بولسۇن. مېنىڭچە، ئۇ ئورگاننى ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى، دەپ ئاتايلى، — دېدى چېن جۇڭ.

— ئەڭ ياخشىسى، — دېدى جۇ رۈيچى، — ئامانلىق ساقلاش كومىتېتىنىڭ ئالدىغا «ۋاقىتلىق» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويايلى، چۈنكى ئۇ يەنىلا مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىسە بولمايدۇ.

— شۇنداق بولسا تېخىمۇ يوللۇق بولىدۇ، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— ۋاقىتلىق كومىتېتنىڭ باشلىقى كىم بولسا بولار؟ — دەپ سورىدى تاۋ مىڭيۆ.

يىغىن مەيدانىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى.

بىرئازدىن كېيىن بىرى قوپۇپ:

— ئۇنىڭغا جاڭ شىن مۇۋاپىق، چۈنكى ئۇنىڭ يۇرت سوراش ۋە هەرخىل مۇناسىۋەتلەردە تەجرىبىسى مول. ياڭ زېڭشىنىڭ ۋاقتىدىلا يېڭىلىق تەرەپدارى ئىدى، بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆز-

گىرىشتە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن پىلانلىرىمۇ كۆپ بولدى، شۇڭا ئۇ رەئىس بولۇشقا تېگىشلىك! — دېدى.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ پىقىرنى شۇنچە چوڭ كۆرگەنلىكىگە كۆپ تىن كۆپ رەھمەت، — دېدى جاڭ شىن دەرھال قولىنى چايقاپ، — پىقىر سالاھىيەت، ئابروي ۋە قابىلىيەت جەھەتلەردە بۇ ئىغىر ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەس، بولۇپمۇ كۆزلىرىم بارغانسىرى ئاجىزلاپ، ئادەتتىكى ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ تەستىقلاشتىمۇ قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن، شۇڭا مېنىڭ بۇ ئىشقا راستتىنلا قۇربىم يەتمەيدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ، ئارقىدىن پىۋا بوتۇلكىسىنىڭ قوغىدەك قېلىنلىقتىكى كۆزەينىكىنى كۆزىدىن ئېلىپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى.

— بۇ ئىشقا يەنىلا جۇ رۇيچى ئاكىمىز باش بولسۇن، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— ياق، ياق! — دەپ دەرھال ئىككى قولىنى تەڭ چايقىدى جۇ رۇيچى، — پىقىر جىن رەئىس بىلەن قۇدا، شۇڭا مەن بۇ ئىشتىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشىم كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى (72 ياش)، مۇۋاپىق كەلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى يەن يۈشەن، — مېنىڭچە، ليۇ ۋېنلۇڭ ئاكىمىزنى قويايلى.

ليۇ ۋېنلۇڭ گەپنى ئاڭلاپلا قورقۇپ كەتتى. ھەممە يەرنى قالايمىقانچىلىق بېسىپ ئادەم ئۆزىنىڭ كۈنىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقان چاغدا ئۇنداق ئىشقا باش بولۇش ئوتقا ئۆزىنى ئاتقان بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ شۇ خىيال بىلەن ئۇ دەرھال سۆز ئېلىپ يەن يۈشەننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى:

— بولمايدۇ! بولمايدۇ! يېشىم بىر يەرگە باردى، زېھنىممۇ سۇسلاشتى، شۇڭا باشقا ئادەمنى كۆرسىتەيلى، باشقا ئادەمنى كۆرسىتەيلى...

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ ئىچىدە سالامىيىتى ئۇزۇنراقلار پەقەت شۇ بىر نەچچەيلەنلا ئىدى، يەنە كۆرسىتىدىغانغا ئادەم يوق ئىدى. ليۇ ۋېنلۇڭ ئاخىر كۆپچىلىكنىڭ رايىغا باردى.

— سىياسىي مەسىلە ھەل بولدى، ھەربىي مەسىلىنى قانداق قىلىمىز؟ — تاۋ مىڭيۈ كۆپچىلىككە شۇ سوئالنى قويۇپ، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى، — ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا جىڭ رۇنچىڭ لۈيجاڭنى كومىتېت باشلىقى قىلساق قانداق بولار؟

يىغىن مەيدانى بىردىنلا سۈۋۈپ كەتتى، چۈنكى جىڭ رۇنچىڭ دېگەن بۇ ئىسىم كۆپچىلىك ئادەمگە ناتونۇش ئىدى، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغۇدەك قانچىلىك ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

— مەن كۆپچىلىككە جىن لۈيجاڭنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، — دېدى تاۋ مىڭيۈ كۆپچىلىكنىڭ شۈبھىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، — ئۇ خېبېي باۋدىڭلىق ئادەم، باۋدىڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، مەمۇرىي ئىشلار باشلىقى لى خېيرۇڭنىڭ ساۋاقدىشى. كېيىن شەرقىي شىمالغا بېرىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئەزىمەت سۇ بىڭۋېن گېنېرالنىڭ قول ئاستىدىكى بىر تۈەنگە تۈەنجاڭ بولغان. بۇ يىلنىڭ يىل بېشىدا ياپونغا قارشى قوراللىق كۈچلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئۆلكىمىزگە كېلىۋېتىپ دوموسكىيغا يېتىپ كەلگەندە، خېيلۇڭجياڭ شەرقىي شىمال ۋەتەن قۇتقۇزۇش خەلق ئارمىيىسى پىيادە ئەسكەرلەر 2-لۈيىنىڭ مۇۋەققەت لۈيجاڭلىقىغا، قوشۇمچە 9-تۈەننىڭ تۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. شەرقىي شىمال ۋەتەن قۇتقۇزۇش خەلق ئارمىيىسى شىنجاڭغا بەش تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كىرمەكچى بولۇپ، بىرىنچى تۈركۈمى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى چۆچەككە يېتىپ كەلگەن، جىڭ لۈيجاڭ ئىككىنچى تۈركۈمنى باشلاپ 3-ئاينىڭ 27-كۈنى ئۈرۈمچىگە

يېتىپ كەلدى. ئۇلار جەمئىي 500 ئادەم، ھازىر شەرقىي دەرۋا-زىنىڭ سىرتىدىكى گازارمىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شەرقىي شىمال پىدا-ئىيلار ئارمىيىسى باتۇر، جەڭگە ماھىر ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قوشۇن. ئۇلار ئۈلكە مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش رولىنى ئوينىدى. جېڭ رۇنچېڭ ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر، نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقىپ كېتەلەيدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ.

جېڭ رۇنچېڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا جاۋابەن سۆزلىدى:

— قوشۇنىمىزنىڭ ئۇرۇمچىدەك مۇشۇنداق ئالتۇن دىياردا تۇرۇشىغا ئورۇن بەرگىنىڭلارغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، مېنىڭ سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارغا زادىلا ئارىلاشقۇم يوق. بىز چوقۇم يۇرتىمىزغا كېتىشىمىز، ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىشىمىز كېرەك. ھەرقايسىڭلارنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىڭلارنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە ۋاقىتتا ھەربىيلىك بۇرۇچنى ئۆتەپ، ۋاقىتلىق ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى بولۇشقا رازى بولدۇم. ئەمما، بىر شەرتىم بار، ئەگەر شۇ شەرتىمگە ماقۇل دېمەسەڭلار، مەندىن رەنجىمەڭلار، بۇ ئىشنى قىلالمايمەن.

— جېڭ لۇيجاڭ، نېمە تەلىپىڭىز بار، ئوچۇق ئېيتىڭ، — دېيىشتى كۆپچىلىك بىردەك.

— ئەگەر شېڭ باش قۇماندان يېڭى ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان بولسا ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، مېنىڭ شەرتىم مۇشۇ.

دەل جېڭ رۇنچېڭنىڭ مۇشۇ بىر شەرتى بىلەن شېڭ شىسەيگە بىر ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ پەللىسىگە قاراپ مېڭىشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلىنىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىك ئۇنىڭ شەرتىگە ماقۇل كەلگەندىن كېيىن، لىيۇ ۋېنلۇڭ رەسمىي ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ، ئاندىن مۇنداق ئۈچ ئىشنى قارار قىلىپ بېرىشنى كۆپچىلىكتىن ئۆتۈندى:

— بىرىنچى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىنسا. شىنجاڭدا مالىمانچىلىق بولغانغا ئىككى يىل بولدى، بۇ جەرياندا مىڭلاپ ئادەم ناھەق ئۆلۈپ كەتتى. بۇنداق ئىش يەنە داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا بىز تارىخ ئالدىدا جىنايەتچى بولۇپ قالىمىز. ئىككىنچى، جىن رەئىسنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىنسا. جىن رەئىس قانداقلا بولسۇن مەركەز بېكىتكەن مۇپەتتىش، شۇڭا ئۇنىڭ مەسىلىسىنى مەركەز بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى مۇھاپىزەت قىلىنسا، دىپلوماتىيە ماجىراسىغا قېلىپ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالمىساق. بۇ ئۈچ مەسىلىگە ھەرقايسىڭلارنىڭ پىكرى قانداقكىن؟ ئەگەر باشقىچە پىكىرلەر بولمىسا مۇشۇ ئۈچ تۈرلۈك كاپالەتنامىگە ھەممىمىز ئىمزايىمىزنى قويساق.

كۆپچىلىك ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، كاپالەتنامە پېچەتلىنىپ شىمالىي دەرۋازىدىكى جىن شۇرېننىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى.

جىن شۇرېن كاپالەتنامىنى كۆرۈپ بولۇپ خېلىغىچە گەپ قىلمىدى، بىر چاغدا كاپالەتنامىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئارقىدىنلا نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلمەي سېپىلنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتتى.

## تەييارغا ئىگە بولۇش

12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىش بولغان كۈنى شېڭ

شىسەي ئۈرۈمچىدە يوق ئىدى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى نەنشەندىكى ما چۈەنلۇ بىلەن ما دېشياڭنى يوقىتىشقا ئەۋەتىۋەتكەن، 11 - كۈنى شېڭ شىسەي شەھەرگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان شۈيشىگۈغا بارگاھىنى تىكىپ بولغانىدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ غەلىتە ھەم چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر چۈش كۆردى.

شېڭ شىسەي چۈشىدە گالدى - گۇلدۇڭ مېڭىپ ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان خوڭمياۋتەي بۇتخانىسىغا بارغانمىش. ئىشىكتىن كىرىپ قارىسا جىن شۇرېن بۇتقا كەينىنى قىلىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغۇدەك، ئۇستىدە سېرىق رەڭلىك ئۇزۇن چاپان، بېشىدا سېرىق پوسما، پۇتىدا سېرىق ساۋخەي بارمىش.

جىن شۇرېننىڭ يېنىدا يەنە ئىككى ئادەم تۇرغۇدەك، ئۇلارمۇ جىن شۇرېنغا ئوخشاش بېشىدىن ئايىغىغىچە سېرىق كىيىنىۋاپتۇدەك.

شېڭ شىسەي جىن شۇرېنغا ھەربىيچە سالام بېرىپتىكەن، ئۇ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، ھەدەپ قولى بىلەن بۇتخانىنىڭ ئىچىگە كىر، دەپ شەرەت قىلغۇدەك.

شېڭ شىسەي بۇتخانىنىڭ ئىچىگە ئەمدىلا كىرىشىگە جىن شۇرېن بۇتخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ ئىككى ئادىمى بىلەن كېتىپ قاپتۇدەك.

شېڭ شىسەي بۇتخانىنىڭ ئىچىدە قېلىپ قاتتىق قورقۇپ كېتىۋاتقۇدەك. شۇ ئارىلىقتا ئۇ بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتى.

ئەتراپ جىمجىت، ئۆزىنىڭ تىنىقىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق، ئاسماندىكى تولۇن ئاي چىرايلىق پارلىنىپ تۇراتتى. تاڭ ئالدىدىكى دالا شۇنچىلىك سوغۇق ئىدى، شېڭ شىسەي ئۇستىدىكى يۇڭ ئەدىيالغا مەھكەم يۆگىلىپ يېتىپمۇ ئىسسىماي ئاخىر

ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى ۋە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شوراپ ئىسىنى ئاستا ـ ئاستا چىقىرىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى.

شىڭ شىسەي چۈشىدە كۆرگەنلىرىگە ھەيران ئىدى، ئۇ ئىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، ياخشىلىقتىنمۇ ياكى يامانلىقتىنمۇ، بىلمەيتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئاخشام چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئەتراپىدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ، بۇ چۈشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سورىۋېدى، ئۇلار كۇلۇشۇپلا قويۇپ ھېچنېمە دېمىدى. كېيىن ئۇ يەنە بىر ئوفىتسېرنى يېنىغا چاقىرتىپ كىرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— جىن رەئىسنىڭ مېنى بۇتخانىغا سولاپ قويغانلىقى غەلىتە ئىش، بۇ مېنى تۇتۇپ قاماپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتىمىدۇ؟

ئۇ ئوفىتسېرمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.

شۇ ئارىدا، جىن شۇرېننىڭ شىڭ شىسەيگە تېزدىن كېلىپ ئۆزىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى كېلىپ قالدى. شىڭ شىسەي بۇ ئىشنى دەرھال چۈشىدە كۆرگەنلىرى بىلەن باغلاپ قارىدى. جىن شۇرېن قېچىپ كەتكەن بولسا ئۇنىڭ رەئىسلىك، دۇبەنلىك ئورنى بوش قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىنى بۇتخانىغا سولاپ قويغانلىقى، مېنىڭ ئورنۇمدا سەن ھاكىمىيەت يۈرگۈز دېگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ خۇددى ئۆزۈندىن بۇيان كۆتۈپ كەلگەن پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلگەندەك، شىڭ شىسەي بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، قوشۇنى باشلاپ دەررۇ ئۆلكە مەركىزىگە قايتىش قارارىغا كەلدى.

بىر كېچە جىددىي يۈرۈش قىلىپ، 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەردە شىمالىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى «بىر توپ بىلەن غەل-

بە قىلىش پوتىيى» دەپ ئاتىلىدىغان زەمبىرەك سۈپىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ دۈربۈن بىلەن شەھەر ئىچىنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە باشلىدى.

جىن شۈرېن بىر تەرەپتىن ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قوشۇنىغا سىيا- سىي ئۆزگىرىش قىلغانلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شېڭ شىسەيگىمۇ ئۆزلەشتۈ- رۈلگەن قوشۇنغا قاردىتىپ زەمبىرەك ئېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

— ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن ئىسيان كۆتۈردى، — دېدى ياڭ جېڭجۇڭ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلارغا، — ئۇ ئورۇسلار بىزنىڭ نۇرغۇن پۇقرالىرىمىزنى ئۆلتۈرگەنىدى، بۈگۈن يەنە شە- ھىرىمىزنى قالايمىقان قىلىۋاتىدۇ. جىن رەئىس، توپىلاڭنى بې- سىقتۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق ئوفىتسېرلارغا بىر سەردىن ئال- تۇن، بىر سەردىن ئەپيون مۇكاپات بېرىلىدۇ، بىر دەرىجە ئۆس- تۈرۈلىدۇ، دېدى. ئەسكەرلەرگىمۇ مۇكاپات بار، شۇڭا ھەممە- مىز ياخشى كۈچ چىقىرايلى!

مۇكاپات بەرسە قەھرىمانلار كۆپىيىدۇ، دېگەن گەپمۇ راست ئوخشايدۇ، ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قوشۇندىكىلەر راستتىنلا جان تى- كىپ جەڭ قىلىپ، ئالدىدىكىلىرى يىقىلسا كەينىدىكىلىرى ئىز بېسىپ غەربىي دەرۋازىدىن شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ جەنۇب تەرەپكە قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىدى، پاختا تايلىرد- ىنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ ئەس- كەرلىرى بىلەن كوچا جېڭىنى باشلىۋەتتى ۋە ئۇلارنى قەدەممۇ قەدەم چېكىندۇردى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ شەرقىي، شىمالىي دەرۋازا تەرەپلەردىكى قوماندانلىق شتابى قالايمىقانلىشىشقا باشلى- دى، بايىگوت ئۆيىدىكىلىرى بىلەن قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلىرد- ىنى ماشىنىغا، ھارۋىلارغا بېسىپ شەرقىي دەرۋازا تەرەپكە قاراپ چېكىنىشكە تەييارلاندى.

www.uyghurkitap.com

شىڭ شىسەينىڭ تۇرغان يېرى ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىدى. جىن شۇرېن ئۇنى ئۆزلەشتۇرۇلگەن قوشۇنغا قارىتىپ زەمبىرەك ئېتىشقا بۇيرۇدى. ئېتىلىدىغان بۇ بىرىنچى پاي زەمبىرەك ئوقۇ-نىڭ ۋەزنى مىڭ پاتمان كېلەتتى.

شۇ تۇرقىدىكى شىڭ شىسەي تارازىنىڭ تېشى بولۇپ، قايسى تەرەپكە قويۇلسا شۇ تەرەپ بېسىپ كېتەتتى.

ئەگەر جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزلەشتۇرۇلگەن قوشۇنغا قارىتىپ توپ ئاتىدىغان بولسا جىن شۇرېننىڭ قايتا تەختكە چىقىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ پارلىق پۇقرالار كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەتىجە بولاتتى، شىڭ شىسەيمۇ ئۇنى خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇ ھەرگىزمۇ جىن جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن قۇر-بانلىق بولمايتتى.

سىياسىي ئۆزگىرىش ئۇنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى.

شىڭ شىسەي ھەر تەرەپنىڭ كۈچىنى ئەستايىدىل دەڭسەپ كۆردى: تاۋ مىڭيۇ، جاڭ شىنلار ئەقىللىق ھەم تەدبىرلىك، لېكىن قەلەمدارلار، قوللىرىدا ھېچقانداق كۈچ يوق، شۇڭا ئۇلاردىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. ھازىر دېگەن ملتىق ھەممىنى ھەل قىلىدىغان زامان ـ دە. چېن جۇڭ 25 ياشتا، دۇبەن مەھكىمىسىدىكى سەنمۇلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سىياسىي تەجرىبىسى ئاز، سالاھىيىتىمۇ تۆۋەن، يۇمران نوتا. لىيۇ ۋېنلۇڭ ياشىنىپ قالغان، سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس، سىياسىي سۇيىقەستى يوق. جىڭ رۇنچېڭنىڭ پىدائىيلار قوشۇنى مېھمان قوشۇن، تېخى مەندىن بىزنى ئىچكىرىگە يولغا سېلىۋەت-سەڭ دەپ ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ. جاڭ پېييۈەن ھەربىي كۈچكە ئىگە ئادەم، ئەمما ئۇ يىراقتىكى ئىلىدا بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش ئەلچىسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن ماڭا خەۋپ كەلمەي-دۇ. جەنۇبىي يولنىڭ باش كوماندىرى چېن پىنشيۇ، تۈەنجاڭ

ياڭ جىڭجوڭلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى مىنىڭكىچىلىك ئەمەس…
شېڭ شىسەينىڭ چوڭ مىڭىسىنىڭ تەپەككۇرى خۇددى تۇڭ-
مەننىڭ شامالدۇرغۇچىدەك توختىماي ھەرىكەتلەنمەكتە ئىدى.
دەل شۇ چاغدا چېن جۇڭ بىلەن بابىگوت يامغۇردەك يېغىۋاتقان
ئوققا قارىماي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ
پۈتۈن ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئىنقىلابنى قول-
لاشنى تەلەپ قىلدى.

شېڭ شىسەينىڭ قايناشقا ئاز قېلىۋاتقان چۆگۈنى چېن جۇڭ
بىلەن بابىگوتنىڭ ئوتنى كۈچەيتىشى بىلەن بىردىنلا پاراقلاپ
قايناپ كەتتى. ئۇ ئاخىر جىن شۇرېنغا قارشى كۆتۈرۈلۈش قارا-
رىغا كەلدى.

شېڭ شىسەي سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازى-
نىشى ئۈچۈن جېڭ رۇنچېڭنىڭ قول ئاستىدىكى ياڭ گودۇڭنىڭ
يىڭىدىكى 200 دىن ئارتۇق جەڭچىگە قورال تارقىتىپ بېرىپ
ئۇلارنى شەرقىي دەرۋازىدىن سىپىل ئۈستىگە چىقىشنى بۇيرۇ-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن «بىر توپ بىلەن غەلىبە قىلىش پوتىيى»
دىن شەھەر ئىچىدىكى جىن شۇرېننىڭ بارگاھى تۇرۇشلۇق جايغا
زەمبىرەك ئېتىشنى باشلىۋەتتى، زەمبىرەك ئوقى چۈشكەنلا جاي
بىردىنلا ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

خۇڭشەندىكى يوخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىغا يۆتكەلگەن جىن شۇ-
رېن شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە خائىنلىق قىلغانلىقىنى بىلىپ قات-
تىق غەزەپلەندى ۋە شۇئان بۇتخانىنىڭ تېمىغا شېڭ شىسەينى
«جۇڭشەن بۆرىسى» دەپ تىللاپ خەت يېزىپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى
قىلغان ياخشىلىقىغا يارىشا ياخشىلىقتا ئېرىشەلمىگەن ئاق كۆڭۈل
دۇڭ گو ئەپەندىگە ئوخشاتقانىدى. ئاندىن ئۇ خوتۇن - بالىلىرى-
نى، يېقىنلىرىنى باشلاپ سانجىغا قاراپ قاچتى. كېيىن شېڭ
شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇ بۇتخانىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە
ئايلاندۇرۇۋەتتى.

جىن شۇرېن باشتا ئىلىغا بېرىپ جاڭ پېيىۋەننىڭ كۈچى بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىدىن قايتىپ كېلىشنى ئويلىدى، لېكىن «جاڭ سالپاڭ قۇلاق» جىن ئائىلىسىدىكى ئاكا ـ ئۇكىلارغا ئاچچىقى كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىككىنچى ئارىلاشمايمەن، دەپ قەسەم قىلىۋەتكەن بولغاچقا، ئۇ جىن شۇرېننىڭ تەلىپىگە جاۋاب بەرمىدى. جىن شۇرېن ئامالسىز قېلىپ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ، مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قوغدىشى بىلەن چۆچەككە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى ئاي ئىلگىرى لۇ شياۋزۇ چۆچەككە ۋالىي بولغانىدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۈرۈمچىگە قايتىپ بارالمايدىغان ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ لۇ شياۋزۇغا، — ئەمما، ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن. ھازىر مەندە جىق پۇل يوق. مەن سىزگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىڭ دانە ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا 1 مىڭ 270 سەر ئالتۇن بەرگەن ئەمەسمۇ؟ شۇ ئالتۇننى بەرسىڭىز، يول كىرايىمغا ئىشلەتسەم.

لۇ شياۋزۇ ئىككىلىنىپ قالدى، بۇ ئاز ئالتۇن ئەمەس ئىدى. گەرچە جىن شۇرېن ھازىرمۇ ئۆلكە رەئىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى. كېيىن بۇ ئالتۇنلار سۈرۈشتۈرۈلۈپ قالسا ئۇ چاغدا بۇنىڭغا كىم مەسئۇل بولىدۇ.

جىن شۇرېن ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى پەملەپ شۇنداق دېدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنى خىجىلچىلىقتا قويمايمەن، ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا ليۇ ۋېنلۇڭغا تېلېفون بېرىپ ئۆلكە مەركىزىدىكى قورۇ ـ جايىمنى، بەشىنچى ئىنىمنىڭ بىر يەردىكى قورۇ ـ جايىنى، جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى بىر بېغىمنى ئۇنىڭغا گۆرۈگە قويۇپ قويدۇم، بۇ مۈلۈكلىرىمنىڭ

قىممىتى سىزدىكى ئالتۇننىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كەتسە كېتەـ
دۇكى ئۇنىڭدىن ئاز ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن
كىيىملەر، رەسىملەر، ھۆسنخەتلەرمۇ بار، ئۇ نەرسىلەرنى
ساتسىمۇ...

لۇ شياۋزۇ جىن شۇرېننىڭ نەق ئۆزى ئەندىشە قىلىۋاتقان
ئىش ئۇستىدە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىز ئۇنىڭدىن
ھۆججەت تەلەپ قىلىپ، ھۆججەتنى يازدۇرۇۋالغاندىن كېيىن
ئالتۇنلارنى ئەينەن سانى بويىچە ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، يەنى سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ
12 كۈندىن كېيىن، جىن شۇرېن چۆچەكتە تۇرۇپ نەنجىڭدىكى
گومىنداڭ مەركىزىي پىرقىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا ئۆزىـ
نىڭ رەئىسلىك، قوشۇمچە دۇبەنلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشـ
لاپ، ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى، قوشۇمچە 5 ـ
شىنىڭ شىجاڭى جاڭ پېيۈەننى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىككى ۋەزىپىـ
گە قويۇشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما ئەۋەتىپ، جاڭ پېيۈەن
بىلەن شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت ئىككى يولۋاسنى بىر ـ بىرىگە
كىرىشتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى پويىزغا ئولتۇرۇپ سىبىرىيە ئارقىـ
لىق نەنجىڭگە كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا ئىككىنچى
كەلمىدى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، يەنى سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ
ئۈچىنچى كۈنى، شېڭ شىسەي مىڭدېلۇدىكى گومىنداڭنىڭ ئۆلـ
كىلىك پىرقىسىدا ليۇ ۋېنلۇڭ، جېڭ رۇنچېڭ، ۋاقىتلىق ئامانـ
لىق ساقلاش كومىتېتىنىڭ 22 نەپەر ھەيئىتى ۋە ئۇيغۇر، خۇيـ
زۇ، قازاق، مانجۇ، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق ئاز سانلىق مىلـ
لەتلەر ۋەكىللىرى قاتناشقان بىرلەشمە يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ يىغىن شېڭ شىسەي ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.
يىغىندا ۋەكىللەر ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق ئورگىنىنىڭ نامىغا
قارىتا ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر: «دۇـ

بەن دېگەن نام ئىچكىرىدە ئاللىبۇرۇن ئەمەلدىن قالغان، پەقەت شىنجاڭدىلا ئىشلىتىۋاتىمىز، ئىچكىرىدىكىگە ئوخشاش، گومىن-داڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى تۈزۈمى بويىچە مۇدىرغا ئۆزگەرتىش كېرەك» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: «ھەربىي كومىتېتقا ئۆزگەر-تىپ، ئۇنىڭ باشلىقىنى ۋېيىۋەنجاڭ دەپ ئاتايلى» دېيىشتى. ئايرىم ئادەملەر: «ھازىر پەۋقۇلئاددە چاغ، ئۇنىڭغا ھەربىي ئىش-لارغا ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئادەم رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك، شۇڭا يەنىلا دۇبەن دەپ ئاتىغىنىمىز ياخشى» دېدى.

ئەڭ ئاخىرىدا چېن جوڭ پىكىر بېرىپ، يەنىلا چېگرا مۇداپىـ-ئە دۇبەنى دەپ ئاتايلى، دېگەن مەسلىھەتنى بەردى. بابىگوتمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ:

— شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تېخى مۇقىملاشمىدى، شېڭ باش كوماندىرنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقىنىغا بىرقانچە يىل بولدى، تۆھپىسىمۇ زور، شۇڭا ئۇ ۋاقىتلىق دۇبەن بولۇپ تۇرسا، سىيا-سىي ئۆزگىرىش بولغان كۈنى كەچتە تەشكىللەنگەن ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دەرھال بىكار قىلىنسا! — دېدى.

جېڭ رۇنچېڭ ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆز ۋاقتىدىلا گەپنى ئوچۇق قىلىپ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىگە ۋاقىتلىق دۇبەن بولۇپ تۇرۇش ئىشى كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتتى، كۆپچىلىك ئۇنى چاۋاك بىلەن تەبرىكلىدى ۋە سۆز سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق دۇبەن بولۇپ بارلىق ھەربىي ھو-قۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن تولىمۇ خۇشال بولدى، ھوقۇق بولغاندىكىن ئۆزى ئويلىغان ئىشلارنى قىلغىلى بولاتتى. شۇ يىلى ئۇ 39 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۆزىنى توختاتقان چاغلىرى ئىدى. ئۇ ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن:

— پېقىر بىلىم ۋە قابىلىيەتتە ھەممىدىن تۆۋەن ئىدىم،

ھەرقايسىلىرى مېنى خاتا چۈشىنىپ بۇ ئېغىر ۋەزىپىگە قويۇشۇلا، بۇنىڭدىن تولىمۇ تېڭىرقىدىم، شۇنداقتىمۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئۈمىدلىرىنى يەردە قويماي بۇ ئىشنى ئۈستۈمگە ئالدىم. پېقىر ھەربىي ئادەم، ھەربىي ئادەم سىياسەتكە ئارىلاشمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مەمۇرىي ئىشلارنى لىۋ رەئىس ئۈستىگە ئالسۇن، پېكىر بىرلىكى بولماي قالغان مەسىلىلەردە پېقىر لىۋ رەئىسنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىمەن. بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم ھەم قەسىمىم، كۆپچىلىكنىڭ مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكىتىمگە قارىشىنى سورايمەن، — دېدى.

يىغىندا، شېڭ شىسەي دۇبەنلىككە سايلانغاندىن باشقا، تاۋ مىڭيۈ ۋاقىتلىق ئامانلىق ساقلاش كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى.

يىغىن ئاخىرىدا، سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلەك بويىچە «دۆلەت قۇرۇش تەدبىرلىرى» گە بىنائەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى گوڭ بىچېڭ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سابىق مەسلىھەتچىسى ۋۇ ئەيچېن قاتارلىق بەش كىشى تۈزۈپ چىققان ئون ماددىلىق پروگرامما ماقۇللاندى. پروگراممىدا ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ جەھەتلەردە باراۋەر ئىكەنلىكى، خەلققە يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، مەتبۇئات، سۆز قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلىدىغانلىقى، تاشقى ئىشلار ھوقۇقى مەركەزگە تەۋە بولىدىغانلىقى، پارتىيە مەسلىكى تەربىيىسى يولغا قويۇلىدىغانلىقى، مالىيەدە مەركەز بىلەن بىر تۇتاش بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەندى. خەلققە بېرىلگەن بۇ ھوقۇقلار بۈگۈنكى نەزەر بىلەن قارىغاندا ئادەتتىكىدەك ئىش بولسىمۇ، ئەمما 60 يىلنىڭ ئالدىدىكى شىنجاڭ ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، شۇ چاغلاردىكى قامال قىلىنغان جەمئىيەت ئۈچۈن زور ئىش ئىدى، شىنجاڭغا دېموكراتىيە شامىلى ئازراق بولسىمۇ كىرگەن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ

شىنجاڭنى كونترول قىلىشغا ئاز بولسىمۇ ماسلاشقانىدى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ مەركىزىي سىياسىي ھەيئىتىگە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا: «بىز ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەر نەتىجە ياراتقاندىن كېيىن، چېگرا رايوننى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشقا سايلىنىپ قەسەم بىلەن ۋەزىپىگە ئولتۇردۇق. بىزنىڭ سايلىنىشىمىز خەلقنىڭ رايىغا ئۇيغۇن. بىز بىر نىيەتتە تىرىشىپ، پاكلىقنى يولغا قويۇپ، پىرقە مەسلىكىگە ئىتائەت قىلىپ، دۆلەت قانۇنىنى ئاساس قىلىپ خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلەيمىز. مەركەزنىڭ غەربىي دىيار ئۈستىدىكى غېمىنى يەڭگىللىتىمىز، مەركەزگە سۆزسىز بويسۇنىمىز. ئاخىردا مەركەزنىڭ بىزگە دانىشمەنلەرنى تاللاپ ئۆستۈرۈش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى سورايمىز» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما يوللىدى.

تېلېگراممىدىكى «قەسەم بىلەن ۋەزىپىگە ئولتۇردۇق» دېگىنى، ئاۋۋال قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى مەلۇم قىلغانغا ئوخشاش ئىش ئىدى. «مەركەزنىڭ بىزگە دانىشمەنلەرنى تاللاپ ئۆستۈرۈش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى سورايمىز» دېگىنىمۇ، بىز يەنىلا مەركەزنىڭ كادىر سەپلەش پرىنسىپىغا ئىتائەت قىلىمىز، دېگىنى ئىدى، مەركەز ئۇ گەپلەردىن پۇتاق چىقىرالمايتتى.

ئۇ ئىككىسى دېيەلمىگەن گەپلەرنى باشقىلار دېدى. يۇقىرىدىكى تېلېگرامما يوللىنىپ ئەتىسى جىن شۇرېن دەۋرىدىكى كونا ئەمەلدارلار، كېيىنكى ۋاقىتلىق ئامانلىق ساقلاش كومىتېتىنىڭ يېڭى ئەمەلدارلىرى جۇرۇيچى، يەن يۇشەن، لى چى، چېن جىشەنلەر گومىنداڭ پىرقىسى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ: «ئۇلار پىرقە -

دۆلەتنىڭ دانىشمەنلىرى، شىنجاڭدا نەتىجە ياراتقان. بۇ نۆۋەت
ئۇلارنىڭ سايلىنىشى خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولدى...
ئۇلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىش بېجىرىشلىرى ئۈچۈن مەركەزنىڭ
ئۇلارنى رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلىشىنى سورايمىز» دېدى.

ئىككى تېلېگرامما يوللىنىپ بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك
تەقەززالىق بىلەن جاۋاب كۈتتى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرەپتىن
ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى، بۇ يەردىكىلەر نەنجىڭ ھۆكۈمىتى-
نىڭ قورسىقىدا نېمە ئويلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ليۇ ۋېن-
لۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئۆزلىرىگە بېرىلگەن مەنسەپنىڭ ئالدى-
دىكى «ۋاقىتلىق» دېگەن سۆزنى قانۇنىي يول بىلەن ئېلىپ
تاشلاپ رەسمىي ھالدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ
قىلاتتى.

ئاخىر ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي مەركەزگە تېلېگرامما
ئەۋەتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى، بەزى ئىش-
لارنى قەغەز يۈزىدە چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوي-
لاپ، مەركەزگە سىياسىي ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ
كېلىشكە ۋەكىل ئەۋەتىشنى لايىق تاپتى، بۇ ۋەزىپە چېن جۇڭغا
يۈكلەندى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شېڭ شىسەي، تاۋ مىڭيۈ، ۋۇ
ئەيچېن، لى شياۋتيەنلەر غەربىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى گىمىر-
كىنىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ چېن جۇڭ-
نى نەنجىڭگە ئۇزاتتى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا گومىنداڭ پىرقى-
سىنىڭ مەركىزىي سىياسىي ھەيئىتىگە، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۆز-
گىرىشتىن كېيىن «ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىشىپ، بار
كۈچى بىلەن تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، جايلارنىڭ تەرتىپى-
نىڭ نورماللاشقان» لىقى ھەققىدە يازغان مەلۇماتنامىسىنى بەر-
دى. بۇ مەلۇماتتىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن
قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

زىياپەتتىن كېيىن، چېن جۇڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ چۆ-
چەككە باردى. ئەسلىدە ئۇ سىبىرىيە تۆمۈر يولى بىلەن نەنجىڭگە
بارماقچى ئىدى، لېكىن موسكۋاغا كەتتى. موسكۋاغا يېتىپ بار-
غاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان
دوكلاتلار بىلەن ھۆججەتلەرنى نەنجىڭگە پوچتىدىن ئەۋەتىۋېتىپ،
موسكۋادا بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ، 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى
ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

چېن جۇڭ كېتىپ ئون كۈندىن كېيىن، ۋۇ ئەيچېن ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىدا چېن جۇڭنىڭ موسكۋاغا كەتكەنلىكى-
نى، نەنجىڭگە قاچان بارىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدىغانلىقىنى،
نەنجىڭگە باشقا بىرىنى ئەۋەتىش كېرەكلىكىنى، بەلكىم ئۇنىڭ
چېن جۇڭدىن بۇرۇن نەنجىڭگە يېتىپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى
ئېيتتى. كۆپچىلىك گوڭ بىچېڭنىڭ گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ
شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى، نەنجىڭدە
ھەر تەرەپ بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىقىنى ئويلاپ، شۇ ئا-
دەمنىڭ ئەڭ ياخشى نامزات ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېيتىشتى.

شۇ ئارىدا تاۋ مىڭيۈ ئوغلىنى نەنجىڭگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ
قويماقچى ئىكەنلىكىنى، كۆپچىلىك قوشۇلسا بۇ ئىشنىمۇ بىللە
بېجىرىپ كېلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، قالغانلار ئۇنى
ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، ئىشلىرى ئالدىراش، يىراققا سەپەرگە
چىقسا بولمايدۇ، دېيىشتى. تاۋ مىڭيۈ جاھىللىق بىلەن مەن
بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول خىراجى-
تىنى ئۆزۈم كۆتۈرىمەن دېگەنلىكى ئۈچۈن، كۆڭۈل ئاغرىقى
بولمىسۇن دېيىشىپ ئامالسىز ئۇنىڭ بېرىشىغا قوشۇلدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يەنە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر
ئۇيۇشمىلىرى، باش سودا ئۇيۇشمىسى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى،
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مائارىپ ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار:
«ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي ھازىر شىنجاڭدا كاتتا ئابرۇيغا

ئىگە، ئۇلارغا ھەممە ئادەمنىڭ مايىللىقى بار. ئۆلكە مەركىزىدە تەرتىپ ئەسلىگە كەلدى، پۇقرالار بىلەن ئارمىيە بىرلىشىپ جىن شۇرېن بىلەن خۇيزۇ باندىتلارنىڭ قالدۇقلىرىنى ئەل قىلىپ ئۇلارنى قورالسىزلاندۇردى… شىنجاڭدا چېگرا مۇداپىئە ئىشى ئىنتايىن مۇھىم، ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ قابىلىيە-تىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالالىشىدا گەپ يوق، شۇڭا بۇ ئىككىيلەننى شۇ خىزمەتلەرگە تېزدىن بەلگىلەپ، شۇلارنىڭ كۈچى بىلەن شىنجاڭ-نىڭ تەرتىپىنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا شارائىت يارىتىپ بېرىشىڭلار-نى سورايمىز» دېگەن مەزمۇندا تېلېگراممىلارنى ئەۋەتتى.

نەنجىڭ، شىمالىي جۇڭشەن كوچىسى 254 - نومۇرلۇق قورۇ.

هەجمى 68 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چوڭ قورۇ ئىچى گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. قورۇ ئىچىدىكى جۇڭگونىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن سېلىنغان تۆت چوڭ بىنانىڭ ھەممىسى قىزىل خىش بىلەن سېلىنغان، تۈۋرۈكلىرىمۇ قىزىل رەڭدە سىرلانغان-دى، ھەربىر بىنانىڭ پېشايۋىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەيۋەتلىك ئىككى تاش شىر قويۇپ قويۇلغانىدى. بۇ يەرگە جۇڭخۋا مىنگو-نىڭ مەمۇرىي پالاتاسى جايلاشقانىدى.

ئاساسىي بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدىكى ئازادە ئىشخانىدا ئۈستىگە ئاق رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغان مەمۇرىي پالاتا باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېي نەنچاڭدىكى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋېييۈەنجا-ڭى جياڭ جيېشى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى:

— جياڭ جيېشىمۇ؟ مەن ۋاڭ جىڭۋېي، شىنجاڭنىڭ ئىشىغا ئون نەچچە كۈن بولۇپ كەتتى. جىن شۇرېن 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگرامما يوللاپ ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

جاكارلاپتۇ. بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا شىنجاڭدىكى ھەر ساھەمۇ كەينى ـ كەينىدىن تېلېگراممىلارنى يوللاپ مەركەزدىن بىر قا- رارغا كېلىشنى تەلەپ قىلىشتى. شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇش- لۇق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ فېڭجيۇ مەركەزدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلارنى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بەزىلەر شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كېلىشنىمۇ ئېيتىۋاتىدۇ. گەپلەر ھەرخىل، بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇۋېتى- مەن. جاڭ فېڭجيۈنىڭ گېپى بالىلارچە گەپ، ئۈرۈمچى نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرسا، ئەسكەر ئەۋەتىمىز دەپلا ئەسكەر ئەۋەتكىلى بولامدۇ؟ لېكىن، يەنە شىنجاڭنىڭ ئىشىنى ئۇزۇن ۋاقىت تاشلاپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

ئۇ تەرەپتىن جياڭ جيېشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش مەركەزنىڭ كۆچىنىڭ ئۇ يەرگە سىڭىپ كىرىشىدىكى ياخشى پۇرسەت. بۇرۇنقى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار يېڭىنىمۇ ئۆت- كۆزمەيدىغان، سۇمۇ كىرگۈزمەيدىغان فېئودال يەرلىك پادىشاھ- لار ئىدى، دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ چەت ئەللەر بىلەن ئۆزئالدىغا كېلىشىملەرنى تۈزۈشەتتى، ئوتتۇرا ئاسىيالارغا ئۆز ئىختىيارىي بىلەن كونسۇللارنى قويۇۋېرەتتى. بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ؟ ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ئەھۋالىنى سىز بىلەمسىز؟

— ليۇ ۋېنلۇڭ ئىلگىرى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئى- كەن. خۇنەنلىك ئادەم ئوخشايدۇ. ھەم ئەمەل تۇتۇپ، ھەم سودى- گەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپتىكەن. شېڭ شىسەي شەرقىي شىمال- لىق، ياپونىيىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. شىنجاڭغا بېرىشتىن ئىلگىرى سىزنىڭ سەنمۇبۇيېگىزنىڭ ئۇرۇش بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەپتىكەن. بەزى گەپلەرگە قارىغاندا، ئۇ ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چاغدا سىز ئۇنىڭغا ئىقتىسا-

دىي جەھەتتە ياردەم قىلغانىكەنسىز.

— ھە، شۇنداق بىر ئىش بولغانىدەك قىلغان. مۇنداق بولسۇن، ئاۋۋال شىنجاڭغا ھال سوراش نامى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلداردىن بىرنى ئەۋەتەيلى، ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم ساندا مۇلكىي ۋە ھەربىي خادىملارمۇ بىللە بارسۇن. ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بىر - ئىككى ئادەم بولسۇن. ۋاقتى كېلىپ يېڭىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى بېكىتكەن چاغدا شۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان ئاشۇنداق ئادەملەر ھۆكۈمەت تارمىقىدا بولسا بىزگە خاتىرجەملىك بولىدۇ. كىم بارىدۇ، بۇنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ!

ۋاڭ جىڭۋېي تېلېفوننى قويۇپ، دەرھال سەنمۇبۇنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— مۇسۇڭ ئاكا، سىزنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ جاپاغا سالىدىغان بولدۇق، ئۇ تەرەپنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا رايون دۇبەنى شېڭ شىسەي سىزنىڭ كونا تونۇشىڭىز ھەم مەكتەپدىشىڭىز ئىكەن. سىز ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى 1 - قارارىدا، ئۇياق 3 - قارارىدا پۈتتۈرۈپتىكەنسىلەر. ئۇ نەنجىڭدە ئوفىتسېرلار تۈەنىدە ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرغاندا سىز ئۇ تۈەننىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى ئىكەنسىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا باشلىقى ئىكەنسىز. بۇ قېتىم سىز شىنجاڭدىكىلەردىن ھال سوراش نامى بىلەن بارىسىز. شۇنداق ئىكەن، چوقۇم ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇقىغا ئېرىشىسىز.

— مېنىڭ ئۇ يەرگە «ھال سوراپ» بېرىشتىكى ھەقىقىي ۋەزىپەم نېمە؟ — دەپ سورىدى خۇاڭ مۇسۇڭ ۋاڭ جىڭۋېيدىن.

— ئاۋۋال ئەھۋالغا قارايسىز، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيسىز، ھەر تەرەپتىكى ئەربابلار بىلەن بىرلىشىپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرىسىز، ئاندىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرىنى قايتا تەڭشەيسىز. مۇشۇ ئومۇمىي مەقسەت بويىچە تېز ئارىدا بىر

پىلان تۈزۈپ چىقىڭ، كۆرۈپ تەستىقلانغاندىن كېيىن يولغا چىقىسىڭىز بولىدۇ.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇلكىي ئەمەلدارلار باشقارمىسى 1935 - نومۇرلۇق ھۆججەت تارقاتتى. ئۇ ھۆججەتتە شۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى رەئىسى جىن شۇرېن خىزمىتىدىن ئىستىپا سورىغانىدى، مەركەز ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى تەستىقلىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا لاياقەتلىك ئادەمدىن بىرنى تاللاپ قويۇشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. ھازىرچە سەنمۇبۇنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭغا ھال سوراشقا ئەۋەتىش قارار قىلىندى. خۇاڭ مۇسۇڭ ئۇ يەردە ئارمىيە ۋە خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بەزى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرماقچى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ساقلىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ئوقتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى، مەركەزنىڭ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈشىنى، توپلىشىپ چاتاق چىقىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدىغان ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي ھۆججەتنى كۆرۈپ ئىچىدە نارازى بولدى. بۇ ھۆججەتتە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھەققىدە بىرنېمە دېيىلمىگەن، شىنجاڭدىن كۆرسىتىلگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ، جۈملىدىن رەئىس بىلەن دۇبەنىنىڭ ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ «لاياقەتلىك ئادەمدىن بىرنى تاللاپ قويۇشنى ئويلىشىۋاتىدۇ» دېيىلگەن. يەنە تېخى خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭغا ھال سوراشقا ئەۋەتمەكچى. بۇ گەپچە بولغاندا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ پۈتۈن ئەمگىكى بىكارغا كەتمىدىمۇ؟

خۇاڭ مۇسۇڭ دەرھال ھال سوراش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي، مائارىپ، دىن، قاتناش - ترانسپورت ساھەلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 100 نەپەر قابىلىيەتلىك ئادەمنى تاللىدى، كېتىدىغان بارلىق خىراجەت 526 مىڭ 200 يۈەن



www.uyghurkitap.com

ھېسابلاندى. شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن ئۇ يەنە شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىدىكى سۇ بىڭۋېن بىلەن لى دۇ-نىڭ قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىمەكچى. ئۇنىڭدىن باشقا، كەلگۈسىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قالسا دەماللىققا قوغدىنىش ۋە ئۆزى ئېلىپ بارغان ئادەملەرنى ھەرقايسى ئورۇنلارغا بىخەتەر قويۇۋېلىش ئۈچۈن خۇ زۇڭنەننىڭ قوشۇنىدىن بىر لۈي ئەسكەرنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلمەكچى بولدى.

شېڭ شىسەيگە ھازىر كېلىدىغان خەۋپ نەنجىڭدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە كونا رەقىبى ما جۇڭيىڭدىنمۇ كېلەتتى.

نەنشەن ھازىرغىچە ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما چۈەنلۇ بىلەن ما دېشياڭنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار پات - پات ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۆلكە مەركىزىنى قالايمىقان قىلىپ تۇراتتى. شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى قورال كۈچى بىلەن ئەمەس ئەقىل - پاراسەت بىلەن يېڭىشنى بەكرەك ئويلايتتى، شۇڭا نەنشەنگە ما چۈەنلۇ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ تۇراتتى، ما چۈەنلۇمۇ ئۆلكە مەركىزىگە تۆت ئادىمىنى ئەۋەتىپ تىنچلىق ھەققىدىكى سۆھبەتكە قاتناشتۇردى. شېڭ شىسەي ما چۈەنلۇنىڭ ھوشيارلىقى بوشاشقان، مۇداپىئەسى سۇسلاشقان بىر چاغدا ما دېشياڭنى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشكە كۆندۈردى. ما دېشياڭ ما چۈەنلۇ بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى لۈيجاڭ-نىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە شېڭ شىسەيدىن ۋاقىتلىق سەپلەنگەن 1 - شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن بۇي-رۇققا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، نەنشەندىكى ئۇنى ئۇزۇنغىچە خاتىرجەم قىلماي كەلگەن ئۆتكۈر تىكەن ئاخىر يىلتىزىدىن ئې-لىپ تاشلاندى.

ئەمما، شەرقىي شىنجاڭدا يەنە ئۇرۇش بولۇپ، كونا رەقىبى ما جۇڭيىڭ يەنە كۆتۈرۈلۈپ چىققانىدى.

www.uyghurkitap.com

## «گا سىلىڭ» قايتا باش كۆتۈردى

1932 ـ يىلى باھار، كائىنات ئىللىقلىققا چۆمگەن، بارلىق مەۋجۇداتلار يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولۇۋاتقان مەزگىل.
ما جۇڭيىڭنىڭ يارىسى قوشۇن ئىچىدە ئەنگلىيىلىك دىن تارقاتقۇچى كابىل بىلەن فرېنچنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن تولۇق ساقىيىپ كەتتى.
ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكى «گا سىلىڭ» نىڭ قېنىنى قىزىتىپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئەسكىرىنى ئون ھەسسە كۆپەيتتى ۋە يېڭى ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشنى قاتتىق تۇتتى. ئۇ مەشىق مەيدانىدا ئېگىز ئېتىغا مىنىۋېلىپ ئوقتەك چاپاتتى، چېپىپ كېتىۋېتىپ نىشاننى قارىغا ئېلىپ تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزەتتى، تۇرۇپ يالاڭ تورنىكتا شامالدەك تېز پىرقىراپ چېنىقاتتى، جەڭچىلەر ئۇنىڭ مەرگەنلىكىگە، چەبدەسلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ بارىكاللا دەپ تۇۋلىشىپ كېتەتتى.
ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا قايتا يۈرۈش قىلىشى مۇقەررەر ئىدى. غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىكلەرنىڭ باشقا قوشۇنلىرى ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېتىشىنى تۆت كۆزلىرى بىلەن كۈتۈپ كېلىشىۋاتاتتى. شۇڭا، نىڭشيادىكى ما خۇڭكۈي بىر دىنلا مەردلىكى تۇتۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا 200 ماۋزۇر، ئىككى يۈرۈش سىمسىز تېلېگراف، بىر تۈەن ئاتلىق ئەسكەر بەردى. بۇ ئاتلىق ئەسكەر تۈەنى 36 ـ شىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى. چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭ «گا سىلىڭ» نىڭ قورسىقىنى توق تۇتۇپ تەڭرىتاغقا قاراپ يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن ئىلگىرىكى ئارازلىقلارنى ئۇنتۇپ 600 مىڭ جىڭ ئاق ئۈن، 200 دەن پۇرچاق، 200 دەن بۇغداي بەردى.
1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ما جۇڭيىڭنىڭ

بىر نەۋرە ئىنىسى ما جۇڭجيې بىرىنچى بولۇپ بىر لۈي ئەسكەرنى باشلاپ دۇنخۇاڭ ئارقىلىق قۇمۇلغا يېتىپ باردى. يېرىم ئايدىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار لىيەنى بىلەن ئىشپىديونلار يىغىندىكى 300 چە ئادەمنى باشلاپ بېرىپ قۇمۇل ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلدى.

ئۇ چاغلاردا خەۋەرلەر قامال قىلىنغاچقا ھەم ئارىلىق يىراق بولغاچقا، ئۆلكە مەركىزىدە 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ جىن شۇرېننىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەنلىكى «گا سىلىڭ» نىڭ قۇلىقىغا تېخى يېتىپ بارمىغانىدى، شۇڭا 36 - شى يول بويى «جىن شۇرېننى جازالاش ھەققىدە شىنجاڭ خەلقىگە ئوچۇق خەت» دېگەن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى چاپلاپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇ ئوچۇق خەتتە جىن شۇرېننىڭ ئون چوڭ جىنايىتى يېزىلغان، ما جۇڭيىڭنى «مەركەزنىڭ بۇيرۇقى، خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ ماختىغانىدى.

بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئۆلكە مەركىزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ شەرق تەرەپكە قارىيالمايۋاتاتتى، شۇڭا ما جۇڭيىڭ يول بويى توسالغۇسىز كېلىۋاتاتتى. بەش كۈندىن كېيىن ئۇ يەتتە قۇدۇقنى بېسىۋېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ مورىغا ھۇجۇم قىلىپ، 29 - كۈنى گۇچۇڭنى بېسىۋالدى.

گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا ما جۇڭجيې ئوق تېگىپ ئۆلدى، ما جۇڭيىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىندى. گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا لى خەيرۇ تەسلىم بولۇپ، 8 مىڭدىن ئارتۇق ھەرخىل قوراللار، ساناقسىز ئوق - دورىلار، 1 مىليون تەڭگە غەنىيمەت ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسىرگە چۈشكەن 1 مىڭ 500 ئەسكەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ يارامىلىق 300 نەپەر ئەسكەرنى تاللىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى تولۇقلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، ما جۇڭجيېنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان ئېچىنىشلىرى خې-

لىلا پەسلىگەن بولدى.

بۇ غەلىبە تەبرىكلىنىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ما جوڭيىڭ مۇشۇ غەلىبە سەۋەبىدىن چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، يېقىن دوستىدىن ئايرىلىپ قېلىپ يېتىم قالدى. ئۇ ھەربىي يۈرۈشنىڭ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقىنىغا خۇشال بولۇپ كېتىپ ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتقان خوجانىياز ۋەكىللىكىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇيغۇرلارنى ئۇنتۇپ قالغان، ئۇلارغا جىددىي قارىمايلا قالماستىن، ئۇلارنى ئازراق بولسىمۇ مەنپەئەتلەندۈر-مىگەنىدى. ئەسلىدە ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق ئىدى، ما جوڭيىڭ بۇ ئەڭ مۇھىم نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، خوجانىياز قول ئاستى-دىكىلەرگە غەزەپ بىلەن: «ما جوڭيىڭ دېگەن بۇ ئاداش گېپىدە تۇرمايدىكەن. بۇرۇن: ‹سىلەر قېلىچ بولساڭلار، بىز شۇ قې-لىچنىڭ بىسى، ھايات - ماماتتا بىللە بولىمىز، بىر نان تاپساق تەڭ يەيمىز، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىمىز› دەپ ناھايىتى چىرايلىق توۋلاۋاتاتتى، ھازىر ھالاۋەتتە بىللە بولۇۋاتامدۇ؟ بىز-نىڭ شۇنچە ئادىمىمىز ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر تال ئوق، بىر تەڭگە پۇلغىمۇ ئېرىشەلمىدۇق. سېنىڭ ئۇ بىسىڭ مېنىڭ قېلىچىمدىن ئايرىلىپ كەتسە نېمە رولى قالىدۇ» دېدى.

خوجانىياز ما جوڭيىڭ كەلگۈسىدە كۆچىيىپ كەتسە ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز ئەھۋال كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى پەملەپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. بۇ ئەھۋال شېڭ شىسەي-نىڭ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياخ-شى پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

ئالدىنقى سەپتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقان تېلېگرام-مىلار دۈبەن مەھكىمىسىگە ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. شېڭ شىسەي 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۆلكە قوشۇنىدىن 4 مىڭ ئەسكەرنى، ئۈزلەشتۈرۈلگەن قوشۇندىن مىڭ ئەسكەرنى ئۆزى

باشلاپ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەدىپىنى بىرىشكە ئاتلىنىپ، 29 ـ كۈنى سەنتەيگە يېتىپ باردى.

شېڭ شىسەي شۇ يەردە ليۇ ۋېنلۇڭ ئەۋەتكەن مەركەزنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. تېلېگراممىدا ما جۇڭيىڭنى ئال-دىغا ئىلگىرىلەشنى توختىتىشقا، ئۆلكە قوشۇنىنىمۇ چېكىنىش-كە، ئىككى تەرەپنى مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. شېڭ شىسەي ئامالسىز قوشۇننى چېكىندۈردى.

6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئىككى تەرەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گۇچۇڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق شەرتلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. 9 ـ كۈنى ئاخشىمى ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ما جۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىن-جاڭنى تىنچىتىش باش قۇماندانى قىلىش، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇ-نىنىڭ خىراجىتىنى ھۆكۈمەت تەرەپ بېرىش، دېگەندەك يەتتە ماددىلىق شەرتنى تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئازراق تىنچىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى ياڭ بوچىڭ بۇ شەرتلەرنى ما جۇڭيىڭ قوبۇل قىلالايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئەتىسى گۇچۇڭغا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدى.

لېكىن، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىدىكى رادىكاللار ما جۇڭيىڭ-نى مۇشۇ تىنچلىق سۆھبىتى بولۇۋاتقان پۇرسەتتە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە قۇتراتتى. ئۆلكە مەركىزىدىكى گەنسۇلۇق ئوفىت-سېرلار بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ باشلىقلىرىمۇ ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ تىنچلىق تەشەببۇسلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن مۇرەسسە قىلىشنىڭ پەقەتلا ھاجىتى يوق، دەپ قاراشتى. شېڭ شىسەيگە ئايروپىلاندىن كەلگەن خەۋەرلەردىمۇ ما جۇڭيىڭ-نىڭ قوشۇنىدىكىلەرنىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن زىنىچۈەنزى-گە يېتىپ بىرىپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئېيتىلغانىدى، شۇ-نىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئەسكەر چىقىرىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇرۇش ۋاڭ بىلەن كىرىپكىنىڭ ئارىلىقىدا قالدى. ئۇرۇش ئەمدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولماي قالمايتتى.

## ھاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك جەڭ

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، تاۋ مىڭيۈمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنىدى. گوچۇڭغا قايتماقچى بولۇپ تۇرغان ياڭ بوچىڭ خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن سۆز-لىشۋېلىپ ئاندىن قايتماقچى بولدى.

خۇاڭ مۇسۇڭ ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا جەڭگە تەييارلىنىۋات-قان شېڭ شىسەيگە ئىككى تۈرلۈك شەرت قويدى: بىرىنچى، ما جۇڭيىڭغا قاراتقان ھەربىي ھەرىكەتنى دەرھال توختىتىش، ئىك-كى تەرەپنىڭ زىددىيىتىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش؛ ئىك-كىنچى، دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ ھەربىي ئىشلار كومى-تېتى تەشكىللەش.

ئوقيانى بەتلەپ قويغان شېڭ شىسەي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ كەتتى ۋە ئىچىدە، ماڭا ھەربىي ھەرى-كەتنى سەن توختات دەيسەن، ما جۇڭيىڭغا نېمىشقا سەنمۇ توختات دېمەيسەن؟ ما جۇڭيىڭ ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاندىن مەن ھەرىكەت قىلىشىم كېرەكمۇ؟ دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنى بىكار قىل، دېگىنىڭ ماڭا دېگىنىڭ ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلىدى ھەم تېخى-مۇ ئاچچىقى كەلدى، شۇنداقتىمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خۇاڭ مۇسۇڭغا:

— جانابىڭىز چارچاپ قالدىڭىز، بالدۇرراق بېرىپ ئارام ئېلىڭ. بۇ چوڭ ئىش، ۋەزىيەت سەل مۇقىملاشقاندا ئاندىن پاراڭلىشايلى، — دېدى ـ دە، ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، ئارقىسى-غا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ما جۇڭيىڭ بىلەن شېڭ شىسەي-

نىڭ قوشۇنلىرى زىنىچۇەنزىدە ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى.
زىنىچۇەنزى گۇچۇڭ بىلەن فۇكاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جاي ئىدى، ئەگەر ما جۇڭيىڭ زىنىچۇەنزىنى ئالالىسا فۇكاڭنىمۇ تېزلا بېسىۋېلىپ ئۈلكە مەركىزىگە كۇچلۇك تەھدىت سالالايتتى؛ ئەگەر ھۆكۈمەت قوشۇنى زىنىچۇەنزىنى ئالالىسا ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنى سەنتەيىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ ئۈلكە مەركىزىدىن خېلىلا يىراقلاشتۇرۇۋېتەتتى، ئىككىلا تەرەپ بۇ جاينىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپ بۇ جاينى تالىشاتتى.
شېڭ شىسەيىنىڭ 7 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى، بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا موسكۋادىن قايتىپ كەلگەن چېن جۇڭ شېڭ شىسەيىنىڭ قوشۇنىغا سەنمۇجاڭ بولدى. جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن شېڭ شىسەي جەڭگە سەپەرۋەرلىك قىلغاندا قول ئاستىدىكىلەرگە ما جۇڭيىڭ ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ غالچىسى، شۇڭا ما جۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇش ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرغان بىلەن ئوخشاش، دېدى.
ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچىمۇ ئاجىز ئەمەس، 4 مىڭ پىيادە ئەسكىرى، 2 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىدى.
شېڭ شىسەي 6 - يول قوشۇنىنىڭ كوماندىرىغا:
— بۇ قېتىمقى جەڭدە ئالدى بىلەن زىنىچۇەنزى كەنتى شىددەت بىلەن مەركەزلىك توپقا تۇتۇلۇپ پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى قوغدىلىدۇ، ليۇ ۋەنكۇيىنىڭ 4 - يول قوشۇنى ئاساسلىق ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، قالغان قىسىملار ئۇلارنى قوغدايدۇ ۋە ئۇلارغا ماسلىشىدۇ، — دېدى.
ليۇ ۋەنكۇي ئىرادىلىك ھەم جەڭگە ماھىر بولغاچقا، شېڭ شىسەي ئۇنى ئالاھىدە بىلەتتى.
ليۇ ۋەنكۇي «يەل تاپان» دەپ لەقىمى بار، جىلىن ئەنشيەنلىك ئادەم ئىدى، ئۇرغۇن يىل ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان

www.uyghurkitap.com

بولغاچقا ئىنتايىن مەرگەن ئىدى، ساۋاتسىز بولسىمۇ ناھايىتى مەرد، ئوچۇق كۆڭۈل، ئۆز ۋاقتىدىكى جىلىن گۇرۇھىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئادەملىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ قورال ئىشلىتىشكە ئۇستا، مەرگەن ھەم چىرايلىق ئايال ئىدى، كىشىلەر ئۇنى چىرايلىقلىقىغا قاراپ «كېپىنەك» دېيىشەتتى. ئەر ئايال ئىككىسى لى دۇنىڭ قوشۇنىغا قاتناشقان، ليۇ ۋەنكۈي جىلىن قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ 4 ـ لۇيىنىڭ لۇيجاڭى بولغان، بىر مەزگىل ياپونلارنىڭ قوشۇنىغا تەسلىم بولغانىدى. 1933 ـ يىلى باھاردا سىبىرىيىگە چىقىپ شۇ يەردىن شىنجاڭغا كەلگەندى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى، كەلسە، كەتسە خۇددى قىممەتلىك مېھمانغا قىلغاندەك قىلىپ كېتەتتى، باشقىلارغا: «ليۇ يەل تاپان قىزىل ساقاللىقلارغىمۇ ئارىلاشقان، ئوغۇل بالىلىقى بار، مىجەزى ئوچۇق، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش، باسماسلىق كېرەك، شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ياخشى ئىشلەپ بېرىدۇ» دەيتتى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 يېرىمدا ئىككى تەرەپ رەسمىي جەڭ باشلىدى.

ئاۋۋال ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن ھۆكۈمەت قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى، ھۆكۈمەت قوشۇنى پىلىموت ۋە بىرونېۋىكلارنىڭ كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ليۇ ۋەنكۈينىڭ قول ئاستىدا ئۇ باندىت بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا تەربىيىلىگەن بىر تۈركۈم مەرگەنلەر بار ئىدى، ئۇلار مەخسۇس دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئاتامانلىرىنى قارىغا ئېلىپ نۇرغۇنىنى يىقىتتى، دۈشمەن تەرەپ بۇنىڭدىن قاتتىق ساراسىمىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى تېخىچىلا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى، شېڭ شىسەينىڭ قوماندانلىق شتابىغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالغانىدى. شېڭ شىسەي ئالدىراپ ـ تېنەپ يېنىدا ياتقان بىر جەسەتنىڭ

قېنىنى يۈزىگە سۈركەپ ئۆلگەن بولۇپ يەرگە يېتىۋالدى، ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا بايقالماي تىرىك تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئامان قالدى. خېلى يىللاردىن كېيىنمۇ شۇ چاغدىكى ئاشۇ ئىشنى ئويلىسا يۈرىكى جىغىلداپ، باشقىلارغا: «شۇ قېتىمقى جەڭ پۈتۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ خەتەرلىك جەڭ بولغان» دەپ بېرەتتى.

شۇ كېچىسى شېڭ شىسەيگە ھاۋا ياردەم قىلدى. شۇ چاغدا بىردىنلا ھاۋا ئۆزگىرىپ بوران چىقىشقا، ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىشقا باشلاپ، ئۇزۇندىن بۇيان بولۇپ باقمىغان بىر جۇدۇن بولدى. بىر ئازدىن كېيىن مۆلدۈر يېغىشقا باشلىدى. ئەتراپ تۇم قاراڭغۇ، بىرقەدەم نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، تېمپېراتۇرىمۇ نۆلدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى گۇچۇڭدىن چىققاندا يىلىڭ كىيىملەر بىلەن چىققان بولغاچقا قاتتىق مۇزلاپ كەتكەن، قوللىرى توڭلاپ ھەتتا مىلتىقلىرىنىمۇ كۆتۈرەلمەي، نىشانغا ئالالماي قالغانىدى، خېلى كۆپ ئەسكەرلەر توڭلاپ ئۆلۈپمۇ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇدا ئالدى ـ كەينىدىكىلەر بىلەن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قېلىپ، بىر ـ بىرىنى تونۇماي ئېتىشىدىغان ئىشلارمۇ بولدى. ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىملىرى قېلىن بولغاچقا، ئۇلارغا سوغۇق كار قىلمىدى.

ئەتىسى سەھەردە ھۆكۈمەت قوشۇنى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى قاچۇردى. شېڭ شىسەي دۈشمەننى قوغلاپ كېتىۋېتىپ تاساددىپىي ھالدىلا ما جۇڭيىڭنىڭ ياپونىيىلىك تېلېگراما تەرجىمانى داشىجىڭنى تۇتۇۋالدى.

15 ـ كۈنى كېچىدە، ما جۇڭيىڭ قول ئاستىدىكى جەڭدە ئامان قالغان مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى، مەجبۇرىي ئېلىپ ماڭغان 3 مىڭدەك ئۇيغۇرنى باشلاپ، گۇچۇڭ بىلەن فۇيۈەندىن غەنىيمەت ئالغان 7 مىڭدىن ئارتۇق قورال ـ ياراغ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكلەرنى 3 مىڭدىن ئارتۇق تۆگىگە ئارتىپ مورى دەرياسى تەرەپكە چېكىندى ۋە تەڭرىتاغدىن ئارتىلىپ پىچان،

تۇرپان تەرەپلەرگە بېرىپ خوجانىياز بى-لەن ئۇچراشماقچى بولدى.

بۇ چاغدا خوجانىياز شېڭ شىسەي بىلەن يوشۇرۇن كېلىشىۋالغانىدى. شېڭ شىسەي بۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئىك-كى ئاتامانىنىڭ ئەپ ئەمەسلىكىنى ئاڭ-لاپ يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ خوجان-ياز بىلەن بىرلىشىۋالغان، ئەگەر خو-جانىياز ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان ئالا-قىسىنى ئۈزىدىغان بولسا ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قوغداش قوماندانى قىلىش-قا ۋەدە بەرگەنىدى. خوجانىياز بۇ شەرتكە ماقۇل بولغان ھەم قاراشەھەردىن تارتىپ قەشقەرگىچە بولغان جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت قوراللىق كۈچلىرىنى باشقۇرۇش، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى خەنزۇ قوشۇنلار جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرمەسلىك شەرتىنى قويۇپ، شۇ شەرت ئاساسىدا شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلاشقانىدى.



ياپونىيە جاسۇسى داشجۇڭ
(خەنزۇچە ئىسمى خۇاخېڭ)

شېڭ شىسەي ئۇنىڭ بارلىق شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇپ، ئىككى تەرەپ كېلىشىمگە قول قويدى.

شۇڭا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى باشلاپ پىچان، تۇرپان تەرەپ-كە يۈرۈش قىلغاندا خوجانىياز شېڭ شىسەيدىن ئالغان 200 مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ غەربكە قاراپ قوشۇن تارتىشىدا بىرىنچى توسالغۇ بولغان توقسۇن بىلەن سۇباشقا چېكىنىپ بېرىپ بولغانىدى. شېڭ شىسەي يەنە ئۈرۈمچىدىن داۋانچىڭغا قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئىككىنچى مۇداپىئە سېپى بەرپا قىلدى، ئارقىدىن ئىلىدىكى جاڭ پېييۈەنگە قوشۇنىنى تەڭرىتاغدىن ئۆتكۈزۈپ قارا شەھەردە ئۈچىنچى مۇداپىئە سېپى قۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

شېڭ شىسەي زىنچۇەنزىدە ما جۇڭيىڭ بىلەن ھايات - ماماتلىق جېڭ قىلىشۋاتقان كۈنلەردە خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈرۈمچىدە

ئۇنىڭدىن ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرەتتى.

## خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ پىلانى

خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا جىن شۇرېن ئولتۇرغان
قورۇدا ھال سوراش ئەلچىلىرى مەھكىمىسىنى قۇرۇپ ھەر تەرەپ-
نىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى، جەنۇبىي شىنجاڭغا ھال سو-
راشقا ئادەم ئەۋەتتى، شىمالىي شىنجاڭدا «پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە
مۇراجىئەت» نى تارقىتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن دۈشمەنلىشىش-
نى دەرھال توختىتىشنى، ئۇرۇش ھالەتلىرىنى تۈگىتىشنى تەلەپ
قىلدى ھەم مەركەزنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىدە پايدىلىنىشى ئۇ-
چۈن پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى
بولدى. يەنە ۋاڭ جىڭۋېينىڭ تەكلىپى بويىچە جىن شۇرېن نەزەر-
بەند قىلىپ قويغان نەزەر بىلەن كۆرۈشتى.

— ئىلگىرى جىن شۇرېن سىزنىڭ قۇمۇل ۋاڭلىقىغا ۋارىس-
لىق قىلىش ھوقۇقىڭىزنى بىكار قىلغان، مال - مۈلكىڭىزنى
ھەم ھوقۇقىڭىزنى تارتىۋالغانىكەن، — دېدى ئۇ نەزەرگە، —
بۇ خاتا ھەرىكەت، ئۇلار مەركەزنىڭ تەستىقىنى ئالمىغان، شۇڭا
ئىناۋەتسىز. ھازىر مەن ۋاڭ مەمۇرىي پالاتا باشلىقىنىڭ يوليورۇ-
قى بويىچە سىزنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىڭىزنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلى-
كىنى، بارلىق مال - مۈلكىڭىزنىڭ دەرھال قايتۇرۇلىدىغان-
لىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمەن. جىڭۋاڭ جانابلىرىنىڭ ئۆز
ۋەزىپىسىنى بىجانىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، مەركەزنىڭ كۈتكەن
يېرىدىن چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

نەزەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئې-
لىپ ئالدىغا سەل ئېگىلىپ رەھمىتىنى ئېيتتى ھەم خۇاڭ مۇ-
سۇڭدىن يۇرتىغا بېرىپ ئارام ئېلىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىشنى
سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— بىز يەنە چىڭۋاڭنىڭ يۈكسەك ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقلارنى تۈگىتىش جەھەتلەردە بەزى پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكچى بولۇۋاتىمىز. پېقىر مەمۇرىي پالاتا باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېيدىن سىزنى ھال سوراش ئۆمىكىمىزگە ئالىي مەسلىھەتچى قىلىش توغرۇلۇق يوليورۇق ئالدىم.

نەزەر ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلۇپ ئۈرۈمچىدە قالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قىلغۇدەك ئىشىمۇ يوق ئىدى، پەقەت خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈچۈن قورچاق بولۇپ تۇرۇپ بېرەتتى. نەزەر چىڭۋاڭنىڭ «ئۆزى بۇ يەردە، كۆڭلى باشقا يەردە» ئىدى، پەقەت بۇ يەردىن كېتىشكە پۇرسەت تاپالمايلا يۈرەتتى. ئۇ شەرققە ماڭغان ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ قۇمۇلغا بېرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

نەنجىڭ بىلەن شىنجاڭنى بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم مۇساپە يول ئايرىپ تۇرسىمۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالى توختىماي كېلىپ تۇرۇۋاتقان تېلېگراممىلار ئارقىلىق بىر - بىرىگە مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن جياڭ جيېشىغا: «مەن ھەر كۈنى سىلەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ تۇرىمەن، تېپىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تېلېگرامما نومۇر بويىچە ئەۋەتىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما ئەۋەتتى. ۋاڭ جىڭۋېي جاۋابەن تېلېگرامما يوللاپ: نەنجىڭ بىلەن نەنچاڭ خىزمەتلەرنى بۆلۈشۈۋالدۇق، ھەربىي قوماندانلىققا ئائىت خەۋەرلەر جياڭ ۋېيۈەنجاڭغا، سىياسىي يېتەكچىلىككە ئائىت خەۋەرلەر ۋاڭ مەمۇرىي پالاتا باشلىقىغا ئەۋەتىلسۇن، دېدى. ئۇ چاغلاردا نەنجىڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگراممىلار موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا ياكى تەيۈەن ئارقىلىق يەتكۈزۈلەتتى.

خۇاڭ مۇسۇڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئاخبارات توپلاشقا قاراتتى

ۋە سەنمۇلىرى، فۇگۇەنلىرى، مەسلىھەتچىلىرى ئارقىلىق شىنـ
جاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي، مالىيە، دىپلوماتىيە، تارىخ، جۇغـ
راپىيە، مىللەت، دىن، جەمئىيەت، مائارىپ، قاتناش، دېھقانـ
چىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، كان مەھسۇلاتلىرى قاتارـ
لىق نۇرغۇن ئاخباراتلارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە
ھۆكۈمەت، ئارمىيە قارىمىقىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ تەشكىـ
لىي ئەھۋالى، ئادەملىرىنىڭ تىزىملىكى بەكمۇ مۇھىم ئىدى. ئۇ
زادى نېمە ئۈچۈن بۇ ئاخباراتلارنى توپلايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى پەقەت
بىرلا، ئۇ بولسىمۇ كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمەتكە ئادەم تاللاش ۋە
سىياسەت بەلگىلەش ئۈچۈن ئىدى. ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن جياڭ
جيېشىغا يوللىغان بارلىق تېلېگراممىلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن خۇاڭ
مۇسۇڭنىڭ مۇنداق پىكىر يوللىرىنى تاپقىلى بولاتتى:

1. ئۇ جاڭ پېييۇەن، ما جۇڭيىڭ، خوجانىيازلارنىڭ ئەمەـ
لىي كۈچىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئۇ يىغقان ئاخباراتلاردا
شۇنداق دېيىلگەن: «جاڭ پېييۇەننىڭ ئىلىدا قوشۇنى بار، ئوـ
فىتسېر ـ جەڭچىلىرىنىڭ سانى 5 مىڭ 875 نەپەر، ھەممىسىـ
نىڭ قورالى بار. ئۇنىڭدىن باشقا لى دۇنىڭ قول ئاستىدىكى
جىلىن قوغدىنىش قوشۇنىدا 1 مىڭ 540 نەپەر ئوفىتسېر ـ
جەڭچى، 300 — 400 دانە قورال بار»، «ما جۇڭيىڭنىڭ 3
مىڭ نەپەر ئوفىتسېر ـ جەڭچىسى، 5 مىڭ 500 دانە قورالى
بار»، «خوجانىيازنىڭ 3 مىڭ نەپەر ئوفىتسېر ـ جەڭچىسى،
1 مىڭ 500 چە قورالى بار.»

2. شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشـ
تا ئەيىب شېڭ شىسەيدە، دەپ قاراپ، ما جۇڭيىڭنى قوغدىغان:
«شېڭ شىسەينىڭ نىيىتى ياخشى ئەمەس، ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭـ
گىۋارلىقى تۆۋەن... ما جۇڭيىڭ بىلەن يارىشىپ قېلىشنى رەت
قىلدى.»

3. جاڭ پېييۇەن بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ھەمكارلىششى
مۇمكىن ئەمەس، بۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان كاۋاك دەپ قارىغان:

«جاڭ شىجاڭنى سابىق جىن رەئىس تېلېگراما بېرىپ ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگە، دۇبەنلىككە تەيىنلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن شېڭ شىسەينىڭ ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈشى قىيىن.»

4. ما جۇڭيىڭنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشنى، شېڭ شىسەينى چەكلەپ ما جۇڭيىڭنى قوللاشنى تەشەببۇس قىلغان: «ما جۇڭيىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق ھوقۇق بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى... بۇ تەلەپ ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن.»

5. دۇبەنلىك تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى بېرىپ تىغ ئۇچىنى شېڭ شىسەيگە قاراتقان: «دۇبەنلىك تۈزۈمنى جىن شۇرېن تىكلىگەن، باشقا ئۆلكىلەردە بۇنداق ئەمەل يوق. ئىلى تەرەپ ھازىرچە قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇۋاتىدۇ. تېگىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ بۇ تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ شىنجاڭ ھەربىي كومىتېتى قۇرۇش تەرەپدارى. ئۇلار ھەرقايسى تەرەپ ھەربىي باشلىقلىرىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە يىغىپ، بىردەك مەركەزنى قوللاشنى ياقلايدۇ.» بۇ يەردە دېيىلگەن «ھەربىي باشلىقلار» جاڭ پېييۈەن، ما جۇڭيىڭ، خوجانىياز قاتارلىق ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئادەملەر ۋە 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىدە خىزمەت كۆرسەتكەن چېن جۇڭ ئىدى. ئۇ شۇلار ئارقىلىق شېڭ شىسەينى كونترول قىلماقچى ئىدى. خۇاڭ مۇسۇڭ ۋاڭ جىڭۋېيغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا بۇ تەكلىپنى چېن جۇڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئېيتتى.

شەھەردە قالغان تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەرمۇ مەركەز ئەۋەتكەن بۇ چوڭ ئەمەلدارنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا ئىدى.

12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن ئىلگىرى، شېڭ شىسەينىڭ ئۇ ئۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكمۇ يېقىن ئىدى، سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۇ خىل مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش بولمىدى ھەتتا ئازراق تەرەققىي قىلغانمۇ بولدى.

شىڭ شىسەي تاۋ مىڭيۈگە موھتاج ئىدى، چۈنكى تاۋ مىڭيۈ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلەتتى، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەر بىلەن ھەم كونا ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك ئىدى. تاۋ مىڭيۈمۇ شىڭ شىسەي رەئىس بولۇپ قالسا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئويلايتتى؛ شۇڭا شىنجاڭنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغان، تۆۋەندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئەربابلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارغا شىڭ شىسەينى قوللاش توغرۇلۇق سۆزلەپ ۋە شۇ ئارقىلىق ئەتراپىغا كۈچ توپلاپ، لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن ئاستىرتتىن پۈت تېپىشمەكچى بولغانىدى.

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، لى شياۋتيەن بىلەن شىڭ شىسەينىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىن بولۇپ كەتتى. بىر قېتىم، لى شياۋتيەننىڭ ئاۋئاتسىيە باشقارمىسىدىكى بىر ئورۇنباسار بۆلۈم باشلىقى ئۆزىنىڭ ئەمىلىنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈپ قويۇش توغرۇلۇق شىڭ شىسەيگە دەپ بېقىشنى لى شياۋتيەنگە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاچقا شۇ يەردىلا خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقىدىن بىرنى يېزىپ شىڭ شىسەيگە تەستىقلاتقىلى ئېلىپ بارغان، شىڭ شىسەي بۇيرۇقنى قولىغا ئېلىپ ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ بولغۇچە لى شياۋتيەن ئۇنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ تامغىنى ئېلىپلا شىڭ شىسەينىڭ كۆزىچە بۇيرۇققا تامغا بېسىۋەتكەن، ئاندىن كۈلگەن پېتى چىقىپ كېتىۋېتىپ: «بۆلۈم باشلىقى بولىدىغانلا ئىشقۇ، مەن ھۆددە قىلسام بولدى!» دېگەن، شىڭ شىسەي بېشىنى چايقاپ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان.

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەرنىڭ ئورنى ئۆزگەردى، ئوي ـ پىكىرلىرىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ ھېسابلاپ، تاۋ مىڭيۈ رەئىس بولۇشنى، چېن جۇڭ بىلەن لى شياۋتيەن ھەربىي ھوقۇق تۇتۇشنى ئويلاپ قېلىشتى، لېكىن ئۇچىلىسىنىڭ تەلىپى ئورۇندالمىدى.

تاۋ مىڭيۈنىڭ جىن شۇرېننىڭ ۋاقتىدىكى ئەمەلگە ئاشمىغان شېرىن خىياللىرى ئەمەلگە ئېشىپ ھۆكۈمەتكە باش كاتىپ بولدى. باش كاتىپتا ئەمەلىي ھوقۇق بولاتتى، لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى، لى شياۋتيەن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆلكىگە رەئىس بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتقاندى، شېڭ شىسەي ئۇنى يۈزىچىلا ئەيىبلەپ كەتتى. كېيىن ئۇ يەنە شېڭ شىسەيگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتۈشكە بولىدىغانلىقىنى پۇراتقاندى، بۇ قېتىممۇ شېڭ شىسەي ئۇنى ئەيىبلەپ، تاۋ مىڭيۈ باش كاتىپلىق ئورنى تېخى مۇستەھكەملەنمەي تۇرۇپ رەئىس بولۇشنى ئويلاپ يۈرگىنىگە قارىغاندا باشقا نىيەتلەردىمۇ بولۇپ يۈرگەن ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئارازلىق ئۇرۇقى چېچىلىپ قالدى. شېڭ شىسەي ئاغزىدا ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىم بولۇشنى، ئارمىيە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارىلاشمايدىغان ئىشى بولمىغان، ھەربىي ھوقۇقنى ھۆكۈمەت ھوقۇقىدىن ئۈستۈن بىلگەن، نەتىجىدە رەئىسلىك، باش كاتىپلىقلار قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن تاۋ مىڭيۈ باشقا ياقتىن يول تېپىش مەقسىتىدە، ھۆكۈمەت نەنجىڭگە ئادەم ئەۋەتىپ سىياسىي ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلماقچى بولغاندا ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ توسۇشىغا ئۇنىماي گوڭ بىچېڭ بىلەن بىللە نەنجىڭگە كەتكەن، بۇ سەپىرىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بېقىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلگەنىدى.

تاۋ مىڭيۈ ئىچكىرىدە ئوقۇماقچى بولغان ئوغلىنى ئېلىپ بېرلىن تەرەپتىن كېلىدىغان ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ لەنجۇغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، ھال سوراش ئەلچىسى خۇاڭ مۇسۇڭمۇ لەنجۇدا ئىدى، ئىككىسى خۇددى كونا تونۇشلاردەك كۆرۈشۈپ كەتتى. تاۋ مىڭيۈ خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى تۇ-



www.uyghurkitap.com

تۈش مەقسىتىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەنجىڭگە بېرىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئوغلىنى گوڭ بىچېڭنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە تاپشۇرۇپ خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن بىللە بىر ئايروپىلاندا شىنجاڭغا قايتتى. شېڭ شىسەيگە تاۋ مىڭيۈنىڭ بۇ ئىشى سىرلىق تۇيۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تاۋ مىڭيۈ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كۆپ بارمايدىغان، باش كاتىپلىقنى ئىلگىرىكى باش كاتىپ گۇي فېنغا ۋاقىتلىق تاشلاپ بېرىپ ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغان، ئۇ يەردە خۇاڭ مۇسۇڭغا تۈرلۈك مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئويلىرى بار ئىدى، بىر - بىرىگە دېيىشمىگەن بىلەن كۆڭۈللىرىدە بىلىشەتتى.

تاۋ مىڭيۈ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە بولمىغاندىكىن، كاتىپلار، بۆلۈم باشلىقلىرى بىرەر ئىشقا ئۇچرىسا ئۇدۇل رەئىس لىيۇ ۋېنلۇڭنى ئىزدەيدىغان بولدى، تاۋ مىڭيۈ بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ لىيۇ ۋېنلۇڭنى ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالىدىغان بولدى، دەپ ئەيىبلىدى، لىيۇ ۋېنلۇڭمۇ ئۇنى خىزمەتلەر بىلەن كارى بولمىدى، دەپ ئەيىبلەيتتى. كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىشكە باشلىدى.

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، شېڭ شىسەي لى شياۋتيەننى دۇبەن مەھكىمىسىدىكى ئاۋئاتسىيە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، چېن جۇڭنى ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قىلىپ قويغانىدى. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، قوللىرىغا ئەمەلىي ھەربىي ھوقۇق تۇتقۇزمىغانلىقىنى ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزمىگەنلىك، دەپ بىلىپ ناھايىتى خاپا بولۇشتى ھەم خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەملەر بىز، دېيىشىپ تەكەببۇرلۇق قىلىشتى. زىنچۇەنزى ئورۇشى ۋاقتىدا شېڭ شىسەي لى شياۋتيەنگە توققۇز قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئايروپىلان بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئىستىھكامىنى بومباردىمان قىلىشنى ئېيت-

قاندا، لى شياۋتيەن بىر قېتىممۇ بومباردىمان قىلىنغاندى. چېن جۈڭ موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئۇنى ئۆلكىلىك دوبەن مەھكىمىسى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىدا باشقارما باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرگەن، كېيىن يەنە يېنىغا ئەپكې-لىۋېلىپ قوشۇنغا سەنمۇجاڭ قىلغانىدى. شىڭ شىسەي ئۇنى قاچقان دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇغاندا ئۇ دۈشمەننى تولۇق قوغلاپ يوقاتماي گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كەلگەنىدى. چېن جۈڭ يەنە شىڭ شىسەينىڭ ئەمەلىي كۈچىگە سەل قاراپ، دائىم كىنىشلەرگە، ئەگەر شىڭ شىسەي خەلق ئۈچۈن ئىش قىلىپ بەرمىسە خەلق ئۇنى ئالماشتۇرۇۋېتە-لەيدۇ، دەپ يۇرگەنىدى. بۇ ئىشلاردىن شىڭ شىسەي چېن جۈڭ-نىڭ ئۆزى ئۈچۈن يوشۇرۇن ئاپەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

تاۋ مىڭيۈ، چېن جۈڭ، لى شياۋتيەن ئۈچى دائىم تاۋ مىڭيۈنىڭ ئۆيىدە شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇۋېتىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشاتتى ھەم ھال سوراش ئۈمىكىگە بېرىپ ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. نەتىجىدە، ئۈرۈمچىدە خۇاڭ مۇسۇڭ باشچىلىقىدىكى، تاۋمىڭيۈ، چېن جۈڭ، لى شياۋتيەن يادرولۇقىدىكى شىڭ شىسەينى ئورنىدىن يۆتكەش ئېقىمى شەكىللەندى.

شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى تىڭچىلىرى ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىدىكى ھال سوراش ئەلچىلىرى تۇرۇۋاتقان مەھكىمىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇنىڭ مەخپىي تىڭچىلىرى ئىدى. خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن جياڭ جيېشىغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىلىرىنىمۇ شىڭ شىسەي تەكشۈرۈپ، تەرجىمە قىلدۇ-رۇپ ۋە قامال قىلىپ تۇراتتى. زىنىچۇەنزىدە قولغا چۈشكەن ياپونىيىلىك داشجۈڭ ھەرخىل مەخپىي تېلېگراممىلارنى تەرجىمە قىلالايدىغان مۇتەخەسسىس ئىدى، شىڭ شىسەي ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولغاچقا، خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ نەنجىڭگە ئەۋەتكەن

مەخپىي تېلېگراممىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشكارا تېلېگراممىلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. بەزى مۇھىم تېلېگراممىلارنى شېڭ شىسەي تۇتۇپ قېلىپ ئەنجىڭگە ئەۋەتكۈزمەيتتى، ۋاڭ جىڭۋېي بۇ سەۋەبنى بىلەلمەي، خۇاڭ مۇسۇڭدىن: ماڭا 15 پارچە تېلېگرامما ئەۋەتتىم دەۋاتاتتىڭىز، سەككىز پارچىلا تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدىمغۇ؟ دەپ سوراپ تېلېگراممىمۇ ئەۋەتتى.

## شەرقىي قورۇدىكى ئوق ئاۋازى

1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئالدىنقى سەپتە تۇرۇۋاتقان شېڭ شىسەي ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇۋاتقان ئىككى تۈەنجاڭلىرى لۇ يۇلىن بىلەن ما دېشەن ئەۋەتكەن مەخپىي ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالدى. لۇ يۇلىن شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 1 - قارار ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، شېڭ شىسەي بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

مەخپىي ئاخباراتتا: تاۋ مىڭيۇ، لى شياۋتيەن، چېن جۇڭلار خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ دۇبەنگە قەست قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ھەربىي مەكتەپنىڭ يېنىغا دۇبەننى قارشى ئالىمىز، دەپ زەپەر دەرۋازىسى ياسىدى، دۇبەننىڭ ماشىنىسى زەپەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بومبىنى پارتلىتىپ دۇبەننى ئۆلتۈرمەكچى، ئۇ ھەرىكىتىدە غەلىبە قىلالمىسا گىراناتا تاشلىماقچى ياكى تاپانچا بىلەن ئاتماقچى. مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن، خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرمەكچى، جاڭ پېييۈەننى شىمالىي شىنجاڭنىڭ، ما جۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويماقچى، دېيىلگەنىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شېڭ شىسەينىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ،

خۇددى ياڭ زېڭشىن بىلەن جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەن چاغدى-
كى كۆرۈنۈشلەرنى قايتا كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ئۇ ئاخىر بۇ
سۈيقەستنى تۆمۈر مۇشت بىلەن پاچاقلاپ تاشلاش قارارىغا
كەلدى.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شېڭ شىسەي
20 نەپەر ئەسكەرنى ئېلىپ، بىر قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆلكە
مەركىزىگە يوشۇرۇن كىرىپ كەلدى.

ئۇ شەھەرگە كىرىپ دەرھال لۇ يۇلىن بىلەن ما دېشەننى
چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلاردىن ئەھۋالنى تەپسىلىي سورىدى ۋە ئادەم
ئەۋەتىپ بۇ سۈيقەستنى پىلانلىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى تېپىپ
كەلدى ۋە شۇ چاغدىلا بۇ سۈيقەستچىلەرنىڭ تەشكىلاتىنىڭ ئىنتا-
يىن زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ: «يىلاننى قوينۇڭغا سالما، سالساڭ
ۋايجان دېمە» دېگەن بۇ خەلق ماقالىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى.
ئاخىر ئۇ مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتتە تېزدىن چارە قوللىنىش
قارارىغا كەلدى. ئەگەر ئۇ سۈيقەستچىلەرنى تىزىملىك بويىچە
قولغا ئالمىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ۋاڭ جىڭۋېي، خۇاڭ مۇسۇڭلار-
مۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىپ، ئاخىردا ۋەزىيەتنى كونترول
قىلغىلى بولماي قالاتتى. يۇمشاق قوللۇق قىلىپ بىر قارارغا
كەلمىسە ئۇ چاغدا بۇ بالا - قازا ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىپ قالاتتى.
ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر باش جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ
ئۆلتۈرۈش، باشقىلىرىنى سۈرۈشتۈرمەسلىك قارارىغا كەلدى، بۇ
ئىشلارنى خاتىرجەم قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىدى.

شېڭ شىسەي لۇ يۇلىننىڭ تۈەننى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ
شەرقىي قورۇسىغا دۇبەن مەھكىمىسى بىلەن ھۆكۈمەت بىناسىنى
قوغداشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئارقىدىن ليۇ ۋېنلۇڭغا، ۋاقىتلىق
ئامانلىق ساقلاش كومىتېتىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى باندىتلارنى
تازىلاشقا ئائىت ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار بار،

جىددىي يىغىن ئاچىمىز، دېدى.

1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، دۈشەنبە چۈشتىن كېيىن.

ھەيئەتلەر يىغىنى ئادەتتە چارشەنبە، شەنبە كۈنلىرى ئېچىلاتتى، شۇڭا ئۇلار تاۋ مىڭيۈ باش كاتىپنىڭ يىغىن ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، نېمىشقا بۇ يىغىن دۈشەنبە كۈنى ئېچىلىدىغان بولۇپ قالدى؟ مەسلىھەتلىشىدىغان قانداق جىددىي ئىشتۇ ئۇ؟ دېگەندەك شۈبھىلىك خىياللارنى قىلىشتى.

شۇ كۈنى سەھەردە، لۇ يۇلىن تۈەنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىنى قاتتىق قامال قىلدى، دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ ئۆگزىسىگە پىلىموتلارنى ئورنىتىۋەتتى. خىللانغان بىر بەن ئەسكەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن شەرقىي باغچىغا ئۆتىدىغان يولنى قاتتىق ساقلاپ تۇردى.

شېڭ شىسەي، تولۇق قوراللانغان بىر توپ ئەسكەرنى باشلاپ شەرقىي قورۇغا غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. يىغىن زالىغا كىرىشكە ئالدىرىماي، ئالدى بىلەن ئەتراپنى ئەستايىدىل كۆزىتىۋېتىپ، ئاندىن كارىدوردىكى چىغ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. قولىدا يەلپۈگۈچ، توختىماي ئۆزىنى يەلپۈيتتى، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەتراپقا تارىلىپ مۆكۈنۈپ تۇرۇشتى.

ھەيئەتلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن شەرقىي قورۇغا كىرىدىغان دەرۋازىدا ئۇستىگە قارا كاستۇم ـ بۇرۇلكا، بېشىغا ئۇيغۇرلارنىڭ بادام دوپپىسىنى كىيگەن قامەتلىك، قاراقاش، قارا كۆز بىر ئادەم پەيدا بولدى. بۇ دەل ئاۋئاتسىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى شياۋتيەن ئىدى. ئۇ قورۇنىڭ پەلەمپىيىگە ئەمدىلا قەدەم قويۇشىغا لۇ يۇلىن چوڭ ـ چوڭ چامداپ كېلىپ ئۇنىڭغا ھەربىيچە سالام بەردى. ئارقىدىن، باشقارما باشلىقى دېيىشكە بىرنەچچە

مۇھاپىزەتچى يۇگۇرۇپ كېلىپ لى شياۋتيەننى مەھكەم تۇتۇۋالدى. لۇ يۇلىن لى شياۋتيەننىڭ قوينىغا قولىنى سېلىپ قويۇن يانچۇقىدىن بىر تاپانچىنى ئېلىپ، ئاندىن «كەچۇرۇڭ!» دەپ قويدى. بۇ بەلگە بىلەن تەڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ قورۇنىڭ كۇن پېتىش تەرەپتىكى ئەسكى - تۇسكىلەرنى قويۇپ قويىدىغان ئارقا هويلىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

لى شياۋتيەن بىرنەچچە قېتىم يۇلقۇنۇپ باقتى، خۇددى بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك هويلىنىڭ ئەتراپىغا قاراپ چىقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى.

يەنە بىرنەچچە هەيئەت ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى، ليۇ ۋېنلۇڭمۇ كەلگەنىدى. ئۇلار كارىدوردا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرغان شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپ، شېڭ شىسەينىڭ چىرايىنىڭ يامانلىقىنى كۆردى، ئەمما گەپ قىلىشماي يىغىن زالىغا كىرىپ كەتتى.

بىر چاغدا كۇل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، 50 ياشلاردا بار، ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىردۇرغان يەنە بىر ئەر يېتىپ كەلدى. لۇ يۇلىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپمۇ «باش كاتىپ!» دېۋىدى، مۇھاپىزەتچىلەر شۇئان يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىمۇ تۇتتى. تاۋ مىڭيۇ مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلىدىغاندەك، رەڭگىنىمۇ ئۆزگەرتمەي، بېشىنى ئېگىز تۇتۇپ ماڭدى.

يىغىن مەيداندىكىلەر بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ قورقۇشقا باشلىدى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. ليۇ ۋېنلۇڭ رەئىسلىككە ئىشىنىپ، شېڭ شىسەيگە:

— هەممە ئادەم كېلىپ بولدى، ئەمدى كىرىڭ، يىغىننى ئاچايلى! — دېدى.

— سىز هەيئەتلەرنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر باش كاتىپنى ساي-

لىغاچ تۇرۇڭ! — دېدى شېڭ شىسەي جاۋابەن.

لىۋ ۋېنلۇڭ جاڭ شىننى ۋاقىتلىق باش كاتىپلىققا كۆرسەتتى. شېڭ شىسەي تېخىچە مىدىرلىمايتتى، خۇددى بىر ئادەمنى ساقلاۋاتقاندەك قولــىــدىكى يەلپۇگۇچــنــى ئېچىپ - يېپىپ ئولتۇراتتى.

ئەڭ ئاخىردا قولغا ئېلىنغىنى چېن جۇڭ بولدى. ئۇ ئېگىز بوي، قاۋۇل ئادەم ئىدى، باغچىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەمدىلا يېتىپ كېلىشىگە لىۋ يۇلىن مۇھاپىزەتچىلەرگە شەرەت قىلىۋىدى، مۇھاپىزەتچىلەر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى تۇتتى. چېن جۇڭ ھەربىي ئادەم بولغاچقا، ئۇلارنى قاتتىق بىر سىلكىپ ئۆزىدىن ئايرىۋېتىپ، ماڭا يېقىن يولاشما، دەپ ۋارقىرىدى، لېكىن مۇھاپىزەتچىلەر يەنە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قولىنى كەينىگە قىلىپ ئارقا قورۇغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

شېڭ شىسەي لىۋ يۇلىننى شەرەت قىلىپ يېنىغا چاقىرىپ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، لىۋ يۇلىن ئىتتىك مېڭىپ ئارقا قورۇغا كىرىپ كەتتى.

تاۋ مىڭيۇ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇۋلىشىپ كەتتى:

— بىزنى نېمىشقا تۇتۇسىلەر؟ بىز نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدۇق؟ بىز دېگەن ھەيئەت، جىنايىتىمىز بولسىمۇ سوتتا ھۆكۈم قىلمامسىلەر...

— مەن بۇيرۇق بىلەن ئىش قىلىۋاتىمەن! — دېدى لىۋ يۇلىن.

— كىمــنىڭ بۇيــرۇقى بىــلەن؟ — سورىدى يەنە ئۇچەيلەن، — چىقىپ شېڭ شىسەينى چاقىرىپ كىر، ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىمىز بار. بىزنى توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان دېمەكچى بولسا ئىسپاتىنى چىقارسۇن، ئېغىزدىكى گەپ ھېساب ئەمەس.

لىۋ يۇلىن ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئۇلارغا:

— دۇبەن سىلەرنى ئۆيدىكىلىرىگە قانداق گەپلىرى بارىدى-كىن، دەيدۇ، — دېدى.

ئۇچەيلەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن:

— بىز ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلمەي قارا نىيەت مىلىتارىستىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلسەك، دۆلەتنىڭ نومۇسىنى يۇيالمىساق ئۆلسەكمۇ كۆزىمىز ئوچۇق كې-تىدۇ! — دېيىشتى.

يىغىن زالىدا ئولتۇرغانلار تۇيۇقسىز ئارقا ھويلا تەرەپتىن ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، رەڭگىلىرى ئۆچكەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويىدى. تاۋ مىڭيۇ بىر پاي ئوقتا، لى شىياۋتيەن بىلەن چېن جۇڭ ئۈچ پاي ئوقتا ئۆلگەنىدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىغاندا تام قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ كەتتى. تاۋ مىڭيۇنىڭ جەسىتىنى ئۆيىدىكىلىرى ئېلىپ كېتىپ يەرلىكىدە قويىدى، چېن جۇڭنىڭ جەسىتى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىلدى، لى شىياۋتيەننىڭ جەسىتى ئۇرۇمچىگە دەپنە قىلىندى.

شېڭ شىسەي ئۇ ئۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يىغىن زالىغا كىرىپ:

— تاۋ مىڭيۇ، لى شىياۋتيەن، چېن جۇڭ ئۈچى ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى، ئاسىيلىق ھەرىكىتى ئېنىق، شۇڭا ئۇلارغا قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلدى، — دېدى. ئارقىدىن يېنىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپ قويىدى، — مانا بۇ لى شىياۋتيەننىڭ لۇ يۇلىننى ئۆزىگە تارتىپ يازغان خېتى، بۇ پولاتتەك پاكىت. خەتكە نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار: «لىيۇ رەئىس قېرىپ ھالىدىن كەتتى، شېڭ بەكمۇ مۇستەبىت، ئۇلارنى ئاغدۇرۇۋەتمىگۈچە شىنجاڭنىڭ ئىشلىرى تۈزەلمەيدۇ». بۇ قانداق گەپ؟ — شېڭ شىسەي بىردەم تۇرۇۋې-لىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھازىر بەزىلەر چېگرا رايون

دۆبەنلىكىنى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ئۆزگەرتىش كېرەك،
دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ ماڭا ئىشەنمىگەنلىك. مەن دۆبەن بولمىساممۇ
بولىدۇ، ھازىرلا ئىستېپا بېرىپ چۆچەككە كېتەي، — ئۇ شۇ
گەپنى قىلىپ بولۇپ ليۇ ۋېنلۇڭغا قاراپ قويدى.

ليۇ ۋېنلۇڭمۇ شېڭ شىسەيگە قورساق كۆپۈكى بولغاچقا،
ئۇنىڭ چېكىنىپ تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مەنمۇ
رەئىسلىكتىن ئىستېپا بېرىمەن، دېدى ۋە شۇنداق دەپلا ئۆزىنى
باسالماي يىغلاپ كەتتى.

باشقا ھەيئەتلەر نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي تەمتىرەپ قېلىشتى. بىرى رەئىسلىكنى قىلمايمەن دەپ، يەنە بىرى دۆبەن بولماي
ئەسكىرىمنى باشلاپ باشقا ياققا كېتىمەن، دەپ جۆۋىلىرىنى تەتۈر
كىيىشىۋاتقاندا، ھەيئەتلەر، ئەلۋەتتە تەمتىرەپ قالىدۇ ــ دە.
بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەدەپ ئۇ
ئىككىسىگە خىزمەت ئىشلەپ ئۇنداق قىلماسلىقلىرىنى سورىدى،
ئارقىدىن ھال سوراش ئەلچىلىرى مەھكىمىسىگە بېرىپ خۇاڭ
مۇسۇڭغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما بەرسىڭىز، دۆبەنلىك تۈزۈمىنى ھازىرچە ئۆزگەرتمەي تۇرسا، دەپ يالۋۇردى.

خۇاڭ مۇسۇڭ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ مەركەزدىن
يوليورۇق سوراپ بېقىشقا ماقۇل بولدى.

بۇ قېتىمقى قانلىق ۋەقە «2 ــ قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىش» ياكى «توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈش خېتى دېلوسى»
دەپ ئاتالدى.

سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ ئەتىسى ليۇ ۋېنلۇڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتكە بارمىدى، شېڭ شىسەي بولسا مەخسۇس ئۇنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ ئۇنىڭغا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇ خىزمەتنى ئىشلەپ بېرىڭ، دەپ خىزمەت ئىشلىدى.

— مەن راستىنلا بۇ ئىشنى قىلالمايمەن. ئالدىمغا كەپسىز، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى دەپ بىر ئاي ئىشلەپ بېرەي، بىر

ئايدىن كېيىن ھەر نېمە دېسىڭىزمۇ قىلمايمەن، — دېدى ئۇ.
6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شىڭ شىسەي لىيۇ ۋېنلۇڭ ئىككىسىنىڭ نامىدىن نەنجىڭگە، تاۋمىڭيۇ، چېن جوڭلى شياۋتيەنلەر «ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئارقا سەپتىكى بىر قىسىم ھەربىيلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆلكىنىڭ رەئىسى بىلەن دۇبەننى بىرلا ۋاقىتتا ئاغدۇرۇۋېتىپ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەرەزلىرىگە يەتمەكچى بولۇشتى، بۇنىڭغا ئىسپات تولۇق...» ئۇلار «جىددىي بىر تەرەپ قىلىنىپ ئېتىپ تاشلاندى، تاۋ مىڭيۇنىڭ ئۆيىدىن چىققان بىر پارچە خەتتە يېزىلىشىچە، ئۇلار خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى مەخپىي مەسلىھەتلەشكەن، شىنجاڭدا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەرقايسىسى ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشقان» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا خۇاڭ مۇسۇڭ ھەققىدە گەپ قىلىپ، ئۇنى «تاۋ مىڭيۇنىڭ قۇترىتىشىغا ئالدىنىپ قالغان» دېدى ھەم مەركەزدىن چوڭ ئەمەلدارلاردىن بىرنەچچىنى بۇ ئىشلارنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

خۇاڭ مۇسۇڭمۇ شىڭ شىسەينىڭ نەزەربەند قىلىپ بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن مەركەزگە، لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شىڭ شىسەي «ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ، بىرقانچە ئاي بولدى، ئۇلارغا ئارام ئېلىش دېگەن يوق. مەركەزنىڭ ئۇلارنى رەسمىي خىزمەتكە تەيىنلىشىنى سورايمەن» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما يوللاشقا مەجبۇر بولدى.

ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ تۈزگەن پىلانى ئەمەلگە ئاشماقتا يوق، يەنە تېخى خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭدا گۆرۈگە تۇتۇلۇپ قالدى.

ئىشنى كەينىگە سۈرەۋېرىشنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىغاچقا، 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن جياڭ جيېشى شىڭ

شىسەينىڭ كونا ئاغىنىسى پېڭ شاۋشيەننى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەپتىش ۋالىيسى دېگەن نام بىلەن شېڭ شىسەينى خۇاڭ مۇسۇڭنى قويۇپ بېرىشكە كۆندۈرۈشكە شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

پېڭ شاۋشيەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە مېھمان قىلىشىغا ئېرىشتى. مېھمانلار ئۇزاپ كېتىپ ئۆيدە پېڭ شاۋشيەن، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى يالغۇز قالغاندا، پېڭ شاۋشيەن ئاكىلىق تەلەپپۇزدا شېڭ شىسەي بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق پاراڭلاشتى. ئاخىردا پېڭ شاۋشيەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، خۇاڭ ئەپەندىنى شىنجاڭدا تۇتۇپ تۇرۇشىڭىزنىڭ ئورنى قالمىدى. ئۇنى سىز ئۆزىڭىز تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن، يەنە ئۆزىڭىز يولغا سېلىپ قويۇڭ. سىزنىڭ نەنجىڭدىن تەلەپ قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزمۇ بار ئەمەسمۇ؟

شېڭ شىسەي خۇاڭ مۇسۇڭغا دۇبەنلىكىنى تېگىشىشە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، خۇددى ئادەمگەرچىلىك قىلىۋاتقان تەلەپپۇزدا كەسكىنلا:

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن! — دېدى ۋە ئەتىسى خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىگە بولغان نازارەتنى بوشاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي خۇاڭ مۇسۇڭغا ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىنى مەخسۇس ئېلىپ بېرىپ، نەنجىڭ ئەۋەتكەن بۇ ئەمەلدارلارنى ئاخىر يولغا سېلىپ قويدى. ئون كۈندىن كېيىن، مەمۇرىي پالاتانىڭ 118 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا ليۇ ۋېنلۇڭ شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە، شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە چېگرا رايون مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە تەيىنلەندى. شېڭ شىسەينىڭ كۈچىنى چەكلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، بىرلا ۋاقىتتا يەنە جاڭ پېييۈەننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇم-

چە ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى ۋە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان 8 ـ شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ، شىڭ شىسەيىنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بىرىنچى قېتىملىق شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى ئۇنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

## لو ۋېنگەننىڭ شىڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاقى

ۋاڭ جىڭۋېي بۇ قېتىمقى ئىشىدا خېلى چوڭ زىيان تارتتى. خۇاڭ مۇسۇڭ ھوقۇقىنى قولغا ئالالمايلا قالماي، يەنە تېخى ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. شىڭ شىسەي يەتمەكچى بولغان مەقسىتىگە يېتىپ چېگرا رايون مۇداپىئە دۇبەنى مەنسىپىگە ئېرىشتى.

بۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى جاڭ پېيىۋەن، تۇرپاندىكى ما جۇڭيىڭلار ئولتۇرالماي قالدى. شىڭ شىسەي نېمىسىگە شىنجاڭنىڭ بىرىنچى قول ھەربىي باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ؟ بىزنىڭ ئەسكەرىي كۈچىمىز ئۇنىڭكىدەك كۈچلۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ بىزنىڭ ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان جايىمىز ئۇنىڭكىچىلىك چوڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ سەن شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ شەرقتىن گۇچۇڭغىچە، غەربتىن چۆچەككىچىلا بولغان يەرلەرگە ھۆكۈمران. مەن جاڭ پېيىۋەن غۇلجا، سۈيدۈڭ، بورتالا، جىڭ، توققۇزتارا، قورغاس قاتارلىق ئالتە ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باي، مۇنبەت، ھاۋاسى مۆتىدىل پۈتۈن ئىلى تەۋەسىگە؛ ماجۇڭيىڭ تۇرپان، باركۆل، پىچان، قۇمۇل، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا، باركۆلدىن ئالتايغىچە بولغان كەڭرى رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچادىن تارتىپ مارالبېشىغىچە بولغان جايلار خوجانىيازنىڭ قولىدا؛ قەشقەر ئۇيغۇر،



www.uyghurkitap.com

قىرغىز، خۇيزۇ (ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى شۇ
يەردە) ئۈچ گورۇھنىڭ؛ خوتەننى مەركەز قىلغان شەرقتىن
چاقىلىق، غەربتىن يەكەن، پوسكام خوتەن ۋاڭى ئىمىنىنىڭ باش-
قۇرۇشىدا. سەن شېڭ شىسەي پەقەت بەشتىن بىر قىسمىنى
ئىگىلىگەن جايلاردىلا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ يۈرۈۋاتىسەن.

شۇنداق تۇرۇپ، سەن يەنە مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بويسۇنىسەن
دەمسەن؟ ئىشىڭنى قىل!

شۇنىڭ بىلەن، ما جۇڭيىڭ ۋۇ يىڭچىنى نەنجىڭگە ئەۋەتىپ
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ ئۇ يەردىكى
ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. ۋاڭ جىڭۋېي ۋۇ يىڭچىنى بىرنەچچە قې-
تىم قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ۋە مەدەت بەردى. جاڭ
پېييۇەنمۇ چېن زىجۇاڭنى شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن يەرلىك ئالاھىدە
مەھسۇلاتلىرى بىلەن نەنجىڭگە يولغا سالدى. چېن زىجۇاڭ نەن-
جىڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق - مەھ-
كىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، گومىنداڭ ھۆكۈ-
مىتىنى جاڭ پېييۇەننى قوللاتقۇزماقچى بولدى.

ۋاڭ جىڭۋېي، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار ئۇرۇشتىن كېيىن
توپ ئاتقانلىق. بالدۇر نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ دېگەن ئويدا ئىدى.
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقى ئاللىبۇ-
رۇن چۈشۈپ بولدى، ئەمدى ئۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. لېكىن، شېڭ شىسەيمۇ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ سىيا-
سىي ئۆزگىرىشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، مەركەز
ئەۋەتكەن چوڭ ئەمەلدارنى نەزەربەند قىلىپ ئىنتايىن ئوسال ئىش
قىلغانىدى. ھەتتا تيەنجىندە چىقىدىغان «ئاۋام گېزىتى» مۇ ماقا-
لە ئېلان قىلىپ، شېڭ شىسەينى «يوق جىنايەتلەر بىلەن دۆلەت-
نىڭ يارامىلىق خادىملىرىنى ئۆلتۈرگەن» دەپ ئەيىبلەپ، ھۆكۈ-
مەتكە «مەملىكەت ئىچىدە قەدىمكى زاماندىكى ياۋايى قەبىلىلەرچە
ھاكىمىيەت سورايدىغانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىگە سۇ-

www.uyghurkitap.com

كۆت قىلىپ تۇرماسلىق» نى مۇراجىئەت قىلدى. مەملىكەت ئىچىدە شېڭ شىسەينىڭ جىنايىتىنى سۈرۈشتە قىلىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. جياڭ جيېشىمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن خۇاڭ شاۋخۇڭغا 15 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپ شېڭ شىسەيگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى. لېكىن، ئۇنىڭ جياڭشىدىكى كوممۇنىستلارنى يوقىتىش ئىشى جىددىيلىشىپ كېتىپ، نەتىجىدە خۇاڭ شاۋخۇڭنىڭ ئەسكەر باشلاپ بېرىش ئىشى توختاپ قالدى. ئەمدى جاڭ پېيۈەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ كۈچى بىلەن شېڭ شىسەينى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، شېڭ شىسەينىڭ ھەددىدىن ئاشقان مۇستەبىتلىكىگە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى كۆزگە ئىلماسلىقىغا يول قويماسلىق كېرەك ئىدى.

بۇ تەڭپۇڭلۇق - ئىسكەنجە سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەدلىيە - مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لو ۋېنگەننى مەركەزگە ۋاكالىتەن ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي، جاڭ پېيۈەنلەرنىڭ قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ شېڭ شىسەي، جاڭ پېيۈەن، ما جۇڭيىڭلارنى بىر - بىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرىدىغان قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئادەم ئىدى، چۈنكى، بۇ نەنجىڭنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق چارە ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى شىنجاڭنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى يەنە بىر قېتىم باشلاندى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، لو ۋېنگەن يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. شېڭ شىسەي ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئايرودرومغا چىقىپ لو ۋېنگەننى كۈتۈۋالدى. لو ۋېنگەن ئادەملىرى بىلەن بىللە تاشقى

ئىشلار مىنىستىرلىقى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە خادىمى تۆرىدىغان مەھكىمىگە چۈشتى. شېڭ شىسەي بىرىنچىدىن، خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ئىشى بىلەن پەيدا بولغان كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى تۈگىتىپ نەنجىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش؛ ئىككىنچىدىن، بۇ مىنىستىر ئارقىلىق ما جۇڭيىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، «گا سىلىڭ» نىڭ ئۆلكە مەركىزىگە سېلىۋاتقان ھەربىي جەھەتتىكى تەھدىتىنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشىغا مەخسۇس ۋۇ ئەيچېننى مەسئۇل قىلدى.



1933 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋاقىتلىق ئامانلىق ساقلاش كومىتېتىدىكىلەرنىڭ لو ۋېنگەن بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتى (ئالدىنقى رەت سول تەرەپتىن 3 - كىشى شېڭ شىسەي، 4 - كىشى لو ۋېنگەن)

لو ۋېنگەن ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي ئىككىسى بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى.

— پېقىر بۇ قېتىم شىنجاڭغا ۋاڭ پالاتا باشلىقىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىنى تۈگەتكىلى كەلدىم. ئىككىڭلار شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئادەملەر، ئۈستۈڭلاردىكى مەسئۇلىيەتمۇ ئېغىر. قانداق ياخشى تەكلىپلىرىڭلار بار، ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار، بىللە مەسلىھەتلىشىمىز، — دېدى لو ۋېنگەن.

— لو مىنىستىرنىڭ باردا، — دېدى ليۇ ۋېنلۇڭ، — ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى بىلەن ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى بېكىتىۋېلىپ مەركەز-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

گە يوللاپ بەرسەك.

— ما جۇڭيىڭ مەسىلىسى باشتىن ـ ئاخىر بىزنىڭ بىشىمىزنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى شېڭ شىسەي، — ھازىرغىچە ھەل بولغىنى يوق. نەنشەندىكى ما دېشياڭ ئۆلكىلىك دۇبەن مەھكىمىسىگە بويسۇنغانىدى، كېيىن ما شىمىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ما شىمىڭ 2 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى، بەيياڭگۇدا ليۇ ۋەنكۇينى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بىز بۇ ئەلەملەرگە چىداپ، تىنچلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئۇنى شەرقىي يول مۇھاپىزەت قوشۇنىغا قوماندان قىلدۇق، يەنە ئۇنىڭغا ھەربىي تەمىناتى ئۈچۈن 200 مىڭ تەڭگە بېرىپ تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىن چېكىنىپ چىقىپ قۇمۇلغا بېرىپ تۇرۇشنى ئېيتتۇق. ما جۇڭيىڭ بەكمۇ ئوسال بىرنېمىكەن، بەرگەن پۇلىمىزغا رازى بولماي يەنە خوجانىيازغا بەرگەن 160 مىڭ تەڭگىنىمۇ بۇلاپ كەتتى، شەرق تەرەپكىمۇ چېكىنمىدى. لو مىنىستىرنىڭ ئەل ئېچىدىكى ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى شەرققە چېكىندۇرۇپ بېرىشىنى سورايمىز.

— بۇمۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم دائىرىسىدىكى ئىش، تىنچلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىم كېرەك، — دېدى لو ۋېنگەن، — مېنىڭ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوۋوسىبىرسكى شەھىرىگە بارىدىغان ئىشىم بار. ئۇ يەردە باش ئەلچى يەن خۇيچىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن ئىلىغا قايتىپ كېلىپ شىجاڭ جاڭپېييۈەنىنىڭ قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىمەن. ئىككىلىرىنى تاپشۇرۇلغان خىزمەتلەرنى نەتىجىلىك تاماملىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ئىككى كۈندىن كېيىن، 13 ئادەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، ۋۇ ئەيچېن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ پەۋقۇلئاددە خادىملىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكى مەر-

كەزنىڭ تەستىقلىشىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى.
9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن شېڭ شى-
سەي، لو ۋېنلۇڭلارنىڭ قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش
مۇراسىمىغا لو ۋېنگەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋە مەمۇرىي پالاتانىڭ
ۋەكىلى سۈپىتىدە نازارەتچىلىك قىلدى ۋە ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلى-
دى. ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەيمۇ جاۋابەن سۆز قىلىپ،
مەركەزگە مۇتلەق بويسۇنىدىغانلىقىنى، شىنجاڭنى تىرىشىپ تە-
رەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇراسىمغا بارلىق مۇل-
كىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە
تۇرۇشلۇق كونسۇلى زلاتكىن ۋە بارلىق كونسۇلخانا خادىملىرى
قاتناشتى.
مۇراسىمدىن كېيىن كاتتا زىياپەت بېرىلدى، مېھمانلار بى-
لەن ساھىبخانىلار ئىنتايىن قىزغىن كەيپىياتتا بولدى.
9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى لو ۋېنگەن قاتارلىقلار ما جۇڭيىڭ
بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تۇرپانغا ماڭدى، شېڭ شىسەي ئۇلارغا
بىرنەچچە ئادەمنى قوشۇپ قويدى.
— بۇ مېنىڭ تۆتىنچى ئىنىم شېڭ شىچى، — دېدى شېڭ
شىـــسەي ئۇ ئادەملەرنـى لو ۋېنگەنگە بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇ-
رۇپ، — دۇبەن مەھكىمىسى مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنىنىڭ تۇەنجا-
ڭى. ~~بۇ قېتىم مېنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلىم سۈپىتىدە سىلەر بىلەن~~
بىللە تۇرپانغا بارىدۇ. بۇياق دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى
مۇ فېيشيۇڭ (ليۇ بىن)، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلى.
بۇياق ئۈرۈمچى رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى جىڭ چۈەن ئەپەندى
(لى رۇڭ)، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى. ئۇلار سىز بىلەن
تۇرپانغا بىللە بارىدىغان ئادەملەر. لو مىنىستىرنىڭ ما جۇڭيىڭنى
ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ كېلىشىنى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن
ئوتتۇرىدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئىككى

تەرەپنىڭ ياخشى ھەمكارلىشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

شىڭ شىسەينىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى بۇ ئەمەس، بەلكى ما جۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلەلىسە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش، ئېلىپ كېلەلمىسە، ما جۇڭيىڭ مەركەز ئەۋەتكەن چوڭ ئەمەلدار بىلەن قارشىلىشىپ تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دېگەن جىنايەت بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ ما جۇڭيىڭنى جازالاش ئىدى، ھەر ئىككى چارىنىڭ شىڭ شىسەي ئۈچۈن پايدىسى بار ئىدى.

شۇ چاغدا بىرەيلەن شىڭ شىسەيگە ئىنىسى شىڭ شىچىنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، شىڭ شىسەي: «شىڭ تۇەنجاڭغا ما جۇڭيىڭنى تېگىشسەك نېمىشقا ئەرزىمەيدىكەن؟» دېگەن. ما جۇڭيىڭغا ئۆز ئادىمىدىن بىرى شىڭ شىچىنى گۆرۈگە تۇتۇپ قېلىشنى ئېيتقاندا، ما جۇڭيىڭ: «بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئوچۇق - ئاشكارا، ئۇنىڭ ئىنىسىنى گۆرۈگە تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلىمىز؟» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، لو ۋېنگەن ما جۇڭيىڭ بىلەن تۇرپاننىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقان 36 - شىنىڭ باش شتابىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

— پېقىر مەركەزگە چوقۇم بويسۇنىمەن، — دېدى ما جۇڭيىڭ، — ئۆلكە تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشقا، تىنچلىقنى ساقلاشقا تىرىشىمەن، لو مىنىستىر خاتىرجەم بولغايسىز.

مۇداپىئە رايونلىرىنى تارايتىش مەسىلىسىدە ما جۇڭيىڭ ئۆلكە تەرەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمما شۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى بىرىنچى بولۇپ ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ:

— مېنىڭ قوشۇنىمنى شەرققە يۆتكەپ كېتىشتىكى شەرتىم مانا مۇشۇ! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا بولىدىكەن، — دېدى لو ۋېنگەن جاۋاب
بېرىپ، — خىراجەت مەسىلىسىنى مەن ئۇرۇمچىگە قايتىپ بار-
غاندا لىيۇ رەئىس ۋە شېڭ دۇبەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل
قىلىمىز. يەنە بىر گەپ، شېڭ دۇبەن سىزنى مەن يولغا چىقىش-
تىن ئىلگىرى ئۆلكە مەركىزىگە مەن بىلەن بىللە كېلىپ كەتسە،
بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنى يۈزتۇرا ئولتۇرۇپ سۆزلەشسەك، بۇمۇ
تىنچلىققا بولغان سەمىمىيىتىمىز بولاتتى، دەيدۇ، شۇڭا ئۇ بىر
تۇغقان ئىنىسىنى ئالاھىدە ئالدىڭىزغا ئەۋەتتى.

— لو مىنىستىرنىڭ مەن ئۈچۈن شېڭ دۇبەننىڭ ياخشى
نىيىتىگە رەھمەت ئېيتىپ قويۇشىنى سورايمەن، — دېدى ما
جۇڭيىڭ كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قوبۇل
قىلدىم. پېقىرنىڭ قارىشىچە، ئۆلكە مەركىزىگە بېرىش - بار-
ماسلىق كۆرۈنۈشتىكى ھادىسە، بىر - بىرىمىزگە سەمىمىي بول-
ساقلا كۆرۈشمىسەكمۇ ياخشى ھەمكارلىشالايمىز، تىنچلىقنى
ساقلىيالايمىز. ئەكسىچە بولسا، كۆرۈشكەن ھالەتتىمۇ دىلىمىز
بىلەن سۆزىمىز بىر بولمىغاندىكىن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى
بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ مەسلىھەتلىشىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈ-
چۈن مەسلىھەتچىم جاڭ ياشاۋ قاتارلىق بىر نەچچەيلەننى مېنىڭ
ۋەكىلىم سۈپىتىدە سىز بىلەن بىللە ئۆلكە مەركىزىگە يولغا
سالماقچىمەن، سۆزلىشىدىغان ئىشلارنى شۇلار دۇبەن بىلەن
سۆزلىشىدۇ.

---

سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ شەرقىي شىن-
جاڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى قەسەم بېرىپ
تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمغا لىيۇ بىن نازا-
رەتچىلىك قىلدى. چۈشتىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ لو ۋېنگەنلەرنى
نەچچە چاقىرىم ئۈزۈنلۈقتىكى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىدا كاتتا
زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى كۆ-
رۈپ، ئۈزۈم، قوغۇن، پولو، كاۋاپلاردىن تويغىچە يەپ ھۇزۇر

قىلىپ تەك كېچىدە ئۆزاشتى.

ئەتىسى لو ۋېنگەنلەر ئۈرۈمچىگە قايتتى، ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى جاڭ ياشاۋ، كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياۋ جىپىڭ، فۇگۇەنلەر باشلىقى بەي زىشىڭلار ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. ما جۇڭيىڭ 200 چاقىرىم يەرگىچە ئۇزىتىپ، داۋانچېڭغا كەلگەندە لو ۋېنگەن بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

لو ۋېنگەن پەۋقۇلئاددە خادىمنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلگەندە يېرىم كېچە بولغانىدى. يولدا ئۇلار ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ سۇ ساندۇقىدا سۇ تۈگەپ كېتىپ پارتلاشقا ئاز قالغاندا ياشىنىپ قالغان لى رۇڭ قورقۇپ ماشىنىدىن ئىتتىك سەكرەپ چۈشۈپ پۇتىنى قايرىۋالدى.

13 ـ كۈنى تاڭ يېڭى يورۇغاندا لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي مىنىستىرنى يوقلاپ تۇرالغۇغا كەلدى. شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تىنچلىققا پەقەتلا مەيلى يوق ئىكەن، دەپ ئويلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن لو ۋېنگەندىن ئۇنى زورلىماپتۇ، دەپ رەنجىپ:

— سىز مەركەزدىن كەلگەن چوڭ ئەمەلدار تۇرۇپ ما جۇڭيىڭنى ئېلىپ كېلەلمەسلىكىڭىز قانداق گەپ؟ — دېدى.

لو ۋېنگەن بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ چارچىغان ھەم يېڭىلا ئۇخلاپ ئويغىنىشىغا قانمايلا ئويغىتىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىر ئېغىز ئەھۋال سورايدىغان گەپ يوق، ئەكسىچە ئۆزىدىن ئاغرىنىغان گەپنى ئاڭلىغان بولغاچقا، غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەگەر مەن مەركەزدىن كەلگەن چوڭ ئەمەلدارلىقىمنى پەش قىلغان بولسام سىزنىڭ مېنى ئەيىبلىشىڭىزگە ئورۇن قالمىغان بولاتتى، — دېدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلمىگەنلىكى شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا باھانە بولدى. 15 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن بابىگوت قاتارلىقلار لو ۋېنگەننى چۆچەككە ئۇزد-

تىپ زىياپەت بەرگەندە، ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغان بىر ئادىمى رومكىسىنى كۆتۈرۈپ: «ما جۇڭ- يىڭنى ئۆلتۈرەيلى! ما جۇڭيىڭنى ئۆلتۈرەيلى!» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رومكا ئىچتى، ئاندىن يەنە: «ما جۇڭيىڭنى ئۆلتۈ- رەيلى!» دەپ، مېھمانلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رومكا تۇتتى.

چۈشتىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ تىنچلىق ۋە ئۇرۇش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بىر ـ بىرىگە ئۆلگۈدەك ئۆچ ئىدى، جەڭ مەيدانىدا ئۇچرىشىپ قالسىلا جان ـ جەھلى بىلەن تۇتۇشاتتى، شۇڭا بابىگوت ئۇرۇش قىلىشنى ياقىلاپ، ئەگەر ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالىدىغان بولسا بىرىمىزنى قويماي قىرىپ تاشلايدۇ، دېدى. شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىكىلەرمۇ ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، چۈنكى، شېڭ شىسەي ئۇلارغا ۋەدە بېرىپ، ئەگەر ما جۇڭيىڭنى قوغلاپ تەرەپكە چېكىندۈرۈۋېتەلىسەڭلار مائا- شىڭلارنى ئۆستۈرۈپ بېرىمەن، دېگەنىدى. ئۇ چاغدا ھەربىر جەڭچىنىڭ مائاشى 50 تەڭگە بولۇپ، بۇ پۇلغا بىر جۈپ ئاياغمۇ كەلمەيتتى.

كەچ سائەت 6 دە، ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي لو ۋېنگەندىن ھاردۇق سوراپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرى جاڭ ياشاۋلارنى قارشى ئېلىپ شەرقىي قورۇدا زىياپەت بەردى. زىيا- پەتتىن قايتقاندا، شېڭ شىسەي ئەسكەر ئەۋەتىپ جاڭ ياشاۋ، ياۋ جىپىڭ، بەي زىشىڭ ئۈچىنى، خۇيزۇ ياشلىرىنىڭ داھىيسى ما خۇڭشياڭنى قولغا ئالدى. ليۇ ۋېنلۇڭ شېڭ شىسەينىڭ بۇنچە- لىك يۈزسىزلىكىنى ئويلاپ باقمىغاچقا، شۇئان لو ۋېنگەننىڭ يېنىغا بېرىپ يىغلاپ تۇرۇپ تىنچلىقنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى، خەلق- نىڭ باشقىدىن كۈلپەتكە قالىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى ۋە ئۇ- نىڭدىن مەركەزگە ئېيتىپ ئۆزىنى رەئىسلىكتىن قالدۇرۇۋېتىش-

نى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش يۈز ـ كۆزىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

شېڭ شىسەي قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر، ئېگەندەك، 16 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ ما جۇڭ‑يىڭنى، ئۈرۈمچىگە كەلمەسلىكى نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن، دەپ ئەيىبلىدى، ياۋ جىپىڭ قاتارلىقلارنى، دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى غەليان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەنلىكى ئۈچۈن تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى، دېدى. ئۆزىنىڭ يەنىلا ما جۇڭيىڭدىن سەمىمىيلىك كۈتىدىغانلىقىنى، تىنچلىقتىن ئازراقلا ئۈمىد بولسا تىنچلىق مەقسىتىگە يېتىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 6 دە، شېڭ شىسەي يەنە لو ۋېنگەننى ئۈزاتقىلى بېرىپ، ما جۇڭيىڭغا ئامالسىزلىقتىن قورال ئىشلەتمەكچى بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقنى دېدى.

لو ۋېنگەن نائىلاج قالدى. ئەسلىدە ئۇ شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭنى ئۇرۇش قىلىشتىن چەكلىمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا ئەكسىچە ئىشلار يۈز بەردى. تۆت كۈندىن كېيىن، شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭ يەنە ئۇرۇش باشلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، لوۋېنگەن نوۋوسىبىرسكىدا باش ئەلچى يەن خۈيچىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئىلىغا قايتىپ كەلدى. ئەتىسى جاڭ پېييۈەنىڭ قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىمدىن كېيىن ئىككىسى سەمىمىي سۆھبەتتە بولۇپ بەزى ئىشلارنى مەخپىي كېڭەشتى.

— شېڭ شىسەينى ئىسكەنجىگە ئېلىشتا يالغۇز سىزنىڭ كۈچىڭىزگە تايانساق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، چوقۇم ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىشىڭىز كېرەك، — دېدى لو ۋېنگەن ئۇنىڭغا، — بىرىڭلار شىمالدا، بىرىڭلار شەرقتە تۇرۇپ ئۈرۈمچىگە

ئىككى تەرەپتىن تېگىڭلار. قانداق ھەرىكەت قىلىسىلەر، مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا قاراڭلار. سىزنىڭ سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىڭىزنىڭ كۈچى بەكمۇ ئاجىز ئىكەن، بۇنداق بولسا نەنجىڭ تەرەپنىڭ سىز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى قىيىنغا توختايدۇ.



1933 - يىلى 10 - ئايدا، جاڭ پېيىۋەن ئىلىلىق ئۇيغۇر سودىگەر يۇسۇپنىڭ ئۆيىدە لو ۋېنگەننى كۈتۈۋالدى (2 - رەت ئوڭدىن 8 - كىشى جاڭ پېيىۋەن، 7 - كىشى لو ۋېنگەن، سولدىن 5 - كىشى تاشقى ئىشلار پەۋقۇلئاددە خادىمى ۋۇ ئەيچېن)

— لو مىنىستىر، بۇ ئىشتىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى جاڭ پېيىۋەن، — يېقىندا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن تېرە، چارۋا، ئاشلىق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا ئارقىلىق 500 ۋاتلىق قىسقا يوللۇق سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ كەلدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا ھەم نەنجىڭ تەرەپ بىلەن ئەمدى بەخۇدۇك ئالاقىلىشەلەيمىز. مەن يەنە ئۇ يەردىكى ئەلچىخانىمىز بىلەن تاشقى پوچتا ئالاقىسىنىمۇ تىكلىۋالدىم، ئەۋەتكەن خەت - ئالاقىلىرىمىزنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ تەكشۈرتۈپ، ئاندىن پوچتىغا سېلىش ئەمدى ھاجەتسىز.

www.uyghurkitap.com

— ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننى ئۆزىڭىز تەرەپكە تارتىشقىمۇ دىققەت قىلىڭ، — دېدى لو ۋېنگەن، — ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئائىلىسى ئېلىدا، شۇڭا ئائىلىسىگە ۋاقتى - ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىپ تۇرۇڭ. ئۇلار ئەرلىرىگە جاڭ شىجاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇڭلار، دەپ خەت يېزىپ تۇرىدىغان بولسۇن، ئۆزىڭىزمۇ ئۇرۇمچىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىڭ.

— لو مىنىستىرنىڭ يوليورۇقلىرىنى چوقۇم ئېسىمدە ساقلايمەن، — دېدى جاڭ پېيۈەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — مەن شېڭ شىسەينى ھەرگىز دۆبەنلىك ئورنىدا خاتىرجەم ئولتۇرغۇزمايمەن، باشقا ئىشلاردا نېمە بولسا مەيلى.

شۇنداق قىلىپ، لو ۋېنگەننىڭ تەڭپۇڭلۇق - ئىسكەنجە سىياسىتىنى شېڭ شىسەي بۇزۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، لوۋېنگەن جاڭ پېيۈەنگە ئوت يېقىپ، ئۇنىڭ ما جوڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشىنى تېزلىتىۋەتتى. 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى لوۋېنگەن جاڭ پېيۈەن سوۋغا قىلغان قىممىتى بىرنەچچە مىليون يۈەنلىك بۆكەن مۈڭگۈزى، سۆسەر تېرىسى، بۇغا مۈڭگۈزى دېگەندەك قىممەتلىك يەرلىك ماللارنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق پويىزغا ئولتۇرۇپ نەنجىڭگە قايتتى. قايتىشتىن ئىلگىرى ۋاڭ جىڭۋېيغا مۇنداق مەزمۇندا تېلېگرامما بەردى:

«پېقىرنىڭ كۆرگەنلىرىمدىن قارىغاندا، شېڭ شىسەي دۆبەنلىك ۋەزىپىسىگە ئالدامچىلىق بىلەن تەيىنلىنىۋالغان، مەركەز سۈكۈت قىلىپ ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرگەن. شېڭ شىسەي ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىنى ئۆزگەرتمىگەن، كوچىلار نارازىلىق سادالىرى بىلەن تولغان. مەركەز بالدۇرراق قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن بۇ جىنايەتچىگە چارە كۆرمىسە مەركەزنىڭ ئىناۋىتى قال-

مايدۇ. كېيىنكى ئىشلارنى پېقىر ئەتە يولغا چىقىپ نەنجىڭگە قايتىپ بارغاندا دوكلات قىلىمەن. مەركەزنىڭ هازىرمۇ ئۇنىڭغا ئەخمەق بولۇپ ياردەم بېرىپ يۈرمەسلىكىنى سورايمەن.»

لو ۋېنگەن تېخى يولغا چىقماي تۇرۇپ شىڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭ يەنە بىر قېتىم توقۇنۇشۇپ قالدى. 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، شىڭ شىسەي ما جۇڭيىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ كۈنى ما جۇڭيىڭمۇ تۇرپاندا ئەسكەرلىرىنى پاراتتىن ئۆتكۈزۈپ، شىڭ شىسەينى بىر يولىلا يوقىتىشقا قەسەمياد قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، شىڭ شىسەي قوشۇنىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ ما جۇڭيىڭغا قارشى ئاتلاندى. بىر يول قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ داۋانچېڭغا هۇجۇم قىلدى، يەنە بىر يولدىكى قوشۇن ما جۇڭيىڭنىڭ چېكىنىش يولىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن پىچانغا هۇجۇم قىلدى.

داۋانچېڭ تەڭرىتاغنى بۆلۈپ تۇرىدىغان ئېغىزنىڭ جەنۇبىغا، دېڭىز يۈزىدىن 3 مىڭ 500 چى ئېگىزلىككە جايلاشقان، شىمال تەرىپى ئۈرۈمچىگە 80 كىلومېتىر، جەنۇب تەرىپى تۇرپان، توقسۇنغا 100 كىلومېتىر كېلىدىغان، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان، ئۇرۇش قىلىدىغان هەر ئىككى تەرەپ چوقۇم تالىشىدىغان جاي ئىدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى داۋانچېڭنىڭ ئەڭ مۇهىم جايى بولغان ئەڭ ئېگىز تاغنى ئىگىلىۋالغانىدى، شىڭ شىسەي غەلىبە قىلىشقا ئالدىراپ تۇرغاچقا، جېڭ رۇنچېڭ بىلەن يىڭ جەنبىننىڭ ئەسكەرلىرىگە جىددىي يۈرۈش قىلىپ چارچاپ هەم قورساقلىرىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي پۈتۈن سەپ بويىچە هۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەسكەرلەر بۇيرۇق بويىچە تاغنىڭ يېرىمىغا چىققاندا، ئاللىقاچان تەييارلىنىپ تۇرغان ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە ئۇچراپ نۇرغۇنى قى-

www.uyghurkitap.com

رىلىپ كەتتى، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى ئامالسىز چېكىندى. چېكىنىش يولىدا بىر زەمبىرەك توغرىسىغا تۇرۇپ قېلىپ قوشۇننىڭ چېكىنىشى توسۇلۇپ قالغاچقا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، نەتىجىدە ما جۇڭيىڭنىڭ قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن نۇرغۇنى قىرىلىپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتكە شېڭ شىسەينىڭ خاتا قوماندانلىقى سەۋەب بولدى، ئەمما شېڭ شىسەي ئۇنى تەرتىپلىك چېكىنىش بولغان، دېدى. ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ دېيىشىچە، شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكىلەر ما جۇڭيىڭنىڭ جېڭ رۇنچېڭغا يازغان مەخپىي خېتىنى قولغا چۈشۈرگەن. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «xxx لۇيجاڭ، سىلەر ھەممىڭلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزىدىغان قەھرىمانلار، شۇڭا ئۆزۈڭلارنىڭ شان - شەرىپىنى ساقلاپ قېلىشىڭلار، ئىچكىرىگە قايتىپ ياپونغا قارشى تۇرۇشۇڭلار، بۇ تالاش - تارتىشتا ئارىلاشماسلىقىڭلار كېرەك.» شېڭ شىسەي بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ شەھەردە ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قوشۇننى چېكىندۈردى. شېڭ شىسەي ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جېڭ رۇنچېڭ قاتارلىقلارنى ئەيىبلەپ: «قوشۇندىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىڭلارغا ئۇرۇمچىگە كېلىۋالدىڭلار!» دېدى ۋە ئۇلارنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى.

ما جۇڭيىڭ داۋانچېڭدا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شىمالىي شىنجاڭدىن ئايرىلىپ قالدى. ما خېيىڭ بىر مەزگىل چۆچەكنى، دۆربىلجىننى ئىشغال قىلغانىدى، كېيىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ گلوفوۋسكى تۈەنى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. 11 - ئايدا، ما خېيىڭ قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇتۇبىنىڭ ئىشەك دېگەن يېرىگە قېچىپ كەلگەندە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ما جۇڭيىڭنىڭ فۇيۈەنگە ھۇجۇم قىلغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قىرىلىپ كەتتى.

لو ۋېنگەنــنىڭ ئورۇنلاشــتۇرۇشى بويىچە، 1933 ـ يىلى
12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ
شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاقى رەسمىي شەكىللىنىپ، ئىككى-
سى ئىككى تەرەپتىن ئەسكەر چىقىرىپ شېڭ شىسەينى يوقاتماق-
چى، شېڭ شىسەينى يوقاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئىككى چوڭ
ھەربىي رايون تەشكىللەپ، ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى،
جاڭ پېيىۋەن شىمالىي شىنجاڭنى باشقۇرماقچى بولدى. ئامالسىز
قېلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئۇلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر
بولدى. ئۇ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ جۇڭجياڭ دەرىجىلىك سەنمۇ-
جاڭى ليۇ بىنغا:
— مەن سىزنى ئىلى رايونىنىڭ مۇداپىئە قوماندانلىقىغا
تەيىنلىدىم، تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنى باشلاپ بېرىپ جاڭ
پېيىۋەن بىلەن جەڭ قىلىسىز، — دېدى. ئارقىدىن يەنە ياۋ
شيۇڭ بىلەن جاۋ دېشۇغا، — سىلەر بىر قىسىم قوشۇننى ئېلىپ
چۆچەككە بېرىپ، جىلىن قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ چۆچەكتە
تۇرۇشلۇق باش قوماندانى ياۋ خۇاتىڭ بىلەن چۆچەكنىڭ ۋالىيسى
چېن جىشەننى قولغا ئېلىڭلار. ئۇ ئىككىسى جاڭ پېيىۋەن بىلەن
تىل بىرىكتۈرۈپ ماڭا قارشى تۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئىشنى
قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن-
نىڭ بىر تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى ئىۋانوفنى قوراللاندۇرۇڭلار، ئۇنى
لازىم قىلىدىغان يەر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى.
شېڭ شىسەي سىرتنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ،
ئاندىن ئىچكى جەھەتتىكى تازىلاشنى باشلىۋەتتى.

## ئۈرۈمچىدىكى تازىلاش

1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئىچىدە، شېڭ شىسەي تۇيۇق-
سىز ھۇجۇم قىلىش شەكلى بىلەن شەرقىي شىمال پىدائىيلار

قوشۇنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنى قولغا ئالدى.

شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان شەرقىي شىمالدىكى ياپونغا قارشى قوشۇننىڭ ئومۇمىي ئاتلىشى ئىدى. بۇ قوشۇن ئۈچ قىسىمدىن، يەنى سۇ بىڭۋېننىڭ شەرقىي شىمال ۋەتەن قۇتقۇزۇش خەلق ئارمىيىسى، ۋاڭ دېلىننىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش خەلق ئارمىيىسى، لى دۇننىڭ جىلىن قوغدىنىش ئارمىيىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سەككىز تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا كىرگەن، جەمئىي 9 مىڭ 300 نەپەر ئادەم ئىدى.

شېڭ شىسەي بۇ قوشۇنغا جىددىي قارىغان، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جەڭگە سالماقچى بولۇپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بۇ قوشۇننى شىنجاڭدا قالدۇرۇش توغرۇلۇق تېلېگرامما يوللاپ مەركەزنىڭمۇ ماقۇللۇقىنى ئالغانىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، لى دۇننىڭ فۇگۇەنلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زىخۇي ئۇرۇمچىگە كېلىپ، شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ شىنجاڭ قوشۇنىنىڭ تەركىبىگە كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان، شېڭ شىسەيمۇ كۆپ قېتىم ئۇلارغا نۇتۇق سۆزلەپ ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا خاتىرجەم ئىشلىشىنى، جاھانگىرلىككە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشنى، غەربىي شىمالنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، شەرقىي شىمالنى بىرلىكتە تارتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىمۇ شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىنىڭ قارشى ئېلىشلىرىغا ئېرىشكەنىدى.

بىراق، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى ئوخشاشمىغان گۇرۇھلارغا مەنسۇپ قوشۇن بولغاچقا، ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولمىدى، شېڭ شىسەيگىمۇ قايىل ئەمەس ئىدى، شېڭ شىسەينى. سەن بىزنىڭ كۆچىمىز بىلەن تەختكە خاتىرجەم

ئولتۇرۇۋاتىسەن. ئۇرۇمچىدىن باشقا سانجى، قۇتۇبى، ماناس، شىخۇ، ئىلى، چۆچەك دېگەن جايلارنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بار، شۇڭا كۆچلۈكمەن دەپ ھۆركىرەيسەن، دېيىشەتتى. شېڭ شىسەي ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنى باشقۇرۇش تەس دەپ ئويلايتتى.

جاڭ پېيىۋەنمۇ شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنى ئۆزىگە تارتىپ كۈچىنى ئۇلغايتىشنى ئويلايتتى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جاڭ پېيىۋەن ئۇرۇمچىدە ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى شۈي ۋېنفاڭنى ئىلگىرى جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر بىلەن شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنى ئۆزىگە تارتىش، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىغا خىزمەت ئىشلەش، پۇل بېرىش، ئىلىغا كېلىمەن دېسىمۇ، ئىچكىرىگە كېتىمەن دېسىمۇ يول خىراجەتلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنى شېڭ شىسەيدىن ئايرىپ ئۆزىگە مايىل قىلىشقا بۇيرۇدى. شېڭ شىسەي تىڭچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە يوللىغان مەخپىي مەلۇماتلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ليۇ ۋېنلۇڭغا:

— «جاڭ سالپاڭ قۇلاق» قولىنى مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلەرگە سوزغىلى تۇردى، بۇ ئادەمنى بوزەك قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ مەن شۈي ۋېنفاڭنى قولغا ئالىمەن، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئازراق كۆرسىتىپ قويمىسام بولمايدۇ، — دېدى.

— قولىڭىزدا ئىسپات يوق، — دېدى ليۇ ۋېنلۇڭ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، — شۇڭا ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ!

شېڭ شىسەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ليۇ ۋېنلۇڭمۇ جاڭ پېيىۋەن بىلەن بىرلىشىپ مېنى ئۇجۇقتۇرىدىغان ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ پېيىۋەن جىلىن قوغدىنىش ئارمىيەسىنىڭ 26 - لۈي، 673 - تۈەننىڭ تۈەنجاڭى ۋاڭ شياۋجىنى

ئۆزىگە سەنمۇجاڭ قىلىۋالغان ۋە ئۇ ئارقىلىق جىلىن قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ياۋ خۇاتىڭنى شېڭ شىسەيگە قارشى چىقىشقا قۇتراتقان، ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇشلۇق جېڭ رۇنچېڭ ۋە ئۇنىڭ سەنمۇجاڭى سۇگو، جىلىن قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ياڭ خۇيجۇن بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ تۇرغانىدى.

داۋانچېڭ ئۇرۇشىدا شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرىغا ئەۋەتكەن مەخپىي خېتىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قولغا ئېلىشنىڭ پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى بۇيرۇققا بويسۇنمىدى، ئالدىنقى سەپتىن قاچتى، توغرا يولدا ماڭمىدى، دېگەن جىنايەتلەر بىلەن جېڭ رۇنچېڭ، ياڭ خۇيجۇن، جىلىن قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ لۈيىنىڭ لۈيجاڭى يىڭ جەنبىن، كېيىم ـ كېچەك فابرىكىسىنىڭ فابرىكا باشلىقى لى دەنچۇ قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى، 60 تىن ئارتۇق ھۆكۈمەت، ئارمىيە باشلىقلىرىنى، ئۇنىڭدىن باشقا 200 دەك ئادەمنى ئۇلار بىلەن بىللە تۈرمىگە تاشلىدى. شېڭ شىسەي ئۇلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى، دۇبەننى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان، دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ جىلىن قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ مۇستەقىل 3 ـ تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى جاڭ يۇفېڭنى، ۋەتەن قۇتقۇزۇش خەلق ئارمىيىسى پىيادىلەر 2 ـ لۈي 1 ـ تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى سۇن چىڭلىننى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. جياڭ يۇفېڭنى كېيىن لۈيجاڭلىققا، ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ باش ئەترەت باشلىقلىقىغا، قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇداپىئە باش قوماندانى، قوشۇمچە ۋالىيلىقىغا، باركۆل، ئالتاي ھەربىي ــــــي رايونلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، جۇڭجياڭلىققا كۆتۈردى. 1942 ـ يىلى

7 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ئۇنى يەنە «دۆلەتكە زىيان كەلتۈرۈش جىنايىتى» بىلەن تۈرمىگە تاشلاپ، 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭدىن كېتىدىغان چاغدا ئادەم ئەۋەتىپ تۈرمىدە بوغۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. سۇن چىڭلىننىمۇ لۇيجاڭلىقتا، ئاقسۇ ھەربىي رايوننىڭ باش قوماندانى، قوشۇمچە ۋالىيلىقىغا، 2 ـ دەرىجىلىك جۇڭجياڭلىققا ئۆستۈردى، 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يەنە «دۆلەتكە زىيان كەلتۈرۈش جىنايىتى» بىلەن قولغا ئالدى، 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋۇ جۇڭشىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قويدۇرۋەتتى.

جېڭ رۇنچېڭ قاتارلىقلار ئالاھىدە تۈرمىگە قامىلىپ قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندى، كامېرنىڭ دېرىزىسىگە كىگىز مىخلاپ قاپقاراڭغۇ قىلىۋېتىلدى. قىشتا كامېرنىڭ تاملىرىغا، دېرىزىلىرىگە سۇ چېچىۋەتكەچكە، تام ـ دېرىزىلەر قېلىن مۇز تۇتۇپ كامېرنىڭ ئىچى تۇرغۇسىز سوغۇق ھەم قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. 1934 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭ ئۇرۇمچىنى قورشىۋالغاندا، ئۇرۇمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى چيۇ داخېڭ، لى دەنچۇ قاتارلىقلار تۈرمىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى، جەسەتلىرى پارچىلىنىپ تاغارلارغا قاچىلىنىپ تۈرمىدىكى ھاجەتخانىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇلدى، ما جۇڭيىڭ چېكىنگەندىن كېيىن ئاندىن ئالدىراپ ـ سالدىراپ كۆمۈۋېتىلدى.

يېڭ جەنبىننى ھەربىي بۇيرۇققا بويسۇنمىدىڭ، باشقىچە يول تۇتماقچى بولدۇڭ، دەپ سوراق قىلغاندىن باشقا يەنە، ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن قانداق تىل بىرىكتۈردۇڭ؟ قاچان، قەيەردە مەجلىس ئېچىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى، دۇبەننى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدىڭ؟ دەپ قىستىدى. يېڭ جەنبىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە ئۇ تۆھمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى. ئاخىردا: «بىز ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن قۇتقۇزۇش پىدائىيلار قوشۇنى، ئۆلۈمدىن قورقمايمىز، بۇگۇنمۇ، كەلگۇسىدىمۇ شۇنداق» دېدى.

شېڭ شىسەي ئارقىدىنلا تىغ ئۇچىنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇنغا قارىتىپ، بابىگوت، ئانتونوف، گىمىركىن قاتارلىقلارنى ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شېڭ دۇبەننى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتناشتى، دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئالدى.

— بىز ما جۇڭيىڭ بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك تۇرساق، دىنىمىز، ئېتىقادىمىز ئوخشىمايدىغان تۇرسا بۇ قانداق مۇمكىن، — دېدى بابىگوت، — ئۆز ۋاقتىدا جىن شۇرېننىڭ بىزنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمۇ ما جۇڭيىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بىز ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئېلىشتۇق، جەڭلەردە نەچچە يۈز ئادىمىمىز ئۆلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز دۈشمەننى دوست بىلىمىزمۇ؟

— سىز مېنىڭ شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنغا ئانچە - مۇنچە ئېتىبار بېرىپ قويغىنىمنى كۆرۈپ، — دېدى شېڭ شىسەي، — ئارقامدىن، ئۆزىنىڭ يۇرتلۇقلىرىنى خىزمەتكە قويدى، جاپادا بىللە بولغان دوستلىرىنى تاشلىۋەتتى. شىنجاڭلىقلار شەرقىي شىماللىقلارغا بوزەك بولماسلىقى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك، دەپسىز، مۇشۇنداق گەپلەرنى راست قىلغانمىدىڭىز؟

بابىگوت شۇئان بىر كۈنى بىرنەچچە سىرداش ئوفىتسېرلار بىلەن ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ مۇشۇ گەپنى قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ گەپ قانداق بولۇپ شېڭ شىسەينىڭ قۇلىقىغا يەتكەندۇ؟

— دەزى يوق تۇخۇمغا چىۋىن قونمايدۇ، — دېدى شېڭ شىسەي يەنە، — سىز ماڭا سادىق ئەمەس، شۇڭا ما جۇڭيىڭنىڭ كۆزى سىزگە تىكىلگەن، سىزدىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ماسلىشىشنى، ھېچبولمىغاندا بىتەرەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، راست شۇنداقمۇ؟

بابىگوت قاتتىق شۈركۈنۈپ، شۇئان ئۇ ئىشنى ئىنكار قىل-

دى. بۇ چوقۇم ما جۇڭيىڭنىڭ ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىش ئۈچۈن تاپقان گېپى، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئالدىنىپ قالماڭ، بولمىسا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ۋەيران قىلىمىز، دەپ كەتتى.

— سىز يەنە ليۇ رەئىس بىلەن بىرلىشىپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بوپسىز، مۇشۇنداق ئىشمۇ بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدى شېڭ شىسەي يەنە.

بابىگوت قاتارلىقلار بۇ گەپكە تېخىمۇ ھەيران قالدى ۋە بۇ تۆھمەتلەردىن قۇتۇلۇشقا ئامالنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنىپ، بىرگە ئۇۋال بولدى، دېيىشتىن باشقىنى بىلمىدى.

شېڭ شىسەي ئىنتايىن گۇمانخور بولغاچقا، بۇنداق جىددىي پەيتتە بەزىلەرنى خاتا ئۆلتۈرۈۋېتىشكە رازى ئىدىكى، گۇمانلىق ئادەمدىن بىرنىمۇ قويۇۋېتىشنى خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەي ئۇ بىرنەچچىسىنى ئېتىپ تاشلىدى، بابىگوتنىڭ ئورنىغا بېكداپىفنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇنغا قوماندان قىلدى.

شېڭ شىسەي ئۈچىنچى باسقۇچتا، لو ۋېنگەن شىنجاڭدىكى ۋاقتىدا جاڭ پېييۈەن، ليۇ ۋېنلۇڭ، ما جۇڭيىڭ ئۈچى شېڭ شىسەيگە قارشى ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئىتتىپاق تۈزگەن، دېگەن جىنايەت بىلەن ليۇ ۋېنلۇڭنى بابلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئىتتىپاقنىڭ ۋەزىپىسى شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇش. بۇنىڭ ئۈچۈن، جاڭ پېييۈەن بىلەن ما جۇڭيىڭ بىرلىشىپ سىرتتىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى، ليۇ ۋېنلۇڭ شەھەرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ پىدائىيلار قوشۇنى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنى قولغا كەلتۈرۈپ ئىچكى جەھەتتە ئۇلارغا ماسلاشماقچى بولغان. شېڭ شىسەي ئەنە شۇ پىكىر يولى بىلەن تۆۋەندىكى ۋەقەنى توقۇپ چىقتى ھەم ئۇنى كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىگە كىرگۈزدى.

شېڭ شىسەي شۇنداق دەيدۇ: ليۇ ۋېنلۇڭ، تاۋمىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن، خۇاڭ مۇسۇڭ، لو ۋېنگەنلەر ئىلگىرى -

كېيىن بولۇپ دۈبەننى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان. كېيىن ئۆلا-
شىڭ شىسەينىڭ تەييارلىقتا تۇرغانلىقىنى بىلىپ قېلىشقان. لىيۇ
ۋېنلۇڭ شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈل-
گەن قوشۇننى مىدىرلاتماي، رەئىسنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى
بىلەنلا ئىشنى پۈتتۈرمەكچى بولغان.
لىيۇ ۋېنلۇڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ يىغىنىدا قول سېلىشنى
پىلانلىغان. هەيئەتلەر يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، لىيۇ ۋېنلۇڭ
يالغاندىن ئاغرىپ قالغان بولۇپ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىشنى
شېڭ شىسەيگە هاۋالە قىلماقچى بولغان ۋە شېڭ شىسەينى يىغىن-
نى تېزراق ئېچىشقا ئالدىراتقان. شېڭ شىسەي شۇ چاغدا لىيۇ
ۋېنلۇڭدىن گۇمانلانغان:
1. يىغىن ۋاقتىدا لىيۇ ۋېنلۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ
بىرىمۇ كۆرۈنمىگەن. ئۇچىنچى كارىدوردا ئادەتتە ئاز دېگەندە
ئىككى نەپەر ئەسكەر قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى، شۇ چاغدا بىرىمۇ
يوق. شېڭ شىسەي ئۇچىنچى كارىدورغا كىرىپلا: «رەئىسنىڭ
مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بىرىمۇ ئۇچىنچى كارىدوردا يوققۇ؟» دەپ
توۋلىغاندا هېچقانداق ئىنكاس بولمىغان. شېڭ شىسەي يەنە:
«رەئىسنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى قېنى؟» دەپ توۋلىغان. بۇ قې-
تىممۇ بىرمۇ ئەسكەر چىقمىغان.
2. شېڭ شىسەي يىغىن زالىغا كىرگەندىن كېيىن، ۋاڭ
كاتىپ شېڭ شىسەيگە: «لىيۇ رەئىس ئاغرىپ قاپتۇ، يىغىن
رەئىسلىكىنى دۈبەن ئۆتىسۇن، دېدى» دېگەن.
3. يىغىن كۈنتەرتىپىدىكى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىشقا
باشلىغاندا، 15 مىنۇت ئۆتمەيلا ۋاڭ كاتىپ شېڭ شىسەينى يىغىن-
نى بالدۇرراق ئېچىشقا ئالدىراتقان. 20 مىنۇتتىن كېيىن ئۇ
يەنە كېلىپ شېڭ شىسەينى ئالدىراتقان. ئون مىنۇتتىن كېيىن
رەئىسنىڭ كاتىپى كېلىپ، ئۇمۇ يىغىننى بالدۇرراق ئېچىشقا
ئالدىراتقان هەم نەنجىڭدىن مۇهىم تېلېگرامما كەلدى، دۈبەن

بىلەن مەسلىھەتلىشەتتىم، دېگەن. شېلى شىسەي يەنە بىر قېتىم، ئۇقتۇم، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئالدىرىتىش ئۈچ قېتىم بولغان.

شۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىدىسىنى تېز بېرىپ مۇھاپىزەتچىلەر لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭىغا خەۋەر قىلىشنى، ئۇنىڭ 40 نەپەر مۇھاپىزەتچىنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشىنى بۇيرۇغان. 40 نەپەر مۇھاپىزەتچى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي يىغىندا ئولتۇرغانلارنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، گىمىركىننىڭ بىردىنلا تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ:

— گىمىركىن ئەپەندى، سىز هاراق ئىچكەنمۇ؟ — دەپ سورىغان.

— ياق، هاراق ئىچمىدىم، — دەپ جاۋاب بەرگەن گىمىركىن.

شېڭ شىسەي دەرهال ۋاڭ كاتىپقا:

— رەئىسكە دەپ قويسىڭىز، قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، رەئىس بىلەن ئەتە كۆرۈشسەم، — دېگەن.

شېڭ شىسەي تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رەئىسنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى يەن لىيەننى چاقىرتقان. يەن لىيەن ئىشنىڭ پاش بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئىشىكتىن كىرىپلا يەرگە تىزلىنىپ:

— مەن گۇناھ ئۆتكۈزدۈم! مەن گۇناھ ئۆتكۈزدۈم! — دەپ كەتكەن.

— ئالدىرىماي سۆزلە، — دېگەن شېڭ شىسەي، — بۈگۈن نېمىشقا رەئىس مەھكىمىسىنىڭ ئۈچىنچى كارىدورىغا مۇھاپىزەتچى قويۇلمىدى.

— ئۇ... ئۇلار مۇھاپىزەتچى قويماسلىقنى پىلانلىغان، — دەپ تىترەپ جاۋاب بەرگەن يەن لىيەن.

— سەن قورقما، بۇ ئىشنىڭ سەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق،

ئۇلارنىڭ پىلانىنى سۆزلەپ بەرسەڭلا بولدى.

— رەئىس بۇگۈن دۈبەننى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى.

— قانداق ئۆلتۈرمەكچى ئىدى؟

— ئەگەر دۈبەن تۆت نەپەر مۇھاپىزەتچى بىلەنلا كەلسە، دۈبەن ئىشىكتىن كىرىشىگە ئۈچ ئادەم بىر مۇھاپىزەتچىنى ئۈجۇقتۇرۇپ، ئاندىن دۈبەننى ئېتىۋەتمەكچى، ئارقىدىنلا يىڭ لۈيجاڭ بىر لۈي ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ليۇ رەئىسنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلماقچى ئىدى.

— رەئىس مېنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان يىغىنغا كىملەر قاتناشتى؟

— ئالدىنقى قېتىملىق يىغىنغا گىمىركىن بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ ئۈچ تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىكى يىڭ جەنبىن لۈيجاڭ، جېڭ رۇنچېڭ لۈيجاڭ، ئۇلاردىن باشقا ياڭ خۇيجۇن، سۇگو، شىنجاڭلىق لى دەنجۇ قاتناشتى.

شېڭ شىسەي بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن.

— ئەسلىدىكى پىلان بويىچە، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلغان يەن ليەن، — ئۇلارغا دۈبەن مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇلغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلالماي، ئاخىردا ليۇ رەئىسنىڭ ئۆزى دۈبەنگە قول سالماقچى بولدى. بۇ ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا ماڭا 200 سەر ئالتۇن ئىنئام قىلىدىغان بولدى.

— بۇگۈنكى پارىڭىمىز مەشەگىچە بولسۇن، — دېگەن شېڭ شىسەي، — باشقا گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى، ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە ليۇ رەئىس گۇمانلىنىپ قالمىسۇن. سەن تولىمۇ ساداقەتلىك كۆرسەتتىڭ، شۇڭا سېنى جازاغا تارتمايمەن. سەن قايتىپ بېرىپ رەئىس بىلەن كۆرۈشكەندە، دۈبەن ئۈچىنچى ئىشىككە



www.uyghurkitap.com

نىمىشقا قاراۋۇل قويمىدىڭلار، دەپ قايتا ـ قايتا سوراپ كەتتى. مەن، مۇھاپىزەتچىلىرىمىز كېچىچە قىمار ئويناپ ئۇخلاپ قاپتۇ، دەپ جاۋاب بەردىم، دۇبەن بۇ گېپىمگە ئىشەندى، دەپ قوي.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى بىلىپ قالغانلىقىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مېھمان چاقىرىش نامى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ ھەربىي سوتقا تاپشۇردى.

شېڭ شىسەي ليۇ ژېنلۇڭنى ئۆزى سوراق قىلدى. ليۇ ژېنلۇڭ دەسلەپتە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئارتقان جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى. شېڭ شىسەي ئۇچ بۇلۇڭلۇق ئىتتىپاقنىڭ ئۆزىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش پىلانى توغرۇلۇق سورىغاندا ليۇ ژېنلۇڭ جاۋاب بەرمىدى.

— سىزچە بۇ ئىشنى قانداق ئاياغلاشتۇرساق بولار؟ — دەپ سورىدى شېڭ شىسەي، — ئىككى لايىھە بار، بىرنى تاللىۋېلىڭ. ئۇنىڭ بىرى، جىنايىتىڭىزنى ئىقرار قىلىش، ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ باشلامچىسى ئىكەنلىكىڭىزنىڭ ھۆرمىتى بىلەن رەئىسلىك ۋەزىپىڭىزدىن ئىستېپا بېرىپ ئۆيىڭىزدە ئارام ئېلىش؛ يەنە بىرى، يەن ليەن ھەم باشقا سۇيىقەستكە قاتناشقان ھەربىي باشلىقلار بىلەن يۈزلىشىش، ئاندىن ھەرقايسى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان سوت كوللېگىيىسىگە تاپشۇرۇپ جىنايىتىڭىز بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىش.

ليۇ ژېنلۇڭ ئامالسىز بىرىنچى لايىھەنى تاللىۋېلىپ، شۇ كۈنىلا پالەچ بولۇپ قالغانلىقىمدىن خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىمەن، دەپ ئېلان قىلدى.

ئەتىسى، شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى تارقىتىۋەتتى، يەن ليەننى قولغا ئالدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەسكەر كىرگۈزدى. تۆت نەپەر ئەسكەر ليۇ ژېنلۇڭنى «ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمىز» دېگەن گەپ بىلەن قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدىن ئاچىقتى. ليۇ ژېنلۇڭ ئەلەمگە چىدىماي ھۆركىرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ماشىنىسىغا

چىقتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ليۇ ۋېنلۇڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە نەزەربەند قىلىندى، سىرتقا چىقىشقا يول قويۇلمىدى، ھەتتا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ توي قىلىشىمۇ رۇخسەت قىلىنمىدى. شۇ يىلى ليۇ ۋېنلۇڭ 67 ياشقا كىرگەنىدى. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ قولغا ئالغان ئادەملىرى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، تۈرمىلەر يېتىشمەي ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ ئۆيىنى ئىككىنچى تارماق تۈرمە قىلىپ، 100 دىن ئارتۇق «جىنايەتچى»نى شۇ ئۆيگە قامىدى، ليۇ ۋېنلۇڭنى خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئاتخانىغا چىقىرىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھالى تېخىمۇ خارابلىشىپ كەتتى. شېڭ شىسەي يەنە ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ ئۆيىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش قېتىم ئاختۇرۇپ، بارلىق مال - مۈلكىنى «ھارام مال»غا چىقىرىپ مۇسادىرە قىلىۋالدى، ھەتتا ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ 20 سەر ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى، ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان بۆكەن مۈڭگۈزلىرىنىمۇ تارتىۋالدى.

ليۇ ۋېنلۇڭ شۇ تەرىقىدە 12 يىل نەزەربەند ئىچىدە تۇردى. شېڭ شىسەي ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋۇ جوڭشىن شىنجاڭغا رەئىس بولۇپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئۇ ۋۇ جوڭشىنگە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە يىغلاپ تۇرۇپ خەت يازغاندا، ئاندىن ۋۇ جوڭشىن ئۇنىڭ دەرىكىنى ئېلىپ شۇئان نەزەربەندتىن ئازاد قىلدى.

ليۇ ۋېنلۇڭ نەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي جۇ رۇيچىنى ئۆلكە رەئىسى قىلدى.

جۇ رۇيچى ھەر كۈنى قوش ئاتلىق پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئىشخانىسىغا ئىشقا كېلەتتى. پەيتۇنىنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم قىزىل تاۋارغا يۆگەلگەن تامغىنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى، بۇ ھالەت ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ياغاچتىن ئويۇلغان يالغان تامغا بولۇپ،

خەققە كۆرسىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى، راست تامغا شىڭ شىسەينىڭ قولىدا ئىدى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن، 1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۇ رۇيچى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، شىڭ شىسەي لى رۇڭنى رەئىس قىلدى:

لى رۇڭ ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن قۇرداش، ئاق كۆڭۈل، قېرى مىجەز ئادەم ئىدى، كىشىلەر ئۇنى «سامان قورساق رەئىس» دېيىشەتتى، شىڭ شىسەينىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئادەم ئىدى. شىڭ شىسەي ئۇنى قورچاق رەئىسكە ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭ ئۇس-تىگە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى گو دامېڭنى (گو سۇڭلىڭنىڭ ئىنىسى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقانداق ھۆججىتى ئۇنىڭ تەستىقىسىز تارقىتىلمايتتى. لى رۇڭنىڭ خۇسۇسىي تامغىسى ئۇستەل ئۈس-تىدىلا تۇراتتى، گو دامىڭ ئۇنى ئىختىيارى ئىشلىتەلەيتتى. ھەر كۈنى خىزمەت ۋاقتىدا شىڭ شىسەي ھۆججەتلەرنى ئۆزى تەييارلاپ لى رۇڭغا كىرگۈزۈپ بېرەتتى، لى رۇڭ ھۆججەتلەرنى ئوقۇمايلا ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا ئىمزاسىنى قويۇپ بېرەتتى. لى رۇڭ ياۋاشلىقىدىن بەكمۇ ئوماق كۆرۈنەتتى. ھەرقانداق ئىشقا ئامالى بولمىغاچقا، يىغىنلاردا سۆزلىگەندە: «ماڭا بۇ رەئىسلىكنى شىڭ دۇبەن بەرگەن» دەپ راستىنى ئېيتىپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا شىڭ شىسەي قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ كېتەتتى. لى رۇڭ ئۆز ئۆيىدە ئۆيىدىكىلىرىگە يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن ھۆكۈمەت ئىشلىرى-نى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەيمەنمۇ؟ بىلىمەن! ئەمما، قېرى جېنىمنى، سىلەرنى ئويلاپ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن» دەيتتى. 1940 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لى رۇڭ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، شىڭ شىسەي ئۆلكە رەئىسلىكىنى قوشۇمـ-چە ئۈستىگە ئالدى. ئەمدى ئۇ تېخىمۇ باشباشتاق بولۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

## ئالتاي قوشۇنى ۋە تارباغاتاي قوشۇنى

شىنجاڭنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. مەيلى چارروسىيە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە بولسۇن، تارىخىي، مىللىي، دىن ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىت جەھەتلەردە ئۇ قوشنا دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ ئىدى، شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇيانقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ مەسىلىگە بەكمۇ جىددىي قارايتتى، شېڭ شىسەيمۇ ھەم شۇنداق.

شېڭ شىسەينىڭ دۆبەنلىكىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىغان كۈنلەردە ئۇ شىنجاڭنىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى مو ۋېيتۇڭ بىلەن چېن جۇڭنى دىپلوماتىيە ۋەكىلى سۈپىتىدە موسكۋاغا ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسەتلەرنى تۈزگەنىدى.

مو ۋېيتۇڭ بېيجىڭدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئاچقان رۇس تىلى مەخسۇس كۇرسىدا ئوقۇغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ سالاھىيەتكە ئىگە دىپلومات ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقاندىلا ۋەزىيەتنى كونترول قىلغىلى، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى كېڭەيتكىلى، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرغىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ تۇرغىلى بولاتتى.

بۇ مەخپىي دىپلوماتىيە پائالىيىتى ئىدى، شۇڭا شېڭ شىسەي ئۇلارغا ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى بىلىپ بېقىشنى تاپشۇردى. مو ۋېيتۇڭ موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن يالغاندىن ئاغرىپ

قالغان بولۇۋېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىۋالىدى. چېن جۇڭ 1925 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرغان تۇنجى باش كونسۇلى بىستروف، كېيىن شېڭ شىسەينىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان باگوننىن ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار خەلق كومىتېتى بىلەن ئالاقىلاشتى.

ئۇلار چېن جۇڭدىن، شېڭ شىسەي ئىشەنچلىكمۇ؟ بىزنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇمىز بار، دەپ سورىغاندا، چېن جۇڭ، شېڭ شىسەي هازىر ياخشى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتماقچى. ئەگەر ئۇ كېيىن يامان تەرەپكە ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بولسا خەلقمۇ ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.

گومىنداڭ مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېي جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنىڭ مەخپىي دىپلوماتىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئەۋەتكەن مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرهال ئۇلارنى بۇ پائالىيەتتىن توسۇدى. ئۇ شۇ چاغدا شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن لىيۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرگە تېلېگرامما يوللاپ: «شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى بىلەن قىلىشىدىغان ئىشلىرى بولسا موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمىزنىڭ پىكرى بويىچە بېجىرىشلىرى كېرەك، سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشقا بولمايدۇ، هەرقانداق بىر دۆلەت بىلەن ئۆز ئالدىغا هەرقانداق كېلىشىمنامە تۈزۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ» دېدى.

موسكۋا تەرەپ شېڭ شىسەينىڭ تەختكە چىقىش جەريانىنى بەكمۇ چۈشىنىپ كەتمەيتتى. شېڭ شىسەينىڭ ياپونىيە قول ئاستىدىكى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ئوقۇغان ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ ئۇلىنىشىغا ئېرىشكەن، مۇشۇ ئىككى ئىشقا قاراپلا ئۇنى

www.uyghurkitap.com

ياپونپەرەس، ئاقلار ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرماقچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ كېلىۋاتاتتى، شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى تەپسىلىي بىلىشتىن ئىلگىرى ستالىن ئۇنىڭغا قارىتا ئېنىق سىياسەت بەلگىلىيەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر بۇ ۋەزىپىنى زلاكىنغا تاپشۇردى.

مۇ ۋېيتوڭ بىلەن چېن جۇڭنى موسكۋاغا ئەۋەتكەن شۇ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شېڭ شىسەي تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنلىياڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ 1931 - يىلى 10 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈلگەن «شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» ئاساسىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ كېلىشىم جىن شۇرېن توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئالدىراشچىلىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەخپىي تۈزۈشكەن باراۋەرسىز كېلىشىم بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشۇ كېلىشىم بويىچە شىنجاڭدا نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئېرىشىۋالغانىدى. شىنجاڭ ھەرقايسى تەرەپلەردە نۇرغۇن زىيان تارتىپ كەتكەن بولغاچقا، جۇڭگو تەرەپ ئۇ كېلىشىمنى ئېتىراپ قىلمىغانىدى. چېن دېلى يەنە شېڭ شىسەيگە ۋاكالىتەن باش كونسۇل زلاكىن بىلەن مۇئاۋىن كونسۇل گاننىنى شېڭ شىسەينىڭ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. زلاكىن بۇنى شېڭ شىسەينى چۈشىنىشنىڭ تېپىلماس پۇرسىتى دەپ بىلىپ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.

ئەتىسى زلاكىنلار ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ تەكلىپ بويىچە دۇبەن مەھكىمىسىگە كەلدى.

شېڭ شىسەي دۇبەن بولغاندىن كېيىن لاۋمەنچېڭدىن شەرقىي قورۇغا كۆچۈپ كەلگەن، خوتۇنى چيۇ يۈفاڭمۇ ئۈرۈمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەپتىش مۇدىر بولۇپ بارغانىدى. شېڭ

شىسەي بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ ئامال بار غەيرىي رەسمىي
تەل بولۇشىنى ئويلايتتى، شۇڭا بەكمۇ ھەشەمەتلىك ئۇس-
غان تەييارلىنىدى. كەڭ ئاشخانىدا پەقەت ئاق داستىخان سېلىن-
يېرى ئۇزۇن بىرلا ئۈستەل، يۆلەنچۈكى ئېگىز، ئولتۇرىدىغان
ماي، يۇمشاق بىرنەچچە ئورۇندۇق بار ئىدى. ئۈستەلگە سېرىق-
خۇمى يېشىل ئۈزۈم، مەززىلىك كاپۇسكا شورپىسى، بېلىق تۇ-
مەكلەر كونسېرۋاسى، رۇسلار ياخشى كۆرىدىغان تۇزلانغان تەرخە-
پۇراق قويۇلغانىدى، ھەممە يېمەكلىكلەردىن بىرخىل خۇشبۇي
كېيىن چىقىپ تۇراتتى. بىرنەچچە رومكىدىن ۋوتكا ئىچىشكەندىن
قورۇنۇشلار مېھمانلارنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى كەلگەن چاغدىكى
چۈشۈپ كەتتى يوقاپ، مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا قىزغىن پاراڭغا
غا هاراق تۇتاتتى، شېڭ شىسەي بىلەن خانىمى ئىككىسى مېھمانلار-
ئىدى. تاماقتا تەكلىپ قىلاتتى، شۇنچىلىك قىزغىن

تاماقتىن
تۆپخانىسىغا كېيىن، شېڭ شىسەي مېھمانلارنى ئۆزىنىڭ كۆ-
يوغان ھەم باشلاپ كىردى. يەرگە يۇمشاق گىلەم سېلىنغان
قاپلانغان ئادەتتىكى كۆتۈپخانىنىڭ بىر چېتىگە يېشىل دۇخاۋا بىلەن
تەرپىگە غايەت چوڭ بىر ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەلنىڭ ئىككى
نىدى. جازىلار تۇرۇۋس بىلەن تەڭ كىتاب جازىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغا-
كۆرۈنۈپ مىسمىڭ ئەينەك ئىشكىدىن ھەرخىل كىتابلار ئېنىق
«كوممۇنىستىك تۇراتتى. ئۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى «كاپىتال»،
رى»، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «لېنىنىزم مەسىلىلى-
ەسەرلىرى كوممۇنىزم ABC» قاتارلىق ماركسىزم - لېنىنىزم
انىن بىر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. زىلاكىن بىلەن
يېرىم بىرىگە قارىشىپ قويىدى.
سوۋېت كېچە، ئۈرۈمچى نەنلياڭ.
اسىنىڭ گېنېتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك
چوڭ بىنىلىرىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ،

www.uyghurkitap.com



سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈم-
چىدىكى كونسۇلخانىسى

«تا! تا! تا!» قىلىپ ئۇرۇلۇۋاتقان
تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ ئاۋازى ئاڭ-
لىنىپ تۇرىدۇ. زىلاكىن بىر قولىدا
قەھۋە، بىر قولى پىنجىكىنىڭ
يانچۇقىدا، موسكۋاغا ئەۋەتىدىغان
تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى ئېغىزچە
ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇدۇر چاچ،
بۇرنى سەل - پەل ئۈستىگە كۆتۈرۈ-
لۈپ تۇرغان، يۈزىدە ئازراق سەپكۈنى
بار تېلېگرافچى قىزنىڭ قوللىرى
ئاپپارات كۇنۇپكىسى ئۈستىدە تىنماي
ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

«ۋاقىتلىق دۇبەن شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلەپ بې-
رىشىچە ھەم بىزنىڭ تەپسىلىي كۆزىتىشىمىزچە، ئەمەلىي كۈچكە
ئىگە بۇ ھەربىي ئادەم كوممۇنىزمغا ئىشىنىدىكەن. ياپونىيىدە
ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ماركسىزمنى تەتقىق قىلغانىكەن.
ئۇنىڭ دېيىشىچە، «كوممۇنىزم ABC» ناملىق بۇ كىتابچە ئۇنىڭ
ئۆمۈرلۈك ئېتىقادىنى بەلگىلەپتۇ. ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدا مارك-
سىزم - لېنىنىزمنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن خېلى بار ئې-
كەن. ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يولىدا ماڭغاندا،
ئاندىن ئىستىقبال تاپىدۇ، دەپ قارايدىكەن، شۇڭا سوۋېت ئىتتى-
پاقى بىلەن ھەقىقىي ھەمكارلىق ئورنىتىشنى، شىنجاڭدا سوۋېت
ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.»

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرلىرى بۇ تېلېگرام-
مىغا دەرھال ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە
شېڭ شىسەينىڭ تۇۋلىغان مۇقامىنىڭ بەكمۇ ئېگىزلىكى ئۇنى
راستچىللىقىنى يوقاتقان، بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرىدىكى گەپلەر ھازى-
قى ئەھۋالدا تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان گەپلەر ئىدى. شۇڭ

ئۇلار شىڭ شىسەينى يەنە كۆزىتىپ باقماقچى بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بەش ئاي ئۆتۈپ كەتتى. شىنجاڭنىڭ 10 - ئېيىدا بىر نەچچە قېتىم قار يېغىپ بولدى. ئۆلكە ئارمىيەسى داۋانچېڭدا مەغلۇپ بولدى، ما خېيىڭ چۆچەكنى، دۇربىلجىننى ئىشغال قىلدى، لو ۋېنگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. شىڭ شىسەي ئامالسىز قېلىپ، چېن دىلى بىلەن ياۋ شيۇڭنى ئەسكىري جەھەتتە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتتى.

شىڭ شىسەي ئۇلارغا شۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ ئاتلىق قوشۇنىمىز تولىمۇ ناچار، پىيادە ئەسكەرىمىز ئۇن مىڭغا يەتمەيدۇ. ھازىر ئۆلكە مەركىزىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىي. شۇڭا، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايانماي تۇرالمايمىز، ئۇلاردىن ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا جەھەتلەردىن ياردەم تىلىمىسەك بولمايدۇ، بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇرۇن جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئون مىڭ ئادەمنى قوراللاندۇرغۇدەك قورال سېتىۋالغانىدى. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ئۇلارغا مېنىڭ سىياسىتىمنى چۈشەندۈرۈش ھەم بىز تەلەپ قىلغان قوراللارنى ئېلىپ كېلىش.

شىڭ شىسەي ئۇلارغا يەنە ستالىن بىلەن 3 - ئىنتېرناتسىئونالغا ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنىمۇ بەردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«مەن ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلىمەن، ستالىننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى خالايمەن.» «مەن پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتىمەن، شۇڭا جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنمايمەن، ئەنجىڭ بىلەن پۈتۈنلەي يىراقلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولىمەن. مەن نەنجىڭدە ئىشلىگەن چاغلىرىمدا گومىنداڭ پارتىيىسىگە كىرمەي، شىنجاڭغا مەخپىي كەلگىنىم ھەم بۇ يەردە دۇبەن بولغىنىم جياڭ

جىيىشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويـ-
غان.» ئۇلار «يېڭى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى ۋە دۈبەننى
ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى.» «مەن يەنە شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈشتەك تاشقى
سىياسەت يۈرگۈزگىنىم ئۈچۈن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن
ياپونىيە جاھانگىرلىكى قاتتىق غەزەپلىنىپ، تۈرلۈك سۇيىقەستـ-
لەرنى پىلانلاش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماقچى
بولدى. شۇنداق ھالەتتىمۇ مەن ئۇلارغا قەتئىي زەربە بەردىم،
ئۇلاردىن قورقۇپ قالمىدىم، ئەكسىچە جاھانگىرلارغا، خائىن
جياڭ جىيېشىغا، ۋاڭ جىڭۋېيغا قارشى كۈرەش ئىرادەم تېخىمۇ
چىڭىدى.»

بۇ شېڭ شىسەينىڭ ستالىنغا يوللىغان تۇنجى خېتى ئىدى.
بۇ خەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئېتىقاد
قىلىش سىياسىي ئېتىقادىنى ئوچۇق ئىپادىلىگەنىدى.

چېن دېلى بىلەن ياۋ شيۇڭنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمۇ مەخـ-
پىي دىپلوماتىيە سەپىرى ئىدى. ئۇلار موسكۋادا كىشىلەرنىڭ
دىققىتى چۈشمەيدىغان ئاددىي بىر مېھمانخانىدا ياتتى، جۇڭگونىڭ
ئەلچىخانىسىدىكىلەر بىلەن زادىلا كۆرۈشمىدى. ئۇلار شىنجاڭدىـ-
كى ئۈچ تەرەپنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ما جۇڭيىڭنى
ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى، جاڭ پېييۈەننى سوۋېت ئىتـ-
تىپاقىغا قارشى، شېڭ شىسەينى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا ئىنىزـ-
چىل تۈردە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ
شېڭ شىسەينى تاللىۋېلىشقانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان قانۇنلۇق دۈبەننى قوللىسا يوللۇق ئىش
قىلغان بولاتتى، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

ستالىن شېڭ شىسەيگە 3 مىليون رۇبلىلىق قورال - ياراغ
سېتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ قورال - ياراغلار پىلىموت،

ملىتىق، ئالاقىلىشىش ئۇسكۇنىلىرى، ئۇچقۇچىلىرىنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان 30 ئايروپىلان ئىدى. ستالىن يەنە شىن-
جاڭ ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك
ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى، گروزىيىلىك
يۇرتدىشى، سابىق تاشكەنت تاشقى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى،
ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ئابلىسوفنى زلاكىنىنىڭ
ئورنىغا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىنىڭ باش كونسۇللۇق-
غا تەيىنلىدى.

1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئابلىسوف چېن دېلى، ياۋ شيۇڭ
بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. يولغا چىقىش ئالدىدا
ستالىن ئابلىسوفنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا: «شىنجاڭغا بېرىپ
شېڭ دۇبەن بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
سىياسىتىنىڭ ئۇلارنى يۆلەش، ئۇلارنىڭ بارلىق توپىلاڭلارنى
باستۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ»
دېدى.

ستالىن ۋەدىسىدە تۇراتتى، ئەمما ياردەم ھەرگىزمۇ «غەرەز-
سىز ئەمەس» ئىدى، شېڭ شىسەي بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم بەدەل
تۆلەيتتى.

داۋىد دولىن يازغان «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يىراق شەرق»
دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:

«شېڭ شىسەي ئاقلارنىڭ قوشۇنى بىلەن شەرقىي شىمال
پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ تۇرۇپمۇ ما جۇڭيىڭ-
نىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تېخىمۇ كۆپ ياردەمگە موھ-
تاج بولۇۋاتاتتى، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىل-
دى. 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ۋەكىلى پوگودىن بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش كېلىشىمى ئىمزالى-
دى. مەخپىي ئىمزالانغان بۇ كېلىشىم نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالغانىدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش

www.uyghurkitap.com

بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي ياردەم ئالدى.

شىنجاڭ تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا نېفىت ۋە ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىش، چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە تۆمۈريول ياساپ، بۇ تۆمۈريولنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆزىگە بېرىش تەلەپلىرىگە ماقۇل بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئاقلارنىڭ قوشۇنىنى تارقىتىۋەتمەسلىككە، ئۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئادەم قويۇشقا قوشۇلدى. نەتىجىدە، ئاقلارنىڭ كوماندىرى بابىگوت ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئوفېتسىرلار ئېتىپ تاشلاندى، بابىگوت قوشۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرىدىن 40 ـ 50 ئادەم خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى.»

1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاقى شەكىللىنىپ ئۈلكە مەركىزى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، شېڭ شىسەي ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جىددىي ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 1934 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئالمايلا، گېنېرال كومىچ بىلەن تۇەنجاڭ ۋولگېننىڭ قوماندانلىقىدا 7 مىڭ ئەسكەرنى تانكا، زەمبىرەك، ئايروپىلانلارنىڭ ھىمايىسىدە ئىلى ۋە چۆچەك چېگرالىرىدىن كىرگۈزۈپ جاڭ پېيىۋەننىڭ كونا ئۇۋىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇردى. ئۇلار گەپ ـ سۆزگە قالماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىككى قوشۇننى ئالتاي قوشۇنى، تارباغاتاي قوشۇنى دەۋالدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئالتاي بىلەن تارباغاتايدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن بىز، دېمەكچى ئىدى، شۇڭا ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشكەنىدى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، جاڭ پېيىۋەن ماۋزۇر بىلەن قوراللانغان ئىككى ئەترەت ئەسكەرنى باشلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان كۆرەدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئاتلاندى. ئالدىنقى سەپتە ماڭغان ياڭ جېڭجۇڭ شىخۇدىن ئۆتۈپ ماناسقا يېتىپ كەلگەندى. ئەتىسى، جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋالغان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى كۆرەگە ھۇجۇم قىلىپ، كۆرەنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى ئىككى ئوق ـ دورا ئىسكىلاتىنى ۋە سېپىل دەرۋازىسىنى پارتلىتىۋەتتى، ئىسكىلاتتىكى قورال ـ ياراغلارنى توشۇپ كەتتى ياكى پارتلىتىۋەتتى. جاڭ پېيىۋەن ئارقا ھويلىسىغا ئوت كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالدىنقى سەپكە ئەسكەر يۆتكەش بۇيرۇقى چۈشۈردى، كەڭساي بىلەن لوسىگۇڭدىكى ئەسكەرلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆپچىلىكى قېچىپ كەتتى.

31 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى ئاسماندىن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى چېچىپ، جاڭ پېيىۋەننىڭ قوشۇنىنى كۆرەدىن دەرھال ئايرىلىشقا، يۇقىرالارنى زىيانغا ئۇچراتماسلىققا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ ئۆلكە ئارمىيىسى لىۋ بىننىڭ قوماندانلىقىدا ماناستىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قۇتۇبىدىكى سەندۇخۇزىدا ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.

جاڭ پېيىۋەن ئالدى ـ كەينىدىن كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سەنمۇجاڭ ئەن يەنچاۋنى تەرتىپ ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاز ساندىكى يېقىنلىرى بىلەن فۇگۇەنلىرىنى ئېلىپ كۆرەنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ غۇلجا شەھىرىگە قاراپ قاچتى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى كۆرەنى پارتلىتىپ تۈزلىۋەتمەكچى بولغانىدى، ئەن يەنچاۋ ئۆزىنى ئادەملىرىگە باغلىتىپ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولدى. لېكىن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى زەمبىرەكلىرىنى ئۇنىڭغا توغ-

رىلاپ ئېتىپ ئۇنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى.
ئارقىدىنلا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى غۇلجىغا ھۇجۇم قىد-
لىپ كىرىپ، بارلىق ناھىيىلەردىكى زاپاس ئاشلىقنىڭ ھەمم-
سىنى يۈزدىن ئارتۇق يۈك ئاپتوموبىللىرىغا بېسىپ دۆلىتىگە
ئاچىقىپ كەتتى.
1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جاڭ پېييۈەن
غۇلجىغا 280 كىلومېتىر كېلىدىغان بولارسون دېگەن جايغىچە
قېچىپ كەلدى. فۇگۇەن ھەم ئەسكەرلىرى بولۇپ 7 ـ 8 لا
ئادىمى قالغانىدى. قاتتىق قار يېغىۋاتاتتى، سوغۇق جاندىن ئۆتەت-
تى، ئالدىدا ئېگىز تاغ، كەينىدە قوغلاپ كېلىۋاتقانلار. ئۇ ئامال-
سىز قېلىپ ئادەملىرىگە چېدىر تىكىشنى بۇيرۇدى. چېدىرنىڭ
ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئۆتمۈشتىكى ئىشلار ئۈستىدە نۇرغۇن ئويلان-
دى: مەنمۇ بىر باتۇر، كىچىكىمدىن تارتىپ دادام يوق يېتىمچى-
لىكتە ياشىدىم، ئاپام مېنى مىڭبىر جاپالاردا بېقىپ چوڭ قىل-
دى، ئوقۇتتى. چوڭ بولۇپ ئەمەل تۇتتۇم، جۇڭگىياڭ دەرىجى-
لىك شىجاڭمۇ بولۇپ ئاتا ـ بوۋامنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى
ئورۇندىغانمۇ بولدۇم. لو ۋېنگەننىڭ گېپىگە كىرىپ ما جۇڭيىڭ
بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرمىسام بوپتىكەن. ما
جۇڭيىڭ گېپىدە تۇرماي، مېنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش-
قا سېلىپ قويۇپ ئۆزى تاماشا كۆردى، شېڭ شىسەي ئىككىمىز
ئاجىزلاشقاندا ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەر ئىككىمىزنى يوقىتىش-
نى نىيەت قىلدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش دىيانەتسىز، يالغانچى ئادەم-
لەر ھامان ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدۇ. شېڭ شىسەي ئىنتايىن
رەھىمسىز ئادەم ئىكەن، ئۆزىنىڭ دۈبەنلىكىنى ساقلاپ قېلىش
ئۈچۈن چەت دۆلەتتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك
ھوقۇقىنى يەرگە ئۇردى، ئۇنىڭمۇ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.
ھەممىدىن ئۆچىنچى خوتۇنۇم خۇ خېنىمغا ئۇۋال بولدى. ئۇ
شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى، نابۇت بولۇپ كېتىدىغان بولدى.

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قويۇلدى. ئاندىن ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ ۋەسىيەتنامە قالدۇرماقـ چى بولۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا: «ماڭا بىرى لو مىنىستىر، يەنە بىرى ما جۇڭيىڭ زامىن بولدى.» شۇلارنىڭ كاساپىتىدىن شىنجاڭ خەلقى كۈلپەت ئىچىدە قالدى، ئۆلۈمىم ئارقىلىق ئۇ قېرىنداشلىرىمدىن ئەپۇ سورايمەن، دەپ يازدى. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا بولسىمۇ ئۆزىـ نىڭ باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەنلىكىنى تونۇپ يەتـ كەنىدى.

جاڭ پېيىۋەن ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن قەلەـ مىنى قويۇپ يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تىندى. بىر ئازدىن كېيىن يۇيۇنۇپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، ئاندىن مۇھاپىزەتچىسىنى چېدىردىن چىقىرىۋېتىپ ئۆزىنى ئېتىۋالدى.

شۇ كۈنى شېڭ شىسەي نەنجىڭگە تېلېگرامما يوللاپ، جاڭ پېيىۋەن «مەنپەئەتنى دەپ ئەقلىدىن ئېزىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا ھە دېسىلا كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇۋېلىپ ئاسـ تىرتتىن خىلاپلىق قىلىپ، باندىتلارنى يوقىتىش پىلانىنى ئىسـ كەنجىگە ئېلىۋالدى... ما جۇڭيىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قىسىملىرىنى بۆلۈپ، ماناس بىلەن چۆچەككە ھۇجۇم قىلىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى.» «ھەممە ئۇنىڭدىن بىزار بولغاچقا، رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلاندى» دېدى. جاڭ پېيىۋەننىڭ راست ئۆلگەنلىكىنى ئىسپات بىلەن كۆرسىتىش ئۈـ چۈن، ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ باش قىسمىنى سۈرەتكە تارتقۇزۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىرتىدىكى ئەينەك جازىغا ئېلىپ قويـ دى. پۇقرالار ئۈچ كۈنگىچە ئۇ سۈرەتنى كۆردى، تۆتىنچى كۈنى ئېلىۋەتتى.

ياڭ جېڭجۇن ئالدىنقى سەپتىن غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندە جاڭ پېيىۋەننىڭ ئۆلگىنىگە ئۈچ كۈن بولغانىدى. ئۇ

غۇلجا بىلەن تىكەستە ئادەملىرىنى 7 ـ 8 مىڭغا يەتكۈزۈپ، تەڭرىتاغدىن ئارتىلىپ كۇچاغا باردى. ئۇ يەردە ئۇنى ما جوڭيىڭ 36 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىقىغا تەيىنلىدى، ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە قەشقەرگە قاراپ ماڭدى.

1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆلكە ئارمىيىسى غۇلجا شەھىرىگە كىردى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بۇيرۇق بويىچە چېكىنىپ كەتتى. شېڭ شىسەي لىۋ بىننى ۋاقىتلىق ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى، قوشۇمچە ئىلىنىڭ مۇداپىئە قوماندانى، گۇڭ جېنخەننى (شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن، رۇس تىلىنى راۋان سۆزلەيدۇ، بىر مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسى بولغان) ئىلى رايونىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. ئىلگىرىكى ۋالىي ۋاڭ شياۋجىنى ئۆلكىگە يۆتكەپ كېتىپ ئۇزۇنغا قالماي قولغا ئالدى، 1942 ـ يىلى 2 ـ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. جاڭ پېييۈەن يېڭىدىن تەشكىللىگەن 8 ـ شىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ، قالدۇق قىسمىنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ 7 ـ لۈيى قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ ئىچىدە، ياۋ شيۇڭ، جاۋ دېشۇ، بۇرھانلار شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەخسۇس كومىتېت قۇرۇپ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدى.

ما جوڭيىڭ ئەسلىدە جاڭ پېييۈەن بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ئەسكەر چىقىرىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، ئەسكەر چىقىرىدىغان چاغدا ئەسكەر چىقارماي، جاڭ پېييۈەن ئۆلگەندىن كېيىن، 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچىنى بىر ئاي قورشىۋالغان ئۇرۇش ھالىتى باشلاندى. 13 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ ئەنلياڭدا قاتتىق جەڭ قىلدى. 16 ـ كۈنى كەچتە ما جوڭيىڭ قىسمى شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ئايرودروم بىلەن سىمسىز رادىئو ئىستانسىسىنى ئىشغال قىلدى، ئىككى ئايروپىلاننى

غەنىيمەت ئالدى. ئۇرۇمچى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. شەھەر ئىچىدە دەرھال خەلق تۈەنى، سودىگەرلەر تۈەنى دەپ 3 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تەشكىللىنىپ، نەيزە، قىلىچ، پالتىلار بىلەن سىپىلغا چىقىپ مۇداپىئەگە ياردەملەشتى. 17 ـ كۈنى ما جۇڭيىڭ قوشۇنى غەنىيمەت ئالغان ئايروپىلان بىلەن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، شەھەر ئىچىدىكى ھەربىي ۋە خەلقنى نەيزىنى ئارقىغا قارىتىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قوشۇننى بۆلۈپ جىمىسارغا ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە جىمىسار خەۋپ ئىچىدە قالدى.

شېڭ شىسەي خۇددى قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك تىپىرلاپ، چېن دېلىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى ئابلېسوفقا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇمچىگە قاچان كېلىدىغانلىقىنى سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئابلېسوفنى دۇبەن مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ ھەربىي ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بالدۇرراق ئەسكەر چىقىرىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ھەر قېتىم ئۇلاردىن ئالىدىغان جاۋابى «ئاز قالدى! ئاز قالدى!» دېگەن گەپلا ئىدى. بىر قېتىم ئۇ كونسۇلخانىغا ئۆزى بېرىپ ئابلېسوفقا:

— سوۋېت تەرەپ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ تېزراق بىزگە ياردەم بەرسە، ما جۇڭيىڭنى يوقاتسا بولاتتى، ئاندىن بىز شىنجاڭدا كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇراتتۇق. شىنجاڭنىڭ ئورنى بەكمۇ مۇھىم، شىنجاڭلا شۇ يولغا ماڭىدىغان بولسا گەنسۇ، شەنشىلەردىمۇ قىزىل ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلۇپ كېتەتتى. بۇ ئەكسىيەتچى جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ جۇڭگونى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ، شىنجاڭنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى، — دېدى.

ئابلېسوف ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. مۇشۇنداق چاغدا بۇ گەپلەرنى قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ بۇ ياپونىيە، ئەنگلى-

www.uyghurkitap.com

يه تەشۋىقاتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى قىزىللاشتۇرماقچى دەپ جار سېلىشلىرىغا ئاساس تېپىپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ئابلېسوف شېڭ شىسەيگە جىددىي تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— دۆبەننىڭ بۇخىل پوزىتسىيىسى توغرا ئەمەس. شىنجاڭ قالاق ھەم ئاساسەن فېئوداللىق جەمئىيەت تۇرسا كوممۇنىزمنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن؟ بىز نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن جياڭ ۋېييۈەنجاڭنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتىمىز، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلماسلىقىنى چەكلەپ تۇرۇشىغا موھتاج. سىز «شىنجاڭ مەڭگۈ جۇڭگونىڭ زېمىنى» دېگەننى تەشۋىق قىلىشنى جىددىي تۇتۇشىڭىز كېرەك. قىزىل ئارمىيىگە كەلسەك، ياق، «تارباغاتاي قوشۇنى»، «ئالتاي قوشۇنى» ھازىر يولدا، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى ما جۇڭيىڭ بىزنىڭ تۆمۈر مۇشتىمىزنىڭ تەمىنى ئۇزۇنغا قالماي تېتىيدۇ.

1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ 3 ـ 4 مىڭ ئەسكىرى ئاپتوموبىللارغا، برونېۋىكلارغا ئولتۇرۇپ، زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ چۆچەككە كىرىپ كەلدى ۋە بورھان قاتارلىقلار تەييارلاپ قويغان ھەربىي كىيىملەرنى كىيىپ، باش قوماندان جاۋ دېشۇنىڭ نامى بىلەن ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇ قوشۇن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى تۇدۇڭخاباغا يېتىپ كەلگەندە، ما جۇڭيىڭنىڭ ھەدىسىنىڭ ئېرى ما خۇشەننىڭ قىسمىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئورغۇن زىيان تارتتى. 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانلىرى چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ كېلىپ ما جۇڭيىڭنىڭ ئىستېھكاملىرىنى بومباردىمان قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىلىرى ئۈرۈمچىگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان كونا ئايرودرومغا يېتىپ كەلدى. 8 ـ كۈنى سەھەردە ما جۇڭيىڭنىڭ

قىسمىنى توپقا تۇتۇپ، ئۇلارنى باش كۆۋرۈك بىلەن شىمىگۇدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. 10 ـ كۈنى شەھەر ئىچىدىكى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ماسلىششى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ھۇ-جۇمغا ئۆتتى.

2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ما جۇڭيىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەسكەرلىرى-نىڭ خىل، قورال-ىمرىن-ىڭ زامانىۋى قورالالار ئىكەنلىكى-نى، ئۇلارغا تەڭ كېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ چې-كىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. 12 ـ كۈنى، بىرئاي قورشاۋدا تۇرغان ئۈرۈمچى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى.

16 ـ كۈنى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاساسلىق قىسمى داۋانچىڭغا چېكىنىپ باردى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ چېكىنىشنى داۋام-لاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ شىمالىي شىن-جاڭدىكى كۈچى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

## «گا سىلىڭ» سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى

ما جۇڭيىڭ داۋانچىڭغا بارغاندىن كېيىن قوشۇنىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر قىسمىنى تۇرپان، پىچان، قۇمۇل تەرەپلەردە شېڭ شىسەينى داۋاملىق پاراكەندە قىلىشقا قالدۇردى. ئەگەر مەغلۇپ بولسا گەنسۇغا چېكىنىپ، پۇرسەت كەلگەندە شىنجاڭغا ئۈچىنچى قېتىم كىرمەكچى بولدى. يەنە بىر قىسمىنى، يەنى مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قەشقەرگە چېكىندۈرۈپ كەتمەكچى بولدى. چۈنكى ئۇ-نىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى ما فۇيۈەننىڭ قوماندانلىقىدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى يۆلەپ تۇرغۇزغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى يوقىتىپ ما جۇڭيىڭنى ساقلاۋاتاتتى.

1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي

ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى ئاچتى.

شېڭ شىسەي ھەربىي كىيىم كىيگەن، پۇتىدا ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆتۈكى، قولىدا قامچا، تامدىكى چوڭ ھەربىي خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوفىتسېرلارغا شۇنداق دېدى:

— ھازىر ما جۇڭيىڭ داۋانچېڭدا، مەن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئۇنىڭغا زەربە بېرىشنى قارار قىلدىم. بىر يولدىكىلەر داۋانچېڭنى ئېگىلەيدۇ، — ئۇ خەرىتىدىكى داۋانچېڭنىڭ ئورنىنى قولىدىكى تايىقى بىلەن قاتتىق - قاتتىق ئۇرۇپ قويدى، — ئاندىن يەنە شەرق، غەرب تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ مېڭىپ ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنى قوغلايدۇ. يەنە بىر يولدىكىلەر لىيۇبىننىڭ قوماندانلىقىدا مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا چۈشۈپ ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قاراشەھەر بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى يوقىتىدۇ، — شېڭ شىسەي خۇددى ما جۇڭيىڭنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قىسىۋاتقاندەك قوللىرىنى چىڭ سىقىۋالدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شېڭ شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىغا بولغان ئومۇمىي ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى شۇ كۈنلا 15 ئايروپىلاننىڭ ياردىمى بىلەن داۋانچېڭنى ئىشغال قىلدى.

8 - كۈنى، شەرققە قوغلاپ ماڭغان قىسىم ئايروپىلان ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن توقسۇن، تۇرپان، پىچانلارنى ئېگىلىدى. جەڭ داۋامىدا ئايروپىلان بومباردىمان قىلىش بىلەن تەڭ نۇرغۇن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگۈچىلەرنى بىردەك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى. يولۋاس قاراشەھەر، كۇچارنىڭ غەرب تەرەپلىرىنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجاند-



ھەربىي كىيىم كىيىپ تۇرغان شېڭ شىسەي (شېڭ شىسەي 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سۇېن ھېدىنگە سوۋغا قىلغان سۈرەت)

يازنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ تەسىرىدە ھېچقانداق يەرنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ، شېڭ شىسەيگە بېقىنىشنى، شۇنىڭ بىلەن شەرق تەرەپكە كېتىپ يۇرتى قۇمۇلنى ئۆز قولىغا ئېلىشنى ئويلاپ قالدى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدۇق قىسىملىرى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گەنسۇنىڭ يۇمېن دېگەن يېرىگە قېچىپ بېرىۋالدى، كېيىن ما بۇكاڭغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ما جۇڭيىڭنىڭ كۆپ قىسىم ئادەملىرى داۋانچېڭدىن قارا شەھەر بىلەن كۇچار تەرەپكە چېكىنىپ، ئاقسۇغا بارغاندا ليۇ بىڭنىڭ قوشۇنى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ نۇرغۇن زىيان تارتتى. 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ما جۇڭيىڭ شۇېتسىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى سۇېن ھېدىننىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ مارالبېشىدىن قەشقەرگە كېلىۋالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئادىمى تەخمىنەن 10 مىڭدەك بار ئىدى.

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۆلكە ئارمىيىسى مارالبېشى بىلەن پەيزاۋات مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ما جۇڭيىڭنىڭ 2 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى، 1 مىڭ 800 دىن ئارتۇق ھەرخىل قورال ـ ياراغلارنى غەنىيمەت ئالدى. 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ما جۇڭيىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، قەشقەرنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەمدى قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئادەملىرىگە قەشقەردىن چېكىنىپ، يەكەن ئارقىلىق خوتەنگە قاراپ چېكىنىشنى بۇيرۇدى.

ئۇ شېڭ شىسەيگە قوشۇننى ئۆزىگە قوشۇۋالسا ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ كېيىن ئۆزىگە بالا تېپىپ بېرىشىدىن قور-قۇپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە قوغلاپ زەربە بېرىشنى داۋاملاشتۇردى.

ما جۇڭيىڭ ماڭارغا يول تاپالماي قالغاندا، قول ئاستىدىكى ياردەمچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا قوشۇندىكىلەرنى تاشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشنى ئېيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىمۇ بۇ ياخشى چارىنى قوللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەزەلدىن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى دەپ كېلىۋاتقان ما جۇڭيىڭنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلىدۇ؟ كې-يىنكىلەر بۇ بىر تارىخقا باھا بېرىپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شاھمات تاختىسىدىكى بىر ئۇرۇق، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى شېڭ شىسەي بىلەن باشقىدىن تۇتۇشۇشقا قويۇپ بەرمەكچى بولغان، دېيىشتى.



سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كونا ئورنى
(1925 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى رەسمىي ئېچىلغان)

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ما جۇڭيىڭ نۇرغۇن ئالتۇن، ئالماس قاتارلىق قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئۈچ نەپەر

ئوفىتسېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 79 ئادىمى بىلەن ئەركەشتامدا قورال تاپشۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىغا نوتا تاپشۇرۇپ ما جۇڭيىڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى خەلق سوتىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئەمدى شۇلار ئورۇنلاشتۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ تەرەپنىڭ تەلىپىگە پىسەنت قىلمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە شىنجاڭنىڭ تەلىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنىغا توغرا كەلمەيدۇ، دەپ بولسىمۇ بۇ تەرەپنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالايدۇ.

ما جۇڭيىڭ كەتتى. ئۇنىڭ 36 ـ شىسىدا يەنە 12 مىڭ 500 ئادەم بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن 36 ـ شىنىڭ شىجاڭى ما خۇاشەن قەشقەرنىڭ يېڭى مۇھاپىزەت سىلىڭى ليۇ بىن بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، 10 ـ ئايدا قوشۇنىنى باشلاپ خوتەنگە كەتتى. ئەمدى ئۇ شېڭ شىسەينىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان بولۇپ، پوسكامنى چېگرا قىلىپ ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن تىركەشمە ھالەتتە تۇردى.

1934 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي بىلەن لى رۇڭ گومىنداڭ مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېيغا بىرلىشىپ خەت يازدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ما جۇڭيىڭ پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇپ قوراللىرىنى تاپشۇردى، ئادەملىرى تارقىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ تىنچلاندى، ھەربىي ئىشلار ئاخىرلاشتى... باندىتلار تازىلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭ بىرلىككە كەلدى.»

1934 ـ يىلى شېڭ شىسەي غەلىبە قازانغان يىل بولدى. شۇ يىلى ئۇ 40 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تازا قىرانغا يەتكەن

چاغلىرى ئىدى. خەلق ئىچىدە، ئادەم 30 ياشتا زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، دېگەن گەپ بار، شۇ گەپكە سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ نەتىجىسى سەل كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نەتىجە تولىمۇ چوڭ نەتىجە ئىدى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئۆلدى، بىرى قېچىپ كەتتى، ئەمدى ئۇ «ئۇھ» دېسە بولىدۇ. بۇ نەتىجىلەر تەبرىكلەشكە تېگىشلىك نەتىجە. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ يىلغا سوزۇلغان يېغىلىقلارنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى، ئۆلكىلىك ئارمىيە دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ نامى بىلەن ئەمەس «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى بىرلەشمە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمدى شىنجاڭنىڭ خوتەندىن باشقا بارلىق جايلىرى شىڭ شىسەيگە قارايدىغان بولدى.

# 5. خاتىرجەم يۇرت سوراش

## ئۆزۈن بۇرۇن مەسلىھەتچىلەر

شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، بارلىق ئىشلاردا تەدرىجىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئۇرۇمچىدىكى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى پۇقرالار بۇ ئۆزگىرىشلەرنى قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاپ، كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، باشقا سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى ھەم ئۇنىڭغا ماسلىشىۋاتاتتى.

ستالىن شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىمىز دېدى ھەم ۋەدىسىدە تۇردى.

شىنجاڭدا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، موسكۋا بىلەن لېنىنگراد تەلەپپۇزىدا سۆزلىشىدىغان ئۆزۈن بۇرۇن مەسلىھەتچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر، تېخنىكا خادىملىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. شىنجاڭنىڭ پۇقرالىرى ئۇلارنى «كۆك كۆزلەر» دەپ ئاتايدىغان بولدى. يەكشەنبە كۈنلىرى نەنشەن، بەيياڭگۇ، شىمىگۇ، خۇڭشەن، ئۇلامباي قاتارلىق جايلاردا سېرىق چاچ، كۆك كۆز، يۈزىدە سەپكۈنى بار رۇس قىزلىرى كانۋا كۆڭلەك كىيىشىۋالغان يىگىتلەر بىلەن قولتۇقلىشىپ تاماشا قىلىپ يۈرۈشەتتى، تانسا ئوينىشاتتى. بىر تەرەپتە قازاندا گۆش قايناپ تۇراتتى، كاۋاپدانلاردىن كۆتۈرۈلگەن مەززىلىك پۇراقلار، بوتۇلكىلاردىن قويۇلۇۋاتقان ۋىنولارنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى ئەتراپنى بىر ئالاتتى، جا-

ۋۇر ـ جاۋۇرلاردا تۇرۇپ كەتكەن قىمىزلار، تۇرلۇك ـ تۇرلۇك مېۋىلەر تانسا ـ ئۇسسۇللارنى ئويناپ ئۇسسىغان مېھمانلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

قاراڭغۇ چۇشكەندە تەرەپ ـ تەرەپكە گۇلخانلار يېقىلىپ، بايان، بالالايكا، گىتارلار «ئۇچ ئاتلىق هارۋا»، «موسكۋا كېچىسى» دېگەندەك ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىپ كېچە ئاسمىنىنى مۇڭلۇق كۇي ـ ناخشىلارغا تولدۇرۇپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن كىشى ئۆزىنى ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىدىمۇ ياكى ئۇلامبايدىمۇ، بىلمەي قالاتتى.

مالىيە نازارىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى مىخايلىنىڭ دېگىنى دېگەن ئىدى، هەرقانداق خىراجەتتە ئۇنىڭ تەستىقىسىز بىر تىيىن چىقىم قىلىنمايتتى. ئۇ 20 يىل داۋاملاشقان باجنى هۆددىگە بېرىش تۇزۇمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا ئەمەلىي باج تۇزۇمىنى ئورناتتى. كىرىم ـ چىقىمنى ئارىلاش خاتىرىلەشتەك كونىچە هېسابات تۇزۇمىنى كىرىم ـ چىقىمنى ئايرىپ هېسابلايدىغان، هەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يېڭىچە هېسابات تۇزۇمىگە ئۆزگەرتتى. مالىيە كومىتېتى بىلەن مالىيە نازارەت كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ ئورگانلار مالىيىنىڭ ئىشلىنىش يوللىرىنى نازارەت قىلاتتى، مالىيە تۇزۇمىگە خىلاپ ئىش ـ هەرىكەتلەرنى، قانۇنغا خىلاپ مالىيە قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىش، پاش قىلىش هوقۇقىغا ئىگە ئىدى، بەزى دېلولارنى جىنايى ئىشلار سوتىغا بىۋاستە تاپشۇرالايتتى.

گېئولوگلار، تېخنىكا خادىملىرىمۇ شىنجاڭغا تۇركۇملەپ كېلىشكە باشلىدى. تاغلاردا قازاق ئۆيلىرى، چېدىرلار تىكىلىپ كەتتى، تاغلارنى پارتلاتقان ئاۋازلار، تاغلارنى تېشىۋاتقان بۇرغىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاسمان بوشلۇقىدا ياڭراشقا باشلىدى. يەر ئاستىدا ئۇزۇن زامان ئۇخلاپ ياتقان ئالتۇن، كۇمۇش، مىس،

ئېسىل تاشلار ۋە نېفىت قاتارلىق خىلمۇخىل مەدەنلەرنىڭ ئۆلگە-
لىرى ساندۇقلارغا قاچىلىنىپ چېگرا سىرتىغا ئانالىز قىلىشقا
توشۇلماقتا. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىللار، ئال-
تۇن قېزىش، رۇدا قېزىش ماشىنىلىرى گۇرۇلدەپ شىنجاڭغا
كىرىشكە، شىنجاڭنىڭ بايلىقلىرى ماشىنا ـ ماشىنىلاپ سىرتقا
توشۇلۇشقا باشلىدى.

## ئارمىيىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئارمىيە شېڭ شىسەينىڭ جان تومۇرى ئىدى. كىشىلەر
ئەسكەرلەرنىڭ باش كىيىمىدىكى گومىنداڭنىڭ سەككىز شوئار-
لىق بەلگىسىنىڭ ئالتە شوئارلىق بەلگىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى،
ئارمىيىنىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە» دەپ ئاتالغانلىقى-
نى، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» كە سادىق ئارمىيە دېيىلىۋاتقانلى-
قىنى كۆرۈشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي مەسلىھەتچىلەر،
ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار شېڭ
شىسەيگە ياردەملىشىپ ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلماقچى
ئىدى. ئۇلارنىڭ ياردىمىدە شېڭ شىسەينىڭ 27 مىڭ كىشىلىك
ئارمىيىسى نۇرغۇن تاللاشلار ئارقىلىق 12 مىڭغا يىغىنچاقلىنىپ
20 نەچچە تۇەن، ئۇلاردىن سىرت ئۈچ توپچى قىسىم يىڭى،
ئىككى قۇرۇلۇش قىسىم يىڭى، بىر برونېۋىك قىسىم يىڭى، ئۈچ
ئايروپىلان چوڭ ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەندى. گەرچە ئەسكەر
سانى بۇرۇنقىدىن ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما ئارمىيىنىڭ جەڭگى-
ۋارلىقى ۋە قوراللىنىشى بۇرۇنقىدىن كۆپ كۈچەيگەنىدى. باشقۇ-
رۇشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ تەكلىپى بويىچە پۈتۈن شىن-
جاڭنى 11 ھەربىي رايونغا ئايرىدى.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنىنى تۆتىنچى ئىنىسى شىڭ شىچىغا، ئۇرۇمچىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش چوڭ ئەترىتىنى لۇڭ دېشېڭغا، قوراللىرى خىل، ئاساسەن شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن تەشكىل قىلىنغان تەلىم - تەربىيە تۇەنىنى (تۇەن قارىمىقىدا ئۈچ پىيادە قىسىم يىڭى، بىر ئاتلىق قىسىم لىيەنى، توپچى قىسىم ئەترىتى، توپچى قىسىم ئەترىتى قارىمىقىدا ئۈچ ئوتتۇرا ئەترەت بار. ئۇلاردا تاغ زەمبىرىكىدىن ئالتىسى، دالا زەمبىرىكىدىن ئۈچى بار ئىدى. يەنە برونېۋىك ئاپتوموبىل ئەترىتى، قۇرۇلۇش قىسىم ئەترىتى، ئالاقىلىشىش ئەترەتلىرى بار ئىدى) خوتۇنىنىڭ تۇغقىنى ليۇ جېڭشىنغا تاپشۇردى.

شىڭ شىسەينىڭ يەنە بىر تۇغقىنى ۋاڭ خۇڭشاۋ ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولدى.

غۇلجا ئەزەلدىن ھەربىي، سىياسىي جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا، شىڭ شىسەي ئۇ يەردىكى 1 مىڭ 100 كىشىلىك قوشۇننى قېيىناتىسى چيۇ زۇڭجۈننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، يەنە ئۇنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى، قوشۇمچە شەھەر مۇداپىئە قوماندانى قىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچلەر ئاساسلىقى قەشقەرگە ئورۇنلاشقانىدى، ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ تەشكىللىنىشى بىرقەدەر ئارقاق ئىدى، ليۇ بىنىنىڭ 300 چە ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن يېڭى چىڭبونىڭ ئاتلىق قىسىم 4 - تۇەندىكى 580 دىن ئارتۇق ئادەم، يەرلىك خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن ئاتلىق قىسىم 5 - تۇەن ۋە 9 - تۇەندىكى جەمئىي مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھەمدە ئۇيغۇر، قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن ماھمۇتنىڭ پىيادە قىسىم 7 - شىدىكى (ئەسلىدىكى 6 - شى) 1 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى

قوشقاندا جەمئىي ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ سانى 3 مىڭ 300 دىن كۆپرەككە يەتكەن بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئومۇمىي ئەسكەر سانىنىڭ 1/4 قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بۇنداق بىر قوشۇننى قەشقەردە تۇرغۇزۇشتىن مەقسەت، بىرىنچى، ئەنگلىيە كونتروللۇقىدىكى ھىندىستاندىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش؛ ئىككىنچى، خوتەن رايونىدا تۇرۇشلۇق ما خۇسەن قىسىملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ياش ئوفىتسېرلار، ئوقۇغۇچى ئەسكەرلەر (ئارمىيىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن) ئىچىدىكى تايانچلار بۇ قوشۇننىڭ ئاساسلىق كۈچلىرىگە ئايلاندى. تۆۋەنجاڭ جياڭ يۇفېن، سۇن چىڭلىنلەر لۇيجاڭلىقتا، مەمۇرىي باشلىقلىقتا ئۆستۈرۈلدى. بۇ قوشۇننىڭ كۆپ سانلىقى تۇرپان، پىچان، باركۆل، گۇچۇڭ، قاراشەھەر، قەشقەر، چەرچەن، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا تۇردى. ئۇلاردىن نۇرغۇن ئادەم يەنە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرىغا ياكى ھەربىي، ساقچى مەكتەپلىرىگە ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكەلدى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شېڭ شىسەي مەكتەپ مۇدىرى، جياڭ يۇفېن چوڭ ئەترەت باشلىقى بولدى. 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەكتەپنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، شېڭ شىسەي ھەربىي كىييىملىرىنى كىيىپ كېلىپ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە «جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلايلى، ھەقىقىي تۈردە ئىتتىپاقلىشايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. كېيىن بۇ سۆز بۇ مەكتەپنىڭ مەكتەپ شوئارىغا ئايلىنىپ مەكتەپ تاملىرىغا چوڭ خەتلەر بىلەن يېزىپ قويۇلدى.

ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ھەربىي سىگنال بىلەن



شىڭ شىسەينىڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 4 ـ قارار ئوقۇغۇچىلىرىغا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى

تەڭ ئويغىنىپ ئون مىنۇت ئىچىدە مەيدانغا يىغىلىپ بولاتتى. ئاندىن مەيداندا يۈگۈرۈۋاتقان، كوماندا بېرىلىۋاتقان، «شا» دەپ ۋارقىرىشىۋاتقان ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالاتتى، مەكتەپ مارشىغا توۋلىغان ناخشا ئاۋازلىرى كۆكنى تىترىتەتتى. پىيادە، ئاتلىق، توپچى، قۇرۇلۇش ئەسكەرلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنىڭ ھەممىسى ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە دەرسلىكلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي دەرسلىكلىرى بويىچە ئۆتۈلەتتى، ھەتتا تاماقمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ تاماق تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلگەنىدى.

ھەربىي ئىشلار دەرسلىكلىرىدىن باشقا، ھەربىي مەكتەپ بىلەن ساقچى مەكتەپتە سىياسىي دەرسلەرمۇ ئۆتۈلەتتى. شىڭ شىسەينىڭ قارىشىچە، سىياسىي دېگەن دۇبەنگە سادىق بولۇش، شىنجاڭنىڭ مەڭگۇ جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى قوغداش ئىدى. دۇبەنگە سادىق بولۇش دۇبەن ئىجاد قىلغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» كە سادىق بولۇش، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ھاكىمىيىتىگە سادىق بولۇش دېگەنلىك بولاتتى.

ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان شىڭ شىسەي ھەربىي ئىشلاردىن دەرس بەرسە تامامەن بولاتتى ھەم بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا قىزىقمىدى، ئەكسىچە ئۆزى تۈزگەن «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرى»، «ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىن دەرسلىك» قاتارلىق مەزمۇنلارنى سۆزلىدى. ئۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزم (شۇ چاغدا يېڭى ئىجتىمائىي پەن دەپ ئاتىلاتتى) ئاتالغۇلىرىنى ناھايىتى توغرا، راۋان سۆزلەپ بېرەلەيتتى، ئاغزىدىن «جاھانگىرلار»، «سوتسى-

يالىزم» ، «مۇستەملىكە» ، «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» ، «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى» دېگەندەك يېڭى گەپلەر چۈشمەيتتى. سۆزلىگەندە ھەرخىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى، ئاڭلىغان ئادەملەر ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرىنى چۈشىنەتتى، بەزى سۆزلىرىنى چۈشەنمەيتتى، ئاڭلىغانسېرى گاراڭلىشىپ قالاتتى. ئەكسىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى يۇ شيۇسۇڭ (يەنە بىر ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ) ، چېن پېيشىڭلەرنىڭ يېڭى ئېچىلغان سىياسىي ئىقتىساد مەكتىپىدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، مىللەتلەر سىياسىتى ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزلىرى شۇنچىلىك چۈشىنىشلىك، ئوچۇق، جەلپ قىلارلىق ئىدى، شۇڭا ھەممە ئادەم ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى.

1936 - يىلى 5 - ئايدا، ھەربىي مەكتەپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، تۇنجى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بولدى. شېڭ شىسەي ھەربىي كىيىملىرىنى كىيىپ مۇراسىمغا كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بويىچە ھەربىر ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلار بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتى، ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى، تەلەپلىرىنى سورىدى، ئاندىن مۇراسىمغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى، ئوقۇغۇچىلارغا دىپلوملىرىنى ۋە مۇكاپاتلارنى تارقىتىپ بەردى.

شېڭ شىسەي مۇراسىمدا سۆزلىگەن سۆزىدە شۇنداق دېدى: «سىلەر مېنىڭ باللىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىيىنچىلىققا يولۇقساڭلار مۇدىرىڭلارغا خەت يېزىڭلار، مۇدىرىڭلار بار ئىمكانىيىتى بىلەن قىيىنچىلىقىڭلارنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ.» بۇ سۆز جياڭ جيېشىنىڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلىگەن سۆزىگە ئازراق ئوخشاپ قالاتتى. ياش ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مۇدىرىغا قاتتىق چوقۇناتتى، كېيىن

ئۇلارنىڭ نۇرغۇنىنى ئۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىمۇ ئۇلار بۇنىڭ مىكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان «غەمخورلۇقى» ئىكەنلىكىنى بىلىشمىدى ھەتتا ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغاندىمۇ مۇدىرىنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىنى ئارزۇ قىلىشتى.

كىشىلەر يەنە دۇبەن مەھكىمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ شاۋجياڭ دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى كودياكزۇكىنىڭ قۇمۇلدىن روھسىز ھالدا قايتىپ كەلگەنلىكىنى بايقاشتى. بىرنەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا ئۇ دۇبەننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇمۇلغا يولۋاسنىڭ 200 كىشىلىك قوشۇنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بارغانىدى. يولۋاس خېلى بۇرۇنلا ئايروپىلاندىن تاشلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى كۆرۈپلا ما جۇڭيىڭ بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەنىدى. ئەمدى شېڭ شىسەي «ئەمەلىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرىمەن» دېگەن ۋەدىسى بويىچە ئۇنىڭ ئەمەل دەرىجىسىنى لۈيجاڭلىقتىن شىجاڭلىققا ئۆستۈرۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن، شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلغان شۇ ھەيۋىسىدىن پايدىلىنىپ، يولۋاسنىڭ ئەمەلىنى ئۆستۈرمەي، «ئەلەمنى تاشلاپ قەلەم بىلەن شۇغۇللىنىش»نى، ھەربىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ قۇمۇلنىڭ ھاكىمى بولۇشنى بۇيرۇدى.

يولۋاس ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، ناھىيىنىڭ ھاكىملىق تامغىسىنى قولىغا ئالدى، ئەمما 200 ئەسكىرىنى، قورال ـ ياراغلىرىنى تاپشۇرمىدى، شېڭ شىسەي ئامالسىز قېلىپ ئاغزىنى تۇتۇپلا قالدى.

1934 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇل مەمۇرىي رايونىنى تەسىس قىلىپ، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسىنى ئۇنىڭغا قارايدىغان قىلدى. شېڭ شىسەي بۇنى يولۋاستىن ھەربىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ، لىۋ يىڭلىننى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار باشقارمىسى-



www.uyghurkitap.com



يولۋاس (1889 — 1971)

نىڭ باشلىقى شۈي يۈشېڭنى قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرىنىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقىغا، قوشۇمچە 1 - تۈەننىڭ تۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلەپ، يولۋاسنى ناھىيىگە ھاكىملا بولىسەن، ئەسكىرىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك، دېدى.

ليۇ يىڭلىن ئاۋۋال قۇمۇلغا كېلىپ ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇردى، ئارقىدىنلا شۈي يۈشىڭ ئەسكەر باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەمدىلا لياۋدۇڭگە يېتىپ كېلىشىگە يولۋاس گەپ تارقىتىپ: «شېڭ دۇبەن ليۇ يىڭلىن بىلەن شۈي يۈشىڭنى مېنى ئىككى تەرەپتىن قىسماققا ئېلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتىپتۇ. مېنى بۇلار قىستاۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا مەن قۇمۇلدا قانداق تۇرالايمەن؟ مەن بۇ يەردىن كېتىمەن، ئەمما ئۇلارنى بوش قويۇۋەتمەيمەن، ئاۋۋال ئۇ بىرنەچچىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئاندىن كېتىمەن، بولمىسا دەردىم چىقمايدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوچىلارغا توسۇقلارنى قۇردى، بەزى كوچىلارنى كېسەك بىلەن ئېتىۋەتتى، يەنە ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا ئادەم قويۇپ خادىملارنىڭ ئەركىن كىرىپ - چىقىشلىرىنى چەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن ليۇ يىڭلىن شېڭ شىسەيگە تېلېفون بېرىپ شۈي يۈشىڭنىڭ قۇمۇلغا كىرىشىنى توسۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە ئۆلكە مەركىزىدىن ئادەم كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى يولۋاسقا چۈشەندۈرۈپ ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەي كودىياكزۇكنى ئون نەچچە كىشىلىك ئۆمەكنى باشلاپ يولۋاسنىڭ قىسىملىرىنى ئۆتكۈزۈۋې-

لىشقا قومۇلغا ئەۋەتتى. يولۋاس ئۆمەكنىڭ ئادەملىرىنى ئۆز ئۆيىگە چۈشۈرۈپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئورۇنلاشتۇردى ھەم ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ بېغى ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولغان، گۈللەرگە پۈركەنگەن، باغنىڭ ئىچىدىن بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل باغ ئىدى. يازنىڭ قاتتىق ئىسسىق ۋاقتى بولسىمۇ، باغنىڭ ئىچى بەكمۇ سالقىن ئىدى. ئۈستۈنكى قەۋەتتىن يىراقتىكى قەدىمىي مەسچىت كۆرۈنۈپ تۇراتتى، مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى بىر نەچچە يۈز يىللىق قېرى دەرەخ تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى، ئۇنىڭدىن شاخلاپ چىققان توققۇز شاخ بىر - بىرىگە يۆگىشىپ ئۆزگىچە بىر مەنزىرە پەيدا قىلغاندى، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «توققۇز ئەجدىھا دەرىخى» دەپ ئاتىشاتتى. تېخىمۇ يىراقتا قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، قەبرىلەرنىڭ ئۈستىلىرىگە چاپلانغان رەڭلىك چاق - چۇقلار قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. قەبرىستانلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىغان كاتتا بىر مەسچىت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ مەسچىت ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، غايەت چوڭلۇقى بىلەن قومۇلدىكى كاتتا ئىمارەت سانىلاتتى. يولۋاس مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ياش ناخشىچى، سازچى ۋە ئۇسسۇلچىلارنى تەكلىپ قىلدى.

كودىياكىزۇك ھاراققا ئامراق ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولۋاسنىڭ سىلىق - يۇمشاق گەپلىرىگە، قورال تاپشۇرىمەن، شىڭ دۇبەنگە بويسۇنىمەن، دەپ بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇپ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچتى، ئاخىردا مەست بولۇپ كېتىپ ئورنىدىن تۇرالماي ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى، شۇنداق ھالەتتىمۇ يەنە ھاراق ئىچىمەن، دەپ تۇراتتى. يولۋاسنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قورالسىزلاندۇرۇپ يامۇلغا ئاپىرىپ قويدى.

يولۋاسنىڭ تۇتقۇنلىرىغا ئايلىنىپ قالغان ئۇ ئادەملەر ئەتىـ

سى چۈشتە ئېسىگە كېلىشتى، ئۆزلىرىنىڭ نەدە يېتىشقانلىقىنى
بىلمەيتتى. بىر چاغدا يولۋاس تولۇق قوراللانغان قوغدىغۇچىلى-
رىنىڭ ھىمايىسىدە ئۇلارنىڭ يېنىغا كىردى.
يولۋاس كودىياكزۇكنىڭ يېنىدىن ئېلىۋالغان تاپانچىنى
ئويىنـاپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۈستەل ئۈستىدىكى تېلېفوننى
كۆرسەتتى.
— مەسلىھەتچى ئەپەندى، سىز مېنى قورالسىزلاندۇرغىلى
كەلگەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ، — مېنىڭ بۇرادەرلىرىم سىزنىڭ
ئۇنداق قىلىشىڭىزغا ئۇنىماي سىزنى ئازراق رەنجىتىپ قويۇپتۇ.
ئەسلىدە مەن بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايتتىم. راس-
تىمنى ئېيتسام، مەن سىلەر رۇسلارنىڭ شىنجاڭغا نېمىشقا كەل-
گىنىڭلارنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. بۇ تېلېفون ئارقىلىق شېڭ
دۇبەنگە ئېيتىپ قويۇڭ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىشىنى يەنىلا جۇڭگو-
لۇقلارنىڭ ئۆزى قىلسۇن، بولمىسا سىز موسكۋاغا سالامەت كې-
تىپ خوتۇن - بالىلىرىم بىلەن جەم بولىمەن، دەپ خىيال
قىلماڭ. مەن سىزنى نەنجىڭغا يالاپ ئاپىرىپ، بۇلار بىزنىڭ
شىنجاڭنى قىزىللاشتۇرماقچى، دەپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئەرز
قىلىمەن.
يولۋاسنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان قورقۇنچلۇق كۆزلىرى كو-
دىياكزۇكقا نەشتەردەك تىكىلگەنىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ
چىرايىدا كۈلكە كۆرۈندى.
— ئەمەلىيەتتە، — دېدى ئۇ، — ئىشلارنى ئۆزگەرمەيدۇ
دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مېنى قۇمۇلنىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندان-
لىقىغا تەيىنلىسىلا قۇمۇل رايونىنىڭ تىنچلىنىدىغانلىقىنى يۈقى-
رىغا ئېيتسىڭىز، مەن بارلىق ئىشلارغا تولۇق ھوقۇقلۇق ھالدا
مەسئۇل بولسام ھەممە ئاۋارىچىلىقلار تۈگەيدۇ، — ئۇ
سۆزىنى دەپ بولۇپ، قولىدىكى تاپانچىنىڭ ئاغزىنى، خۇددى
ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىس چىقىۋاتقاندەك بوش پۈۋلەپ قويدى.

كودىياكزۇك ئامالسىز تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى، ئىككى
قېتىم پىرقىرىتىۋەتكەندىن كېيىن، تېلېفون ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدى-
كى باشلىقى، مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ باش مەسئۇلى مالىنى-
كوفنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇلاندى. ئاندىن ئۇ بۇ يەردە بولغان ئىش-
لارنى ئۇنىڭغا روسچە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلى-
كى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، شېڭ شىسەي بۇ ئىش يامان
تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ كەتسە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەس-
لىھەتچىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يول-
ۋاسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى قۇمۇلنىڭ ئامانلىق ساقلاش
قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. كودىياكزۇك ئۇزۇنغا قالماي ئۈرۈم-
چىدىن غايىب بولدى.

شېڭ شىسەي قوشۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشتىن
باشقا ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتلىرىنىمۇ قۇردى.

شېڭ شىسەي تولىمۇ گۇمانخور ئىدى. ئۈرۈمچىدە يۈز بەر-
گەن 2 ـ قېتىملىق 26 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن
كېيىن، ئۇ قارا خۇرۇم تاشلىق بىر خاتىرە دەپتەر تۇتتى، بۇ
دەپتەرنى زادىلا يېنىدىن ئايرىمايتتى. دەپتەر ئادەم ئىسىملىرى
بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان قۇلاقلىرى ئۇ-
نىڭغا مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلسا، ئۇ دەرھال
شۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنىڭ ئاستىغا پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغان ھەرخىل
بەلگىلەرنى سىزىپ قوياتتى.

ئەڭ بالدۇرقى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى ئۇنىڭ ھەربىي مەك-
تەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ۋاڭ يۇشۇ ئەترەت باشلىقى بولغان
چارلاش ـ تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىدى. بۇ ئەترەتنىڭ ئاساسلىق
ۋەزىپىسى ھەرقايسى نازارەتلەر، باشقارمىلار، ئورگانلار، مەك-
تەپلەر ۋە ھەربىيلەر ئىچىدىكى شېڭ شىسەي بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈ-
مىتىدىن نارازى كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى يىغىپ توپلاش
ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانى-

سىنىڭ ئەتراپىدا غەلىتە ئادەملەر كونسۇلخانىغا كىرىپ ـ چىقىـ ۋاتقانلارنى، كونسۇلخانىنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى، نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ئادەملەرگە ئارخىپ تۇرغۇزۇلاتتى.

چارلاش ـ تەكشۈرۈش ئەترىتى ئۈچ ئايلا ھۆكۈم سۈرۈپ، 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دۇبەن مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن، تەپتىش باشقارمىـ سى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جاڭ يىۋۇ، ۋاڭ لىچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى پروخوتكا (خەنـ زۇچە ئىسمى باۋ گونىڭ) باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش باش باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئاشكارا جامائەت خەۋپسىزلىكى تەشكىلاتى ئىدى، ئۇنىڭغا شېڭ شىسەي ئۆزى قوشۇمچە باشلىق، جاڭ يىۋۇ مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى، باۋ گونىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ۋاڭ لىچۈن شاڭشياۋ دەرىـ جىلىك باش كاتىپ بولدى. بۇ ئىدارىنىڭ ئاستىدا يەتتە بۆلۈم (لاۋازىمەت بۆلۈمى، ئەسكىرىي ئىشلار بۆلۈمى، سىياسىي بۆـ لۈم، مىللىي ئىشلار بۆلۈمى، چەت ئەل بۆلۈمى، ئىقتىساد بۆلۈمى، تەپتىش بۆلۈمى)، بىر ئىشخانا (فۇگۇەنلەر ئىشخانىـ سى) بار ئىدى. ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ ئىسمىلىرىدىن ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەك قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىراجىتى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي خىراجىتى بىلەن شېڭ شىسەي ئۆزى بىۋاسىتە تۇتىدىغان دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە خىراجىتىدىن كېلەتتى. مەخپىي قوللاقلارنى ياللاش، ئاخبارات توپلاش ۋە كەلگەن ئاخباراتلارنى توپلاشقا نۇرغۇن پۇل كېتىدىغان بولغاچقا، بەزى تۈرلەرنى ئاشكا- رىلاشقا بولمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنىڭ ئومۇـ مىي سانىنى ئېنىقلاش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. بۇ ئىدارىدە ئىشـ لەيدىغانلارنىڭ تەمىناتى يۇقىرى ئىدى، ئەمەلىي دەرىجىسىگە يەنە

بىر دەرىجە قوشۇپ مائاش بېرىلەتتى، مەسىلەن، شاۋشياۋ دەرىجىلىكلەر جۇڭشياۋ دەرىجىلىكلەرنىڭ مائاشىنى ئالاتتى.

توپلانغان ئاخباراتلار ئىككى نۇسخا تەييارلىنىپ، بىر نۇسخىسى شېڭ شىسەيگە، يەنە بىر نۇسخىسى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسلىھەتچىگە يەتكۈزۈلەتتى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى بىلەن تېخنىكا خادىملىرىنىڭ توپلىغان ئاخباراتلىرىدىن پايدىلىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە ئۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزۈن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىلىق خادىملار ئورگاندا خىزمەت قىلسا ئاسانلا سىرتتىكىلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدىكەن، دېگەن باھانە بىلەن باۋ گونگئنى كەتكۈزۈۋەتتى. سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نامى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئورنىنىڭ نامىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولغاچقا، ئاسانلا كىشىلەرنىڭ گۇمانى ۋە نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن، دېگەن باھانە بىلەن 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنى يەنە شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. جاڭ يىۋۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، قوشۇمچە مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى بولدى، دائىرىسىمۇ كېڭەيتىلدى. بىرىنچى قول ۋە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، كاتىبات باشلىقى بولغاندىن باشقا، يەنە كاتىبات ئىشخانىسى، بوغالتىر ئىشخانىسى، قوغداش گۇرۇپپىسى (دۆبەن بىلەن رەئىسنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا مەسئۇل)، ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى، سەككىز بۆلۈم، بىر ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى (خىيانەت قىلىپ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق، زەھەرلىك بۇيۇملارنى توشۇش، سېتىش قاتارلىق دېلولارنى سوت قىلىشقا مەسئۇل) تەسىس قىلىندى. سەككىز بۆلۈم ئىچىدە لاۋازىمەت بۆلۈمىدىن باشقا بۆلۈملەرنىڭ ھەممىسى ھەرخىل ئاخباراتلارنى توپلاش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ «سەزگۈر بۇرۇتى» ھەرقايسى تەرەپلەرگە سوزۇلغان

بولۇپ، شىڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭدا ھېچقانداق نەرسە نەزىرى-
دىن چۈشۈپ قالمايدىغان مەخپىي ساقچى تورىنى يېيىپ بولدى.

ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر
يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ھەممىلا يەردە تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىك-
تىن كىشىلەرنى قاتتىق قورقۇنچقا سېلىۋەتكەنىدى. شىڭ شىسەي
خەلقنىڭ رايى ۋە مەركەزدىن ۋاڭ لىشياڭنىڭ سالاھىيىتىنى
تەكشۈرۈش ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم تېلېگراما كەلگەنلىكىنى
باھانە قىلىپ، 1936 - يىلى قىشتا ۋاڭ لىشياڭنى سوۋېت
ئىتتىپاقىغا يولغا سېلىپ قويدى، ئارقىدىنلا ئامانلىقنى ساقلاش
باش ئىدارىسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىد-
ۋەتتى. ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئامانلىق ساقلاش شۆ-
بە ئىدارىلىرىنىمۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى قىلىپ
ئۆزگەرتتى، مۇھىم يېزا - كەنتلەر ۋە يايلاقلاردا يەنە جامائەت
خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىلىرى تەسىس قىلىندى. جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا شاۋجياڭ دەرىجىلىك جاڭ
يىۋۇنى، مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە ئامانلىقنى ساقلاش
بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا لىۋ شيەنچېننى تەيىنلىدى.

يۇقىرىدىكى تەشكىلاتلار مەيلى ئاشكارا ياكى مەخپىي بول-
سۇن، ھەممىسى شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى بو-
لۇپ، ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى، كىرەلمەيدىغان يېرى يوق
ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىڭ شىسەي نۇرغۇن ئادەمنى ئىشپىيون-
لۇققا مەخپىي سېتىۋېلىپ ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى
بىلەن خادىملىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى يوشۇرۇن كۆزىتىشكە
قويدى. ئۇ ئىشپىيونلارنىڭ ئۆزىمۇ نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيې-
كتلار ئىدى، ئەمما بۇنى ئۆزلىرى بىلمەيتتى. بۇ ئادەملەر
بىۋاستە شىڭ شىسەيگە بويسۇناتتى. شىڭ شىسەينىڭ فۇگۇەنى
جاۋ جيەنفېڭ مۇنداق دېگەن: «ئۇ چاغلاردا ھەر كۈنى كېچىسى
ئۈچ - تۆت ئادەم كېلىپ شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشەتتى،
ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربىر مىللەتتىن بار ئىدى. مەن ئۇلارنى

باشلاپ كىرىپ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشتۈرەتتىم. بەزى ئاخباراتلارنى خەت بىلەن يېزىپ يوللاشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار شېڭ شىسەيگە ئېغىزدا يەتكۈزەتتى.»

قىسقىسى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مەخپىي پايلاقچىلار كۆپ ئىدى، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى يەتكۈزۈلىدىغان ئاخباراتلارمۇ، ئارخىپلارمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ باراتتى، ھەممە ئادەم ئۆزىدىن ۋايىم يەپلا يۈرگەچكە، كىشىلەر ئارىسىدىكى بېرىش - كېلىشلەرمۇ ئازلاپ كەتكەنىدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدىن نارازى بولىدىغان سۆزلەرنى ئاشكارا قىلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## 7 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلى

1935 - يىلى 5 - ئايدا، ستالىن مەردلىك قىلىپ شېڭ شىسەيگە بىر قېتىمدىلا 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز بەردى. ئۇ پۇلنى تاشيول ياساش، ئېلېكتر ئىستانسىسى، پاختا زاۋۇتى، ماي زاۋۇتى قۇرۇش شەرتى بىلەن بەرگەنىدى. قەرزنى يۆتكەش يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن قايتۇرۇش بەلگىلەنگەنىدى.

شېڭ شىسەي بۇ قەرزنى ئېلىش - ئالماسلىق ئۈستىدە كۆپ ئويلانغانىدى. قەرز ئالمىسا، ئۇرۇش يىغىلىقلىرى كۆپ بولۇپ خەلق گادايلىشىپ كەتكەن، يېزىلار خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئىشىغا تېز تۇتۇش قىلمىسا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن؛ قەرز ئالاي دېسە، ئەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلىپ قېلىپ سۈرۈشتۈرۈپ قالسا قانداق جاۋاب قىلغىلى بولىدۇ؟ قەرزنى شەخسىي ئالسا، قاملاشماي قالسا تۈرمىدە ياتىدىغان گەپ. ئاخىر ئۇ كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان، يەنى قەرز ئالىدىغان، ئەمما مەسئۇلىيىتىنى بىر ئادەم ئۈستىگە ئالمايدىغان چارىنى ئويلاپ تاپتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ لى رۇڭ بىلەن بىرلىشىپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگىراممىا يوللاپ، قەرز ئېلىشتىكى مەقسەتنى «ئىگىلىك ۋەيران بولۇپ ئامالسىز قالدۇق» دەپ يازدى ۋە بۇ قەرزدە ھېچقانداق سىياسىي مەقسەت يوق، نوقۇل سودا خاراكتېرىدىكى قەرز ئېلىش، دېدى. يەنە «تەڭرىتاغ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىغا قاتناشتۇرۇپ جامائەت پىكرى توپلىدى.

شېڭ شىسەي شۇنداق دېدى: «ئەسلىدە چەتتىن قەرز ئېلىش بىر يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس ئىدى، بىراق نۆۋەتتىكى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا شۇنداق قىلمىساق خەلققە بەرگەن ۋەدىمىزنى ئاقلىيالمايمىز، ھەربىي ۋە مەمۇرىي خىراجەتلىرىمىز ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى غالچىلىرىنىڭ توپىلاڭلىرىنى تارمار قىلىشىمىزغا، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىزغا ياردەم قىلدى. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە ئىشىنىمىز. مەركىزىي ھۆكۈمەت بىزگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا بىز ئۇلارنىڭ بىزگە سۇنغان دوستلۇق قولىنى قەتئىي ھالدا قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.»

شېڭ شىسەي تەكىتلەپ يەنە مۇنداق دېدى: «بىز ۋەتىنىمىزنىڭ بىر غېرىچ يېرىنى، ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى ساتقىنىمىز يوق، دوست قوشنىمىزمۇ بىزگە ھېچقانداق بىر قوشۇمچە شەرت قويمىدى، بۇ ئىككى نۇقتىدا ھەرقايسىڭلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشىڭلارنى سورايمەن.»

ئەڭ ئاخىردا شېڭ شىسەي شۇنداق دېدى: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىككى قېتىم مەلۇم قىلىپ تېلېگىراممىا يوللىدى، ئەگەر مەركەز بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ قالسا مەسئۇلىيەتنى پېقىر بىلەن لى رەئىس ئىككىمىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز.»

شېڭ شىسەينى كىممۇ ئەيىبلىيەلىسۇن؟ شىنجاڭنىڭ قە-

يىنچىلىقى شۇنچە چوڭ تۇرسا، نەنجىڭ ماڭا يەيدىغانغا بىر نەرسە بەرمىسەڭ، ئۇنى ئاز دەپ تىلەمچىلىك قىلىپ قورساق بېقىشىمغىمۇ يول قويمىساڭ، بىزنى ئاچ قېلىپ ئۆلسۇن دەمسەن؟

شېڭ شىسەينى كىم ئۇچۇق - ئاشكارا ئەمەس دېيەلىسۇن؟ ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئالىدىغانلىقىنى دېدى، ئەمما سۈرۈشتۈرۈلۈپ قالسا.

ئەمەلىيەتتە، شېڭ شىسەينىڭمۇ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. پۇل قەرز ئېلىشقا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى قوشۇلغان تۇرسا، مەسئۇلىيەتنى ئۇ بىر ئادەم ئۇستىگە ئالاتتىمۇ؟ ئەڭ ياخشى يېرى، بۇرھاننى كېلىشىمگە قول قويىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىككە تەيىنلىگەن تەيىنلەشنامىگە لى رۇڭ بىر ئادەم ئەمەس 13 ھەيئەتنىڭ ھەممىسى قول قويغانىدى. كونىلارنىڭ: «قانۇننىڭ كۆپكە كۈچى يەتمەيدۇ» دېگەن گېپى بار. ئەگەر بۇ ئىش سۈرۈشتۈرۈلۈپ قالسا 13 ئادەمنىڭ ھەممىسى مەسئۇل بولىدىغان گەپ. شېڭ شىسەي كۆرەڭلەپ تۇرۇپ باشقىلارغا: «مەن يوشۇرۇن ئىش قىلمايمەن، جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يوشۇرۇن سودا كېلىشىمى ئىمزالىغانىدى، ئاخىر بېرىپ تۈرمىدە ياتتى» دېدى.

كېلىشىمنامىدە بۇ 5 مىليون رۇبلى خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ، دېيىلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماي، بىر قىسمىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراغ، ھەربىي ئايروپىلان قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى. 15 يىلدىن كېيىن، يەنى 1950 - يىلى، تەيۋەنگە قېچىپ بېرىۋالغان شېڭ شىسەي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىزگە قەرزگە ساپلا كۈمۈش بەرگەن، ئۇ كۈمۈشلەرنى ئىشلىتەلمەي، ئامالسىز ئامبارغا قويۇپ قويدۇق. كېيىن ئۇ كۈمۈشلەرنى 50 مىڭ سەر ئالتۇنغا قوشۇپ شىنجاڭنىڭ مىتال پۇلى ئورنىدا ئىشلىتىۋەتتۇق، دېگەن.

1937 - يىلى 1 - ئايدا، ستالىن شېڭ شىسەيگە يەنە 2

مىلىيون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز بەردى. شېڭ شىسەي بۇ پۇل بىلەن ئۆزىنىڭ «ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى»نى باشلاپ، كۆۋرۈك ياساش، تاشيول ياساش، كان ئېچىش، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش، چارۋىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش، تېلېفون سىمى تارتىش، مەكتەپ سېلىش، شىنجاڭ گېزىتخانىسىنى قۇرۇش، دوختۇرخانىلارنى كۆپەيتىپ سېلىش، ئامبولاتورىيە سېلىش، ساۋەتخانىلارنى قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىنى ئالساقمۇ، ئۇنىڭ قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. نەنمېن سېپىل دەرۋازىسى چېقىلىپ ئالدىغا مەدەنىيەت مەيدانى بەرپا قىلىندى. ھەر كۈنى كىشىلەر بۇ مەيدانغا كېلىپ مەيداندا قويۇلۇۋاتقان ئويۇنلارنى كۆرىدىغان، ياپونغا قارشى نۇتۇقلارنى ئاڭلايدىغان بولدى. ئىلگىرى قىش پەسلىدە كوچىلارنىڭ



ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىكى ئۈرۈمچى كوچىلىرى

قاسناقلىرىدا قارلار دۆۋىلىنىپ كېتەتتى، ئۇنىڭغا تۆكۈلگەن ئەخلەت، تەرەتلەر قوشۇلۇپ تاغدەك بولۇپ كېتەتتى، ئەتىيازدا

www.uyghurkitap.com

ئېرىپ كوچىلار مەينەتچىلىككە پاتاتتى، پاتقاقنىڭ دەستىدىن ماڭغىلى بولمايتتى. ئەمدى هازىر بۇ كوچىلار ياسىلىپ، ئازادە، پاكىز كوچىلارغا ئايلاندى، چوڭ ـ چوڭ بايراملاردا مىڭلىغان نامايىشچىلار شىڭ شىسەينىڭ ھەربىيچە كىيىنىپ چۈشكەن چوڭ سۈرىتىنى، بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ، شىر ئويۇنلىرىنى ئوينىشىپ بەخۇدۇك ماڭالايدىغان بولدى.

كېچىلىرى داشىزىنىڭ كوچىلىرى ئېلېكتر چىراغلارنىڭ يورۇقىدا يوپيورۇق تۇرىدىغان، كىنوخانىلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنولىرى قويۇلۇپ تۇرىدىغان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشمىلىرى، ئاممىۋى مائارىپ ئۆيلىرى قۇرۇلۇپ ھەرخىل پائالىيەتلەر بولۇپ تۇرىدىغان بولدى، خەلقنىڭ روھى كۆتىرىلىشكە باشلىدى.

كوچىلاردا ئات، ئېشەك، كالا هارۋىلىرىدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ ھەرخىل پىكاپلىرى توختىماي چېپىپ تۇرىدىغان، ماگىزىنلاردا، دۇكانلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرخىل پاختا، يۇڭ رەختلىرى، شېكەر، قەنتلىرى، سەرەڭگىلىرى، مىس، تۆمۈر، ئاليۇمىن سايمانلىرى، خۇرۇم ئاياغلار، يېمەكلىكلەر، تۈرلۈك كونسېرۋالار ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تۈرلۈك يېڭى ئاتالغۇلارمۇ ئۈزلۈكسىز تۇردە كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.

## جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»

1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. شىڭ شىسەينىڭ يۇرتداشلىرى، ساۋاقداشلىرىدىن «ئون چوڭ دوك-



«جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ مۇقاۋىسى

تور» دەپ نام ئالغان خې يۈجۈ قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرقىي شىمال، بېيجىڭ، تيەنجىنلەردىن شىنجاڭدا ئىش تەۋرىتىۋاتقان شېڭ شىسەينىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي يېتىپ كېلىشتى.

شېڭ شىسەي خې يۈجۈغا شۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئەنگلىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىرى تالىشىۋاتقان جاي، شۇڭا مەن جاھانگىرلىككە قارشى بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ شىنجاڭدىكى 4 مىليون ھەرمىللەت قېرىنداشلىرىمىزنى بۇ سەپكە چاقىرىشىم ۋە ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشۇم كېرەك. سىز ماڭا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر تەشكىلات قۇرۇپ بېرىڭ. ئۇ تەشكىلاتقا ئۆزىڭىز مۇدىر بولىسىز، باشقىلار، مەسىلەن، ۋاڭ لىشى، شۇي ليەنلەر تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولسۇن. چېن چىمىڭ بىر ئاز ياش، شۇڭا ئۇ ياشلار خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولسۇن. مائارىپ، ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ھەممىسى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشسۇن. بۇ تەشكىلاتنى بىز كۈچلۈك بىر سىياسىي تەشكىلات، سىياسىي پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.»

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكە مەركىزىدىن تۆۋەندىكى يېزا - كەنتلەرگىچە ئۇنىڭ تارماق ئورگانلىرىمۇ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇيۇشمىنىڭ پائالىيىتى تولىمۇ جانلىق ئىدى، تام گېزىتلەرنى چىقىراتتى، ناخشا ئېيتىش، دراما ئويناش پائالىيەتلىرىنى ۋە كەچلىك يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. خەلق مەكتەپلىرى، كەچ كۇرسلار، ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى، ئىقتى-

ساد قىلىش، ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرى، ئەمگەك مۇسابىقىلىرى ئېلىپ بېرىلدى، ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ئاممىنى قوزغاپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئالدىنقى سەپتىكىلەرگە ياردەم بېرىلدى.

1935 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نەشر قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزاسى يۇ شيۇسۇڭ بىلەن «ئون چوڭ دوكتور» نىڭ بىرنەچچىسى بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى بولدى. بۇ ژۇرنالنىڭ باش يۆنىلىشى جاھانگىرلىككە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەڭ چوڭ ئارقا سەپ بولغان شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىدى.

«جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» باشتىن ـ ئاخىر شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى بولۇپ كەلدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپلىقىنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خې يۈجۇ، يۇ شيۇسۇڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى خۇاڭ خوچىڭلار ئۈستىگە ئالدى. كېيىن شېڭ شىسەي بۇ ئۇيۇشمىنى گومىنداڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تاقابىل تۇرىدىغان «ئۈچىنچى سىياسىي گۇرۇھ» قا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن مەلۇم نەزەرىيە ئاساسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ ئون چوڭ پروگراما، سەككىز چوڭ خىتابنامە، توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە، ئۈچ چوڭ ۋەزىپە، بەش چوڭ سىياسەت قاتارلىق نىشان ۋە شوئارلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. 1935 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۇقىرىدىكىلەرنى يۇغۇرۇپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئالتە سىياسەت: «جاھانگىرلىككە قارشى تۇ-

رۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» ئىدى. بۇ ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى بويىچە «ئون چوڭ دوكتور» بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىلغار سىياسەت ئىدى.

«جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش» جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان بارلىق جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا، ما جۇڭيىڭدىن باشقا غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ جاسۇسلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا قارىتىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەي بۇ شوئارنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ، ئۆزىنىڭ بارلىق سىياسىي دۈشمەنلىرى بىلەن ئۆزى نارازى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرى دەپ قاراپ، ئۇلارنى يوقىتىش، تۇتۇش، سولاش، ئېتىپ تاشلاشلارنىمۇ جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكەت ئىچىگە كىرگۈزۈۋالدى.

«سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش»نىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئۆتۈش، ھەممىدە ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىش ئىدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا قارىتا چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىنى يولغا قويدى، شېڭ شىسەيمۇ بۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرنى تازىلاشنى كېڭەيتىۋەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇلارنىڭ تروتسكىچىلارنى تازىلاشلىرىغا ماسلىشىپ، ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى گۇمانلىنىپ قالغان شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلىرىنى تۇتۇپ ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەم تروتسكىچىلارنى تازىلىغان، ھەم ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەن، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇنىڭغا

هەيران بولۇپ ئاغزىنى تۇتۇپلا قالدى.

«مىللەتلەر باراۋەر بولۇش» سىياسىي جەھەتتە خوجانىيازنى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىش، ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەرگە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بىرىنچى قول ۋە مۇئاۋىن ئەمەلدارلارنى قويۇشقا قارىتىلغاندى. ئۇ مەدەنىيەتتە مىللەتلەرنى شەكىل، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى مەزمۇن قىلغان ھەر-



1937 - يىلى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا چۈشكەن خاتىرە سۈرەت (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن سولغا: شۈي ليەن، لى رۇڭ، شېڭ شىسەي، جاڭ شىن، 2 - رەت سولدىن 2 - كىشى بۇرھان شەھىدى)

قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى تەشەببۇس قىلدى؛ تەرجىمە ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، دەرسلىك كىتابلارنى، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى؛ چوڭ يىغىنلاردا ئۇيغۇر، رۇس، موڭغۇل، قازاق تەرجىمانلىرىنى ئىشلەتتى؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇردى، بۇ ئۇيۇشمىلارنى مەكتەپ ئېچىشقا رىغبەتلەندۈردى.

«پاك بولۇش»تا خىيانەتچى - پارىخور بولماسلىق تەشەببۇس قىلىندى. 100 يۈەندىن 299 يۈەنگىچە خىيانەت قىلغانلارغا بىر يىلدىن يۇقىرى، بەش يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىش، خىيانىتى 500 يۈەندىن ئاشقانلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش بەلگىلەندى. قاتتىق جازالاش تەدبىرى قوللىنىلغانلىقتىن خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى. لېكىن، پۇلنى دەپ ھاياتىنى ئويلاشمايدىغانلار يەنە چىقىپ تۇردى. مەسىلەن، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھا-



www.uyghurkitap.com

كىمى شۇي ۋېنبىك، جىمىسار ناھىيىسى-نىڭ ھاكىمى ۋۇ جېنباڭ، كۇچا ناھىيە-لىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتار-لىقلار خىيانەت قىلغانلىقتىن شېڭ شىسەي ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتقۇزۇۋەتتى. شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ جەمەتلىرى بۇ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايتتى، ئەلۋەتتە.




1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، شېڭ شىسەينىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 22 يىللىقى-نى تەبرىكلەپ «جاھان-گىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 2 ـ سانىغا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى

«تىنچ بولۇش»، «قورۇلۇش ئېلىپ بېرىش» «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ماددىسى، ئۇلارنىڭ مەنى-لىرىنى سۆزلىمىسەكمۇ ناھايىتى ئېنىق.

شىنجاڭنىڭ يۇقىرىلىرى شىنجاڭنىڭ تارىخىدا پەقەتلا بولۇپ باقمىغان، ئىلغار ئەھمىيەتكە، ئىگە بۇ سىياسەتنى ئىچ ـ ئى-چىدىن قوللىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەي مۇشۇ سىياسەتلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ ستالىندىن ئۈزۈل-دۈرمەي ياردەم ئېلىپ تۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مۇشۇ سىياسەتلەرنى شېڭ شىسەي بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلدى، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولىدا مېڭىپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي مۇھىتىدا كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىق، كومپارتىيە تەشكى-لاتلىرىنى قۇرماسلىق كېرەك. «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» شىن-جاڭغا ماس كېلىدىغان ئەڭ ياخشى سىياسەت، كومپارتىيە ئەزالى-رى بۇ سىياسەتنى ئۆزىنىڭ سىياسىتى قاتارىدا كۆرۈپ ئىجرا قىلىشلىرى شەرت، دەپ ھېسابلىدى ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى چوڭ ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ۋە قۇرۇپ چىقىش، موسكۋا بىلەن يەنئەن ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي بۇيۇملار بىلەن ئادەم توشۇيدىغان بۇ خەلقئارالىق يولنى ساقلاپ

www.uyghurkitap.com

قېلىش ئۈچۈن مەركەزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر-
لىرىدىن چېن يۈن، تېڭ دەيىيۈەن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋ
زېمىن قاتارلىق مۇنەۋۋەر كادىرلارنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەت-
تى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ دوستلۇقى 1938 - يىلى
ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

## چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى

1936 - يىلى، دۇبەن مەھكىمىسىدە يەنە بىر يېڭى
ئورگان — چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى. بۇ 3 -
ئىنتېرناتسىئونال ئاخبارات ئىدارىسى قۇرغان، ئاساسلىقى شىنـ-
جاڭ چېگراسى سىرتىدىكى ھەربىي ئاخباراتلارنى توپلايدىغان ئور-
گان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى ئۆز
دۆلىتىنىڭ كۆپ يىللىق ئالاھىدە خىزمەتلەر تەجرىبىسى، شىنـ-
جاڭنىڭ يەۋقۇلئاددا جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ئاساسەن شېڭ شى-
سەيگە تەكلىپ بېرىپ قۇرۇلغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى مالانچىيىف
شېڭ شىسەيگە:

— شىنجاڭ سىز ۋە بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم جاي.
شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، شىنجاڭنىڭ تۆت ئەتراپى بىزدىن
باشقا دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ئورالغان، ھەممىسىلا شىنجاڭنى
ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشنى ئويلايدۇ. شۇ-
ڭا، ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاخباراتلىرىنى ئوغ-
رىلاپ، ئالدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تاقابىل تۇرۇش كېرەك، بۇ
ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداق قىلمىساق دۈبەنلىك ئورنىڭىزدا بىر
كۈنمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالمايسىز، — دېدى.

شېڭ شىسەي بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى.

— شۇڭا، — دېدى مالانچىيىف سۆزىنى داۋاملاشتۇ-

رۇپ، — بىز شىنجاڭدا مەخسۇس شىنجاڭ چېگراسى سىرتىدىكى
ئاخباراتلارنى توپلايدىغان ئاخبارات ئورگىنى قۇرۇشىمىز كې-
رەك، ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىز، قۇلىقىمىز، بۇرنىمىز بولىدۇ.

مالانچېيىف ئالدىدىكى قەھۋەدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، ئاندىن
شېڭ شىسەينىڭ ئىنكاسىنى كۆزەتتى.

شېڭ شىسەي، مۇشۇنداق بىر ئورگاننىڭ بولۇشى ھەقىقەتەن
ياخشى ئىش، ئەمما ئۇنىڭغا كىم رەھبەرلىك قىلىدۇ؟ قولغا
كەلگەن ئاخباراتلاردىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟ ئادەم، تېخ-
نىكا ۋە مەبلەغنى نەدىن چىقىرىش كېرەك؟ دەپ ئويلاۋاتاتتى.
مالانچېيىف شېڭ شىسەينىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگەن-
دەك:

— ئەگەر سىز قوشۇلسىڭىز، مەبلەغنى، خادىملارنى، تېخ-
نىكا ئۈسكۈنىلىرىنى بىز چىقىرىپ ياردەم بېرىمىز. كونكرېت
ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى توغرۇلۇق بىز بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا قوي-
ساق، دۈبەن تەكشۈرۈپ بېكىتسە بولىدۇ، — دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى تۈزگەن لايىھە ناھايىتى
تېزلا شېڭ شىسەينىڭ ئۈستىلى ئۈستىدە پەيدا بولدى. لايىھەدە
شۇنداق دېيىلگەنىدى:

شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ھىندىستان، ئافغانىس-
تان ھەتتا ئامېرىكىنىڭ ئاخباراتلىرىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.
بۇنىڭ ئۈچۈن تاشقورغان، خوتەن، چەرچەنلەردە ئۈچ ئىش باشقۇ-
رۇش ئورنى قۇرۇش كېرەك.

شەرقىي شىمال تەرەپتىن گەنسۇ، سۈييۈەن ئارقىلىق ياپونى-
يىگە دائىر ئاخباراتلارنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ؛ شەرق ۋە جەنۇب
تەرەپتىن گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىزاڭ ئارقىلىق گومىن-
داڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ۋە غەربىي شىمالدىكى ما جۇڭ-
يىڭ قوشۇنىغا دائىر ئاخباراتلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا،
شىڭشىڭشيادا بىر ئىش باشقۇرۇش ئورنى، لەنجۇدا ئىككى ئاخبا-

www.uyghurkitap.com

رات .گۇرۇپپىسى قۇرۇش كېرەك.

بىرىنچى ئاخبارات گۇرۇپپىسى يەرلىك مەھسۇلاتلار سودىسى، يەنى يۇڭ، تېرە تىجارىتى قىلىشنى نىقاب قىلىدۇ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيلەردە ئون نەچچە يۇڭ، تېرە سېتىۋېلىش پونكىتلىرى بولىدۇ، ھەممىسى ئاخبارات توپلاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىككىنچى ئاخبارات گۇرۇپپىسى شىنجاڭ يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ لەنجۇدىكى تارماق شىركىتىنى نىقاب قىلىدۇ، ئۇ ئاخبارات توپلاشتىكى ئەڭ مۇھىم ئورگان.

ئۇنىڭدىن باشقا، جيۇچۈەن، ئېرىلىزى دەرياسى، شىنىڭ تەرەپلەردە سودا دۇكانلىرىنى ياكى دەڭ - سارايلارنى قۇرۇپ، شۇلارنىڭ نىقابى ئاستىدا ئاخبارات توپلايدۇ ھەم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تورنى تېخىمۇ يىراق جايلارغا يېيىشنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا شېڭ شىسەي قوشۇمچە باشقارما باشلىقى بولىدۇ، ۋۇ زوجۇن (مۇھاجىرەتچىلەر تۆەنىنىڭ تۆەنجاڭى) بىلەن چېن پېيشېڭ (سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ھەقىقىي ئىسمى ليۇ جىنجۇڭ) مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولىدۇ.

كەسپىي ئىشلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىلىق شاۋجياڭ دەرىجىلىك باش ھەربىي ئوقۇتقۇچى، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسلىھەتچىسى مالانچېيىف مەسئۇل بولىدۇ.

باشقا ئاساسلىق ئەمەلدارلار:

شاڭشياۋ دەرىجىلىك مۇئاۋىن باش مەسلىھەتچى ۋىنىكوف ئاخبارات خادىملىرىنىڭ مەشىقىگە مەسئۇل.

جۇڭشياۋ دەرىجىلىك ھەربىي ئوقۇتقۇچى ۋولوف دۆلەتنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئاخبارات تورلىرىنى تەشكىللەشكە ئادەم تەيىنلەيدۇ.

جۇڭشياۋ دەرىجىلىك ھەربىي ئوقۇتقۇچى مېدانوف ئاخبارات

تەھرىرى، تەرجىمان.

ئاندرېيېف تەرجىمان.

جۇڭشياۋ دەرىجىلىك ھەربىي ئوقۇتقۇچى ۋارناكوف، مانكوف تېلېگراف يوللاشنى مەشىق قىلىش، باش تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى، ئاخبارات قوبۇل قىلىش ئاپپاراتلىرىنى رېمونت قىلىش، ئاسراش ئىشلىرىغا مەسئۇل.

شاۋجياڭ دەرىجىلىك ژانگىن فوتو سۈرەت ۋە فوتو سۈرەتلەرنى كىچىكلىتىپ قويۇپ بېرىشكە مەسئۇل.

فرانسىيىلىك تېخنىك ماناس رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باش مەسئۇلى.

بارلىق ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلارنى ۋە چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تەمىنلەيدۇ.

جايلاردىن كەلگەن بارلىق ئاخباراتلار ئۈچ نۇسخا كۆپەيتىپ يېزىلىپ، بىر نۇسخىسى شېڭ شىسەيگە، بىر نۇسخىسى باش ھەربىي ئوقۇتقۇچى بىلەن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىغا، بىر نۇسخىسى ئالاقىدار بۆلۈمچىلەرگە يوللاپ بېرىلىدۇ.

بۇ لايىھە بەكمۇ ئەتراپلىق تۈزۈلگەن بولۇپ، ئېلىۋېتىلىدىغان، قوشۇدىغان بىرمۇ يېرى يوق ئىدى، شېڭ شىسەي بۇ لايىھەدىن تولۇق رازى بولۇپ، بارلىق ئىشلارنى مۇشۇ لايىھە بويىچە ئىجرا قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن دۇبەن مەھكىمىسىدىكى 3 - ئىنتېرناتسىئونال ئاخبارات باشقارمىسىغا تەرەپ - تەرەپتىن ئاخباراتلار كېلىشكە باشلىدى. شېڭ شىسەي ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئۆزى تاللىدى. 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن باشقارمىنىڭ خادىملىرى 100 دىن ئېشىپ كەتتى. بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى خادىملارنىڭ ھەممىسى مالانچېيىفنىڭ نازارىتى ئاستىدا تەشكىلەگە سادىق بولۇش، ئۇنىڭغا ھەرگىز خائىنلىق قىلماسلىق توغرى-

ىسىدا قەسەم بېرەتتى، بولمىسا قاتتىق جازاغا ئۇچرايتتى.

## مامۇت بىلەن ما خۇشەننىڭ يوقىتىلىشى

1937 - يىلى شىڭ شىسەي كۆپ ئىشلارغا يولۇققان بىر يىل بولدى.

شۇ يىلى قۇمۇل، قەشقەر، خوتەندىكى يولۋاس، مامۇت، ما خۇشەنلەر ئارقا - ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى قوشۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشتا بۇ جايلاردىكى مىللىي قوراللىق كۈچلەرنىڭ مەسىلىلىرى تېگىزىدىن هەل قىلىنماي، ئۇلارنىڭ كۆپى ساقلىنىپ قېلىپ يوشۇرۇن ئاپەت پەيدا بولغانىدى. ئەمدى هازىر بۇ زىددىيەتلەر پارتلاپ يارىمۇ ئېغىز ئېلىشقا باشلىغان، يارنى ئوپېراتسىيە قىلىۋېتىشنىڭ پۇرسىتىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى.

مامۇت تۇرپان ئاستانىلىق چوڭ پومېشچىك بولۇپ، 1933 - يىلى 12 - ئايدا خوجانىيازغا ئەگىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن، ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان، ئۇنىڭدىن بىرقەدەممۇ ئايرىلىپ باقمىغانىدى. 1934 - يىلى 8 - ئايدا، خوجانىياز شىنجاڭ ئۆلكىسىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغاندا، مامۇت قەشقەردە قېلىپ 6 - شىنىڭ شىجاڭى بولغانىدى، قول ئاستىدا 1 مىڭ 500 ئادىمى بار ئىدى. ئۇ ئەنگلىيىگە يېقىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزمنى يولغا قويىدۇ، كوممۇنىزم بولسا دىنغا قارشى تۇرىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەتۈر يول تۇتۇپ، مەسچىت ياسىتىپ هەممە ئادەمنىڭ بەش ۋاخ ناماز ئۆتىشىنى بەلگىلىدى، «ئۆشرە»، «زاكات» دېگەن دىنىي باجنى مەجبۇرىي يىغدى، ئۇيغۇر يېزىقىدا «يېڭى تۇرمۇش گېزىتى»نى چىقىرىپ «ئىسلام

دۆلىتى» قۇرۇش توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. خوجانىياز ئۇرۇمچىگە مېڭىشىنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭغا: «ئاكا، خۇدا ھەققىدە ئۇ يەرگە بارماڭ، ئۇرۇمچىگە بارسىڭىزلا ھەممە ئىشىمىز تۈگىشىدۇ» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

ماۋتىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى شېڭ شىسەينىڭ قۇلاقلىرى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى رىبالكىننى ماۋتقا ھەربىي مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتتى؛ ماۋتىنىڭ ياش بىر ئوفىتسېرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماۋتىنىڭ قوشۇنىغا سەنمۇجاڭلىققا تەيىنلىدى؛ ماۋتىنىڭ لۈي، تۈەن ھەتتا لىيەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنى ئۆلكە مەركىزىدىكى ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئېلىپ كېلىپ، شۇ پۇرسەتتە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ماۋتىنىڭ قوشۇنى ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپمۇ شېڭ شىسەيگە ماسلىشىپ، ماۋتىنىڭ فۇگۇەنىنى، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ قويدى. 1935 - يىلى، شېڭ شىسەي يەنە ئادەم ئەۋەتىپ «يېڭى تۇرمۇش گېزىتى»نى تارقىتىپ، ئۇنىڭ مۇستەقىللىق دەپ توۋلايدىغان تىلىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

شېڭ شىسەي يەنە قەشقەردە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە غوپۇر داموللىنى ماۋت بىلەن قارشىلاشتۇرۇپ قويدى. شېڭ شىسەي بۇ دىنىي داھىيغا ئالتۇن مېدال بەردى، غوپۇر داموللا تۈەنجاڭلىقىدا بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە ئەۋەتتى. ماۋت غوپۇر داموللىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەيگە سېتىلغان ئەشەددىي ئادەم دەپ بىلىپ، 1936 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يېرىم كېچىدە، تۈمەن دەريا بويىدىكى موزدۇز مەھەللىسىدە قەستلەپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. ئەتىسى يالغاندىن غەزەپلەنگەن بولۇپ قاتىلنى تۇتتى ۋە

داموللىنىڭ نامىزىغا قاتناشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مامۇت شېڭ شىسەيگە قارشىلىق كۆرسىتىش قەدىمىنى تېزلەتتى، ئادەم ئەۋەتىپ ئەنگلىيە، ياپونىيە تەرەپلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، قول ئاستىدىكى ئىمىن ۋاھىت قاتارلىقلارنى پانتۈركىست مەسئۇد بىلەن ئەيسالارنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، شىنجاڭنى «قىزىللاشتۇرۇش»قا ئۇرۇنۇۋاتقان شېڭ شىسەينى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جازالىشىنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شېڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق توپىلاڭغا تەييارلىق قىلدى.

شېڭ شىسەي مامۇتنىڭ سۇيىقەستىنى بىلگەندىن كېيىن، 3 - نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىشنى باھانە قىلىپ مامۇتنى ئۆلكە مەركىزىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭغا قول سالماقچى بولدى.

مامۇت ئۆلكە مەركىزىگە بارسا ئۆزىنىڭ جەزمەن قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى پەملەپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۆلكە مەركىزىگە بارىدىغانلىقىنى جاكارلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن پوشۇرۇن ھالدا ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ئۆزىنى شەھەردىن چىقارماسلىققا تەشكىللەپ، ۋاقىتنى كەينىگە سۈردى، ئۆزى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن تۇرپاندىكى كارىز ۋە ئۆي - بىساتلىرىنى سېتىپ، 800 سەر ئالتۇن تەييارلاپ قېچىشقا تەييارلاندى.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 بېرىمدا، مامۇت ئاقتۇغا ئوۋ ئوۋلىغىلى بېرىش نامى بىلەن ئىنىسى ۋە ئاز ساندىكى گۇماشتىلىرىنى، مەزكۇر شىدىكى بىر قىسىم ئوفىتسېرلارنى باشلاپ قەشقەر كونىشەھەردىن قېچىپ چىقىپ يېڭىسارغا باردى، ئۇ يەردىن لاداققا، لاداقتىن كەشمىرگە بېرىپ، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ باردى. كېيىن

بىيجىڭ، ياپونىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بارغانلا يېرىدە بۆل-
گۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.
ماۋت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تاشلاپ كەتكەن
ئادەملىرى دەرھال توپىلاڭ كۆتۈردى. خوتەندىكى ما خۇشەن
توپىلاڭنى تىنجىتىش باھانىسى بىلەن توپىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ
شېڭ شىسەيگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي قەش-
قەر، يەكەن، يوپۇرغا، مارالبېشى قاتارلىق جايلار ئۇلارنىڭ
قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇلار ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەرگە
يۈرۈش قىلدى، نەتىجىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە ئۇرۇش باشلى-
نىپ كەتتى.
قۇمۇلدىكى يولۋاس ماۋتنىڭ ئادەملىرىنىڭ قوزغىلىپ
چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا ئاۋاز قوشتى. بۇ چاغدا جۇڭگو
ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيە 4 - يول ئارمىيىسىنىڭ سول
قانات قوشۇنى شىنجاڭغا كىردى. شېڭ شىسەي ستالىن تاپشۇر-
غان ۋەزىپە بويىچە يولۋاسنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. بىرنەچچە يىل-
دىن بۇيان، شېڭ شىسەي يولۋاسنىڭ قوشۇنىنى پارچىلاشقا باش-
لىغاچقا، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاجىزلاپ قالغانىدى. شۇڭا،
ئىككى قوشۇن تۇتۇشقاندا يولۋاسنىڭ قوشۇنى برونېۋىك، زەمبە-
رەكلەر بىلەن قوراللانغان شېڭ شىسەي قوشۇنى تەرىپىدىن مەغ-
لۇپ بولۇپ باغداشنىڭ ئىچىگە چېكىنىدى. ئاخىر قوشۇنىغا قو-
ماندانلىق قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان يولۋاس يول بويى دۆكان-
لارنى، بانكىلارنى بۇلاپ يۈرۈپ گەنسۇغا بېرىۋالدى، كېيىن
نەنجىڭگە قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ
شىسەيگە قارشى كۈچلەرنى توپلاپ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشنىڭ
تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان بولغاچقا، يولۋاسقا ھەربىي ئىشلار كومى-
تېتىنىڭ جۇڭجياڭ دەرىجىلىك كېڭەش ئەزاسى دېگەن پەخرىي
نامنى بەردى ۋە ئۇنىڭ قۇمۇلنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش قوماندان-
لىق ئەمىلىنى ساقلاپ قالدى.

ما خۇشەن بىلەن ماﯞتىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلغاندا شېڭ شىسەي ئۇلارغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي سەپلەردە ئۇرۇشقا قاتناشتۇرالايدىغان ئادىمى ئاران 4 مىڭ 500 لا بولغانلىقتىن، ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەسكەر كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

1937 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى كونستانتىنوفنىڭ قوماندانلىقىدا، شاكىرنىڭ تۇەنجاڭلىقىدىكى 5 مىڭ كىشىلىك ماشىنىلاشقان قىسمىنى 40 ئايروپىلان، 20 تانكا بىلەن شىنجاڭغا كىرگۈزدى. ئۇلار شىنجاڭغا ئۇلۇغچات ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرغات تاغ ئېغىزىدىن كىرىپ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ماڭدى. بىر يولدىكىلەر ئۇدۇل مارالبېشىغا بېرىپ ما خۇشەننىڭ 36 - شىسى بىلەن ماﯞتىنىڭ 6 - شىسىنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىپ، شەرق تەرەپتىكىسىنى ئۆلكە ئارمىيىسى، غەرب تەرەپتىكىسىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىر تەرەپ قىلدى، يەنە بىر يول ئۇدۇل قەشقەرگە يول ئالدى.

توپىلاڭچى قوشۇن بۇ ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرەلمەي ئارقا - ئارقىدىن تەسلىم بولدى. ما خۇشەن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. ئۆلكە ئارمىيىسى خوتەننى ئىگىلەپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن شىنجاڭ تولۇق بىرلىككە كەلدى. ئىككى توپىلاڭچى قوشۇننىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن شېڭ شىسەي مەخپىي قىرىپ تاشلىدى، بەزىلىرىنى تىرىك كۆمۈۋەتتى، بەزىلىرى دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. نۇرغۇن بىگۇناھ پۇقرالار «باندىتلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار» دېگەن جىنايەتلەر بىلەن تۈرمىلەرگە تاشلاندى، نۇرغۇنى ئۆلتۈرۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاندىن چېكىنىپ كەتتى. 1938 - يىلى 1 - ئايدا، شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىنان

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ 8 ـ تۆەنى قۇمۇلغا كېلىپ تۇردى. ماشىنىلاشقان بىر لۇيگە تەڭ بۇ قوشۇن قۇمۇلدا ئالتە يىل تۇرۇپ، شېڭ شىسەي ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئاندىن چىقىپ كەتتى.

## «ئۇنى تۇت دېگەندىكىن تۇتامسىز!»

1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن 20 نەچچە كادىر كەلگەندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 36 ياشلاردا بار، چىرايلىق، يېقىنلى كۆرىدىغان كۆزەينەك تاقىغان، تەمكىن، ئىشقا پىشقان، يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلەش تەجرىبىسى بار، جېجياڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو ياشلار ئىتتىپاقىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان يۈ شيۇسۇڭ ئىدى.

بۇ 20 نەپەر كومپارتىيە ئەزالىرى كېلىپلا «ئۇن چوڭ دوكتور» نىڭ ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى، شىنجاڭ ئىنستىتوتى، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى، تاشقى ئىشلار پەۋقۇلئاددە خادىمى مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا چىقتى، بەزىلىرى قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە ۋالىي بولدى.

يۈ شيۇسۇڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى ئورنى شېڭ شىسەينى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەم ئالاھىدە قارايدىغان قىلىپ قويغانىدى. يۈ شيۇسۇڭ كېلىشىگىلا شېڭ شىسەي ئۇنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا باش كاتىپ قىلدى، يەنە ھەيئەت مۇدىرى خې يۈجۇنىڭ ئورنىغا «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ خىزمەتلىرىنى تۇتۇشقا، ئۆزىنىڭ «ئالتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



يۇ شيۇسۇڭ جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدا

بۈيۈك سىياسەت»نى بېكىتىش، تەش-
ۋىق قىلىشقا ياردەملىشىشكە قويدى.
شېڭ شىسەي ئۇنى يەنە دۇبەن مەھكىمى-
سىنىڭ سىياسىي مەشغۇلات باشقارمى-
سىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىقىغا
تەيىنلىدى. بۇ باشقارمىنىڭ باشلىقى
ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمى-
غان يۇرتدىشى سۇڭ فۇياۋ ئىدى.
شېڭ شىسەي سۇڭ فۇياۋغا شۇنداق
دېدى: «سىز ئاۋۋال سىياسىي مەشغۇ-
لات باشقارمىسىنىڭ تەييارلىق خىزمەت-
لىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇڭ، كېيىنچە
سىزنى باشقا يەرنىڭ شاۋجياڭ دەرىجى-
لىك باشلىقلىقىغا تەيىنلەيمەن. سىزگە يەنە شۇنىمۇ دەپ قو-
ياي، پات ئارىدا ۋاڭ شۇچېڭ ئىسىملىك بىر ئەپەندى مۇئاۋىن
باشقارما باشلىقى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇنى موسكۋا ئەۋەتكەن، ۋاڭ
شۇچېڭ ئۇنىڭ تەخەللۇسى، ھەقىقىي ئىسمى يۇ شيۇسۇڭ، جۇڭ-
گو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، پارتىيىنى قۇرغۇچى-
لارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ سالاھىيىتى ئەڭ كونا، ستالىنىنىڭ ئىشەن-
چىسىگە تولۇق ئېرىشكەن ئادەم. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن
خېلى سۆزلىشىپ، ئاخىر ستالىنىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىزگە
كەلدى. ئۇ ماركسىزمنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، ئىدىيە ۋە
پەزىلىتى ئىنتايىن ياخشى ئادەم، كەلگۈسىدە جاھانگىرلىككە قار-
شى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاساسەن شۇ ئادەم
مەسئۇل بولىدۇ، سىياسىي مەشغۇلات باشقارمىسىغىمۇ مۇئاۋىن
باشقارما باشلىقى بولىدۇ. سىز ھەرقانداق ئىشتا ئاۋۋال ئۇنىڭ
مەسلىھەتىنى، كۆرسەتمىسىنى ئېلىڭ. بىز شۇنداق قىلىدىغانلا
بولساق ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي تۈردە ھەمكارلىشىۋاتقانلىقىمىزنى

ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز، ستالىنمۇ بىزدىن خاتىرجەم بولىدۇ. بۇنى چوقۇم شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك، ئازراقمۇ بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايدۇ.» مۇشۇ گەپلەردىن يۇ شيۇسۇڭنىڭ شىڭ شىسەينىڭ كۆڭلىدىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

يۇ شيۇسۇڭ كەمتەر، مۇلايىم، قىلچە چوڭچىلىقى يوق ئادەم ئىدى، ئادەتتە ماركسىزمنى كۆپ سۆزلىمەيتتى، كۆپرەك شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ئىكەنلىكىنى، چوقۇم مىللەتلەر باراۋەر بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى. «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»تىكى مىللەتلەر باراۋەر بولۇش دېگەن گەپ شۇنىڭ تەكلىپى بىلەن قوشۇلغانىدى. ئۇ يەنە شىڭ شىسەيگە ماددىي جەھەتتىن يەنئەننى كۆپرەك قوللاپ بېرىشنى ئېيتقانىدى.

شىڭ شىسەي يۇ شيۇسۇڭنى ستالىن بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ كۆۋرۈكى دەپ بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە، يەنى باش كاتىپلىقتىن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىقىغا (بۇ ئىشتىمۇ ئۇ خې يۈجۈنىڭ ئورنىغا چىققانىدى)، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئاۋئاتسىيە مەكتىپى بىلەن ھەربىي مەكتەپنىڭ سىياسەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا ھەتتا مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىگەنىدى. لېكىن، ئۇ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇشنى رەت قىلدى. ئۇ شۇنداق دېدى: «مەن نام - شۆھرەت، مەنپەئەت قوغلاشمايمەن، ئەمەلدار بولغۇممۇ يوق، شۇنداق خىيالىم بولغان بولسا بۇرۇنلا جېجياڭغا بېرىپ شۇ يەرنىڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان بولاتتىم. ھازىر راھەت كۆرىدىغان چاغ ئەمەس، خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلىشىمىز، خەلقنىڭ كۈلكىسىنى كۈلۈشىمىز ھەممىدىن مۇھىم.»

ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن باشقا، يۇ شيۇسۇڭ شىڭ شىسەينىڭ ئوغلى بىلەن قىزىغا خۇسۇسىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com



يۇ شيۇسۇڭ بىلەن شېڭ شىتۇڭنىڭ 1936 - يىلىدىكى توي خاتىرىسى

ئائىلىسىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ قالدى. شېڭ شىسەينىڭ كىچىك سىڭلىسى شېڭ شىتۇڭمۇ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، مول بىلىمى، ئۆگىتىپ ھارمايدىغان ئوقۇتقۇچىغا خاس خىسلىتى 18 ياشلىق ئۇ قىزدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالدى.

1936 - يىلى يازدا، شېڭ شىتۇڭ بىلەن يۇ شيۇسۇڭ شېڭ شىتۇڭنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە شېڭ شىسەينىڭ رازىلىقى ھەم ستالىننىڭ تەستىقىدىن كېيىن توي قىلىشتى.

توي قىلىشۋاتقانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ قىلىشقان توي بولسىمۇ، ئەمما شېڭ شىسەي ئۈچۈن بۇ بىر سىياسىي توي ئىدى. تويدىن ئىلگىرى ستالىن كونسۇل ئابلېسوف بىلەن ئاندرېيېفقا بىر ساندۇق كىيىم ۋە گىرىم بۇيۇملىرى ئەۋەتىپ، ئۇ نەرسىلەرنى توي قىلغان قىز - يىگىتكە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

توي بولغان كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ بارلىق خادىملىرى تويغا قاتناشتى ۋە توي ئەھۋالىنى، شىنجاڭنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى فىلىم قىلىپ ئىشلەپ موسكۋاغا ئەۋەتىپ بەردى، شىنجاڭدىمۇ ئۇ فىلىمنى كىنوخانىلاردا كۆپ قېتىم قويدى. كونسۇلخانا يەنە ئۇلارنىڭ توي مەرىكىسىنى قۇتلۇقلاپ ئالاھىدە زىياپەت بەردى، تانسا ئۇيۇشتۇردى. بۇ پائالىيەتلەر ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. توي مەرىكىسىدە يۇ شيۇسۇڭ رۇس تىلى بىلەن ئىككىسىنىڭ تونۇشۇش جەريانىنى سۆز-

لەپ بەردى، ستالىننىڭ غەمخورلۇقىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى، ئۆزىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ جاھانگىرلىككە ئورتاق قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقىغا بىر يىل بولغاندا ستالىن ئۇلارغا يەنە بىر سۈرەتكە تارتىش ئاپپاراتى سوۋغا قىلدى.

توي كۈنى شېڭ شىسەي سىڭلىسى بىلەن كۈيئوغلىغا كىچىك بىر ساندۇقچە سوۋغا قىلدى، ساندۇقچىنىڭ ئۈستىدە: «بىلىم بۇلاقلىرىدىن تىنىماي جەۋھەر سۈزۈڭلار، بىلىم ئۈچۈن ئوت بولۇپ يانسۇن يۈرىكىڭلار» دېگەن خەتلەر بار ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ساندۇقچە ئىچىدە شېڭ شىسەي ئامراق سىڭلىسىغا ئاتىغان تويلۇق ئالتۇن - كۈمۈش بار دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئىچىدىكىسى قاتتىق مۇقاۋىلىق ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرى ۋە باشقا ئىنقىلابىي كىتابلار ئىدى. يۇ شيۇسۇڭ قېيناكىسىنىڭ بۇ پەۋقۇلئاددە سوۋغىسىدىن قاتتىق سۆيۈنۈپ، خانىمىغا: «بۇ كىتابلارنىڭ قىممىتى ئىككى ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ قىممىتىدىنمۇ يۇقىرى، بىباھا دېسەممۇ بولىدۇ. سىز بۇ كىتابلارنى ياخشى ساقلاڭ ھەم ئوقۇپ چىقىڭ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن - كۈمۈشتىنمۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى تاپالايسىز» دېدى.

بۇ ياش ئەر - خوتۇن تويدىن كېيىن ئاجايىپ بەختلىك ياشىدى، لېكىن يۇ شيۇسۇڭنىڭ تۈز كۆڭۈللۈكى شېڭ شىسەيگە ياقماي قېلىۋاتاتتى. يۇ شيۇسۇڭ شېڭ شىسەينىڭ ھوقۇقى بەكمۇ چوڭ، ھېچكىمنى نەزىرىگە ئىلمايدىغان، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق كىشىلەرنى قولغا ئالىدىغان بىر قىسىم ئادەملىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا قاتتىق نارازى ئىدى، دائىم شېڭ شىسەيگە پاكىتنى ئاساس قىلىشنى، تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بې-

رىشنى، قالايمىقان ئادەم تۇتماسلىقنى ئېيتىپ تۇراتتى. لېكىن، شېڭ شىسەي بۇ گەپلەرنى قانداقمۇ ئاڭلىسۇن؟ ئەسلىدە ئۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئازراق ئاڭلىغاندەك قىلدى، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بىزار بولۇپ، يۇ شيۇسۇڭنىڭ قولى بەك ئۇزىراپ كېتىپتۇ، دېدى.

يۇ شيۇسۇڭنىڭ رەزىللىكلەرگە بولغان كۈچلۈك نەپرىتى ئۇنىڭ چيۇ زۇڭجۇن مەسىلىسىدە شېڭ شىسەي بىلەن كۈچلۈك توقۇنۇشۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

چيۇ زۇڭجۇن شېنياڭلىق ئادەم بولۇپ، ئەسلىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، كېيىن جاڭ زولىننىڭ قوشۇنىدا خىزمەت قىلدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ چىرايىنى كۆزىتىشكە، خۇشامەتكە ماھىر بولغاچقا، باشلىقىغا ياراپ قېلىپ باۋدىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گو سۇڭلىڭنىڭ قىسمىدا تۇەنجاڭ بولدى. شۇ جەرياندا ئۇ چوڭ قىزى چيۇ يۇفېننى ۋاڭ خۇڭساۋغا، كىچىك قىزى چيۇ يۇفاڭنى شېڭ شىسەيگە ياتلىق قىلدى. 1929 - يىلى يازدا، چيۇ زۇڭجۇن جاڭ شۆليياڭنىڭ قوشۇنىغا يۆتكىلىپ، خاربىن شەھەرلىك سۇ ئۈستى ساقچى مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى بولدى، بىر يىلدىن كېيىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

1931 - يىلى 18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، چيۇ زۇڭجۇن شېڭ شىسەينىڭ چوڭ ئىنىسى شېڭ شىيىڭ (كېيىن ئۇ شىنجاڭ ترانسپورت شىركىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان) بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلدى. بۇ چاغدا شېڭ ئائىلىسى بىلەن چيۇ ئائىلىسىنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى كەيپوەن بىلەن شېنياڭدا ئىدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا دۇبەن بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەم ياپونغا قارشى ئىكەنلىكى، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق ئىكەنلىكى يۇرتىغا مەلۇم بولۇپ، ياپون ژاندارمىلىرى ئۇلارغا

زادىلا ئاراملىق بەرمىدى. ئاخىر ئۇلار يۇرتىدا تۇرالماي، ئائىلە-
سىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بېيجىڭغا قېچىپ بېرىۋالدى ۋە شىنجاڭ-
دا يول تاپقان شېڭ شىسەينىڭ يېنىغا بېرىۋېلىش قارارىغا كەل-
دى. 1935 ـ يىلى، شېڭ ئائىلىسىدىكىلەر، چيۇ زۇڭجۈننىڭ
ئىككى خوتۇنى، ۋاڭ خۇڭساۋنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، يەنە چيۇ
داۋخېڭنىڭ خوتۇنى يۇ شۆسەي قاتارلىقلار جاڭ شۆلياڭنىڭ ئىق-
تىسادىي جەھەتتە بەرگەن ياردىمى بىلەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ
كۆكخوتتىن يولغا چىقتى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى تۆگە يولى بىلەن
مېڭىپ قۇمۇلغا يېتىپ باردى، ئاندىن قۇمۇلدىن شېڭ شىسەي
ئەۋەتكەن ئاپتوموبىل بىلەن 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

شېڭ شىسەينىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دۇبەن مەھكىمىسىدىكى
شەرقىي قورۇدا تۇردى (كېيىن ھۆسەيىن باينىڭ مۇسادىرە قى-
لىنغان قورۇسىغا كۆچۈپ باردى)، ۋاڭ خۇڭساۋنىڭ ئائىلىسى
دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانىدا (ھازىرقى 1 ـ
ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتەپ ئەتراپى) تۇردى. بۇ تەجرىبە مەيدانى
باغ ـ بوستانلىق، شىپاڭ ـ كۆللىرى بار، قۇشلار سايراپ
تۇرىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق باغلىق قورۇ ئىدى.

1936 ـ يىلى، شېڭ شىسەي قېيىناتىسى چيۇ زۇڭجۈننى
ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىلىكىگە ئەۋەتتى. ئۇ ئىلىدا
ئەسلىدىكى روسىيە دېشىڭ بانكىسىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسىدا
تۇردى. تۇرالغۇنى ھۆكۈمەت پۇلىغا قايتا رېمونت قىلدۇردى،
بېغىغا ھەرخىل مېۋىلىك، مېۋىسىز دەل ـ دەرەخلەرنى،
ھەرخىل گۈل ـ گىياھلارنى تىكتۈردى، پارنىك ياسىتىپ،
قىش ـ ياز يېڭى كۆكتات، يېڭى مېۋە يەيدىغان بولدى، باغدىكى
ئىككى يۇملاق ئىشىكنىڭ بېشىغا «سۇبھى»، «كۆركەم دىيار»
دېگەن خەتلەرنى ئۇستىلارغا ئويدۇرۇپ ياساتتى. باغدىكى كۆلدە
خىلمۇ خىل بېلىقلارنى باقتى، باغنىڭ ئىچىدە يەنە بۇغىلارنى
باقتى، بۇغىلار باغ ئىچىدە ئاستا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. سۇنئىي

تاغلارنى ياساپ، تاغ ئۈستىگە شىپاڭلارنى سېلىپ، شىپاڭلارغا رەڭلىك ئېلېكتر چىراغلىرىنى تارتقۇزدى.

ئۇ ھۆكۈمەت پۇلىنى سۇدەك ئىشلىتىپ ھەر كۈنى ئادەمگە ياھقا ئوخشاش قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئىچەتتى، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ يەرلەردىن ئېسىل يېمەكلىكلەرنى ئالدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ كۆچىگە تايىنىپ خالىغىنىنى قىلاتتى. كىچىك خوتۇنى بىلەن كوچىلارغا چىقسا مەخسۇس ئادەملەر ئالدىدا مۇزىكا، داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ مېڭىشاتتى. ئۇ ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلايتتى، خىيانەت قىلاتتى، ھەتتا بانكىنى ئۈچ كۈنگىچە تاقىتىپ قويۇپ، بانكىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن پۇللارنى بۇلاپمۇ كەتكەنىدى. كۈيئوغلى شېڭ شىسەي بىلەن ئىككىسى بىرلىشىپ، مەشھۇر زاتلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقە زاتلىرى، بايلار، سودىگەرلەرنى «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى، سۈپەتلىك ئېسىل گەزماللىرىنى، گىلەملىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى ھەتتا چەت ئەلدە كونسۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان مەرۋايىت يېپىنچىسىنىمۇ بۇلاپ كەتتى.

چيۇ زۇڭجۇن يەنە نۇرغۇن ھۆكۈمەت پۇلى ۋە قانۇنسىز مۇسادىرە قىلىۋالغان ئاتالمىش «ھارام ماللار» بىلەن غۇلجىدا «مىڭجى شىركىتى» دەيدىغان بىر شىركەتنى ئاچتى، بۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى شېڭ شىسەي ئاشكارا قوللىدى.

چيۇ زۇڭجۇننىڭ بۇ خىل خىلمۇخىل زوراۋانلىقلىرى خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. يۇ شيۇسۇڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال شېڭ شىسەيگە ئىنكاس قىلدى. «‹ئالتە بۈيۈك سىياسەت›نى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭغا خىلاپ ئىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ئۇ

ئادەملەر سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىز بولسىمۇ مەيلى. بۇ ئىشلارنىڭ سىزگە بولغان تەسىرى بەكمۇ يامان بولىدۇ» دېدى ئۇ شېڭ شىسەيگە. شېڭ شىسەي ئاڭلاپ گەپ قىلالماي قالدى.

لېكىن، قانداقلا بولسۇن، شېڭ شىسەي چيۇ زۇڭجۈننىڭ كۈيئوغلى ــ دە. چيۇ يۇفاڭمۇ دادىسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ سەل ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يۇ شيۇسۇڭنىڭ ئىنكاس قىلغان ئىشلىرىنى مەقسەتلىك قۇسۇر ئىزدىگەنلىك، دەپ ئويلىدى. شېڭ شىسەي قېيناتىسىنى ئامال بار قوغداپ چوڭ ئىشنى كىچىكلەتتى، كىچىك ئىشنى يوق قىلدى، ئەمما ئۆزىنى ئاياپ قويمايدىغان قېيىنىنىسى بىلەن بولغان زىددىيىتى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. قايتا ــ قايتا ئېلىپ بېرىلغان جىددىي مۇنازىرىلەردىن كېيىن، شېڭ شىسەي تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئىلىغا بېرىپ قېيناتىسىنىڭ ئىشلىرىنى دەلىللەشكە قوشۇلدى.

ۋاڭ خۇڭساۋ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خوتۇنى چيۇ يۇفېڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە مەجبۇرىي كىرگۈزۈپ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا تۇسقۇنلۇق قىلدى، نەتىجىدە تەكشۈرۈشتىن ھېچنېمە چىقمىدى. ئۇلار، يۇ شيۇسۇڭ قەستەن تۆھمەت قىلغان، دەپ داۋراڭ سېلىشتى. لېكىن، قەغەزدە ئوتنى ساقلىغىلى بولمىغاندەك، چيۇ زۇڭجۈننىڭ قىلغان ــ ئەتكەنلىرى ئېنىق، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغاچقا، شېڭ شىسەي ئامالسىز ئۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

چيۇ زۇڭجۈن ئىلىدىن كەتكەندە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ بارلىق مال ــ مۈلكىنى ھەتتا مەھكىمە فۇگۈەنلەر باشقارمىسىنىڭ ئىسكىلاتىدىكى ھەممە لاۋازىمەتلەرنى ماشىنىلارغا بېسىپ ئېلىپ كەتتى ياكى سېتىپ پۇلىنى يانچۇقىغا سالدى. باغدىكى قەپەستە بېقىۋاتقان ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى ئېلىپ ماڭدى.

يۇ شيۇسۇڭ ئاشۇنداق بىر جاسارەت بىلەن شېڭ، چيۇ جەمەتىنىڭ كاتتىۋېشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، شىنجاڭ خەلقى ئاشۇنداق بىر ۋابانىڭ يوقالغانلىقىدىن قاتتىق خۇرسەن بولدى، ئەمما ئۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ئادەملىرى قاتتىق غەزەپلىنىپ يۇ شيۇسۇڭغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كەتتى.

چيۇ زۇڭجۇن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا «نۇرباغ» دا داچا سالدۇردى. نۇرباغنىڭ ئىچىدىكى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن، يېقىن ئەتراپتىكى ئۆستەڭ سۈيىنى باغقا باشلىۋېلىپ، مۇشۇ سۇ بىلەن سۇغىرىلىۋاتقان ئېتىزلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

ئەگەر يۇ شيۇسۇڭ شېڭ، چيۇ ئىككى ئائىلىنىلا رەنجىتكەن بولسا، بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ سادىق كومپارتىيە ئەزاسىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغىنى ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي ھەربىي سوت مەھكىمىسى بولدى.

1937 - يىلى 11 - ئايدا، ۋاڭ مىڭ بىلەن كاڭ شېڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دۆلەتكە قايتقاندا ستالىن بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇلار بىلەن يۇ شيۇسۇڭ ئوتتۇرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋاقتىدىلا لۇشيەن مەسىلىسىدە ئىختىلاپ ئېغىر ئىدى، ھەتتا بۇ ئىختىلاپ شەخسىي ئاداۋەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ستالىنغا «يامان ئادەم» دەپ چېقىشتۇرغانىدى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ۋاڭ مىڭ بىلەن كاڭ شېڭ ۋەتەنگە قايتىشىدا ئۈرۈمچىگە كەلدى. شېڭ شىسەي ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 3 - ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇۋاتقان بۇ ۋەكىللىرىنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. ئۇلارنى بۇنداق كاتتا كۈتۈۋېلىشىنىڭ

يەنە بىر سەۋەبى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. ئالدىنقى يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇ ۋاڭ مىڭغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ دۇبەن بولۇشتىن بۇرۇنلا كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شىڭ شىسەي ئۇلار بىلەن بۈگۈن كۆرۈشكەندە شۇ گەپنى يەنە تەكرارلاپ، 1930 - يىلى شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇشنى ئويلىغانلىقىنى دېدى. ئۇ بۇ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئۇلارنى ئىشەندۈرۈش، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان 20 نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى تونۇيدىغان، تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدى.

— مەن ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا ستالىن بىلەن خوشلاشقىلى كىرسەم، ئۇ مېنى شىڭ دۇبەن بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇڭ، دېدى، — دېدى ۋاڭ مىڭ، — سىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولماقچى بولغانلىقىڭىز بىز پەخىرلىنىدىغان ئىش. مەن يەنئەنگە بارغاندا بۇ ئىشنى ماۋ زېدۇڭغا ئېيتىمەن، — ۋاڭ مىڭ سۈرەتتىكى ئادەملەرنى كۆرسىتىپ يەنە دېدى، — بۇلارنىڭ ھەممىسى تروتسكىچىلار، — ئۇ يەنە يۇ شيۇسۇڭنى كۆرسەتتى، — ئۇ تروتسكىچىلارنىڭ كاتتىۋېشى، ئۇنىڭ يەنە جياڭ جيېشىنىڭ ئوغلى جياڭ جىڭگو بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى. مەن يەنئەنگە بارغاندىن كېيىن بۇ ئادەملەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى سىزگە تېزدىن ئەۋەتىپ بېرىمەن.

ۋاڭ مىڭ ۋەدە قىلغان ماتېرىياللار تېخى يېتىپ كەلمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار كومىتېتى يۇ شيۇسۇڭنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى شىڭ شىسەيگە ئەۋەتىپ بەردى. ئۇنىڭ جىنايىتى «تروتسكىچى» ئىدى. پاكىتچۇ؟ پاكىت يوق.

شېڭ شىسەي بۇيرۇقنى ئېلىپ ئارىسالدى بولۇپ قالدى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق ئىش كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى.

— بۇ شىۋسۇڭ مېنىڭ سىڭلىمنىڭ ئېرى بولىدۇ، — دېدى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ شىنجاڭدا نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان، خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چىقمايلا قارشى تەرەپ كەسكىن تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئۇنى تۇت دېگەندىكىن تۇتامسىز! سىڭلىڭىزنىڭ ئېرىمۇ ياكى باشقا ئادەممۇ، كارىڭىز بولمىسۇن!

شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ دۇبەنى، ئەڭ ئالىي ھەربىي رەھبەر تۇرۇقلۇقمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن كەلگەن ھەرقانداق بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلىشى كېرەك ئىدى، بىر ئېغىزمۇ قارشى گەپ قىلالمايتتى. ئۇ بۇ ئىشتىن بەكمۇ ئازابلاندى ھەم ھاقارەت ھېس قىلىپ قالدى.

1937 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، يېرىم كېچە، سوغۇق شامال جاندىن ئۆتەتتى. شېڭ شىتۇڭ چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئېرىنى ساقلىغاچ دەرس تەييارلاۋاتاتتى. ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، يۇ شىۋسۇڭ بىر بولسا «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»غا بېرىپ ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ يىغىنى ۋە ئۆگىنىش ئەھۋاللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر بولسا شىنجاڭ ئىنستىتوتى بىلەن ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچلىك تەكرار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلەتتى، شېڭ شىتۇڭ ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان جىددىي ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئىشىكنى ئۇرغان ئاۋاز شېڭ شىتۇڭنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئارقىدىنلا شېڭ شىسەينىڭ تۆت نەپەر مۇھاپىزەتچىسى ئۆيگە كىرىپ كەلدى،

قوللىرىدا پانۇس بار ئىدى. ئۇلار شىڭ شىتسەيگە:
— دۇبەننىڭ باش كاتىپ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان مۇھىم بىر ئىشى بار ئىكەن، ھازىرلا كەلسۇن دەيدۇ، — دېدى.
بۇ چاغدا يۇ شيۇسۇڭ تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى.
كەچ سائەت 9 دا يۇ شيۇسۇڭ ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۆيگە كىرىپلا شىڭ شىسەينىڭ يەنە قالايمىقان ئادەم تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. بۇنىڭدىن تۆت ئاي ئىلگىرىلا ئۇنىڭ قېيناكىسى ھاكىمد-يەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق سىياسىي رە-قىبلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تازىلاشنى باشلىغانىدى. «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» دېگەن نامدا قولغا ئېلىنغان ئادەملەر يۇقىرىدىن مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى خوجانىياز، بىرقانچە مەمۇرىي رايوننىڭ ۋالىيلىرى، نازىرلار، تۆۋەندىن باي سودىگەرلەر، ھەرقايسى مىل-لەتلەرنىڭ تونۇلغان ئەربابلىرى ھەتتا ئۇنىڭ «ئون چوڭ دوك-تور»لىرى ئىدى. ئۆلكە مەركىزى بىلەن باشقا جايلاردا بىرلا ۋاقىتتا 800 دىن كۆپرەك ئادەمنى تۇتقان بولغاچقا، تۇتۇلغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن تۈرمىلەر يېتىشمەي قالغانىدى. كىم بىل-سۇن، ئويلىمىغان يەردىن قېيناكىسىنىڭ كويزىسى بۇگۈن ئۇ-نىڭ قولىغىمۇ سىلىندى.
يۇ شيۇسۇڭنىڭ تۈرمىگە قامالغىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشتى، بۇ جەرياندا شىڭ شىتسەيگە ھەركۈنى تۈرمىگە بېرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى ھەم شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، موسكۋادا ئوقۇۋاتقان تۆتىنچى ئاكىسى شىڭ شىچى (قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا)، بەشىنچى ئاكىسى شىڭ شىجى (شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا) مۇ شىڭ شىسەيدىن سىڭلىسىد-نىڭ ئېرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەتتا ئۇنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ھېچقايسىسى كارغا كەلمىدى. يۇ شيۇسۇڭ 1938 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سوت كوللېگىيىسى تۇنجى قېتىم سوراق قىلغاندا، ئاندىن ئۆزد-

نىڭ ئىككى خىل جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ بىرى، ئۇ ئۆلكە مەركىزىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپتىمىش؛ يەنە بىرى «تروتسكىچى» مىش ھەم يەنە «جېنجياڭ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ باشلىقىمىش (بۇ زادىلا قۇرۇلۇپ باقمىغان ئۇيۇشما ئىدى. لېكىن، ۋاڭ مىڭ، يۇ شيۇسۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا قۇرغان تروتسكىچى تەشكىلات، دەپ تۇرۇۋالغان). يۇ شيۇسۇڭ ئەزەلدىن ئوچۇق - ئاشكارا ئىدى، سۈيىقەست ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى، تروتسكىچىلار بىلەن تېخىمۇ مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىشنى زادىلا قىلىپ باقمىغانلىقىنى، تۆھمەت قىلغۇچى بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شېڭ شىسەي بۇ مەسىلىدە ئامالسىز قالدى. ئۇ قېيىنىنىسىنىڭ ھېچقانداق خاتالىقىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىقتا ھەددى ئەمەس ئىدى، چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى، ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنى «تروتسكىچى» دېگەن جىنايەت بىلەن جاۋابكارلىققا تارتاتتى. بىر كۈنى، شېڭ شىتۇڭ ئىككىنچى تۈرمىگە ئېرىنى يوقلاپ بارغاندا، تۈرمە باشلىقى لى پۇلىندىن:

— سىلەر باش كاتىپنى نېمە ئۈچۈن قولغا ئالدىڭلار؟ ئۇ زادى نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدى؟ — دەپ سورىدى.

لى پۇلىن شېڭ شىسەينىڭ ئون جاللىتىنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسىغا قوپاللىق قىلالمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا بوش پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— ئىككىنچى خېنىم (شېڭ شىتۇڭنىڭ ئاچىسى شېڭ شىفېن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پېڭ جيۇەنگە ياتلىق قىلىنغان)، ئېرىڭىزنى دۈبەن تۇتقان ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنى تۇتۇڭلار، دېگەچكە بىز تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمىز، ئۇنىڭ تۇتۇلۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى يوق، بىز پەقەت بۇيرۇق

بويىچىلا ئىش قىلدۇق. بۇ گەپنى سىرتقا دېگىلى بولمايدۇ، دېسەك بېشىمىز كېتىدۇ، — دېدى.

شىڭ شىتۇڭ بۇ ئىشنى قورسىقىدا 60 يىل ساقلاپ كەلگەنىدى، 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاپتور ئۇنى زىيارەت قىلغاندا (ئۇ شىڭ شىسەي بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ئانىسىنىڭ فامىلىسى بىلەن ئىسمىنى ئەن جىجيېغا ئۆزگەرتىۋالغان)، 80 ياشقا كىرىپ قالغان بۇ ئايال راست گېپىنى قىلىپ، ئەگەر ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلمىغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بويىچە ئىش كۆرۈلمىگەن بولسا بۇ تارىخنىڭ ھەقىقىتى مەڭگۈ كۆمۈلۈپ قېلىپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن يەنە بىر سىر ئېچىلماي ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى، دېدى.



شاڭخەي فۇشۇ باغچىسىغا ئورنىتىلغان يۈ شيۇسۇڭنىڭ ھەيكىلى

1938 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ماۋزۇرلار بىلەن قوراللانغان نەچچە ئون نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكىرى يۈ شيۇسۇڭ بىلەن ۋەن شيەنيەننى (سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) سوۋېت ئىتتىپاقى

ئەۋەتكەن ھەربىي ئايروپىلانغا سالدى، ئايروپىلاندا ۋالىشىلاك ئولتۇراتتى. ئايرودرومغا ئۇزاتقىلى چىققان شېلك شتۇك ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يۇ شيۇسۇڭنىڭ: «تۇڭ سىڭلىم، جاسارەتلىك بولۇڭ!» دېگەن گېپى بىلەن تەڭلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

سەككىز ئايدىن كېيىن، يەنى 1939 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي ھەربىي سوتى يۇ شيۇسۇڭنى مەخپىي سوراق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 58 ـ ماددا، 6 ـ، 8 ـ، 11 ـ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئېتىپ تاشلاش ھەققىدە ھۆكۈم چىقاردى، بارلىق مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى ۋە شۇ كۈنىلا ئېتىپ تاشلاندى. جەسىتى موسكۋادىكى دون جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنىدا كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

ئارىدىن 44 يىل ئۆتۈپ، 1983 ـ يىلى 8 ـ ئايغا كەلگەندە، يۇ شيۇسۇڭنىڭ قولغا ئېلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئاشكارىلاندى.

# 6. كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش

## «مەن كومپارتىيىگە كىرىمەن»

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشقاندىن باشلاپ نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يىراقلىشىشقا باشلىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، كومپارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلماقچى، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغانىدى.

گومىنداڭ ئۇنى ئۆزىگە تارتىشنى زادىلا بوشاشتۇرمىدى، چۈنكى، شىنجاڭنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، شىنجاڭنىڭ «قىزىللىشىپ» كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. 1935 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي پىرقىسى شىڭ شىسەينى 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىنلىدى. شىڭ شىسەي بۇ ئەمەلگە قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ سۇڭ فۇياۋغا: «مەن گومىنداڭ ئەزاسى بولمىسام نېمىشقا مېنى تەپتىش ھەيئىتى قىلىپ قويىدۇ» دېدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدەك يۆلەنچۈكى بولغاچقا، گومىنداڭنىڭ ئىسكەنجىسىگە بويسۇنمايتتى، مۇستەقىل ئىش تەۋرىتىشنى ئويلايتتى، گومىنداڭمۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايتتى.

www.uyghurkitap.com

1936 ـ يىلى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە جۇڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە شاڭجيالىڭ ئۇنۋانى بەردى. ئۇ بۇ ئەمەل ـ ئۇنۋانلارنى قوبۇل قىلدى. ئەمما، سىرتتا يۈرگەن باتۇرغا بۇيرۇق ئۆتمەس، دېگەندەك، گومىنداڭغا بويسۇنماي ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرۈۋەردى.

شىڭ شىسەينىڭ بۇنداق قىلىشىدا مەلۇم ئىدىيىۋى ئاساسى بار ئىدى، بۇرۇندىنلا گومىنداڭ بىلەن جياڭ جيېشىنى تۆۋەن كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. 1936 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋاڭ مىڭغا يازغان بىر خېتىدە ئۇ جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باياشات ياشاشلىرى ئۈچۈن جۇڭگو خەلقىنى سېتىۋەتتى» ئىنقىلابنىڭ «خائىنى» دېدى. جياڭ جيېشىنى، سادىق ئىنقىلابچى ئەمەس، مىلىتارىست، ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيىنىلا ئويلايدۇ. كۆرۈنۈشتە دوستلىرىنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلغان بىلەن، ياپون جاھانگىرلىكى ئۇنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى ئازراقلا قوغدايدىغان بولسا جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى بولۇشقا تەييارلا تۇرىدۇ ھەم شۇ نام ـ ئابرۇيى بىلەن جۇڭگو خەلقىنى ئالدايدۇ. «ئۇچىغا چىققان مىلىتارىست، خەلقنى قانلىق باستۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ» دەپ تىللىدى. گومىنداڭنى بولسا «گومىنداڭ ئىنقىلابىي پارتىيە ئەمەس، مۇستەبىت پارتىيە»، «دۆلەتنى ساتقان پارتىيە» دېدى. ئۆزىنىڭ نەنجىڭدىن شىنجاڭغا كېتىشىنى «جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشنى خالىمىغانلىقىم، جياڭ جيېشىنىڭ چىرىك ئىستىلىنى ۋە مىلىتارىستلارغا خاس قىلمىشلىرىنى ياقتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن» دېدى.

ئۇنىڭ گومىنداڭغا بولغان پوزىتسىيىسى شۇنچىلىك قاتتىق ئىكەن، كومپارتىيىگە بولغان پوزىتسىيىسىچۇ؟

ئۇ 1929 ـ ، 1936 ـ ، 1937 ـ يىللىرى كۆپ قېتىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشنى تەلەپ قىلدى،

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىغا ئۆزىنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا سادىق ئادەم بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىگە بىۋاسىتە ياردەم بېرىش، گەنسۇنى ئىگىلەپ، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىشەنچلىك بازىسىنى قۇرۇپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە كېڭىيىپ ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى.

شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشنى تەلەپ قىلىشى بىر مەزگىللىك قىزغىنلىقتىن ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن ئىدىيىۋى ئاساسى بار ئىدى. ئۇ جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن مىلىتارىستلارنىڭ قوش ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئاستىدىكى يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جۇڭگودا دۇنياغا كەلگەن، ياش ۋاقتىدا شەرقىي شىمال بىلەن ياپونىيىدە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ رەھىمسىزلىكلىرى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، «‹تارىخىي ماتېرىيالىزم›، ‹قوشۇمچە قىممەت تەلىماتى›، ‹سىنىپىي كۈرەش تەلىماتى›، كۆزۈمنى يورۇتۇپ ئېتىقادىمنى تىكلىشىمگە ياردەم بەردى» دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇ 1929 ـ يىلى بىر يۇرتلۇقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى سۇڭ فۇياۋدىن ئۆزىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇڭ فۇياۋ ياپونىيىدە قولغا ئېلىنىپ شېڭ شىسەينىڭ پارتىيىگە كىرىش ئارزۇسى يوققا چىقتى، ئەمما ئۇنىڭلىق بىلەن سىياسىي تەلىپى زادىلا توختاپ قالمىدى. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، 1933 ـ يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن 12 ـ ئاپرېل سىياسىي

ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ئۇ موسكۋاغا ماڭغان چېن دىلى بىلەن ياۋ شيۇڭدىن ستالىن بىلەن 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالغا خەت ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ستالىننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە شۇ يول بىلەن ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تاشقى سىياسىتىنى ئىپادىلىگەنىدى. 1936 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئۇ يەنە موسكۋاغا ماڭغان ۋاڭ لىشياڭ ئارقىلىق ۋاڭ مىڭغا خەت ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزم، ستالىنىزمنىڭ سادىق مۇرىتى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللايدىغانلىقىنى، ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە مەسلىھەت كۆرسىتىپ: 1. «بارلىق ئىمكانىيىتى بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ قوراللىنىشىغا ياردەم بېرىش، ئاساسلىقى قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا بىلەن تەمىنلەش، قىزىل ئارمىيىگە ياردەم بېرىدىغان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنىڭ گەنسۇغا مەخپىي يەتكۈزۈلۈشىگە مەسئۇل بولۇش»؛ 2. «ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشقا تەييارلىنىش»، «جۇڭگونى سوۋېتلەشتۈرۈش» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەرچە خېتىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق دېمىسىمۇ، ئەمما ئاشۇنداق بىر كۈچلۈك ئارزۇسىنىڭ بارلىقى روشەن ئىپادىلەنگەنىدى.

1937 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ۋاڭ مىڭ بىلەن كاڭ شېڭ موسكۋادىن يەنئەنگە قايتىش يولىدا ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، شېڭ شىسەي ۋاڭ مىڭغا ئۆزىنىڭ پارتىيىگە كىرىش تەلىپىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى ھەم شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ كىچىكرەك بىر ئۆلكىلىك كومىتېتىنى قۇرۇشنى، بۇ كومىتېت دېڭ فا (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى)، شۈي مېڭچيۇ (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى،

www.uyghurkitap.com

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى) ، خۇاڭ خۇچىڭ (غەربىي يۈنلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن خادىمى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى) ، شېڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىدىن تەركىب تېپىشىنى رەسمىي تەكلىپ قىلدى.

لېكىن، شېڭ شىسەينىڭ پارتىيىگە كىرىش تەلىپى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، رېن بىشى يەنئەندىن موسكۋاغا كېتىۋېتىپ ئۇرۇمچىگە چۈشكەندە شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى: «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن ستالىننىڭ قارىشىچە، سىز پارتىيىگە كىرىشنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى ھازىرلاپ بوپسىز. ئەمما، ئۇلار يەنىلا سىزنىڭ ھازىرچە پارتىيىگە كىرمەي تۇرۇشىڭىزنى توغرا تاپىدىكەن، چۈنكى شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتە خەلقئارادىكى رولى بەكمۇ ئاجىز ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ جۇڭگودىكى سىياسىي ئورنىڭىز بەكمۇ مۇھىم بولغاچقا، پارتىيىگە كىرمەي تۇرغىنىڭىز مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ. بۇنى سىزنىڭ توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، بۇ ھەرقايسى تەرەپلەرگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن چىقىرىلغان قارار. بۇ قارار ھەرگىزمۇ سىز ۋە سىزنىڭ شىنجاڭدا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىلغار سىياسىتىڭىزگە بولغان نارازىلىق ئەمەس.»

ستالىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شېڭ شىسەينى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشىغا قوشۇلمىغان بىلەن، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنى ئۆزى بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلدى. بەزىلەر بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ستالىن شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان، دېدى.

شېڭ شىسەي گەرچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچى-

لىرىغا قارشى بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى.

1935 ـ يىلى، جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسى ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا مەشھۇر «1 ـ ئاۋغۇست خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرساھە خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى. شېڭ شىسەي «بىر يىلدىن بۇيانقى سىياسەتلىرىمىزنى ئەسلەش» دېگەن نامدا ماقالە ئېلان قىلىپ «1 ـ ئاۋغۇست خىتابنامىسى»نى قوللىدى، «ئاۋۋال دۆلەت ئىچىنى تىنچىتىپ، ئاندىن سىرتقا قارشى تۇرۇش»تىن ئىبارەت تەسلىمچىلىك سىياسەتكە قارشى تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت دەرسلىكى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىدا ئاۋۋال ئىچكى ئاپەتنى تۈگىتىپ، ئاندىن سىرتقا تاقابىل تۇرۇشتەك تەسلىمچىلىك سىياسەت دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىدىغان سىياسەتتۇر، دېدى. 1936 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇ ۋاڭ مىڭغا يازغان خېتىدە: جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ پۈتۈنلەي توغرا»، «ئۇ پۈتۈن جۇڭگودا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى بىردىنبىر توغرا سىياسەت بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە جاھانگىرلار ۋە ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، جۇڭگونى ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدىغان نۆۋەتتىكى بىردىنبىر توغرا تاكتىكىدۇر» جۇڭگو كومپارتىيىسى «ئەنە شۇ بىرلىك سەپنىڭ يادروسى بولۇشى كېرەك» دېدى.

تۆت ئايدىن كېيىن، يەنى 1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي گومىنداڭ مەركىزىي پىرقىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، «1 ـ ئاۋغۇست خىتابنامىسى»نىڭ روھى بىلەن بىردەك بولغان «ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ يەتتە تۈرلۈك پروگراممىسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇلار مۇنۇلار ئىدى: بىرىنچى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىل-لەت، ھەرساھە خەلقى بىرنىيەت، بىرمەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگونى قۇتۇلدۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئىچكى ئۇرۇشنى قەتئىي توختىتىپ، ئەڭ كەسكىن كۈرەشلەر بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش؛ ئۈچىنچى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى خائىنلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ تۆتىنچى، جاھانگىرلىككە قارىتا قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك سىياسىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەڭ كەسكىن، ئەڭ كۈچلۈك تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈش؛ بەشىنچى، چەتنىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى، ئەتكەس ماللارنى توشۇش قىلى-مىشلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ ئالتىنچى، بارلىق كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى، دېھقانچىلىق، سانائەت ۋە سودىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ يەتتىنچى، سوۋېت جۇڭخۇەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، دۇنيادىكى بىزنىڭ مىللىتىمىزگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن ئىتت-تىپاقلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىش، جۇڭگونى مۇتەقەرز بولۇش-تىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بۇنداق تەشەببۇسنى يەرلىك كۈچ ۋە مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويالىشى ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى.

## جياڭ جيېشىنى تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىش

1936 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شىئەن ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن تۆت ئاي ئىلگىرى، شىئەندە جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن «كوممۇنىستلارنى تازىلاش» ئېلىپ بېرىۋاتقان جاڭ شۆلياڭ ئىك-كى نەپەر ۋەكىلنى شىنجاڭغا شېڭ شىسەي بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى شەرقىي شىمال قىسىملىرىنى يادرو قىلىپ غەربىي شىمالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بىر ھاكىمى-

يەت قۇرۇش ئىدى. ئىككى ۋەكىلنىڭ بىرى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، ئاشكارا سالاھىيىتى جاڭ شۆلياڭنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك كاتىپى لى يۇۋېن، يەنە بىرى 105 ـ شىنىڭ شاۋشياۋ دەرىجىلىك شىجاڭى دۇڭ يەنپىڭ ئىدى.

لى يۇۋېن شىنجاڭغا مېڭىشتىن ئىلگىرى جاڭ شۆلياڭ بىلەن تولىمۇ مەنىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزگەن:

لى يۇۋېن: جياڭ جيېشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ياقلىمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟

جاڭ شۆلياڭ: نەسىھەت قىلىپ باقىمەن.

لى يۇۋېن: نەسىھىتىڭىزگە قۇلاق سالمىسىچۇ؟

جاڭ شۆلياڭ: يەنە نەسىھەت قىلىمەن.

لى يۇۋېن: يەنە ئاڭلىمىسىچۇ؟

جاڭ شۆلياڭ: ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مېنىڭ قوشۇنىمغا كەلمىگىنى ياخشى.

بۇنىڭدىن 12 ـ ئايدا شىئەندە جياڭ جيېشىنى تۇتۇش ھەرىكىتىگە خېلى بۇرۇنلا تەييارلىق بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇ ئىككى ۋەكىل ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، سودىگەر قىياپىتىدە شىئەندىن يولغا چىقىپ خېشى كارىدورى بىلەن شىڭشىڭشىياغا يېتىپ كەلدى. گەنسۇ تەرەپتىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەم بۇ يەردىكى ساقچىخانىدا ئۆزىنى چوقۇم تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئاندىن ئۇلارنى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تارماق باشقارمىسى تەكشۈرۈپ چىقاتتى. ئەگەر ئادەتتىكى ئادەم بولسا باشقارما ئاش ـ تامىقىنى بېرىپ يەنە ئۈچ ئاي ئۇلارنى كۆزىتەتتى، زادىلا مەسىلە چىقمىسا، ئاندىن قۇمۇلغا ئاپىرىپ قوياتتى. شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقىدىغانلارنىڭ قولىدا «شېڭ شىسەي» دېگەن خەت ئويۇلغان تامغا بېسىلغان تونۇشتۇرۇش بولسا قويۇپ بېرەتتى.

لى يۇۋېن بىلەن دۇڭ يەنپىڭ جاڭ شۆلياڭنىڭ ئالاھىدە

ئەلچىلىرى بولغاچقا، شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇمۇل تارماق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى دۇ جياتيەن ئۇلارنى خېلىدىن بېرى شىڭشىڭشيادا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۇلارنى ئۆلكە مەركىزىگىچە ئۇزىتىپ كېلىپ ھەشەمەتلىك بىر تۇرالغۇغا ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ قورۇدا ئىككى يۇرۇش ئالاھىدە ئۆي بار ئىدى، ئۇ ئۆي-لەرنىڭ قوبۇلخانىلىرى، ھۇجرىلىرى، تاماقخانىلىرى، تازىلىق ئۆيلىرى تولۇق، زامانىۋى ئىدى. بىر يۇرۇش ئۆيدە تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋەن شيەنيەن ئولتۇراتتى، يەنە بىر يۇرۇش ئۆي جاڭ شۆلياڭنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلدى.

ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى مەخپىي ئىدى، سىرتقا شېڭ شىسەينىڭ تۇغقانلىرى ھەم تيەنجىندىكى مەلۇم بىر سودا شىركىتىنىڭ دى-رېكتورلىرى، شىنجاڭغا تېرە - يۇڭ سودىسى توغرۇلۇق سۆز-لەشكىلى كەلگەن، دېيىلدى.

شېڭ شىسەي ئۇلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم سۆھبەتلەشتى، ھەر قېتىملىق سۆھبەت مەخپىي ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ ئىككىسى-نىڭ گەپلىرىدىن كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرىدىغان بىر ئىتتىپاقداش ئىزدەپ كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. جاڭ شۆلياڭ غەربىي شىمالدا شەرقىي شىمالنىڭ ئەس-كىرىي كۈچى مەركەز قىلىنغان، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىر ھاكىمىيەت قۇرۇشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم شىن-جاڭ بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېڭ شىسەي شەرقىي شىماللىق ھەم كونا تونۇش، شىنجاڭ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي شىمال قاتناش تۈگۈنىدە، يەنە تېخى شىنجاڭدا شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى بار... شۇڭا، جاڭ شۆلياڭ مەقسىتىگە يېتىشتە شېڭ شىسەي بىلەن ئالاقىلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىنتايىن ئاقىلانە پىلان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەنىدى.

لى يۈۋېن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تەرجىمانى ئاندرېيېف ئارقىلىق شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەزىيىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى ۋە ئۇلاردىن ھەربىي جەھەتتە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ پىكلىياڭدا بىر ھەربىي زاۋۇت قۇرۇپ بېرىدىغان بولدى.

1936 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىئەن ۋەقەسى يۈز بېرىپ، جاڭ شۆلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭ جياڭ جېيشىنى تۇتۇۋالدى. شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاتقان كۈنىلا شېڭ شىسەي يۈ شيۈسۈڭغا جاڭ شۆلياڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىشنى بۇيرۇپ، بۇ ھەرىكەتنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شىنجاڭ گېزىتى شۇ كۈنى قوشۇمچە «خۇش خەۋەر» سانى چىقاردى، بۇ شىنجاڭ گېزىتىنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. شېڭ شىسەي يەنە گېزىتخانىدىكىلەرگە كېچىلەپ باش ماقالە يازغۇزۇپ، جاڭ شۆلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭنى ماختىدى. شۇ كۈنى يەنە ئىككى ئەلچى بىلەن مەخپىي سۆزلىشىپ، جياڭ جېيشىنى «تۇتۇپ قېلىش، قويۇپ بەرمەسلىك»نى تەشەببۇس قىلدى ھەتتا جياڭ جېيشى سۆھبەت شەرتلىرىنى قوبۇل قىلمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ئېيتتى. شېڭ شىسەي يەنە جاڭ شۆلياڭغا تېلېگرامما يوللاپ، جياڭ جېيشىنى شىنجاڭغا يالاپ كېلىشنىمۇ دېدى. ئاندرېيېف ھاياجىنىنى باسالماي، قائىدىدىن سىرت ھالدا ئىككى ۋەكىلنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ جاڭ شۆلياڭغا بولغان ھۆرمىتىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇشنىڭ سەككىز چوڭ تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەتىسى شېڭ شىسەي تېلېگرامما ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە جياڭ جېيشىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى تەبى-

-ىكلەپ چوڭ يىغىن ئۆتكۈزدى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باشقارمىسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ كوچىلارغا شوئارلارنى چاپلاتقۇزدى، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەتلەر ئاجايىپ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلكە مەركىزىنى زىلزىلە-گە سالدى.

شىئەن ۋەقەسىنىڭ خەۋىرى ئۇرۇمچىگە يېتىپ كېلىپ ئەتە-سى شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ يىغىن زالىدا ھەر-قايسى ئورگانلارنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن شاۋجىياڭدىن يۇقىرى ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقىرى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا ئۇلارغا سۆزلەيدىغان تېما چىقىرىپ بەردى:

1. جاڭ شۆلياڭنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى توغرىمۇ، خاتا؟

2. جاڭ شۆلياڭنىڭ بۇ ھەرىكىتى پىقىر دۇبەننىڭ «يەتتە تۈرلۈك پروگراممىسى» غا ئاۋاز قوشقانلىقمۇ، ئەمەس؟

3. جاڭ شۆلياڭنىڭ بۇ ھەرىكىتى تۆۋەندىكىلەرنىڭ يۇقىرى-دىكىلەر ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىمۇ، ئەمەس؟

شېڭ شىسەي سۆزلەۋېتىپ دوسكىغا «شىئەن ۋەقەسى»، «جياڭ جيېشى تۇتۇلدى» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ قويدى. ئاندىن ھەربىر ئادەمگە بىر ۋاراقتىن قەغەز تارقىتىپ بېرىپ ئاشۇ ئۈچ سوئالغا جاۋاب بېرىشنى، ئاندىن ئىمزايىنى قويۇپ يۇقىرىغا تاپ-شۇرۇشنى ئېيتتى.

شېڭ شىسەي جاۋابلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچىن-چى سوئالغا «توغرا ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگۈچىلەرنى قولۇڭلار-نى كۆتۈرۈڭلار، دېدى، ئاندىن ئۇلارغا: «سىلەر بىرەر ئەمەلدار-نى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تۇتۇۋالغانلىقىنى باشلىقىنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەنلىك، دەپ قارىماڭلار، بۇ كونا قاراشلار ھازىر خاتا. ئەگەر مەن بۈگۈندىن كېيىن ئىنقىلابقا قارشى چىقسام

مېنىمۇ شۇنداق قىلساڭلار بولىدۇ» دېدى.

شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تېز ئىدى. شىنجاڭ گېزىتى جاڭ شۆلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭنىڭ ھەرىكىتىنى قوللاپ يازغان باش ماقالىنى بېسىپ بولۇپ تۇرۇشىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ھەرىكەتنى قوللىمايدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كېلىپ قالدى. ئۇلار دەرھال كونسۇلخانىغا بېرىپ سورىۋېدى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ راستىنلا بۇ ھەرىكەتنى ياقلىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. گېزىتخانىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى يەنە دەرھال شېڭ شىسەيگە يەتكۈزدى. شېڭ شىسەي ئاڭلاپلا تىزىلىپ بولغان باش ماقالىنى چۇۋۇۋېتىشنى، شىئەن ۋەقەسى ھەققىدە ھېچقانداق مۇلاھىزە يۈرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇدى. كېيىن يەنە ئاشكارا ھالدا «قاتناشماسلىق، ھېسداشلىق قىلماسلىق» ھەققىدە سۆزلىدى.

شېڭ شىسەي شىئەن ۋەقەسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ناھايىتى تېز ئۆزگەرتىۋالدى ھەم بۇ ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىنىغا خۇشالمۇ بولدى. كېيىن ئۇ باشقىلارغا، شىئەن ۋەقەسىگە ئالدىنىپ قېلىشقا تاسلا قالدىم. سىياسىي رەھبەر بولغان، مۇھىمى ھەربىي ھوقۇق تۇتقان ئادەم بەك ھاياجانلىنىپ كەتسە بولمايدىكەن، جاڭ شۆلياڭ ئەنە شۇنداق ھاياجانلىنىپ كېتىپ، دەسلەپتە جياڭ جيېشىنى تۇتتى، كېيىن يەنە ئۇنى نەنجىڭگە ئۆزى ئاپىرىپ قويدى، نەتىجىدە شۇنچە زور شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى قولدىن بېرىپ قويدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىئەن ۋەقەسى تىنچ يول بىلەن ھەل بولدى. جياڭ جيېشى نەنجىڭگە سالامەت يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۆتكەن قېتىم سىناقتا قاتناشقانلارنى يەنە چاقىرىۋېلىپ، ئۆتكەندە چىقىرىلغان ئۈچ سوئال مۇنداقلا چىقىرىپ قويغان سوئاللار ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەقتە ھېچقانداق ئادەم گەپ قىلمىسۇن، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دېدى.

شېڭ شىسەي شىئەن ۋەقەسىنى دەسلەپتە قوللىغانىدى، كېيىن ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ قالدى. بەش يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى جياڭ جيېشىغا، ئۆز ۋاقتىدا جاڭ شۆلياڭنىڭ جياڭ جيېشىنى تۇتۇشىنى قوللىغان ھەتتا جياڭ جيېشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغان، دەپ چاقتى. شېڭ شىسەي، مەن شىئەن ۋەقەسىگە باشتىن ئاياغ «قاتناشماسلىق، ھېسداشلىق قىلماسلىق» مەيدانىدا تۇرۇپ كەلدىم، شۇ چاغدا ئەۋەتكەن تېلېگراممىلىرىم بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. جياڭ جيېشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا ئامال قىلالمىدى.

1937 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرىدا، لى يۈۋېن بىلەن ، ۋاڭ يەنپىڭ يەنئەنگە قايتقاندا، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ فۇگۇەنلەر باشلىقىغا ئۇلارنى شىئەنگىچە ئاپىرىپ قويۇشنى تاپشۇردى ھەم ئۇلارغا ئەمەلىي يول كىراسىدىن نەچچە ئون ھەسسە كۆپ يول كىراسى بەردى.

## يېڭى ھەربىي گازارما

1936 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كومموۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو كومموۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك باش ۋەزىپىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەزىيەت يارىتىپ، جياڭ جيېشىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇرلاش، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قىزىل ئارمىيە نىڭشيا بىلەن گەنسۇنىڭ غەرب تەرىپىنى ئىگىلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتىشىدىغان بىر يول ئېچىپ، ئىستراتېگىيىلىك يۆلەنچۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلدى.

www.uyghurkitap.com

مەركىزىي كومىتېت شۆي شياڭچيەننىڭ قوماندانلىقىدا، چېن چاڭخاۋنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىدا غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئەۋەتتى.

ناچار تەبىئىي شارائىت ۋە ما جەمەتىنىڭ قالدۇق قوشۇنىنىڭ غالجىرلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى 20 مىڭ ئادىمىدىن 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاران 400 لا ئادىمى قالدى. ئۇلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇقى بويىچە لى جورەن، لى شيەنيەن، چېڭ شىسەيلەرنىڭ قوماندانلىقىدا شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

بۇ قوشۇننىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، چېن يۈن، تېڭ دەييۈەن، فېڭ شۈەن قاتارلىق ئالتە ئادەم ئالمۇتادىن شىنجاڭغا كەلدى.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شىنجاڭ يەنىلا قار ـ مۇزنىڭ ئىچىدە، ھاۋا سوغۇق ئىدى. شېڭ شىسەي بىر مەسلىھەتچىسى بىلەن بىر ماشىنىنى چۆچەككە ئەۋەتتى. ماشىنىدا چېن يۈنلەرنىڭ ھەربىرىگە تەييارلانغان ئىككىدىن جۇۋا بار بولۇپ، بىرى كىيىدىغان، يەنە بىرى سوغۇق شامالدىن دالدىلىنىدىغان جۇۋىلار ئىدى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چېن پېيشىڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شېڭ شىسەي چېن يۈن بىلەن دۈبەن مەھكىمىسىدە كۆرۈشتى. ئۇ چېن يۈن قاتارلىق ئالتە كىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ شۇنداق دېدى:

— مەن قوشنا دۆلەت بىلەن پارتىيىڭلارنىڭ ئەۋەتكەن تېلېگراممىلىرىنى ئاللىبۇرۇن تاپشۇرۇۋالغان. ئۇلار ماڭا غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېيتقانىكەن. مەن شۇ بويىچە يېرىم ئاينىڭ ئالدىدا ياۋ شيۈڭنى ئىككى تارماق ئەترەت بىلەن 12 ئايروپىلاننى قۇمۇلدىكى



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە- سىنىڭ شىنجاڭدا تۇرغان تۇن- جى ۋەكىلى چېن يۈن

يەتتە قۇدۇقتىن شىڭشىڭشيانىڭ سىرتىدى- كى ئەنشىخېغا بېرىپ قىزىل ئارمى- يىگە قورال - ياراغ، يېمەك - ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدۇم. بىر ئايدا بىر ئايروپىلان ئالتە قېتىم قاتنايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چېگرا ئىشلىرى باشقار- مىسىنىڭ شىڭشىڭشيادا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شياۋ- دىيەننى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىگە مەس- ئۇل قىلدىم. ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىنىم شېڭ شىيىڭنى 40 نەچچە ئاپتوموبىل ماددىي بۇيۇملار بىلەن شىڭشىڭشياغا ماڭغۇزۇۋەتتىم. قۇمۇل ئەتراپىدا يولۋاسنىڭ باندىتلىرى بار ئىدى، بىر قوشۇن- نى ئۇلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىپ ئۇ يەرلەرنى تىنچلاندۇردۇم، خاتىرجەم بولساڭلار بولىدۇ.

— شېڭ دۇبەننىڭ شىنجاڭدا ئالتە بۈيۈك سىياسەت يۈرگۈ- زۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، — دېدى چېن يۈن جاۋابەن، — بۇ سىياسەتلەر بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ تۆۋەن پروگراممىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، ئالتە بۈيۈك سىياسەت بىز ئىككى تەرەپ- نىڭ مىللىي بىرلىك سەپ تۈزۈشىمىز ئۈچۈن سىياسىي ئاساس يارىتىپ بەردى. دۇبەننىڭ بىزگە شۇنچىلىك كۆپ ياردەم قىلغان- لىقىغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، چېن يۈنلەر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شىڭشىڭشياغا بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقان 400 دىن ئارتۇق قەيسەر كوماندىر - جەڭچىلەردىن سەممىي هال سورىدى.

بىرقانچە كۈنلۈك رەتكە سېلىشلاردىن كېيىن، چېن يۈن

www.uyghurkitap.com

قوشۇننى باشلاپ ئۆلكە مەركىزىگە يېتىپ كەلدى.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، تولۇق ھەربىيچە كىيىنگەن شىڭ شىسەي سەندۇڭبىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى، يەنە ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن ماشىنىلارنىڭ شوپۇرلىرىنى تەقدىرلەپ، ھەربىرىگە 20 مىڭ سەر كۈمۈشلۈك چەك تارقىتىپ بەردى. ئارقىدىنلا ئۇلارغا بۇ قېتىمقى سەپەر ئەھۋالىنى ھېچقانداق ئادەمگە ئېيتماسلىقنى قاتتىق جېكىلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە شىڭ شىسەي كومپارتىيىنىڭ بۇ قوشۇنىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى.

بۇ 400 نەپەر كوماندىر ـ جەڭچى ئاۋۋال باش كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى فۇمىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئورۇنلاشتى، كېيىن يەنە شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ھەربىي گازارمىسىغا يۆتكەلدى. شىڭ شىسەي بىر فۇگۇەننى مەخسۇس ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل قىلدى.

يوتقان ـ كۆرپە، پاخال تەگلىك، كىرلىك، ياغاچ كارىۋاتلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئىدى.

ھەربىر ئادەمنىڭ كۈندىلىك گۆش نورمىسى بىر يېرىم جىڭ ئىدى، يەپ بولالىسۇن، بولالمىسۇن، ھەر كۈنى ئۈزۈلمەي تەمىنلىنىپ تۇراتتى.

كادىرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشى 1 مىڭ 500 سەر كۈمۈشتىن 15 مىڭ سەر كۈمۈشكىچە بولدى.

شىڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇلار ئۈستىدىكى قىزىل ئارمىيە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، شەپكىلىرىدىكى بەش يۇلتۇزلۇق كاكارلارنى كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ئېلىۋېتىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدى، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» كە ۋەكىللىك

قىلىدىغان ئالتە شوئار-
لىق كاكارلارنى شەپكىلى-
رىگە قادىدى.
شېڭ شىسەي چېن
يۈندىن بۇ قوشۇننى نېمە
دەپ ئاتىسا بولىدىغانلى-
قىنى سورىۋېدى، ئۇلار-
نىڭ «ئۇ تەرەپ» تـــن
(يەنئـەنـدىن) كەلگەن
قوشۇن ئىكەنلىكىنى
ھەممە ئادەم بىلگەچكە،



يېڭى گازارمىنىڭ كونا ئورنى (چېن يۈن، لى
شيەننيەنلەر ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ يەردە ئىشلىگەن)

چېن يۈن «‹يېڭى گازارما› دەپ ئاتىساق بولا!» دەپ جاۋاب بەردى.

يېڭى گازارمىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا تۇ-رۇشلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەكىلى چېن يۈن مەسئۇل بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەي بېكىتكەن كومپارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىق، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرماسلىق، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىق پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ 400 نەپەر ئادەم شېڭ شىسەي ئۈچۈن ھەم قورقۇنچلۇق ھەم سۆيۈملۈك ئىدى. قورقۇنچلۇقى، ئۇلار قانداقلا بولسۇن كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئۇزۇن ۋاقىتلىق جەڭ سىناقلىرى-دىن ئۆتكەن قىزىل ئارمىيە ئىدى، 8 - ئارمىيىنىڭ مەشىق قائىدىلىرى بويىچە مەشىق ئېلىپ باراتتى، كۆپ قىسمى كومپار-تىيە ئەزالىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇشى شېڭ شىسەيىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا قەرەللىك بومبا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي-

غاندەك بىر ئىش ئىدى، چۈنكى ھەرقانداق ئىشنىڭ ياخشى، يامان ئىككى تەرىپى بولىدۇ - دە. يېڭى گازارمىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشى ئۇنىڭ گومىنداڭدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىدا كوزۆرلۈق رول ئوينايتتى.

شىڭ شىسەي يېڭى گازارمىدىكىلەرنىڭ سىياسىي قىياپەتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە ھەربىر ئادەمنىڭ بىردىن جەدۋەل توشقۇزۇشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سىياسىي قىياپەتلىرىنىڭ قانداقلىقى بەش قولدەك ئېنىق بولدى. لېكىن، خىزمەتلەرگە ئوڭۇشلۇق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئورغۇنى جەدۋەلگە يالغان ئىسىملىرىنى يېزىپ قويۇشقانىدى.

ئورۇمچىدىكى پۇقرالار يېڭى كەلگەن بۇ ئەسكەرلەرگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ناھايىتى روھلۇق، تۈزۈملىرى چىڭ، ئەدەپلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ياخشى نامى ناھايىتى تېزلا ئۆلكە مەركىزىگە پۇر كەتتى، ھەممە ئادەم ئۇلارنى «‹ئۇ تەرەپ› نىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكى بىكار ئەمەسكەن» دېيىشتى.

يېڭى گازارما 1937 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ 1940 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭدىن ئايرىلغىچە ئىككى يېرىم يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىشى، ھەربىي مەشقى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى، ئوسكۇنىلەرنى تەكۈزۈپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 67 كىشى ئاپتوموبىل ھەيدەشنى، 50 كىشى برونېۋىك ھەيدەشنى، 87 كىشى زەمبىرەك ئېتىشنى، 34 كىشى سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇشنى، 42 كىشى ئايروپىلانغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىي دوختۇرلۇق بىلەن ھايۋاناتلار دوختۇرلۇقىنى 11 كىشى ئۆگەندى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاخبارات تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە 20 ئادەم باردى.



www.uyghurkitap.com

1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، 18 ـ جىتۈەنجۈننىڭ قوماندانى جۇ دې شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، بۇ كوماندىر ـ جەڭچىلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە جىددىي كېرەك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى يەنئەنگە قايتۇرۇپ ئە- كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇ چاغدا، جياڭ جيېشى كومپارتىيىگە قارشى تۇنجى قېتىم دولقۇن كۆتۈرگەن بولۇپ، جياڭ جيېشىدىن تارتىپ تۆۋەندىن ھەربىي بۆيرۈق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شۆي يۆڭچاڭ، 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ، بىرىنچى ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جاڭ دىڭۋېن، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ما بۇفاڭ- غىچە ھەممىسى بۇ قوشۇننىڭ يەنئەنگە قايتىپ كېتىشىگە توسقۇن- لۇق قىلىپ، ئۇلار شىنجاڭ يەنئەنگە ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچىلار، شېڭ شىسەي 8 ـ ئارمىيە ئۈچۈن تەربىيىلەپ بەرگەن ماشىنىلاش- قان قىسىم، يول بىخەتەر ئەمەس، ئۇلارنى يولغا سېلىشقا بولماي- دۇ، قاتناش قوراللىرى يوق، دېگەندەك خىلـمۇ خىل گەپلەرنى قىلىشتى، شېڭ شىسەيدىن بۇ قوشۇننى شىـنجاڭدىكى ھەرقايسى قىسىملارغا تارقىـتىـپ «جايـىـدا ھەزىم قىلىۋېتىش»نى تەلەپ قىلدى.

شېڭ شىسەي نۇرغۇن ئويلىنىپ، جياڭ جيېشىغا توختىماي تېلېگرامما ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەرقايسى ھالقىلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىردا يول بويىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، 1940ـ يىلى 1 ـ ئاي- نىڭ 11 ـ كۈنى يېڭى گازارمىنىڭ 329 نەپەر كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنى 30 قارا ماشىنىغا سېلىپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى دىڭ باۋجېننىڭ قوغداپ مېڭىشى بىلەن يولغا سېلىپ قويدى، جياڭ جيېشىنىڭ ئۇلار «قۇرۇق قول» يولغا چىقسۇن، دېگەن بۇيرۇقىغىمۇ قۇلاق سالمىدى. ئۇلارنى يول بويى قوغداپ مېڭىش ۋە جۇ دې باش قوماندان، پېڭ دېخۇەي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى

مۇئاۋىن باش قوماندانغا سوۋغا قىلىش نامى بىلەن مىلتىقتىن 49 نى، ھەرخىل تاپانچىدىن بەشنى، پىلىموتتىن تۆتنى، ھەرخىل ئوقلاردىن 51 مىڭ پاي، دۇربۇندىن بەشنى، ئۇنىڭدىن باشقا دورا، يېمەك ـ ئىچمەك، شېكەر، تاماكا، تەييار يېمەكلىكتىن بىرنەچچە ساندۇق، 58 مىڭ 230 يۈەن نەق پۇل، ئېغىرلىقى 41.1 سەر كېلىدىغان يامبۇ قاتارلىق تازا كېرەكلىك نەرسىلەرنى يەنئەنگە ئەۋەتىپ بەردى. جياڭ جيېشى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى، ئەمما ئۇنى ھېچنېمە قىلالمىدى. جياڭ دىڭۋېن بىلەن جۇ شاۋلياڭغا: «بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ تەرەپتىن كەلگەن ماشىنا، ئادەم ۋە ماددىي بۇيۇملار لەنجۇدا توسالسۇن، لەنجۇدىن ئۆتۈپ كەتمىسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

## 3 ـ مېھمانخانا

1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا لۇگوچياۋ ۋەقەسى پارتلاپ، جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، 8 ـ ئارمىيە ۋەكىلى جۇ شياۋجۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇرۇش توغرۇلۇق سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، نەنلياڭدىكى پىششىق خىش بىلەن ياۋروپا پاسونىدا سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىنانى ئىش بېجىرىش ئورنى قىلىپ بەردى. بۇ ئەسلىدە جاۋ دېشۇنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ، شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلى «سۇيىد-

قەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن جاۋ دېشۇنى قولغا ئېلىپ بۇ بىنانى «هارام مال» قاتارىدا مۇسادىرە قىلىپ دۇبەن مەهكىمىسىنىڭ 3 ـ مېهمانخانىسى قىلىۋالغانىدى. 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى كونا ئۆيلەردىن مۇشۇ مېهمانخانىغا يۆتكەلدى.

8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى ۋۇ-خەن، شىئەن، چۇڭچىڭ، تەييۇەن، چاڭشا، گۇيلىن، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشنا ئىش بېجىرىش ئورنى ئىدى. يەنئەن لەنجۇ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلىشىش ئورنىدىن بىرنى قۇرۇشقا ئىنتايىن موهتاج ئىدى. بۇ ئىش بېجىرىش ئورنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى قوماندانلىق ۋە ئالاقىلىشىش ئورنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يەنئەن ئوتتۇرىسىدا كادىرلار بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان ئالمىشىش پونكىتى ئىدى. بىرلىك سەپ بۇزۇلۇش ئالدىدا يەنە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خادىملىرى چېكىنىشكە تەييارلىق قىلغان، ئىستىل تۈزىتىش، ئۆگىنىش ئېلىپ بارغان يىغىلىش ئورنى ۋە مەشىق مەيدانى بولدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ نۇرغۇن ئالىي رەهبەرلىرى جۇئېنلەي، لىن بياۋ، ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭ، دېڭ يىڭچاۋ، ياپونىيە كومپارتىيىسىنىڭ باشلىقى گاڭ يېجىن، ۋيېتنام كومپارتىيىسىنىڭ رەهبىرى خۇ جىمىڭلار مۇشۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇشقانىدى.

ئۇ چاغلاردا 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋىۋىسكىسى يوق ئىدى، يەنىلا 3 ـ مېهمانخانا دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

جۇ شياۋجۇ ئۇرۇمچىگە يېتىپ بارغاندا گومىنداڭ هۆكۈمىتى

ئەۋەتكەن چېن لىفۇ شېڭ شىسەي بىلەن مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ تارماق كومىتېتىنى قۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەمگە ئەۋەتكەن ئەسلىھەلىرىنى توشۇش، شىن-جاڭدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى قۇرۇش توغرۇلۇق سۆھبەتلەشكىلى كەلگەنىدى.

چېن لىفۇ قىلماقچى بولغان بىرىنچى ئىشقا شېڭ شىسەي ئاكتىپ ماسلاشتى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا قوشۇمچە مۇدىر بولدى. شىنجاڭنىڭ ئىلى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ئۈچ رايونىدىمۇ ئۈچ تارماق كومىتېت، 11 تاشيول كۆتۈرۈپ يېتكىلەش ئورنى، بەش ئاۋىئاتسىيە كۆتۈرۈپ يېتكىلەش ئورنى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاسماندىمۇ، يەردىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپلىرىگە ياردەم بەرگەن ئەسلىھەلەر ئۈزۈلمەي توشۇلۇپ تۇرىدىغان بولدى. شېڭ شىسەي چېن لىفۇ تەلەپ قىلغان ئىككىنچى مەسىلىنى قەتئىي رەت قىلدى. ئۇ 1933 - يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ سابىق ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ئەزالىرى قىلىدىغانغا ئىش يوق نەنجىڭگە قايتىپ كەتكەن ياكى شېڭ شىسەي ئۇلارنى بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ كەتكۈزۈۋەتكەن، ئۇلارنىڭ قۇرۇق جازا بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ يول قويمىغانىدى. 1935 - يىلى 1 - ئايدا، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن دېلى شېڭ شىسەيگە دوكلات قىلىپ شۇنداق دېدى:

— گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ كومىسسارى ساۋ چىۋېن بىلەن لى چيا ئىچكىرىگە قايتىپ كەتسەك دەۋاتىدۇ، دۈبەن جانابلىرى نېمە دەيدىكىن؟ — دېدى.

— ئۇ ئادەملەر ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى شېڭ شىسەي.

— ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى يوق، — دېدى چېن دېلى



www.uyghurkitap.com

جاۋابەن، — لۇ شياۋزۇدىن «پالنامە» ئۆگىنىۋاتسا كېرەك...
— سىز بېرىپ سوۋېت كونسۇلىدىن سوراپ بېقىڭ، ئەگەر قايتىپ كەتسە ھېچ ئىش بولمايدىغان بولسا قايتىپ كەتسۇن، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ بىرمۇ ئەزاسىنى شىنجاڭغا كەلتۈرمەيلى، — دېدى شېڭ شىسەي.



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرغان تۇنجى ۋەكىلى، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى تېڭ دەييۇەن

شۇنىڭدىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالغانىدى. بۇ قېتىم چېن لىفۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆلكىلىك پىرقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالماقچى بولغانىدى، شېڭ شىسەي ئۇنىمىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان چاغدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىشىنى خالىمىغانىدى.

8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە چېن يۈن بىلەن تېڭ دەييۇەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تۇنجى ۋەكىلى بولۇپ (تېڭ دەيۇەن 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تۇنجى ۋەكىلى) تۇرۇپ، 1937 - يىلى 12 - ئايغىچە شۇ خىزمەتنى ئىشلىدى.

1937 - يىلى 9 - ئايدا، دېڭ فا موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇ چېن يۈننىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىككىنچى قارارلىق ۋەكىل بولدى. 1939 - يىلى 9 - ئايدا يەنئەنگە قايتىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرغان 2 - نۆۋەتلىك ۋەكىلى، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى دېڭ فا

ئۈچىنچى قارارلىق ۋەكىل جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان چېن تەنچيۇ ئىدى. ئۇ 1939 - يىلى موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ 6 - ئايدا دېڭ فانىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1942 - يىلى 9 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئۈچ نۆۋەتلىك ۋەكىللىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ تۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، خىزمىتى ئەڭ جاپالىق، تۇرغان مۇھىتى ئەڭ مۇرەككەپ بولدى.

8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي يەنئەنگە ئاكتىپ ياردەم بېرىشكە باشلىدى.

1937 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭ، چېن يۈنلەر بىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، شېڭ شىسەي ۋاڭ مىڭغا، بۇ مېنىڭ يەنئەننىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا قىلغان ياردىمىم، قوبۇل قىلىشىڭلارنى سورايمەن، دەپ، 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بەردى.

1937 - يىلى 12 - ئايدا، تېڭ دەييۈەن، جۇ شياۋجۇ قاتارلىق 15 ئادەم يەنئەنگە ماڭغانىدى، شېڭ شىسەي ئۇلارغىمۇ ئايروپىلاندىن ئاتىدىغان 12 پىلىموت، 120 مىڭ پاي ئوق، 3 مىڭ 600 دانە جۇۋا، ھەرخىل غەرب دورىلىرىدىن 400 كىلوگرام سوۋغا قىلدى. 21 - كۈنى تېڭ دەيىۈەندىن ماۋ زېدۇڭغا

بىر پارچە خەت، ئۆزىنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزىنىڭ كىيىشىگە ئاتاپ بىر دانە جۇۋا ئەۋەتتى. خېتىدە يەنئەننىڭ شىنجاڭغا كۆپلەپ كادىر ۋە نەزەرىيىچىلەرنى ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. ماۋ جۇشىدىن باشقا جۇ دېغىمۇ بىر پارچە خەت ئەۋەتتى.

1938 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شېڭ شىسەي يەنئەنگە ئۈچ ماشىنىدا 103 تېڭىق جۇۋا، 27 - كۈنى يەنە 10 ماشىنىدا جۇۋا ۋە ھەربىي ئەشيالارنى ئەۋەتتى.

2 - ئايدا، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئىئانە قىلغان 2 مىليون يۈەنگە دورا سېتىۋېلىپ يەنئەنگە ئەۋەتىپ بەردى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ شېڭ شىسەيگە جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە دوستانىلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ھەم شېڭ شىسەيدىن نۆۋەتتىكى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش داۋامىدا شىنجاڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشقا داۋاملىق تىرىشىشنى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى، شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بىر قىسىم كادىرلارنى تاللاپ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

4 - ئايدا، شېڭ شىسەي شەنشى، گەنسۇ تەرەپلەرنىڭ مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بارلىقىنى بىلىپ، شىنجاڭدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ئەشيالارنى بېيجىڭ، تيەنجىنلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىنى يەنئەننىڭ ئىشلىتىشىگە بەرمەكچى بولدى.

بۇنىڭغا قاراپ شىنجاڭ باي ئوخشايدۇ، دەپ قالماڭ. شىنجاڭنىڭ مالىيىسى گەرچە مەسلىھەتچى مىخايلىننىڭ ئۆزى ئۇستى-

ده تۇرۇپ رەتكە سېلىشى بىلەن ئازراق ئوڭشالغان بولسىمۇ، 18 مىڭ 100 ئەسكەرنى ۋە شۇ سان بىلەن تەڭ دېگۈدەك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن 1933 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە 30 مىليارد سەر كۈمۈشلۈك قەغەز پۇل تارقاتتى، 20 مىليون يۇەندىن ئارتۇق سىرتقى قەرزگە بوغۇلدى، 30 دانە تاش باسما كېچە ـ كۈندۈز پۇل بېسىپمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. كەلسە ـ كەلمەس پۇل تارقىتىش نەتىجىسىدە پۇل پاخاللاشتى، بەش يىل ئىچىدە پۇلنىڭ كۇرسى 100 ھەسسە چۈشۈپ ھەممە ئادەم زار قاقشىدى، ھۆكۈمەت ئامالسىز قالدى.

1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مالىيە مۇتەخەسسىسى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنىسى ماۋ زېمىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مالىيە نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر، مۇۋەققەت نازىر، خەلق ئىشلار نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر، مۇۋەققەت نازىر، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2 ـ قارارلىق ئۈچ يىللىق پىلانىنى لايىھىلەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە مالىيە گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى رەتلەشلىرىگە ياردەم بەردى. ماۋ زېمىن يۇرەكلىك ھالدا ئۆلكىلىك بانكىنى، قەغەز پۇل تۈزۈمىنى ئۆزگەرتتى ۋە يېڭىدىن پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك باج ۋە مالىيە ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە قويدى. يېڭىدىن تۇرۇۋاتقان ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭدىن يېڭىدىن قايتىپ كەلگىنىگە ئۆزۈن بولمى-



ماۋ زېمىن (1896—1943)

ىجان، مەركەزنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىگە باشلىق بولغان چېغى يۈز-
گە: «ماۋ زېمىن كادىر ئەۋەتكىلار دەپ خەت يېزىپتۇ، بۇ ئىشنى
سىز بېجىرسىڭىز. شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرى مۇھىم ئورۇندا
تۇرىدۇ، ياخشى يولغا قويۇلسا ئۇ يەردىكىلەرگىلا ياخشى بولۇپ
قالماي بىز گىمۇ پايدىسى تېگىدۇ» دېدى. ماۋ زېمىننىڭ ئىنچىكە
باشقۇرۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ مالىيىسىدە نېگىزلىك ئۆزگىرىش-
لەر بارلىققا كېلىپ، شېڭ شىسەي بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى
بولدى.

1938 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، يەنئەندىن موسكۋاغا بېرىپ داۋال-
نىپ كەلگەن، ئىككى پۈتىدىن ئايرىلغان ئۇزۇن يىللىق قىزىل
ئارمىيە جەڭچىسى شۈي مېڭچيۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ مائارىپ نازا-
رىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مۇۋەققەت نازىر بولۇپ شىنجاڭنىڭ
مائارىپ خىزمىتىنى تۇتتى، يەنە هۆكۈمەتنىڭ 2 ـ قارارلىق ئۈچ
يىللىق پىلانىنى لايىھىلەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت
باشلىقى، قوشۇمچە مائارىپ گورۇپپىسىنىڭ گورۇپپا باشلىقى
بولدى. ئۇ خىزمەت ئۆتىگەن (1938 — 1942) چاغلىرىدا هەر
دەرىجىلىك مەكتەپلەر 1 مىڭ 757 دىن 2 مىڭ 463 كە يېتىپ
40 پىرسەنت ئاشتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 136 مىڭ 490 دىن
271 مىڭغا كۆپىيىپ 98 پىرسەنت ئاشتى. ئوقۇغۇچىلار دەرسخا-
نىلاردىن چىقىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەن قۇتقۇزۇش
ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان بولدى، ئوقۇتۇش
سۈپىتى ۋە ئوقۇغۇچــىلارنىڭ ساپاسى زور دەرىجــىدە يۇقىرى
كۆتۈرۈلدى.

لىن جىلۇ، گۇاڭدۇڭلۇق، ياش هەم جۇشقۇن كومپارتىيە
ئەزاسى بولۇپ، 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يەنئەندىن شىنجاڭغا
كەلگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئىل-
مىي مۇدىر، ئالتىسۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كۇچا ناهى-
يىسىنىڭ هاكىمى، ئۈچتۇرپان ناهىيىسىنىڭ هاكىمى قاتارلىق



لىن جىلۇ (1916—1943)

ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ يەنئەندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئاددىي بولۇش، تېتىك بولۇش» دېگەن مەكتەپ شوئارىنى، «ئوقۇش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش» مەكتەپ فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى، دەرس ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى ئۆزگەرتىتى، كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئىلغار پىكىرلىك ئەربابلارنى تەكلىپ قىلىپ ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە جۇڭگو ئىنقىلاب تارىخىدىن دەرس سۆزلەتكۈزدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى ئەڭ جانلىق، ئەڭ جۇشقۇن كىشىلەر توپىغا ئايلاندى.

كېيىن 1944 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر يىگىتى ئابدۇكېرىم ئابباسوف لىن جىلۇنىڭ بىۋاستە تۇتۇپ ئوقۇتۇشى بىلەن يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى. لىن جىلۇ كۇچادا ھاكىم بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا كۆۋرۈك ياسىغان ئىشلىرى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا داستان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ.

خۇاڭ خۇچىڭ، 1937 - يىلى 5 - ئايدا غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن. 1933 - يىلى 1 - ئايدا، شېڭ شىسەي دېڭ فانىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۇنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، قو-

شۇمچە سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلىندى. كېيىن ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ مەشىق سىنىپىغا ئوقۇتقۇچى بولدى. 1939 - يىلى ئاقسۇغا يۆتكىلىپ مۇۋەققەت ۋالىي بولدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ سىياسىي پارتىيە خاراكتېرىنى ئالغان تەشكىلاتقا ئايلىنىشى ئۇنىڭ بۇ ئۇيۇشمىنى ئىسلاھ قىلغانلىقىدىن بولغاندى.

لىيۇ شىپىڭ، 1938 - يىلى يەنئەندىن شىنجاڭغا كەلگەن، قۇمۇل رايونىنىڭ ۋالىيسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى.

پەن بونەن، شىنجاڭغا غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى بىلەن كەلگەن. خوتەن ئامانلىق ساقلاش قوماندانى، قوشۇمچە خوتەن رايونىنىڭ ۋالىيسى، قۇمۇل رايونىنىڭ ۋالىيسى بولدى. ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا مېڭىشتىن ئىلگىرى، شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىدە كاتتا چاي بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

خۇ جيەن، 1938 - يىلى 3 - ئايدا يېڭى گازارمىدىن پۇلى چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىگە جۇڭشياۋ دەرىجىلىك ئەترەت باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ئائىت سىياسىي ئاخباراتلارنى توپلىشىغا ماسلاشتى.

يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خېلى كۆپ ئەزالىرى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ قەشقەردىكى تارماق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئاقسۇ تارماق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، «خوتەن گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ تەھرىر ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

1937 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە، جۇڭگو كوممۇنىس-

www.uyghurkitap.com

تىنىڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شېڭ شىسەيىنىڭ تەلىپى
بويىچە يېڭى گازارمىدىن، يەنئەندىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
قايتىشىدا شىنجاڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كادىرلار ئىچىدىن 100
دىن ئارتۇق كادىرنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە، ئۆگىنىشكە يۆتكىدى.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە 60 تىن ئارتۇقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
تە، ئارمىيىدە، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئورۇنلىرىدا، ئاممىۋى
تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئۆتىدى. بۇ دەۋردە شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد،
مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاخبارات، مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى
بىرقەدەر چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بۇ نەتىجىلەر ئاشۇ كا-
دىرلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلغانلىقىدىن
ئايرىلالمايدۇ.

## موسكۋاغا «تاۋاپ» قىلىپ بېرىش

1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شېڭ شىسەيىنىڭ ئاشقازان ـ
ئۈچەي كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. بۇ كېسەل تاماقنىڭ
مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدىن پەيدا بولغانمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايت-
تى. خانىمى چيۇ يۈفاڭمۇ ئېرىنىڭ كېسىلىنىڭ بارغانسېرى
ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتاتتى. شېڭ
شىسەيىنىڭ كېسىلى ھەر قېتىم قوزغالغاندا ئاغرىقىغا چىدىماي
دومىلىنىپ كېتەتتى، چوڭ تەرەتتىمۇ نورمال ئەمەس ئىدى، بەزى
كۈنلىرى بىر قانچە قېتىم ئىچى سۈرۈپ كېتەتتى. بەزىدە ئۇدا
بىر نەچچە كۈن قەۋزىيەت بولۇپ قالاتتى، بارغانسېرى ئورۇقلاپ،
چىرايى سارغىيىپ، يۈزىنىڭ تېرىلىرى قۇرۇشۇپ كېتىۋاتاتتى.
40 ياشتىن ئەمدىلا ئاشقاندا ئىككى چېكىسىدىكى چاچلىرى ئاقى-
رىپ كەتكەنىدى.

چيۇ يۈفاڭ ئېرىنىڭ سارغىيىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ
ئىچى ئېچىشىپ، كۆيۈنگەن ھالدا:

— ئۆزىڭىزمۇ تاماقتا دىققەت قىلمايسىز، تاماقنى ئالدىراپ يەيسىز. دوختۇر تاماقنى ئالدىرىماي چايناپ يەڭ، دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتى. ھەتتا سىز ئالدىراش بوپكەتكەندە تاماقمۇ يېمەيسىز. مۇھاپىزەتچىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قاچا سۇيۇقئاش ئەتكۈزۈپ ئازراق تۇزلۇق سەي بىلەنلا يېۋالىدىكەنسىز، دائىم بۇنداق بولۇۋەرسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ شۇنچىلىك ئالدىراش. قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ، ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ، ساخاۋەتخانىلارنىڭ ئىشلىرىنى تۇتۇشۇم كېرەك، شۇڭا سىزگە قاراشقا ۋاقتىم چىقمايۋاتىدۇ. ھازىر مەن ياخشى خوتۇن بولالماي قېلىۋاتىمەن، — دېدى ۋە سۆزلەپ بولۇپ كۆزلىرىنى ياشلىدى.

شېڭ شىسەي خوتۇنىنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلمىدى. كىچىك ۋاقتىدىكى نامراتلىق ۋە ئۇزۇن يىللىق ئەسكىرىي تۇرمۇش ئۇنى تاماق ئىلغىماسلىققا ئادەتلەندۇرۇپ قويغانىدى، ئۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتىشمۇ قىيىن ئىدى.

— بىز ئىچىۋاتقان سۇدا مەسىلە بارمىدۇ! — تۇيۇقسىز سوراپ قالدى شېڭ شىسەي، — سۇ ئىچسەملا قورسىقىم كۆپۈپ كېتىدۇ، ياكى بىرەرى قەست قىلىۋاتامدۇ!

— گۇمانخورلۇقىڭىز بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ سىزنىڭ، — دېدى چيۇ يۇفاڭ كۈلۈپ كېتىپ، — ئىچىۋاتقان سۇيىمىز غەربىي خەلق باغچىسىدىكى بۇلاق سۇيى. ئىلگىرى نۇرغۇن ئادەم شۇ بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ ئىچىدىكەن، كېيىن مۇھاپىزەتچىلەر ئۇ بۇلاقنىڭ چۆرىسىنى قاشالاپ، قاشانىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىپ مەخسۇس بىز ئۈچۈن ساقلايدىغان بولدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇھاپىزەتچىلەر تۇڭ باسقان ھارۋا بىلەن شۇ بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا سۇدا قىلچە مەسىلە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۇلاق سۈيىدە ھەرخىل مىنېرال ماددىلار بار. مەن ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ

بەرسە سالامەتلىككە بەك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا سىز ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن گۇمان قىلماڭ، دۇبەن بېگىم.

شېڭ شىسەي ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ راستىنلا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە گۇمان قىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ، بەزىدە گۇمانخورلۇقتىن خالىي بولالمايتتى، مەسىلەن، چاچ ياسىتىدىغان ئىشنى ئالساق، ئۇنىڭ ساتىرىشى لاۋۋاڭ ئۇنىڭغا، ھازىرقى ئورۇندۇق ياخشى ئەمەس، ساقال ئالغاندا قولايسىز. سىز ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتالايدىغان ئورۇندۇق بولغان بولسا، ساقىلىڭىزنى ئالغاندا سىزمۇ راھەتلىنىپ ياتاتتىڭىز، مەنمۇ ساقىلىڭىزنى راھەتلىنىپ تۇرۇپ ئالاتتىم، دېگەندە، ئۇ، سېنىڭ مەقسىتىڭ زادى نېمە؟ نېمىشقا ئورۇندۇقنى ئالماشتۇرۇشنىلا دەيسەن؟ مەن ساڭا يېتىپ بەرسەم گېلىمغا ئۇستىراڭنى سۇرۇش ئاسان بولىدۇ، دەپ ئويلامسەن يا؟ مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن؟ دېگەن ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى سولىتىۋەتكەن، ئارقىدىنلا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتىممۇ، قانداق دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

شېڭ شىسەينىڭ ئاشقازان - ئۈچەي كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنى راست ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئۆلىدىكى دوختۇرخانىدا كېسەل كۆرىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئادەتتىكىدەك بولغاچقا، ئۇ موسكۋاغا بېرىپ داۋالىنىپ كېلىشنى ئويلاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ستالىنمۇ ئۇنى موسكۋاغا بىر كېلىپ كەتسىڭىز، دېگەنىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ستالىن ياپونىيىنى قەدىمىنى ئۆزى تەرەپكە ئالغۇزماي تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. ئەنە شۇ ياردەملەرنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئوڭۇشلۇق يېتىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شېڭ شىسەينىڭ ئىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەينىڭ ستالىنىنىڭ ماقۇللۇقىنى

ئالدىغان مۇھىم بىر ئىشىمۇ بار ئىدى.

شېڭ شىسەي خانىمى چيۇ يۇفاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا مەخپىي ھالدا موسكۋاغا قاراپ يولغا چىقتى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى مانىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى كونسۇل ئابلېسوف شېڭ شىسەي ئويدۇرۇپ چىققان «سۇيىقەستلىك توپى-لاڭ دېلوسى» دىكى ئاساسلىق ئادەم بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى چاقىرتىپ كەتكەن، كېيىن قولغا ئالغانىدى. كېيىن مانى موسكۋاغا قايتىپ بارغاندا ئۇنىڭ ئېتىپ تاشلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

پويىزنىڭ ئالدى ۋاگونىدا ئولتۇرغان شېڭ شىسەي ئاسىيا - ياۋروپانىڭ كەڭرى دالىلىرىدا كېتىۋېتىپ ھەم ستالىن-نىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش، ھەم شىنجاڭنىڭ ئۇنىڭ بېقىندى-سىغا ئايلىنىپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە ستالىنغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىش، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شىنجاڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ئىچىدىكى ئورنىنى بې-كىتىش توغرۇلۇقمۇ گەپلەشمەكچى ئىدى.



20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى موسكۋا قىزىل مەيدانىدا
قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان لېنىن مۇزېيى

www.uyghurkitap.com

شىڭ شىسەي بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ئولتۇرغان پويىز چىراغ يورۇقلىرى بىلەن پارلىنىپ تۇرغان موسكۋا مەركىزىي پويىز ئىستانسىسىغا كىرىپ كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قى- سىم ئالىي ئەمەلدارلىرى ئۇنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى. شىڭ شىسەي ئەر ـ خوتۇن پويىزدىن چۈشۈپ ئالىي دەرىجىلىك بىر پىكاپقا ئولتۇرۇپ شەھەر سىرتىدىكى تىنچ بىر داچىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى، شىڭ شىسەي خوتۇنىنىڭ ھەمراھلىقىدا موسكۋادىكى ئەڭ ياخشى بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ ناھا- يىتى ئىنچىكە تەكشۈرۈلدى. بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇ- رۇشلۇق ئەلچىخانىسى شىڭ شىسەينىڭ موسكۋاغا يېتىپ كېلىپ كرېمل سارىيىغا «تاۋاپ قىلىش» ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىل- مەيتتى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىنتايىن مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان زىيارەت ئىدى. ستالىن شىڭ شىسەي يېتىپ كېلىپ 24 سائەت ئۆتمەيلا ئۇنى قوبۇل قىلدى. شىڭ شىسەي موسكۋادا خۇددى دۆلەت باش- لىقىدەك كۈتۈۋېلىندى، چۈنكى شىڭ شىسەي ستالىنغا لازىم ئىدى.

بۇ ئىشتىن ئىلگىرى، ستالىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى توغرى- سىدىكى ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغانىدى، شۇڭا شىڭ شىسەي قانداقلىكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ستا- لىن ئۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى دەرھال چۈشىنىپ بولاتتى ۋە ئۇ مەسىلىگە بولغان پىكرى ۋە ھەل قىلىش چارىسى تەييار تۇراتتى.

شىڭ شىسەي ستالىنغا ئالدىنئالا قارار قىلىنغان، ئەمما ھازىرغىچە شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ بېرەلمەيۋاتقان سانائەت ئۈسكۈ- نىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە بولغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى دېدى، چۈنكى شىنجاڭ دەل شۇ چاغدا بىرىنچى ئۈچ يىللىق پىلانىنى يۈرگۈزۈۋاتاتتى.

— ئەگەر، — دېدى شېڭ شىسەي، — جۇڭگونىڭ ئەڭ قالاق رايونلىرىنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ ئۆلكىسى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن سانائەت ئۈسكۈنىلىرىگە ئېرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بولسا، بۇ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ھىندىستاننىمۇ زىلزىلىگە سېلىپ، 450 مىليون جۇڭگو خەلقى بىلەن 300 مىليون ھىندىستان خەلقى كوممۇنىزمنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن، بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن بولاتتى. بۇ ئەمەلىيەت يەنە روسىيە خەلقى بىلەن ئۇنىڭ داھىيسى ستالىننىڭ لېنىننىڭ ئاسىيادىكى تەرەققىي تاپمىغان دۆلەت خەلقلىرىگە ياردەم بېرىش ئارزۇسىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

شېڭ شىسەي بۇ گەپ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئۇستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئەمەلىي گەپلەر بىلەن ستالىنغا خۇشامەت قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. چۈنكى، ستالىن شۇ كۈنلەردە دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەكسىيەتچىلەرنى باستۇرۇش، پارتىيىنى تازىلاش ھەرىكىتى پەيدا قىلىۋاتقان، ستالىن تارىختىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ مۇستەبىت، دەيدىغان پىكىر ۋەھىمىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى.

شېڭ شىسەي يەنە ئۆزىنىڭ ماركسىزملىق سەۋىيىسىنى، مىللەت ۋە دىن مەسىلىلىرىدىكى قاراشلىرىنى قىلچە قورۇنماي بىلەرمەنلىك بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— ھەرقايسى مىللەتلەر بەختلىك، باياشات تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان يېڭى شىنجاڭ دۇنياغا كەلگەندە كوممۇنىزمنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتكارى ئىكەنلىكى تولۇق ئىسپاتلىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق گۇرۇھلار، جۈملىدىن

ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى ئۆزلىرى كېچە ـ كۈندۈز
ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان جەننەتنىڭ بۇگۈنكى ئىنسانلار ئارىسىدا
ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نو-
پۇسىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان دىنىي ئا-
دەملەر شۇ چاغدا ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى قوللاپ، شىنجاڭنى
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندۇ-
رۇش ئۈچۈن تىرىشىشنى خالايدىغان بولىدۇ.
شېڭ شىسەي بۇ گېپى ئارقىلىق، ئەگەر سەن ستالىن مېنى
ۋە شىنجاڭنى قوللىمايدىغان بولساڭ، شىنجاڭنى جاھانگىرلىك-
نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئالدىنقى سېپىگە
ئايلىنىپ كەتمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، دېمەكچى ئىدى.
ستالىننىڭ شېڭ شىسەينىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق
سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىكلىكىگە قارىتا كۆڭلىدە سان بار ئىدى.
ئۇ شىنجاڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇ-
رۇپ، ئۆزىنى ياۋروپادىكى ناتسىستلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈ-
چىيىۋاتقان تەھدىتىدىن، ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ ئىككى تەرەپ-
تىن قىستاپ كېلىشىدىن ساقلاپ قېلىشىغا تولىمۇ موھتاج
ئىدى.
— سىزنىڭ بۇ قارىشىڭىز بەكمۇ توغرا، — دېدى ستالىن
كۈلۈپ تۇرۇپ. ھەر قېتىمقى قوبۇل قىلىشتا بىللە بولىدىغان
مولوتوف بىلەن ۋوروشىلوفمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىد-
قىنى بىلدۈردى. ئۇزۇن يىللىق سىياسىي تۇرمۇش قانۇنىيىتى
ئۇلارنى ھەرگىز ستالىننىڭ پىكرىگە قارشى پىكىر قىلىپ قوي-
ماسلىققا ئۆگەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇگۈن شېڭ شىسەينىڭ
دېگىنى توغرا گەپ ئىدى.
ستالىن غاڭزىسىدىكى تاماكىسىنى بىرنەچچە قېتىم شورىۋې-
تىپ، ئاندىن مولوتوفقا قاراپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا:
— شېڭ دۇبەن دەۋاتقان سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى شىنجاڭغا

ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈپ بېرىڭ، — دېدى.
شېڭ شىسەي بۇ پۇرسەتتە يەنە ئىلگىرى ئەۋەتىپ بولالمىغان
قورال - ياراغلارنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىپ بېرىشنى ئېيتىۋىدى،
ستالىن، بۇ ئىش ئۈستىدە ۋوروشىلوف بىلەن ئايرىم سۆزلە-
شىڭ، — دېدى.

يەنە بىر قېتىم قوبۇل قىلغاندا، ستالىن جۇڭگونىڭ ۋەزىيە-
تى ۋە شىنجاڭنىڭ ئورنى ئۈستىدە بىر مۇنچە گەپ قىلىپ،
ئاخىرىدا:

— ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭ
تولىمۇ مۇھىم جاي، ھازىرقى ئورنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشنىڭ يىراقتىكى ئارقا سېپى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ
بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىسى مۇشۇ خەلقئارالىق قاتناش لىنىيە-
سىنى ساقلاپ قېلىش، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئىشلىتىش. شىنجاڭ
جياڭ جېيىشى بىلەنمۇ، ماۋ زېدۇڭ بىلەنمۇ يېقىن مۇناسىۋەت
ساقلىشى كېرەك.

شېڭ شىسەي بۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى ئاڭلاپ خۇددى
ئۇيقۇدىن بىردىنلا ئويغانغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى. ئۇ ستالىن-
نىڭ ھازىر بىلەن كەلگۈسىنى، پەۋقۇلئاددىلىق بىلەن ئومۇملىق-
نى بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ستالىنىنىڭ بۇ
سۆزلىرى ئۇنىڭ بىرنەچچە ئايدىن بېرى ھەرقانداق قىلىپمۇ ھەل
قىلالمىغان مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يەنئەن بىلەن
چۇڭچىڭ، جاھانگىرلىك بىلەن كوممۇنىزم ئوتتۇرىسىدا بىر
تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەر-
گەنىدى.

ستالىنىنىڭ بۇگۇنكى كەيپىياتى موسكۋانىڭ ياز كۈنىدەك
شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى. كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇ شېڭ
شىسەيگە سالمىقى بار ھەم يۇمۇرلۇق گەپلەرنى قىلدى ھەتتا شېڭ
خانىمدىن موسكۋادىكى رۇسچە تاماقلارغا كۆنگەن - كۆنمىگەنلى-

كىنى سورىدى. شېڭ شىسەينىڭ قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتى-دا ۋە شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان (تۆتىنچى ئىنىسى شېڭ شىچى بىلەن بەشىنچى ئىنىسى شېڭ شىجى) ئىككى ئىنىسىگە قانداق تەلەپلىرى بولسا تارتىنماي ئېيتىشىنى دېدى. يەنە شېڭ شىسەينىڭ كېسەل ئەھۋالىنى سورىدى، ئەگەر خالىسا، خانىمى بىلەن مەنزىرىلىك قىرىم ئارىلىغا بېرىپ دەم ئېلىپ كەلسە بولىدىغانلىقىنى، ئۇ يەرنىڭ قۇياش ۋە ھاۋاسىنىڭ ئادەمگە ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاشقازان - ئۈچەي كېسىلىگە تازا ياقىدىغانلىقىنى دوستانە قىياپەتتە ئېيتتى.

شېڭ شىسەي بۇ سۆزلەردىن تولىمۇ تەسىرلەندى ۋە ستالىننىڭ كەيپىياتى مۇشۇنداق ياخشى چاغدا ئۆزىنىڭ كومپارتىيىگە ئەزا بولۇش ئارزۇسىنى ئېيتىپ ئۆتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ بۇ تەلىپىنىڭ ستالىن بىلەن 3 - ئىنتېرناتسىئونال تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم رەت قىلىنغانلىقىنى بىلمەيتتى.

— مەن ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ سادىق ئىخلاسمەنى، — دېدى ئۇ تولىمۇ سەممىي تەلەپپۇزدا، — 1934 - يىلى مەن سوۋېت كومپارتىيە ئەزالىرى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرگە بۇ تەلىپىمنى ئېيتقانىدىم. 1937 - يىلى ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭ، دېڭ فا قاتارلىقلارغىمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇشۇمنى تەستىقلاشلىرىنى سورىدىم. ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې، جۇ ئىنلەي، رېن بىشى قاتارلىق رەھبەرلەر مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىمنى تەستىقلىدى، ئەمما 3 - ئىنتېرناتسىئونال بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىيەتنى بېجىرىپ بېرىدىغانلىقىنى دېدى، — ئاندىن ئۇ رېن بىشىنىڭ، ھازىرچە پارتىيىگە كىرمەي تۇرغىنىڭىز ياخشى، دېگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا، — مەن ئەمدى سىزنىڭ مېنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشىمگە قانداق قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەكچى، چۈنكى مەن دەررۇ پارتىيىگە كىرىپ ئۇنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەن.

شېڭ شىسەينىڭ ھەيران قالغىنى، ئۆزىنىڭ ئۆز ۋىدىن بۇيان سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇ تەلىپىگە ستالىننىڭ شۇئان ئېنىق جاۋاب بەرگىنى بولدى.

— سىز ھازىرلا پارتىيىگە كىرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ستالىن ئېنىق جاۋاب بېرىپ، — سىز شىنجاڭغا قايتىشتىن ئىلگىرى مەن سىز بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنە سۆزلىشىمەن.

ستالىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شېڭ شىسەي دۆلىتىگە قايتىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى بىر نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كومپارتىيە ئىشلىرى ئەمەلدارى ستالىننىڭ پىكرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. ستالىن شېڭ شىسەيگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ ئۇنىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە كىرىشىنى تەستىقلىغان ۋە شۇئان پارتىيىگە كىرىش قەسەمنامىسىگە قول قويۇپ بېرىشىنى ئېيتقانىدى. كەلگەن ئادەم ئۇنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋەتتى موسكۋادا بولىدىغانلىقىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ جۇڭگولۇق بولسىمۇ سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغانلىقىنى، كەلگۈسىدىكى بىر كۈنلەردە ئۇنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇشىغا «رۇخسەت قىلىنىدۇ» غانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىق كىنىشكا نومۇرى 1859118 ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ موسكۋاغا قىلغان مەخپىي سەپىرى بەكمۇ غەلىبىلىك بولدى، بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ كېيىن يازغان ئەسلىمىسىدە شۇنداق دېگەن: «مەن ستالىننى بىر قېتىم ئەمەس ئۈچ قېتىم كۆردۈم. مېنى كرېملىنىڭ بىرنەچچە مۇھىم ئەمەلدارى تەرەققىي قىلمىغان شىنجاڭنىڭ دۆبەنى ئەمەس، جۇڭگونىڭ دۆلەت باشلىقىدەك كۈتۈۋالدى. بىز ئالتە يىل سۆرۈلۈپ كەلگەن قورال - ياراغ، ئېيق - دورا مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق. بىز ئۈچ يىللىق پىلان قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساس سېلىپ، ئۈچ يىللىق پىلاننىڭ كەلگۈسىدە شىنجاڭدەك مۇشۇنداق بىر قاقاس چارۋىچىلىق رايوننىڭ جۇڭگونىڭ كەلگۈ-

سىدىكى سانائەتلەشكەن بازىسىغا ئايلىنىشىنى تېزلەشتۈردۇق. ئەڭ مۇھىمى، ستالىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان غەمخورلۇقى، مېنىڭ شىنجاڭغا داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىشىمغا بولغان ئىشەنچىسى بولدى.» بۇنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىشلار ئىدى.



20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى موسكۋا كوچىلىرى

شېڭ شىسەينىڭ موسكۋا سەپىرى ماددىي ۋە روھىي جەھەتلەردە زور قانائەتلىنىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. لېكىن، شېڭ شىسەي كېيىن شۇنداق دېدى: كېيىنكى پاكىتلار ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، ستالىنىنىڭ مېنى سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا قىلىشتىن «مەقسىتى جۇڭگونى ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئايرىۋېتىش، جۇڭگو خەلقىنى جۇڭگو خەلقىدىن ئايرىۋېتىش، كومپارتىيە ئەزالىرىنى كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ئايرىۋېتىش… ئاخىرىدا رەقىبلىرىنى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا تەھدىت يەتكۈزىدىغان مەركەز بولۇپ شەكىللىنەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇش ئىكەن.» بۇ گەپنى چۈشەنمەك بىر ئاز قىيىنراق. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ئېھتىمال، ستالىن مېنىڭ سىياسىي ئورنۇمنى بەكمۇ كۆتۈرۈۋەتتى، مەندىن پايدىلىنىپ كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرماقچى، دېگەن بولسا كې-



www.uyghurkitap.com

رەك. ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئاخىر بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇشى تەستىقلانغاندى. بۇنىڭدىن شېڭ شىسەي ستالىننى ئۆزىنى شاھمات ئۇرۇقىدەك ئىختىيارىچە ئۇيان - بۇيان يۆتكەپ يۇرىدىغاندەك ئويلاپ قالدى. شېڭ شىسەي يەنە ستالىننىڭ ئۆزىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشىنى «قىزىل سىرتماق»نى بوينىغا سېلىپ قويۇپ شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەسىر كۈچىگە كىرگۈزۈۋېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنمىكىن، دەپمۇ ئويلىدى. شېڭ شىسەي بۇرۇندىن تارتىپ شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تالىشىپ كېلىۋاتقان ئورۇن، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ، دەپ ھېسابلاپ كېلىۋاتاتتى.

موسكۋادىن ئايرىلىش ھارپىسىدا، شېڭ شىسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى ستالىن ئەۋەتكەن يەتتە بولاق ھەرخىل بۇيۇم بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق بىر ئوردېننى تاپشۇرۇۋالدى. بىر بولاقتا ئالماستىن كۆز قويۇلغان ئاق ئالتۇن بىلەزۈك بارئىدى، ئاجايىپ جۇلالىنىپ تۇراتتى، شېڭ شىسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ جۇلاسىدىن ھۇزۇرلاندى. سوۋغاتلار ئۇ ئىككىسىنى بۆلەكچىلا خۇشال قىلىۋەتتى، ئۇلار ئېلىپ بارغان شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئۇ سوۋغاتلارنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى.

## 1938 - يىلى — كومپارتىيە بىلەن ئۆتكەن «شېرىن ئايلار»

شېڭ شىسەي موسكۋادىكى داچىلارنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ۋە كېلىپلا شىنجاڭنىڭ 3 - نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كەتتى.

ئۆتۈپ كەتكەن بەش يىل ئىچىدە، شىڭ شىسەي ئىككى نۆۋەتلىك پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. 1 ـ نۆۋەتلىكى 12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بەرگىنىگە بىر يىل بولغان چاغدا، 2 ـ نۆۋەتلىكى 1935 ـ يىلى ئېچىلدى. ھەر نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ ئىناۋىتى بىر بالداق ئۆسۈپ ماڭدى. ئۆتكەن نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغىنىغا ئىككى يىل بولدى. بۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىڭ روھى داۋالغۇپ تۇردى، خۇددى بىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك، ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ قالايمىقان ئادەم تۇتۇشقا، قالايمىقان ئادەم ئۆلتۈرۈشكە باشلىغان، بەختىگە سۇيىقەستلەر يىمىرىلىپ، ۋاقتىلىق دېمىنى ئېلىۋالغانىدى. موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى تۇردى. بۇ يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھېچكىم ئورنىغا دەسسىيەلمەيدىغان ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىدىنلا ئەمەس ئىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ ئۇنى ۋە ئۇ ئىجرا قىلىۋاتقان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى قوللاۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھەيۋىسى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ھېكچىمنى نەزىرىگە ئالمايدىغان، ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرىمەن دەيدىغان بىرخىل روھىي ھالەت كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋاتاتتى. ھەربىي فورما كىيگەن، بۇرۇتى بار سۈرىتى سېپىل دەرۋازىلىرىنىڭ بېشىغا، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويۇلغانىدى، چوڭ يىغىنلاردا نامايىشچىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ كۆزلەرگە تاشلىنىپ تۇراتتى، «ئۇلۇغ داھىمىز شىڭ دۇبەن!» «ياشىسۇن شىڭ دۇبەن، تۈمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن!» دېگەن شوئارلار ھەر قېتىملىق چوڭ يىغىنلاردا ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا ياڭراپ تۇراتتى. چوڭ يىغىنلاردا سۆز قىلغاندا گولدۇراس

ئالقىشلار ئۇزۇلمەيتتى.

1938 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە ئۇرۇمچى 12 كۈن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلدى. ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشكەن، ئۆز تىللىرىدا سۆزلىشىۋاتقان ھەرمىللەت ۋەكىللىرى تەنتەربىيەتاغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىن ئاپتوموبىللارغا ئولتۇرۇپ ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ سەلتەنەتلىك يىغىنغا قاتنىشىۋاتاتتى. شېڭ شىسەي «يېڭى شىنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇستەھكەم ئارقا سەپ» دېگەن شوئارنى پۈتۈن مەملىكەتكە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە گېزىتلەرنىڭ بىرى بولغان «ئاۋام گېزىتى» نىڭ باشلىقى جاڭ جىلۇەننى قۇرۇلتايغا مەخسۇس تەكلىپ قىلغانىدى، جاڭ جىلۇەننىڭ ئىنىسى چىقىپ قېلىپ ئورنىغا شۇ گېزىتنىڭ مۇخبىرى چېن جىيىگىنى ئەۋەتتى. چېن جىينىڭ ئۇرۇمچىدە قۇرۇلتاينىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى ۋە شېڭ شىسەي بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشتى. قۇرۇلتاي داۋامىدا قۇرۇلتاينىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ دىنبىر چوڭ خەۋەر ئورنىدا «ئاۋام گېزىتى» دە ھەر كۈنى خەۋەر قىلىپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭمۇ نامى چىقتى. ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن قۇرۇلتاي ئەھۋالىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ «شىنجاڭدا كۆرگەنلىرىم» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلدى. بۇ كىتاب دۇ جۇڭيۇەننىڭ «شېڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» دېگەن كىتابىغا ئوخشاش شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى يىللار (1933 — 1938) تونۇشتۇرۇلغان كىتاب بولۇپ، تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغانىدى. كۆپ ئادەملەر (ماۋدۇن قاتارلىقلارمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە) مۇشۇ ئىككى كىتابنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇرۇمچىنى يەنە بىر يەنئەن ئىكەن، دەپ ئويلاپ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوزغىلىش ئىشلىرىغا بارلىقىنى بېغىشلىدى.



1939 - يىلى نەشر قىلىنغان
«شىڭ شىسەي نۇتۇقلىرى»
نىڭ مۇقاۋىسى

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە بارغان ئون كۈن ئىچىدە زادىلا بىكار قالمىدى. شۇ يەردىكى چاغدا يازغان، كېيىن «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرى» (2 - قىسىم) دېگەن نام بىلەن چىقىرىلغان كىتابچىدا ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنى ياپون باسقۇنچىلىرىنى يېڭىدىغان بىردىنبىر ھالقا، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئوبيېكتىپ ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىردىنبىر توغرا تاكتىكا، شۇنداقلا پۈتۈن خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان مۇقەددەس مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ بىردىنبىر ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى... جۇڭگونى قۇتۇلدۇرىدىغان بىردىنبىر ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا» دەپ قارىغانىدى.

3 - نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ باشلىنىش نۇتقىدا ئۇ 510 نەپەر ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىگە يۇكسەك باھا بەردى ۋە بۇ سىياسەتنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ھەممىمىزگە مەلۇم، جۇڭگودا 450 مىليون نوپۇس بار، مۇشۇنچىلا كۆپ ئادەمنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەدىمىنى ماسلاشتۇرۇپ ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن قىيىن ئىش. ماۋ زېدۇڭ ئەپەندى ئاساسلىق كۈچنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش

سىڭىپگە ئىشلىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.»

ئەلۋەتتە، شېڭ شىسەي ستالىننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇماي، جياڭ جيېشى بىلەن ماۋ زېدۇڭغا بولغان قاراشتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش نۇتقىدا: «جياڭ ۋېييۈەنجاڭ ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش پروگراممىسى ئىنتايىن توغرا، ماۋ زېدۇڭ ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش تەشەببۇسى ئىنتايىن توغرا» «كۆپچىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش پروگراممىسى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش تەشەببۇسىنى زور كۈچ بىلەن قوللاشلىرى كېرەك» دېدى.

شېڭ شىسەي يەنە ئۆزىنى پەردازلاشنىمۇ ئۇنتۇماي، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى كۆككە كۆتۈرۈپ: «پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلىۋاتقان كىشىلەرنى ئازادلىققا چىقىرىشنىڭ ئەڭ نۇرلۇق مايىكى» دېدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ سىياسىتى پەقەت جۇڭگونىڭ مەسىلىسىنىلا ھەل قىلالايتتى، ئۇنىڭ سىياسىتى بولسا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلاتتى. ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى بۇنچىلىك دەرىجىدە ماختاپ كېتىشى ئۇنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» سىياسىي گۇرۇھىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى بولۇشقا جامائەت پىكرى توپلىغانلىقى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئاستىغا قويىدىغان ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس، مانا بۇ شۇنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

«ياشىسۇن ماۋ زېدۇڭ!» قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي شوئارلىرىنىڭ بىرى بولدى؛ جۇ دې قۇرۇلتاينىڭ پەخرىي جۇشتۇەنلىكىگە سايلاندى؛ قۇرۇلتاي يەنە ماۋ زېدۇڭغا مەخسۇس تېلېگرامما يوللىدى، قۇرۇلتاي خاتىرە دەپتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىگە ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ دېنىڭ سۈرىتى بېسىلدى.

قۇرۇلتاي داۋامىدا، ئۈرۈمچىدىكى 20 مىڭ ئامما پانۇس مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قۇرۇلتاينى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم ئىئانە توپلاپ 10 ئايروپىلان، 100 مىڭ يۈرۈش قىشلىق كىيىم سېتىۋېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن، قاناتلىرىغا ئالتە قىرلىق (ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ سىمۋولى) بەلگە سىلىنغان «شىنجاڭ» ناملىق ئون ئىككى قىرغۇچى ئايروپىلان ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بېرىلدى، چۇڭچىڭدا بۇ ئايروپىلانلارغا نام بېرىش يۈزىسىدىن كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى.

1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، شىنجاڭ خەلق بىرلەشمىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئۈچۈن پۈتۈن شىنجاڭدا ئۈچ كۈن ئالتۇن ئىئانە قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. شۇ كۈنى شىڭ شىسەي ئەنمىنگە قۇرۇلغان ئالتۇن ئىئانە قىلىش سۇپىسىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ قورال تاسمىسىدىكى 51 دانە ئالتۇن بۇيۇملارنى نەق مەيداندا ئېلىپ ئىئانە قىلدى، بۇ ئالتۇنلار يەتتە سەر بىر مىسقال 3 فۇڭ چىقتى. چيۇ يۇفاڭ ئاياللارغا ۋەكىل بولۇپ سەھنىگە چىقىپ ئۆزىنىڭ بىر سەر ئۈچ مىسقال كېلىدىغان بىر دانە بىلەزۈكىنى، تۆت دانە يىلپىز تېرىسى، بىر دانە ئەلتېرە پەلتۇسىنى ئىئانە قىلدى. ئۆلكە رەئىسى لى رۇڭ ئۇلارنىڭ كەينىدە قالغۇسى كەلمەي، خانىمىنى قولتۇقلاپ سۇپىغا چىقىپ، 202 سەر كېلىدىغان تۆت دانە يامبۇ، خانىمى سەككىز مىسقال سەككىز فۇڭ كېلىدىغان ئالتۇن بىلەزۈكىنى ئىئانە قىلدى. دۇبەن بىلەن رەئىسنىڭ مەردلىك بىلەن باشلامچى بولۇپ ئىئانە قىلىشى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئاكتىپلىق بىلەن ئالتۇن ئىئانە قىلىشنى باشلىۋەتتى. 1940 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئىئانە قىلىنغان پۇل 1 مىليون يۈەنگە، ئالدىنقى سەپكە ھال سوراپ ئەۋەتىلگەن خەت - چەكلەر 100 مىڭ پارچىغا يېتىپ، ھەر مىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قوللىغان كۆڭۈللىرىنى ئىپادىلىدى.

# 7. ھەمـــمە ياپون باسقۇنچى-
# لىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇچۇن

## ئۇرۇشقا پەقەت 91 ئايروپىلانلا قاتناشتى

1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، لۇگۇچياۋ ۋەقەسى پارتلاپ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

بۇ ئەسكىرىي كۈچ پەرقى ئىنتايىن چوڭ بىر ئۇرۇش ئىدى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ھاۋا ئارمىيىسى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. جاڭ شۆلياڭنىڭ شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى، ئىتالىيە ئەنچاڭدا قۇرۇپ بەرگەن ئايروپىلان قوراشتۇرۇش زاۋۇتى قوراشتۇرۇپ چىققان «پىيات» ناملىق كورەشچى ئايروپىلانلار، «سافۇياماچت» ناملىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلار جۇڭگو ـ ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق ھاۋا ئۇرۇشىدا ئاسانلا تۈگەشتى. گەرچە ئاۋىئاتسىيە كومىتېتىنىڭ ئايروپىلان ئارخىپىدا تىزىملانغان ئايروپىلانلارنىڭ سانى 500 بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت 91 ىلا ئۇرۇشقا قاتنىشالايتتى.

تېخىمۇ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئەڭ ئالىي قوماندان بولغان جياڭ جيېشىنىڭ بۇ ئىشلاردىن زادىلا خەۋىرى يوق ئىدى.

بۇ راست ئەھۋال ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ راستلىقىغا ھەقىقە-

www.uyghurkitap.com

تەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جياڭ جيېشى جۇڭگونىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك بىلىپ بې-قىش ئۈچۈن، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز لۇشەن تېغىدا ئاۋئاتسىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ماۋ باڭچۇ بىلەن بۇ كومىتېتنىڭ مەسلى-ھەتچىسى، كېيىن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ئۈچقۇ-چىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان گېنېرال چېنناۋلتنى قوبۇل قىلدى. قوبۇلدا يەنە جياڭ جيېشىنىڭ خانىمى سۇڭ مېيلىڭمۇ بار ئىدى.

چېنناۋلت ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە شۇنداق دېگەن:

«ماۋ گېنېرال بىلەن ئىككىمىز تەكلىپ بويىچە لۇشەن تېغىغا جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ ۋە جياڭ خانىم بىلەن كۆرۈشكىلى باردۇق. تاغنىڭ ئۈستىگە چىققاندا ماۋ گېنېرال بىر تەختىراۋان-نى ئىجارىگە ئالدى، ئىككىمىز شۇنىڭغا ئولتۇرۇپ تاغنىڭ چوق-قىسىغا قاراپ ماڭدۇق. ماۋ گېنېرالنىڭ چىرايىدىن بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە بىر ئىش چىقىدىغاندەك ئەندىشە چىقىپ تۇراتتى، خۇددى تەختىراۋاننى ئۆزى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك، پېشانىسى-دىن ئېقىۋاتقان تەر ئۇنىڭ شۇ خىل روھىي ھالىتىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

جياڭ جيېشى بىزنى دېرىزىلىرىگە تور تارتقان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ كارىدورى ئالدىدا كۈتۈۋالدى. جياڭ خانىم مېنى تو-نۇشتۇرغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە غەربلىكلەر-نىڭ ئادىتى بويىچە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

قىسقىلا ئەھۋال سوراشلاردىن كېيىن، جياڭ جيېشى گەپنى ماۋ گېنېرالغا يۆتكەپ، ئەڭ قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن ئۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. جياڭ خانىم ئىككىمىز بىر چەتتە تۇراتتۇق، ئۇ ماڭا ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەرجى-مە قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان قانچە ئايروپىلان

بار؟ — دەپ سورىدى جياڭ جيېشى ماۋ گېنېرالدىن.
— 91 ئايروپىلان بار، — دەپ جاۋاب بەردى ماۋ گېنېرال.
جياڭ جيېشىنىڭ چىرايى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى، دەپ ئويلىدىم. ئۇ شۇئان ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى ۋە خۇددى يىلاننىڭ ۋىشىلدىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاۋاز بىلەن جۇڭگوچە بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى.
جياڭ خانىم تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى دەرھال توختىتىپ قويدى، ماۋ گېنېرالنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، مىدىر قىلماي قېتىپ تۇراتتى، ئىككى كۆزى قېتىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا يىغىلىپ قالغانىدى.
— ۋېيىۋەنجاڭ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى خانىم بوش ئاۋازدا ماڭا، — ئاۋىئاتسىيە كومىتېتىنىڭ ئارخىپىدا ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان 500 ئايروپىلان بار، دەپ ئەنگە ئېلىنغان.
جياڭ جيېشى بىلەن تونۇشقان بۇ سەككىز يىل ئىچىدە ئۇنىڭ بۇنچىلىك قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقىنى تۇنجى كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇ ئاچچىقى سەل بېسىلغاندا، كەينىگە قايرىلىپ مەندىن جۇڭگو تىلى بىلەن بىر نېمىنى سورىدى، جياڭ خانىم دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەردى:
— سىزنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىڭىز قانداق بولدى؟
— ماۋ گېنېرال دېگەن سان توغرا، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

جۇڭگو 91 ئايروپىلانى بىلەن بۇ جەڭنى قانداق قىلالايدۇ؟
جياڭ جيېشى گەرچە «ئۆزىنىڭ ئەھۋالى»نى بىلمىگەن بىلەن ياپونىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇ كۈنلەردە ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 1 مىڭ 500

www.uyghurkitap.com

ئايروپىلانى بار ئىدى، جۇڭگونىڭ ئارخىپتىكى 500 ئايروپىلانىنى بار ئايروپىلان دېگەندىمۇ، دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ئاران 1/3 قىسمىنى ئىگىلەيتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇرۇش قىلالايدىغان ئايروپىلانى ياپونىيىنىڭ ئايروپىلانىنىڭ 1/16 قىسمىنى ئىگىلەيتتى.

جياڭ جيېشى ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇش ئۈمىدىنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا باغلىدى. لېكىن، ئەنگلىيە بارلىق كۈچىنى گېرمانىيىنىڭ ئۆزىگە تاجاۋۇز قىلىش ئېھتىماللىقىغا قارىتىۋاتقان بولغاچقا، ياپونىيە چاڭجياڭ بويلىرىدىكى مەنپەئەتىگە چېقىلمىسىلا ياپونىيە بىلەن سۈركىلىشمەيتتى.

ئامېرىكا ئاسىيانىڭ ئىشلىرىغا چېتىلىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى، پەقەت جۇڭگودىكى ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىلا قوغدىسا بولاتتى.

7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، جۇڭگو ئەنگلىيە بىلەن 36 ئايروپىلان، فرانسىيە بىلەن 36 بومباردىمانچى ئايروپىلان سېتىۋېلىش توغرۇلۇق كېلىشىم تۈزدى. ياپونىيە چەت ئەل قوراللىرىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن دەرھال جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىلىرىنى قامال قىلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ياپونىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئىلگىرى جۇڭگو بىلەن قورال سېتىپ بېرىش ئۈچۈن تۈزۈشكەن توختاملىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىكار قىلدى.

ھەرقايسى دۆلەتلەر ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىغا قارىتا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋاتقان چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم قولىنى سوزدى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، «جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى» تۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىدىغان پۇل قەرز ئېلىش كېلىشىمىدىن ئۈچى ئىمزالاندى.

بۇلار: 1938 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىمزالانغان 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىمزالانغان 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق، 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىمزالانغان 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق كېلىشىملەر ئىدى. ئۈچ قېتىم قەرز ئېلىنغان 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 3 پىرسەنت بولۇپ، جۇڭگو بۇ پۇلنى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بىلەن قايتۇرماقچى بولدى.

بۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا چەت ئەلدىن كەلگەن بىردىنبىر ياردەم ئىدى.

## سىرلىق تەكشۈرۈش ئۆمىكى

1937 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سەنمۇبۇسىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيې ئۆمەك باشلىقى، گومىنداڭ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ چۈڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قورال سېتىۋېلىش ئۆمىكى (سىرتقا قارىتا ياۋروپا ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى دەپ ئاتالدى) سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلىدىغان قورال ـ ياراغلارنى سېتىۋېلىش ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىش ئۈچۈن موسكۋاغا بارماقچى بولدى.

ياڭ جيې، جاڭ چۈڭ، خۇاڭ گۇاڭيۇەن (قۇرۇقلۇق ئارمىيە شاۋجياڭى، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ كاتىپى)، ۋاڭ شۇمىڭ (ھاۋا ئارمىيە شاۋجياڭى، تەكشۈرۈش ئۆمىكى ھاۋا ئارمىيە گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى) قاتارلىق 12 كىشى 27 ـ كۈنى سەھەر سائەت 4 دە نەنجىڭ كولى ئايرودرومىدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ غەرب تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. يول بويى شىئەن، لەنجۇ، ئەنشى، قۇمۇللاردىن ئۆتۈپ، 29 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

شېڭ شىسەي ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە چۈشىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقانىدى، شۇڭا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن فۇگۇەنى ۋاڭ يۇشۇغا ئۇلارنى يېتىپ كېلىشىگىلا ئۆلكىلىك مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپشۇردى. ۋاڭ يۇشۇ شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي مەكتەپتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىگە باشلىق بولغان، شۇنىڭدىن باشلاپ شېڭ شىسەينىڭ ئەڭ ياراملىق ياردەمچىسىگە ئايلانغانىدى. ئالاھىدە خىزمەتكە ماھىر ۋاڭ يۇشۇ شېڭ شىسەينىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ، شېڭ شىسەيگە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇردى.

ياڭ جيې بىلەن جاڭ چۇڭ شېڭ شىسەينىڭ گۇمانخورلۇقىنى بىلگەچكە ھەم ئۇلار نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بولغاچقا، تەبىئىي ھوشيار ئادەملەر ئىدى، شۇڭا ئىشلىرىنى بەكمۇ مەخپىي تۇتتى. شېڭ شىسەينى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن ئىشلاردا شېڭ شىسەينىڭ ماسلىشىشىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ياڭ جيې بىلەن جاڭ چۇڭ شېڭ شىسەيگە كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېدى ۋە سەمىمىي مۇئامىلە قىلدى.

ياڭ جيې نامى بار ھەربىي ئالىم ئىدى. 1913 ـ يىلى ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىي ئەمەلدارلىرى مەكتىپىنىڭ توپچى كەسپىنى پۈتتۈرگەن، 1920 ـ يىلى ياپونىيىگە يەنە بېرىپ ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغانىدى. بىر قېتىملىق ھەربىي مانېۋېردا ئۇ باش قوماندان بولۇپ سايلىنىپ، شۇ مانېۋېرغا ئاجايىپ ياخشى قوماندانلىق قىلغان ھەم ئۆزىگە خاس يېڭىلىق ياراتقان، شۇ نەتىجىسى ئۈچۈن ياپونىيە پادىشاھى ئۇنىڭغا بىر قىلىچ ئىنئام قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن



1928 ـ يىلى كەلگەن جۇڭگو ـ شۋېتسىيە غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ چۈشكەن سۈرىتى (ئالدىنقى رەت ئوتتۇرىدىسىدىكى ياڭ زېڭشىن)

«تالانتلىق گېنېرال» دەپ نام ئالغانىدى. شۇ چاغدا فرانسىيە ھەربىي ئالىمى مارشال شافېي شۇ مەكتەپكە ئېكسكۇرسىيىگە بارغاندا مەكتەپ تەرەپ ياڭ جيېنى ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە چىقىرىپ بەرگەن. ئۇ شافېي بىلەن بولغان سۆھبەتتە قىلچە دۇدۇقلىماي، ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئاجايىپ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شافېينىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. شۇ چاغدا شافېي: «بۇ ئادەم كەلگۈسىدە شەرقىي ئاسىيانىڭ ئاجايىپ تالانتلىق ھەربىي ئالىمى بولۇپ چىقىدۇ» دېگەنىدى. ياڭ جيې تۆت يىلدىن كېيىن ھەربىي ئىستراتېگىيە ئىلمى بويىچە بىرىنچى نەتىجە بىلەن ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىدى.

ياڭ جيېنى شىڭ شىسەينىڭ ئۇستازى ۋە باشلىقى دېيىشكەمۇ بولاتتى. 1928 ـ يىلى، شىڭ شىسەي مەكتەپ دەرىجىلىك ئوفىتسېر چېغىدا ياڭ جيې جياڭ جيېشىنىڭ گومىنداڭ ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى جىتۇەنجۈنىنىڭ باش سەنمۇجاڭى بولغان، كېيىن يەنە ھەر نۆۋەتلىك ھەربىي كومىتېتلارنىڭ سەنمۇجاڭى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەندە قۇرۇقلۇق ئارمىيە جۇڭجياڭى بولۇپ، ئىككى ئايدىن كېيىن شاڭجياڭلىقتا ئۆسكەن. شىڭ شىسەينىڭمۇ ئامىتى بار، شۇ چاغدا ئۇمۇ

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭنىڭ جۇڭجياڭ دەرىجىلىك دۆبەنى ئىدى.

ياڭ جىيې شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشكەندە ئاۋۋال ئادەتتىكى پاراڭلارنى قىلىپ ئولتۇرۇشتى، ئۇ ئىككىسىنىڭ نۇرغۇن جەھەتتە پىكىر ئوخشاشلىقى بار ئىدى. بىردەم كونا پاراڭلارنى قىلىپ كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىۋالغاندىن كېيىن، ياڭ جىيې گەپنى ئاساسلىق تېمىغا يۆتكەپ، شېڭ شىسەيگە شۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ بۇ قېتىملىق موسكۋا سەپىرىمىز نامدا ياۋروپا ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش، بۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى چالغىتىش ئۈچۈن دەۋالغان گەپ. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بېرىدىغان قورالىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگىلى بارماقچى. قورالارنى سېتىۋالغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىن مېڭىپ، ئىلى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ئارقىلىق لەنجۇغا توشۇپ ئاپىرىپ، ئۇ يەردىن ئالدىنقى سەپكە يۆتكەيمىز. بۇ لىنىيە ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جان تومۇرى دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. سىز ھازىر شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشى ھەم دۆبەنى، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ بۇ خەلقئارالىق قاتناش لىنىيىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىزگە ھەممىدىن كۆپ تايىنىدىغان گەپ. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى سىرتقا ئاشكارىلانمايدۇ، شۇڭا بۇ مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلىشىڭىزنى سورايمەن.

شېڭ شىسەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇراتتى، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالىدىغان قورالارنى شىنجاڭ ئارقىلىق لەنجۇغا يۆتكىمەكچى بولغان ئىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قىلچە سۇسلۇق قىلماي مۇنداق دەپ ئىپادە بىلدۈردى:

— ياپون ئالۋاستىلىرى شەرقىي شىمالدىكى يۇرتۇمنى، ئارقىدىن بېيجىڭنى، شىمالىي جۇڭگونى بېسىۋالدى. ھازىر شاڭ-

خەيدە ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. شىنجاڭ گەرچە ئارقا سەپ بولسىمۇ شىنجاڭ خەلقى قوللىرىغا قورال ئېلىپ جەڭگە كىرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تەقدىرى دۆلەت تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بىزنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىمىز بىلەن پۇقرالىرىمىزنىڭ هازىرقى شوئارى: هەممە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن! هەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن! شۇڭا، ئۇلار پۇل چىقىرالايدىغانلىرى پۇل، كۈچ چىقىرالايدىغانلىرى كۈچ چىقىرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پايدىلىق ئىش بولسا باش تارتماي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللاپ كېلىۋاتىدۇ. ئالدىنقى سەپكە ئېهتىياجلىقلا بولىدىكەن، بىز ئەڭ زور قۇربانلارنى بېرىشكە تەييار، بۇ شىنجاڭدىكى 4 مىليون خەلقنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتى.

ياڭ جيې شېڭ شىسەينىڭ بۇخىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روهىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى.

— شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالىدىغان قوراللارنى توشۇشنى ئۈستىگە ئالغانلىقى بەكمۇ چوڭ ئىش، — دېدى شېڭ شىسەي، — شۇڭا، بۇ ئىشقا بىز بالدۇرراق تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. مۇمكىن بولسا بۇ قېتىم سېتىۋالىدىغان قورالالرنىڭ تەپسىلاتىنى ماڭا دەپ بەرگەن بولسىڭىز، بىز شۇنىڭغا قاراپ تەييارلىق قىلساق، كېيىن ئالدىراپ قالىدىغان ئىش بولمىسا.

ياڭ جيې سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالىدىغان قورال سۆھبىتىنىڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى ئىشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بىلەن نەنجىڭدە سۆهبەت ئۆتكۈزگەندە ئۇ قوشۇلغانىدى. بۇ قېتىمقى موسكۋا سەپىرىدە ستالىن ۋە مارشال ۋوروشىـ

www.uyghurkitap.com

لوق بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن قورال - ياراغلارنىڭ تۈرلىرى، سانى، ئۆلچىمى قاتارلىق مەسىلىلەردە سۆزلەشسىلا بولاتتى. جۇڭگوغا ياردەم بېرىلىدىغان قورال - ياراغلارنى توشۇش ۋە جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قورال - ياراغلار ئۈچۈن تۆلىنىدىغان رەڭلىك مېتال، يۇڭ، تېرە، چاي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئارقىلىق ئۆتىدىغان بولغاچقا، شېڭ شىسەينىڭ ياردىمىسىز بىرقەدەممۇ ماڭغىلى بولمايتتى. شۇڭا، بۈگۈن شېڭ شىسەيگە ئەھۋالنى ئېيتىپ دەپ بېرىشنىڭ پايدىسى باركى، زىيىنى يوق ئىدى، شېڭ شىسەي بىلسە بالدۇرراق تەييارلىق قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاڭ چۇڭغا:

— جاڭ بۇرادەر، جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ تەستىقى بىلەن بىز تەرەپنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە تاپشۇرغان لايىھىمىزنى شېڭ دۇبەنگە قىسقا، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرسىڭىز، — دېدى.

جاڭ چۇڭ ئۇلاردىن ئالىدىغان قورال - ياراغلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى سومكىسىدىن ئالغاچ شېڭ شىسەيگە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ھازىر ئالدىنقى سەپكە ئايروپىلان جىددىي لازىم، ۋېييۈەنجاڭ مۇشۇ مەسىلىدە كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك خاتىرجەم ئەمەس. بىز سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئەڭ ياخشىسى 350 ئايروپىلان بېرىشىنى تەلەپ قىلماقچى، ئۇ ئايروپىلانلارنىڭ 100ى ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان، 100ى يېنىك تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان، 150 ى قوغلىغۇچى ئايروپىلان.

بىز يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئوقۇتقۇچى، تېخنىك، ئېغىر تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان باشقۇرۇشنى ئۆگەتكۈچىلەر بولۇپ 15 ئادەم، يېنىك تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان

ئوقۇتقۇچىسىدىن ئون ئادەم، قوغلىغۇچى ئايروپىلان ئوقۇتقۇچىدىن سەككىز ئادەم، ئۇچقۇچىلار ئوقۇتقۇچىسىدىن يەتتە ئادەم، تېخنىك خادىملاردىن 30 ئادەم تەكلىپ قىلماقچى.

بىز يەنە قارشى تەرەپنى ئايروپىلانغا پىلىموتقا ئوخشاش قوراللارنى، سىمسىز تېلېگرافلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماقچى. ئۇنىڭدىن باشقا ئايروپىلان زاپچاسلىرى، بېنزىن، ئاپتولغا ئوخشاش نەرسىلەرنىمۇ ئالىمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە 82 ھەربىي ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، شۇ ئاپتوموبىللاردىن بىر يىلىك تەشكىللەيمىز. يەنە زەمبىرەكتىن 138 نى، ئېغىر تىپلىق ئاپتوموبىلدىن ئالتىنى سېتىۋالىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئايروپىلاندىن تاشلايدىغان 6 مىڭ تونىنا بومبا بىلەن 50 مىليون پاي پىلىموت ئوقىنى زاپاس سېتىۋالماقچى...

بۇ بىز تەرەپ تۈزگەن لايىھە، ئاخىردا ئىككى تەرەپ كېڭەشىپ بېكىتىدىغان گەپ، — دېدى جاڭ چۇڭ گېپىنى ئاياغلاشتۇرۇپ.

بۇ چاغدا، مېھمانخانىدا سائەت 12 گە داڭ ئۇردى، يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. شېڭ شىسەي ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— يېرىم كېچە بولۇپ كېتىپتۇ، ھەرقايسىڭلار ئۇزۇن يول بېسىپ چارچاپ كەتتىڭلار. بۇگۇنچە مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى. ئاشپەزلەرگە دەپ كېچىلىك تاماق تەييارلىتىپ قويدۇم، تاماقنى يەپ بولۇپ بالدۇرراق ئارام ئېلىڭلار، ئەتە سىلەرنى شىمىگۇغا ئاپىرىپ ئارىشاڭغا چۇشۇرۇپ كېلىمەن، ھاردۇقىڭلار چىقىدۇ. ئەتە ئاخشاملىققا يەنە داۋاملىق سۆزلىشەيلى، مېنىڭ يەنە سىلەر ئارقىلىق مەركەزگە دەيدىغان ئىشلىرىم بار...

ئەتىسى كەچتە، شېڭ شىسەي ياڭ جيې، جاڭ چۇڭ ئىككىسى بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلەشتى.

www.uyghurkitap.com

— ئاخشام ئىككىلىرى ئاشكارىلىغان بۇ قېتىم سېتىۋېلىنىدىغان بۇنچە كۆپ قورال ـ ياراغنى توشۇش ۋەزىپىسى ئىنتايىن قىيىن ئىكەن. بىز قورۇقلۇق ۋە هاۋا ترانسپورتىنى تەڭ ئىشقا سالساق، ئاندىن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايمىز. شىنجاڭنىڭ يەر شارائىتى ئالاھىدىرەك، پەۋقۇلئاددە ۋە قىل سىغمايدىغان خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنى بەرپا قىلىش ھەم ئۇنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خۇشاللىنارلىق بىر ئىش، شىنجاڭ ھازىر تاشيول قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. 1934 ـ يىلى بىز ما جۇڭيىڭنى يېڭىلا يېڭىپ، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ھەربىي ھەرىكەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دەرھال تاشيول قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلدۇق. ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا سوزۇلغان تاشيول قۇرۇلۇشىنى تاماملىدۇق. بۇ تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1 مىڭ 859 كىلومېتىر، 3 مىليون 230 مىڭ گۈڭ ئىشلەتتۇق، كولاپ چىقىرىلغان توپا 6 مىليون 457 مىڭ كۇپ مېتىرغا يەتتى. قۇمۇل بىلەن شىڭشىڭشيانىڭ ئارىلىقىدىكى تاشيول جىددىي ياسىلىۋاتىدۇ، بۇ يول پۈتسە قورال ـ ياراغلارنىڭ گەنسۇ تەۋەسىگە بىخەتەر يېتىپ بېرىشىدا مەسىلە قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قېتىم توشۇلىدىغان قورال ـ ياراغلارنىڭ سانى بەكمۇ كۆپ، ھەربىر ئاپتوموبىلنىڭ توشۇش ئېغىرلىقىمۇ ئاز بولمايدۇ، شۇڭا بەزى كۆۋرۈكلەرنى، يوللارنى، تونېللارنى ۋە بەزى يوللارنىڭ تېگىنى رېمونت قىلىش، چىڭداپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنە بەزى تارماق يوللارنىمۇ ياساش كېرەك.

بىز قورال ـ ياراغلارنى توشۇيدىغانغا زاپاس ئاپتوموبىللارنى، بېنزىن تەييارلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭدا بىزدە قىيىنچىلىق ئىنتايىن چوڭ، يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مەن بەزى ئاپتوموبىل ترانسپور-

تىدىن باشقا، ئات ـ ئۇلاغ ترانسپورتىغىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويدۇم، تۆگە، ئات، قېچىر، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى سېتىۋالساق بولىدۇ. بولۇپمۇ بېنزىن توشۇش ئىنتايىن مۇھىم ھالقا. مېنىڭ بىلىشىمچە، بېنزىننى ئايروپىلان بىلەن ئاپتوموبىللاردا توشۇسا گۇڭ كۆتۈرمەيدىكەن. ئاڭلىسام، ئالمۇتادىن لەنجۇغا ئايروپىلان بىلەن ئالتە توننا بېنزىننى توشۇش ئۈچۈن ئايروپىلاننىڭ يېقىلغۇسىغا 28 توننا بېنزىن كېتەرمىش...

شېڭ شىسەي بىر تاغار قىيىنچىلىقلارنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتتى:

— قارىغاندا، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ۋەزىپە يەڭگىل ئەمەس، 1 مىڭ 800 كىلومېتىرلىق بۇ ئۇزۇن ترانسپورت لىنىيەسىدە نۇرغۇن ئاپتوموبىللار چۈشىدىغان بېكەتلەرنى قۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرىنىڭ قونۇپ ـ ئۇچۇشلىرى ئۇچۇن ئاۋىئاتسىيە پونكىتلىرىنى سېلىش، ھەرخىل كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى تەييارلاش، زاپاس ئايروپىلان زاپچاسلىرىنى تەخلەش كېرەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى بولمىسا بولمايدىغان جىددىي ئىشلار. شىنجاڭ چەت رايون، ئىقتىسادى قالاق، مالىيىدە قىيىنچىلىقى بار، شۇڭا بىز مەركەزنىڭ مالىيە جەھەتتە بىزنى قوللىشىغا موھتاج، ھەرقايسىلىرىدىن مۇشۇ ئىشلارنى مەركەزگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى تىلەيمەن.

— جانابىڭىزنىڭ بۇ ئىشنى قوللىغانلىقىنىڭ ئۆزى خۇشاللىنارلىق ئىش، — دېدى ياڭ جيې، — مەركەز ئۇزۇنغا قالماي شىنجاڭ بىلەن بىرلىشىپ ترانسپورت كومىتېتى قۇرۇپ، مەخسۇس ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماقچى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئاپتوموبىللىرى قورال ـ ياراغلارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاندىن ئۇ تەرەپكە ئېلىپ ماڭىدىغان رەڭلىك مېتال، يۇڭ، تېرە قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ قايتىدۇ. جىددىي كېرەكلىك خىراجەتنى شىنجاڭ تەرەپ ئاۋۋال ئىشلىتىپ تۇرسا،

ئاندىن بىز مەركەزدىن ئۇ خىراجەتنى ئېلىۋالىمىز، بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولغايسىز.

تەكشۈرۈش ئۈمىكىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭدا تۆت كۈن تۇرۇپ، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن كەلگەن تۆت ماتورلۇق بومباردىمانچى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. 3 مىڭ 700 كىلومېتىر يول بېسىپ موسكۋاغا ئۈچ كۈندە يېتىپ باردى. ئۇلار موسكۋادا ستالىن، ۋوروشىلوف بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي بازىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، سېتىۋالماقچى بولغان قوراللارنى كۆزدىن كەچۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ، 14 ـ كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن ۋە ئاخشىمى، 17 ـ كۈنى موسكۋانىڭ غەرب تەرىپىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ساناتورىيىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى توپچى قىسىم ھەيئىتى بايېف، ھاۋا ئارمىيە ھەيئىتى رانىن قاتارلىقلار بىلەن تۆت قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر جۇڭگوغا ياردەم بېرىلىدىغان قورال ـ ياراغلار توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.



شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ خەلقئارالىق تاشيوللىرىدا قاتناۋاتقان ئاپتوموبىللار

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونى 904 ئايروپىلان، 82 تانكا، 602 ئالدىن يۈرەر ئاپتوموبىل، 1 مىڭ

516 ئاپتوموبىل، 1 مىڭ 140 زەمبىرەك، 9 مىڭ 720 يېنىك پىلىموت، 50 مىڭ مىلتىق، 180 مىليون پاي ئوق، 31 مىڭ 600 دانە گىرانات، 2 مىليون پاي زەمبىرەك ئوقى ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالار①بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ قوراللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى جۇڭگونىڭ ئالدىنقى سەپلىرىگە شىنجاڭ ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلگەن، بىر قىسمى پاراخوت ئارقىلىق ۋيېتنامغا توشۇپ ئاپىرىلىپ، ئاندىن ئاپتوموبىللار بىلەن جۇڭگوغا كىرگۈزۈپ بېرىلگەن.

## مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتى شىنجاڭ تارماق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى

1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شىنجاڭدا مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ تارماق كومىتېتى قۇرۇلدى، شېڭ شىسەي بۇ كومىتېتقا قوشۇمچە مۇدىر بولدى. 1943 ـ يىلىدىن كېيىن، گو شىلياڭ، بەي يۇچىلارمۇ بۇ كومىتېتقا مۇدىر بولدى. كومىتېتنىڭ ئىشخانىسى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھەربىيلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىناتتى. كومىتېتنىڭ ئاستىدا كاتىبات ئىشخانىسى، خوجىلىق ئىشخانىسى، ترانسپورت، تەمىنات ئىشخانىلىرى بار ئىدى، ھەممىسىگە شېڭ شىسەي بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، شېڭ شىسەي كېچە ـ كۈندۈز دېمەي شۇ ئىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قوشىدىغان تۆھپىسىنىڭ كۆپرەك

① «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەتقىقاتى» نىڭ 1994 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن.

ترانسپورتتا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بەزى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇ «ھەركۈنى سەھەر سائەت 6 دە ئورنىدىن تۇرۇپ كەچ سائەت 11، 12 گىچە ئىشلەيتتى. تاماقنى ئىشخانىسىدا يەيتتى، مېھمانلارنىمۇ ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلاتتى، چوڭ ئىشلار چىقىپ قالسا ۋاقىتقا قارىماي، قاچانغا توغرا كەلسە شۇ چاغدا تەستىقلايتتى.»

شىڭ شىسەي ھەرقايسى جايلارغا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىلى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل تەرەپلەردە ترانسپورت تارماق كومىتېتلىرىنى قۇرۇش، 11 ئورۇندا كۈتۈۋېلىش پونكىتى (قۇرغاس، يېڭى ئەرتەي، جىڭ، شىخۇ، ماناس، ئۈرۈمچى، تۇرپان، پىچان، يەتتە قۇدۇق، قۇمۇل، شىڭشىڭشيا)، بەش ئاۋىئاتسىيە كۈتۈۋېلىش ئورنى (ئىلى، شىخۇ، ئۈرۈمچى، چىتەي، قۇمۇل) قۇرۇش، ھەرقايسى ئاپتوموبىل بېكەتلىرى بىلەن ئاۋىئاتسىيە ئورۇنلىرىغا مەمۇرىي باشلىق ياكى ھاكىم مەسئۇل بولۇش، شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ فۇگۇەنىنى ئەۋەتىپ ئۇ ئورۇنلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ كۆپىگە شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ئادەم ئېلىپ ئىشلىتىش توغرۇلۇق يوليورۇقلارنى چۈشۈردى.

شىڭ شىسەي ھەربىر فۇگۇەنگە مەخپىي تېلېگرامما نومۇرىنى بېرىپ، ئۇلارنى ھەربىر ئورۇننىڭ ھەر كۈنلۈك ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئۆزىگە دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى، ھەرگىز سەل قارىماسلىقنى تاپىلىدى.

شۇ كۈنلەردە شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى پادىشاھنىڭ پەرمانىدەك ئۆتكۈر ئىدى، شۇڭا شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي خىزمەت ئۈنۈمى خېلى يۇقىرى ئىدى.

ترانسپورت كومىتېتىنىڭ ئىشلىرى مىدىرلاپلا كەتسە پۇل تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار ئىدى، شىڭ شىسەي ئۇرۇشقا يارىغان بىلەن مالىيىنى باشقۇرۇشقا ئانچە ياراپ كەتمەيتتى. 1937 -

يىلىنىڭ ئاخىرىدا مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خۇ شۇكاڭ «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»غا چېتىلىپ تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، مالىيە نازارىتىدە مالىيە ئىشلىرىنى تۇتىدىغان باش بولماي خىزمەتلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىپ، شېڭ شىسەي ئامالسىز يەنئەندىن مالىيىنى پىششىق بىلىدىغان كادىر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ماۋ زېمىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولدى. مالىيە نازارىتى ئەينى چىقىپ كەتكــەن بىر ئورۇنــغا ئايلىنىپ بولغانىدى. 1933 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە شىنجاڭ 30 مىليارد سەر كۈمۈش قىممىتىدە قەغەز پۇل باسقان، 20 مىليونلۇق تاشقى قەرزگە بوغۇلغانىدى، باج كىرىمى ياخشى، ئەمما ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن تولۇق يىغىلماي كېلىۋاتاتتى.

ماۋ زېمىن مالىيە باشقۇرۇشنىڭ مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ مالىيە نازارىتىگە باشچىلىق قىلغاندىن كېيىن، مالىيىدىكى نۇقسانلارنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ باج مەنبەسىنى يېتىشتۈرۈش، كىرىمنى كۆپەيتىپ چىقىمغا كاپالەتلىك قىلىش، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىپ تەڭپۇڭلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش» فاڭجېنىنى بەلگىلىدى. بۇ فاڭجېنغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ۋە پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا باشلىدى.

ماۋ زېمىن مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، تۆۋەندىكىلەرگە، كومىتېتىنىڭ مالىيە نازارىتىگە كەلگەنلىكى ھۆججەتلىرىنى ناھايىتى تېزلىكتە تەستىقلاپ بېرىشنى، بېسىپ قويماسلىقنى تاپىلىدى.

ماۋ زېمىن مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىغا زۆرۈر بولغان خىراجەتلەرنى ئەڭ ئالدىغا قويۇش، ھەربىي خىراجەتلەرنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئۇنىڭدىن قالسا جامائەت خەۋپسىزلىكى

نى باشقۇرۇش باشقارما سىستېمىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلى-
شىش، ئەڭ ئاخىردا ھەرقايسى نازارەت ۋە ئۇلارغا قاراشلىق
ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي خىراجىتىنى ئويلىشىش كېرەك، دەپ بې-
كىتتى.

ماۋ زېمىن مالىيە ئىسلاھاتىدا شۇنچە چوڭ تىرىشچانلىقلارنى
كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىشلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈپ-
تىن ياخشىلاپ كېتىشى قىيىن ئىدى، ھەتتا بەزىدە مەركىزىي
ترانسپورت كومىتېتىنىڭ خىراجەتلىرىگىمۇ كاپالەتلىك قىلال-
ماي، پۇل زاۋۇتىغا بېرىپ يېڭىلا بېسىپ چىقىرىلغان پۇللارنى
ئېلىپ كېلىپ ئۇلارغا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ھەر قېتىم
مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، ماۋ زېمىن سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ مەسلىھەتچىسى پونئىچىنقا قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا: «پۇلۇخا!
پولوخا!» (ياخشى ئەمەس! ياخشى ئەمەس!) دەپ قوياتتى،
پونئىچىن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا خىراجەت مەسىلىسىدە چاتاق چىققان-
لىقىنى شۇئان بىلەتتى، ئاندىن ئىككىسى ئولتۇرۇپ ھەل قىلىش-
نىڭ چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى.

شىنجاڭ مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ خىراجىتى
ئۈچۈن تۆلەپ تۇرغان پۇلنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىككى يول
بىلەن قايتۇراتتى: بىرى، بىر قىسىم پۇلنى شىنجاڭنىڭ لەنجۇدا
تۇرۇشلۇق گۇشىن يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرىش
ئورنىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى، شىنجاڭ بۇ پۇلغا گەنسۇ، نىڭشيا،
چىڭخەي ئۈچ ئۆلكىدىن دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى
بىلەن كۇندىلىك ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ شىن-
جاڭغا توشۇپ كېتەتتى؛ يەنە بىرى، بىر قىسىم پۇلنى مالىيە
مىنىستىرلىقى ئارقىلىق موسكۋا دۆلەت بانكىسىغا ئەۋەتىپ،
شىنجاڭنىڭ ھېسابات نومۇرىغا كىرگۈزۈپ قوياتتى، شىنجاڭ بۇ
پۇلغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېرەكلىك بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ
كېلەتتى.

## «ئوچىن خاراشۇ!»

شىخۇ ئىلى، ئۈرۈمچى، چۆچەك، ئالتايلارنىڭ قاتناش تۈگۈنى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېفىت سانائىتى يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان بولغاچقا، شىخۇ چېگرىسى ئىچىدە يۈزدىن ئارتۇق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تېخنىكا خادىملىرى بار ئىدى، شەھەر ئىچىدىمۇ نۇرغۇن سوۋېت ئىتتىپاقى گراژدانلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ياشايتتى. ترانسپورت كومىتېتىنىڭ بۇ يەرنى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى قىلغانلىقى بۇ جاينىڭ ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىدىن ئىدى. ئەمما، شىخۇنىڭ ھەر تەرەپتىن شارائىتى ياخشى ئەمەس ئىدى، قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگىچە خەلقئارالىق قاتناش لىنىيىسى ئىچىدىكى مۇھىم جايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا شىخۇ 10 مىڭ نوپۇسى بار كىچىك بىر ناھىيە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاھالىسىنىڭ يېرىمى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 50 ئائىلىلىكلا تىجارەتچى بار ئىدى، دۇكانلىرىنى يېرىم كۈنلا ئاچاتتى، قالغان يېرىم كۈندە ئارام ئالاتتى. بەشلا ئورۇندا دەڭ ۋە ئاشخانا بار ئىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرى 20 گە يەتمەيتتى، ئىشخانىدىن ئاران 30ى بار ئىدى. ھەممىسى نەچچە ئون يىل بولغان كېسەك ئۆيلەر ئىدى، ئىشخانىلاردا يا تېلېفون، يا ئېلېكتر چىراغ يوق ئىدى، قاتناش قورالى ئورنىدا بەشلا ئات بار ئىدى.

مۇشۇنداق ئاددىي شارائىت ئىچىدە نەچچە ئون ئايروپىلاننىڭ قونۇپ ـ ئۇچۇشلىرى، مىڭلاپ قېتىم ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ ئوڭۇشلۇق قاتنىشى، نەچچە

مىڭ ئادەمنىڭ ياتاق، تاماق مەسىلىلىرىدىكى قىيىنچىلىقىنىڭ زورلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېچە سائەت 12 دە شەھەر خەلقى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندى، شېڭ شىسەي تېخىچە ئىشخانىسىدا ترانسپورت كومىتېتىنىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن پىلانلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ بوغالتىرلار گۇسىنىڭ گۇجاڭى ۋاڭ دېيۈنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى.

— ھازىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىمىزگە ياردەمگە ئەۋەتىدىغان نەرسىلەر پات ئارىدا توشۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇ نەرسىلەر شىنجاڭ ئارقىلىق شىڭشىڭشياغا، ئاندىن ئىچكىرى جايلارغا يەتكۈزۈلمەكچى، شۇڭا يول بويلىرىغا ترانسپورت پونكىتلىرىنى قۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش كېرەك. ۋاقىت ئاز قېلىۋاتىدۇ. شۇ خىراجەتلەرگە ئىشلىتىش ئۈچۈن 1 مىليون 500 مىڭ سەر كۈمۈش قىممىتىدە قەغەز پۇل تەييارلىدۇق، ئۇ پۇلنى سىز ئەتە ئەتىگەندە شىخۇغا ئېلىپ بېرىڭ، ئۇ پۇلغا شىخۇدا ئايرودروم بىلەن ئاپتوموبىل بېكەتلىرىنى قۇرىمىز. قىيىنچىلىق كۆپ، ئەمما تىرىشىش كېرەك، بۇ ۋەزىپىلەرنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا ئورۇندىماساق بولمايدۇ.

ئەتىسى سەھەر سائەت 5 تە شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىدە ئۆز قولى بىلەن بىر بۇيرۇقنى يېزىپ، بۇيرۇقتا ئۆزىنىڭ ئۈچ خەتلىك تامغىسىنى بېسىپ ۋاڭ ياۋچىڭغا بەردى. تامغا بېسىلغان بۇ بۇيرۇق شىنجاڭنىڭ ھەرقانداق يېرىدە توسالغۇغا ئۇچرىمايتتى. بۇيرۇقتا شۇنداق دېيىلگەنىدى:

«تەكشۈرۈشىمىزچە، شىخۇنىڭ ھاكىمى سۇڭ بوشياڭ بىلەن مۇئاۋىن ھاكىمى سۇڭ يۈگۇ، باندىتلار، بىلەن بىرلىشىپ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسىغا قاتناشقان، مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ خادىملىرىنى زادىلا قوبۇل قىلمىغان. شۇ-

گا، ئۇ ئىككىسى دەرھال قولغا ئېلىنسۇن! ئۇرۇمچى ئامانلىق ساقلاش باش ئەمەلدارى ۋاڭ ياۋچىڭ شىخۇ جامائەت خەۋپسىزلى-كى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەن-سۇن! ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىنى ۋاڭ دېيۇ ۋاقىتلىق ئۈستىگە ئالسۇن! ...»

ئارقىدىنلا ئۇ ۋاڭ دېيۇگە:

— سىز جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئە-زاسى، شۇڭا بۇيرۇققا بويسۇنۇشىڭىز، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنى قوللىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزى-پىڭىز ترانسپورت كومىتېتىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش. شۇڭا، سىز ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى-ڭىز، خەلقئارالىق قاتناش لىنىيىسىنى قوغدىشىڭىز، ئاممىنى تەشكىللىشىڭىز، مەشىق قىلدۇرۇشىڭىز، بارلىق ئىمكانىيەتلەر-دىن پايدىلىنىپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشىڭىز كېرەك، — دېدى.

شۇ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئۈچ تونىلىق قارا ماشىنا ۋاڭ ياۋچىڭ، ۋاڭ دېيۇ قاتارلىق ئەمەلدارلارنى ۋە ئون نەپەر مۇھاپىزەتچىنى ئېلىپ شىخۇغا قاراپ ماڭدى. قايتقاندا سۇڭ بوشياڭ، سۇڭ يۈگۈنى، سانجىنىڭ ھاكىمى ليۇ فۇۋۇنى، قۇتۇبىنىڭ ھاكىمى جاۋ گۇەنمىننى، مۇئاۋىن ھاكىمى يۇ خۇي-خېڭنى، ماناسنىڭ سابىق ھاكىمى تاڭ مىڭيۇەننى، مۇئاۋىن ھاكىمى فەن شىنرۇنى يالاپ ئۇرۇمچىگە ماڭدى.

ۋاڭ دېيۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ترانسپورت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئال-دى. ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوتتۇرا ئەترىتى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى، ياپونغا قارشى ئارقا سەپ ئۇيۇشمى-سى، ئۇيغۇر، خۇيزۇ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى، سودىگەرلەر ئۇ-يۇشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ زىچ ھەمكارلىقىدا يەتتە كۈن

ئىچىدە 300 دىن ئارتۇق ئىشلەمچىلەرنى تەشكىللەپ، شىخۇغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان كۇيتۇنغا دائىرىسى ئالتە كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئايرودروم ياسىدى. 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاۋىئاتسىيە پونكىتى تولۇق ياسىلىپ بولدى. ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ئايرودروم، ئىشخانىلار، ئۇچقۇچىلار دەم ئېلىش ئۆيلىرى، ياتاق، ئاشخانا، بولكىخانا، ئىسكىلات، نېفىت باكلىرى، مۇز گەمىلىرى، ماشىنا ئىسكىلاتلىرى، مۇنچا، ھاجەتخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، دىزېل ماتورلۇق توك چىقىرىش ماشىنىسىمۇ ئورنىتىلىپ توك سىملىرى تارتىلدى، تېلېفونلار ئورنىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 2 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئاپتوموبىل بېكىتى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ياتاقلىرىنىڭ ئورنىغا سېلىندى. ئەمدى بارلىق تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن كېلىدىغان خادىملارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ راھەتتە ئۆتۈشى ھەم ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ياردىمىگە رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شىخۇدىكى ھەرمىللەت خەلقى پۈتۈن قان - تەرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئىشلىدى.

شىنجاڭنىڭ كۆمۈر زاپىسى شۇنچىلىك مول بولسىمۇ، شۇ چاغدا شىخۇدا قالايدىغان كۆمۈر يوق ئىدى، تاماق ئېتىش، سۇ قايناتىش، ئىسسىنىشلارنىڭ ھەممىسى سۆكسۆك ئوتۇن بىلەن بولاتتى. ئەتراپتىكى قازاقلار يەتتە - سەككىز يۈەنگە لىق بىر ھارۋا سۆكسۆك ئەپكېلىپ بېرەتتى، شۇڭا ترانسپورت كومىتېتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا سۆكسۆك تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتەتتى.

شىخۇ ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ ئىشلىتىدىغان سۈيىنى ھەل قىلىش بەكمۇ قىيىن ئىدى، تاغدىن ئېقىپ كەلگەن قار سۈيىنى كۆلگە قاچىلىۋېلىپ شۇ سۇنى ئىشلىتەتتى. بۇ سۇنىڭ تازىلىقى ياخشى ئەمەس ئىدى، پادىدىن قايتقان كالىلارمۇ شۇ كۆللەرنىڭ



www.uyghurkitap.com

سۈيىنى ئىچەتتى، ئادەم بىلەن ھايۋان تەڭ ئىچىدىغان بۇنداق سۇ ئادەمنى ئاسانلا كېسەل قىلىپ قوياتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ترانسپورت خادىملىرى كەلگەندىن كېيىن، كۆتۈۋېلىش پونكىتى يوغان باك قاچىلانغان قارا ماشىنىدىن بىرنى چىقىرىپ 20 كىلو- مېتىر نېرىدىكى بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ كېلىدىغان بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ترانسپورت خادىملىرى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ يۇيۇنۇپ ھاردۇقىنى چىقىرىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىدى، بۇ مەسىلىمۇ شىنجاڭ خەلقىنى قورقۇتالمىدى. ئۇلار يازدا ئاددىي ياغاچ ئۆيلەرنى ياساپ، چوڭ بېنزىن تۇڭلىرىنى قارا سىردا سىرلاپ، جۇمەك بېكىتىپ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىرىپ قويدى، تۇڭدىكى سۇ قۇياشنىڭ تەپتىدە ئىللىپ يۇيۇنۇشقا لايىق بولۇپ قالاتتى. قىشتا پار مۇنچىلىرىنى ياساپ، قىش، ياز يۇيۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ئاۋتائىتسىيە بېكەتلىرى بىلەن ئاپتوموبىل بېكەتلىرىنىڭ تاماقتا ئىشلىتىدىغان گۆشى يىل بويى ئۆكسۈپ باقمىدى، چوشقا گۆشىنى بازاردىن، كالا - قوي گۆشلىرىنى چارۋىچىلاردىن سې- تىۋالاتتى، توخۇ - ئۆردەكلەرنى ئىلى تەرەپتىن چوڭ سېۋەتلەرگە سېلىپ ئېلىپ كېلەتتى، لازىم بولغاندا سويۇپ ئىشلىتەتتى.

باشقا نەرسىلەر، مەسىلەن، ھاراق، تاماكا، گۆش كونسېر- ۋالىرى، مېۋە - چېۋە، پېچىنە - پىرەنىكلەر، قېزا - كالباسا- لارنى مەخسۇس ئۇرۇمچىدىن سېتىۋېلىپ ئەكىلەتتى.

سوۋېتلىكلەرنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى، باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئاپئاق داستىخان سېلىنغان ئۈستەلگە تاماققا ئولتۇرغاندا، ھەرخىل رۇس تاماقلىرى مول تەييارلانغاندىن باشقا ئۈستەلدە يەنە تۇرلۇك مېۋىلەرنىڭ، شې- رىن، مۇزدەك ماروژنىلارنىڭ تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئۈزۈل- مەيدىغانلىقى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار خۇشال بولۇپ باش بارماقلىرى- نى چىقىرىپ: «ئوچېن خاراشۇ!» (بەك ياخشى!) دېيىشىپ

كېتەتتى، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىدىكىگە سېلىشتۇرۇپ، ئاسمان-زېمىن پەرقىنى ھېس قىلىشاتتى.

شىخۇدىكى تەمىناتنىڭ بۇنچىلىك ياخشىلىقى بىردىنلا بولغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. دەسلەپتە، شېڭ شىسەي فۇگۇەنى ئەۋەتكەن مەخپىي مەلۇماتلاردىن سوۋېتلىكلەرنىڭ جۇڭگونىڭ شىفەن، موما، تۇزلۇق سەي، نان، پىشۇرۇلغان گۆش دېگەندەك تاماقلىرىغا كۆنەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئۇ يېمەكلىكلەرنى ئۈستەلگە تولدۇرۇپ تىزىۋەتكەن بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ قىلچە ئىشتىھاسىنى ئاچالمايۋاتقانلىقىنى بىلدى. باشقا كۈتۈۋېلىش پونكىتلىرىنىڭ تازىلىقى ياخشى ئەمەس، بەزى ئادەملەر ھەتتا يېگەن تاماقلىرىنى ياندۇرۇۋەتكەن، بەزى تاماقلاردىن چىۋىن، مىخ دېگەندەك نەرسىلەر چىققان، ئەھۋال ئېغىر ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ مەلۇماتلارنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ دۆلىتىمىزگە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك، دەپ قاتتىق چېچىلدى ۋە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرتكۈزدى، بىر قىسىم مەسئۇل خادىملارنى قولغا ئالدى، ھەربىر كۈتۈۋېلىش پونكىتىدىن كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى، تازىلىقنى چوقۇم ياخشىلاشنى، تاماقلارنىڭ سوۋېتلىكلەرنىڭ ئاغزىغا تېتىشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى پونكىتلار غەربچە تاماق ئاشخانىلىرىنى قۇردى، تاماق تازىلىقىنى نازارەت قىلىشقا سوۋېتلىك دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن بولكا پىشۇرۇشنى ئۆگەندى، سوۋېتلىكلەرنىڭ كىيىملىرىنى، يوتقان-كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ-دەزماللاپ تۇرۇشقا سوۋېتلىك ئاياللارنى ياللاپ ئىشلەتتى، كىرخانىلارنى قۇردى. شىخۇدىكى كۈتۈۋېلىش پونكىتىنىڭ خادىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقلىق بىر ئۈچقۇچىنىڭ: «شۇ تۇرقىدا بىر ئىستاكان مارۇژنى بولغان بولسا» دېگەن بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپلا مارۇژنى ياساشنىڭ پىلانىنى تۈزدى.



www.uyghurkitap.com

ئەقىللىق شىنجاڭ خەلقى بۇنىڭمۇ چارىسىنى تېپىپ، چوڭ-قۇرلۇقنى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكىنى ئىككى مېتىر كولاپ، چۆ-رىسىنى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇپ، ئۈستىگە قېلىن تاختاي قويۇپ مۇز ساقلايدىغان گەمە ياسىدى، گەمىنىڭ ئۈستىگە ئۆي سالدى. بۇنىڭدا گەمە قىش - ياز پەقەتلا كۈن كۆرمەيتتى. قىشتا ئۇلار دەريادىن يوغان مۇز پارچىلىرىنى چوقۇپ كېلىپ گەمىنى مۇزغا توشقۇزۇۋېتەتتى. بۇ مۇزلارنى 9 - ئايغىچە ئىشلەتكىلى بولاتتى. ئۇلار يەنە توخۇ - ئۆردەك گۆشلىرىنى، تۈرلۈك مېۋى-لەرنىمۇ ئاشۇ گەمىدە يېڭى پېتى ساقلايتتى. ئۈرۈمچى بىلەن ئىلىدىن ئېلىپ كېلىنگەن پىۋىلارنىمۇ شۇ گەمىدە ساقلاپ ئىشلە-تەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىخۇلۇقلارنىڭ يەرلىك مۇز ساندۇقى بار بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ئالاھىدە ماختاشلىرىغا سازاۋەر بولدى.

## ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا بېكىتى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن، قۇمۇل مىسلىسىز قىزىپ كەتتى.

قۇمۇل شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولۇپ، گەنسۇ بىـ-لەن شىنجاڭنىڭ بىردىنبىر ئۆتىدىغان يولى ئىدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قۇمۇل «شەھەر ئىچىدە يامۇل بىلەن بۇتخانا، بىرنەچچە دۇكان، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدىن باشقا قۇرۇلۇش يوق ئىدى، خەنزۇلاردىن بەش - ئالتە يۈزلا ئائىلە بار ئىدى، قالغاند-لىرى ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار ئىدى.»①

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل

① شيې بىن: «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى»دىن.

شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلگەن، ما جۇڭيىڭ، يولۋاسلار قوزغىغان يېغىلىقلار ئەللىنى خاراب قىلغانىدى. 1937 ـ يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل خەلقئارا قاتناشنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە ئايلىنىپ، ئاخىر ئۇنىڭدا جانلىنىش پەيدا بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى ما جەمەتىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلغاندىن كېيىن شىنجاڭغا چېكىنىپ، شېڭشىسەي بىلەن قۇمۇلدىن ئۆتۈپ، ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

شېڭ شىسەي قۇمۇلنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، شۇڭا غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ كۈچى بىلەن يولۋاسنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، كومپارتىيە ئەزالىرى شيۈك شياۋيۈەن، ليۇ شىبىڭلارنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇمۇلنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى، كومپارتىيە ئەزاسى يۇ چىڭفانى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە، كومپارتىيە ئەزاسى چى تيەنمىن، جاڭ دۇڭيۇ، شېن لىڭ قاتارلىقلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مائارىپ ئىدارىسىگە ئىدارە باشلىقى، مەمۇرىي مەھكىمىگە بۆلۈم باشلىقى، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كادىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» دىنى ئىجرا قىلىشتا تولىمۇ موھتاج ئىدى.

مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلغان قورال ـ ياراغلارنى ۋە جۇڭگو تەرەپ ئۇنىڭ ئورنىغا بېرىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقتا ئالماشتۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم بېكەت، سوۋېت ئىتتىپاقى غەربىي ئايروپىلانلىرىنى قۇراشتۇرۇش بازىسى، سوۋېت قىزىل ئارمىيە 8 ـ تۇەنىنىڭ تۇ-



www.uyghurkitap.com

رۇشلۇق ئورنى، چۇڭچىڭنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ قالدى. بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرى، شېڭ شىسەينىڭ فۇگۇەنلىرى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئادەملىرى، ئالاھىدە خىزمەتچىلەر، ئىشقىلىپ، رەڭمۇرەڭ، خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ئەمما، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنىڭ ئاستىدا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىدى، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى، ھەر خىل سىياسىي ئېقىملار، سىياسىي قاراشلارنىڭ پائالىيەتلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

قۇمۇلدىكى ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ئەسلىدىكى ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئىككى - ئۈچ ئېغىزلىق كونا كېسەك ئۆيىنىڭ ئورنىغا كېڭەيتىپ سېلىنىدى، ئەمما ئايرودروم ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. دەسلەپتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەمگە بەرگەن قوغلىغۇچى، بومباردىمانچى، ھۇجۇمچى ھەربىي ئايروپىلانلار ئالمۇتادا قۇراشتۇرۇلۇپ، ئىلى، شىخۇ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق قۇمۇلغا ئۇچۇپ كېلەتتى، ئاندىن قۇمۇلدىن دۆلىتىمىزنىڭ ئۇچقۇچىلىرى ئۇ ئايروپىلانلارنى ھەيدەپ لەنجۇ، شىئەن، چۇڭچىڭ، ۋۇخەن قاتارلىق جايلارغا ئۇچۇرۇپ باراتتى.

1938 - يىلى يازدىن باشلاپ، ھۇجۇمچى ئايروپىلانلار ئالمۇتادا چۇۋۇپ ساندۇقلارغا قاچىلىنىپ، ئاپتوموبىللار ئارقىلىق قۇمۇلغا ئېلىپ بېرىلىپ قۇراشتۇرۇلۇپ، سىناق قىلىپ ئۇچۇرۇلۇپ باققاندىن كېيىن جۇڭگو تەرەپ تاپشۇرۇۋالىدىغان بولدى. قۇمۇلدا بىرىنچى تۈركۈمدە قۇراشتۇرۇلغان ئايروپىلانلار 3 - 4 يۈزگە يەتتى، ئىككىنچى تۈركۈمدە قۇراشتۇرۇلغا-

لىرىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولدى. ئايروپىلانلار قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئۇچقۇچىلىرى ئېكىپىرىگە ئۇچۇرۇپ كېتەتتى.

ئايروپىلانلارنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلار، تاپشۇرۇۋالىدىغانلار سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن گېنېرال ئالېكسېيېف، جۇڭگو تەرەپتىن جۇڭگو ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال ماۋ باڭچۇ ئىدى.

قۇمۇلغا بىر كۈن ئىچىدە كىرىپ - چىقىدىغان ئايروپىلان ئۇچقۇچىلىرى بىلەن ئاپتوموبىل شوپۇرلىرى 200 ئادەم قېتىمغا، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئادەملىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا 500 ئادەم قېتىمغا يېتەتتى.

قۇمۇل ئايرودرومى بىلەن ئاۋئاتسىيە پونكىتلىرىنىڭ، ئاپتوموبىل بېكەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ چوڭ ئىشلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى، شۇڭا شېڭ شىسەي قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى شيۈڭ شياۋيۈەنگە، ھاكىمى سۈن چىڭۋېنغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كېرەكلىك ئۆيلەرنى، ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش - چۈشۈش يولىنى ياساپ بولۇشنى، بولمىسا كاللىسى بىلەن جاۋاب قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ ئىككىسى بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ ئىشلارنى ھەممىدىن مۇھىم ئىشلار قاتارىدا تۇتۇپ، كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ پۈتكۈزدى. رايون مەھكىمىسى، ناھىيە مەھكىمىسىدىكى بارلىق خىزمەتچى خادىملار، شەھەر ئاھالىلىرى، دېھقانلار، تىجارەتچىلەر يەيدىغان - ئىچىدىغانلىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئىش مەيدانىدىن قايتماي كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلىدى، خىراجەت يەتمىسە خەلق ئىئانە قىلدى.

40 - 50 مىڭ ئادەم بىر ھەپتە جاپاغا چىداپ ئىشلەش نەتىجىسىدە كەڭلىكى 80 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى مىڭ مېتىر كېلىد-

دىغان ئايروپىلان ئۇچۇش - چۈشۈش يولى پۈتۈپ چىقتى، ئۈنىڭ-
دىن باشقا ئالتە مېھمانخانىمۇ سېلىندى. بىر يىلغا قالماي بېنزىن
ئىسكىلاتى، ئوق - دورا ئىسكىلاتى، ئۈسكۈنىلەر ئىسكىلاتى،
يېنىك تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلار تۇرىدىغان ئالتە
لاپاس، كۆزەتچى ئايروپىلانلار تۇرىدىغان 12 لاپاس، رېمونت
زاۋۇتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياسىلىپ بولدى، يەنە نېخى
بىر كۆلۈبمۇ سېلىندى. 1939 - يىلىنىڭ بېشىدا، قۇمۇل
ئايرودرومى ئۈسكۈنىلىرى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ھاۋا ئار-
مىيە بازىسىغا ئايلاندى.

ھەربىي ئايروپىلانلاردىن باشقا، 1939 - يىلى 3 - ئاينىڭ
24 - كۈنى چۆچەك بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقىدا ئاۋىئاتسىيە
يولى ئېچىلدى. بۇ يول بىلەن چۆچەكتىن قۇمۇلغا ئىككى كۈندە-
لا كەلگىلى بولاتتى. شۇ يىلى، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى
ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل بىلەن ئالمۇتانىڭ يولى
ئېچىلدى. بۇ شىركەتنىڭ ئايروپىلانى بىلەن چۆچەكتىن موسكى-
ۋاغا بەش كۈندىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ يولنىڭ ئېچىلىشى
ئىككى دۆلەتنىڭ بېرىش - كېلىشىگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئې-
لىپ كەلدى.

## چوڭ گازارما

شېڭ شىسەي قۇمۇلدا يولۋاسنىڭ قالدۇق كۈچلىرى پاراكەن-
دىچىلىك سېلىۋاتىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىن قۇمۇلدا قوشۇن تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۈرۈمچىدىكى
كونسۇل ئارقىلىقمۇ «شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇ-
رۇش، جۇڭگوغا بىر لىۋاتقان ئەمەلىي ياردەملەرنىڭ بىخەتەرلى-
كىگە كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن مەزمۇندا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە
بايانات ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، 1938 - يىلى 1 - ئايدا، سوۋېت

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىتتىپاقى كېڭەيتىلگەن بىر تۈمەن ئەسكەر بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى-نىڭ بىر ئەترىتىنى قۇمۇلدا تۇرغۇزۇشقا ئەۋەتتى.

بۇ قوشۇن ما جۇڭيىڭنى قوغلىشىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن دۆلەتكە قايتماي جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇۋەر-گەنىدى، بۇ قېتىم ئۇلار پەقەت ئورۇنلا ئالماشتۇردى، خالاس.

بۇ قوشۇننىڭ نامى «روسسىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرى 8 - تۈمەنى»، تۈمەنباشلىقىنىڭ ئىسمى ئۇشىنسكىي شاۋجياڭ ئىدى. سىرت-تىكىلەردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن «ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئاتلىق ئەس-كەرلەر 8 - تۈمەنى» دەپ ئاتىلاتتى (كىشىلەر ئۇلارنى «قىزىل 8 - تۈمەن» دەپ ئاتايتتى). شەپكىسىدىكى كاكار بىلەن كىيىملى-رى شىنجاڭنىڭ يەرلىك قوشۇندىكىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى، ياقىسىدا بەلگە بار، پاگونى يوق ئىدى، ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپى ئۆزبېك، تاجىك ئىدى.

بۇ تۈمەن تۈمەن دەپ ئاتالغىنى بىلەن ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە كۈچەيتىلگەن بىر لوي بىلەن ئوخشاش ئىدى. يەنە تېخى ھاۋا ئارمىيىسىدىن بىر ئەترەت ئەسكەرمۇ بار ئىدى، ئومۇمىي ئەسكەر سانى 3 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى، پىيادە ئەسكىرى 2 مىڭ، ئاتلىق ئەسكىرى 500، ئۇچقۇچىلىرى بىلەن تېخنىك خادىملىرى بىر-نەچچە يۈز ئىدى. 29 ئايروپىلانى بار بولۇپ، بومباردىمانچى ئايروپىلانى 10، قوغلىغۇچى ئايروپىلانى 12، مەشىق ئايروپىلانى ئالتە، ئالاقە ئايروپىلانى بىر، ھەر خىل ئاپتوموبىللىرى 150 - 160 ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تانكا، برونېۋىك، دىتسىك-لىت، زەمبىرەكلىرى يېتەرلىك ئىدى. قۇمۇلنى مەركەز قىلىپ، شەرقتە شىڭشىڭشىيا، ئاراتۈرۈككىچە، جەنۇبتا لوپنۇرغىچە، غەربتە يەتتە قۇدۇققىچە (بۇ تۈمەننىڭ بۇ يەردە بىر يىل ئەسكىرى تۇرغان، يەرلىك ئادەملەر بولسا ئاران 40 - 50 تۈتۈن ئىدى)، شىمالدا باركۆلگىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى كونترول قىلغان، قۇمۇلنى خۇددى شىنجاڭنىڭ كانىيىنى بوغۇپ

تۇرغاندەك قىسماقنا ئىلىنىۋالغانىدى.

ياپونىيە ئايروپىلانلىرى لەنجۇنى بومباردىمان قىلغان، جيۇ-چۈەن ئاسمىنىدا رازۋېدكا ئايروپىلانلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان-دا، قۇمۇل ئايرودرومى دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، ئايروپىلانلار تەييار، ئۇچقۇچىلار ھوشيار ھالەتكە ئۆتۈپ، بۇيرۇق چۈشكەن ھامان دۈشمەن ئايروپىلانلىرى بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئاسمان-غا كۆتۈرۈلەتتى.

قىزىل 8 - تۈەن گازارمىسىنىڭ ئورنىنى شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى سۈيى مول يەردىن تاللىدى، دائىرىسى 300 مو كېلەتتى. شىڭ شىسەي گازارما قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىسىنى تەس-تىقلىغاندىن كېيىن، ئۇنى دەررۇ ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن قىزىل 8 - تۈەن يوللىغان لايىھە بويىچە خىراجەت سوممىسىنى دۈبەن مەھكىمىسىدىن چىقى-رىپ بەردى. بىر يىلغا يەتمەي، كۆڭۈلدىكىدەك سېلىنغان بىر گازارما شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە قەد كۆتۈردى. قىزىل 8 - تۈەن يەنە باركۆل ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدىكى سۆڭگۈچتامنى سانا-توريە قىلىشقا تاللىدى. بۇ جاي قېلىن ئورمانلىق ئىدى. ئور-مانلىق ئۇلارنى ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىسە، ئۇ يەرگە يېقىن سەنداۋۇلىنىڭ كۆمۈر كانى كۆمۈر بىلەن تەمىنلەيتتى. سۆڭ-گۈچتام بەكمۇ گۈزەل جاي ئىدى، قارىغايلىرى كۆككە تاقىشات-تى، ھەر خىل گۈللەر بەس - بەستە ئېچىلىپ تۇراتتى، سۈيىمۇ مول ئىدى. بۇ يەر قىزىل 8 - تۈەننىڭ ھەربىي ئات، فېرما سىنغا ھەم ئەسكەرلەرنىڭ تومۇزدا دەم ئالىدىغان جايىغا ئايلاندى.

قىزىل 8 - تۈەن شىنجاڭغا كىرىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بىردىنلا غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار: ئادەتتىكى بىر ئۆلكە باشلىقىنىڭ مەركەزنىڭ بۇيرۇقىنى كۆزگە ئىلماي بۆرىنى يۇرتقا باشلاپ كىرگىنى قانداق گەپ؟ بۇ ئۇچىغا چىققان باشباشتاقلىق. شىڭ شىسەي ئالتاي ئالتۇن كانلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بەدىلىگە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا باشلاپ كىردى،
دېيىشەتتى. چەت ئەللەرنىڭ رادىئولىرى تېخىمۇ قايناپ، شىن-
جاڭ قىزىللىشىشقا قاراپ ماڭدى، شۇنىڭ بەدىلىگە خەلقئارالىق
قاتناش يولىنى راۋانلاشتۇرماقچى، دەپ توۋلىشاتتى.
ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەرىكەتنىڭ قاتلاممۇقاتلام سەۋەب - نەتى-
جىلىرى بار ئىدى: گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپ بازىسىنى قۇرۇش باھانى-
سى بىلەن شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ، گەنسۇ، نىڭشيا،
چىڭخەيلەردىكى ما جەمەتى قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كې-
لىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسى تەرەپتىن ئېيتقاندا، يەنئەن بىلەن موسكۋاغا بېرىپ -
كېلىپ تۇرىدىغان پارتىيە رەھبەرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ياكى
خەلقئارادىكى دوستلار بۇ يولدا بىخەتەر يۈرەلەيتتى، سوۋېت ئىتتى-
تىپاقى تەرەپ مەخسۇس ئۇلارنى كۈتۈۋالاتتى، ئۇلارنىڭ پائالى-
يەتلىرىنى مەخپىي تۇتاتتى. شىنجاڭدىن ياردەمگە ئەۋەتكەن ماد-
دىي ئەشيالار مۇشۇ يول بىلەن يەنئەنگە بىخەتەر يېتىپ بارالايتتى.
سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ياپون قوشۇنلىرىنىڭ
چاخار — شىنجاڭ تاشيولى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ
ئارقىلىق بىۋاسىتە سىبىرىيىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەھدىت سې-
لىشىدىن كۈچلۈك مۇداپىئەلەنگىلى بولاتتى. ئوبيېكتىپ جەھەت-
تىن ئېيتقاندا، قىزىل 8 - تۈەننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشى شىنجاڭ،
سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە گومىنداڭ ئۈچۈن
پايدىلىق ئىدى.

## «دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى»

جۇڭگو ھەر خىل تىپتىكى ئايروپىلانلارغا جىددىي ئېھتىياج-
لىق بولغاچقا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپ،

ئۇرۇمچىدە ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرۇش كېرەك، شۇ چاغدا ئىشلار تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ تېجەشلىك بولىدۇ، دەپ ھېسابلاشتى.

1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، قانۇن تۈرغۇزۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سۇن كې جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرۇشنى كېڭەشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇ قۇرۇلۇشنى ئاكتىپ قوللاپ، يېرىم يىل ئىچىدە زاۋۇتنى پۈتكۈزۈش، يىلىغا قوغلىغۇچى ئايروپىلاندىن 300 نى ئىشلەپ چىقىرىش، كەلگۈسىدە بومباردىمانچى ئايروپىلانىمۇ ياساش، بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ـ سوۋېت بىرلەشكەن بىر شىركەت قۇرۇش، مەبلەغنى ئىككى تەرەپ تەڭ كۆتۈرۈش، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ۋاقىتىنچە 25 مىليون رۇبلى چىقىرىش، زاۋۇتنى ئۈرۈمچىنىڭ يېنىدىكى تۇدۇڭخاباغا سېلىش، زاۋۇتنى سىرتقا، دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، دەپ ئاتاش دېگەندەك تەكلىپلەرنى بەردى.

بۇ قۇرۇلۇش جۇڭگو تەرەپنىڭ، مەبلەغ يېتىشمىدى، دەپ باھانە كۆرسىتىشى بىلەن ئۇزۇنغىچە باشلانمىدى. ئەمەلىيەتتە، جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرىنى ئىقتىدارى دېگەندەك ئەمەس، دەپ قارىغانىدى. ئۇ 1940 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سۇن كېغا يازغان خېتىدە: سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن E—16 تىپلىق ئايروپىلاننىڭ سۈرئىتى ئاستا، ھازىر ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. SB تىپلىق ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش مۇساپىسى بەك قىسقا، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدۇ. ئەگەر ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرىدىغان بولساق ئەڭ يېڭى تىپتىكى ئايروپىلانلارنى ياسايدىغان زاۋۇت قۇرۇش كېرەك، كونا ئايروپىلان ياسايمىز دېسەك، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇ زاۋۇتنى قۇرمىغان ياخشى، دېدى.

لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپونىيىگە قارشى ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا

www.uyghurkitap.com

تەھدىت سېلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بۇ زاۋ-
ۇتنى قۇرۇشتا چىڭ تۇردى، مەبلەغنى يالغۇز ئۆزلىرى سالسىمۇ
ماقۇل دەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى يېسكوفنى بۇ زاۋۇتقا زاۋۇت
باشلىقى، پراسگولىن بىلەن سارسېفنى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلى-
قى قىلىپ بەلگىلەپ، 1942 - يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىش-
قا كىرىشتۈردى.

بۇ زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى جۇڭگوغا ياردەم بېرىدىغان
ئايروپىلانلارنى قۇراشتۇرۇش، جەڭدە زەخىملەنگەن ئايروپىلانلار-
نى رېمونت قىلىش ئىدى. لېكىن، شىڭ شىسەينىڭ بەشىنچى
ئىنىسى، مەخسۇس ئاخبارات خىزمىتىگە مەسئۇل شىڭ شىجى
بۇ ئايروپىلان قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىدا 1 مىڭ 500 قىزىل ئارمىيە
جەڭچىسى بىلەن ئايروپىلان، تانكىلار بار. بۇ ئەھۋال كىشىنى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا غەرىزى بارمۇ، يوق، دەپ گۇمانلاند-
دۇرۇپ قويىدۇ، دېدى.

زاۋۇت قۇرۇلغان يىلى يالغۇز ۋە قوش ئورۇندۇقلۇق
И—16 تىپلىق ئايروپىلاندىن 50 نى، СБ تىپلىق ئايروپىلاندىن
70 نى، ИО153 تىپلىق ئايروپىلاندىن 130 نى قۇراشتۇرۇپ
چىقتى.

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ پۈلى بىلەن
جۇڭگودا ئايروپىلان زاۋۇتى سالغانلىقىدىن قاتتىق بىئارام بو-
لۇپ، يا پۈتۈن چىقىمنى ئۆزى چىقىرىپ زاۋۇت سېلىشقا ماقۇ-
رى يەتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ ئىقتىدارى
تۆۋەن، دېگەن گەپنى تاپقانىدى. ئايروپىلانلارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ
قانداقلىقىغا جياڭ جيېشىغا قارىغاندا ئامېرىكا پىدائىيلار ئاۋىئات-
سىيە ئەترىتىنىڭ كوماندىرى، ئامېرىكا 14 - ھاۋا ئارمىيە
ئەترىتىنىڭ قوماندانى، ئامېرىكىنىڭ 10 ھاۋا ئارمىيە داھىيلىرى-
نىڭ بىرى بولغان گېنېرال چېنناۋلت ياخشى باھا بېرەلەيتتى.
چېنناۋلتنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرەشچى

ئايروپىلانلىرى ئىچىدە И—15 تىپلىق قوش قاناتلىق ئايروپىلانىنىڭ ئىقتىدارى ئادەتتىكى ئايروپىلانلارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۈچلۈك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئايروپىلاندا پىرقىرىغۇچ بىلەن تەڭ ھەرىكەتكە كېلىدىغان پىلىموتتىن تۆتى بار بولۇپ، ئاكتۇئال جەڭلەرگە ماس كېلەتتى. И—16 تىپلىق ئايروپىلان قىسقا مۇساپىلىق تاق قاناتلىق ئايروپىلان ئىدى، جىم دۆلىتلىنىڭ غەلىتە ھەرە شەكلىدە ياسالغان ئايروپىلانىنىڭ قوپال كۆچۈرۈلمىسى بولۇپ، يۇقىرى تېزلىكتە ئۇچىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا ئەپلىك ئىدى.

چېناۋلت يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ СБ—2 ۋە СБ—3 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى كۆپ بومبا ئېلىپ ماڭالمايدىغان، ئەمما ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار ئايروپىلان، دەپ قارايتتى. بۇ خىل ئايروپىلانلارنىڭ گاز قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسى قاناتنىڭ ئۈستىدە ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى، ئادەتتىكى ئايروپىلانلارنىڭكىدەك قاناتنىڭ ئاستىدا ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدا ئايروپىلان مەلۇم ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن دۈشمەن ئايروپىلانى ئۇنىڭ ماتورىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايتتى. بۇنىڭغا ياپون ئۇچقۇچىلىرىنىڭ بېشى قېتىپ، رادىئولىرىدا: «جۇڭگو ھازىر كۆرۈنمەيدىغان، ئاۋازسىز ئايروپىلان ئىشلىتىۋاتىدۇ» دېيىشتى.

## ھەرەمباغ ئاسمىنىدىكى ناخشا ئاۋازى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ ئاساسلىق ھاۋا ئارمىيە مەشىق بازىسى بولۇپ قالدى. 1939 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئوقۇتۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشكە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىل-

دى. ئۇ ئەترەتنى دەسلەپتە قۇمۇلدا قۇرماقچى بولغانىدى، شىڭ شىسەي قۇمۇلدا قىزىل 8 - تۇەنىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئادەم ئەۋەتىپ مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئۇ ئەترەتنى غۇلجىدىكى ھەرەمباغدا قۇردى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ھەرەمباغ ئاسمىنىدا ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مارشى ياڭرايدىغان بولدى.

غۇلجا شەھىرى ئاۋىئاتسىيە مەشقى ئېلىپ بارىدىغان بازا بولۇشقا تازا مۇناسىپ جاي ئىدى. ئالدىنقى سەپتىن يىراق بولغاچقا بەكمۇ بىخەتەر ئىدى، ھاۋاسىمۇ ئۇچقۇچىلارغا ياقاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئۇسكۇنە ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈشكىمۇ يېقىن ئىدى. بۇ يەردە يەنە كەڭ ئۆيلەر، سۇ، توك ۋە ئالاقە ئۇسكۇنىلىرى تولۇق ئىدى، ئاز ساندا قوغداش قوشۇنى ۋە قوشۇنغا كېتەرلىك قورۇلۇش ئۇسكۇنىلىرىمۇ بار ئىدى.

ئوقۇتۇش ئەترىتىدىكىلەر ئاساسەن قىرغۇچى ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچقۇچىلىرىنى تەربىيىلەيتتى، تەربىيىلىنىدىغان ئۇچقۇچىلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىناتتى. 1941 - يىلى، ھەرەمباغ ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىدە 91 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 164 نەپەر ئۆگەنگۈچى، 90 نەپەر ئوقۇغۇچى، 118 نەپەر تېخنىكا خادىمى بولۇپ، جەمئىي 463 نەپەر ئادەم بار بولدى.

## ئەزرائىل بىلەن ئويىنىشىش

سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بەرگەن ئايروپىلانلار ئۇرۇمچىدە ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان بىر ئىشقا دۇچ كەلدى.

1937 - يىلى 10 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن بومباردىمانچى ئايروپىلان ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ماچىن باشچىلىقىدا بىر مۇستەقىل ئەترەت СБ تىپلىق 21 بومباردىمانچى ئايروپىلانىنى ھەيدەپ ئالمۇتادىن لەنجۇغا

قاراپ ئۇچتى.

ماچىن بىلەن بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچقۇچىلىرى بۇ مۇرەككەپ ھاۋا يولىنىڭ تۇنجى تۇركۇم ئۇچقۇچىلىرى ئىدى، شۇنچە كۆپ بومبا ۋە ئادەملەرنى ئېلىپ ماڭغان بۇ ئايروپىلانلار مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول باساتتى، نەچچە ئونلىغان پۇتۇن-لەي ناتونۇش ئايرودروملارغا قوناتتى ۋە يەنە ئۇچاتتى. بۇ سەپەر ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى سىنايدىغان ئەڭ قاتتىق سىناق ئىدى.

ماچىن شۇ چاغنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ: «ئايرودروملار بىلەن ھېچقانداق ئالاقە يوق ئىدى، ھاۋا رايى توغرۇلۇقمۇ ھېچ-قانداق مەلۇمات يوق، پەقەت ئايرودرومنىڭ ئورنىنىلا بىلەتتۇق. بىزنى ئۇ يەردە نېمە كۈتۈۋاتىدۇ، يەرگە قانداق قونىمىز، دېگەن-لەرگە قارىتا كۆڭلىمىزدە سان يوق، تەلەيگە قاراپلا ئۇچاتتۇق.»

ماچىن سەپەرگە چىقىشتىن ئازلا ئىلگىرى، بىرىنچى تۇر-كۇم كۇرەشچى ئايروپىلانلارنى ئېلىپ ماڭغان ئەترەت باشلىقى كورچىموف لياڭجۇ ئايرودرومىغا قونغاندا ئايروپىلان ئوت ئېلىپ كېتىپ ئايروپىلان بىللە كۆيۈپ كەتكەنىدى.

لياڭجۇ ئايرودرومى گەنسۇ چېگرىسى ئىچىدىكى دېڭىز يۈزى-دىن 1 مىڭ 900 مېتىر ئېگىز تاغ ئۈستىدە بولغاچقا، ھاۋا شالاڭ ئىدى. ئايروپىلان ئايرودرومغا قونۇشىغا ئوت ئېلىپ كېتىپ، كورچىموف جۇڭگوغا ياردەمگە ماڭغان ئۇچقۇچىلار ئىچىدە تۇنجى قۇربان بولغۇچى بوپقالدى.

ئۇ ئىڭ قۇربان بولغانلىقى ماچىن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ماچىن شۇنچىلىك ئېھتىيات قىلاتتى، ئازراقلا دىققەتسىزلىك قىلسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن يامان بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، 21 بومباردىمانچى ئايروپىلاننى كىچىك تېپتىكى ئوق - دورا ئىسكىلاتى دېيىشكە بولاتتى، ئۇنىڭدىن

چاتاق چىقىدىغان بولسا پۈتۈن ئۈرۈمچىنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى.

1907 - يىلى ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇچقۇچىلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، كېيىن ھاۋا ئارمىيە جۇڭجياڭى، سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى بولغان ماچىننىڭ تەقدىرى سەپدىشى كورچىموفنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. ئايروپىلان توپى ئۈرۈمچىگە بىخەتەر قونغاندىن كېيىن، يەنە قاراملىق بىلەن لياڭجۇغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇچۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار دۇبەن مەھكىمىسىگە لياڭجۇ ئايرودرومىغا تېلېفون بېرىپ قويۇشنى، ئۇلارنىڭ ئايرودرومىنىڭ ئايروپىلان يولىنى رېمونت قىلىپ، تۈزەشتۈرۈپ تەييار بولۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. چۈنكى، بۇ قېتىم ئۇ يەرگە قونىدىغىنى СБ تىپلىق ئېغىر بومباردىمانچى ئايروپىلانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك ئىدى. كېيىن ئىگىلىنىشىچە، لياڭجۇ ئايرودرومى شىنجاڭنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال 1 مىڭ 500 ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئايرودرومنىڭ ئايروپىلان يولىنى تۈزلىگەن، تاشلارنى تېرىپ، يەرنى سۈپۈرۈپ تەييار بولۇپ تۇرغان.

ماچىننىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلان ئەترىتى ئۈرۈمچىگە قونغاندا شېڭ شىسەي بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچقۇچىلىرى بىلەن ئاپتوموبىل ترانسپورت خادىملىرىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ئىلگىرى پەقەت ئۇنىڭ ئائىلىسىلا ئىچىپ كېلىۋاتقان غەربىي باغچىدىكى بۇلاقتىن يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇردى. مېھمانلار ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە خۇددى ھەر كۈنى زىياپەت بېرىۋاتقاندەك، ھەر ۋاقلىق تاماقتا بېلىق تۇخۇمى كونسېرۋاسى، سېرىق ماي، قەھۋە، كالباسا، سۈت، بولكىلار زادىلا ئۆكسىمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچقۇچىلىرى ئۆلكە مەركىزىدە ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇپ، ئاندىن ئايروپىلانلىرىغا بېنزىن قاچىلاپ يەنە

سەپەرگە ئاتلاندى.

بۇ قېتىمقى ئايروپىلانلارغا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇسۇلدا بېنزىن قاچىلاندى.

ئۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە ئايروپىلانغا بېنزىن قاچىلايدىغان ئاپتو-موبىللار يوق ئىدى، شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىدىكىلەرگە بىر ئامال قىلىپ قول بىلەن بېنزىن قاچىلاشنى تاپشۇردى.

ماچىن شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ: «يەر-لىك ھۆكۈمەت 200 — 300 چە دېھقاننى 20 لىتىر بېنزىن بارىدىغان چوڭ چېلەكلەر بىلەن ئايروپىلانغا بېنزىن قاچىلاشقا ئەۋەتىپتۇ. بۇ قائىدىگە زادىلا سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى، ھەتتا ماي سۈزىدىغان سۈزگۈچمۇ يوق ئىدى. ھەربىر ئايروپىلانغا قاچى-لىنىدىغان 1 مىڭ 200، 1 مىڭ 500 لىتىر بېنزىننى چېلەك بىلەن توشۇپ قاچىلاپ بولۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. بىز جۇڭگو-لۇقلار بىلەن قول ئىشارىسى ۋە چىراي ئىپادىمىز ئارقىلىقلا پاراڭلىشاتتۇق.

ئايروپىلانلاردا يەنە نورمىدىن ئارتۇق بومبا ۋە ئادەملەر بار ئىدى، ئىلگىرى ئايروپىلاندا بومبا بار ئەھۋالدا يەرگە قونۇپ باقمىغاندۇق، ئەمدى ھازىر بارلىق مۇساپىنى ئۇ نەرسىلەر بىلەن بىللە ئۇچۇپ تۈگىتىشىمىز كېرەك ئىدى، ئازراقلا بىخەستەلىك قىلىنسا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى.»

بۇ ھەرقانداق ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان، ئەزرائىل بى-لەن ئوينىشىدىغان ئىش ئىدى.

ئەزرائىل بىلەن ئويناشسىڭىز كىم بىلىدۇ، بىر كۈنلەردە ئۇنىڭغا تۇتۇلۇپ قالامسىز تېخى.

1939 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ترانسپورت ئايروپىلانى 20 نەچچە ئادەمنى ئېلىپ ئالمۇتادىن ئۇرۇمچىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ئىلقا بىلەن شىخۇنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر تاغنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە تۇماندا قېلىپ 4

مىڭ مېتىر ئېگىز بىر تاغقا سوقۇلۇپ كەتتى. يەتتە كېچە-كۈندۈز ئىزدەپ ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن يەرنى تېپىپ، ئامان قالغان ئۈچ ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئېغىر تىپلىق بىر بومباردىمانچى ئايروپىلان ئۈرۈمچىدىن شىخۇغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، شىخۇغا كەلگەندە تۇماندا قونالماي ئىككى سائەتكىچە ئايرودرومنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىر كۈيتۇڭگە قاراپ كەتتى. لېكىن، ئۇ يەرگىمۇ قونالماي يەنە شىخۇ ئاسمىنىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئايروپىلاندا بېنزىن قالمىغانىدى. ئاخىر شىخۇ خەلقىنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە كېلىپ، ئايرودرومنىڭ ئايروپىلان يولىنىڭ ئىككى چېتىگە نۇرغۇن ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ، ئادەملەر ئاسمانغا قارا تۇۋلىشىپ ئايروپىلانغا بەلگە بېرىپ ئايروپىلاننى سالامەت ئايرودرومغا قوندۇرۇۋالدى.

1941 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر كۆرەشچى ئايروپىلانى شىخۇدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، سايرام كۆلىگە يېتىپ كەلگەندە يوقاپ كەتتى.

1942 - يىلى باھاردا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياندۇرۇپ كېتىۋاتقان 36 ئايروپىلاننىڭ بىرى دېرەكسىز يوقاپ كەتتى...

## سوپۇندىن ئەپچىل پايدىلىنىش

1937 - يىلى 8 - ئايدا شاڭخەي ئۇرۇشى باشلانغاندا، شېڭ شىسەي دەرھال ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشقا ياردەمگە ئەۋەتىدىغان ئەسلىھەلەرنى توشۇش ئۈچۈن 3 مىڭ 500 تۆگە، 2 مىڭ ئات ھارۋىسى، 40 قارا ماشىنا تەييارلىدى.

ئات - ئۇلاغلاردا ئاساسەن بېنزىن توشۇلاتتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق، ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بېنزىن، سالىدۇلارنى ئايروپىلاندا توشۇغاندا، توشۇش جەريانىدا ئايروپىلاننىڭ

يېقىلغۇسىغا توشۇغان بېنزىندىن ئارتۇق بېنزىن كېتىپ ئۆتىدىغان ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايتتى. ئەڭ ئەرزان، ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇل ئات - ئۇلاغلار بىلەن توشۇش ئىدى، ئۇلارغا پەقەت ئوت - سامانلا كېتەتتى، ئەمما ئىلىپ ماڭغان ئادەملەر قاتتىق جاپا تارتاتتى.

خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىپ كېلىنگەن بېنزىن بىلەن سالىدۇل غۇلجا شەھىرىگە توپلىنىپ قالغانىدى، ئۇنى ئۈرۈمچىگە توشۇش ئۈچۈن مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ ئىلى تارماق كومىتېتى نەچچە ئون ئادەمدىن تەشكىللەنگەن بىر ترانسپورت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ بىر فۇگۇەنى گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، ترانسپورت قورالى «تارانچى» ھارۋىسى دەپ ئاتىلىدىغان ھارۋىلار ئىدى. بىر ھارۋىكەش بەش ھارۋىنى ھەيدەيتتى، ھەربىر ھارۋىغا كىچىكرەك تۆگىدىن 30 ى قاچىلىناتتى، 30 تۆگە بېنزىننىڭ ئېغىرلىقى 300 — 400 كىلوگرام كېلەتتى.

توشۇش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل يەنە بىر تۆگە ئەترىتى بار ئىدى، بىر تۆگىگە 100 كىلوگرام بېنزىن ئارتقىلى بولاتتى. بەزىدە تۆگىلەر كېتىۋېتىپ چېشلىشىپ قالسا ئۈستىدىكى تۆگىلەر يەرگە چۈشۈپ كېتىپ يېرىلىپمۇ كېتەتتى، شۇڭا تۆگە يېتىلىگەنلەر سوپۇندىن ئايرىلمايتتى. شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا تۆگىنىڭ يېرىقىغا سوپۇنني قاتتىقراق سۈركەپ قويسا يېرىق ۋاقىتىنچە ئېتىلىپ قالاتتى، چوڭ بېكەتلەرگە بارغاندا يېرىلغان تۆگىلەرنى پاياتلىۋالاتتى.

قورغاس بىلەن شىخشىخشىيانىڭ ئارىلىقى مىڭ كىلومېتىردىن ئاشاتتى، بىر كۈندە 30 — 40 كىلومېتىر يول يۈرسە، بېرىشنىڭ ئۆزىگىلا ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى. ئات - ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتى ئادەتتە دالادا ياتاتتى، قونالغۇغا يېتىپ كەلگەندە ھارۋىكەشلەر بىلەن تۆگىچىلەر ئات - تۆگىلەرنى

ھارۋىلارغا باغلاپ قويۇپ ئۆزلىرى شامالدىن دالدا جايدا تاماق ئېتىپ يەيتتى، تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ دالادىلا يېتىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىدى، سەپەردىن قايتىپ كېلىشكەنلىرىدە يۈزلىرى قارىداپ، يۈزلىرىنىڭ تېرىسى چۈشۈپ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قېلىشاتتى ...

يول بويلىرىدا ئاپتوموبىل بېكەتلىرى تولۇق قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى بىزنىڭ توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

www.uyghurkitap.com

# 8. «بەزىلەر مېنى ئۆلتۈرمەكچى»

## 1937 - يىلىدىكى «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»

ئەستايىدىل كىتابخانلىرىمىز يۇقىرىدا شېڭ شىسەينىڭ ئويدۇ-رۇپ چىققان «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نى بىرقانچە قېتىم ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدىن ئۇ ئىشنىڭ قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئازراق چۈشەنگەن بولسا كېرەك.

شېڭ شىسەي ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان «سوۋېتقەستلىك توپى-لاڭ دېلوسى» دېگەن يالغان دېلولار ئارقىلىق سىياسىي دۈشمەن-لىرىنى خۇددى كۆدە ئورۇغاندەك ئارقا - ئارقىدىن تۈركۈملەپ كۆزدىن يوقاتتى.

ئۇنىڭ كۆرسەتكەن باھانىلىرى بىرىدىن بىرى كۈلكىلىك ئىدى: شىنجاڭ جاھانگىرلارنىڭ تالىشىدىغان جايى بولغاچقا، ھەممىسىلا بۇ يەرنى بېسىۋالسام، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ بازىسىغا ئايلاندۇرسام، دەپ ئويلايدۇ، شۇڭا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە دۈشمەن بار؛

شىنجاڭدا مىللەتلەر بەك مۇرەككەپ، جاھانگىرلار ئاز سان-لىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئودال يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردىن پاي-دىلىنىپ ماڭا قارشى تۇرىدۇ؛

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغانلار بەكمۇ كۆپ، ياپونىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيىلەر ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىۋاتىدۇ، مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ؛

جاھانگىرلارغا سېتىلغان دۈشمەن كۈچلەر خوجايىنلىرىنىڭ مەقسىتى بويىچە دۈبەننى ئۆلتۈرۈپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يۈرگۈزۈۋاتقان ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ قوينىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ سۈيىقەستچىلەرنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ «توپىلاڭ كۆتۈرۈش» سۈيىقەستىنى تارمار قىلىش كېرەك.

شىنجاڭنىڭ تارىخى، مۇھىتى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئالدىدىكىلەرنىڭ ئاقىۋەتلىرى ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىپ تۇراتتى. «مەن مېنىڭ ئالدىمدىكى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ تەقدىرىدىن دائىم ساۋاق ئېلىپ تۇرىمەن — دەيتتى ئۇ، — ياڭ زېڭشىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى، جىن شۇرېنمۇ شۇنداق تەقدىردىن قۇتۇلالمىدى، شۇڭا مەن ئائىلەم ۋە ئۆزۈمنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئويلانمىسام، باشقىلارنىڭ مېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قاتتىق ساقلانمىسام بولمايدۇ.»

دۈبەننىڭ بۇ خىل گۇمانخورلۇقىنىڭ ئازراق ئاساسى بار بولسىمۇ، ئەمما ئەھۋال ئۇ دەرىجىدە ئېغىر ئەمەس ئىدى. يېڭى دۈبەن بولغاندا ئۆزىنىڭ ئاددىي بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن خۇددى ئۇلارنىڭ دوستىدەك ناھايىتى خۇشال ھالدا ۋاسكېتبول ئوينىغان، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئاددىي - ساددا روھىي ھالىتىنى كىشىلەر يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغانىدى.

كېيىن ئۇ تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى ياڭ زېڭشىننىڭ ئوقتا ئۆلگەنلىكىنى، جىن شۇرېننىڭ تامدىن ئارتىلىپ قاچقانلى-

قىنى، تەختكە چىققاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىككىنچى قېتىم-
لىق سىياسىي ئۆزگىرىشنى، ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلە-
رىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆردى. بۇ راست ھەم يالغان ئىشلار كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋەرگەچ-
كە، بەزىدە سەگەكلىشىپ، بەزىدە گاراڭلىشىپ يۈردى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقى ئېغىرلىشىپ، ئاخىردا يې-
غىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالدى. قىلغان
يامان ئىشلىرى بەك كۆپ بولغاچقىمۇ ياكى خىيالىي تۇيغۇمۇ،
دائىم قورقۇپ، ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان بولدى. ئەتراپىدىكى ئادەم-
لەر مەيلى دوستلىرى ياكى تۇغقانلىرى، يۇرتلۇقلىرى بولسۇن،
بىر كۆزىنى يۇمسا يەنە بىر كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ ئۇلاردىن
ھوشيار تۇرىدىغان بولدى.
ئۇرۇمچىنىڭ يۇقىرالىرى بارغانسېرى سىياسىي كەيپىياتنىڭ
ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بەزىدە
دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ماۋزۇر، مىلتىق ئاسقان، قوللىرىغا قى-
لىچ ئېلىۋالغان ئون نەچچە ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلىرى ئىتتىك
چېپىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، كەينىدىنلا دۇبەننىڭ قارا پىكاپى كۆرۈ-
نۈپ، ئۇمۇ جىددىي ئۆتۈپ قالاتتى، كىشىلەر شۇئان ھەرىكەتلى-
رىدىن توختاپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى ۋە ھەيران بولۇپ قارى-
شىپ قالاتتى.
شېڭ شىسەي ھەربىي گازارمىغا ياكى مەكتەپلەرگە بارسۇن،
مەنزىرىلىك شىمىگۇ ئارىشاڭغا سۇغا چۆمۈلگىلى بارسۇن ياكى
خۇڭشەن تېغىغا مەنزىرە كۆرگىلى چىقسۇن، ياكى نەنلىياڭدىكى
سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بارسۇن، ئەنە شۇنداق ھەيۋە بىلەن ما-
ڭاتتى. كۆزلىگەن جايغا بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي پىكاپى-
دىن چۈشۈپ بولغۇچە ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى مۇھاپى-
زەتچىلەر بىلەن توشۇپ كېتەتتى، پىلىموتلار تىكلىنىپ بولاتتى،
يول بويلىرى يوشۇرۇن ساقچىلارغا توشۇپ كېتەتتى، قاراۋۇل-

www.uyghurkitap.com



شىڭ شىسەي ئىشخانىسىدا

لۇقتاتۇرغان مۇھاپىزەتچىلەر دۇبەنگە كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ، خۇددى ئاپشاركىلارغا ئوخشاش ئۆتكەن - كەچكەن ھەربىر ئادەمگە نەشتەردەك قادىلىپ قالاتتى. ئۇلار يۇكسەك دەرىجىدە جىددىي ھالەتتە تۇراتتى، ئازراقلا غەيرىي ئەھۋال سەزسە شۇئان ئۆزىنى ئېتىپ بىردەمدىلا ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ بولاتتى.

شىڭ شىسەينىڭ تۇرالغۇسى بىلەن ئىشخانىسىنىڭ ئەتراپىدا 24 سائەت مۇھاپىزەتچى ئۈزۈلمەيتتى، مېڭىپلا يۈرەتتى، پارولنى كۈندە بىرنەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ تۇراتتى.

مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئىشىكتىن كىرىشتىن ئىلگىرى پەلەمپەيدە تۇرۇپ «رۇخسەتمۇ!» دەپ توۋلايتتى، شىڭ شىسەينىڭ «كىرىڭ!» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن كىرەتتى، ئاڭغىچە شىڭ شىسەي تارتمىسىدىن ئۆزىنى قوغدايدىغان تاپانچىسىنى ئېلىپ ئىشىككە قاراپ تۇراتتى، بۇ ئۇنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىدىغان قاتىلدىن ئۆزىنى قوغداشقا تەييار تۇرغىنى ئىدى. مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئىشلارنى مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىككىچە مېڭىپ، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ ئۇستىلىنىڭ يان تەرىپىدە بىرنەچچە قوڭغۇراق كۇنۇپكىسى بار ئىدى، ئەھۋال كۆرۈلگەن ھامان كۇنۇپكىنى باسسا، تولۇق قوراللانغان مۇھاپىزەتچىلەر بىردەمدىلا يوپۇرۇلۇپ كىرەتتى، قاتىلنىڭ قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس

ئىدى.

ھۆجرىسىدىكى كارىۋىتى بىر ئورۇنغا بېكىتىۋېتىلگەن ئەمەس ئىدى. ئۆزىنى قەستلەپ كىرگەن ئادەمدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن كارىۋاتنى ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇيان - بۇيان سۈرگىلى بولاتتى. ئائىلىسىدىكى ھەربىر ئۆينىڭ ئالاھىدە ئاچقۇچلىرى بار ئىدى، ئۇ ئاچقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى شىڭ شىسەي ئۆزى تۇتاتتى، ھەرگىز باشقىسىغا بەرمەيتتى، ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىمۇ ئۆزىدە بولاتتى.

ئۇنىڭ ھۆجرىسىدا نۇرغۇن سىرلىق يەرلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى قوش تام ئىدى، بىرەر ئىش يۈز بەرسە قوش تامنى بىر تەرەپكە سۈرسە يەر ئاستىغا چۈشىدىغان بىر ئىشىك پەيدا بولاتتى، شۇ ئىشىك ئارقىلىق يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈپ شۇ يەردىن بىخەتەر جايغا بېرىۋالاتتى.

مەيلى ھۆجرىسى ياكى ئىشخانىسىدا بولسۇن، ئۇن نەچچىدىن تېلېفون بار ئىدى، شۇ تېلېفونلار ئارقىلىق قانداق چاغدا بولسۇن دۇبەن مەھكىمىسى، ھەرقايسى نازارەتلەر، ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەرنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىلىرى بىلەن ئالاقىلاشالايتتى، ئەسكەر يۆتكىيەلەيتتى ۋە ئۇلارغا قوماندانلىق قىلالايتتى.

دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى زەمبىرەك تىكلەكلىك تۇراتتى، كەچ كىرىشى بىلەنلا ئۇ زەمبىرەكلەرنىڭ يېپىنچىلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، ھەر ۋاقىت ئېتىلىشقا تەييار تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئائىلىسى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي بىناسىدا ئىدى، ئۆيىدىكى ئەر - ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئاشپەز، فوگون، شوپۇرلارنىڭ ھەممىسىنى لى يىڭچى كۆرسىتىپ، شىڭ شىسەي ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئىش-

لىنەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇلارغا تازا ئىشىنىپ كەتمەي داۋاملىق تەكشۈرۈپ ۋە پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى.

شېڭ ئائىلىسى غەربىي باغچىدىكى مەخسۇس بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەندىن باشقا، ھەر كۈنى ئىشلىتىدىغان كۆكتات، گۆش، تۇز قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ بېكىتىپ قويۇلغان دۇكاندىن مەخسۇس بىر ئادەم بېرىپ ئېلىپ كېلەتتى، ھېچقانداق مەسىلە يوقلۇقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئاشپەزگە تاپشۇرۇپ بېرەتتى. گازلىق سۇ، ھاراق، كونسېرۋاغا ئوخشاش ئىچىملىك، يېمەكلىكلەرنىڭ ئاغزىنى شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى ئاچاتتى، يەپ ئېشىپ قالغىنىنى تۆكتۈرۈۋېتەتتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ كىچىك قىزى ئاشخانىغا كىرىپ تەرخەمەككە ئوخشاش بىر كۆكتاتنى يەيمەن دەپ ئۇنى تۇتقاندا، ئاشپەز ئۇنى ئالداپ، بۇنىڭدا زەھەر بار، يېگىلى بولمايدۇ، دەپ قويغان. ئۇ قىز يۈگۈرۈپ كىرىپ بۇ گەپنى دادىسىغا دېگەن، دادىسى قورقۇپ كېتىپ ئاشپەزنى زەھەرنى تاپشۇر دەپ قىستىغان. ئاشپەز نەدىكى زەھەرنى تاپشۇرسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل تاغىسىنى چاقىرتىپ كىرىپ كۆتىگە بىرنەچچىنى تەپكەن، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش بولدى قىلىنغان.

شېڭ شىسەينىڭ كاللىسىدا تەسەۋۋۇردىكى دۈشمەنلىرى ۋە «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» ئاستا - ئاستا راستقا ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئۈلكە مەركىزىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقان بىر تەشكىلات مەۋجۇت، ئۇنىڭ تەركىبىدە جۇڭگولۇقمۇ، چەت ئەللىكمۇ، خەنزۇمۇ، ئاز سانلىق مىللەتمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق كوممۇنىستلارمۇ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ، ھەر ساھەدىكى مەشھۇر ئەربابلارمۇ بار. ئۇلار ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ماسلىشىپ، يا چەت رايونلاردا توپىلاڭ كۆتۈرمەك-



www.uyghurkitap.com

چى، يا ئۆلكە مەركىزىدە توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى. ئۇلارنىڭ پىلا- نى: توپىلاڭ كۆتۈرۈپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» بويىچە ئىش تۇتۇۋاتقان ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قالايمىقانچىلىق ئى- چىدە دۇبەننى ئۆلتۈرۈۋېتىش. ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى ياپون جاھانگىرلىكى ياكى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ياكى «تروتىسكىچى» لار بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭدىن كېيىن، شېڭ شىسەي زور كۆلەمدە ئادەم تۇتۇشقا باشلىدى، تۈرمىلەر ئادەمگە توشۇپ كېتىپ يېڭى تۈرمىلەر سېلى- نىشقا باشلىدى. شېڭ شىسەي بىلەن ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى، ئاشۇ ئادەم شۇ، دېسىلا، ئۇلارنى ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن تىز پۈكتۈ- رۈپ سۈيىقەستچىلەرنى ياساپ چىقىرىۋېرەتتى.

ئادەمنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۆيىنى ئاختۇرۇش باشلى- ناتتى، ئۆيىنىڭ ھېچنېمىسىنى قويماي ئەپكېتىپ ئۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى. مال ـ مۈلۈكلەر «ھارام مال» سانىلىپ ئومۇمنىڭ بولۇپ كېتەتتى ياكى شېڭ جەمەتىنىڭ، چيۇ جەمەتى- نىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كېتەتتى، «توپىلاڭچىلارنىڭ ئائىلىسىدى- كىلەر» يىراقلارغا سۈرگۈن قىلىناتتى.

شۇنىڭ بىلەن، سىياسىي دۈشمەنلەر بىر ـ بىرلەپ يوقىتى- لىپ، تەرتىپ ياخشىلىنىپ، ئايرىم ئادەملەر بېيىپ، «جاھان- گىرلىككە قارشى تۇرۇش»، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش» سىياسىتىنىڭ توغرىلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇلدى. شۇڭا، شېڭ شىسەينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، چارچاش ھېس قىلىشمىدى. بۇ ئويۇن قايتا ـ قايتا ئوينىلىش داۋامىدا، بىرىنچى قېتىملىق «سۈيى- قەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نىڭ كەينىدىن ئىككىنچى قېتىملىق «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»، «11 ـ ئاۋغۇست خۇاڭ رۇجىن ـ لىن جىيۇڭ دېلوسى» قاتارلىق دېلولار چىقىشقا باشلىدى. ئۇ دېلولارنىڭ كەينىدىن يەنە نۇرغۇن ئۇششاق دېلولار-

مۇ پەيدا بولۇپ، بۇ دېلولار بىر ـ بىرىگە زەنجىرسىمان باغلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، ئۇۋالچىلىقلار زېمىننى قاپلىدى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى كۈندۈزى بېشىنى كۆتۈرمەي، بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىشتىنمۇ قورقۇپ ئىشلەيتتى، چۈنكى ئىشداشلىرىنىڭ قايسىبىرىنىڭ بىرەر سىياسىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇلار ئارىسىدا بولۇنغان ئادەتتىكى بىر ئېغىز گەپمۇ ئاخباراتقا ئايلىنىپ ئارخىپقا سېلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ھېچكىم بىر ـ بىرىنى نازارەتچى ئەمەسمەن دېيەلمەيتتى، ھەممىلا ئادەم يوشۇرۇن تىڭچى ياكى يوشۇرۇن نازارەتچى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن، ھەممىلا ئادەم ئۆيىگە ئالدىرايتتى، بۇرۇنقىدەك مېھمان چاقىرىش، مېھمانغا بېرىش، قارتا ئويناش، شىشخال ئويناش، قىمار ئويناشلار يوق، تامىقىنى يەپ بولۇپلا چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاشقا ياتاتتى، خۇدادىن ئۆزلىرىگە بىر كۈن بولسىمۇ ئارتۇق ئۆمۈر بېرىشنى تىلەيتتى. بۈگۈن ئاخشام سېلىۋەتكەن ئايىغىنى ئەتە يەنە كىيەلىشىگە ھېچكىمنىڭ كۆزى يەتمەيتتى.

كىشىلەر ئارىسىدا، ئەمەلدارلار نازىر بولغۇچە، ئەسكەرلەر تۈەنجاڭ بولغۇچە ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا كېلىدۇ، دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى.

كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن بەك قورقىدىغىنى «دۈبەن سىزنى سۆھبەتكە چاقىردى» دېگەن گەپ ئىدى، بۇنى ئاڭلىغان ئادەم خۇددى ئەزرائىل ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغاندەك تىترەپ پۇت ـ قولىدا جان قالمايتتى، چىرايلىرى تاتىرىپ ئوڭدىسىغا ئۆچۈپ كېتىشكە تاس قالاتتى.

1937 يىلى 8 ـ ئايدىن ئىلگىرى، شېڭ شىسەي ئاز كۈندە

پاش قىلىنىدىغان «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى پىلانلاپ بولغانىدى. بۇ مىسلىسىز، دائىرىسى ئاجايىپ زور، خەلقئارالىق تۈس ئالغان سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى ئىدى. توپىلاڭنىڭ مەقسىتى دۈبەننى ئۆلتۈرۈپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» بويىچە ئىش تۇتىۋاتقان ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش. قەدەم باسقۇچلىرى: مامۇت، ما خۇشەنلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا توپىلاڭ كۆتۈرۈش، خوجانىياز، جاڭ شىن، ما جاۋۋۇلار ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇپ ئۇلارغا ماسلىشىش، بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئىلى، چۆچەك، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ماسلىشىش. بۇ تەشكىلات يەنە تروتىسكىچىلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئاپلې-سوفنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، شىنجاڭغا كەلگەن سوۋېت ئىت-تىپاقلىق كومپارتىيە ئەزالىرىمۇ بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان. بۇ ئەكسىيەتچىلەر بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە توكيو، بېرلىن، تيەن-جىندىكى ياپونىيە كونسۇللىرى، شەرقىي خېبېيدىكى قورچاق تەشكىلاتلار، قورچاق مانجۇرىيىدىكى، ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى يا-پونىيە جاسۇسلىرى، ياپونىيە شىنجاڭغا ئەۋەتكەن جاسۇسلار بى-لەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇلار خائىنلار، تروتىسكىچىلارنىڭ قولى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ سودا سارايلىرى ئارقى-لىق ياپونىيە ۋە باشقا جاھانگىر دۆلەتلەردىن پۇل ياردەم ئالغان، يەنە مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە خادىملىرى، مىسسىئونېرلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ئۇلاردىنمۇ پۇل ئالغان.

«ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يولغا قويغان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنىنىڭ ئورنىنى مەڭگۈ قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ سۈيىقەستچى ئۇنسۇرلارنى بىرىنى قويماي قولغا ئېلىش كېرەك.

1937 - يىلى 8 - ئايدا، زور كۆلەملىك قولغا ئېلىش رەسمىي باشلاندى.

ئالدى بىلەن، شېڭ شىسەي ئىشنى مۇھاپىزەتچىلىرىگە، بىر ئاممىۋى يىغىندا چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر ئادەم سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ شېڭ دۇبەننى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئۇنى بىز تۇتۇۋالدۇق، دېگەن گەپنى تارقاتقۇزۇشتىن باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇيىقەستلىك ئويۇننىڭ پەردىسى تولۇق ئېچىلدى.

قائىدە بويىچە بولغاندا، بۇنداق قورقۇنچلۇق ۋەقەنى يىغىن مەيدانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنى كۆرگەن بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جيۇگاۋنى قولغا ئالدى ۋە ئامانلىقنى ساقلاش باشقارمىسىنىڭ قىيىن - قىستاقتا ئېلىشى بىلەن جاڭ جيۇگاۋ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شىننىڭ مەخپىي تەشكىلات قۇرغانلىقىنى، تەشكىلاتنىڭ زىياپىتىگە قاتناشقانلار ئۇنىڭ ئەزالىرى ئىكەنلىكىنى، جاڭ شىننىڭ قاراشەھەرنىڭ موڭغۇل قەبىلە باشلىقى شىلىنگ ۋە ۋاڭى بەندى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچى بىلەن دۇبەننى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سۇيىقەستلىك تۈپىلاڭنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

شېڭ شىسەي نېمە ئۈچۈن ئىشنى جاڭ شىندىن باشلايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى بار ئىدى.

26 - ئىيۇن تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەن، چېن جۇڭ ئۈچەنىڭ شېڭ شىسەينى قەستلەش ۋەقەسىدىن كېيىن، جاڭ شىن ئۇلارغا ئېچىنىپ، يىغىن مەيدانىدا گەپ قىلالماي ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن جوزىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ: «يېڭى ھۆكۈمەتمىش تېخى! بۇ ھۆكۈمەتتە دېموكراتىيە قېنى؟ كىشىلىك ھوقۇق قېنى؟ قانۇن زادى قەيەردە؟ ھەربىي ئەمەلدار بولغان

ئادەم مەمۇرىي باشلىقلارنى ئىختىيارىچە قولغا ئالسا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئېتىۋەتسە بولامدۇ؟» دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەتىسى ئۆزىنى باسالماي، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىدگە، پېشىنىڭ چوڭلۇقىغا ئىشىنىپ شېڭ شىسەيدىن، ئۇ ئۇچى زادى نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدى؟ پاكىت بارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلمايمىز؟ دەپ سورىغان، شېڭ شىسەي خاپا بولماي، ئەكسىچە كۆرەڭلىك بىلەن: «ماڭا قارشى تۇرغانىنىڭ ئۆزى جىنايەت. مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسەم ئۇلار مېنى ئۆلتۈرىدۇ. سىزنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارىڭىز نېمە؟» دېگەنىدى.

لىۋ ۋېنلۇڭ نەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن، جاڭ شىن، شېڭ شىسەي بۇ ئىشنى توغرا قىلمىدى، بۇنداق قىلىشى قانۇنغا خىلاپ دەپ ئويلاپ، شېڭ شىسەيگە يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «لىۋ ۋېنلۇڭ ياخشى ئادەم ئىدى. مەن سىلەرنىڭ ما جۇڭيىڭ مەسىلىسىدە پىكىر ئىختىلاپىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. ئۇ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى، يۈزتۇرا سۆزلىشىشنى، قورالنى تاشلاپ ئاتلارنى نەنشەنگە قويۇۋەتسەكلا ھەممىمىز خاتىرجەم ياشىغان بولاتتۇق، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ قاراش سىزنىڭ تىنچلىق سىياسىتىڭىز بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى. كېيىن نېمە ئۈچۈن شۇ دەرىجىدە زىددىيەتلىشىپ كەتكىنىڭلارنى بىلەلمىدىم. كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىنىمىزغا يېرىم يىل بولا ـ بولمايلا ئۆلتۈرىدىغاننى ئۆلتۈرۈشكە، سولايدىغاننى سولاشقا باشلىدۇق، پۇقرالار ئەندىشىگە پاتتى، — جاڭ شىن بىردىنلا، مۇشۇنداق سۆزلەۋەرسەم ئۇ بالا ـ قازا مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن، قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشنى ئويلىدىمۇ، شېڭ شىسەيىنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلەلمىدىمۇ چاتىقى يوق، يەنە سۆزلەۋەردى، — لىۋ ۋېنلۇڭنىڭ جىنايىتى بار بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ نەنجىڭ

ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ئۆلكە رەئىسى، ئاشۇنداق ئادەمگە بۇنداق جازا بېرىشىڭىز...» ئۇنىڭ ئاخىردا نېمە دېمەكچى ئىككىلىنىكى ئېنىق. ئۇ، نەزىرىڭىزدە مەركىزىي ھۆكۈمەت يوق، دېگەن مۇشۇ سۆزنى دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئەمەلدارلار سورۇنىدا نەچچە ئون يىل يۈرگەن، تەجرىبىلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەينىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىدىغان بولغاچقا ئۇ گەپنى دېمىدى، يۇقىرىدىكى گەپلىرىنىڭ ئۆزىلا «ئەجدىھانىڭ بۇرۇتى»نى مىدىرلىتىپ قويغانىدى. شېڭ شىسەي ئاچچىقىنى زورغا بېسىۋېلىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ ئولتۇراتتى.

شېڭ شىسەي جاڭ شىنىڭ بۇنداق ئەيىبلەشلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلاپ، ئاخىر ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى، ئەمما ۋەزىيەت ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەسلىكنى سۆزلەپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، جاڭ شىنىڭ كونا ئەمەلدارلار ئىچىدىكى تەسىرىمۇ خېلى چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ 12 - ئاپرېل (شېڭ شىسەي ئۇنى 12 - ئاپرېل ئىنقىلابى دەپ ئاتايدۇ) سىياسىي ئۆزگىرىشىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەم ئىدى، شۇڭا تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەن، چېن جۇڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئارقىدىن ئۆلكە رەئىسىنى نەزەربەند قىلىپ قويغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىدىن، ئۆزىدىن نارازى بولۇشىدىن ئەنسىرەپلا جاڭ شىنغا قول سالالماي يۈرەتتى.

شېڭ شىسەي جاڭ شىنى يېنىغا تارتىپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئويلىدى.

بىر كۈنى كەچتە، شېڭ شىسەي ئىككى مۇھاپىزەتچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ جاڭ شىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. جاڭ شىن بۇنىڭغا ھەيران قالدى، لېكىن يەنە ئۇنى ياخشى مەقسەتتە كەلگەن ئەمەس، دەپ ئويلاپ كاللىسىدا تەييارلىقمۇ قىلىپ قويدى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ كېلىشتىكى مەقسىتىنى

دېدى:

— ليۇ رەئىس ياشىنىپ قالدى، ئۇنى دەم ئالسۇن دېگىنىممۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئويلىغىنىم. ليۇ رەئىس ئەمدى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئارام ئېلىپ ياشىسا بولىدۇ، ئەمما ئۆلكە بىر كۈن رەئىسسىز تۇرۇشقا بولمايدۇ. مەن نۇرغۇن ئويلاندىم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى ئىچىدە سالاھىيەت، قابىلىيەت ھەم ئىنقىلابقا سادىقلىق جەھەتلەردە سىزگە يېتىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن، شۇڭا مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلمىسىڭىز، بىللە ھەمكارلىشىپ شىنجاڭنىڭ پۇقرالىرى ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بەرسەك، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ مۇھاپىزەتچىسىگە شەرەت قىلىۋىدى، مۇھاپىزەتچى ئۆلكىنىڭ چوڭ تامغىسىنى ئۈستەلگە قويدى.

جاڭ شىن قىزىل تاۋارغا ئورالغان تامغىغا قاراپ قويۇپ، كۆڭلىدە: «بۆرە بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىمەنمۇ؟ سەن شېڭ شىسەي ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىۋېتىمىز دېگىنىڭ بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا ئارمىيىنى تىكلەيسەن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇق جازا. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرىدىن تارتىپ نازىر، باشقارما باشلىقلىرىغىچە سەندىن قورقىدىغان تۇرسا. ليۇ ۋېنلۇڭ ئورنىدا تەيىنلىگەن ئەمەلدار ئىدى، ئۇنىمۇ بوش قويماي تۇتۇپ سولىدىڭ. سېنىڭ ماڭا تامغىنى بەرمەكچى بولغىنىڭ مېنى ئىككىنچى ليۇ ۋېنلۇڭ قىلماقچى ئىكەنلىكىڭ ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ يەنىلا خاتىرجەم ھالدا مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغىنىم ياخشى، بىرنەچچە مەكتەپنى ئارتۇق قۇرۇپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن كېرەككە كېلىدىغانلىرىنى كۆپرەك تەربىيىلەپ چىقسام بېشىمنىڭ ئاقارغانلىقىغا لايىق ئىش قىلغان بولمامدىمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى.

— دۇبەننىڭ ياخشى كۆڭلى ماڭا تېگىل بولدى. مەن قېرىپ قالدىم، تېنىم ئاجىز، بولۇپمۇ كۆزۈم ياخشى ئەمەس. سىزدىن

يوشۇرمايمەن، هازىر كىتاب كۆرمەيمەن، كىتابنى يۇرايمەن، كىتابنى كۆزۈمگە چاپلاپ دېگۈدەك يېقىن تۇتمىسام كۆرەلمەيمەن. مەن 12 ـ ئاپرېل ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ئازراق ئىش قىلدىم، مەقسىتىم شىنجاڭنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ خەلقنى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئىدى، رەئىس بولىمەن، دېگەن خىيال مەندە بولمىغان. ئەگەر رەئىس بولۇشنى ئويلىغان بولسام ليۇ ۋېنلۇڭ رەئىس بولۇشتىن ئىلگىرى كىشىلەر مېنى رەئىسلىككە كۆرسەتكەن چاغدىلا بولغان بولاتتىم، ئەمما بولمىدىم. ليۇ ۋېنلۇڭنى مەركەز تېخى رەئىسلىكتىن ئېلىۋەتمىگەن ئەھۋالدا مەن تېخىمۇ رەئىس بولمايمەن...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى خېلى تالاشتى، ئاخىردا جاڭ شىن:

— ئەگەر رەئىس بول دەپ چىڭ تۇرۇۋالسىڭىز ئەتىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىكىدىن، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن ئىستىپا سورايمەن. مەكتەپكە بېرىپ دەرس ئۆتۈشكە رازىمەن، — دېدى.

شېڭ شىسەي ئامالسىز، تامغىنى مۇھاپىزەتچىسىگە كۆتۈرتكۈزۈپ قايتىپ كەتتى.

1934 ـ يىلى ئەتىيازدا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئون مىڭ ئەسكەرنى كىيىندۈرگىلى، قوراللاندۇرغىلى قورال ـ ياراغ بىلەن ھەربىي كىيىم ياردەم سوراپ، بۇ ۋەزىپىنى 1930 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭغا كىرگەن سوۋېت كومپارتىيە ئەزاسى جاڭ يۇۋۇغا تاپشۇرغانىدى. جاڭ يۇۋۇ 1931 ـ يىلى چۆچەكتە ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى بولغان، 1933 ـ يىلىدىكى ئاپرېل ئىنقىلابىدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ما خېيىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ چۆچەكنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇننى تەرتىپكە سېلىشقا يار-

دەملەشتۇرگەنىدى. جاڭ يىۋۇ جاڭ شىن بىلەن فامىلىداش ھەم يۇرتداش ئىدى، ئۆلكە مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە يېقىن بوپكەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جاڭ شىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى. جاڭ شىنىنىڭ خوتۇنى تېخى جاڭ يىۋۇغا بىر قىزنى تونۇشتۇرغان، ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن جاڭ شىنىنىڭ ئۆيىدە ئۆي تۇتۇشقانىدى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. جاڭ يىۋۇ شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە بېرىشتىكى ھەقىقىي مەقسەتنى يوشۇرۇشقا بىرەر ئىشنى باھانە قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەندە، بىردىنلا جاڭ شىنىنىڭ كۆزىنىڭ ئاجىزلاپ قارىغۇ بولاي دەپ قېلىۋاتقانلىقى ئېسىگە كېلىپ، شېڭ شىسەيگە دېگەنىدى، شېڭ شىسەي جاڭ شىنىنىڭ بىللە بېرىشىغا قوشۇلۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى.

جاڭ شىن كۆزىنى داۋالاتقان يېرىم يىل ئىچىدە موسكۋا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىپ ئىدىيەسىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىش ياسىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ياقتۇرۇپ قالدى، شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىتلىكىگە، بولۇپمۇ ئۆلكىلىك ھەيئەت رىياسىتىنى نەزىرىگە ئالمايدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى ۋە بۇ كەيپىياتىنى سۆز - ھەرىكەتلىرىدە بىلىندۈرۈپ قويدى ھەتتا شېڭ شىسەي بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەندە ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپمۇ قالغانىدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەينىڭ ئىشنى جاڭ شىندىن باشلىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ نەزىرىدە جاڭ شىن 12 - ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىرى، كۈچلۈك شەخس، كونا ھاكىمىيەتنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقى ئەمەلدارى ئىدى.

شېڭ شىسەي ئوۋ نىشانىغا ئېتىلىشتىن ئىلگىرى، ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com

تىرناقلىرىنى يىغىۋېلىپ چىرايىغا ساختا رەھىمدىللىك بېرەتتى، ھەتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى يالغاندىن ماختاپ، ئۇنىڭ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن پۇرسەت كەلگەندە ئۇنىڭغا ئېتىلاتتى.

شۇ يىلى 12 - ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا ئۇ نۇتۇق سۆزلەپ شۇنداق دېدى: «بەزى ئادەملەر، ھۆكۈمەت جاڭ شىنىنى، جاۋ دېشۇنى ياخشى كۆرىدۇ، دېيىشىدۇ. راست شۇنداق، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ئۇلۇغ ئاپرېل ئىنقىلابىمىزنىڭ قوزغىغۇچىلىرى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىنقىلابقا قوشقان تۆھپىسى زور… شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى، ئاپرېل ئىنقىلابىنى يولداش جاڭ شىن بىلەن جاۋ دېشۇلار قوزغىغان ھەم ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان…» لېكىن، شۇ سۆزنى قىلىپ بەش ئايدىن كېيىن ئۇ جاڭ شىن بىلەن جاۋ دېشۇنى (جاۋ دېشۇ چۆچەكتە ۋالىي بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى) ئىلگىرى - كېيىن تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى.

مائارىپ نازارىتىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جيۇگاۋ تۇيۇقسىز قولغا ئېلىنغاندا جاڭ شىن بۇ ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۇ شۇئان شېڭ شىسەيگە تېلېفون بېرىپ جاڭ جيۇگاۋنىڭ نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىنى سورىدى ۋە:

— بۇ ئادەمنى مەن ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن، ئۇنىڭ تاپتىن چىققان ھېچقانداق ھەرىكىتى يوق، ئۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەن، شۇڭا دۇبەننىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى قويۇۋېتىشىنى سورايمەن، — دېدى.

شېڭ شىسەي تېلېفوندا سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ:

— جاڭ ئاكا، سىزنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشىڭىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن! — دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

جاڭ شىن بىردىنلا بوشىشىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا قالدى

ۋە چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ، ھەسرەت بىلەن: «قارىغاندا، ئەمدى ئۇ زەھەرلىك قولىنى ماڭا سالىدىغان ئوخشايدۇ» دېدى.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، تاۋۇز چاغىنى بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن يېرىم كېچە سائەت 2 دە، شېڭ شىسەينىڭ بىر توپ مۇھاپىزەتچىلىرى تۇيۇقسىز جاڭ شىنىڭ تۇرالغۇسىنى قورشىۋېلىپ دەرۋازىنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. خىزمەتكار دەرۋازىنى ئېچىشىغا مۇھاپىزەتچىلەر ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىپ جاڭ شىنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈپخانىغا يىغدى، ئاندىن مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى شېڭ شىسەينىڭ ھۇجرىسىغا تېلېفون بېرىپ:

— دۇبەن جانابلىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە 20 بۇرادىرىمنى ئېلىپ ماشىنا بىلەن جاڭ نازىرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق، ئەمدى قانداق قىلىشىمىز توغرۇلۇق يوليورۇق بېرىشىڭىزنى سورايمىز، — دېدى.

شېڭ شىسەي تېلېفوندا بىرنېمىلەرنى دېدى. مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى تېلېفوننى قويۇپ، جاڭ شىنىغا:

— بايا دۇبەندىن يوليورۇق كەلدى، چوڭ ـ كىچىك ھەممىڭلارنى ليۇ رەئىسنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ تاشقى ھويلىسىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ تۇرسۇن، دەيدۇ. سىرتتا ماشىنا بار، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلار بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىڭلارنىڭ ھەممىسى پاتىدۇ، ئاشپىزىڭلارنى ئېلىۋالساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى.

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى جاڭ شىن، — مەن نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدۈم.

— مەن بۇيرۇق بىلەن ئىش قىلىۋاتىمەن، — دېدى مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى، — شۇڭا مەندىن كۆپ گەپ سورىماڭ، مەن ھېچنېمە بىلمەيمەن!

شۇ كۈندىن باشلاپ جاڭ شىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن شەھەر

ئىچىدىكى 8 ـ كوچىغا جايلاشقان ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ تاشقىرىقى هويلىسىدىكى ئۇزۇنغىچە ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغان ئۈچ ئېغىزلىق ئەسكى ئۆيلىرىگە نەزەربەند قىلىندى. بۇ ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرىدىن ئاسماننى كۆرگىلى بولاتتى، لىملىرى ئۈستىگە قارلىغاچلار ئۇۋا سالغان، كامارلىرىدا قۇشقاچلار ئۇۋۇلىغانىدى. بۇ قورۇدا پەقەت ئاشۇ قۇشقاچلار بىلەن قارلىغاچلارلا ئەركىن ئىدى. تاملىرىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەن، ئىشىك ـ دېرىزىلەردىن پەقەت كىشەكلىرىلا قېپقالغان، كېچە ـ كۈندۈز ئوچۇق ئىدى، 24 سائەتكىچە ئىشىكتە ئەسكەرلەر قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى.

كېيىن جاڭ شىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دۆبەن مەهكىمىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىكرەك بىر قورۇغا كۆچۈرۈلدى، بۇ بىر ئالاهىدە تۈرمە ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جاڭ شىنى ئەسكەرلەر ئېلىپ كەتتى. بىر كۈنى شېڭ شىسەي جاڭ شىنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزىنى چاقىرتىپ جاڭ شىن بىلەن كۆرۈشتۈردى، بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشى ئىدى. ئۇلار كۆرۈشۈۋاتقاندا شېڭ شىسەي ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— جاڭ نازىرنىڭ 12 ـ ئاپرېل ئىنقىلابىدا تۆهپىسى بار، ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، شۇڭا سىزنىڭ خاتالىقىڭىزنى كەچۈرۈۋەتسەممۇ بولىدۇ. ئەمما، سىز ماڭا شېرىكلىرىڭىزنى، سۈيىقەستلىك پىلانىڭىزنى دەپ بېرىشىڭىز كېرەك، شۇ چاغدا سىزنى ئائىلىڭىزگە قايتۇرىمەن. ئۆزىڭىزمۇ بىرقانچە قېتىم خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىپ يۇرتۇمغا كەتسەم دېگەنغۇ؟

— دۆبەن جانابلىرىنىڭ ماڭا ئىشىنىشىنى سورايمەن، — دېدى جاڭ شىن، — مېنىڭ بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىم بار ئىدى، ئۇنى سىزگە ئوچۇق دېگەن، بەزىدە هەتتا ئىككىمىز مۇنازىرىلىشىپمۇ قالغان، ئەمما مۇشۇ كەمگىچە سۇيىقەست پىلانلاپ باقمىدىم...

شېڭ شىسەي قەدىمىنى توختىتىپ، جاڭ شىنغا:
— سىز ئۆزىڭىزنى، تۇز كۆڭۈلمەن، دەيسىز، ئەمما مەن سىزنى «چوڭ سوئيىقەستچى» دەيمەن. ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن سىزنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىڭىز ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەندۇ؟ جىن شۇرېننىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىمۇ سىزنىڭ قولىڭىز بار… بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، خوتۇنىڭىز، قىزىڭىز بىلەن ئوبدان پاراڭلىشىۋېلىڭ، كېيىن بۇنداق پۇرسەت كەلمەسلىكى مۇمكىن، — دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن جاڭ شىن ئۆيىدىكىلىرىنى ئىككىنچى كۆرمىدى.
جاڭ شىننىڭ ئايالى نەزەربەندتە تۇرغاندا كېسەل بولۇپ قېلىپ، شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق بىر ئايال دوختۇر كېلىپ ئوكۇل سېلىپ قويغاندى، شۇ كېچىسى سائەت 2 دە ئۇ دۇنياغا كەتتى، شۇ يىلى ئۇ 36 ياشقا كىرگەندى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىدە چوڭلار يوق، بىرنەچچە بالىسى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كەتتى. جاڭ شىننىڭ ئۆيى ئىككى قېتىم ئاختۇرۇلۇپ، ئۇزۇندىن ساقلاپ كېلىۋاتقان ھۆسنخەت، رەسىم دېگەندەك نەرسىلەر بۇلاپ كېتىلدى.
تۆت يىلدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ غالچىسى، مەخپىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي مەشغۇلات باشقارمىسىنىڭ، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «سوئيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»نىڭ باش پىلانلىغۇچىسى ۋە غوللۇق ئادەملىرىدىن جاڭ شىن، ما شاۋۇ، شى شىچاڭ، چېن دېلى، فېڭ لياڭ ۋە خوجانىياز قاتارلىق 140 ئادەمنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرى ئىنتايىن قەبىھ بولدى، بەزىلىرىنى يوغان مىخلار بىلەن تامغا مىخلاپ،

www.uyghurkitap.com

بەزىلىرىنى ئارغامچا بىلەن بوغۇپ، بەزىلىرىنى سىرىق قەغەزنى يۈزىگە چاپلاپ ئۈستىگە هاراق پۈركۈپ، سىرىق قەغەزنى يەنە چاپلاپ ئۈستىگە يەنە هاراق پۈركۈپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈردى. مەھبۇسلار 2 ـ تۈرمىنىڭ كىچىك ئىككى ئىغىزلىق ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلدى. ھەر كۈنى 10 دىن 20 گىچە ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، جەسەتلەرنى قارا ماشىنىغا بېسىپ ليۇداۋان قاتارلىق جايلارغا ئاچىقىپ كۆمىۋېتەتتى. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ۋۇ جۇڭ-شىن شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا شىنجاڭغا رەئىس بولغاندىن كې-يىنلا ئائىلىسىدىكىلىرى ئۇلارنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۇ دۇنياغا كەت-كەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ۋە ليۇ داۋانغا چىقىپ جەسەتلىرىنى ئىزدەشتۇردى. لېكىن، جەسەتلەرنى تونۇش مۇمكىن ئەمەس ئى-دى. ئامالسىز، ئالدىغا ئۇچرىغان جەسەتنى ئۆزىنىڭ ئادىمى كۆرۈپ دەپنە قىلىپ كۆڭۈللىرىنى تىنىدۇردى.

جاڭ شىن ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى، خالاس. ئۇنىڭغا ئوخشاش يوق بەتنامىلار بىلەن تۈرمىگە سولانغانلارنىڭ سانى يوق ئىدى. شېڭ شىسەي يەنە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەر-بىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى فېڭ لياڭنى يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ نۇرغۇن ئادەمنى قولغا ئالدى.

فېڭ لياڭ شېڭ شىسەينىڭ نەزىرى چۈشكەن، نومۇسنى بىلمەيدىغان، قورقۇنچاق، ئادەم قاتارىدا كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ مەخپىي بۇيرۇقى بويىچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن شياۋجۇ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لەن يەنشۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىلاتقا قاتناشقانلىق مەسى-لىسىنى ۋە ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ ئىچكى سىرىنى تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلدى ھەمدە ئۇلارغا بۇ تەشكىلاتنى ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى پىلانلىغانلىقىنى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى كۆپ، نۇرغۇن ياردەمگە ئېرىشكەنلىكىنى، ئۇلار مەسى-

لە تاپشۇرسىلا دۇبەن چوقۇم ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىنى
ئېيتتى. چېن شياۋجۇ بىلەن لەن يەنشۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ
ھەيران قالدى. 9 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جاڭ شىن بىلەن
فېڭ لياڭ قولغا ئېلىندى. فېڭ لياڭ تۈرمىدە شېڭ شىسەي
تۇقۇپ چىققان دېلو ئەھۋالىنى ئىقرار قىلدى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن
قولغا ئېلىنغانلار بىلەن يۈزلىشىپ، ئۇلار سۇيىقەستلىك تەشكى-
لاتقا قاتناشقانلىقىنى ئىقرار قىلغانغا قەدەر گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.
شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا ئەگەر ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك قىلىدىغان بولسا
ئۇنى ئۆلتۈرمەيلا ۋالماي، خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالىدى-
غانلىقىنى ئېيتقانىدى. فېڭ لياڭ شېڭ شىسەينىڭ قورالىغا
ئايلىنىپ شۇنچە كۆپ ئادەمنى تۇتۇپ بەرگىنى بىلەن ئاخىردا
شېڭ شىسەي تەرىپىدىن بەربىر ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.
شېڭ شىسەي جاڭ شىندىكى ئاتالمىش «توپىلاڭچىلار» تى-
زىملىكى ۋە فېڭ لياڭنىڭ تۆھمەتلىرىگە ئاساسەن كەڭ كۆلەمدە
قولغا ئېلىشنى باشلىۋەتتى، «جىنايەتچىلەر» قارنىڭ دومىلىشىغا
ئوخشاش بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. جامائەت خەۋپسىزلى-
كى باشقارمىسى بۇيرۇق بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت
ئەزاسىدىن تۆۋەن ئەمەلدارلار، مائارىپچىلار، كوماندىرلار، چوڭ
سودىگەرلەر بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى تولغا ئالدى. بۇ
ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى يېرىم كېچىلەردە دۇبەننىڭ «سۆھبىتىگە»
چاقىرىلاتتى ياكى ئەۋەتكەن پەيتۇنلار بىلەن ئېلىپ كېتىلەتتى،
بەزىلىرى يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر كىملەر تەرىپىدىن
تۇتۇلۇپ كېتەتتى، بەزىلىرى بۇيرۇق بويىچە بىرەر ئادەمنى ساق-
چىغا ئېلىپ كېتىۋېتىپ ئۆزىمۇ بىللە قامىلىپ كېتەتتى.
شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي چېن
لىفۇنى ئۈزىتىش زىياپىتىدىن كېيىن، يەنە خوجانىياز، ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى مەنچۇكزاپ (موڭغۇللارنىڭ
تۇرغاۋۇت قەبىلىسىنىڭ جەنۇبىي ئايماق باشلىقى) قاتارلىقلارنى

www.uyghurkitap.com

قولغا ئالدى. شىڭ شىسەيىنىڭ قارىشىچە، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بۇزۇقلار ئىدى.

ئارقىدىنلا خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ما شاۋۋۇ، دېھقانچىلىق ـ كانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى يۇ ۋېنبىڭ، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى شى شىچاڭ، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خۇ شۇكاڭ، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرى، قوشۇمچە ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ ۋۇ، ئالىي سوتنىڭ باشلىقى شىڭ شىسەيىنىڭ «شەپقەتچىسى» لۇ شياۋزۇ، موڭغۇللارنىڭ ئايماق باشلىقى شىلىك، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بايان موللا، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بۇرھان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى خۇاڭ خەنجاڭ، تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇل گۇاڭ لۇ، «ئون چوڭ دوكتور» ئىچىدىكى ۋاڭ لىشى، ئىلى رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يەنلىڭ، ئۈرۈمچى يەرلىك سوتنىڭ باشلىقى چېڭ دۇخبەي، شىخۇنىڭ ھاكىمى سۇڭ فۇياۋ، قەشقەر يەرلىك سوتنىڭ باشلىقى لاۋ داۋخېڭلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىندى.

لۇ شياۋزۇ تۈرمىدە سەككىز يىل ياتتى، 50 — 60 ئېغىزلىق ئۆيى بار چوڭ قورۇسى «ھارام مال» دەپ قارىلىپ مۇسادىرە قىلىنىپ، ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش ئورنى قىلىندى. ئۇنىڭ تەقدىرى ھەر ھالدا يامان ئەمەس بولۇپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلمىدى، پەقەت يەتتە ـ سەككىز تۈرمىگە ئالماشتۇرۇلدى، 2 ـ تۈرمىنىڭ ئۆزىدە ئۈچ يىل ياتتى. بۇ تۈرمىنىڭ كامېرلىرى تار ھەم زەي ئىدى، ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ مېڭىشىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. تۈرمىدىكى تۈرمىداشلىرى ئۇنى، سەن ئادەم ئەمەس، يىرتقۇچ بۆرىنى باشلاپ كەپتىكەنسەن، ئاخىر ئۆزۈڭمۇ مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ. ھەر ھالدا «سەن دۇبەننىڭ شەپقەتچىسى بولغاچقا، كامېرىڭنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلىمايدۇ، يەيدىغىنىڭمۇ بىزنىڭكىدىن ياخشى» دەپ ئەيىبلەپ كەتتى. لۇ شياۋزۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ

يا كۈلۈشنى، يا يىغلىشنى بىلمەي، غەزەپ بىلەن: «كۆزۈم قارىغۇ بولۇپ قېلىپ بىر قاراقچىنى باشلاپ كەپتىكەنمەن. ئۇ ھەرقايسىڭلارنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ بىكار. قۇرۇپ كەتسۇن ماڭا قىلغان ئېتىبارلىرى. مەن ئۇنىڭ دۈبەن بولۇۋېلىپلا ياخشىلىققا يامانلىق قىلىپ، سەۋەبسىزلا مېنى تۈرمىگە تاشلاپ بۇ قاراڭغۇ كامېرغا شۇنچە ئۇزۇن سولاپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇ نەدىمۇ ‹ئۇلۇغ›، ‹دانا› بولسۇن، چىلبۆرىنىڭ ئۆزى» دېدى جاۋابەن. ئۇ 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن تۈرمىدىن چىقىپ، قايتۇرۇپ بېرىلگەن قورۇسىنى سېتىپ يۇرتى گەنسۇغا قايتىپ كەتتى.

كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىش ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردا تەڭ باشلاندى. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىلىنىڭ ۋالىيسى چىن دېلى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن 60 نەچچە كىشى؛ تارباغاتاينىڭ ۋالىيسى جاۋ دېشۇ ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن 60 نەچچە كىشى؛ قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى شيۇڭ شاۋيۈەن (سوۋېت كومپارتىيە ئەزاسى) ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن 30 نەچچە كىشى؛ ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى سالى (ئۇيغۇر) ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن 100 نەچچە كىشى؛ قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ۋەن شيەنتاڭ، خوتەننىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى جېڭ يىجۇن (سوۋېت كومپارتىيە ئەزاسى) ۋە ئەر ـ ئايال ھەر ساھە زاتلىرىدىن 300 نەچچە كىشى؛ تۇرپان ئاستانىدىكى (مامۇتنىڭ يۇرتى) نەچچە ئون پومېشچىك، دېھقانلار تۇتقۇن قىلىندى.

1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى پولىنوف قاتارلىق 30 نەچچە رۇس، باشقا جايلاردىن 40 نەچچە رۇس قولغا ئېلىندى. شېڭ شىسەي ئۇلارنى قولغا ئېلىشتىن ئىلگىرى خاتىرجەم قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن پولىنوفقا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، رۇسلاردىن بىرمۇ ئادەمنىڭ «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»غا قاتناشمىغانلىقىنى ماختىغاندى.

شۇ يىلى 6 ـ ئايدا يەنە ئالتايدا مەنكەي باشچىلىقىدىكى 30 نەپەر قازاقنى تۇتقۇن قىلدى.

ھۈسەيىن بايۋەچچە، يۈمەنباي، تۇرسۇنباي قاتارلىق بەش كىشىمۇ قولغا ئېلىندى.

بۇ شىۋسۇڭمۇ مۇشۇ چاغدا قولغا ئېلىنىپ، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆلتۈرۈلدى.

ئەڭ ئاخىردا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئابلىسوفقا، تروتسكىچى سۇيىقەستچىلەرنى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىدىكى مۇھىم ئورگانلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي داھىيسىنى ئۆلتۈرمەكچى ۋە ھازىرقى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماقچى، شىنجاڭ بويىچە قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى، دەپ بوھتان چاپلىدى. ئابلىسوف بۇ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسىغا باشچىلىق قىلغانىكەن، ئەلۋەتتە سوۋېت كوممۇنىستلىرىمۇ تازىلاش ئوبيېكتى بولۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن ياندۇرقى يىلى 11 ـ ئايغىچە 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تۇتقۇن قىلىندى، ئۈرۈمچىگە 800 دىن كۆپ ئادەم يالاپ كېلىندى.

بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى نەگە سولايدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىدىن تۈرمە سېلىش كېرەك.



ئۈرۈمچىدىكى 4 ـ تۈرمىنىڭ كونا ئورنى



ئۈرۈمچىدىكى 1 ـ تۈرمىنىڭ كونا ئورنى

شىڭ شىسەي 1935 — 1936 ـ يىللىرىدا نەنجىڭدىكى كونا تۈرمىنى سىياسىي مەھبۇسلار تۈرمىسىگە ئۆزگەرتتى، ئۇ 1 ـ تۈرمە بىلەن غەربىي دەرۋازا تەرەپتىكى ھەربىي ئەشيالار ئىسكىلا- تىنى ئۆزگەرتىپ سالغان 2 ـ تۈرمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1937 ـ يىلىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشتىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ قورۇسى ئىچى- دىكى ماشىنا ئىسكىلاتى ۋاقىتلىق 3 ـ تۈرمە قىلىندى، ئۇنىڭ- دىن كېيىن شەھەر مەركىزىدە 4 ـ تۈرمىنى سالدى. 1939 ـ يىلى ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ تۇرالغۇسى ئىككىنچى تارماق تۈرمە قىلىن- دى. 1941 ـ يىلى، مەنچۇكزاپىنىڭ ئوردىسى 5 ـ تۈرمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1942 ـ يىلى 2 ـ تۈرمىنى كېڭەيتىپ ئىسمىنى يېڭى تۈرمىگە ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇبەن مەھكىمىسىدە يەنە ئالاھىدە بىر تۈرمە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇھىم دەپ قارالغان نۇرغۇن جىنايەتچىلەر قامالغانىدى.

شىڭ شىسەي بۇ ئادەملەرنى سوراق قىلىش ئۈچۈن، 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا لى يۈلىن باشچىلىقىدا مەخپىي سوت كوللېگىيىسى تەشكىللىدى. لى يۈلىن شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇ- رۇن لى دۇنىڭ قول ئاستىدىكى 5 ـ يۈنلىش قوشۇنىنىڭ باش كوماندىرى ئىدى. 1933 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ كۆزى چۈشۈپ ئۇنى مالىيە تەپتىش كومىتېتى- نىڭ مۇدىرى قىلدى. ئۇ يەنە شىڭ شىسەينىڭ مەخپىي ئالاقىچى- سى بولۇپ، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا مەخپىي دوكلاتلارنى بېرىپ تۇرۇپ شىڭ شى- سەينىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. كېيىن يەنە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى، «ئاسىيالار- نىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى» (ھارام ماللارمۇ دېيىلىدۇ) نى بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى.

شىڭ شىسەي ئادەم تۇتقاندا لى يىگچىنىڭ جامائەت خەۋپسىز-

لىكى باشقارمىسىغا تايىناتتى. ئۇ باشقارمىنىڭ سابىق باشقارما باشلىقى شېڭ شىسەينىڭ فۇگۇەنى، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ خادىمى جاڭ جيەنفېڭ بىرقەدەر تۈز كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، شىنجاڭدىن بۇنچىۋالا كۆپ يامان ئادەمنىڭ چىقىدىغانلىقىنى كاللىسىدىن زادىلا ئۆتكۈزەلمىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەيگە خىزمەت ئىشلەپ: «دۇبەن جانابلىرىنىڭ ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشىنى سورايمەن، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالمايلى يەنە. فېڭ لياڭ، خۇاڭ خەنجاڭلار يېزىپ بەرگەن تۇنجى تىزىملىكتە 80 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىكەن، دۇبەنگە راستىنلا شۇنچە كۆپ ئادەم قارشى تۇرارمۇ؟ ھەرقاچان ئۇلار ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىش ئارقىلىق بىزنىڭ ئىچىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇشنى ئويلاۋاتىدۇ» دېگەندە، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىغانىدى.

ئەتىسى ئۇ جاڭ جيەنفېڭنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ چۆچەككە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى لى يىڭچىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا باشلىق قىلدى.

لى يىڭچىمۇ شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ئادىمى ئىدى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا بۇ قوشۇننىڭ ئەھۋالىدىن ئۆزگە مەلۇمات بېرىپ تۇرۇشنى تاپشۇرغاندا ئۇ ياخشى ئىشلەپ شېڭ شىسەينىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. 1937 ـ يىلى ئۇ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىقىدىن سىياسىي مەشغۇلات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. جاڭ جيەنفېڭ كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى، لى يىڭچى بولسا رەھىمسىز ئادەم بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقاتتى.

ئۇ ئىككىسى شېڭ شىسەينىڭ ئوڭ، سول قوللىرى بولۇپ، بىرى ئادەم تۇتاتتى، يەنە بىرى ئادەم سوراق قىلاتتى، قوللىرىدا شېڭ شىسەينىڭ «ئۆلسە ئۆزگە» دەپ يېزىپ بەرگەن خېتى بار

ئىدى، ئۇ خەتنىڭ ئاستىغا ئۆزىنىڭ ئۈچ خەتلىك يوغان تامغىسىنى بېسىلغانىدى، خەت سوراقخانىنىڭ تېمىغا ئېسىقلىق ئىدى. لى پۇلىن بىلەن جاڭ گۇاڭچيەن (شېڭ شىسەينىڭ ئون چوڭ جاللاتىنىڭ بىرى) خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سوراق قىلىنغانلارنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئالاتتى، ئۇرۇپ بىردەمدىلا تېرىلىرىنى تىلىم - تىلىم قىلىپ يا ئۆلمەيدىغان، يا تىرىك ياشىيالمايدىغان قىلىپ قوياتتى. جازالاش تەدبىرلىرى جۇڭگو - چەت ئەللەردىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ ھەم خىلمۇخىل ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ تېلېفونى 2 - تۈرمىنىڭ سوراقخانىسىغا ئۇلاقلىق بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق چاغدا كىمنى سوراق قىلىش، نېمىگە ئىقرار قىلدۇرۇش توغرۇلۇق كۆرسەتمە بېرىپ تۇراتتى. خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ كاللا كېسەرلەر كۈندۈزى ئۇخلاپ، قورساقلىرىنى توقلاپ جازالاشنى كېچىسى ئېلىپ باراتتى. قوللىرىدا «ئۆلسە ئۆزىگە» دەيدىغان پەرمان بولغاندىكىن ئۇلار نېمىدىن ئەنسىرەيتتى؟ شۇڭا، شېڭ شىسەيگە قانداق ئىقرار لازىم بولسا دەرھال شۇنىڭغا ئېرىشەلەيتتى، ئەمما ئۇ ئىقرارلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ماددىي ئىسپاتى يوق، قۇرۇق، ياسىغان ئىقرارلار ئىدى.

سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى چەت ئەلگە تەۋە ئادەملەر بولغاچقا، لى پۇلىن ئۇلارنى سوراق قىلىشتا سەل ئەنسىرەپ قېلىپ، شېڭ شىسەيگە، ئۇلارنى سوراق قىلغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئادەملىرى ئۈستىدە تۇرۇپ بەرسە ياخشى بولاتتى، دەپ مەسلىھەت بەردى. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ سىمنوف، ياقۇپ ئىسىملىك ئىككى ئادەمنى ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ دېلونىڭ غەلىتىلىكىنى، بىرمۇ پاكىتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ شېڭ شىسەيگە ئۆزلىرىنىڭ گۇمانلىرىنى دېدى.

شېڭ شىسەينىڭ بۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ ستالىنغا ئەرز قىلدى. «ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىگە

تاپشۇرغان شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىدىن چەتنەپ، تروتسكىچىلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسى ئېچىلاي دەپ قالغاندا يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى مەخپىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، ئار مەھكىمىچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىلىرىنى يېنىغا تارتتى» دېدى ئۇ.

شېڭ شىسەي ئاشۇنداق دېلولارنى پىلانلاش ئارقىلىق نۇرغۇن سىياسىي دۈشمەنلىرىنى تازىلاپلا قالماي، بەلكى يەنە نۇرغۇن «ھارام مال» لارغىمۇ ئىگە بولدى.

شېڭ شىسەينىڭ بۇ غالچىلىرى چوڭ سودىگەر فۇ جيانى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» غا قاتناشقانلىقىغا ئىقرار قىلدۇردى، ئاندىن ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇ نەرسىلەرنى بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ راسخوتىغا ئىشلەتمەكچى، دېگەنگىمۇ ئىقرار قىلدۇردى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنى شېڭ شىسەينىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا: «مەن سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن، لېكىن سەن تاپشۇرۇۋالغان بارلىق پائالىيەت خىراجەتلىرىنى (ئۇ مال - مۈلۈكلەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدى) تولۇق تاپشۇرۇپ سەممىيلىكىڭنى يۈزدەيۈز ئىپادىلىشىڭ كېرەك، شۇ چاغدا ھۆكۈمەتمۇ ساڭا يۈزدەيۈز كەڭچىلىك قىلىدۇ. ئەگەر ئازراقلا سەممىيەتسىزلىك قىلىدىكەنسەن، ھۆكۈمەت يېرىم كەڭچىلىكنى قىسقارتىۋېتىدۇ» دېدى. ھەرقانداق ئادەم بۇنداق تەھدىتكە چىدىماي، شېڭ شىسەينىڭ دېگىنى بويىچە پۇل، مال تاپشۇرۇپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە.

بارلىق مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن، تۇتقۇن قىلىنغان ئۇ ئادەم يا باشقا يەرگە مەخپىي يۆتكىۋېتىلىدۇ ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈرۈۋې-

رىدۇ، ئاندىن هارام ماللارنى بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى: ئۆي ـ جاي، يەر، ئۆي جاھازىلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، پۇللىرىنى ئاشكارا مۇسادىرە قىلىدۇ. ئۇ مال ـ مۈلۈكلەرنى تىزىملىغاندا ئەرزىمەيدىغان، قىممىتى يوق نەرسىلەرنى تىزىملاپ، قانۇنسىز ئۆي ئاختۇرۇشنى قانۇنلۇق مۇسادىرىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئوخشاش قىممەتلىك جاۋاھىرلار بولسا شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ چوماقچىلىرىنىڭ يانچۇقلىرىغا كىرىپ كېتىدۇ.

قەشقەردىكى ئۆمەر باينىڭ ئەجدادىدىن تارتىپ 200 يىل يىغقان نۇرغۇن مال ـ دۇنياسى بار ئىدى، بارلىق مال ـ دۇنياسىنى بىر تال ياغىچىنى قالدۇرماي شېڭ شىسەي مۇسادىرە قىلدۇرۇۋالدى، جەمەتىدىن ئون نەچچە ئائىلە ئۇنىڭغا چېتىلىپ 30 نەچچە كىشى قولغا ئېلىندى.

قەشقەردىكى هاكىم هاجىنىڭ 60 ساندۇق ئالتۇن ـ كۈمۈشنى مۇسادىرە قىلدى.

باي ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر سودىگەر مۇھەممەت رېھىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، 800 يامبۇ تاپشۇرۇپ تۈرمىدىن چىقتى.

چېن دېلى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بىر سارىيى مۇسادىرە قىلىندى، قىممەت باھالىق زەر كەشتىلىك تونىنى شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى.

مۇئاۋىن رەئىس خوجانىياز قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇمچى، تۇرپان، قۇمۇل، ئۇچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى يەر ـ زېمىنى، قورۇ ـ جايلىرى، كارىزلىرى، ماشىنىلىرى ۋە نۇرغۇن مال ـ چارۋىلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى خانىۋەيران، جان باقالماس قىلىۋەتتى.

شېڭ شىسەي كىتابقا ئامراق ئىدى، باشقىلارنىڭ كىتابلىرىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى، مۇسادىرە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ياخشى كىتابلار بولۇپ قالسا ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى

كىتاب جازىسىغا تىزىۋالاتتى. چېن جۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ بىر قىسىم ماركسىزم ـ لېنىنىزم كىتابلىرىنى ئۆزىنىڭ
قىلىۋېلىپ، سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خېلى يۇرۇنلا
ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى تەتقىق قىلغان ئادەم قىلىپ كۆرسەت-
تى. لۇ شياۋزۇنىڭ ئۆيىدىكى قىممەتلىك ھۆسنىخەتلەرمۇ، رە-
سىملەرمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىگە ئايلاندى.
كونا ئاغىنىسى سۇڭ فۇياۋنىڭ نۇرغۇن لۇغەتلىرى، كىتابلىرىمۇ
ئۇنىڭ كىتاب جازىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئۈرۈمچىدىكى تاتار باي ھۈسەيىن ئۈرۈمچىدە جىشياڭ بانكى-
سىنى ئاچقان، دۇنياسى ئىنتايىن كۆپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە
يېرىدە دۇكانلىرى بار، شىنجاڭدا بىرىنچى دەرىجىلىك باي ھې-
سابلىنىدىغان ئادەم ئىدى. قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
27 ماي تۇڭنىغا قاچىلانغا ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى، نۇرغۇن
مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى، نەنلىياڭدىكى، نەنمېندىكى
چوڭ قورۇلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۇ قورۇلاردا شېڭ شىسەي-
نىڭ ئاتا ـ ئانىسى، قېرىنداشلىرى ئولتۇردى.

شېڭ شىسەي يەنە ھارام ماللارنى بىر تەرەپ قىلىش كومىتې-
تىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قىممەت باھالىق نەرسىلەر قاچىلانغان
ساندۇقلارنى ئەن سېلىپ بانكىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزۈن
ئۆتمەيلا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىسكىلاتىغا ئالدۇرۇۋالدى. ئار-
خىپتا يېزىشىچە، بىرىنچى نومۇرلۇق ساندۇقتىن 100 ـ
نومۇرلۇق ساندۇقچە بولغان مال ـ دۇنيا تىزىملىتىلماي شېڭ
شىسەي ئەۋەتكەن ئادەملەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن؛ 101 ـ
نومۇرلۇق ساندۇقتىن 150 ـ نومۇرلۇق ساندۇقچە تىزىملىتىل-
غان، ئەمما ئۇ ساندۇقلاردىكى نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئىنتايىن
تۆۋەن باھادا باھالىنىپ يەنە شۇلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلى-
نىپ كەتكەن؛ 150 ساندۇق قىممەت باھالىق ئېسىل نەرسىلەرنى
شېڭ شىسەي سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئارقىلىق ئىچكىرىگە ماڭدۇرۇ-

ۋەتكەن.

مۇسادىرە قىلىنغان ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنىڭ سانى يوق، ھەممىسىنى شىڭ شىسەيلەر بۇلۇشۇۋال-دى، بىر قىسمىنى بازارغا سېلىپ ساتتى، ئۇزۇن يىللارغىچە سېتىپمۇ تۈگىتەلمىدى. ئۇ مال - مۈلۈكلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈ-كى ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدۇ.

ھەممىدىن نومۇسسىز يېرى شۇكى، شىڭ شىسەي بىلەن لى يىڭچى يالغان دېلو ياساپ، كىشىلەرنى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرگەن جىنايەتلىرىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىغا دۆڭگەپ قوي-دى. شىڭ شىسەينىڭ ئۇستىدىن قىلىنغان بىر «شىكايەتنامە»دە شۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»غا قات-ناشقانلىق جىنايىتى بىلەن 600 دىن ئارتۇق ئادەم (ئىزاھات: بۇ سان توغرا ئەمەس، ئەمەلىي سان ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ) قولغا ئېلىندى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن، قاتتىق قىيىن - قىستاقتىن، ھاقارەت - خورلۇقتىن ئۆلگەنلەر، مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەنلەر 500 دىن ئاشىدۇ. 1943 - يىلى باھاردا ئۇ ئادەملەردىن پەقەت 20 سىلا ھايات قالغان.

شىڭ شىسەي ھايات قالغانلارنى تۈرمىدىن ئاچىقىپ «مەھ-بۇس خىزمەتچى»لىككە سېلىپ كېرەكسىز بەزى ھۆججەتلەرنى رەتلەتكۈزدى. مەسىلەن، ساقچىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ئې-لىپبەلىرىنى تۈزگۈزدى، يېزىق تەرجىمانلىقىنى قىلدۇردى، ھۆججەتلەرنى كۆچۈرتكۈزدى، ھېساباتلارنى تۈزگۈزدى. ساقچى باشقارمىسى (ئىلگىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ئىد-دى)نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى چېڭدې ئۇ «مەھبۇس خىزمەتچى»-لەرگە شۇنداق دېگەن: «سىلەر كۆپ نۇرىنى كۆرەلىگىنىڭلار ئۈچۈن شىڭ دۇبەن جانابلىرىغا رەھمەت ئېيتساڭلار بولىدۇ. ئەمدى سىلەرنىڭ دېلويىڭلار پات ئارىدا بىر تەرەپ بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىرىڭلار ئىقرارنامە يېزىپ توپىلاڭغا قاتناشقان جىنا-

www.uyghurkitap.com

يەتلىرىڭلارغا ئىقرار بولۇشۇڭلار ھەم xx، xx، xx لارنىڭ شې-رىكلىرىڭلار ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىڭلار كېرەك. ئىقرار-نامەڭلەرگە ھازىرنى ئەمەس، تۈرمىگە يېڭى كىرىپ سوراق قى-لىنغان ۋاقتىڭلارنى يازىسىلەر.»

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنداق قىلساق ئامان قالىدىكەنمىز، دەپ ئويلاپ، ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئاشۇنداق ئىقرارنامىلەرنى يېزىپ بەردى. لى پۈلىن بىلەن لى يىڭچى ھازىرغىچە ھايات ياشاۋاتقان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئىقرارنامىلىرى ئارقىلىق بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن يالغان دېلولارنى ياساپ چىقتى. بۇ يالغان دېلولارنى ياساش بىر يىل داۋاملاشتى. 1944 - يىلى 9 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلغان چاغدا تېخى تولۇق ياساپ بولۇنمىغانىدى.

لى يىڭچى بۇ ئىشنىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن چوڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرگەن، دېگەن جىنايەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى، ئەلۋەتتە خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى خۇاڭ مىنفۇنىڭ 1938 - يىلى بىر مەزگىل سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. خۇاڭ مىنفۇ 1940 - يىلى 9 - ئايدا يەنئەنگە قايتىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ساقچى باشقارمىسىنىڭ خادىمى شى يۈەنلىن بىلەن لىيۇ جىجۇڭ ئىككىسىنى خۇاڭ مىنفۇنىڭ تامغىسىنى ياساپ چىقىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن چيۇ زۇڭجۈننىڭ قولىدىن «شېڭ شىسەينىڭ تامغىسى» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان تامغىنى (شېڭ شىسەي كېتىدىغان چاغدا، ئىشلارنى ئۆتكۈزگەندە ئىشلىتىش ئۈچۈن بۇ تامغىسىنى قېيناتىسىغا قويۇپ قويغان) ئېلىپ، ئىككى تامغىنى ياساپ چىققان ھۆكۈمنامە ئۈستىگە بېسىپ دېلو ئارخىپىنىڭ ئاغزىنى چاپلىۋەتتى.

# ئۆزىنى ئۇچىنچى سىياسىي گۇرۇھ دەپ ئاتىۋېلىش

شەيئىلەر ئاخىرقى چېكىگە يەتكەندە ئەكسىگە قايتىدۇ.

شېڭ شىسەي 1939 - يىلىدىن باشلاپ كومپارتىيە ئەزالىرىنى چەتكە قېقىشقا باشلىدى.

شېڭ شىسەي خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغان بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرىنى نامدا «يۆتكەپ ئۆستۈرۈپ» ئۆلكە مەركىزىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىدى. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى لىن جىلۇنى ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى خۇاڭ مىنفۇنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت مەمۇرىي باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى، تەسىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن، تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى يات بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا خىزمەت قىلالمىسۇن، دېگەن مەقسەتتە ئەۋەتكەنىدى.

شېڭ شىسەي كومپارتىيە ئەزالىرى بىرقەدەر كۆپرەك بولغان شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا ئىشپىيونلۇق ئىشلىرىنى كۈچەيتىۋەتتى. گېزىتخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭ ئىشپىيونى ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ھوقۇقى تەھرىر ئىشخانىلىرىنىڭ مەرقانداق مۇدىرىنىڭكىدىن چوڭ ئىدى، گېزىتنى چىقىرىمەن دېسە چىقىراتتى، چىقارمايمەن دېسە چىقارمايتتى، بېسىپ چىقىرىلغان گېزىتلەرنى تارقىتىش - تارقاتماسلىق ھوقۇقىمۇ شۇنىڭ قولىدا ئىدى، شېڭ شىسەيگە شۇ ئادەم بىۋاسىتە مەسئۇل

www.uyghurkitap.com

ئىدى.

مۇئاۋىن گېزىتخانا باشلىقى سۇڭ جۇنكۇيمۇ شېڭ شىسەينىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى ئىشپىيون ئىدى، ھۇجرىسىدا شېڭ شىسەينىڭ ئىشخانىسىغا ئۇلانغان مەخسۇس تېلېفون بولغاچقا، گېزىتخانىنىڭ كۈندىلىك ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا كۈندە مەلۇم قىلىپ تۇراتتى، كىشىلەر ئۇ تېلېفوننى «سۇڭنىڭ مەخسۇس لىنىيىسى» دېيىشەتتى.

تەھرىر جۇڭ يىڭ چولاق (بىر قولى يوق ئىدى) مەخسۇس جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا مەلۇمات يوللاپ جان باقاتتى.

1939 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە دۇبەن مەھكىمىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ دۇبەن مەھكىمىسى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك چوڭ ئەترەت باشلىقى شېڭ خېچاۋ، دۇبەن مەھكىمىسى فۇگۇەنلەر باشقارمىسىدىكى جۇڭشياۋ دەرىجىلىك فۇگۇەن ۋاڭ پېيگاڭ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كومىتېتىنىڭ جۇڭشياۋ دەرىجىلىك چوڭ ئەترەت باشلىقى شاۋ يىڭشياۋ قاتارلىق سەككىز ئادەمنى، قىمار ئوينىغان، دېگەن جىنايەت بىلەن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش، يېرىم يىلغىچە ھېچقانداق ئىشقا قويماسلىق توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى. ئەتىسى كومپارتىيە ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ۋاڭ شياۋچۈن (ۋاڭ شياۋچۈەن) «خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلانغانلاردىن باشلانغان سۆز» سەرلەۋھىلىك بىر باش ماقالە يېزىپ، ئالدىنقىلارنى جازالاپ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزۇش پرىنسىپى بويىچە قىمار ئوينىغان ئۇ ئادەملەرنى يارىنىڭ لىۋىدىن ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىشقا، باشقىلارنى ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا، ئەخلاقلىق، ئادىل خىزمەتچى بولۇشقا چاقىردى. بۇ باش ماقالىنىڭ مەزمۇنى توغرا، ئەيىبلىگۈدەك ھېچقانداق يېرى يوق، شېڭ شىسەي تەشەببۇس

قىلىپ كېلىۋاتقان پاك بولۇش چاقىرىقىغا تامامەن ئۇيغۇن ئىدى.

لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن، ئالتە كۈندىن كېيىن، يەنى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسى نامىدىن «شىنجاڭ گېزىتى»دە بىر بۇيرۇق ئېلان قىلىپ: «بۇ باش ماقالىنىڭ ئۇرغۇن يېرىدە مەزمۇن خاتالىقلىرى مەۋجۇت، ھەرقايسى جەھەتلەردە سىياسىي خاتالىقلىرىمۇ بار. ئەسلىدە ئاپتورنى ئېغىر جازاغا تارتىش كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلاشتۇق: بىر قېتىم چوڭ خاتالىق سادىر قىلغان، دەپ ئەنگە ئېلىنسۇن، بىر ئايلىق مائاشى تۇتۇپ قېلىنسۇن. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈخەن بۇنىڭدىن كېيىن باش ماقالىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئاندىن ئېلان قىلسۇن. بۇنداق ئەھۋال قايتا تەكرارلانمىسۇن، بولمىسا ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى يامان بولىدۇ» دېدى.

ئۇ ھېچقانداق پاكىتى يوقلا، «ھەرقايسى جەھەتلەردە سىياسىي خاتالىقلىرىمۇ بار» دېگەن چۈشىنىكسىز بىر قالپاقنى كىيدۈرگەنىدى. ھەم «ھەرقايسى جەھەتلەردە»، ھەم «سىياسىي جەھەتتە»، زادى قايسى جەھەتتە؟ قانداق سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزدى؟ بۇ توغرۇلۇق شىڭ شىسەي بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان ھەم گەپمۇ قىلالمايتتى.

ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب، گېزىتتە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلان قىلماسلىق، ئېلان قىلسىمۇ ئۇ ھەقتە باش ماقالە باسماسلىق كېرەك ئىدى. گېزىتتە كىچىك ئىشنى يوغىنىتىشتىن مەقسەت مەن دۇبەننى سېستىش ئەمەسمۇ؟ ئەمما، ئۇ بۇ گەپنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقالمايتتى. پەقەت ئىشلىتىپ ئۆگەنگەن ئۇسۇلى بويىچە قالپاقنىڭ چوڭىنى كىيگۈزۈپ، بىر ئايلىق مائاشىنى تۇتۇپ، خاتالىق ئۆتكۈزدى دەپ ئەنگە ئالدۇرۇپ، مەسىلىنى «كەڭچىلىك» بىلەن، «يەڭگىل» ھەل قىلغان بولۇپ تۇگەتمەكچى

بولغانىدى.

ئۇ چاغدا نابورچىكلار بىلەن كوررېكتورلارنىڭ ساپاسى تۆۋەنرەك، قوغۇشۇننىڭ سۈپىتى ناچار بولغاچقا، خەتلەر سۇس، خاتالىقلار كۆپ ئىدى، شېڭ شىسەي ئۇ خاتالىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى سۈرۈشتۈرمىگەنىدى. ئەمما، 5 - ئاينىڭ (1939 - يىلى) 29 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى تۈنۈگۈن دراما مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى» دېگەن ماقالىدىكى «دۇبەن» دېگەن سۆز «دۇبيەن» دەپ خاتا تىزىلىپ قېلىپ، نەتىجىدە ۋاڭ شياۋچۈن بىلەن تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى شياۋپىڭ (كومپارتىيە ئەزاسى) ئىككىسىگە مائاشىنى تۇتۇپ قېلىش جازاسى بېرىلدى. مۇشۇنداق ئىشلار بىرقانچە قېتىم بولۇۋەرگەندىن كېيىن، ۋاڭ شياۋچۈن گېزىتخانىدا ئىشلەشكە ئامالسىز قېلىپ، دادامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ، دېگەن باھانە بىلەن 12 - ئايدا ئۇزۇن مۇددەتلىك رۇخسەت بىلەن يەنئەنگە قايتىپ كەتتى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شېڭ شىسەي يەنە دۇبەن مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نامىدا ھەرقايسى ھەربىي ئورگانلارغا، ھەرقايسى قىسىملارغا، مەكتەپلەرگە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ شۇنداق دېدى: «تەكشۈرۈشىمىزچە، يېقىندىن بۇيان ئايرىم خىزمەتچى خادىملار ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق تەدبىرلىرىنى خالىغانچە تەنقىدلەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرى بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان، سىياسەتكە خىلاپ گەپلەر، ئەگەر بۇ گەپ - سۆزلەردىن ئالدى ئېلىنمايدىكەن، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئىنتايىن زور بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن... شۇنداق ئىشلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ قالىدىكەن، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.» شېڭ شىسەي بۇنىڭ بىلەنلا قالماي «جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا شۇنداق ئىشلارنى تەكشۈرۈپ قاتتىق بىر تەرەپ قى-

لىش» نى تاپشۇردى.

ئۇنىڭ بۇ ئۇقتۇرۇشىنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئىلـ
غار زاتلارغا قارىتىلغانلىقىنى قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. پىكىر
بەرسىلا «ئۆزى بىلگەنچە تەنقىد قىلغان» بولامدۇ؟ ئىشقىلىپ،
شىڭ شىسەيدە پۇل بار، تىگچىلارنى سېتىۋېلىپ ئۆزى بىلگەنچە
جىنايەتلەرنى توقۇپ چىقىرىۋېرىدۇ ـ دە.

1939 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، چېن تەنچيۇ موسكۋا-
دىن قايتىشىدا ئۈرۈمچىگە كەلگەندە شىڭ شىسەي بىلەن دېڭ
فانىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن شىڭ
شىسەي چېن تەنچيۇنى كەلدى دەپ دېڭ فانى يەنئەنگە قايتۇرۇۋې-
تىشنى تەلەپ قىلدى. تۆت ئايدىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت
ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ ئېنلەي شىڭ
شىسەي بىلەن تۆت قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئىككى قېتىمقى-
سىدا دېڭ فانى قاتناشتۇرماي ئىككىسى ئايرىم سۆزلەشتى.

شىڭ شىسەي سۆھبەتتە دېڭ فادىن نارازى ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرۈپ، «دېڭ فا بۇ يەردە تۇرمىسۇن» دەپ تەلەپ قىلدى.
يەنە تېخى دېڭ فانى، ماۋ زېدۇڭنىڭ «دىئالېكتىكا» ناملىق
ئەسىرىدە نۇرغۇن خاتالىقلار بار، دېدى، دەپ جۇ ئېنلەيگە چاق-
تى. بۇ باشقىلارغا باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلىش بولۇپ،
زادىلا بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق
ئۇسۇل بىلەن كومپارتىيىنى دېڭ فانى جازالاشقا كۈشكۈرتتى.

شىڭ شىسەي مەقسەتلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىد-
يىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ، دېڭ فاغا
مەسئۇلىيەتنى ئارتىۋەرگەچكە، دېڭ فا ئامالسىز شىنجاڭدىن كې-
تىشكە مەجبۇر بولدى، بۇ ئىش يەنە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى-
نىڭ يامانلىشىشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى.

بىز 60 يىلدىن كېيىن شۇ دەۋردىكى تارىخنى ۋاراقلاپ
كۆرۈپ، شىڭ شىسەينىڭ بۇنداق قىلىشى قانات ـ قۇيرۇقى

يېتىلىپ، ئۈچىنچى بىر سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، كومپارتىيە، گومىنداڭ بىلەن ئۈچ تەرەپ بولۇپ بىر ئۇستەلدە تەڭ ئولتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

شىڭ شىسەينىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوممۇنىزم، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدە يېڭى دېموكراتىزم، گومىنداڭدا ئۈچ مەسلەك، ئۆزىدە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» بار ئىدى، يەنە تېخى ئۆزىنىڭكى قالغان ئۈچىنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۇلۇغۋار ئىدى. 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئېچىلغان ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ئۇ: «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى «بىر تەرەپتىن دۇنيانىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى، جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، يەنە بىر تەرەپتىن، جەڭگىۋار روھقا ئىگە ئىجتىمائىي پەن ۋە يېڭى پەلسەپە (شۇ چاغدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم شۇنداق ئاتىلاتتى — ئاپتور) نىڭ توغرا نەزەرىيىسىگە ئاساسەن مەيدانغا كەلگەن.» كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «توغرا ‹ئالتە بۈيۈك سىياسەت›، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەرنىڭ، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى بىردىنبىر توغرا ئىستراتېگىيە ۋە توغرا سىياسەت» ئۇ «يالغۇز شىنجاڭدىكى 4 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنى ئازادلىققا چىقىرىشنىڭ، جۇڭگودىكى 400 مىليون 500 مىڭ خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىشنىڭ نۇرلۇق ماياكى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى ئىنسانىيەتنى ئازادلىققا چىقىرىشنىڭمۇ نۇرلۇق ماياكى» دەپ جاكارلىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بويىچە بولغاندا، شىڭ شىسەي ئىنسانىيەتنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئۇلۇغ نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلغان دانىشمەن ئىدى.

ئەمدى ئۇ يىراقتىكى چەت بىر چېگرا رايوندا ئۆزى بىلەن

ئۆزىلا بولۇپ كېلىۋاتقان ئادەم ئەمەس ئىدى.

1939 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئۇ رەسمىي هالدا: «شىنجاڭ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىگە بېقىنمايدىغان «ئۇچىنچى بىر سىياسىي گۇرۇھ» يەنى «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» كە ئىگە سىياسىي گۇرۇھ، پېقىر شۇ گۇرۇھنىڭ داهىيسى، دەپ ئېلان قىلدى.

گومىنداڭنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش پروگراممىسى بار، كومپارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سېپى بار، شىنجاڭنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»ى بار. بۇ ئۇچى «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ هازىرقى باسقۇچتىكى ئەڭ توغرا ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى.»

1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، گېرمانىيە پولشانى بېسىۋالدى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ گىتلېر تېخىمۇ غالجىرلاشتى. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى تېخىمۇ قاتتىقلىشىشقا باشلىدى.

بىر قېتىم ھەربىي كادىرلارنىڭ مەشغۇلات سىنىپى ئوقۇش پۈتتۈرگەن مۇراسىمدا ئۇ شۇنداق دېدى: «كومپارتىيە دۆلەت ئىچىدە لازىم، شىنجاڭدا ھەرگىز لازىم ئەمەس. ئەگەر سېنى بىرى كومپارتىيىگە تونۇشتۇرماقچى بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم تروتسكىچى، ئۇنداق ئادەملەرنى دەرھال يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشىڭلار كېرەك. ‹ئالتە بۈيۈك سىياسەت›تىن گۇمانلىنىدىغان ئادەملەرنى بايقىساڭلارمۇ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىڭلار» دېدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىلىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقپەرەس زور تۈركۈم خادىملار خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىلدى ياكى باشقا ئىشلارغا يۆتكىۋېتىلدى. شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىۋەتكەن كومپارتىيە ئەزالىرىنى ساقچىلار بوزەك قىلدى، زىيانكەشلىك قىلدى، ئازارەت قىلدى، بەزىلىرىد-

نى خىزمىتىدىن قوغلىدى، بەزىلىرىگە تۆھمەت چاپلىدى، بەزى-
لىرىنى قولغا ئالدى.

شېڭ شىسەي كوممۇنىستىك پارتىيىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈ-
چۈن، 1940 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىر قانۇن
چىقىرىپ، ئۇ قانۇندا: ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرى،
ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى ئىدارىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشلىرىنى قوبۇل قىلىشلىرى،
سەۋەب كۆرسىتىپ رەت قىلماسلىقلىرى كېرەك. شۇنداقلار چې-
قىپ قالسا قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دېدى.
5 - ئايدا يەنە بىر قانۇن چىقىرىپ «دۈشمەن تىڭچىلىرى،
خائىنلار، تروتسكىچىلار»نى شېڭ شىسەيگە بىۋاستە مەلۇم
قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەرقايسى ئورگانلارغا
يامراپ كەتكەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنىڭ ئىشپىيون-
لىرى تولۇق ھەرىكەتكە كېلىپ، «دۈشمەن ئەھۋالى» پەيدا قى-
لىپ خىزمەت كۆرسىتىش ئارقىلىق مۇكاپات ئېلىشقا ئالدىرىدى.
ئۇ ئىشپىيونلار بىر مەلۇمات يوللىسا بەش مو، بىر يۈەن، ئىككى
يۈەن مۇكاپات ئالاتتى، سوت كوللېگىيىسى ئالدىن دېلو ياساپ
چىقىپ قولغا ئېلىنغانلارنى بىر - بىرلەپ سوراق قىلاتتى. ئەگەر
جىنايەتچى ئىقرار قىلمىسا قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىناتتى،
مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن ئىقرارنامىسىگە بارمى-
قىنى باستۇرۇۋالاتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، چېن تەنچيۇ 1940 - يىلى 6 - ئاينىڭ
20 - كۈنى مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات يوللاپ: «شىنجاڭ
ئۆلكىسىنىڭ سىياسىتى چوڭقۇر كرىزىس ئىچىگە پېتىپ قالدى.
ئەگەر ئۇ تېزلىكتە قۇتقۇلدۇرۇۋېلىنمىسا كەلگۈسى ئىنتايىن خە-
تەرلىك بولىدۇ» دېدى.

شۇنداقتىمۇ مەركىزىي كومىتېت مىللەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى-

نى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىدىن بارلىق توسالغۇلارنى يىمىرىپ تاشلاپ، شىنجاڭنىڭ باشتىن - ئاخىر جۇڭگونىڭ زېمىنلىك ئورنىنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى چوڭ ئارقا سەپلىك ۋە خەلقئارادىكى مۇھىم يوللۇق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنى، جەمئىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى قەتئىي ھىمايە قىلىشنى ۋە ئىجرا قىلىشنى، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى ئاساس قىلغان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مەقسەتلىك ھالدا بۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللىي بىرلىك سېپى تېخى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغانىدى.

## «مېنى دۈبەنلا قۇتۇلدۇرالايدۇ»

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە بولغان دوستلۇقى ئۇلارغا بولغان گۇمانغا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئايرىم ئەزالىرىغا بولغان ئىشەنمەسلىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە بولغان ئىشەنمەسلىككە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ زىددىيەتلەر ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى: كومپارتىيىدىن گۇمانلىناتتى، لېكىن يەنە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە داۋاملىق خىزمەت قىلىپ بېرىشىگە موھتاج ئىدى. كومپارتىيە ئەزالىرىدىن نارازى ئىدى، لېكىن ئۇلارنى ھەيدىۋېتەلمەيتتى، بۇنىڭ بىلەن زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ زەربە بېرىش نىشانىنى دۇ جۇڭيۈەنگە قارىتىپ، شۇ ئارقىلىق كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىنى سەگىتىپ قويماقچى بولدى، بۇ ئۇنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىغا زەربە بېرىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

1940 ـ يىلى، شېڭ شىسەي يەنە بىر قېتىم «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرى بىلەن دېموكراتىك ئىلغار زاتلارغا يەنە بىر نۆۋەت زەربە بەردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارىتىلغان ھەرىكەت ئىدى.

1940 ـ يىلىدىكى ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» دا دۇ جۇڭيۈەننى ئاساس قىلدى، قۇربان نىياز، شەرىپقان، چېن ۋۇ، سۈي رۇڭجاڭ دېلولىرىنىمۇ ئارىلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1937 ـ يىلىدا ئوتتۇرىغا چىقارغان «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» غا ئوخشاش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئودىيانكىننىمۇ زەربە بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى.

شېڭ شىسەي 1943 ـ يىلى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، بۇ دېلولار ھەققىدە مۇنداق چۈشەندۈرۈش بەردى:

«بۇ دۇجۇڭيۈەن باشچىلىقىدىكى خائىن پارتىيە (كومپارتىيىنى دېمەكچى)، ساتقىنلاردىن تەشكىللەنگەن، خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە 18 ـ سېنتەبىر توپىلاڭ دېلوسى. بۇ توپىلاڭ گەرچە 26 يىلدىن بۇيانقى توپىلاڭلارنىڭ داۋامى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈپ چىققىنى باشقا مەقسەت، يەنى جۇڭگو زېمىنىنى پارچىلاپ قورچاق ھاكىمىيەت تىكلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى چوڭ ئارقا سەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش. بۇ تەشكىلات ئۆزىنىڭ چوڭلۇقى، تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنىڭ قاتتىقلىقى، ۋاستىسىنىڭ رەزىللىكى، سېتىۋالغان قاتىللىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ سۇيىقەستلىك توپىلاڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلاردىن دۇ جۇڭيۈەن (شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى)، جاڭ خۇڭيۇ (مالىيە نازا-

رىتىنىڭ نازىرى) ، لى پېيكې (دېھقانچىلىق دورىلىرى شىركىـ
تىنىڭ دىرېكتورى) ، ۋاڭ ياۋچىڭ (شەھەر مۇداپىئە گارنىزونىـ
نىڭ يىڭجاڭى) ، ياۋ شيۇڭ (ئىلى مۇداپىئە گارنىزونىنىڭ قوـ
ماندانى، قوشۇمچە ۋالىيسى) ، چېن پېيشېڭ (چېگرا ئىشلىرى
باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ، سۇي رۇڭچاڭ (تۇەنـ
جاڭ) ، ياڭ دېچۇن (ئالتاي مۇداپىئە گارنىزونىنىڭ قوماند
دانى) ، جياڭ زوجۇ (ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى) ، ليۇ گۇيبىن،
شىڭ گوۋېن؛ ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا داموللا (قۇرۇلۇش نازارىـ
تىنىڭ نازىرى) ، قۇربان نىياز (جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارـ
مىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ؛ قازاقلاردىن شەرىپقان (ئالتاينىڭ
ۋالىيسى) ، ئەلىن ۋاڭ؛ خۇيزۇلاردىن لەن يەنشۇ (مۇئاۋىن
نازىر) (ئىنزاھات: شېڭ شىسەي لەن يەنشۇنى 1937 ـ يىلى
قولغا ئالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان) ، روسىيىدىن كېلىپ ئولتۇـ
راقلىشىپ قالغان تېيىپ بەگ (تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)
قاتارلىقلار بار.

بۇ تەشكىلاتتىكىلەر 18 ـ سېنتەبىرنى خاتىرىلەش چوڭ
يىغىنىدا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى، ئۇ كۈنى مەقسىتىگە يېتەلمىسە
1941 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل كۈنى توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان.
توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى، تەشكىلاتنى كېڭەيتىش، ھەرقايـ
سى مىللەتلەردىن قاتىللارنى سېتىۋېلىش، ئۆلكىدىكى ئالىي ئەـ
مەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاش، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ
ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغاندىن باشقا،
سىرتلاردىمۇ، بولۇپمۇ ئالتاي، تۇرپان، چىتەي قاتارلىق جايلاردا
ھەدەپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن شۇ جايلاردا توپىلاڭ
كۆتۈرۈپ، ئۆلكە مەركىزىدىكى ئەسكەرىي كۈچلەرنى بۆـ
لۈپ، 18 ـ سېنتەبىردىكى چوڭ توپىلاڭنى ئاسانلاشتۇرماقچى
بولدى. شۇ چاغدىكى كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىلدىكى توپىلاڭنى
مۇشۇ تەشكىلات قوزغىغان.

سوراق قىلىش جەريانلىرىدا ئۆلارنىڭ بىر قىسىم پىلانلىرىنى قولغا چۈشۈردۇق. تەدرىجىي قولغا ئېلىش، سوراقنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا يەنە توپىلاڭنىڭ پۈتكۈل پىلانىنى، خائىن پارتىيىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش مەقسىتىنى ئىگىلىدۇق.»

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، شېڭ شىسەي ھەرقايسى دېپلوماتلارنىڭ مەزمۇنلىرى ۋە ئاساسلىق جىنايەتچىلەرنىڭ «جىنايەت»لىرىنى ۋەزىيەتكە قاراپ كۆپەيتىپ، قىسقارتىپ تۇرغان. شېڭ شىسەيدە ئاشۇنداق ماھارەت بار ئىدى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ يېڭىدىن يېڭى نەرسىلەرنى توقۇپ چىقىرىۋېرەتتى.

دۇ جۇڭيۈەن (1898 — 1943) جىلىن خۇەيدېلىق مەشھۇر سودىگەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر زات، شېڭ شىسەينىڭ ساۋاقدىشى، يۇرتدىشى ئىدى. 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئۆزى باش مۇھەررىر، قوشۇمچە تارقاتقۇچى بولۇپ شاڭخەيدە چىقىرىۋاتقان «يېڭى ھايات ھەپتىلىك ژۇرنىلى»نىڭ 15 ـ سانىدا يى شۈينىڭ «پادىشاھ ھەققىدە قۇرۇق پاراڭ» ناملىق ماقالىسىنى بېسىپ ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان، ياپونىيە مۇشۇ ئىش بىلەن ۋەقە چىقارغان، 7 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دۇ جۇڭيۈەننى قولغا ئېلىپ بىر يىل ئىككى ئاي قاماپ قويغانىدى.

1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، دۇ جۇڭيۈەن تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ يۈەنفۇ بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن غەربىي شىمال تۆمۈريولىنى ياساش توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە شېڭ شىسەي بىلەن 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى كەلگەن 8 ـ ئارمىيە ۋەكىلى جۇ شياجۇمۇ بار ئىدى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بۇ كونا تونۇشىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم ئۇنى شىنجاڭدا ئىشلىگىن دەپ خېلى تۇتتى. لېكىن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇ جۇڭيۇەن ۋەتەننىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتقاچقا، شىنجاڭدا ئىككى ھەپتە تۇرۇپلا ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى كېلىشى ئىدى.

1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، تۇرمۇش نەشرىياتى ئۇنىڭ «شېڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابتا شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئومۇمىي قىياپىتى تۇنجى قېتىم پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرۇلغانىدى. بۇ كىتابنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، نۇرغۇن ياشلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى شۇ يەرنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلاشنى نىيەت قىلىشتى ھەتتا ئاتاقلىق يازغۇچى ماۋدۇنمۇ بۇ كىتابنى كۆرگەندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ: «بۇ كىتاب مەندە شىنجاڭغا بېرىپ ئاز ـ تولا ئىش قىلىش ئىستىكىنى قوزغىدى» دېدى. كېيىن دېگەندەكلا دۇ جۇڭيۈەن بىلەن سا كۇڭلياۋنىڭ تەكلىپى بىلەن شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ شىنجاڭغا كەلدى.

لېكىن، بۇ كىتابتا شېڭ شىسەيگە قارىتا ئارتۇقچە يۇقىرى باھا بېرىلىپ كەتكەنىدى. دۇ جۇڭيۈەن سېپى ئۆزىدىن زىيالىي ئادەم بولغاچقا، ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي غەرىزىنى بىلىپ يېتەلمىگەنىدى. يېقىن ئاغىنىسى، كېيىن ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا بېرىپ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان سا كۇڭلياۋ دۇ جۇڭيۈەننى سەمىمىي تەنقىد قىلىپ مۇنداق دېدى:

— كىتابىڭنىڭ بىر يېرىدە شېڭ شىسەينىڭ تاماققا تەكلىپ قىلغانلىقىنى، بىللە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرى بىلەن مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى خوجانىيازنىڭ بارلىقىنى، ئەتىسى ئەتىگەندە گېزىتتىن سەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى يېزىپ، شېڭ دۇبەن دېلولارنى شۇنچىلىك تېز بېجىرىدىكەن، دەپ ماختاپسەن. بۇ دېلولارنى تېز بېجىرگەنلىكمۇ؟ ياق، سۇيىقەست

www.uyghurkitap.com

ئىشلەتكەنلىك!

دۇ جۇڭيۈەن بۇ گەپكە ئازراق قايىل بولسىمۇ، ئەمما ئاغزىدا:

— مەن شېڭ شىسەي بىلەن بىر يۇرتلۇق، باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشىم ھەتتا بىز ياپونىيىدىمۇ بىللە ئوقۇغان، ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك ئاغىنىلەردىن. شۇنداق بىر ئادەم ماڭا ئاشۇنداق ھىيلە ئىشلىتەمدۇ؟ — دېدى.

1938 - يىلى 6 - ئاي بىلەن 10 - ئاي ئىچىدە، يەنى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشتىن ئىلگىرى ۋە قايتىپ كەلگەن كۈنلەردە دۇ جۇڭيۈەن شىنجاڭغا يەنە ئىككى قېتىم كەلدى. 10 - ئايدا 3 - نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلىندى. دۇ جۇڭيۈەن يىغىندا «3 - نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە دۇنيا تىنچلىقى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى، ھەرقايسى ۋەكىللەرنى زىيارەت قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ خەلقنى رىغبەتلەندۈردى.

بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن كېيىن، ئۈرۈمچى خەلق مائارىپ سارىيى قۇرۇلدى. قۇرۇلۇش يىغىنىغا ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ۋە مېھمانلاردىن بولۇپ 50 — 60 ئادەم قاتناشتى، شېڭ شىسەيمۇ كەلدى. ئەمما، مائارىپ سارىيىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەن كۆردى بولغاي، رەئىس سەھنىسىگە چىقماي پەستىكى بىرىنچى رەتتە «ئاۋام گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى چېن جىيىڭ بىلەن دۇ جۇڭيۈەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى.

سۆز قىلىش نۆۋىتى دۇ جۇڭيۈەنگە كەلگەندە، ئۇ سەھنىگە چىقىپ خەلق مائارىپ سارىيىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئاۋامنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى كۈچەيتىشتىكى رولىنى ماختاپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن: «بۇ قېتىم مەن قايتىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم ئادەملەرنى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا باشلاپ كېلىمەن…» دەپ تۇراتتى، شېڭ شىسەي يېنىدا ئولتۇرغان چېن جىيىڭنى جەينىكى بىلەن

تۆرتۆپ:

— بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟ بىزنىڭ خادىملىرىمىز بۇ گەپنى ئاڭلىسا، بىز يارىمايدىغان ئوخشايمىز، دەپ قالامدۇ؟ — دېدى. شېڭ شىسەي ئەزەلدىن ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنەتتى، تەنقىدنى ئازراقمۇ قوبۇل قىلمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئاغىنىسىنىڭ شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا شىنجاڭنى «قالاق»، «ئۆزگەرتىمەن» دېگىنى نېمىسى؟

ئەمەلىيەتتە، دۇ جۇڭيۈەن ناھايىتى سەممىي گەپ قىلغانىدى، سۆزىدە ئازراقمۇ يامان نىيەت يوق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ گېپى، بولۇپمۇ «زور بىر تۆركۈم» ئادەم باشلاپ كېلىمەن، دېگىنى شېڭ شىسەيگە قاتتىق تەھدىت بولۇپ تۇيۇلدى.

شۇنداق بولسىمۇ، شېڭ شىسەي دۇ جۇڭيۈەن بىلەن ساۋ كۆڭلياۋنى شىنجاڭدا ئىشلەپ قېلىشقا خېلى زورلىدى.

— سەن ياپونىيە ئالىي ھۆنەر - سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى ئىدىڭ، دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ شەرقىي شىمالدا فارفور بۇيۇملار شىركىتىنى قۇرۇپ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلدىڭ، شۇڭا شىنجاڭدا ئىشلەپ قالغىن. قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا بىزگە ياردەم قىلغىن، — دېدى ئۇ دۇ جۇڭيۈەنگە.

ئويلىمىغان يەردىن، دۇ جۇڭيۈەن ھازىر مېنىڭ قىزىقىشىم ئۆزگەردى. مەن مۇخبىر، مائارىپ جەھەتتە قابىلىيىتىمنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايمەن، دەپ، شېڭ شىسەينىڭ قۇرۇلۇش نازارىتىگە نازىر بولۇش تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئەمما، شېڭ شىسەينىڭ يەنە بىر تەكلىپى، يەنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇش، يا شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولۇش تەكلىپى ئىچىدىن مۇدىر بولۇشنى تاللىۋالدى.

دۇ جۇڭيۈەننىڭ بۇ تاللىشى شېڭ شىسەيدە ھەيرانلىق ۋە گۇمان قوزغاپ قويدى. ئۇ چېن جىيىڭغا:

— ... مەن ئۇنىڭغا نازىرلىق بىلەن مۇدىرلىقتىن بىرىنى تاللىۋالغىن دېسەم، ئۇ، ئىشخانىدا ئولتۇرۇش، مەجلىس ئېچىش دېگەندەك ئىشلارغا ئانچە قىزىقمايمەن، مۇدىر بولاي، دەپ نازىر-



دۇ جۇڭيۈەن (1898—1943)

لىقنى تاشلاپ مۇدىرلىقنى تالىشىۋالدى، بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى؟ — دېدى. چېن جىيىڭ ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەندىن كېيىن، يەنە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك قىلىپ، — دۇ جۇڭيۈەن مەكتەپ مۇدىرلىقىغا زايا كېتىدۇ. نېمىشقا شۇنچە ئۇزاق چۈڭچىڭدىن كېلىپ ئاشۇ ئەھمىيەتسىز ھەم بەكمۇ مۇھىم ئەمەس خىزمەتنى تاللىۋالىدىغاندۇ؟ — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بۇ يېقىن ئاغىنىسىنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىپ قويدى. دۇ جۇڭيۈەننىڭ تۇرالغۇسى بىلەن مەكتەپنىڭ ئەتراپىغا تەنزىكەشلەر قويۇلۇپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى. باشلىرىغا چۆكۈرۈپ شلەپە كىيىۋالغان غەلىتە ئادەملەر شۇ ئەتراپتا يۈرۈپ دۇ جۇڭيۈەننىڭ ھەرىكەتلىرىنى، كىملەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تۇردى. شېڭ شىسەي يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن تۆت ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، دۇ جۇڭيۈەننىڭ گەپ - سۆزلىرىنى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قەرەللىك مەلۇم قىلىپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، دۇ جۇڭيۈەن چۈڭچىڭغا قايتىپ بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئورگانلار، تەشكىلاتلار ۋە مەكتەپلەر بەرگەن تىزىملىك بويىچە كىتابخانىلارنى ئارىلاپ ئۈچ ماشىنىغا لىق كەلگۈدەك كىتاب سېتىۋالدى. يەنە شياڭگاڭغا بېرىپ «مەدەنىيەت ئىستىھكامى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ماۋدۇن بىلەن ئاتاقلىق ئالىم جاڭ چۇڭشىنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

1939 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرىدا، دۇ جۇڭيۈەن قاتتىق سوغۇقتا قارىماي ئايالى خۇ شيېجى، قىزى دۇيى، قېيىنىنىسى



«يېڭى نۇر» — شىنجاڭ ئىنستىتۇتى-
نىڭ مەكتەپ ژۇرنىلى، 1939 -
يىلى 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان

خۇلىدانى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە تۆتىنچى قې-
تىم كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى گو جېنشيەن
(گو چۇنزې، كومپارتىيە ئەزاسى) بى-
لەن ياخشى ھەمكارلىشىپ، ئوقۇغۇچى
تەربىيىلەشتە نۇرغۇن ئەجىر قىلدى،
مەخسۇس بىرلىك سەپ ھەققىدە دەرس
تەسىس قىلىپ بۇ دەرسنى ئۆزى ئۆتتى،
ئۇزۇنغا قالماي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆر-
مىتىگە ئېرىشتى. 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرى-
لىرىدا ماۋ دۇن يېتىپ كېلىپ مەكتەپ-
نىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئال-
دى، قوشۇمچە پەلسەپە، سىياسىي ئىق-
تىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارى-
خىدىن دەرس ئۆتتى.

8 - ئاينىڭ ئىچىدە، جاۋ دەن قاتارلىق ئاتاقلىق ئارتىسلارمۇ
ئۈرۈمچىگە كېلىپ تەجرىبە دراما ئۆمىكى قۇردى ۋە «ياشىسۇن
يېڭى شىنجاڭ» قاتارلىق درامىلارنى ئوينىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستۈن
ماھارەت بىلەن ئويناپ چىققان ئويۇنلىرىنى ھەر مىللەت خەلقى
ئاجايىپ قىزىقىش بىلەن كۆردى.

1939 - يىلى 7 - ئايدا، دۇ جۇڭيۈەن «شىنجاڭ ئىنستى-
تۇتى يازلىق تەتىللىك ئىلىغا ساياھەت قىلىش ئۆمىكى» تەشكىل-
لىدى. ئۆمەكتىكى 200 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار
12 قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ مايتاغ،
ماناس، شىخو، جىڭ، كۈرە، سۈيدۈڭ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا
بىر ئايغا يېقىن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ
باردى. شېڭ شىسەي شۇ چاغدا بۇ پائالىيەتنى قوللىغان ۋە 4
مىڭ يۈەن راسخوت ئاجرىتىپ بەرگەن، يەنە تېخى كىچىك ماشى-

نىدىن بىرنى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرگەن، ئىلىنىڭ ۋالىيسى ياۋ شيۇڭ 10 چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى. يەرلىك خەلقلەر بۇنداق داغدۇغىلىق ھەرىكەتنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا ھەيران قېلىشقان، دۇ جۇڭيۈەننىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئابرۇيى ئېشىپ كەتكەنىدى.

دۇ جۇڭيۈەن ئوچۇق كۆڭۈل، كۆڭلى تۈز، ئاغزى ئىتتىك، گېپى بولسا دەۋەتكىچە ئالدىراپ كېتىدىغان ئادەم ئىدى، شۇڭا دائىم باشقىلارنى رەنجىتىپ قوياتتى. 6 - ئايدا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدىغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلاپ، ئەرز-لەر شېڭ سىسەيىنىڭ ئۈستىلى ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتتى. لې-كىن، تالىپ مىجەز دۇ جۇڭيۈەننىڭ بۇ ئىشتىن زادىلا خەۋىرى يوق ئىدى. ئەگەر ئەرز قىلغان ئىشلار ئادەتتىكى ئۇششاق ئىشلار بولغان بولسا ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى، ئەمما ئۇنداق بولمى-دى. ساياھەت ئۆمىكى ئىلى تەرەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كې-يىن، بەزىلەر، دۇ جۇڭيۈەننىڭ مۇددىئاسى شېڭ شىسەيىنىڭ ئورنىغا دۇبەن بولۇش ئىكەن، دەپ گەپ تارقاتتى ھەم ئەرزلەرنى سۇندى، بۇنىڭ بىلەن خېلى بۇرۇنلا، دۇ جۇڭيۈەننى نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، دەپ گۇمانلىنىپ يۈرگەن شېڭ سىسەي ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلىدى.

دۇ جۇڭيۈەن ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا، ئىشپىيونلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان بەزى تۆھمەتلىرىنى ئاڭلاپمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى، كونا ساۋاقدىشىنىڭ ئۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىپ كېتىدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەنمىدى. «ئەگەر، — دېدى ئۇ بىر قېتىم، — بەزىلەر شېڭ دۇبەننىڭ ئالدىدا مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلسىمۇ، شېڭ دۇبەن ئىككىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتىمىزنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇ ئۇنداق گەپلەرنى ماڭا دەپ ئۆزرۈمنى ئاڭلى-شىمغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.»

ئۇ بەزى ئادەملەرنىڭ شۇنچە كۆپ ئىغۋالارنى توقۇغانلىقى-

نى، ئىشپىيونلارنىڭ ئۇ ئىغۋالارنى كۆپتۈرۈپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، شىڭ شىسەي بىلەن بولغان كۆپ يىللىق ئاغىنىدارچىلىقىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭغا 6 مىڭ خەتلىك ئۇزۇن بىر پارچە خەت يازدى. خەتتە ئۇ ئۆزىنى ئاقلىدى، گەپ ئارىلىقلىرىدا شىڭ شىسەيگە، شۇ گەپلەرگە ئىشىنىپسەن، دېگەندەك قىلىپ ئانچە – مۇنچە تەگكۈزۈپمۇ قويدى.

شىڭ شىسەي كۆرۈنۈشتە ھېچقانداق بولمىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە لى يىڭچىنى يەنە ئۇنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىپ ھەربىر سۆز – ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشقا بۇيرۇدى.

1939 – يىلى 9 – ئايدا، سا كۇڭلياۋ ئىچكىرىدىن گېزىت چىقىرىشقا كېتەرلىك نۇرغۇن ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا دۇ جۇڭيۈەن نەزەربەند قىلىپ قويۇلغانىدى. سا كۇڭلياۋ شىڭ شىسەينىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. دۇ جۇڭيۈەن ئۇنىڭغا شىڭ شىسەينى تەنقىد قىلىپ خەت يازغانلىقىدا پۇشايمان قىلغانلىقىنى دېدى، لېكىن ئەمدى ۋاقتى ئۆتكەنىدى.

10 – ئايدا، دۇ جۇڭيۈەنگە زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن يېيىلغان تور يىغىلىشقا باشلاپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان خۇ لەنزا قولغا ئېلىندى. ئۇ، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ژۇرنىلىدا پۇ يۇڭ دېگەن نامدا ئېلان قىلىنغان ماقالىنى ئەسلىدە دۇ جۇڭيۈەن ئۆزى يازغان، دېگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانىدى. ئارقىدىنلا دۇ جۇڭيۈەننىڭ كاتىپى سۇن قولغا ئېلىنىپ، دۇ جۇڭيۈەن خىزمەت قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

10 – ئاينىڭ 28 – كۈنى، دۇ جۇڭيۈەن شىڭ شىسەيگە رېماتىزم كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقى، ھازىرغىچە ياخشى بولمايۋاتقانلىقى، ئاشقازان، بوۋاسىر دېگەندەك كېسەللىرىنىڭمۇ

قوزغىلىپ تۇرۇۋاتقان خىزمەت قىلالمايۋاتقانلىقى، شۇڭا خىزمىتى-
دىن ئىستېپا سورايدىغانلىقى ھەققىدە خەت يازدى. ئۈچ كۈندىن
كېيىن شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئىستېپاسىنى تەستىقلاپ، شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە نەزەربەند قىلىپ قويدى.

دۇ جۇڭيۈەن شېڭ شىسەيگە كۆپ قېتىم خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى، شېڭ شىسەينى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1939 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يازغان ئۇزۇن بىر پارچە خېتىدە ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «قارا نىيەتتى» نى نۇقتىلىق چۈشەندۈردى:

«ئەگەر ئىنىڭىزنىڭ نىيىتى يامان بولىدىغان بولسا سىز ئاكىمىزغا ئۇنچىلىك ساداقەتلىك كۆرسەتمىگەن بولاتتىم. پېقىرنىڭ ھەربىي ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق، قولۇمدا تۈمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ ھەم يوق. ناۋادا سىز ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويسىڭىز مەن ئۇنى باشقۇرۇپ كېتەلەمدىمەن؟ بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. پېقىرنىڭ قارىشىچە، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىۋاتقان ئۇچىنچى بىر شەخس بار، ئۇنىڭ مەقسىتى ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش ياكى جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، بۇنىڭغا سىز ئاكىمىزنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى سورايمەن.»

دۇ جۇڭيۈەن بۇ گەپنى ناھايىتى ياخشى دېگەنىدى. راست، دۇ جۇڭيۈەننىڭ توخۇنى قوغلاپ تۇتقۇدەكمۇ مادارى يوق، ئەسكەرمۇ باشلاپ باقمىغان، شۇڭا ئەلنى ئىدارە قىلالىشى يوق گەپ، سۇيىقەست پىلانلىدى، دېگەندىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

دۇ جۇڭيۈەن خېتىدە يەنە مۇنداق دېدى: «پېقىرنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن بىر يىلدىن بۇيان سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى قوللىمىغان بىر كۈنىمۇ بولمىدى.» «ئادەم ئۇچۇن ساداقەت كۆرسىتىۋېتىپ تۆھمەتكە قېلىشتىن، ئىشەنچكە ئېرىشەلمەسلىكتىن، دەردىنى دەيدىغان يەر تاپالماسلىقتىن ئازابلىق ئىش يوق ئىدى-

كەن.» «پېقىر ئەگەر يەنە شۇنداق تۆھمەتكە قېلىۋېرىدىغان بولسام بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالمايمەن.»

ئەڭ ئاخىردا ئۇ «ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى» نى ئۈمىد قىلىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا سىز ئاكامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىمەن» دېدى.

دۇ جۈنيۈەن ئاق كۆڭۈللۈكتە گۆدەك بالىلاردىنمۇ ئېشىپ كېتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شېڭ شىسەي بىلەن داۋاملىق بىللە ئىشلەشنى ئويلىغانىدى.

جۇڭگو كومپارتىيىسى تەرەپ دۇ جۈنيۈەننىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلدى. 1940 - يىلى 2 - ئايدا، جۇ ئېنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىدا يارىسىنى داۋالىتىپ قايتقاندا، دىڭ يىڭچاۋ، رېن بىشىلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە چۈشتى. جۇ ئېنلەي شېڭ شىسەي ئۆزى ئۈچۈن بەرگەن زىياپەتتە دۇ جۈنيۈەننى ئۆزى چۈشكەن ئايروپىلاندا چۇڭچىڭغا ئېلىپ كېتىشنى ئېيتقاندا، ئۇ جۇ ئېنلەينىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشنى بىئەپ كۆرۈپ: «كېلەر نۆۋەتلىك ئايروپىلاندا يولغا سېلىپ قوياي» دېدى. ھەممىنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان جۇ ئېنلەي شېڭ شىسەينىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپلا دۇ جۈنيۈەننىڭ شىنجاڭدىن مەڭگۈ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى.

جۇ ئېنلەي تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ شېڭ شىسەينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن، زىياپەتتىن كېيىن شۇي مىڭچيۇغا ماۋ دۇن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىق كىشىلەرگە يەنئەنگە بارسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئىككىسى تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم ئىشى بولۇپ قالدى، دەپ شېڭ شىسەيدىن يۇرتىغا بېرىپ كېلىش توغرۇلۇق رۇخسەت سورىغانىدى، شېڭ شىسەي ئۇلارغا رۇخسەت قىلدى. ئۇلار ماۋ زېمىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

ئايروپىلانغا ئۇلتۇرۇپ قومۇلغا باردى. شۇ ئارىلىقتا شېڭ شىسەي
ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قېلىپ قومۇل جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسىكىلەرگە ئۇ ئىككىسىنى ماڭغۇزماي تۇتۇپ قېلىش توغ-
رۇلۇق تېلېگرامما بەرگەنىدى، ئۇ تېلېگرامما بىر كومپارتىيە
ئەزاسىنىڭ قولىغا تېگىپ قالدى. ئۇ شۇئان ئۇلار ئولتۇرغان
ئايروپىلاننىڭ ئالىلىبۇرۇن ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ شېڭ
شىسەيگە جاۋاب تېلېگرامما يوللىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى-
سى قۇتۇلۇپ قېلىپ، كېيىن يەنئەنگە باردى.

ماۋ دۇن بىلەن جاڭ جۇڭشىنىڭ ئامىتى كەلدى، ئەمما دۇ
جۇڭيۈەننى ئەس باستى. ئۇ ئىككىسى كېتىپ ئىككى ھەپتىدىن
كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، شېڭ دۇبەن مۇدىر
بىلەن سۆزلەشمەكچى، دېگەن نام بىلەن دۇ جۇڭيۈەننى ئۆيىدىن
ئاچىقىپ تۈرمىگە تاشلىدى. بۇ خەۋەر ئىچكىرىگە يېتىپ بارغان-
دىن كېيىن، بەش ئاينىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەت ئىشىنى باھانە قى-
لىپ كېتىۋالغان سا كۇڭلياۋ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن
يول ماڭدى؛ جۇ ئېنلەي ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن شېڭ شىسەيگە
تېلېگرامما ئەۋەتتى؛ شېن جۈنرۇ، مۇ دېخۇي، جاڭ يەن، خۇاڭ
يەنپېي قاتارلىق بىرنەچچە مويسىپىت بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىر-
لىكتە شېڭ شىسەيگە دۇ جۇڭيۈەننى قويۇپ بېرىش ھەققىدە
تېلېگرامما يوللىدى؛ گاۋ چۇڭمىنمۇ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا كۆپ
ھەرىكەت قىلدى. شېڭ شىسەي ھەممىسىگە دۇ جۇڭيۈەننى قويۇپ
بېرىشكە ماقۇل بولدى، ئەمما ئاخىردا يەنىلا قويۇپ بەرمىدى.

دۇ جۇڭيۈەننىڭ جىنايىتى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە
باشلىدى. دەسلەپتە خائىن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ شىنجاڭدىكى گۇماش-
تىسى، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شىنجاڭدا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا
كەلگەن ھەم ئۇ تروتسكىچى، دېگەن جىنايەتلەرنى ئارتقان-
دى. 1942 - يىلى شېڭ شىسەي سىياسىي جەھەتتە بۇرۇلۇش
ياسىغاندىن كېيىن، دۇ جۇڭيۈەننى كومپارتىيىنىڭ كۆرسەتمىسى

بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن «ئىشپىيون» ، «كومپارتىيىنىڭ شىن-
جاڭدىكى ۋەكىلى» دېدى. ئۇ تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن يازغان
ئەسلىمىسىدە يەنە دۇ جۇڭيۈەن كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭغا
جۇ ئېنلەينىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن كەلگەن، جۇ ئېنلەينىڭ ئىش-
پىيونى، دېدى. ھەتتا دۇ جۇڭيۈەننىڭ تەكلىپى بىلەن كەلگەن،
شېڭ شىسەي ئۆزى 20 كىلومېتىر يەرگىچە ئالدىغا چىققان
ماۋدۇن بىلەن جاڭ جۇڭشىنىمۇ «كومپارتىيىنىڭ، مەدەنىيەت
خىزمەتچىسى، دېگەن قالپاق بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن ئىشپىيون-
لىرى» دېدى.

ئەمەلىيەتتە، دۇ جۇڭيۈەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئادىمىمۇ ئە-
مەس، تروتسكىچىمۇ ئەمەس، كومپارتىيە ئەزاسىمۇ ئەمەس،
سىياسىي يۆلەنچۈكىمۇ يوق ئادەم ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈ-
چۈن، شېڭ شىسەي ئىشنى شۇنىڭدىن باشلاشقا جۈرئەت قىلىپ،
ئۇنى ناھەق دېلولارنىڭ باش قەھرىمانى قىلدى.

دۇ جۇڭيۈەن نەزەربەندتىكى چاغدا، خائىن ۋاڭ جىڭۋېيدىن
پائالىيەت خىراجىتى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇۋېلىپ شىن-
جاڭغا بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا كەلگەن؛ جاۋ
دەن، جاڭ جۇڭشى، ماۋ دۇن قاتارلىقلار تروتسكىچىلار بولۇپ،
دۇ جۇڭيۈەننىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان؛ دۇ
جۇڭيۈەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى
ئۇدىيانكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلى-
ماقچى، ئۇنىڭ ئورنىغا تروتسكىچىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلى-
مەكچى بولغان؛ توپىلاڭنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈ-
چۈن، ئالدى بىلەن چەت رايونلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆلكە
مەركىزىدىكى قوشۇنلارنى شەھەردىن ئالداپ ئاچىقىپ شەھەرنى
بوش قالدۇرۇپ قول سېلىشقا ئوڭايلىق يارىتىشنى تەشەببۇس
قىلغان، دېگەندەك تۆھمەتلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ ئاتالمىش چەت
جايلاردىكى توپىلاڭ دېگىنى، بىرى، ئالتاي رايونىدىكى قازاقلار-

نىڭ قوزغىلىڭىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ پىلانلىغۇچىسى شەرىپقان ئىدى. 1940 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، كۆكتوقايدىكى قازاق چارۋىچىلار قوزغىلىپ، قوزغىلاڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، موڭغۇل ـ قازاق بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانىدى. يەنە بىرى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇلاردىكى ئاتالمىش ئۇيغۇرىستان قۇرۇش مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئىدى. دۇ جۇڭيۈەن بۇ ھەردىكەتنى قوللاپ، ئۇرۇمچىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان نىياز، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قۇربان سېيىتوف، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئابدۇللا داموللا بىلەن ئالاقە قىلغان، دېيىلدى.

شېڭ شىسەينىڭ دېيىشىچە، ئەگەر بۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، دۇ جۇڭيۈەن شىمالىي شىنجاڭدىكى موڭغۇل ـ قازاق بىرلەشمە ھۆكۈمىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشلىقى بولماقچى. بۇ يېڭى ھۆكۈمەت ۋاقتىنچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن بولماقچى، كۈچىيىۋالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن ياپونىيىگە يېقىنلاشماقچى. توپىلاڭنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن بانكا باشلىقى جاڭ خۇڭيۇ 100 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەرمەكچى، ئالتۇننىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى تارقىتىلغان پۇلنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان.

بۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك ھەم ئۇچىغا چىققان زىيانكەشلىك قىلمىشى ئىدى.

دۇ جۇڭيۈەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىنىدى ھەتتا جازانىڭ قاتتىقلىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالماي گۈندىپايلار زەمبىلگە سېلىپ سوراقخانىدىن كامېرغا ئەكىرىپ قويۇپتتى. شېڭ شىسەي ئۇنى «ئىسيان» كۆتۈرگەنلىكىگە، تروتسكىچى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلدۇرماقچى ئىدى.

دى. 1941 ـ يىلى، دۇ جۇڭيۇەن تۇرمىدىكى بىر قېتىملىق سوراقتا مۇنداق دېدى:

«مەن تروتىسكىچى ئەمەس، مېنى زادى سەن تروتىسكىچى دەپ تۇرۇۋالساڭلار، دۇنيادا مەن ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئازابلىق ئىش بولمايدۇ. ھەيران قالدىغىنىم، سىلەر مېنى ئۆزۈمدىنمۇ بەك چۈشىنىدىكەنسىلەر، ئەمما مەن ئۆزۈمنى سىلەردىنمۇ بەكرەك چۈشىنىمەن. مېنى نېمە ئۇچۇن تروتىسكىچى، خائىن دەيدىغىنىڭلارنى زادىلا چۈشەنمىدىم. ماڭا تروتىسكىچى، خائىن دېگەن قالپاقلارنى كىيدۈرۈۋاتىسىلەر، ئەمما قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى پەقەت ئۆزۈملا بىلىمەن. ئۇ گەپلەرنى سىلەرگە دېگىلى بولمايدۇ، دېسەم مېنى ئىقرارىڭنى ئاغدۇردۇڭ، دەيسىلەر. مەن ھەرگىز ئاغدۇرمايمەن. مەن ئۇ ئىقرارىمنى قانداق يازغان بولغىنىم! »

قانداق يازغان بولغىدى؟ ئەلۋەتتە، قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا چىدىماي يازغان. كونىلاردا: «يۈرەك تۆمۈرگە ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇ تۆمۈر ئەمەس، سوتچى ئوچاققا ئوخشايدۇ، نەق ئوچاقنىڭ ئۆزى» دېگەن گەپ بار. قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا ئادەم نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىغان، قارشى تەرەپ نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى يازىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرىنىڭ بىرى بولغان فۇ باۋلىيەن بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «سەن ئۆلۈپ كېتىشنى ئويلىساڭمۇ شېڭ دۇبەن سېنى ئۆلگىلى قويمايدۇ. سېنىڭ ھەقىقىي ئىشلارنى دېمەي بالدۇرراق جان ئۈزسەم دېيىشىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ. جېنىڭغا سەن ئۆزۈڭ ئىگە بولالمايسەن. قىينالمىسام، بۇ ئازابلاردىن ئۆلۈپلا قۇتۇلۇپ كەتسەم دېگىنىڭمۇ بىكار. ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ بەرىبىر ئۇ قەغەزگە بارمىقىڭ بېسىلىدۇ.»

دۇ جۇڭيۇەن ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى شېڭ شىسەي بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشكەنمۇ بولدى. ئۇ 1943 ـ يىلى 6 ـ

ئاي بولۇپ، ئۇ چاغدا شېڭ شىسەي گومىنداڭغا بېقىنىپ بولغان-
دى. جياڭ جيېشى ۋاڭ دېخۇ (جۇڭجياڭ، ھەربىي سوتچى)،
جۇ شۇشېڭ (شاۋجياڭ، ھەربىي سوتچى) قاتارلىقلارنى شىن-
جاڭدىكى بېسىلىپ تۇرغان دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈشكە ئە-
ۋەتكەندى.
جۇ شۇشېڭ شېڭ شىسەينىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، دۇبەن
مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە تۈرمىگە دۇ جۇڭيۈەن بىلەن
كۆرۈشكىلى كىردى. ئۇ چاغدىكى دۇ جۇڭيۈەن شېڭ شىسەيدىن
قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولغاچقا: «مېنى پەقەت شېڭ دۇبەنلا
قۇتۇلدۇرالايدۇ» دېگەن گەپنى تەكرارلاۋەردى.
جۇ شۇشېڭ ئامال قىلالماي، شېڭ شىسەي بىلەن مەخسۇس
لىنىيە ئارقىلىق سۆزلىشىپ، ئاندىن دۇ جۇڭيۈەننى ئۇنىڭ بى-
لەن كۆرۈشتۇرۇش ئۈچۈن مەھكىمىنىڭ قوبۇلخانىسىغا ئېلىپ
كىردى. شېڭ شىسەي كۈلۈپ تۇرۇپ ھەم قىزغىن كەيپىياتتا
ئۇنىڭغا: «ئىككىمىز ئاكا - ئۇكىلاردىن، سېنى ھەرگىز زىيان
تارتقۇزمايمەن، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىساڭلا ھېچ گەپ يوق»
دېۋىدى، دۇ جۇڭيۈەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا
رەھمەت ئېيتىپ كەتتى. كېيىن شېڭ شىسەي ۋاڭ دېخۇلار بىلەن
بىرلىشىپ ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇدى.
شېڭ شىسەي ئاخىر دۇ جۇڭيۈەننى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ
تېببىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇ رۇبىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ
زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. دۇ جۇڭيۈەننىڭ خوتۇنى خۇ شيې-
جى 1946 - يىلى 12 - ئايدا ھەربىي كومىتېتنىڭ «ئالاھىدە
سوت كوللېگىيىسى» گە يازغان ئەرزنامىسىدە مۇنداق دېگەن:
«گو شىلياڭ، لى پېيكې قاتارلىقلارنىڭ دېيىشىچە، دۇ
جۇڭيۈەن قىيىن - قىستاققا ئېلىنىۋاتقان كۈنلەردە ئۇلار قارشى
تەرەپتىكى كامېردا تۇرۇپ شېڭ شىسەينىڭ دۇجۇڭيۈەننى ئۆزى
سوراق قىلغانلىقىنى، دۇ جۇڭيۈەننىڭ قاتتىق پىغان چەككەنلى-

كىنى ئاڭلاپتۇ. سوراق 16 كۈن داۋاملىشىپتۇ. دۇ جۈگيۈەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان لى يىئونىڭ دېيىشىچە، 1942 ـ يىلى (1943 ـ يىلى بولۇشى مۇمكىن) 7 ـ ئاينىڭ ئىچىدە شېڭ شىسەي دۇ جۈگيۈەننى ئۆيىگە ئاچىقتۇرۇپ پېچىنە ـ پىرەنىك، مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلغان. دۇ جۈگيۈەن كامېرغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن قاتتىق يۆتىلىپ ياندۇرۇۋەتكەن، چوڭ تەرىتى قان ئارىلاش كەلگەن، گۈندىپاي تۈرمە باشلىقىغا مەلۇم قىلسا ئۇنىڭ كارى بولمىغان. بەش ـ ئالتە كۈندىن كېيىن، ھەربىي تېببىي باشقارمىنىڭ باشلىقى خۇ رۇبى تۇيۇقسىز تۈرمىگە كېلىپ دۇ جۈگيۈەنگە: سېنىڭ كېسىلىڭنى مەن داۋالىيالايمەن، كۆرمىسەممۇ بولىدۇ، دورىنى ئەكېلىپ بەرسەم (تۈرمىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، خۇرۇبىنىڭ ئەكەلگىنى زەھەرلىك دورا ئىكەن) ئىچسەڭلا بولىدۇ، دېگەن. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەن. شېڭ شىسەي تۈرمىگە ئۆزى كېلىپ، تۈرمە باشلىقىغا: «شۇ بويىچە قىلىڭلار! شۇ بويىچە قىلىڭلار!» دېگەن. ئارقىدىنلا ئۇلار دۇ جۈگيۈەننى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا سالغان. ئەتىسى بىرى تۈرمىگە كېلىپ ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كەتكەن. دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي قورۇسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى جاۋ چاڭشەن، دۇ جۈگيۈەننى شەرقىي قورۇغا ئېلىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا فەن چەگۋاڭ، ۋۇ ليەنشېڭ ئۇچىمىز قارىدۇق. شۇ چاغدا خۇ رۇبى بىر بوتۇلكا ئوكۇلنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا سالدى، يېرىم كېچىگە بارمايلا ئۇ ئۆلۈپ قالدى. جەسىتىنى ئارغامچىغا باغلاپ پەسكە چۈشۈرۈپ بەردۇق، شۇ يەردىن بىر كىملەر كېلىپ ئېلىپ كەتتى. تېخىمۇ تەپسىلاتىنى شۇ چاغدا ئالاھىدە تۈرمىنىڭ باشلىقى بولغان تاڭ شىچاڭ بىلىدۇ، دېدى.

1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دۇ جۈگيۈەن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلدى. ئۆلگەندىن كېيىن قورسىقى كۆپۈپ كەتسە، شېڭ شىسەينىڭ

ئادەملىرى قورسىقىنى پىچاق بىلەن يېرىپ ئىشىقىنى ياندۇرماقچى بولدى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىگە زەربە بېرىش، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن «چېن پېيشېڭ، ۋۇ زوجۈن دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىقتى.

چېن پېيشېڭ بىلەن ۋۇ زوجۈن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى ئىدى. بۇ باشقارما سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن تۈرلۈك ئاخباراتلارنى توپلايتتى، شۇڭا ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ نۇرغۇن مەخپىيەتلىكلىرىنى بىلەتتى. غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەن، يەنئەنگە ماددىي ياردەملەرنى ئەۋەتكەن، جاڭ شۈلياڭ شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئارىلاشقانىدى، شۇڭا شېڭ شىسەي بۇ باشقارمىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىشنى ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاپ يۈرەتتى.

ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىشنى ئالدى بىلەن چېن پېيشېڭنى ئۆزىگە تارتىشتىن باشلىدى.

1938 - يىلى قىش كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە، شېڭ شىسەي چېن پېيشېڭغا ئۇشتۇمتۇت تېلېفون بېرىپ ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىشنى دېدى. شېڭ شىسەي ئادەتتە مېھمانلارنى ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا قوبۇلخانىغا كىرىشنى ئېيتتى.

چېن پېيشېڭ ئىككى قاراۋۇلدىن ئۆتۈپ شېڭ شىسەينىڭ ھۇجرىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قوبۇلخانىسىغا كىردى. ئۇ تېخى ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا ئۈچىسىغا گومىنداڭنىڭ شاڭجياڭ دەرىجىلىك ھەربىي فورمىسىنى كىيگەن، يېنىغا خەنجەر ئاسقان شېڭ شىسەي چىرايىغا مەجبۇرىي كۈلكە يۈگۈرۈتكەن ھالدا قوبۇلخانىغا

كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىن ئاق پەلىيىنى ئالغاچ كەينىدىن كىر-
گەن مۇھاپىزەتچىسىگە چىقىپ كەت، دەپ قولى بىلەن شەرەت
قىلىپ، ئاندىن ئولتۇرۇپ چېن پېيشېڭ بىلەن «پارالىك» غا چۆ-
شۈپ كەتتى.

— سىز كۆپ قېتىم ماڭا خىزمەتلەردىن دوكلات بەرمەكچى
ئىكەنلىكىڭىزنى دېگەن، لېكىن بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ
بۈگۈنگە سوزۇلۇپ كەتتى. سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ بالىلارنىڭ
ئەھۋالى قانداق؟ ھەممىسى سالامەت تۇرۇۋاتقاندۇ؟ خانىمىڭىز
لۇس چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلى-
قى بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيىلىك ھېلىقى مۇتەخەسسىس بى-
لەن ياخشى ئۆتۈۋاتقاندۇ؟

چېن پېيشېڭ ئۇنىڭ سورىغانلىرىغا بىر - بىرلەپ جاۋاب
بېرىپ، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ نورمال ئىكەنلىكى-
نى، لۇسىنىڭ گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىس بىلەن ياخشى كېتى-
ۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— بىزنىڭ رادىئو ئىستانسىمىزغا چەت ئەللىكلەرنىڭ باش-
لىق بولغىنى نورمال ئەھۋال ئەمەس، ئۇ جاينى ئاللىبۇرۇن بىز
جۇڭگولۇقلار قولىمىزغا ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. خانىمىڭىز بۇ
جەھەتتە مۇتەخەسسىس بولغاندىكىن، ئۇ ۋەزىپىنى بۇرۇنلا ئۈس-
تىگە ئالغان بولسا بولاتتى، لېكىن ئۇنى ئۇ خىزمەتكە بەك
كېچىكىپ تەيىنلىدۇق.

چېن پېيشېڭ شېڭ شىسەينىڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە
سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلاردىنمۇ بەكرەك ئىشىنىپ كېتىۋاتقانلىقى-
نىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— سىزنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەۋاتقىنىڭىزغا ئۈچ يىل-
دىن ئاشتى، — دېدى شېڭ شىسەي سۆزىنى داۋام قىلىپ، —
مەن سىزدىن تولىمۇ خاتىرجەم. سىز شەخسىي ئىشلىرىڭىزنى
قىلمايسىز، بۇ ياخشى ئىش، — شېڭ شىسەي گېپىنى باشقا

تېمىغا يۆتكىدى، — موسكۋادىن كەلگەنلەرنىڭ ئىنتىزامچانلىقى
كۈچلۈك، يەنئەندىن كەلگەنلەرگە ئوخشاش سۆرەلمە ئەمەس.
ئۇلار ياش ئوقۇغۇچىلار بىــلەن كۆپ پاراڭــلىشىدۇ، ئۆزلىرى-
مۇ پات - پات يىغىلىشىپ بىر ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىدۇ.
نېمە دېيىشىدىغانلىقلىرىنى بىلىپ بولمايدۇ، — ئۇ شۇ گەپنى
قىلىپ بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى.

چېن پېيشېڭ شېڭ شىسەينىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى
بىلەلمىدى. چەت ئەللىكلەرگىمۇ ئىشەنمىسە، يەنئەندىن كەلگەن-
لەرگىمۇ ئىشەنمىسە، زادى غەرىزى نېمىدۇ؟

— شىنجاڭ ئىشنى پۇختا قىلىدىغان بىر قىسىم ئادەملەرگە
موھتاج، — شېڭ شىسەينىڭ گېپى چېن پېيشېڭنىڭ خىيالىنى
بۆلۈۋەتتى، — سىز شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان
ئادەم، سىزنىڭ شىنجاڭنى باشقىلار قىزىللىشىپ كەتتى، دەپ
ئەيىبلىيەلمەيدىغان ھالدا باشقۇرۇشىمغا ياردەملىشىشىڭىزنى ئۈ-
مىد قىلىمەن. مەن يەنئەندىن كەلگەنلەرنىڭ ئىشلارنى پۇختا
قىلماسلىقىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. ئۇلارنىڭ ئاستىرتىن قىلى-
دىغان ھەرىكەتلىرى بەك تولا، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە دائىم
كۆز - قۇلاق بولۇپ ۋاقتى - ۋاقتىدا ماڭا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشۇ-
ڭىزنى سورايمەن.

چېن پېيشېڭنىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىشلىگەن
ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆزىنى ئاشكارا ھالدا نومۇسسىز ئىشپىيونلۇق
ئىشىغا تارتىۋاتقان ئىشنى ئاڭلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ بۇنى
ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلدى ھەم شېڭ شىسەينىڭ ساختا
قىياپىتىنى تۇنجى قېتىم كۆردى. كېيىن ئۇ بۇ ئىشنى خەلقئارا
ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاخبارات ئىدارىسىگە دوكلات قىلغانىدى،
ئۇلار ئۇنىڭغا شېڭ شىسەي بىلەن مۇناسىۋەتنى بۇزۇۋەتمەسلىك-
نى، ئۇنىڭ يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىشنى
ئېيتتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. شېڭ شىسەي چېن پېيشېڭ-نىڭ ئۆزىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلمىغانلىقىنى كۆ-رۈپ، ئۇنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىۋەتتى. يۆت-كەيدىغان چاغدا ئۇنىڭغا:

— شىنجاڭنىڭ كونا پۇلى قەغەزگە ئايلىنىپ كەتتى، يېڭى پۇلنىڭ تارقىتىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى، خەلق چوقۇم يېڭى پۇلغا ئىشىنىدىغان بولۇشى كېرەك. سىز ئىقتىساد ئوقۇغان، بانكىغا باشلىق بولسىڭىز چوقۇم ياخشى ئىشلەپ كېتىسىز، — دېدى.

— مېنى خەلقئارالىق تەشكىلات چېگرا ئىشلىرىنى ئىشلەش-كە ئەۋەتكەن، شۇڭا خىزمىتىمنى يۆتكەشكە توغرا كەلسە ئۇلار-نىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش كېرەك. ئەگەر چېگرا ئىشلىرى خىزمە-تىگە لايىق كەلمەي قالغان بولسام موسكۋاغا قايتىپ كەتسەممۇ بولىدۇ، — دېدى چېن پېيشېڭ.

1940 ـ يىلى يازدا، شېڭ شىسەي تۇيۇقسىز چېن پېيشېڭ-نى خىزمىتىدىن توختىتىپ، موسكۋاغا قايتىپ سىياسىي تەكشۈ-رۈشنى قوبۇل قىلىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش چىقاردى. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چېن پېيشېڭ موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن، ئاندىن شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى «تروتسكىچى» ، ياپونىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ كاتتىۋېشى، دەپ چاققانلىقىنى بىلدى. بۇنىڭ ئاتالمىش گۇۋاھچىسى ياش ئوقۇغۇ-چى ،ېڭ شيەنزېڭ بولۇپ، ئۇ تيەنجىندە ئوقۇۋاتقان چاغدا مۇئەل-لىمى چېن پېيشېڭنىڭ ئۆزىگە ياپونلارنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلا-تىغا كىرىشنى ئېيتقانلىقىنى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ياپون جاھانگىرلە-كى بىلەن ت,وتسكىچىلارنى ئارقا تىرەك قىلىپ شىنجاڭدا شىن-جاڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇ-ر ۇش «سۇيىق ستلىك» ھەرىكەتلەر بىلەن شۇ:ۇللىنىدىغانلىقىنى پاش قىلغانمىش.

شىڭ شىسەي يەنە ئالتاي رايونىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى چۇ فىڭمىڭنى قولغا ئېلىپ، چېن پېيشىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ھۆكۈمەتكە قارشى قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقىنى، چېن پېيشىڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇرۇمچىدىن 43 كىشى، ئالتايدىن 37 كىشى بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا قىستىدى. شىڭ شىسەي يەنە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۇخەنىمۇ بۇ ئىشنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، ۋاڭ يۇخەنمۇ تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىدىكىلەرنى چېن پېيشىڭنىڭ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتىغا تونۇشتۇرغان، دېدى.

چېن پېيشىڭ موسكۋاغا كەتكەندىن كېيىن، نۆۋەت ۋۇ زوجۇنگە كەلدى. ئۇ خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭئەن ناھىيىسىدىكى كالۇنتۇن دېگەن جايدىن بولۇپ، 1913 ـ يىلى تۇغۇلغاندى. 1931 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي شىمال ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى پىدائىيلار ئارمىيىسىگە قاتناشقان، كېيىن قىسىم بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن، بىرونېۋىك قىسمىدا ۋەزىپە ئۆتىگەندى. 1936 ـ يىلى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلغاندا شىڭ شىسەينىڭ كۆزى چۈشۈپ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى قىلىپ قويغانىدى. ئۇ شىڭ شىسەينىڭ ساختا قىياپىتىگە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر قەھرىمان قاتارىدا چوقۇنۇپ كەلگەنىدى. 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ۋۇ زوجۇن رەسمىي قولغا ئېلىنىپ كېيىن تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى. چېن پېيشىڭ ئەر ـ ئايال ئىككىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئامان قالدى.

1941 ـ يىلى يازدىن 1943 ـ يىلى ئەتىيازغىچە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئاز سانلىق خادىملىرىدىن باشقا 100 دىن ئارتۇق ئادەمى قولغا ئېلىندى.

1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي يەنە ۋاڭ يۇچيەن

بىلەن قۇمۇل رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇ چېڭفانى موسكۋاغا يولغا سېلىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن سوۋېت كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ تۈگەتكەن بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تروتسكىچىلاغا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئامالسىز قالغانىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى تروتسكىچىلارغا قارىتا، تروتسكىچىلارنى يوق دېگەندىن بار دېگەن ئىشەنچلىكرەك، دېگەندەك پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلگەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سۇيىقەستلىك تەشكىلاتىدىكىلىرىنى سوراق قىلغاندا، شېڭ شىسەي قۇربان نىياز قاتارلىق كىشىلەرنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئودىيانكى بىزنىڭ تەشكىلاتتا بار، سۇيىقەستلىك پىلاندا مۇھىم رول ئوينىغان، دەپ ئىقرار قىلىشقا قىستىدى. ئودىيانكىنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ستالىن قاتارلىقلارغا ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى خەت، تېلېگرامما ئارقىلىق ئۈزۈلدۈرمەي ئەۋەتىپ تۇردى.

1940 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي ئۆز قولى بىلەن ستالىنغا خەت يېزىپ شۇنداق دېدى:

1. ئۇيغۇرلارنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرقايسى تەشكىلاتلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى سوراق قىلىش ئارقىلىق ئودىيانكىنىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى شىنجاڭدا قوزغىغان سۇيىقەستلىك توپىلاڭلارنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۇچىلىرى ۋە رەھبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلىكى مەلۇم بولدى.

2. مەن ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا، ستالىنىزمغا ئەڭ سادىق، شۇڭا مەن ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردا قىلچە ساختىلىق يوق، ھەممىسى راست، ئودىيانكىغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمىدى، بولمىسا مەن سىزگە بۇ ئىشنى دوكلات قىلمىغان بولاتتىم.

3. ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنى موسكۋا قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئىنىم شېڭ شىچىغا ئەۋەتىپ بەردىم، مارشال ۋوروشىلوف ياكى مولوتوفنىڭ تېزلىكتە ئىنىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇ ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇۋېلىشىنى سورايمەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئۇلارنى سوراق قىلىشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

1940 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئىشنى چوڭ ئىش دەپ قاراپ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى گىروۋزىن بىلەن چاكىروۋزىننى سوراققا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. سوراق نەنمېندىكى كاتولىك دىنى چېركاۋىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جاي 1940 - يىلى جىنايەتچىلەرنى سوتلاش ئورنىغا ئايلانغانىدى. جىنايەتچىلەرنى شېڭ شىسەينىڭ مۇددىئاسى بويىچە قىيىن - قىستاققا ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە شېڭ شىسەي بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ تۇرىدىغان تېلېفونمۇ ئورنىتىلغان، جازا قوراللىرى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تېلېفون نومۇرى 137 ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن 137 دېگەن بۇ نومۇر شېڭ شىسەينىڭ تېررورلۇق بىلەن سوراق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان سىمۋوللۇق سانغا ئايلىنىپ قالدى.

گىروۋزىن بىلەن چاكىروۋزىن سوراق جەريانىدا بارلىق ئىقرارلارنىڭ قاتتىق قىيناش نەتىجىسىدە مەجبۇرىي ئېلىنغان ئىقرارلار ئىكەنلىكىنى، ئازراقمۇ پاكىتنىڭ يوقلۇقىنى، بۇ دېلونىڭ سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى لى پۇلىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى، تەپتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ چېڭدېلارنىڭ ھۆكۈمەتنى ئالداپ پەيدا قىلغان دېلو ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسىنىڭ پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىقىلغان دېلو ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

شىنىڭ شىسەي بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ستالىنغا ئىككىنچى پارچە خەت يېزىپ، ئۇ ئىككىسىگە: «پىلانلىق ھالدا ناتوغرا ۋە قورقۇنچلۇق سۆزلەر بىلەن گۇناھكارلارنى ئىقرارىدىن يېنىۋېلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى.» «تروتىسكىچى باندىتلارنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن سوراق ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى» دەپ تۆھمەت قىلدى. ئىشقىلىپ، كىم ئۇنىڭ پىكرىدىن چەتنىسە شۇنىڭ بېشىغا ئاشۇنداق بىرمۇنچە قالپاقلارنى كىيگۈزدى. خېتىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن سوراققا قاتنىشىشقا يەنە ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغىنىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن يەنە نېسكى قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار تەكشۈرۈش، ئارقىلىق گىروزىن بىلەن چاكروۋژىنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى، لى پۇلىن بىلەن لى يىڭچى باشچىلىقىدىكى سوت كوللېگىيىسىنىڭ قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ئارقىلىق مەھبۇسلارنى يالغان ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن، يالغان ئىقرار ئويدۇرۇپ چىقىپ جاھانگىرلارغا غالچا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

نېسكى قاتارلىق كىشىلەر ئۇنى قوللىمايلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن جاپارمەنلىرىنىمۇ تىللىغانىدى. ئۇلارنى تىللىغانلىق دۇبەنىنى تىللىغانلىق ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ستالىنغا يەنە خەت يازدى. خېتىدە نېسكى گىروزىنلاردىنمۇ قەبىھ ئىكەن. مېنىڭ بۇ دېلونى پاش قىلىشىم «ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ستالىنىزمغا بولغان سادىقلىقىم ئىدى، چۈنكى مەن ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ شاگىرتى. بۇنداق سۇيىقەستچى توپىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ستالىن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ كەلگۈسىنى، جۇڭگو-

نىڭ كەلگۈسىدىكى ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدىكى مۇھىم ئارقا سەپنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى قوغدىغانلىق» دېدى.

شېڭ شىسەي يەنە قەسەم قىلىپ: «مەن سىلەرگە يوللاپ بەرگەن گۇناھكارلارنىڭ ئىقرارلىرىنىڭ پولاتتەك پاكىتى بارلىقىغا ھەرقانداق چاغدا مەسئۇل بولىمەن. ئەگەر ئۇديانكى قاتارلىقلارغا ئۇۋال قىلىندى دېيىلىدىغان بولسا، مەن ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ستالىنىزمنىڭ شاگىرتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ داھىيسى ستالىن ئەپەندى ئالدىدا ھەرقانداق ئېغىر جازانى قوبۇل قىلىشنى خالايمەن» دېدى. بۇ نېمىدېگەن «سەمىمىي - سادىقلىق» ھە!

لېكىن، ستالىن شېڭ شىسەينىڭ بۇ قەسەملىرىگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭدىن سوراق قىلىشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1940 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شېڭ شىسەي ستالىن قاتارلىقلارغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا: «مەن لى پۇلىن، لى يىڭچىلارنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ سادىق جەڭچىلىرى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سادىق كادىرلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن ... نېسكى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ سوت كوللېگىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم رەھبەرلىرى تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسىدە تۇرۇشى سوراق خىزمىتىنى بىرلىكتە داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ئىرادىمىزنى تەۋرىتىپ قويدى. شۇڭا، سوراق ئىشلىرىنى ھازىرچە توختىتىپ تۇرمىساق بولمىغىدەك» دېدى.

1941 - يىلى 1 - ئايدا، شېڭ شىسەي بۇ غەلىتە سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسىنى ئويدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆچ ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق

بولۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ شىنجاڭ سوۋېت رېسپوبلىكىسى قۇ- رۇپ سىلەرگە قوشۇلماقچىمىز، دېگەن ئىنتايىن بىمەنە بىر تەك- لىپنى بەردى. بۇ ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۈچىنچى قېتىم مۇشۇنداق تەلەپنى قويۇشى ئىدى. ئۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە: «ھا- زىر شارائىت پىشىپ يېتىلدى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقۇدەك قۇدرىتى يوق.» «شىنجاڭ سوۋېتلەشسە ئۇ پۈتۈن جۇڭگونىڭ سوۋېتلە- شىش يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى.

كېيىن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئىشنى جياڭ جيېشىغا يەتكۈزگەنىدى، شېڭ شىسەي ئۆزىنى ئاقلاپ، مەن بۇ گەپنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى بېسىۋېلىش خىيالىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى، ماركسىزم- نى ئىجرا قىلىش ـ قىلماسلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن دېگەن، دەپ تۇرۇۋالدى.

1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي يەنە نەيرەڭ ئىشلە- تىپ، ماۋ زېمىن، ۋاڭ باۋچيەنلەردىن 1940 ـ يىلىدىكى «سۇ- يىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. چېن تەنچيۇ ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ: «ئۇنىڭ ۋاڭ باۋچيەن بىلەن ماۋ زېمىننى بۇ قېتىمقى سوراققا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىشى ئۇلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلىنىڭ (مۇۋەققەت باش كونسۇلى دېيىلىشى كېرەك ئىدى) ھۆكۈمەتكە قارشى سۇيىقەستنى ئىس- پاتلىغۇزۇش ئۈچۈندۇر» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن: «ۋاڭ باۋچيەن بىلەن ماۋ زېمىن، بولۇپمۇ ماۋ زېمىن سوۋېت ئىتتىپا- قىغا قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سۇيىقەستنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا بولمايدۇ. شۇ-

ڭا، سوراق ئاخىرلىشىپ سوراق خاتىرىسىگە قول قويىدىغان چاغدا: بۇ دېلودىكى ئىقرارلارنىڭ ھەممىسى ئاغزاكى ئىقرارلار، ھەرقانداق ھەقىقىي ئىسپات يوق، دېگەن گەپنى يېزىپ قويۇش كېرەك» دەپ قارار چىقىرىلدى.

شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن غەزىپى كېلىپ، ماۋ زېمىننى: «ھۆكۈمەتكە سادىق ئەمەس» دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە «نېمەڭگە تايىنىپ بۇنداق قىلدىسەن؟» دەپ سوراق قىلدى.

شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە، شۇ قېتىمقى توپىلاڭغا جەمئىي 481 ئادەم قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 59 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى 1 مىڭ 200 دىن ئاشاتتى.

# 9. سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى

## يېڭى سىرتماق

شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغىنىغا سو-ۋېت ئىتتىپاقى ئىنكاس قايتۇرماي قالمايتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ ئالتايدىكى چارۋىچىلارغا قاراتقان ئەكسىيەتچى سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، قازاق چارۋىچى-لارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى پىلانلىدى.

قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل 8 - تۇەنى ئۇرۇمچى بىلەن قۇمۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاشيولنى، كۆۋرۈك-لەرنى رېمونت قىلىپ، ئۇرۇمچىگە قارىتا ھەرىكەت قوللىنىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى.

ئۇرۇمچىدىكى تۇدۇڭخابا دېھقانچىلىق ساىمانلىرى (ئايروپى-لان قۇراشتۇرۇش) زاۋۇتىدا تۇرۇشلۇق 500 كىشىلىك سوۋېت ئارمىيىسى سەككىز تانكا، بىرقانچە ئون ئايروپىلان بىلەن ئۇ-رۇمچىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىدا تۇراتتى.

ئاقسۇ، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق چېگرا رايونلارنىڭ ئاسمىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانلىرى دائىم ئۇچۇپ يۈرىدىغان بولدى.

بىر قاتار ئالامەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭ شىسەينىڭ خائىنلىقىغا چىداپ تۇرالمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

www.uyghurkitap.com

1940 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، كرېمل سارىيىدا شېڭ شىسەيـنىڭ بويىنىغا يەنە بىر سىرتماقنى سېلىش پىلانلىنىۋاتاتتى.

ستالىن ئەۋەتكەن باكولىن باشچىلىقىدىكى ئۈچ نەپەر مەخپىي ئەلچى دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ قوبۇلخانىسىدا شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قەلەي كانلىرىنى ئىجارىگە ئېلىش كېلىشىمى» نى تاپشۇردى ۋە بۇ كېلىشىمگە بىر خېتىنىمۇ ئۆزگەرتمەي قول قويۇشنى ئېيتتى.

— بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، — دېدى باكولىن شېڭ شىسەيگە گەپنى ئوچۇقلا ئېيتىپ، — يولداش ستالىن بىزگە سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ قەلەي كانلىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىسىدىكى بۇ مەخپىي كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى شېڭ شىسەيدىن باشقا بىرمۇ ئادەم بىلمەسلىكى كېرەك. شېڭ دۈبەن شەرتنامىگە قول قويسۇن، دەپ تاپىلىدى. شۇڭا، بۇ كېلىشىمنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقانداق بىر ئەمەلدارىغا كۆرسىتىشكە بولمايدۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللاشقىمۇ بولمايدۇ. ئىككى تەرەپ كېلىشىمگە ئەتە قول قويۇشىمىز كېرەك، ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئۆگۈنلۈكتىن قالمىسۇن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كېلىشىمنى خەنزۇچە، رۇسچە ئىككى نۇسخا كۆپەيتىپ بېسىپ چىقىدۇ.

شېڭ شىسەي كېلىشىمنى قولىغا ئېلىپ ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتى.

كېلىشىم 17 ماددىدىن تەركىب تاپقانىدى، مۇقەددىمىسىدە شىنجاڭ تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ بۇ كېلىشىمنى تۈزگەنلىكى يېزىلغانىدى.

1 ـ ماددا، شىنجاڭ تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭ

تەۋەسى ئىچىدە قەلەي كانلىرىنى، قوشۇمچە كان مەھسۇلاتلىرى-نى ئېچىش، قىدىرىش ئالاھىدە ھوقۇقىنى بېرىدۇ (ئەمەلىيەتتە بۇ ھوقۇق بېرىلگەن ئەمەس، بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان — ئاپتور).

2 ـ ماددا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ چېگرى-سى ئىچىدە بىر تۈرلۈك ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە كان بايلىقلىرىنى قىدىرىش، رۇدا ئېرىتىش، ئىسكىلاتلار-نى، زاۋۇتلارنى، دوختۇرخانىلارنى، مەكتەپلەرنى سېلىش، بار-لىق تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلى-رىنى قۇرۇش، ھەرخىل ترانسپورت سايمانلىرىدىن، ھەرخىل ئالاقە قوراللىرىدىن پايدىلىنىش، قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك بارلىق ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كىرىش، ئاچقىپ كېتىش، باج-دىن كەچۈرۈم قىلىنىش، ھەرقانداق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش، ئەركىن ئولتۇراقلىشىش، يېمەكلىكلەر ۋە كۈندى-لىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كىرىش، ئۆزىنىڭ سودا تۈرلىرىدىن سوۋېتلىكلەرنى بەھرىمەن قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلىرىمۇ بار (بۇ كېلىشىم بويىچە شىنجاڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك سوۋېت ئىتتىپاقى-نىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپ قالغان — ئاپتور).

3 ـ ماددا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كان مەھسۇلاتلىرىنى توشۇپ كېتىش، باجدىن كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

4 ـ ماددا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شىنجاڭدا «شىنجاڭ قەلەي شىركىتى» قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ قەلەي كانلىرىنى ئې-چىش، تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى مونوپول قىلىدۇ، ھەرقايسى ھو-قۇقلىرىنى ئەركىن يۈرگۈزىدۇ، «شىنجاڭ قەلەي شىركىتى»-نىڭ پائالىيەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنىنى ئاساس قىلى-دۇ. شىركەت يەنە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارماق شىر-كەتلەرنى قۇرۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە («شىنجاڭ قەلەي شىركى-تى» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىغا ئارىلىشىدى-

www.uyghurkitap.com

غان ۋاكالەتلىك ئورگانغا ئايلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ قانۇنىنى يۈرگۈزۈشىگە يول ئېچىپ بەرگەن — ئاپتور).

5 ـ ماددا، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ قەلەي شىركىتى»نىڭ پائالىيەتلىرىگە كېرەكلىك يەر، ئورمانلارنى ئىشلىتىشكە، كۆمۈر كانلىرىنى ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، لازىم قىلىنىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بار جايلارنىڭ ئاھالىلىرىنى كۆچۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

6 ـ ماددا، شىركەت ئۆزىگە كېرەكلىك يەرلەرنى ئىگىلىگەندىن باشقا، ئۆي، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئىسكىلات قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ مۈلكى قىلىشقا ياكى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق. ئۇنىڭدىن باشقا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا لازىم يەرلەردىنمۇ پايدىلىنالايدۇ. شىركەت يەنە دەريا ـ كۆللەردە، ساسلىقلاردا بېلىق تۇتۇشقا ھوقۇقلۇق (سوۋېتلىكلەر شىنجاڭنىڭ تاغ، دەريا، كۆللىرىنى تولۇق ئىگىلىۋالغان، ئەمما جۇڭگولۇقلارنى كېرەك قىلمىغان — ئاپتور).

7 ـ ماددا، بىرىنچى بەش يىل ئىچىدە، «شىنجاڭ قەلەي شىركىتى» شىنجاڭ تەرەپكە بەش پىرسەنت، قالغان يىللىرى ئالتە پىرسەنت كان مەھسۇلاتلىرى تاپشۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ قەلەي ۋە باشقا كان مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭدىن ئىختىيارىي ئاچىقىپ كېتىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھەرقانداق باجنى تۆلىمەيدۇ (ئاشكارا بۇلاڭچىلىق — ئاپتور).

......

9 ـ ماددا، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ قەلەي شىركىتى»نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى، مالىيىسىنى، سودا ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، دەخلىلىشىگە بولمايدۇ (مۇستەقىل پادىشاھلىق — ئاپتور).

......

12 ـ ماددا، «شىنجاڭ قەلەي شىركىتى» ئۆي، ئىسكىلات قاتارلىق بىخەتەر توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئورۇنلار دائىرىسىدە قوراللىق قاراۋۇل قويۇشقا ھوقۇقلۇق (بۇ ئەسكەر تۇرغۇزغان بىلەن باراۋەر — ئاپتور).

......

بۇ كېلىشىم 50 يىلغىچە كۈچكە ئىگە ئىدى، كۈچىدىن قالغاندىن كېيىن، ئىجارىگە ئېلىنغان ئىمارەت ۋە ئۈسكۈنىلەر شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلۇپ بېرىلەتتى. ئەمما، شىنجاڭ تەرەپ ئۇ نەرسىلەرنى ھەرقانداق چەت ئەللىككە بەرمەسلىككە، ھەرقانداق بىر چەت ئەل مەبلىغىنىڭ شىنجاڭدا قەلەي ۋە باشقا قوشۇمچە كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشىغا يول قويماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشى شەرت ئىدى.

تەپسىلىي كۆرۈپ چىقمىسىمۇ، بىرلا قاراپ بۇ كېلىشىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىش، شىنجاڭنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەبىئىي بايلىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەنلىكىنى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىغاندىمۇ بۇ كېلىشىمگە قول قويۇشقا ئۇنىمايتتى. ئۇ باشقا ئامال تاپالماي، ئويلىنىپ بېقىشنى ئېيتىپ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرمەكچى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە پايدىلىق بىرەر پۇرسەتنىڭ كېلىپ قېلىشىنى كۈتمەكچى بولدى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن تاشقى ئىشلار باشقارمىسىدا باش قوشۇۋېلىشنى ئويلىدى. بۇ كېلىشىمنى ئۇلاردىن ھېچكىمنىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. ئاندىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللىسا، شۇ

www.uyghurkitap.com

ئارىلىقتا بۇ ئىش ئۆزۈنغىچە بېسىلىپ تۇرۇۋېرەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، باكولىنلار ئۇنىڭ قوبۇلخانىسىغا يەنە بىر قېتىم كەلگەندە، ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— مەن كېلىشىمنى بىرقانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، ئۇنىڭغا قول قويالمايمەن، چۈنكى ئۇنىڭ مەزمۇنى شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، شۇڭا ئۇنى چوقۇم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى كۆرۈپ تەستىقلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىش چەت ئەل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. يەنە بىر ئىش، بۇنى تەستىقلاش شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس، چوقۇم مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەستىقلىتىش كېرەك، مەن شۇ چاغدىلا بۇ كېلىشىمگە قول قويالايمەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كېلىشىمنىڭ بەزى جايلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش كېرەك. مەسىلەن، كېلىشىمنىڭ كىرىش قىسمىدا: «سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكى ماددىلار بويىچە شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى قەلەي كانلىرى ۋە باشقا قوشۇمچە كان مەھسۇلاتلىرىنى قىدىرىش، تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشقا قوشۇلدى» دېگەن ئابزاستىكى «سوۋېت ھۆكۈمىتى قوشۇلدى» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ كېلىشىمنى ماڭا تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مېنىڭ ئۇنىڭدىن قىلچە خەۋىرىمىز يوق. بۇ گەپتىن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شىنجاڭنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغاندەك مەنە چىقىپ قاپتۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان.

باكولىن گەپ قىلماي، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپ قەھۋەدىن بىر ئوتلام ئىچىپ قويدى. شېڭ شىسەي سۆزىنى داۋام

قىلدى:

— بىرىنچى، كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى كې-
لىشىمدە ئېيتىلغاندەك 50 يىل ئەمەس ئۈچ يىل، كېچىككەندىمۇ
2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، كېلىشىمدە «شىنجاڭ قەلەي شىركىتى» بىرىن-
چى بەش يىل ئىچىدە شىنجاڭ تەرەپكە كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ
بەش پىرسەنتىنى بېرىدۇ، دېيىلىپتۇ. مېنىڭچە، مېنىڭ ھۆكۈ-
مىتىم ئۇ شىركەتكە پاي قاتمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شىركەتنىڭ
بىزگە بېرىدىغىنى 20 پىرسەنتتىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

ئۈچىنچى، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ قەلەي شىركى-
تى» نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى، مالىيىسىنى، سودا ئىش-
لىرىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، دەلىللەشكە بولمايدۇ،
دېگەن ماددىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. يەنە بىر ئىش ...

شېڭ شىسەي داۋاملىق سۆزلىمەكچى ئىدى، باكولىن سەۋر
قىلالماي، مۆتىۋەرلەردەك ئولتۇرغان قىياپىتىنى بۇزۇپ، قوپال-
لىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— بەس! گەرچە بىزنىڭ بۇ كېلىشىمگە بولغان قاراشلىرى-
ڭىزنى بەكمۇ ئاڭلىغىمىز بولسىمۇ، سىز دىققەت قىلىشقا تېگىش-
لىك بىر مەسىلىنى ئېسىڭىزگە سېلىپ قويۇشنى لايىق تاپتۇق:
بىز بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدا يولداش ستالىن بىزگە،
شېڭ دۇبەن بۇ كېلىشىمگە سۆزسىز قول قويۇشى كېرەك،
كېلىشىمدىكى بىر خەتنىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، دېگەن.

شېڭ شىسەي ئەمدى غەزىپىنى باسالماي باكولىنغا شۇنداق
دېدى:

— بۇ كېلىشىمنى ياپونلار يۈەن شىكەيگە مەجبۇرلىغان سې-
سىق نامى پۇر كەتكەن 21 ماددىلىق كېلىشىمگە ئوخشاتقىلى
بولىدۇ. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەزەلدىن خەقلەر ئېيتقاندەك
قىزىل تاجاۋۇزچى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگەن

خەلق ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ماركسىزملىق سوتسىيالىستىك
دۆلەت دەپ ئويلايتتىم. مەن ھازىرمۇ يولداش ستالىننىڭ ھاقا-
رەت خاراكتېرلىك بۇ كېلىشىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى-
گە ھەم بىر خېتىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، دېگەنلىكىگە ئى-
شەنمەيمەن، شۇڭا يولداش ستالىن بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشىم
كېرەك. سىلەرنىڭ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتۈشىڭلارنى سورايمەن.

باياتىندىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان كاربوف قارشى تەرەپكە تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، باشقا بىر نۇقتىدىن گەپ قىلدى.

— شېڭ دۇبەن، سىز خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، — دېدى ئۇ، — سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇزچى دۆلەت ئەمەس. بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ قەلەي كانلىرىنى ئىجارىگە ئېلىشىمىزدىن مەقسەت فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزىغا زەربە بېرىش. يەنە بىر گەپ، سىز سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، شۇڭا پارتىيىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشىڭىز كېرەك. ئېسىڭىزدە باردۇ، ما جۇڭيىڭنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندا سوۋېت خەلقى شىنجاڭدا نۇرغۇن قان تۆككەن، ئۇنىڭ ھېسابىنى بىز ھازىرغىچە قىلىشمىدۇق.

«بىر بالاسى بولمىسا، قويرۇق ياتامدۇ تاشتا» دېگەن گەپنىڭ ئۆزى بولدى - دە.

— سىز سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇزچى دۆلەت ئەمەس دېدىڭىز، — دېدى شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — باشقا جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ نۇرغۇن پورتلىرىنى ئىجارىگە ئالغان، بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى 99 يىلغا يەتكەن، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ 50 يىللىق مۆھلەتنى دەۋاتىدۇ. خوش، 99 يىل بىلەن 50 يىلنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى نەدە؟

سىز يەنە قەلەي كانلىرىنى ئىجارىگە ئېلىشتىن مەقسەت فاشىستلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، دېدىڭىز. بۇ گېپىڭىزچە بولغاندا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش 50 يىل داۋاملىشامدۇ؟ سىز

يەنە سوۋېت كومپارتىيە ئەزالىرى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ بۆيە-رۇقىنى ئاڭلىشى كېرەك دەۋاتىسىز، بۇ گەپ ئاغزىڭىزدىن قاندااق چىقتى؟ مەن ماركسىزمنىڭ سادىق مۇرىتى، كومپارتىيىگە قاتنىششىم جۇڭگونىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن، شىنجاڭنى، دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى باشقا بىر دۆلەتكە سېتىۋېتىش ئۈچۈن ئەمەس.

سىز يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى شىنجاڭدا قان تۆكۈپ ئۈنىڭ بەدىلىگە ھېچنېمە ئالغىنى يوق، دېدىڭىز. توغرا، ما جۇڭيىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەن چاغلاردا قىزىل ئارمىيە شىنجاڭنى قوللىدى، بۇنى شىنجاڭدىكى 4 مىليون خەلق ۋە مەن ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن توپىلاڭ تىنچىدى، ئۇرۇمچى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. ئەمما، مەن سىلەرنىڭ سەمىگىلارغا بىر ئىشنى سېلىپ قويمىسام بولماس، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشتىن مەقسىتى يالغۇز توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى ما جۇڭيىڭنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىش، ئەمەلىيەتتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى يوقاتقانلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغا كېلىدىغان تەھدىتنى يوقاتقانلىق. ئۇنىڭدىن باشقا، قىزىل ئارمىيە شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشىنى كۈتمەيلا ئۆزلۈكىدىن شىنجاڭغا كىرگەن، شىنجاڭ ئۇلارنىڭ بۇ ياردىمىنى ئەزەلدىن تەلەپ قىلىپ باقمىغان.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ باكولىنىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى.

— سىز بىلەن ئىدىيە مەسىلىلىرىنى سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ مۇتتەھەملىك بىلەن، —

يولداش ستالىن بىزنى شىنجاڭغا ئىدىيە مەسىلىلىرىنى سۆزلەش-كىلى ئەۋەتمىگەن، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى ئەۋەت-كەن، بولمىسا بىز بىلەن نەزەرىيىچىلەر بىللە كەلگەن بولاتتى. سىز دېگەن ئۇ مەسىلىلەرنى كېيىن ستالىن بىلەن كۆرۈشكەن چېغىڭىزدا ئۆزىگە دېسىڭىز ياكى ئۇنىڭغا خەت يازسىڭىز ئۇ سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ، — ئارقىدىن ئۇ تېخىمۇ زەھەرلىك گەپلەر بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — دۇبەننىڭ بىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە بولغان چۈشەنچىسى بەكمۇ تۆ-ۋەن ئوخشايدۇ ھەم يولداش ستالىننىڭ ئابرۇيىغا قارىتامۇ تولۇق چۈشەنچىدە ئەمەس ئوخشايسىز. بىزنىڭ مۇھىم دۆلەت ئىشلىرى-مىزنى، بولۇپمۇ تاشقى ئىشلارغا ئائىت ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممى-سىنى ستالىن قارار قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كىممۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نامى بىلەن بۇنداق كېلىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟ سىزگە شۇنى دەپ قوياي، بۇ كېلىشىمنى ئۇ بىزگە ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرغان. ئۇ قارار قىلغان ھەرقانداق ئىش توغرا، ھېچقانداق ئادەم ئىدىيىۋى مەيدان جەھەتتە تەنقىد قىلالمايدۇ ياكى ئۇنىڭغا سوئال قويالمايدۇ. مەن بىلىدىغان ئادەم-لەرنىڭ ئىچىدە سىز شۇنداق قىلىشقا پېتىنىغان تۇنجى ئادەم، — باكولىن ئەڭ ئاخىردا شۇنداق دېدى، — سىز تاقابىل تۇرماق قىيىن بىر ئادەم، بۇنى بىز بىلىمىز. بىز موسكۋادىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يولداش ستالىندىن، ناۋادا ئۇ كېلىشىمگە قول قويۇشتىن باش تارتسا قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىساق، ستالىن قولىنى سىلكىپ: «ئەگەر شېڭ شىسەي قول قويۇشنى رەت قىلسا قايتىپ كېلىڭلار» دېگەنىدى. سىز بىزنى بىزنىڭ كونسۇلىمىز بىلەن بىللە مەشەدە ساقلاپ تۇرۇڭلار، دەۋاتىسىز. بۇ گېپىڭىزنى ھەرقانداق چاغدا قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. سىز-نىڭ ئويلىشىڭىزغا بىر كېچىلا مۆھلەت بېرەلەيمىز، ئەتە چۈش-تىن كېيىن سائەت 2 گىچە. ئاندىن ماشىنىڭىزدا ئۇرۇپ تەييارلاي-

غان ھۆججەتنى قېشىڭىزغا يەنە ئېلىپ كېلىمىز. شۇ چاغدا كېلىشىمگە قول قويامسىز، قويمامسىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. ئەگەر «ياق» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز، كېلىشىمنىڭ ئۈستىگە شۇ گەپنى يېزىپ قويسىڭىز، بىز ئۇنى ئاپىرىپ يولداش ستالىنغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز. بۈگۈن سىزگە قىلىدىغان ئارتۇق سۆزىمىز يوق، سىزنىڭ شىنجاڭنىڭلا ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ ئىستىقبالىغىمۇ زور تەسىرى بولىدىغان بۇ ئىش ئۈستىدە ئەقلىڭىز بىلەن سالماقلىق ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.①

يەنە رەھىمسىزلىك بىلەن بېرىلگەن بىرمۇنچە ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن كېيىن، ئۇچەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شېڭ شىسەينىڭ قوبۇلخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن كېلىشىمگە قول قويغانلىقىنى، ئەگەر قول قويۇشنى رەت قىلسا شىنجاڭ ھەم ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا قارا سايە تاشلىنىدىغانلىقىنى يازغان. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەرنى قوشقاندا ئاران 10 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەسكەرلەر شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كەتكەنىدى، ناۋادا ئالتاي بىلەن باشقا جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ قالسا ئۇنىڭ قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. كېيىن ئۇ (1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى) جياڭ جيېشىغا يازغان خېتىدە: «چوڭ ئىش دۆلەت زېمىنىنى ساقلاپ قېلىش، شۇ يولدا قالغان ئىشلاردىن ۋاز كېچىشكە بولىدۇ، دېگەن مىزانىم بويىچە، ئىچىمنى ئۆرتەپ تۇرغان ئازابقا چىداپ تۇرۇپ كېلىشىمگە شەخسىي نامىم بىلەن قول قويدۇم» دېگەن.

① ئاللېن ۋاللىنگ، شېڭ شىسەي: «شىنجاڭ: غالچىمۇ؟ تۇڭگۇنمۇ؟» جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەرجىمە ئورىگىنالى. بۇ كىتابنىڭ بەزى جايلىرىدا شېڭ شىسەي «ئەسلىمىلىرى» دەپ ئېلىنغان.



شېڭ شىسەينىڭ بې-غىشلىمىسى

1940 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شېڭ شىسەي كېلىشىمگە قول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ قەلەمنى قويۇپ قويغاندىن كېيىن، باكولىن ئۇنىڭدىن ئۈلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى-نىڭ تامغىسىنىمۇ بېسىش كېرەكلىكىنى ئېيتقاندا، شېڭ شىسەي كۆڭۈلسىدە سان بار ھالدا باكولىنغا:

— مەن ئۇ ئىككى تامغىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن، شۇڭا چۇڭچىڭنىڭ تەرەپىنىڭ ھا-ۋالىسى بولمىسا تامغىلارنى ھەرقانداق ئادەم، ھەتتا مەنمۇ بې-سىپ بېرەلمەيمەن، — دېدى.

باكولىنلار ئىشنىڭ نەتىجىسىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشقا ئالدىراپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ، چىرايلىرىدا غەلى-بە كۈلكىسى، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلمىغان ھەرقان-داق ھۆججەتنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىسمۇ، يەنىلا شۇ كېلىشىم بويىچە شىنجاڭغا زور بىر تۈركۈم گېئولوگىيە خادىملى-رىنى كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرگۈزدى. 1943 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈزۈل - كېسىل يۈز ئۆرۈ-گەندىن كېيىنلا سوۋېت تەرەپ گېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ ھەم-مىسىنى ئاچىقىپ كەتتى.

شېڭ شىسەي بۇ مەخپىي كېلىشىمدىن شۇنچىلىك نەپرەتلەن-گەندى. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇ ئىشتىن مەن ستالىننىڭ شىنجاڭغا مەردلىك بىلەن ياردەم قىلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشى-نىپ يەتتىم. قالاق دۆلەتلەردىكى ئېزىلگەن خەلقلەر ئۆزلىرىنى ئېزىۋاتقانلارغا قارشى كۈرەشلىرىدە روسىيەدىن ياردەم ئالسا، بۇ

يەنە بىر ئەزگۈچىنى شىللىسىگە مىندۈرۈۋالغان بىلەن باراۋەر ئىكەن.»

بۇ ئىشنىڭ شېڭ شىسەيگە بولغان تەسىرى بەكمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. لېكىن، بۇ چاغدا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخى بۇزۇلمىغانىدى.

## جەنۇبىي قورۇدىكى ئوق ئاۋازى

1942 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېچىدە، ئۈرۈمچىدىكى جىمجىت جەنۇبىي قورۇدا سىرلىق بىر ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شېڭ شىچى ئۆز ئۆيى ئىچىدە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ ياش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇلدى.

شېڭ شىچى ئىلگىرى ياپونىيىنىڭ ئوفىتسېرلار ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1933 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاكىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىككىنچى يىلى دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغانىدى. ئۇ 1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا باردى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا سىڭلىسىنىڭ ئېرى يۈ شيۇسۇڭ قولغا ئېلىندى. موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئىنىسى شېڭ شىجى ئىككىسى ئاكىسى شېڭ شىسەي بىلەن مۇنازىرىلىشىپ سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ھەتتا ئىككىسى بىرلىشىپ يۈ شيۇسۇڭنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقماقچىمۇ بولدى. لېكىن، تەييارلىقى پۇختا بولماي ئۇ ئىشلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى.

www.uyghurkitap.com

شېڭ شىچى شېڭ شىسەينىڭ «ئون چوڭ دوكتور» نى ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئالغانلىقىغىمۇ قارشى ئىدى. ئۇ ئاكىسىغا: «بۇ سېنىڭ ئۆزۈڭنىڭ قولىنى ئۆزۈڭ كەسكىنىڭ» دېگەن گەپنىمۇ قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ئەتراپىدا ئۇنداق تۇراقسىز ئادەملەرنىڭ تۇرۇۋېرىشىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى خاتىرجەم بولالمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى.

1941 ـ يىلى قىشتا، شېڭ شىچى قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈردى. دۆلەتكە قايتىشتىن ئىلگىرى ستالىن ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر دانە تاپانچا بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ شەپكىسىدىكى كاكاردىن بىرنى خاتىرە ئۈچۈن سوۋغا قىلدى.

ئۇ دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي زور ئۈمىد باغلاپ ئۇنى ماشىنىلاشقان لۈيجاڭلىقىغا تەيىنلىدى.

ئۇ ئىدىيىسى ئىلغار، تۈز كۆڭۈل ئادەم ئىدى. 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نىڭ ماتېرىياللىرىنى ئۇ ئارقىلىق ستالىنغا ئەۋەتكەندە، شېڭ شىچى بۇ دېلونىڭ قۇرۇق، پاكىتسىز، ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان، بىر ـ بىرىگە زىت نەرسىلەر كۆپ بىر دېلو ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋە ئاكىسىنىڭ پاكىت يوق ئەھۋال ئاستىدا گۇمانغا تايىنىپلا نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىدىن نارازى بولغانىدى. شۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، بۇ بىر ئىنقىلابىي ۋاستە، سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشما، دېگەنىدى.

ئەگەر ئۇنى ھەقىقىي ئارىلاشتۇرمىغان بولسا يەنە بولاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. شېڭ شىچى موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۇنى ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نىڭ سوراقلىرىغا قاتناشتۇردى. توپچىلار تۈەنىنىڭ

تۇەنجاڭى ۋۇ يۇڭخەي دۇ جۇڭيۇەن دېلوسىغا چېتىلىپ قولغا ئېلىنغانىدى. سوراق جەريانىدا شېڭ شىچى ئۇنىڭ ئىقرارلىرىنىڭ تامامەن يالغان، بىرمۇ پاكىتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ سوراقخانىدىن قايتىپ چىقتى ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈپ سوراققا ئىككىنچى قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شېڭ شىسەينىڭ بىگۇناھ كىشىلەرگە قىلىۋاتقان بۇ خىل زىيانكەشلىكلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىۋاتقىنىغا بۇرۇنمۇ گەپ قىلغان، ئەمما پايدىسى بولمىغان، ئەكسىچە ئۇنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغانىدى. شۇڭا، شېڭ شىچى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تولىمۇ بىئارام يۈرەتتى، دائىم ئاغار زاتلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان لىن بياۋ ۋە چېن تەنچيۇ بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن، 1942 ـ يىلى ئېتىلىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئاكىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن نەنلىياڭدىكى 3 ـ مېھمانخانىدا چېن تەنچيۇ بىلەن ئۈچ قېتىم سۆھبەتلەشكەن، ھەر قېتىم سۆھبەتلەشكەندە شۇنچىلىك خۇشال بولغانىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قاراشلىرىنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ قاراشلىرى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

شېڭ شىچى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمىدۇ ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنمىدۇ؟ ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسا قاتىل كىم؟ بۇ سوئال شۇ چاغدا بىر سىر ئىدى. 60 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ سىر ئۈزۈل ـ كېسىل يېشىلگىنى يوق.

شېڭ شىسەي بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن سۇڭ فۇياۋنىڭ قارىشىچە، شېڭ شىچىنى شېڭ شىسەي ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇ بۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ ئىشنى مىسالغا ئالىدۇ.

بىرىنچى ئىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ترانسپورت قوراللىرىدىن قىي-

www.uyghurkitap.com



شېڭ شىچى بىلەن چېن شيۇيىڭنىڭ 1934 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ شىمىگۇ دېگەن يېرىدە چۈشكەن توي سۈرىتى

نىلىپ شىنجاڭدىن 50 مىڭ تۇياق ئات ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شېڭ شىسەي ئامالسىز ياردەم بېرىشكە قوشۇلغاندا، شېڭ شىچى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەلەپ قىلغان ئاتلارنىڭ سانى بەك كۆپ، ھەممىسىنى بەرسەك شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، چۈنكى شىنجاڭنىڭ دائىرىسى بەك كەڭرى، قۇرۇقلۇق قاتنىشى، ھەربىي ھەرىكەت ۋە ترانسپورتنىڭ مۇتلەق كۆپ ئىشلىرىدا ئاتقا تايىنىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇ ئاتلارنى تۆۋەن باھادا سېتىۋالسا چارۋىچىلار نارازى بولۇپ قالايمىقانچىلىق ھەم خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولىدۇ، دېگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئىنى ئوتتۇرىسىدا ئۇرغۇن تالىشىشلار بولۇپ، ئاخىردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۆۋەن باھادا 5 مىڭ تۇياق ئات سېتىپ بېرىشكە كېلىشكەن. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن شېڭ شىسەي ئىنىسىنىڭ كۆپ ئىشلاردا ئۆزىگە ئىتائەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنى باشقۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلغان.

ئىككىنچى ئىش، شېڭ شىچىنىڭ سوراقخانىدىن تويۇقسىز چىقىپ كېتىشى شېڭ شىسەيگە قاتتىق تەسىر قىلغان.

ئۈچىنچى ئىش، شېڭ شىچىنىڭ خوتۇنى چېن شيۇيىڭنىڭ بەزى ئىشلىرى خىلمۇخىل گەپ - سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىغا سە-

ۋەب بولۇپ، شېڭ شىنسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى شۇ گەپ - سۆزلەر تۇپەيلى ناھايىتى زور روھىي بېسىم ئىچىدە قالغان.

چېن شيۇيىڭ چيۇ يۇفاڭنىڭ ئۇرۇمچى قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان چاغدىكى ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئىدى. چېن شيۇيىڭ چىرايلىق، مىجەزى ئوبدان قىز ئىدى. 1934 - يىلى شېڭ شىچى بىلەن توي قىلدى، 1937 - يىلى ئېرى بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەش يىللىق ھايات ئۇنى پۈتۈنلەي رۇسلاشتۇرۇۋەتتى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە قويغان تەلىپى بەكمۇ يۇقىرى بولدى. مەسىلەن، گىرىم بۇيۇملىرى چوقۇم يۇشىن يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى سودا شىركىتىنىڭ بولۇشى شەرت ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇ شىركەتلەرنىڭ دىرېكتورلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىنلاشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئائىلىلىرى بىلەن بولغان باردى - كەلدىسى قويۇقلاشتى. بۇ خىل ئادەتنى شىڭ چاغدىكى جەمئىيەت كۆتۈرەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، چېن شيۇيىڭ پاك خوتۇن ئەمەس دەيدىغان گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. چيۇ يۇفاڭ ئۇنىڭغا ئاددىي يۈرۈش، كىشىلەر بىلەن قالايمىقان ئارىلاشماسلىق توغرۇلۇق كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلدى، لېكىن چېن شيۇيىڭ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماي ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرۈۋەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا بولدى، شېڭ شىسەيمۇ ئىنىسىنىڭ خوتۇنىدىن نارازى بولۇشقا باشلىدى، بۇ نارازىلىق جەمەت ئىچىدە خېلى داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلدى.

ۋەقە يۈز بېرىشتىن بەش كۈن بۇرۇن، يەنى 1942 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، شېڭ شىچى ئەر - خوتۇن ئىككىسى بالىسىنى ئېلىپ سىرتتا تۇرۇۋاتقان يېرىدىن جەنۇبىي قورۇغا

كۆچۈپ كېلىپ ئانىسى بىلەن بىللە تورۇشقا بۇيرۇلدى. بۇ يامان ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللانغان چارە ئىدى. بۇ ئىشنىڭ كىمنىڭ خىيالى بىلەن مۇشۇنداق قارار قىلىنغانلىقىنى سىرتتىكىلەردىن بىرمۇ ئادەم بىلمەيتتى. ئەمما، بىر ئىش شىڭ شىچېنىڭ ئۆلۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شىڭ شىچى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇ يەرگە كۆچۈپ بارغاننىڭ بەشىنچى كۈنى چۈشتە، شىڭ شىسەي جەنۇبىي قورۇغا بېرىپ ئاتا - ئانىسى ۋە شىڭ شىچى بىلەن سۆزلەشكەن، خېلى ئۇزۇنغىچە قايتمىغان. شىڭ شىچى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئىنى - سىڭىللىرى بىلەن ئۇزاق سۆزلەشكەن، ئاندىن يەنە ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئانىسى بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشقان. كېيىن ئۇ يەردىن ناھايىتى خاپا، روھسىز، يىغلىغان پېتى چىققان. ھاجەتخانىغا ئىككى قېتىم كىرگەن. يەنە ياتماي تاپانچىسىنى چىقىرىپ قىزى بىلەن خوتۇنىغا تەڭلىگەن، مەقسىتى خوتۇنى بىلەن بىللە ئۆلۈۋېلىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. خوتۇنى قورقۇپ كېتىپ قىزىنى ئېلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىققان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇ يەرگە يىقىلىپ جان ئۈزگەن. ئوق ئۇنىڭ ئوڭ قولىقىدىن ئېتىلغان.

چېن شيۇيىڭنىڭ ئاكىسى چېن يۇجاڭمۇ، شىڭ شىچېنى ئۆلۈۋېلىشقا شىڭ شىسەي مەجبۇر قىلغان. ئۇنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن «سىياسىي قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغان»، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، شىڭ شىچى ئاخىر ئاكىسىنىڭ قىلمىشلىرىغا چىدىماي ئېرۋىسى قاتتىق چېچىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شىڭ شىسەي بەشىنچى ئىنىسى شىڭ شىجى بىلەن ئىككىنچى سىڭلىسى شىڭ شىتۇڭنى (ئۇ يۇ شيۇسۇڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن چوڭ ئاكىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىپ ئىسمىنى ئەن جىجيېگە ئۆزگەرتكەن) شىڭ

شىچىنىڭ ئالدىدا خوتۇنىڭ سىرتتا بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، خوتۇنىڭ دىيانەتلىك خوتۇن ئەمەس، دەپ تىللاتقۇزغان. بۇ ئىشمۇ شېڭ شىچىغا قاتتىق زەربە بولغان. دېمەك، شېڭ شىچىنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا ئاشۇ ئىككى ئىش سەۋەب بولغان، دەپ قارىغان.

ۋەقە يۈز بەرگەن شۇ كۈندىكى ئەھۋال توغرىسىدا چېن يۈجاڭ بىلەن سۇڭ فۇياۋنىڭ دېگەنلىرى ئاساسەن ئوخشاش، يەنى شېڭ شىسەي شۇ كۈنى چۈشتە جەنۇبىي قورۇغا بېرىپ ئاتا - ئانىسى، ئىنى - سىڭىللىرى بىلەن ئۇزاق سۆزلەشكەن، شۇ قېتىمقى سۆزلىشىش شېڭ شىچىغا تەھدىت پەيدا قىلغان. شۇ كۈنى كەچتە شىجى، شىتۇڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسى شىچى بىلەن چوقۇم چېن شيۈيىڭ توغرۇلۇق سۆزلەشكەن، ئۇلار ئۇنى سىرتتا بىرى بىلەن ئويناۋاتىدۇ، دېگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ گەپلەرگە چىدىمىغان شېڭ شىچى كۆزلىرى ياش، ئۇلارنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن، ئۇ يەردىن ھاجەتخانىغا كىرگەن، ئۇ يەردىمۇ ئۇزۇن ئولتۇرماي ھۇجرىسىغا كىرىپ تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ سىڭلىسىغا تاپانچىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى دەپ بەرگەن (تاپانچىنى ئۇنىڭغا ستالىن سوۋغا قىلغان)، ئاندىن قىزى لىۋاغا تاپانچىنى سىڭلىسىغا تەڭلەشنى بۇيرۇغان. سىڭلىسى قورقۇپ كېتىپ لىۋانى ئېلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىققان، ئىشىكتىن ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىغا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ سىڭلىسى قورقۇپ كەتكەن. خىزمەتكارى جاۋ رۇشياڭ ئۇ چاغدا قورۇنىڭ سىرتىدا ئىكەن، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرسە، شېڭ شىچى يەردە قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ.

چېن يۈجاڭ چېن شيۈيىڭنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «بىز ئىنتايىن قاتتىق ئائىلە تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. سىڭلىم كىچىكىدىن ئەدەپلىك قىز ئىدى، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. شېڭ شىچى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى

ۋاقتىدا ئۇ ئېرىدىن زادىلا ئايرىلماي سادىقلىق بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغان، سىرتتا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپتۇ، دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئىغۋا، شېڭ شىچىنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن تاپقان گەپلەر.»

شېڭ شىسەينىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتا قالغان بىردىنبىر سىڭلىسى ئەن جىجيېنىڭ شۇ چاغدىكى شۇ ئىشلار توغرۇلۇق نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سېلىپ باقايلى.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، مەن ئۇنىڭ شاڭخەي پۇدۇڭدىكى ئېگىز بىر بىناغا جايلاشقان ئولتۇراق ئۆيىگە ئۇنى زىيارەت قىلىپ بارغىنىمدا، ئۇ ماڭا 2 مىڭ خەتچە كېلىدىغان «شېڭ شىچىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا» دېگەن بىر ماتېرىيالنى تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇ ماتېرىيالنى يۇ شيۇسۇڭنىڭ ئىنىسى، ئەن جىجيېنىڭ ئېرى يۇ شۇساڭ ئەپەندى يازغانىكەن. بۇ ماتېرىيالدا دېيىلگەن گەپلەر بىلەن ئادەتتە سۆزلىنىپ يۈرگەن گەپلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە تەرەپتىن روشەن ئوخشىماسلىق بار ئىكەن. بىرىنچى، شېڭ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ئىختىلاپلار يېزىلمىغان؛ ئىككىنچى، چېن شيۇيىڭنىڭ بۇزۇلغانلىقى راست دېيىلگەن؛ ئۈچىنچى، شېڭ شىچى ئۆزى ئۆلۈۋالمىغان، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، دېيىلگەن. بۇ ماتېرىيالدا دېيىلگەنلەر بويىچە تەھلىل قىلغاندا، شېڭ شىچىنى چېن شيۇيىڭ ئۆلتۈرگەن، ئۆلتۈرۈشنى سوۋېتلىكلەر پىلانلاپ بەرگەن.

ئەن جىجيې چېن يۇجاڭنىڭ گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالاھىدە دېلولارنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە يوللىغان ماتېرىيالدىن ئىنتايىن بىزار ئىكەن. ئۇ ماتېرىيالنىڭ بىرقانچە يېرىنى ئۇ قاتتىق سۆكۈپ كەتتى.

ئەن جىجيې ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان قۇلۇپلاقلىق تۇرغان ئەسلىمە دەرۋازىسىنى مۇنداق گەپلەر بىلەن ئاچتى:

1941 ـ يىلى تۆتىنچى ئاكام (شېڭ شىچى) سوۋېت ئىتتى-

پاقىدىكى قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ 8 - ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. بىز تۆتىنچى ئاكام، دادام، ئاپام، بەشىنچى ئاكام (شېڭ شىجى) جەنۇبىي قورۇدا بىللە تۇردۇق، تۆتىنچى ئاكام شىنجاڭ ماشىنىلاشقان لۇيىنىڭ لۇيجاڭى بولدى.

شۇ يىلى قىشتا، تۆتىنچى يەڭگەم چېن شيۇيىڭ ئۇشتۇمتۇتلا شىخابادىكى شياۋ زۇشىننىڭ بوش تۇرۇۋاتقان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىگە كۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى دېدى. بۇنىڭغا شۇ چاغدا ھەممىمىز قوشۇلمىدۇق. ئۇ مۇھىت ئالماشتۇرۇپ باقماقچىمىز، دەپ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە، بىز ئولتۇرۇۋاتقان جەنۇبىي قورۇ كۈن ئوبدان چۈشىدىغان باغلىق قورۇ ئىدى، ھاۋاسىمۇ ياخشى، ئۆيلىرى كەڭرى، ئۇ يەردىكى كۈن چۈشمەيدىغان كونا ئۆيلەردىن نەچچە باراۋەر ياخشى ئىدى. تۆتىنچى ئاكام ئامال قىلالماي، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن كەتتى.

تۆتىنچى ئاكام شۇ چاغلاردا بەكمۇ ئالدىراش ئىدى، ئەتىدىن كەچكىچە 12 - ئاپرېل ھەربىي پاراتقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ مەشقى بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئۆيگىمۇ بەك كەچ قايتاتتى، چاغانلاردىمۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ چاغاننى بىللە ئۆتكۈزۈشكە ۋاقتى چىقمايتتى.

3 - ئاينىڭ بېشىدا، تۆتىنچى يەڭگەم جەنۇبىي قورۇغا قايتىپ كەلمەكچى بولغانلىقىنى دېدى، مەن ماشىنا ئەۋەتىپ ئۇلارنى ياندۇرۇپ كەلدىم.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پات - پات دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر ئىشخانىسىغا چىقىپ تېلېفون ئۇرىدىغان بوپقالدى، تېلېفوننى پەقەتلا ئۆيدە ئۇرمايتتى. بەزىدە يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە باراتتى. بىرقانچە قېتىم ئاكام ئىشتىن كەلگەندە ئۇ ئۆيدە يوق بولغاچقا گۇمانلىنىپ، بىزدىن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىغانىدى. مەن يەڭگەمنىڭ سىرتقا قاراپ قالغانلىقىنى سەزگەن بولسامۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر

يەتمىسۇن دەپ، راست گەپنى قىلماي، سىرتقا بىر نەرسە سېتىۋالغىلى چىقىپ كەتتى، دەپ قوياتتىم. تۆتىنچى يەڭگەم ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ ياخشى ئىدى.

1942 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تۆتىنچى يەڭگەم تۆتىنچى ئاكامغا تېلېفون بېرىپ، دۇفۇ قورۇپ قويدۇم، يەپ كېتىڭ (ئاكام دۇفۇنى ياخشى كۆرەتتى) دېدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئادىتىمىز بويىچە تۆتىنچى، بەشىنچى ئاكام ئۈچىمىز ئانامنىڭ قېشىغا كىرىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئارىلىقتىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا، تۆتىنچى ئاكامنىڭ چوڭ قىزى لىۋا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئانام سىزنى ئەتە سىياسىي دەرسىم بار، ئۆيگە قايتىپ چىقسۇن دەيدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز تارقىلىپ كەتتۇق.

ئون مىنۇت ئۆتمەيلا لىۋا قېشىمغا يىغلاپ كىرىپ: «ھامما، دادامنىڭ تاپانچىسىدىن ئوق چىقىپ كەتتى!» دېدى. شۇ چاغدا لىۋا ئالتە ياشتا ئىدى. مەن يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، ئاكام كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا خۇددى يېڭىلا قىزىل چىققان ئوغلى كېمۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقاندەك ئولتۇرۇپتۇ، بېشى ساڭگىلاپ قاپتۇ، يۈز - كۆزى قان. مەن: «ئاكا، نېمە بولدۇڭ، سىزنى كىم ئاتتى؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتىم.

ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ئاللىقاچان گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

مەن دەرھال بەشىنچى ئاكامنى چاقىردىم، شېڭ شىسەيگە:

— تۆتىنچى ئاكامنى بىرى ئېتىۋېتىپتۇ، دەرھال ماشىنا ئەۋەت، دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولمايدۇ، — دەپ تېلېفون بەردىم. شېڭ شىسەي:

— ئۇنى كىم ئېتىۋېتىپتۇ؟ ئۆيدە باشقا ئادەم بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— يەڭگەم بىلەن لىۋا بار ئىكەن، كېمۇ ئاغرىق! — دەپ

جاۋاب بەردىم مەن ۋە ئۇنى تېز ماشىنا ئېلىپ دەرھال كەلگىن دەپ ئالدىراتتىم. ئاندىن ئىككىنچى ئاكام شېلى شىيىگنى، ئۇ-چىنچى ئاكام شېلى شىجۇننى چاقىرىپ كېلىپ تۆتىنچى ئاكامنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئالدۇق.

باشقا ئادەملەرگە بۇ ئىشنى مەلۇم قىلمىدۇق.

ئۇشتۇمتۇت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەر ـ ئايال ئىككى دوختۇرى كىرىپ كېلىپ، بىزدىن ھېچقانداق گەپ سورىمايلا تۆتىنچى ئاكامنىڭ يۈز ـ كۆزىنى بېشى بىلەن قوشۇپ ئاق داكا بىلەن تېڭىشقا باشلىدى، ھەتتا بۇرنىنىمۇ چىڭ ئورىۋەتتى.

مەن چىداپ تۇرالماي يۈزىگە ئورالغان داكىنى ھەدەپ تۆۋەنگە تارتىپ ئاكامنىڭ بۇرنىنى ئېچىۋېتىشكە ئۇرۇندۇم، دوختۇر يەنە-لا ئۆزىنىڭ بىلگىنىدەك ئوراۋاتاتتى. ئاخىر چىدىماي تۆتىنچى يەڭگەمگە:

— دوختۇرغا دەڭ، بۇرنىنى تېڭىۋەتمىسۇن، بولمىسا تۇن-جۇقۇپ قالىدۇ، — دېدىم. يەڭگەم گەپ قىلماي تۇرۇۋەردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەي كېلىپ، ئىنىلىرى بىلەن بىللە تۆتىنچى ئاكامنى ماشىنىغا سېلىپ ئىتتىك 1 ـ دوختۇرخا-نىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ئىككى دوختۇرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسى-غا ئولتۇرۇپ دوختۇرخانىغا بىللە كەلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوختۇرى مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قى-لىپ ئوقنى ئالىمىز، دېۋىدى، ئىككىنچى ئاكام: «ئوق مېڭىنى تېشىپ ئۆتۈپ يەرگە چۈشكەن تۇرسا، مېڭىسىدىن قايسى ئوقنى ئالاتتىڭ» دېدى.

ئۇ دوختۇر نەدىمۇ ئىككىنچى ئاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلىسۇن؟ پىچاق بىلەن تۆتىنچى ئاكامنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپ يوغان بىر تۆشۈك ئېچىپ قويدى، ئارقىدىن ئوكۇلدىن بىرنى سالدى، تۆ-تىنچى ئاكامنىڭ تىنىقى شۇئان توختاپ كەتتى.

كەچ سائەت 7 دە ۋەقە يۈز بېرىپ جان ئۈزگىچە بولغان

ئارىلىقتا بىر سائەت ۋاقىت ئۆتتى.

تۆتىنچى ئاكام جان ئۈزگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى دوختۇرى تۆتىنچى يەڭگەمنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى، مەنمۇ شۇ يەردە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتىم. دوختۇرلار ئۇنىڭغا رۇس تىلىدا 15 مىنۇتچە بىر نېمىلەرنى دېدى، چىرايلىرى بىر قىسما ئىدى، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. تۆتىنچى يەڭگەم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئىككى قولى بىلەن پاچىقىنى تۇتۇپ، يىغلاپمۇ قويماي، كۆزلىرىدە ياش دىدارى يوق ئولتۇراتتى.

تۆتىنچى ئاكامنىڭ جەسىتى غەربىي باغچىنىڭ دەنجىڭچاۋ زالىغا قويۇلدى، شىڭ شىسەي ياخشى ياغاچتىن گۆرنەسەي ياساتتى. ئەتىسى مەن تۆتىنچى يەڭگەمگە ھەمراھ بولۇپ ئاكامنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالغىلى باردۇق. يەڭگەم زالنىڭ سىرتىدا تۇردى، شۇ چاغدىمۇ كۆزىدە بىر تامچە ياش كۆرۈنمىدى.

كېيىن ئۇنى تۇرمىنىڭ بىر ئۆيىدە نەزەربەند قىلىپ قوغداۋاتقۇدەك دەپ ئاڭلىدىم. مۇھاپىزەتچىلەر تۆەنجاڭنىنىڭ خانىمى ياڭ خېنىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. يەڭگەم چىرايلىق يۇرۇشكە ئامراق بولغاچقا، كىيىملىرى يېڭىلىق ئىكەن، بۇنى ئاڭلاپ پاختىلىق جۇيازامىنى، ئەديال كىرگۈزۈپ بەردىم. مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ئىچىدىكى گەپلىرىنى دەپ بەرگۈسى بار ئىكەن، ئۇنىڭغا نىسىپ بولمىدى.

— جەنۇبىي قورۇنىڭ مۇھاپىزىتى بەك چىڭ، ئۇ يەرگە ئۈچــارقاناتلارمــۇ كىرەلمەيدۇ، —دېدى ئەن جىجيې موماي ماڭا، — 3 ـ ئايدا خېلى سوغۇق بولاتتى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىشىك ـ دېرىزىلەردە ئوقنىڭ ئىزى يوق، ئەينەكمۇ سۇنمىغان. شۇنىڭغا قارىغاندا ئوق سىرتتىن ئېتىلغان ئەمەس. ئەگەر بىرى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەن بولسا تۆتىنچى يەڭگەم ۋارقىراپ كەتكەن، ھەتتا ئۇنى تۇتۇۋالغان بولاتتى.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئېھتىمالى
بارمۇ؟ — دەپ سورىدۇم مەن.
— ئۇ مۇمكىن ئەمەس، —دېدى ئەن جىجيې موماي كەس-
كىن رەت قىلىپ، — ئوق ئوڭ قۇلاقنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ
سول چېكىدىن چىقىپ كەتكەن. ئۆزىنى ئېتىۋالغان بولسا ئوق
ھەرگىز ئۇ يەردىن ئېتىلمايدۇ. تۆتىنچى ئاكام ئۆلۈپ كەتكەندىن
كېيىن، يېڭى ئانام (شېڭ شىسەينىڭ دادىسى شىنجاڭغا كەلگەن-
دىن كېيىن لۇ شىنخۇا ئىسىملىك بىر خوتۇننى ئالغان، ئۇنىڭ-
دىن بىر ئوغۇللۇقمۇ بولغانىدى. شېڭ شىسەيلەر ئۇنى «يېڭى
ئانىمىز» دېيىشەتتى) لىۋادىن، ئوق ئېتىلغاندا سىز نەدە ئىدى-
ڭىز؟ دەپ سوراپتىكەن، لىۋا: «ئاپامنىڭ قورسىقىغا يۈزۈمنى
يېقىپ ئولتۇراتتىم، بىردىنلا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ دادامنىڭ
بېشىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. ئاپام، داداڭنىڭ تاپانچىسىدىن
ئوق چىقىپ كېتىپتۇ، چاپسان بېرىپ ھاماڭنى چاقىرىپ كەل-
گىن، دېدى» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. پاكىت پەقەت مۇشۇلا. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىز تۆتىنچى ئاكامنىڭ كەيپىياتىدىمۇ ھېچقانداق بىر
غەيرىي ئەھۋالنى بايقىمىغان. ئەگەر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا
يەڭگەم قاتتىق ئازابلانغان بولاتتى، نېمىشقا ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر
تامچىمۇ ياش چىقمايدۇ؟ بۇمۇ بىر گۇمانلىق ئىش.
— سىزنىڭ چېن يۇجاڭ يوللىغان ماتېرىيالغا قارىتا قانداق
ئوخشىمىغان قارىشىڭىز بار؟ — دەپ سورىدىم مەن، —
قارىغاندا، سۇڭ فۇياۋنىڭ ئەسلىمىسى چېن يۇجاڭنىڭ ماتېرىيا-
لىدىن كەلگەندەكمۇ قىلىدۇ.
— چېن يۇجاڭ يوللىغان ماتېرىيالدا پاكىت بىلەن ئوخشى-
مايدىغان تەرەپلەر بار، — دېدى شىۇ چاغدىكى نەق مەيداننى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەن جىجيې موماي، — بىرىنچى، ۋەقە
بولغان كۈنى شېڭ شىسەي جەنۇبىي قورۇغا كەلمىگەن، باشقا
قېرىنداشلىرى بىلەن پاراڭلاشقان ئىشمۇ يوق ئىش. ئىككىنچى،

ئاكا ـ ئىنى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا سىياسىي ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى، دېگەن گەپنىڭ ئاساسى يوق، خەقنىڭ ئاپقان گېپى. تۆتىنچى ئاكام روھلۇق، ئۈمىدۋار ئىدى، ھەر كۈنى ئاپامنىڭ يېنىغا كىرىپ قىزىق گەپلەر بىلەن ئۇنى كۈلدۈرۈپ تۇراتتى. پاراتنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ شېڭ شىسەي بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرمىغان بىلەن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. بىزنىڭ ئۆيدە خىزمەتچى بولۇپ تۇرغان ياڭ ئاندىمىز قىزى ياڭ چىڭخۇيغا شۇنداق دېگەن: كېسىپ ئېيتالايمەنكى، شېڭ شىچىنى چوڭ ئاكىسى ئۆلتۈرگەن ئەمەس، چۈنكى ئۇنى شېڭ شىسەي ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلىگەن، ياپونىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن يەنە ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لۈيجاڭ قىلىپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تۇتقۇزدى، ئۆزىگە ياردەمچى قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا قارىغان چاغلىرىمدا ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇراتتىم، ئۇلار بىر تۇغقانلار بەكمۇ ئەپ ئۆتەتتى. يەنە بىر ئىش، شېڭ شىچىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىدىغان چاغدا شېڭ شىسەي ئۇنىڭ گەۋدىسى ئۈستىگە يېتىۋېلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرە ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋېتىدۇ. بۇ يالغان دېيىلسە، بۇنداق يالغانچىلىقنى شېڭ شىسەي ئەمەس، ھەرقانداق داڭلىق ئارتىسمۇ قامالاشتۇرالمايدۇ. مۇشۇنىڭدىنمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ھەقىقىي قايغۇرغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەن موماي ناھايىتى تېتىك ئىدى، 80 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ مەن بىلەن پاراڭلاشقان بىر سائەت ئىچىدە قىلچە چارچاش ھېس قىلماي سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— يەنە بىر ئىش، بىز چېن شيۇيىڭنىڭ ئىشلىرىنى تۆتىنچى ئاكامغا زادىلا بىلىندۈرمىگەن. چېن يۇجاڭ بىزنىڭ ئائىلە-

نىڭ ئادىمى بولمىسا «بۇ ئىچكى ئىشلار» نى نەدىن بىلىدۇ؟ دېمەك، ئۇنىڭ دېگەنلىرى توقۇغان نەرسىلەر. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، چېن شيۇيىڭنىڭ ئاشۇ بولمىغۇر ئىشلىرىنى تۆتىنچى ئاكامغا بالدۇرراق دەپ قويغان بولساق، ئۇ يەڭگەمدىن قۇتۇلۇپ كەتكەن بولسا بۇ كۆڭگىمۇ قالمايتتى، دەپمۇ ئويلايمەن.

يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئەن جىجيې شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ھاياجان بىلەن ئەينەن بايان قىلىپ ئاكىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ بېرىۋاتاتتى.

— چېن يۈجاڭ ئوق ئاۋازىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇ ئۆيدە يوق تۇرسا، — دېدى ئەن جىجيې سۆزىنى داۋام قىلىپ، — «شىيڭ شىچى ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەندە ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلىغان، ھاجەتخانىدا ئۆلتۈۋالاي دەپ ھاجەتخانىغا كىرگەن، كېيىن يەنە ئۇ يەردىن چىقىــىپ كەتكەن، زادىـلا بىر قارارغا كېلەلمىگەن» لىكىنى قانداق بىلدى؟ چېن يۈجاڭ جەنۇبىي قورۇغا زادىلا بېرىپ باقمىغان، بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىنمۇ بارمىدى. مەن ئاكام ئۆلۈپ كېتىپ تۆت كۆڭگىچە يەڭگەمگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردۇم، يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدىم. ئەگەر ئۇ كەلگەن بولسا مەن بىلمەمتىم؟ بىلمەسلىكىم مۇمكىنمۇ؟ — ئەن جىجيې ئاخىردا مۇنداق دېدى، —تۆتىنچى ئاكام ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان، شىيڭ شىسەينىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان ياكى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ھېچقانداق پاكىتمۇ يوق. شۇڭا، ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دېگەن يەكۈننى چىقارمىغان ياخشى.

شىيڭ شىچى ئۆلۈپ ئەتىسى «شىنجاڭ گېزىتى» «خەلقئارالىق چوڭ سۈيىقەست» دەپ چوڭ خەت بىلەن ماۋزۇ قويۇپ بۇ شۇم خەۋەرنى ئېلان قىلدى. ئەتىگەن سائەت 7 دە شىيڭ شىسەي يېقىنلىرى ۋاڭ خۇڭساۋ، لى يىڭچى، ليۇ جېڭشىن، شىيڭ شىجى، پېڭ جيۈەن قاتارلىقلارنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا شىيڭ شىسەي: «ھەرخىل گۇمانلىق نۇقتىلاردىن قارىغاندا، ئەڭ

چوڭ گۇمان چېن شيۇيىڭدا. تەكشۇرۇشىمىزچە، ئۇنىڭ شوپۇر جۇ خۇڭشەن بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. شۇڭا، جۇخۇڭشەن ماشىنىدا ئادەم باستۇرۇۋېتىپ سوتقا تارتىلغاندا چېن شيۇيىڭ ئۇنى بىرقانچە قېتىم يوقلاپ بارغان ... مۇشۇ بىر ئىش بىلەن چېن شيۇيىڭنى تەكشۇرىدىغان بولساقلا ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ» دېدى.

ئۇ ئادەملەر شېڭ شىسەينىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن شۇ كۇنى كەچ سائەت 2 دە كاتۇلىك دىنى چېركاۋىغا بېرىپ چېن شيۇيىڭنى سوراق قىلىپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۇنى، ئۇنى ئون چوڭ جاللاتنىڭ بىرى بولغان فۇ باۋلىيەن بىلەن ليۇ خەنشېڭنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ ئىككىسى ئۇنى ئىقرار قىلمىسىلا ئۇرۇپ قىيىنىغان.

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۇنى، چېن شيۇيىڭ «ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان ئىقرارنامە» سىنى تاپشۇرۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دېرىكتورى شياۋ زوشىن بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار باش مەسلىھەتچىسى راتوفنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئېرىنى ئۆلتۇرگەنلىكىنى، شېڭ شىچەينىڭ تەزيىە مۇراسىمىدا شېڭ شىسەينى ئۆلتۇرۇپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. بۇ جەرياندا ئاجىز بىر ئايالنىڭ قانچىلىك قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولمىسا كېرەك. دەسلەپتە جىنسىي يولىغا لامپۇچكىنى كىرگۈزۇپ توك قويۇپ بېرىپ، ئاندىن جىنسىي يولىدىن باشلاپ ھەرىدەپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. نەتىجىدە، ئۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە كۆرۇلۇپ باقمىغان ئەڭ قەبىھ جازا بىلەن جازالىنىپ ئېچىنىشلىق ئۆلۇپ كەتتى.

چېن شيۇيىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ستالىن بىلەن مولوتوفقا خەت يېزىپ، چېن شيۇيىڭ شياۋ زوشىن ۋە راتوف بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۇزگەن، ئارقىدىن ئۇ ئىك-

كىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئېرىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ما جياۋ، يەنى چيۇ زۇڭجۇننىڭ بېقىۋالغان ئوغلى چيۇ زۇڭجۇننىڭ كىچىك خوتۇنى ياۋ جىجۇڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان ھەم ياۋ جىجۇڭ ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى، شېڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلغان. ئۇلارنىڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى زاڭ گۇفېڭنىڭ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان 500 كىشىلىك سۇيىقەستلىك تەشكىلاتى 1942 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆلكە مەركىزىدە توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان. ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بايقاپ قالغاندىن كېيىن، مۇددەتتىن بۇرۇن كۆتۈرۈلمەكچى ۋە شېڭ شىچىنىڭ تەزىيە مۇراسىمىدا شېڭ دۇبەننى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولغان، دېدى. شېڭ شىسەي بۇ دوكلاتنى سوراقتا ئېلىنغان ئىقرارلارغا قوشۇپ ئىككىنچى ئىنىسى شېڭ شىيىڭ بىلەن ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ خەنشېڭدىن ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا ئەۋەتتى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغان: چېن شيۇيىڭ «سوۋېت كومپارتىيىسى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۆرسەتمىسى» بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ دېلوسى شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ سۇيىقەستلىك دېلو، ئارقا تىرىكى موسكۋا بىلەن يەنئەن. ئاساسلىق سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئىقرارىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا قاتناشقانلار: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى باكولىن، ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى راتوف، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى زاڭ گۇفېڭ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى لى يىئو، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ لىن، خوتەن شەھەر مۇداپىئە گارنىزونىنىڭ قوماندانى پەن بۇنەن، ۋالىيسى لۇ يۈچى، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى چېن فاڭبۇ، قارا شەھەرنىڭ ۋالىيسى يۇ دېيى، چۆچەكنىڭ

ۋالىيسى جاڭ جيەنفېڭ، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى لىيۇ شىڭ، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇ باۋچيەن، شىنجاڭ تەھرىر-تەرجىمە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مېڭ يىمىڭ. مالىيىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چىشۇن، ھەربىي مەكتەپنىڭ سەنمۇجاڭى گو دېچى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ما جياۋ، مۇئاۋىن دىرېكتورى شياۋ زوشىن، ماشىنىلاشقان لۇيىنىڭ سەنمۇجاڭى پېڭ خۇەنشۇ، تۇەنجاڭ جاۋ چىڭتاڭ. شېڭ شىسەي بۇ يەردە چېن تەنچيۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان، چۈنكى ئۇ ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئادەم ئەمەس - دە.

شېڭ شىسەي بىلەن ئۇنىڭ قولچوماقلىرىنىڭ سوراقلىرى بەزىدە بىۋاستە ئۇلىنىدىغان تېلېفون ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى.

1942 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، لى يىئو ئىككى قېتىم سوراق قىلىندى، ئىككىلا قېتىمدا قىيىن - قىستاققا ئېلىندى. شۇ كۈنى شېڭ شىسەي تېلېفون ئارقىلىق ئۇنى ئۈچ قېتىم سوراق قىلدى.

— سەن ھۆكۈمەتنىڭ ساڭا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلەمسەن، — دېدى شېڭ شىسەي، — سەن بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز ئۆستۈرگەن نازىر، مائارىپنى باشقۇرىسەن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە نازىر دېگەن ناھايىتى چوڭ ئەمەل، شۇنداق تۇرسا سەن يەنە شۇنىڭغا رازى بولمامسەن؟

— دۇبەننىڭ شەپقىتىگە رەھمەت، پېقىر سىزگە قارىتا ھېچقانداق يامان نىيەتتە بولغىنىم يوق، — دېدى لى يىئو جاۋابەن.

— ھۆكۈمەتنىڭ سېنى نېمىشقا قولغا ئالغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— پەقەتلا بىلەلمىدىم، دۇبەننىڭ دەپ بېرىشىنى سورايمەن.

— بۇ ئىشتا سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭلا قۇتۇلدۇرالايسەن. ئەگەر سەممىي ئادەم بولساڭ مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن.

مەن بۇ ئىشلارنى سىنىڭ پىلانلىمىغانلىقىڭنى بىلىمەن، سەن پەقەت ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن، خالاس.

— دۇبەن، ئېنىقراق دېسىڭىز، بارغانسېرى گاڭگىراپ قې-لىۋاتىمەن.

— ئاخىر بىلىپ قالىسەن. ئەگەر سەمىمىي بولمىساڭ، مەن تامغا چاپلىتىپ قويغان «ئۆلسە ئۆزىگە» دېگەن سۆزدىن رەنجىپ يۈرمە. ئېسىڭدە بولسۇن، قېرى ئاتا ـ ئاناڭ، ئۇششاق بالىلى-رىڭ بار ئادەم سەن. بۇ مېنىڭ سەن بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆزلىشىشىم.

ئەتىسى شېڭ شىسەي لى يىئونى تېلېفوندا يەنە بىر قېتىم سوراق قىلىپ:

— يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئويغىنىدىغان ۋاقتىڭ بولدى. ئېيتە، بۇ يىل 2 ـ ئايدا كونسۇلخانىغا باردىڭمۇ، يوق؟

— باردىم.

— نېمە قىلغىلى باردىڭ؟

— ئۇلاردىن بەزى ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى سوراپ باردىم.

— بارغىنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئۇچۇن ئەمەستۇ؟ سەندىن سوراپ باقاي، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەردە يىغىن ئېچىۋېتىپتىكەنمۇ؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلماقچىكەن؟

— بۇ ئىشنى مەن ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق سوراقتا دەپ بولغان، ئۇنداق ئىش زادىلا يوق.

— ئەمىسە ئۆزۈڭ بىل، يولنى سەن ئۆزۈڭ ماڭىسەن، — شېڭ شىسەي شۇنداق دەپلا تۇرۇپكىنى پاققىدە قويۇۋەتتى.

لى يىئو ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىدىن نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ مۇددىئاسى بويىچە كېچىلەپ ئىقرارنامە يېزىپ چىقتى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئىقرارنامىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېلېفوندا يەنە يوليورۇق بەردى.

www.uyghurkitap.com

— سەن خېلى غەرەز ئۇقۇدىغان ئادەم ئوخشايسەن. بەزى ئىشلارنى يېزىپسەن، لېكىن يەنىلا تەلەپتىن يىراق. سەندىن سوراپ باقاي، سەن كونسۇلخانىدا مەجلىس ئاچقاندا باش كونسۇل يىغىنغا قاتناشماي قالارمۇ؟ شۇ جىي بىلەن جۇلىنچۇ؟ سېنىڭ «توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى» ڭنى تاپشۇرۇشۇڭ يەنە تېخى تەپسىلىي ئەمەس، يەنىمۇ ئوبدان ئويلىنىپ باق. ئۇزۇل - كېسىل سەممىي بولۇش ھاياتىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

شۇنداق قىلىپ، لى يىئو جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتتى، شېڭ شىسەيمۇ شامال كىرىگۈدەك دەرىجىدە ياساپ چىقىلغان ئىقرارنامىگە ئىگە بولدى.

شېڭ شىچىنىڭ ئۆلۈمى شېڭ شىسەي ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ زىيان ھەم قايغۇلۇق ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆلۈمى «دۆشمەننىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتلىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئارقا سەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ زېمىنىنى پارچىلاش سۇيىقەستلىرىنى پاش قىلىپ ۋە ئاشكارىلاپ چېگرا رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملىدى. شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ مەڭگۈلۈك زېمىنى ئىكەنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى، چېگرا رايون خەلقلىرىنى قانلىق پاجىئەلەردىن ساقلاپ قالدى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنى غەرب تەرەپتىن خاتىرجەم قىلدى. بۇ ھەقىقەتەن بەختسىزلىك ئىچىدىن بەخت پەيدا بولغانلىق.»

## «دوكتور» لار تۇرمىدىن چىقتى

شېڭ شىسەي بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئۈرۈپ چۇشۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، «ئون چوڭ دوكتور» نى ئەسلەپ قالدى.

1942 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى، شېڭ شىچى ئۆلۈپ

ئۇن كۈندىن كېيىن، قارا چاپانلىق بىرنەچچە ئادەم 5 ـ تۈرمە-
نىڭ كامېرىنى ئېچىپ، سۈڭ فۇياۋنى دەرھال نەرسە ـ كېرەك-
لىرىنى يىغىشتۇرۇپ باشقا تۈرمىگە ئالمىشىشقا بۇيرۇق قىلدى،
ئاندىن ئۇنى ئىتتىرىپ مەھبۇس ماشىنىسىغا چىقاردى. بىرئاز
مېڭىپ بىرنەچچە كوچىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن ماشىنىدىن
چۈشۈرۈپ، بېشىغا قارا يامغۇرلۇق چاپاننى ئوراپ، ئاندىن ئىتت-
ىرىپ، سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ مېڭىپ، تېخىمۇ قاراڭغۇ،
تېخىمۇ دەھشەتلىك ئالاھىدە تۈرمىگە ئېلىپ كەلدى.
بۇ تۈرمە دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان، ئات
ئېغىلىنى ئۆزگەرتىپ ياسىغان تۈرمە ئىدى. تۆمۈر ئىشىكتىن
كىرگەندىلا سۇپىلىق ئۆي ئىدى، دېرىزىلىرى كېسەك بىلەن
ئېتىۋېتىلگەن، قاپقاراڭغۇ ئىدى، ئىككى ياندا ئىككى ئۆي، بىرى
يورۇق، بىرى قاراڭغۇ ئىدى، يورۇقىدا گوندىپاي ئولتۇراتتى.
بۇ باشقۇرۇشى ئىنتايىن قاتتىق، دوزاختەك قاراڭغۇ تۈرمە ئى-
دى، دۇ جۇگېيۇەننى مەشەدىن ئاچىقىپ كېتىشكەنىدى. شېڭ
شىسەينىڭ بۇ يەرگە بۇ تۈرمىنى پەيدا قىلىشى ئۆزىنىڭ مەھبۇس-
لارنى سوراق قىلىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئىدى.
بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، گوندىپايلار سۈڭ فۇياۋنى بېشىنى
يامغۇرلۇق چاپان بىلەن ئوراپ يەنە ئېلىپ ماڭدى. بىرمۇنچە
يەرلەرنى ئايلىنىپ، پەلەمپەيلەردىن كۆتۈرۈلۈپ بىر يەرگە كەل-
گەندە: «شېڭ دۈبەن سەن بىلەن سۆزلەشمەكچى» دېگەن بىر
ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بېشىدىكى چاپان ئېلىۋېتىلىپ بىر ئىشىكتىن
كىرگۈزۈۋېتىلدى. سۈڭ فۇياۋ ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇدۇلدىكى
ئۇستەلدە ئۆزىنى خېلىدىن بېرى ساقلاپ ئولتۇرغان شېڭ شىسەي-
نى كۆردى.
سۈڭ فۇياۋ ئۇنىڭ يۈزىگە سۇرۇۋالغان ئاپئاق نەرسىنى،
ئاقىرىپ كەتكەن چىكە چاچلىرىنى، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى-
نى، ئالۋاستىغا ئوخشاش سۇرلۇك تۇرقىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن

ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمىدى.

— كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىر نەچچە يىل بوپتۇ، — دېدى شىڭ شىسەي گەپكە ئارانلا ئېغىز ئېچىپ، — مېۋىلەردىن ئىختىيار قىلغىنىڭىزنى ئېلىپ يەڭ، — ئۇ شۇنداق دەپ، ئارقىدىن بىر ۋازا مېۋىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

— دۈبەنزىنىڭ يۈزىنىڭ تېرىسى ياخشى ئەمەسمۇ، قانداق؟ — قورقۇمسىراپ سورىدى سۇڭ فۇياۋ.

— يۈزۈم قىچىشىپلا تۇرىدۇ، شۇڭا ئاق دورا چېپىۋالغان، — شىڭ شىسەي بىر ئىشتا سەل ئىككىلىنىپ قالغاندەك بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن دېدى، — شىڭ لۈيجاڭ قەست بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنى ئەكسىيەتچىلەر ئۆلتۈرۈۋەتتى.

سۇڭ فۇياۋ شىڭ شىسەينىڭ ئىنىلىرى ئىچىدە شىڭ شىچى بىلەن ئەڭ ياخشى ئۆتەتتى، شۇڭا ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

— قاتىل كىم؟ تۇتۇلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەممىسى تۇتۇلدى، — دەپ جاۋاب بەردى شىڭ شىسەي بوش گەپ قىلىپ، — بۇ دېلو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە كوممۇنىستلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقتى، — شىڭ شىسەي ئۈزۈمنىڭ شۆپۈكىنى ئالدىرىماي ئاقلاپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەلۇم بىر تەرەپ بۇ سۇيىقەستكە ئارىلاشقان. مەن خېلى بۇرۇنلا تۇدۇڭخابادىكى رۇسلارنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىدا قورال بارلىقىدىن گۇمان قىلىپ كەلگەنىدىم. ئۇ يەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىمەن دەپ بارسام كىرگۈزۈشمىدى، ئاخىر ئەسكەر باشلاپ بېرىپ مەجبۇرىي كىردىم. بۇ ئىش سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنى خاپا قىلىپ قويدى بولغاي، ئۇلار ماڭا نارازىلىق بىلدۈردى. ئۇ يەردە قوراللىق ئادەملەر ھەم ئايروپىلان بار ئىكەن. بىرەر ئىش بولىدىغان بولسا ئۇلار شۇئان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىكەن.

— شىنجاڭنىڭ يەر شارائىتى تولىمۇ مۇرەككەپ، — دېدى سۇڭ فۇياۋ، — ئەگەر شەرق، غەرب ئىككى تەرەپتىن دۈشمەنلىك بولۇپ قالساق ئەھۋالىمىز چاتاق بولىدۇ، شۇڭا چوقۇم بىر تەرەپتىن چىقىش يولى تېپىشىمىز كېرەك، بۇنىڭغا دۇبەن نېمە دەيدىكىن؟

— بىر نەچچە كۈن بولدى، ئۇيقۇم ئۇيقۇ، تامىقىم تاماق ئەمەس، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم، بۇگۈن سىز بىلەن كۆرۈشۈشۈممۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن. ئالدىنقى كۈنى خۇڭساۋ، يىڭ-چى، پۇلىن، شىجى، جىيۇەنلەر بىلەن يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپار-تىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىمىز، يولىمىزنى ئۆزگەرتىپ گومىنداڭغا يېقىنلاشمىساق بولمىغۇدەك، دېگەن قا-راشقا كەلدۇق. ئەمما، ھازىرچە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈشكە بولماي-دۇ. سىزنىڭچە، ھازىرلا ئۇچ مەسىلەكنى ئىجرا قىلىمىز، دەپ جاكارلىساق قانداق بولا؟

— مەركىزىي ھۆكۈمەت، ئەلۋەتتە، بۇ قارارىمىزنى قارشى ئالىدۇ، — دېدى سۇڭ فۇياۋ، — ئەمما، سىرتتىن مۇداپىئە كۆرمىسەك بولمايدۇ.

— بۇرۇندىن شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا مەن بۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم. ئەمما، مەركەزگە ئۇچ مەسىلەككە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشتە يەنە ئەستايىدىل تەييار-لىق قىلىشىمىز كېرەك. سىز ھازىرچە كېتىپ تۇرۇڭ، كېيىن يەنە پاراڭلىشىمىز، — دېدى شېڭ شىسەي.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇڭ فۇياۋ ئالاھىدە تۇرمىدىن چىقىرىلىپ، شەرقىي قورۇدىكى ۋاقىتلىق قۇرۇلغان مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ مېھمانخانا شېڭ شىسەي تۇ-رۇۋاتقان غەربىي بىنانىڭ شەرق تەرىپىدە ئىدى. ئۇ يەرگە ئورۇن-لاشقاندىن كېيىن، تاماق، يېتىپ - قوپۇش شارائىتلىرى ئالاھى-

www.uyghurkitap.com

دە ياخشى بولدى. «ئون چوڭ دوكتور» لار بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. شېڭ شىسەي ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بۇ كونا ساۋاقداشلىرى، يۇرتلۇقلىرىنى ئۆيىدىكىلىرى بىلەن قوشۇپ زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئادەملەر غەربىي باغچىنىڭ ئىچىدىكى موڭغۇل ـ قازاق مەكتىپىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كەلدى ۋە بۇيرۇق بويىچە باغچىنىڭ ئىچىدە ئىختىيارىي ئايلىنىپ يۈرەلەيدىغانمۇ بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەي «ئون چوڭ دوكتور» نى يەنە يىغىپ ئۇلارغا دەردىنى تۆكۈپ كەتتى:

— بۇرۇن سىلەرنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن تۇتۇپ سولىدىغان ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، بولمىسا ئامان قالمايتتىڭلار، ئەمەلىيەتتە سىلەرنى ساقلاپ قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ھازىر مېنىڭ سىياسىتىم ئۆزگەردى، ئۈچ مەسىلىككە ئېتىقاد قىلماقچىمەن. ئەگەر ماڭا ئەگەشسەڭلار خىزمەتلىرىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، بولمىسا مەندىن رەنجىمەڭلار.

كۆپچىلىك كۆڭلىدە بىر ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ يەنە نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى. بىرىنچى بولۇپ شۈي لىيەن گەپ قىلدى.

— بىز ئەسلىدە بۇ يەرگە سىزنى دەپ كەلگەن، شۇڭا دۆلەت قايسى يولغا ماڭسا بىزمۇ شۇ يولغا ماڭىمىز، — دېدى ئۇ.

— ياخشى! — دېدى شېڭ شىسەي ئاڭلاپ بولۇپ، — ئەمىسە گېپىمىز گەپ بولسۇن. بىراق، ھەر قايسىڭلار بۇرۇن خېلى يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئادەملەردىن ئىدىڭلار، ئەمدى ھازىر خىزمەتلەرگە ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئىسىم ـ شەرىپىڭلارنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆزگەرتىپ چىققاندىن كېيىن ماڭا

بىر كۆرسىتمۇېتىڭلار.

شۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەي قوشۇلغاندىن كېيىن، سۇڭ فۇياۋ ئىسمىنى سۇڭ نيەنسىگە، خې يۇجۇ خې گېڭگۇاڭغا، شۇي ليەن شۇي بوداغا، كاڭ بىڭلىن كاڭ مىڭداغا، ۋاڭ لىشى ۋاڭ نەيجۇڭغا، چېڭ چىمىڭ چېڭ دۇڭبەيگە ئۆزگەرتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىدىن يېڭى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇلدى.

سۇڭ نيەنسى (قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى شىخۇنىڭ ھاكىمى ئىدى) بىلەن لاڭ داۋخېڭ (قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى تەھرىر - تەرجىمە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىدى) شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. شېڭ شىسەي ئۇلارغا بىر قانچە قېتىم: «سوۋېت كونسۇلخانىسىدىكىلەرنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن نەنلياڭ تەرەپكە ھەرگىز ئۆتمەڭلار. شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى بەك مۇھىم ئورۇن، ئازراقمۇ سەۋەنلىك كۆرۈلمىسۇن» دەپ تاپىلىدى. ئۇلار گەرچە بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ، ئەمما شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىشلەيتتى. شۇي بودا ئىلگىرى ئۈرۈمچى رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ئىدى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن كونا خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. خې گېڭگۇاڭ قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى تارباغاتاي مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن جاھانگىرلىككە قارشى تۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولدى، 1943 - يىلى گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىگە ھەيئەت ئەزا بولدى. كاڭ مىڭيۈەن يەكەنگە ھاكىملىققا تەيىنلەندى. گو شىلياڭ قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ئىدى، ھازىر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولدى. ۋاڭ نەيجۇڭ ئەسلىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ئىدى. شېڭ شىسەي ئۇچۇن شىنجاڭ بويىچە

www.uyghurkitap.com

ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ غەربىي بىناسىنى، مالىيە بىناسىنى ياساپ بەرگەن بولغاچقا، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. چېن دۆڭبەي ئەسلىدە ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى.

شېڭ شىسەي مىلتىقنىڭ ئۇچىنى ئاللىبۇرۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چېن تەنچيۇ بىلەن شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە قاراتقانىدى. چېن تەنچيۇ ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بايقاپ، شېڭ شىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى «پۇرچاق بىلەن شازىنى بىللە قورۇغانلىقنىڭ نەتىجىسى» دەپ كۆرسىتىپ، شېڭ شىسەينىڭ بۇ دېلونى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرغانلىقى كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى چالغىتىش ئۈچۈن، «ئەمەلىيەتتە، بۇ كومىتېت ئىچىدە شېڭ شىچىنى ئۆلتۈرۈشكە باش بولغان ئادەم بار. ئۇلار ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە يەنە بىر تۈركۈم ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنىڭ خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇشى، شېڭ شىچىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش سۈيىقەستى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شېڭ شىچى ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنىڭ تۇنجى قۇربانىغا ئايلاندى» دېدى.

كومپارتىيە ئەزالىرىنى بىر يولىلا يوقىتىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ھەرقايسى جايلاردىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلكە مەركىزگە يىغىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى. چېن تەنچيۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى بىرنەچچە قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. چېن تەنچيۇ،

ىمىشقا كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۆز ئالدىگىزغا يۆتكەيسىز، دەپ سورىۋىدى، ئۇ، بۇ نورمال يۆتكەش، ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاش-لىغانلىق قولغا ئالغانلىق ئەمەس، دەپ جاۋاب بەردى. چېن تەنچيۇ ئەمدى شىنجاڭدا ئىشلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

1942 - يىلى 7 - ئايدا، يەنى 17 - مارت دېلوسى يۈز بېرىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، شېڭ شىسەي يەنئەنگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرى «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بول-دى» دېدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىـ-تېتى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي قېيقىلىشنى تەلەپ قىلغان تۆت ئادەمدىن باشقا، چېن تەنچيۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 136 نەپەر ئادەمنى قايتۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلدى ھەم بۇ قارارنى شېڭ شىسەيگە ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولدى.

## « پېقىر سىزنى قوللايمەن »

1942 - يىلى 19 - مارت ۋەقەسىدىن تارتىپ 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە چېن تەنچيۇ قاتارلىقلار لاۋمەنچېڭدىكى چيۇ ئائىلىسىنىڭ تۈرالغۇسىغا نەزەربەند قىلىپ قويۇلدى. بۇ يېرىم يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرىشكە ئاكتىپ تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

شېڭ شىچەينىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتىدىكى بۇرۇلۇشتىن خەۋەر تاپقان جياڭ جيېشى شىنجاڭ-نى قولغا ئېلىشنىڭ پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ چوڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ يۈەنفۇنى

ئۆچ قېتىم قوبۇل قىلىپ، ئۆرۈمچىگە بېرىپ، كونا دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. يەنە ئۇنىڭغا: شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، «مەركەز ئۇنىڭ سەمىمىي ساداقىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، گومىنداڭ شىنجاڭغا ئۈچ شى ئەسكەر ئەۋەتىدۇ، خۇ زۇڭنەن ما جەمەتىنىڭ قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قومۇلدىكى قىزىل 8 - تۇەنى چوقۇم چىقىپ كېتىشى، كومپارتىيىنىڭ كۈچلىرى تازىلىنىشى كېرەك. سىز ئۆرۈمچىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئىگىلەپ بېقىڭ. ئەگەر شىڭ دۇبەن خالىسا، مەن مەخسۇس ئايروپىلان ئەۋەتىمەن، ئۇ چۇڭچىڭغا كېلىپ بىز بىلەن سۆھبەتلەشسۇن» دېدى.

شىڭ شىسەي قارامىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئەمما مەركەزگە ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. ئۇ ئۆرۈمچىگە كەلگەن جاڭ يۈەنفۇغا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ئايرىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ: «ھازىر مېنى پەقەت ۋېيۋەنجاڭلا قۇتۇلدۇرالايدۇ. مەركەز مېنىڭ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامالسىز يېقىن ئۆتكەنلىكىمنى كەچۈرۈۋەتسە، ھەممە ئىشنى سىزگە تاپشۇرىمەن» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بەشىنچى ئىنىسى شىڭ شىجىنى جاڭ يۈەنفۇغا قوشۇپ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋە مەركىزىي مەشىق تۇەنىدە مەشىق ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. جياڭ جيېشى شىڭ شىجىنى قوبۇل قىلدى ۋە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

— سىز قايتىپ بارغاندا شىڭ شىسەيگە دەپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ شىڭ شىجىغا، — ئۇنىڭ شىنجاڭدا مۇشۇ كۈنگىچە پۇت دەسسەپ تۇرمىقى ئاسان ئەمەس. بۇرۇنقى ئىشلارغا سالاۋات، بۈگۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەركەز ئىگە بولىدۇ.

ئاندىن جياڭ جيېشى ئۆزۈن سەپەردىن ئامان - ئېسەن

قايتىپ كەلگەن جاڭ يۈەنفۇدىن چاي بېرىپ ھاردۇق سورىدى. ئۇ شىڭ شىسەينىڭ كوممۇنىستلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىر قانداقلىقىنى سورىغانىدى، جاڭ يۈەنفۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ: «مۇتلەق بىر يولدا ئەمەس!» دەپ جاۋاب بەردى.

شىڭ شىسەي چۇڭچىڭ بىلەن بىرلىشىۋالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۈت ئېتىشقا باشلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي ستالىن بىلەن مولوتوفقا خەت يېزىپ، باكولىن، روتوف ۋە كونسۇلخانىنىڭ شىنجاڭدىكى باشقا خادىملىرىنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقىنى ئەيىبلىدى ۋە ئۇلاردىن ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇزۇنغىچە بۇ خەتكە جاۋاب بەرمىدى. ئۇلار شىڭ شىسەيگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. شىڭ شىسەي ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرىگەنكەن، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەندەك، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرى بىلەن يېقىن بولۇپ جياڭ جيېشىغا قانداق قارشى تۇرغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن مەقسەت، جياڭ جيېشىنى شىڭ شىسەيگە ئىشەنمەيدىغان قىلىپ قويۇش ئىدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، مولوتوف شىڭ شىسەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېكانوزوفنى شىنجاڭغا «مەخسۇس مايتاغ نېفىتلىكى بىلەن باشقا مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەۋەتىدۇ» غانلىقىنى ئېيتتى.

شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بارىدۇ، دېگىنىنىڭ بىر قالقان ئىكەنلىكىنى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرىنىڭ ئالاھىدە كېلىشىدە چوقۇم بىر سەۋەبىنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ چوقۇم بىر

«مۇھىم مەسىلە» توغرۇلۇق كېلىدۇ. بۇ مۇھىم مەسىلە زادى نېمە مەسىلىدۇ؟ ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ ئۇ بىرا نۇقتىغا كېلەلمەي، ۋېيىۋەنجاڭدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى.

ئەتىسى ئۇ چۇڭچىڭدىكى جياڭ جيېشىغا مۇنداق مەزمۇندا مەخسۇس تېلېگراما يوللىدى:

«بىرىنچى، مۇئاۋىن مىنىستىر دېكانوزوف سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئادەم، شىنجاڭدىكى 12 - ئاپرېل ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئۇنداق مۇھىم ئەمەلدارنى ئەۋەتىشى تۇنجى قېتىم.

ئىككىنچى، مايتاغ نېفىتلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەشكىلى ئىقتىساد مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ ئەپەندى ئەۋەتىلسە، ئۇلار بىلەن بالدۇرراق توختام تۈزۈشكە ئاسان بولاتتى.

ئۈچىنچى، لەنجۇدا تۇرۇشلۇق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ۋېڭ ۋېنخاۋ بىلەن بىللە كەلسە. چۈنكى، جۇ شاۋلياڭ مېنىڭ كونا باشلىقىم ھەم كونا دوستۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، پېقىر نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەردە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى ھەم بەزى ئىشلارنى مەركەزگە دوكلات قىلىشىمىز شۇ ئادەم ئارقىلىق بولسا ئەپلىك بولاتتى.

تۆتىنچى، قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى جاڭ جياۋ، ھاۋا ئارمىيە قوماندانى ماۋ باڭچۇ، غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې جىڭۇ شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ بىلەن غەربىي شىمالنىڭ قاتناش - ترانسپورت مەسىلىسى، شىنجاڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ ھاۋا يولى مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بەرگەن بولسا.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت بۇزۇلغان-

دىن كېيىن، خەلقئارا ھاۋا يولىنىڭ ئېتىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يېڭىدىن بىر يول ئېچىشنى ئويلىغاندى.

جياڭ جيېشى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۆك قېرىنداش بىلەن تېلېگراممىنىڭ ئۈستىگە: «بۇ تېلېگراممىنى دەرھال ئىككى نۇسخا كۆپەيتىلىپ چېن باش كاتىپ بىلەن كوڭ مۇئاۋىن پالاتا باشلىقىغا يەتكۈزۈپ بېرىلسۇن. ئەتە مەمۇرىي پالا- تانىڭ يىغىنىدىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىق ۋە كومى- تېتلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىر يەرگە يىغىلىپ بۇ مەسى- لىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ پىكىرلىرىنى ئېلىپ چىقسۇن» دەپ تەستىق سالدى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، جياڭ جيېشى خەلق ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئىش قەغىزىگە موي قەلەم بىلەن خەت يېزىپ شېڭ شىسەينىڭ تېلېگراممىسىغا جاۋاب بەردى.

«ئىنىمىز شېڭ دۇبەننىڭ مەكتۇبىدىن ۋاقىپلاندىم. ۋېڭ مىنىستىر بىلەن ماۋ قوماندان ئاز كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغۇسى. جۇ قوماندان لەنجۇدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇرۇپ بىللە يولغا چىقىدۇ. دۆلەتنىڭ ياكى ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي ئىشى بول- سۇن، جۇ شاۋلياڭغا تارتىنماي ئېيتىڭ. دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتى ھالقىلىق پەيتكە كەلگەندە ئۆزىڭىزنىڭ ئىشلىرىنى قويۇپ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىدىڭىز، قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئۈچۈن بولدى. پېقىر سىزنى قوللايمەن، ھەر- قانداق قىيىنچىلىقىڭىزغا ياردەم بېرىشكە تەييارمەن. قالغان گەپ- لەرنى ۋېڭ مىنىستىر بىلەن باڭچۇ ئىنىمىز بىلەن كۆرۈشكەندە ئاڭلارسىز.

سىزگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ: جياڭ جېڭجۇڭ
7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى»

جياڭ جيېشى 100 خەتچە كېلىدىغان بۇ گەپلەرنى تۆت ۋاراق قەغەزگە يېزىپ، ئاندىن يوغان سېرىق كونۋېرتقا سالدى، ئۈستىگە: «شېڭ دۇبەننىڭ ئۆز قولىغا تەگسۇن» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ، خەتنى ۋېڭ ۋېنخاۋنىڭ تۇرالغۇسىغا ئەۋەتىپ بەردى.

ئايروپىلان لەنجۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ۋېڭ ۋېنخاۋ ئۇ خەتنى جۇ شاۋلياڭغا بېرىپ شېڭ شىسەيگە ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتى. جياڭ جيېشى شۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەينىڭ نۇرغۇن دەردى بارلىقىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئەڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، خېتىدە: «پېقىر سىزنى قوللايمەن» دېگەن گەپنى قوشۇپ، شېڭ شىسەيگە خاتىرجەم ھەم دادىللىق بىلەن ئىشلە، كەينىڭدە مانا مەن بار، دەپ مەيدىسىگە ئۇرغانىدى.

جۇ شاۋلياڭ غەربىي شىمالدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ جياڭ جيېشى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان خەۋەرچىلىك ۋە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ گومىنداڭ ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا سىنمۇجاڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا شېڭ شىسەي ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى شاڭشياۋ دەرىجىلىك سىنمۇ ئىدى، ئۇنىڭ بالىلىرىغا خۇسۇسىي ئوقۇتقۇچىمۇ بولغانىدى. جۇ شاۋلياڭ ئۇنى شاۋجياڭلىققا ئۆستۈرۈشكە يوللىغان، لېكىن ئۇ تەكلىپى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئىش ئىككىسىنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغانىدى. جۇ شاۋلياڭ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى بولغاندىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىشلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭنى بۇرۇندىن ئەتىۋارلايتتى، شۇڭا غەربىي شىمالنى قوغداشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا يۈكلىگەنىدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا: «شېڭ شىسەينى سىز قويۇۋەتكەن،

ئەمدى ئۇنى ئۆزىڭىز قايتۇرۇپ كېلىسىز. شىنجاڭ مەسىلىسى بىر كۈن ھەل بولمايدىكەن، سىز غەربىي شىمالدىن بىر كۈن ئايرىلمايسىز» دېگەنىدى. كېيىن شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىپ چۇڭچىڭدا دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇشقا مەجبۇر بولغاندا، جۇ شاۋلياڭ بىر مەزگىل شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولۇپ تۇردى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جۇ شياۋلياڭ، ۋېڭ ۋېنخاۋ، ماۋ باڭچۇ قاتارلىق 15 ئادەم لەنجۇدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. شېڭ شىسەيدىن باشقا ۋاڭ خۇڭساۋ، شېڭ شىجى باشچىلىقىدىكى قەلەمدار، ئەلەمدار ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئايرودرومغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى ۋە ئايروپىلاننى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئۇلار بىللە سۈرەتكە چۈشتى.

شۇ كۈنى كەچتە، شېڭ شىسەي ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ھەربىي ئوركېستىر زىياپەت باشلىنىپ تۈگىگىچە مۇزىكا ئورۇنداپ تۇردى. زىياپەت باشتىن - ئاخىر قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى. جۇ شاۋلياڭ زىياپەتتە شىنجاڭنى، شېڭ شىسەينى مەدھىيىلەپ شېئىر ئوقۇدى.

شېڭ شىسەي جۇ شاۋلياڭغا ئىلگىرى ئۆزىنىڭ باشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭغا جياڭ جېيشىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بەكمۇ ھۆرمەت كۆرسىتىپ كەتتى. ئۇ، جۇشاۋلياڭ جياڭ جېيشىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە تۇرۇۋاتقاچقا، بۇ پۇرسەتنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ دەمسىز؟ شۇڭا، ئۇ ھەر كۈنى جۇ شاۋلياڭدىن ئەھۋال سوراپ تۇردى، ئۈچ ۋاق تاماقتا بىللە بولدى، ھەتتا كەچتە ياتىدىغان چاغدا خىزمەتچىلەر جۇ شاۋلياڭغا ئورۇن راسلايدىغان چاغدىمۇ ئۈستىدە تۇردى. ئۇلار سىرتلارغا ساياھەتلەرگە چىقسا ئەتراپىغا پۇقراچە كىيىنگەن نۇرغۇن مۇھاپىزەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئىشقىلىپ، جۇ

شاۋلياڭغا قىلمىغىنى قالمىدى. ئۇلار قايتىدىغان چاغدا، ھاراقنا ئامىراق جۇ شاۋلياڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن كىلاس ھارىقىنى يەشكىلەپ سوۋغا قىلدى.

شىڭ شىسەي بىلەن جۇ شاۋلياڭ كۆپ قېتىم مەخپىي سۆزلەشتى. جۇ شاۋلياڭ قايتىدىغان چاغدا بىر تاغار ھۆججەتلەرنى چۆڭچىڭغا ئېلىپ ماڭدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، بۇيرۇق بويىچە ئۈرۈمچىگە يەنە كېلىپ شىڭ شىسەيگە جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسىنى يەتكۈزدى.

## مولوتوف ئۆزىنى كۆرسەتتى

جۇ شاۋلياڭلار ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت تۇرغان شۇ مەزگىل ئىچىدە دېكانوزوفمۇ ئۆلكە مەركىزىگە يېتىپ كېلىپ، مولوتوفنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شىڭ شىسەيگە يازغان جاۋاب خېتى بىلەن مايتاغ نېفىتلىكى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى شىڭ شىسەيگە تاپشۇردى.

شىڭ شىسەي ئويلىغاندەك، بۇ مۇئاۋىن مىنىستىر نېفىتلىكنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە قىزىقمىدى، ئاساسلىقى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە كۆپرەك توختالدى.

— سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى پۈتۈنلەي ئۇقۇشماسلىقتىن بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — شۇڭا، بىز ئۆزئارا بىر ـ بىرىمىزنى كەچۈرۈشىمىز كېرەك. سىز سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، شۇڭا ماركسىزمغا بولغان ئىشەنچىڭىزنى داۋاملىق ساقلىشىڭىز، ھەرقانداق چاغدا ئېتىقادىڭىزدىن تەۋرەنمەسلىكىڭىز كېرەك.

شۇ كۈنلەردە شىڭ شىسەي ماركسىزمنىڭ گېپى چىقسىلا ئاچچىقى كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— مېنىڭ ماركسىزمغا بولغان ئېتىقادىم توغرۇلۇق سىزگە شۇنى دەپ قوياي، — دېدى شېڭ شىسەي دېكازونوفقا، — مەن هازىر ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بولۇپ قالدىم. نېمە ئۈچۈن ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئائىلەمدىكىلەر بىلەن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن مەسلىهەتلەشمەيلا قەلەي كانلىرىنى ئىجارىگە ئالىمىز دەپ كېلىشىمگە قول قويۇشقا مەجبۇرلايدۇ؟ مۇشۇ پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى تولا ئويلاپ، ئاخىر ماركسىزمغا ئىشەنمەيدىغان، ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭغا ئەگەشمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئودىيانكى، باكولىن، ماۋ زېدۇڭ، ش.ۋ جيې، دۇ جۇڭيۈەنلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ خەلقىمگە قارشى چىقتى، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. مەن باشقىلار مېنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى ئۇنتۇغاندىن كېيىنلا ئۈچ مەسلەكنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدىم، ئۈچ مەسلەكنى ئۆزگەرتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن.

— سىزنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرىڭىز پۈتۈنلەي ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان، — دېدى دېكازونوف شېڭ شىسەينى ئاگاھلاندۇرۇپ، — مەن سىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، مېنىڭ شىنجاڭغا زىيارەتكە كېلىشىم شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى بىلەن بەكمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، ستالىن بىلەن جانابىڭىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتى.

دېكازونوف شېڭ شىسەينى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلغاندا، شېڭ شىسەي:

— مەن ئۇ سۇيىقەستچىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتىمەن ھەم ئۇلارنى تازىلايمەن. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىياسىتىگە كەلسەم، مەن ئۈچ مەسلەكنىڭ سادىق ھىمايىچىسى، شىنجاڭدا ئۈچ مەسلەكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىمەكچىمەن، — دېدى.

— مەن سىزگە ئېنىق گەپنى دەپ قوياي، —دېدى دېكازو-

نوف تەھدىت سېلىپ، — ئوتتۇرا يولدا ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن بارلىق ئادەملەر ئاۋارىچىلىقلارغا يولۇقماي قالمايدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى ماركسىزمچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ سىزگە ئوخشاش مۇھىم ئەزالىرىنىڭ پارتىيىدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىشىغا ھەم ماركسىزمغا خالىغانچە ھۇجۇم قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

— ئەمدى سىلەر كېچىكتىڭلار! — شېڭ شىسەي شۇ گەپتىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن گومىنداڭغا ئەزا بولغانلىقىنى، جياڭ جيېشى بىلەن شەخسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بولغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى ۋە ئۆزى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈنچيۇ دەۋرىدىكى سىياسىئون گۇەن جۇڭ بىلەن چى خېڭگۇڭنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىپ شۇنداق دېدى، — ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى كەچۈرۈش جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى. دەسلەپتە گۇەن جۇڭ چى خېڭگوڭغا قارىتىپ ئوقيا ئاتقان. كېيىن گۇەن جۇڭ سىياسىي مەيداننى ئۆزگەرتىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چى خېڭگوڭنى قوللىغاندى چى خېڭگوڭ ئۇنى كەچۈرۈپلا قالماي يەنە تېخى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالدى.

مولوتوفنىڭ شېڭ شىسەيگە يازغان جاۋاب خېتى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى. خەتتە، شېڭ شىسەينىڭ باكولىن، روتوفلارنى ئەيىبلەشلىرى تۆھمەت. «شېڭ شىچىنى دۈبەن ئۆزى ئۆلتۈرگەن»، «دۈبەن شېڭ شىچىنى كەلگۈسىدە شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مەندىن تارتىۋېلىشى مۇمكىن دېگەن ئوي بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن» دېيىلگەنىدى. بۇ چېن تەنچيۇنىڭ «پۇرچاق بىلەن شازىنى بىللە قورۇغانلىقىنىڭ نەتىجىسى» دېگەن گېپى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە دېگەن «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نى ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى تەلىپىگە قارىتا مولوتوف، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ

ئىچكى ئىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ جاۋابكارلارنىڭ ھەممىسى گۇناھسىز، تۆھمەت بىلەن ئۇلارنى قانۇنىي جازاغا تارتقىلى بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

جاۋاب خەتتە يەنە شۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭدا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقىنى ئېزىش سىياستى. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى ئەمەلدارلارنى ئەمىلىدىن ئېلىۋەتمەي تۇرۇپ قولغا ئېلىش ئومۇمىيۈزلۈك ھەم ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال.» شېڭ شىسەيىنىڭ ئەتراپىدا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ سۇيىقەستچىلىرى بولغاچقا ئاشۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ.

ئەڭ ئاخىردا مولوتوف شېڭ شىسەينىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە «زۆرۈر يەكۈن چىقىرىشى ھەم ئۇ مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشى» نى تەلەپ قىلغان. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمدى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى.

(1) 1934 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە كوممۇنىزمنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇش، گەنسۇ، شەنشىلەرنىڭ كەينىدە قالماسلىق توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن ھەم جياڭ جيېشى رەھبەرلىكىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش جۇڭگونى، جۈملىدىن شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى، دېگەن؛

(2) 1936 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يۈز بەرگەن شىئەن ۋەقەسىدە جاڭ شۆلياڭنى شەرتسىز قوللىغان ھەم شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ جاڭ شۆلياڭنىڭ زوراۋانلىقىنى قوللىغان باياناتىنى جاكارلىغان؛

(3) 1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش رېسپوبلىكىسى قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن.

مولوتوف شېڭ شىسەينىڭ بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى باستۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاق-

نىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىسى پەن يۇشىن ئارقىلىق بۇ خەتنى جياڭ جيېشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسى-تى شېڭ شىسەي بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش ئىدى. بولۇپمۇ ئۈچىنچى ئىش شېڭ شىسەينىڭ گومىن-داڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە، جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساتقانلىقىنىڭ پولاتتەك پاكىتى ئىدى. سەن جياڭ جيېشى مۇشۇنداق ئادەمگە يەنە ئىشىنەمسەن؟ بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينى يېتىم قالدۇرماق-چى، ماڭارغا يول تاپالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماقچى ئىدى.

جياڭ جيېشى مولوتوفنىڭ مەقسىتىنى، ئەلۋەتتە بىلەتتى، شۇڭا باش ئەلچى پەن يۇشىنغا:

— ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىكى ئىشلار ئىككى تەرەپنىڭ ئۈچرىشىشى بىلەن بولغان، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشنى دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارقىلىق بېجىرسۇن، شېڭ دۇبەن بىلەن سۆزلەشسە بولمايدۇ، — دەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىشلار مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

شېڭ شىسەي پەقەت ئۆزىنى ئاقلاشقىلا مەجبۇر بولدى.

1942 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى خېتىگە جاۋابەن ئۇزۇن خەت يېزىپ، مولوتوف ئوتتۇرىغا قويغان، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالىغا تەسىر يېتىدىغان بىرقانچە زور مەسىلىلەر ۋە شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەپسىلىي توختال-دى. خەت بەك ئۇزۇن ئىدى، بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ ئازراق قىسمىنى يېزىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى قانداق ئاقلىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا يازغان خېتىدە شۇنداق دېگەن:

مەن بىر مەزگىل ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلدىم. لېكىن، ئون نەچچە يىل سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن يېقىن ئۆتكەن بولساممۇ، ئاخىردا ئۇلار ياخشىلىققا يامان-لىق قىلىپ نۇرغۇن تۇپىلاڭلارنى پىلانلىدى. بولۇپمۇ 19 ـ مارت ۋەقەسىدە ئىنىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا مېنىمۇ ئۆل-تۈرمەكچى، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قانىتى ئاستىدىكى جۇڭگونىڭ خەرىتى-سىدىن ئايرىلغان ئىتتىپاقداش سوۋېت رېسپوبلىكىسىنى قۇرماق-چى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان بارلىق خادىملىرى بۇ سۇيىقەستلىك پىلانغا قاتناشتى.

مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يالغان ماركسىزمى بىلەن ھەمكارلاشمايمەن. ۋېيىۋەنجاڭنىڭ، گومىنداڭنىڭ رەھبەرلىكى-نى قوبۇل قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن.

«1934 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدا كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن» لىكىم ما-جۇڭيىڭ ئۇرۇمچىنى قورشىۋېلىپ ئامالسىز قالغان، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان باش كونسۇلى ئابلېسوف مەجبۇرلىغان ئەھۋالدا دېيىلگەن گەپ ئىدى، شۇ چاغدا شۇنداق دېمەيمۇ ئامال يوق ئىدى. دۆلەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈ-چۈن، دۆلەت زېمىنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن شۇ يول بىلەن ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولۇپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ھەممىدىن زۆرۈر ئىدى.

ئۇلار مېنى «جاڭ شۆلياڭنى قوللىغان، ھىمايە قىلغان» دەپتۇ. بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت، مەن بىلەن مەركەز ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن توقۇپ چىقىلغان رەزىل توقۇلما. ئۇ چاغدىكى مېنىڭ مۇئامىلەم «ھەم ئارىلاشماسلىق، ھەم ھېس-داشلىق قىلماسلىق» بولغان، بۇنىڭغا شۇ چاغدىكى تېلېگراممىلار

گۈۋاھ. مەن شۇ چاغدا شىئەن ۋەقەسىنى قوللىغان بولسامۇ
ئۈنىڭغا ھەرگىز مەسئۇل بولمايمەن، چۈنكى مەن ئۇ چاغدا كوم-
مۇنىزمچى، كوممۇنىزمغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم ـ دەە.
1941 ـ يىلى «سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭنى جۇڭگودىن
ئايرىپ چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش رېسپوبلىكى-
سى قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن» دېگەن گەپكە كەلسەك، شۇ
چاغدا مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى بېسىۋېلىش نىيىتى-
نىڭ بار ـ يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماركسىزمچى ياكى
ئەمەسلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن.
شېڭ شىسەي خېتىنىڭ ئاخىرىدا شۇنداق دېگەن: «يۇقىرى-
دىكى ئەھۋاللارنى يىغىنچاقلىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىر
تەرەپتىن ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن پېقىر
بىلەن ۋېييۈەنجاڭنىڭ يېقىنلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن، بۇ
ھەممىگە مەلۇم ئىش.» ئۇ ئۆرۈلۈپلا جياڭ جيېشىنى ئۇلارنىڭ
ئالدىمىغا چۈشۈپ قالماسلىقىقا ئۈندىگەن.
ئۇنىڭ بۇ خېتىنى جۇ شاۋلياڭ شىنجاڭدىن ماڭىدىغان چاغدا
ئالغاچ كېتىپ جياڭ جيېشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.
ئون كۈندىن كېيىن، جياڭ جيېشى دۇبەن ئىنىسىغا ئىك-
كىنچى پارچە خەت يازدى ۋە شىنجاڭغا 100 دانە پىلىموت ئەۋە-
تىپ شېڭ شىسەيگە مەدەت بەردى.
ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، جۇ
شاۋلياڭ ئۈرۈمچىگە يەنە ئۇچۇپ بېرىپ، شېڭ شىسەيگە: «ۋېي-
يۈەنجاڭغا كۆرسەتكەن بۇنچىلىك چوڭقۇر ساداقىتىڭىز ئۇنى تە-
سىرلەندۈرۈپ، بۇرۇنقى ئىشلىرىڭىزنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان، بۇ-
نىڭدىن كېيىنكى ئىپادىڭىزگە قارايدىغان بولدى» دەپ، ئۇنىڭغا
يەنە بىر قېتىم مەدەت بەردى. شېڭ شىسەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ
«كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ئىچ ـ ئىچىدىن رازى بولدى.»

# «تەڭرى يولىدا ئىش قىلىشقا مەن تەييار»

چۇڭچىڭ، جياڭ جيېشىنىڭ قورۇسى.

ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ سەنمۇجاڭى خې يىڭچىن بىلەن جياڭ جيېشى دەرەخلىك ئىچىدىكى چىغىر يولدا پاراڭلىشىپ ئاستا كېتىۋاتىدۇ، ئىككى مۇھاپىزەتچى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قال- ماي كېلىۋاتىدۇ.

— يىڭچىن، — دېدى جياڭ جيېشى، — ھازىر شىنجاڭدى- كى شېڭ دۇبەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كوممۇنىستلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئۇچ تەرەپ جېدەل - ماجىرادا. ئاۋۋال ئۇلار ماجىرالى- شىپ باقسۇن. شېڭ شىسەيمۇ ھەددىدىن ئېشىپ مەركەزنى كۆز- گە ئىلماي كەتكەنىدى، — جياڭ جيېشى ھاسىسى بىلەن يەرنى بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇپ قويدى، — ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، مەركەزگە يېقىنلاش، شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان سەن، رۇسلار بىلەن كۆرۈنۈشتە يېقىن ئۆتسەڭ بولىدۇ، ئەمما ئۇلار بىلەن جۇڭگونى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ مۇناسىۋەت قىل، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يېقىنلاشما. ئالدى دەرۋازاڭنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ ئارقا دەرۋازاڭنى كەڭ ئېچىۋېتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما، مەركىزىي ھۆكۈمەتنى رەت قىلما، دېگەنىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ گېپىمنى زادىلا ئاڭلىمىدى، سوۋېت ئىتتىپا- قى بىلەن كوممۇنىستلارغا تايىنىپ مەندىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى، — جياڭ جيېشى بىر دەم تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى، — بولدىلا، بۇرۇنقى ئىشلارنى تەگەپ ئولتۇرمايلى، ھازىر بولسىمۇ ھوشىنى تېپىپ مەركەزدىن ياردەم سوراۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. شىنجاڭ 16 جېجياڭ- چىلىك كېلىدىغان جاي، يېرى كەڭرى، ئاھالىسى شالاڭ، كان بايلىقلىرى مول. مەن بۇرۇنلا دۆلەتنىڭ ئاساسىنى غەربىي شىم-

ـمالغا، دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىنىمۇ غەربىي شىمالغا قويۇش كېرەك، دېگەنىدىم. شىنجاڭنى رۇسلار تارتىۋالمىسۇن، ھازىر شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى.

— بۇ سىزنىڭ يىراقنى كۆرگەنلىكىڭىز، — دېدى خې يىڭچىن، — ۋېڭ ۋېنخاۋ بىلەن جۇ شاۋلياڭنىڭ شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى نەتىجىلىك بولدى، ھېچبولمىغاندا شېڭ شىسەي ئون يىل تاقىۋالغان دەرۋازا ئېچىلدى.

— بۇمۇ مەركەزنىڭ جىددىي تەدبىرىدىن بولدى، — دېدى جياڭ جيېشى، — شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئەتراپلىق پىلانلايلى. سىز بىر نەرسە يېزىپ چىقىڭ، ئوبدانراق پىلانلاڭ، بولۇپمۇ ھەربىي جەھەتتىكى، تاشقى ئىشلار جەھەتتىكى ئىشلار ئۈستىدە كۆپرەك كاللا قاتۇرۇڭ. شېڭ دۇبەننى ھازىرچە مىدىرلاتمايلى، ئۇنىڭدىن يەنە پايدىلىنىمىز، ھازىرچە «يەرلىك خاقان» چۈشىنى چۈشەپ تۇرسۇن.

ۋېييۈەنجاڭنىڭ ئاغزاكى بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، خې يىڭچىن دەرھال ئادەملىرىنى يىغىپ كېچىلەپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭ چېڭ چيەن، ھەربىي بۇيرۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شۈي يۇڭچاڭ، سىياسىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭ، ئاۋئاتسىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇ جىرۇ قاتارلىقلار بىلەن تەپسىلىي مەسلىھەتلەشتى. ئەتىسى ئۇلار تۈزۈپ چىققان «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش پىلانى» جياڭ جيېشىغا يوللاپ بېرىلدى.

جياڭ جيېشى يېقىندىن بېرى سەل چارچاپ قالغانىدى، شۇڭا سافادا ئولتۇرغان خې يىڭچىنغا:

— پىلانىڭلارنىڭ مۇھىم جايلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى.

— بولىدۇ، — خې يىڭچىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ئېغىر گۆيجۇ تەلەپپۇزىدا سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇ «پىلان» ۋېييۈەن-

جاڭنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن تۈزۈپ چىقىلدى. ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن: بىرىنچى بۆلەكتە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە بولغان تەھ-لىل، ئىككىنچى بۆلەكتە فاكجىن، ئۈچىنچى بۆلەكتە يولغا قو-يۇلىدىغان تەدبىرلەر سۆزلىنىدۇ.

جياڭ جيېشى ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن رازى بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بىرىنچى بۆلەك توغرۇلۇق، — دېدى خې يىڭچىن سۆزى-نى داۋام قىلىپ، — سەنمۇبۇنىڭ پىكرى، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش سۈيىقەستىدە بولۇۋاتقان، ئۇنىڭغا يېتەر-لىك قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئاشكارا هالدا شىنجاڭنى قوراللىق بېسىۋالىدىغان بول-سا، ئۇ چاغدا جۇڭگوغا ئاشكارا تەجاۋۇز قىلغان نىيىتى ئاشكارى-لىنىپ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەهەتتە ئۇتتۇرۇپ قويۇشتىن قورقۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار هازىرچە شېڭ شىسەي بىلەن مەركەز-نىڭ ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ ئوتتۇرىدىن پايدىلانماقچى، شېڭ شىسەينى خەتەرگە ئىتتىرىپ، ئاندىن ئۇنى يوقاتماقچى، ئورنىغا باشقا قورچاقنى تىكلەپ شىنجاڭدىكى مەنپەئىتىنى قوغ-داپ قالماقچى.

شېڭ شىسەي سىرتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەهدىتىدىن، ئىچىدىن خائىنلارنىڭ توپىلىڭىدىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا مەر-كەزگە تايانماقتىن باشقا ئامال يوق، بىزدىن ياردەمگە ئېرىشسە، ئاندىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالالايدۇ.

ناۋادا شېڭ شىسەي بەرداشلىق بېرەلمەي قالسا، شىنجاڭ كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ گەپ جياڭ جيېشىنى خېلىلا چۆچۈتتى، بۇ ئۇ ئاڭلاشنى ئەڭ خالىمايدىغان گەپ ئىدى، بۇ گەپنىڭ داۋلىسىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايمۇ قالمايتتى. شۇڭا، ئۇ خې يىڭچىننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەي داۋاملىق ئاڭلىدى.

www.uyghurkitap.com

— شۇڭا، — دېدى خې يىڭچىن سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بىزنىڭ فاڭجېنىمىز شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش. لېكىن، ئىلگىرى مەركەزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەييارلىقى تولۇق بولمىغان. ھازىرمۇ بىزدە ئۇ جاينى كونترول قىلالىغۇدەك كۈچ يوق، شۇڭا نۆۋەتتە بىز بىر تەرەپتىن، شېڭ شىسەينىڭ ئورنى ۋە كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرۇشىمىز ھەم ئۇنى ئاستا - ئاستا مەركەزگە قارىتىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرەر ھەرىكەت قوللىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا يۇمشاقراق پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز كېرەك.

جياڭ جيېشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەررۇ سۆز قىستۇردى:

— يالغۇز شىنجاڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايلى، دائىرىنى كېڭەيتىپ گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭغا تېز سۈرئەتتە ئىچكىرىلەپ كىرىشنىڭ تەييارلىقىنىمۇ قىلايلى.

خې يىڭچىن جياڭ جيېشىنىڭ بۇ يوليورۇقىنى تېز سۈرئەتتە خاتىرىلىۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— يولغا قويىدىغان تەدبىرلەر ئۈستىدە سەنمۇبۇنىڭ پىكرى مۇنداق: ئىشلارنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش. بىرىنچى باسقۇچ ئۆتكۈنچى باسقۇچ؛ ئىككىنچى باسقۇچ ئىگىلىك ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش باسقۇچى. بىرىنچى باسقۇچتا ھالقىلىق ئۈچ مەسىلە بار، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، شېڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرۇش، ھەربىي جەھەتتە تەييارلىق قىلىش.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇشتا ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللانماسلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بۈگۈنكىدەك مۇرەككەپلىشىپ كېتىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىدىن بولغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئارقىلىق بولىدى-

غانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگە-لىيە، ئامېرىكا خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى دىن تەشۋىقاتىنى ئازراق چەكلەپ قويۇش زۆرۈر.

شېڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرۇشتا ساقلاپ قېلىش، پايدىلى-نىش، قوللاشنى ئاساس قىلىش كېرەك. مۇھىم ھەربىي، مەمۇ-رىي ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنى-تىش، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش، مۇنەۋۋەر ھەربىي، مەمۇرىي كادىرلار بىلەن پەۋقۇلئاددە خىزمەتچىلەرنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە مەخپىي كىرگۈزۈش، ئىقتىسادىي جەھەتتە زۆرۈر ياردەملەرنى بېرىش، تاشقى ئىشلار ئالاھىدە خادىملىرىنى ئەۋەتىپ شېڭ شىسەيگە چۈشۈۋاتقان بېسىمىنى ئازايتىش كېرەك.

خې يىڭچىن مۇھاپىزەتچى ئەپكىرگەن قايناق سۇدىن بىر ئوتلام ئىچىپ قويۇپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— ھەربىي جەھەتتە، خېشى تەرەپتىكى ھەربىي كۈچنى كۈچەيتىش ئۇچۇن خىل قوراللانغان بىر شى ئەسكەرنى يۆتكەش، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرودرومىنىڭ مۇداپىئەسىگە بىر شى ئەسكەر ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى بىر شى بىلەن باشقۇرۇش رايونىغا ئايلاندۇرۇش، چىڭخەيدىكى ئاتلىق بەشىنچى جۇننى سەيدام بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا يۆتكەش، شىزاڭنىڭ كۈچىنى ئاشۇ-رۇپ شىنجاڭغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئىشقا ئاشۇرۇلسا، ئاندىن شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن، شىنجاڭغا قورال لىق كى-رىشتىن گەپ ئاچقىلى بولىدۇ. لېكىن، يەنە شۇ چاغدىكى ۋەزى-يەتنىڭ تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىمايمۇ بولمايدۇ.

جياڭ جيېشى ئادىتى بويىچە تاقىر بېشىنى سىلاپ قويۇپ:

— «پىلان» ئەتراپلىق تۈزۈلۈپتۇ، مېنىڭ دېمەكچى بولغان-

لىرىمىنىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلۈپتۇ، شۇ بويىچە ئىشلەڭلار، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستا مېڭىپ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ شىنجاڭغا شېڭ شىسەي بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆزلىشىشكە كىمنى ئەۋەتىشنى ئويلاپ تېخى بىر قارارغا كەلمىگەندى.

مۇشۇنداق بىر چوڭ دۆلەتنىڭ باشلىقى بولغان جياڭ جيېشى پەقەت شىزاڭ بىلەن شىنجاڭغىلا بېرىپ باقمىغانىدى. شىنجاڭغا بېرىپ دۇبەن ئىنىسى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشنىمۇ ئويلىغان، لېكىن ئاخبارات خادىملىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئايرودرومىنى بىر نەچچە يۈز نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئەسكەر قوغداپ تۇرىدۇ، دېگەنلىكى ئۈچۈن ھازىرچە بېرىشنى لايىق تاپمىغانىدى.

جياڭ جيېشى كىمنى ئەۋەتىشنى بىلەلمەي قىينىلىپ تۇرغاندا سۇڭ مېيلىڭ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېرىنىڭ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق غەمگە پېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەگەر سىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ ئەگرى يولدا ئىش قىلىشقا مانا مەن تەييار، سىزچە قانداق؟ — دېدى.

جياڭ جيېشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە ئۇنى قولتۇقلاپ، قاشتېشىدەك سۆزۈك قولىغا مېھرى بىلەن بوش ئۇرۇپ قويدى.

1942 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، جياڭ جيېشى سۇڭ مېيلىڭ بىلەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ چاڭچىڭ سىپىلىنىڭ غەربىدىكى جيايۈگۇەنگە يېتىپ كەلدى. 30 - كۈنى، سۇڭ مېيلىڭنى غەربكە قاراپ ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا ئۇزىتىپ قويدى.

بۇ ئامېرىكىنىڭ ترانسپورت ئايروپىلانى ئىدى، ئايروپىلاننى دائىم سۇڭ مېيلىڭ ئولتۇرىدىغان ئايروپىلاننى ھەيدەيدىغان ھاۋا ئارمىيە پولكوۋنىكى نېۋئېن ھەيدەيدى. ئايروپىلاننىڭ ئىچىدە سافا يوق، ئىككى قاتار ئۇزۇن بەندىڭ قويۇلغان، ئوتتۇرىسىغا سۇڭ

مېيلىڭ ئۈچۈن تەۋرەنمە ئورۇندۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. سۇڭ مېيلىڭ ئۈچىسىغا گۈللۈك رەختتىن تىكىلگەن تار كۆڭلەك، پۇتىغا نېپىز ئۇزۇن پايپاق، قارا ئېگىز پاشنىلىق توپلەي، كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە قىسقا قارا پىنجىك كىيىۋالغان، لەۋلىرىگە قېنىق قىزىل لەۋ سۇرۇخ سۇرۇۋالغان، قۇلاقلىرىغا كىيىمگە ماسلاشتۇرۇپ چىرايلىق ھالقا تاقىۋالغانىدى، بەكمۇ لاتاپەتلىك كۆرۈنەتتى.

سۇڭ مېيلىڭنىڭ كۆپ قىسىم ئادەملىرى ئالدىن ماڭغان بولۇپ، ئۇنى ئۈرۈمچىدە ساقلاۋاتاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغانلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق تاشقى ئىشلار پەۋقۇلئاددە خادىمى ۋۇ زېشياڭ، گومىنداڭ سىياسىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لياڭ خەنساۋ، مەركىزىي ئاگېنتلىقنىڭ باشلىقى چېن ۋەنلى، يەنە بىر دوختۇر، بىر مۇھاپىزەتچى، ئىككى ئايال خىزمەتچى ئىدى.

سۇڭ مېيلىڭ ئايروپىلانغا چىققاندىن كېيىن، بىللە ماڭغان چوڭ ئەمەلدارلارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئاندىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۆزىگە تەييارلانغان تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇردى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دە، ئالتە سائەت ئەتراپىدا ئۇچقان ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا سىلىق قوندى. ئايرودرومنى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن شېڭ شىسەي ئورۇنلاشتۇرغان، تولۇق قوراللانغان قىسىم مەھكەم ئوراپ تۇراتتى.

ئايروپىلاننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىرىنچى بولۇپ سۇڭ مېيلىڭ ئايروپىلاندىن چۈشتى ۋە بىر ئۇيغۇر قىزى سۇنغان گۈلدەستىنى قوبۇل قىلدى. بېشىغا شىلەپە، ئۈچىسىغا قوش تۈگمىلىك قارا كاستۇم كىيگەن شېڭ شىسەي، بېشىغا چىرايلىق گۈللۈك باشنىك، رۇس پاسونىدا تىكىلگەن ئىنچىكە بەللىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، بىلىكىگە نەپىس تىكىلگەن سومكا

ئېسىۋالغان چيۇ يۇفاڭ، باشتىن ئاياغ ھەربىي فورما كىيگەن، بېلىگە قىلىچ ئېسىۋالغان جۇ شاۋلياڭ، ئۈستىگە جۇڭشەن فورمىسى كىيگەن ۋۇ جۇڭشىن قاتارلىق كىشىلەر ئايرودرومغا چىقىپ سۇڭ مېيلىڭنى قىزغىن قارشى ئالدى.

سۇڭ مېيلىڭ قوللىرىغا گۈلدەستىلەرنى، بايراقلارنى ئېلىپ قىزغىن كەيپىياتتا تۇرۇشقان ئون مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى، ئىدارە - ئورگان كادىرلىرىغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە ئەمەلدارلار بىلەن ئايروپىلاننىڭ يېنىدا تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشتى.



شېڭ شىسەي ئەر - ئايال ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا سۇڭ مېيلىڭ بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى

سۇڭ مېيلىڭ شېڭ شىسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقاچ دەم ئېلىش ئۆيىگە كېلىپ بىردەم ئارام ئالدى. سەلدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن يوغان بىر قارا پىكاپقا ئولتۇرۇپ، شېڭ شىسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا دۇبەن مەھكىمىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

پىكاپ ئەمدىلا قوزغىلىشىغا، قوللىرىغا ماۋزۇر ئالغان ئىككى ئەسكەر پىكاپنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىكنىڭ تەكچىسىگە لىككىدە قىلىپ چىقىۋېلىپ، بىر قولىدا ماۋزۇر، بىر قولىدا ئىشىكنىڭ ئىچىدىن تۇتقان ھالدا ھەيۋە كۆرسىتىپ ماڭدى. پىكاپنىڭ ئالدىدا بويۇنلىرىغا ئوقلانغان ماۋزۇر ئاسقان يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر يول ئېچىپ ماڭدى. پىكاپنىڭ كەينىدە ئۈستىدە

خۇددى چوڭ دۇشمەنگە دۇچ كەلگەندەك قورالللىرىنى يالىڭاچلى-ۋالغان سۇرلۇك ئەسكەرلەر ئىككى قاتار بولۇپ ئولتۇرغان ئىككى بىرونېۋىك قوغداپ كېلىۋاتاتتى.

سۇڭ مېيلىڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدىكى شېڭ شى-سەينىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىچكىرى - تاشقىرى چوڭ ھۇجرىنىڭ يوغان دېرىزىلىرىنىڭ پەردىلىرى چىرايلىق قېلىن پەردىلەرگە ئالماشتۇرۇلغان، سافانىڭ قول قويىدىغان ئىككى تەرىپى، سافا ئۈستىدىكى، ئىششىلىپ ئاۋاز چىقىدىغانلىكى جاي-لارنىڭ ھەممىسىگە سۇس يېشىل رەختتە تىكىلگەن قاپلىمىلار قاپلىۋېتىلگەن، يەرگە قىممەت باھالىق خوتەن گىلەملىرى سېلى-ۋېتىلگەن، ئۈستەل ئۈستىگە قوغۇن - تاۋۇز، نەشپۈت، ئەن-جۈر، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر تىزىۋېتىلگەن، ئۇ مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ئۆينى بىر ئالغانىدى. ئادەتتە ھەممە نېمىدىن ئېۋەن تېپىپ تۇرىدىغان سۇڭ مېيلىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن رازى بولۇپ، كۈلگەن ھالدا چيۇ يۈفاڭغا: «جاپا تارتىپسىز!» دەپ قويدى.

سۇڭ مېيلىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرنى شېڭ شىيىڭ شەر-قىي قورۇغا ئورۇنلاشتۇردى.

شەرقىي قورۇ دەل - دەرەخلىك، گۈل - گىياھلار ئېچى-لىپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان چىرايلىق قورۇ ئىدى. ئالدى تەرەپ چوڭ قوبۇلخانا، ئارقا تەرەپ ئىچكىرى - تاشقىرى ھۇجرىلار، كارامەت ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۈستەللەرگە سوۋېت ئىت-تىپاقىنىڭ پېچىنە - پىرەنىكلىرى، تاماكىلىرى، ھەرخىل مې-ۋىلەر تىزىۋېتىلگەنىدى. 8 - ئاي شىنجاڭنىڭ ھەممە مېۋىلىرى پىشقان، ھەممىلا يەر گۈللەرنىڭ، مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىغا تولغان مەزگىلى ئىدى.

خىزمەتچىلەر ئاق كىيىم كىيگەن ئەرلەر بولۇپ، ھەممىسى لى يىڭچى تاللاپ كەلگەن ئالاھىدە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدى-

غان ياش، چېۋەر، ئەدەپلىك ياشلار ئىدى، يانلىرىدا تاپانچا بار ئىدى. ئۇلار كەلگەن مېھمانلار بىلەن ھەرخىل يوللار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشاتتى، ئاندىن بولۇنغان گەپلەرنى شىڭ شىسەيگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى، ھەتتا مېھمانلار سىرتلارغا چىقىپ كەتكەندە نەرسە - كېرەكلىرىنى، كۈندىلىك خاتىرىلىرىنى ئاختۇرۇپمۇ تۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، شىڭ شىسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى مېھمانلارغا ھاردۇق چېيى بەردى. زالغا ئالتە ئۇستەل راسلاندى. زىياپەتكە لياڭ خەنساۋ، ماۋ باڭچۇ، ۋۇ جۇڭشىن، جۇ شاۋلياڭ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار، شىنجاڭ تەرەپتىن شىڭ، چيۇ جەمە-تىدىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرى، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەككىز چوڭ باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىرى، ئىشپيونلار باشلىقى لى يۇڭچى قاتارلىق نەچچە ئون كىشى قاتناشتى.

زىياپەت ئارىلىقىدا سۇڭ مېيلىڭ بىرقانچە مىنۇت سۆز قىل-دى. ئۇ سۆزىدە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا مەركەزنىڭ تاپشۇ-رۇقى بىلەن كېلىپ ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى، شىڭ شىسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسىدىن مىننەتدار بولغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ دۇبەنىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا چوڭ نەتىجىلەرنى قازانغان-لىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۈچ مەسىلەكنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقىشنى ئۈ-مىد قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

شىنجاڭدا، شىڭ شىسەينىڭ ئالدىدا ھەدەپ ئۈچ مەسىلەك توغرۇلۇق سۆزلىگەننىڭ ئۆزى ئىشنىڭ پىششىق بولغانلىقىنى بىل-دۈرەتتى. بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى، جۇ شاۋلياڭ شىڭ شى-سەينى جياڭ جيېشىغا بېقىندۇرۇش ئۈچۈن بارلىق يوللارنى ھازىرلاپ بولغانىدى. مانا مۇشۇ زالدا بىر ئاي بۇرۇن شىڭ شىسەي كاتتا يىغىن ئۆتكۈزگەن، ۋېڭ ۋېنخاۋ مەركەزگە ۋاكالى-تەن يىغىندا سۆز قىلغان، يىغىن مەيدانىنىڭ رەئىس سەھنىسىگە

ئون يىل ئىسلىپ كەلگەن ئالتە شوئارلىق بايراقنىڭ ئورنىغا گومىنداڭنىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن پارتىيە بايرىقى ئېسىلغانىدى. شۇ كۈنى ئۇرۇمچىنىڭ ھەممە يېرىدە پوجاڭزىلار ئېتىلىپ، داقا - دۇمباقلار چېلىنىپ، شىنجاڭنىڭ بايرىقىنىڭ ئالماشقانلىقى قىزغىن تەبرىكلىگەنىدى. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئەسكىرىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ قەسەم بېرىپ گومىنداڭغا ئەزا بولغانىدى.

سۇڭ مېيلىڭنىڭ بۇ قېتىم دۆلەت باشلىقىغا ۋەكىل بولۇپ شىنجاڭغا تۇنجى كېلىشى شېڭ شىسەينى ئالەمچە خۇشال قىلىۋەتتى. زىياپەتتە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق دېدى: «جياڭ خانىمنىڭ بۇ سۆزلىرى پىقىرنى قاتتىق ھاياجانغا ھەم خىجىلچىلىققا سالدى. جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ بىلەن خانىمنىڭ ماڭا شۇنچىلىك ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكى مېنى ھاياجانغا سالغان بولسا، چېگرا رايوندىكى ئىشلارنىڭ مۇرەككەپلىكى تۈپەيلىدىن ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا ئۆزۈم بېرىپ تەلىملىرىنى ئالالمىغانلىقىمدىن خىجىل بولدۇم. خانىمنىڭ بۇ قېتىم ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كېلىشى ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنى قاتتىق خۇشال قىلىپلا قالماستىن، يەنە بىزنىڭ پىرقە دۆلىتىمىزگە بولغان ساداقىتىمىزنى، ۋېيىۋەنجاڭ ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىش ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتتى ...

سۇڭ مېيلىڭ شېڭ شىسەينىڭ كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان ياشنى ئېنىق كۆردى.

سۇڭ مېيلىڭ ئۇرۇمچىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ تۆت مەسىلىدە بىرلىككە كەلدى: بىرىنچى، گەنسۇ تەۋەسىدىكى ھۆكۈمەت قوشۇنى لەنجۇدىن ئەنشى، يۈمىن تەرەپكە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، قۇمۇلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش؛ ئىككىنچى، شىنجاڭغا تاشقى ئىشلار پەۋقۇلئاددە خادىمى ئەۋە-

تىپ، تاشقى ئىشلار ھوقۇقىنى مەركەز ئۆتكۈزۈۋېلىش؛ ئۈچىنـ-
چى، شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنى تازىلاش؛ تۆتىنچى، رۇسلار-
نى شىنجاڭدىن چىقىرىۋېتىش.

شېڭ شىسەي مەركەزنىڭ ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندە
ئۆزىنىڭ ئەمىلىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىپ جازالىنىپ قېلىشىدىن
ئەڭ قورقاتتى. جياڭ جېيشى ئۆزىگە يازغان خېتىدە ئۇنىڭ
مەنپەئىتىگە چېقىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ،
شېڭ شىسەي يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. سۇڭ مېيلىڭ شېڭ
شىسەينىڭ بۇ خىيالىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ۋەدە
بەردى: «مەركەز بىلەن ۋېييۈەنجاڭ سىزگە قاتتىق ئىشىنىدۇ.
كەلگۈسىدە شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە مەركەزنىڭ ياردىمىنى كې-
رەك قىلىش ـ قىلماسلىق پۈتۈنلەي شېڭ دۇبەننىڭ ئۆزىگە
باغلىق.» شېڭ شىسەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى پادىشاھتىن
يارلىق ئالغاندەك بولۇپ، ئۇ خىل ئەندىشىلەردىن تولۇق خالاس
بولدى.

سۇڭ مېيلىڭ كېلىپ ئەتىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت،
ھەر ساھە خەلقى كاتتا قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» گە «جۇڭگودىكى ئىككى ئايال داھىينىڭ
ئۇچرىشىشى» دېگەن چوڭ خەتلىك تېما ئاستىدا سۇڭ مېيلىڭ
بىلەن چيۇ يۈفاڭنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى بېسىلدى. بۇنى كۆ-
رۈپ سۇڭ مېيلىڭنىڭ قاپىقى سەل تۈرۈلۈپ قالدى.

سۇڭ مېيلىڭ قىزلار ئىنستىتۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى
تەلەپ قىلدى. ئۇ چاغدا بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپى
«ئاسىيلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى» بولغاچقا، مەكتەپ مۇدىرى بول-
غان چيۇ يۈفاڭ سۇڭ مېيلىڭنىڭ بۇ تەلىپىدىن سەل قورۇنۇپ
قالدى، لېكىن ماقۇل دېمەسلىككە بولمايتتى. ئاخىر ئۇلارنىڭ
ئاغزىغا كەلگەننى دەپ بىلجىرلىماسلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئا-

دەملىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ سۇڭ مېيلىڭنى مەك-
تەپكە باشلاپ باردى.

نېمىدىن قورقساڭ شۇ ئالدىڭغا ئۇچرايدۇ، دېگەندەك، ئاتاق-
لىق كىنو ئارتىسى جاۋ دەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئايالى
يې لۈشى ئۇنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن
يول مېڭىپ مەقسىتىگە يېتەلمەي يۈرەتتى. شۇ كۈنى ئۇ گېزىت-
تىن سۇڭ مېيلىڭنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى ئالاھىدە
خۇش خەۋەرنى ئوقۇپ، دەررۇ بىر ئەرزنامە يېزىپ، سۇڭ مېي-
لىڭنى قارشى ئېلىشقا چىققانلارنىڭ قاتارىدا پۇرسەت كۈتۈپ
تۇردى.

سۇڭ مېيلىڭ مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولۇپ قاي-
تىش ئۈچۈن ماشىنىغا چىقىپ ماڭاي دەپ تۇرغان شۇ بىر دەقىقە
ئىچىدە يې لۈشى توپنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۆزىنى ماشى-
نىغا ئاتتى.

ماشىنا توختاشقا مەجبۇر بولدى. سۇڭ مېيلىڭ ئۆزىنىڭ
ماشىنىسىنىڭ بىر ئايالنى سوقۇۋەتكەنلىكىنى بىلىپ دەررۇ ما-
شىنىدىن چۈشۈپ ئۇ ئايالنى يۆلىدى. يې لۈشى شۇ ئارىلىقتا
يېزىپ تەييارلاپ قويغان ئەرزنى سۇڭ مېيلىڭنىڭ قولىغا تۇتقۇ-
زۇپ قويدى. لېكىن، ئەرزنىڭ ئۇزۇنغىچە جاۋابى بولمىدى.
سۇڭ مېيلىڭ بىر ئارتىسنى دەپ تېخىمۇ پايدىلانماقچى بولۇۋاتقان
شېڭ شىسەيگە بىر نېمە دېمەيدۇ ـ دە.

بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سۇڭ مېيلىڭنىڭ ھەمراھلىرى
بىكار ياتماي بازارغا بېرىپ، بار ـ يوقى بىر نەچچىلا ماگىزىندىن
نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاللىشىپ سېتىۋېلىشقا باشلىدى. ئۇرۇش-
تىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن دۇراپ،
سوكنو رەختلەر، كونسېرۋا، پېچىنە ـ پىرەنىك، فوتو ئاپپارات،
سائەت قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تاللىشىپ سېتى-

ۋالىدىغان نەرسىلىرىگە ئايلانغانىدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، سۇڭ مېيلىڭ جىيايۇگۈەنگە قايتتى. مېڭىشتىن ئىلگىرى شېڭ شىسەي سۇڭ مېيلىڭغا:

— خانىمنىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى ۋېيىۋەنجاڭنىڭ شىنجاڭغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ، يەنە بىز ئەر - خوتۇن ئىككىمىزگە ئىشەنگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. مېنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپ دۆلەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن جان دىلىم بىلەن خىزمەت قىلغانلىقىمنى، مەركەزنى قوللايدىغانلىقىمنى، پىرقە دۆلەتكە سادىق ئىكەنلىكىمنى، داھىيمىزغا سەممىي - سادىقلىقىمنى ۋېيىۋەنجاڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

چۈشتىن كېيىن، سۇڭ مېيلىڭ ئولتۇرۇپ كەلگەن ئايروپىلان جىيايۇگۈەن ئايرودرومىغا قونغاندا، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپ كېتەي دەپ قالغان جياڭ جيېشى ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشۈۋاتقان سۇڭ مېيلىڭنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ:

— خانىم، جاپا تارتتىڭىز، شىنجاڭنىڭ قايتىپ كېلىشى ھۆكۈمىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتىمىز. خانىم، دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتتىڭىز، — دېدى.

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس، دالىڭ. ئىنجىلدا «كەلگۈسىدە ئاياللار ئەرلەرنى قوغدايدىغان بولىدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار. مەن تەڭرى يولىدا ئازراقلا ئىش قىلدىم شۇ، — دېدى سۇڭ مېيلىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋابەن.

1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتا باشلىقى ۋۇ زېشياڭنى تاشقى ئىشلار مىنىس-

تىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە خادىملىقىغا تەيىن-
لەپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى مۇناسىۋەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئە-
ۋەتتى ھەم ئىلگىرى شىنجاڭ باشقۇرۇۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى
چېگرىسى ئىچىدىكى بەش كونسۇلخانىنى مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىغا
ئۆتكۈزۈۋالدى. 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شېڭ شىسەينى
قوشۇمچە 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىن-
لەپ، شىنجاڭنى جۇ شاۋلياڭنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۇرۇش رايونى
ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى. شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىمۇ مەر-
كەزگە تەۋە بولدى. جياڭ جيېشى بۇ نەتىجىلەرگە ئىنتايىن يۇقى-
رى باھا بەردى. ئۇ 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى يېڭى يىللىق
نۇتقىدا شۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇم-
چە دۇبەنى شېڭ شىسەي 7 ـ ئايدا ئاشكارا ھەقىقەتكە قايتقاندىن
كېيىن، خېشى كارىدورىدىكى ما بۇچىڭنىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي
دېگۈدەك چىڭخەيگە قايتىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن لەنجۇنىڭ غەربى-
دىن ئىلىغىچە بولغان 3 مىڭ كىلومېتىرلىق كەڭرى زېمىن
تولۇق قايتۇرۇپ كېلىندى. بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان-
دىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت، بۇ زېمىننىڭ چوڭلۇقى
شەرقىي شىمالدەك ئۈچ زېمىنغا باراۋەر.»

## «شىنجاڭغا بارىمىز»

1943 ـ يىلى، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش ئال-
تىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. شۇ يىلى شېڭ شىسەي 50 ياشقا
قەدەم قويۇپ «قىرانىغا يەتكەن» ئىدى.

گومىنداڭمۇ شۇ يىلى سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي، تاشقى
ئىشلار، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، پىرقە ئىشلىرى قاتارلىق جەھەت-
لەردە شىنجاڭغا كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلىشقا باشلىغانىدى.

1942 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، مىلاد بايرىمىغا

بىرنەچچە كۆنلا قالغانىدى. جياڭ ۋېييۇەنجاڭ تۇيۇقسىز، شىنجاڭغا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان گومىنداڭنىڭ پىرقە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىگە سۆز قىلماقچى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى خادىملارغا جىددىي يىغىلىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش قىلىندى.

جياڭ جيېشى رەئىس سەھنىسىدە تۇرۇپ، ئالدىدا بىر ئىستاكان قايناق سۇ، يىغىنغا كەلگەن يۈزگە يېقىن ئادەمگە سۆز قىلدى:

— بۇ قېتىم شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدىغان يولداشلار ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ غوللۇق ئادەملىرى. ھەرقايسىڭلار پىرقە ئىشلىرىمىز ئۈچۈن چېگرا رايونغا تۇنجى قېتىم ئاتلىنىۋاتىسلەر. بۇ قېتىمقى سەپىرىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز بولۇشى پىرقە دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شىنجاڭغا بارىدىغان يولداشلارنىڭ بارلىق سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى، تەشەببۇسلىرى، پوزىتسىيىلىرى پىرقىمىزنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەن بىردەك بولۇشى، پىرقىمىزنىڭ قارارلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى، پىرقىمىزنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى كېرەك.

سىلەر شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، گۇرۇپپا بولۇپ ئۆيمۇئۆي شۇپ پىرقە خىزمەتلىرىنى ئىجرا قىلىڭلار. قىسقىسى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى ئۈچ مەسىلىگە توغرا يولغا يېتەكلەڭلار، شىنجاڭ خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ پىرقىمىزنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىڭلار، بۇ مەركىزنىڭ سىلەردىن كۈتىدىغان ئەڭ چوڭ ئۈمىدى.

ھازىر شېڭ دۇبەن مەركەزگە تولىمۇ سادىق، شۇنداقتىمۇ شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن ھەممە ئىشتا ئېھتىيات قىلىڭلار، قارىغۇلارچە ئىش قىلماڭلار.

ئارقىدىن گومىنداڭ مەركىزىي تەشكىلات مىنىستىرلىقى-

نىڭ مىنىستىرى جۇ جياخۇا جياڭ جيېشىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن، چوقۇم شىڭ شىسەي بىلەن ياخشى ئۆتۈڭلار، ئاراڭلاردا سۈركىلىش يۈز بەرمىسۇن، ھەممىدە شىڭ شىسەيگە ھۆرمەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا تايىنىڭلار.

مەركەز شىنجاڭغا بارىدىغانلارغا ئورۇنلىشىش پۇلىدىن باشقا يەنە تەمىنات خىراجىتى بېرىدۇ. سىلەر شىنجاڭدا ھەرقانداق قىيىنچىلىققا يولۇققان ئەھۋالدىمۇ ئۆز بۇرچىڭلارنى ئادا قىلىشىڭلار كېرەك.

كۆرۈنۈشتە شىڭ شىسەيگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇ يەرلىك خاقانىنىڭ ئامال بار چىشىغا تەگمەي، يوشۇرۇن سىڭىپ كىرىپ، گومىنداڭنىڭ تايانچ خادىملىرىنى ھەرقايسى مۇھىم ئورۇنلارغا تېز ئارىدا كىرگۈزۈۋېتىش جياڭ جيېشى بىلەن جۇ جياخۇانىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭنىڭ تۈركۈم ـ تۈركۈم كادىرلىرى، يەنە بىرنەچچە يۈز ياش «غەربىي شىمالنى ئېچىش»، «دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى غەربىي شىمالدا» دېگەن شوئارلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. «شىنجاڭغا بارايلى!» دېگەن شوئار چۇڭچىڭدا بىر مەزگىل تازا ئەۋج ئالدى.

شىنجاڭغا بارغانلارغا بېرىلىدىغان ئېتىبار بەكمۇ يۇقىرى ئىدى: چۇڭچىڭ بىلەن شىنجاڭدا قوشلاپ مائاش ئالاتتى، خىزمەت قىلغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقانلارغا يېرىم يىللىق مائاش مۇكاپات قىلىپ بېرىلەتتى ھەم ئۆيىگە تۇغقان يوقلاپ بارسا يول كىرالىرى بېرىلەتتى. بۇ مال باھاسى تولىمۇ يۇقىرى بولغان چۇڭچىڭدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۈچۈن تولىمۇ جەلپ قىلارلىق ئىش بولغاچقا، شىنجاڭغا بېرىشقا تىزىملاتقانلارنىڭ سانى 5 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى.



1943 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى نەشر قىلىنغان «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىنىڭ مۇقاۋىسى

شۇ يىلىنىڭ بېشىدا، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى بىلەن گومىنداڭنىڭ پەۋقۇلئاددە پىرقىسى (يەنى ئارمىيە پەۋقۇلئاددە پىرقىسى) قۇرۇلدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى پەۋقۇلئاددە پىرقىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ پىرقە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى بولدى.

شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى بىرلەشمە ئۇيۇشمىسىنىڭ سەككىز يىل ئېسىلغان ۋىۋىسكىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭگو گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئېسىلدى.

«جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نەشردىن توختاپ، ئورنىغا ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى. ژۇرنالنىڭ سىرتىغا گومىنداڭنىڭ پارتىيە بەلگىسى سىزىلدى، ئالتە شوئارنىڭ ئورنىنى 12 شوئار ئىگىلىدى، ئارقىدىنلا «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئەمەلدىن قېلىپ ھەممە يەرنى «ئۈچ مەسلەك» قاپلاپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدىغان «ئۇلۇغ، دانا داھىمىز شېڭ دۇبەن» دېگەن لوزۇنكىلار ئېلىپ تاشلىنىپ «ئۇلۇغ داھىمىز جياڭ ۋېييۈەنجاڭ» دېگەن لوزۇنكىلار ئېسىلدى، شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي كىيىملەر بىلەن چۈشكەن ئۆلچەملىك سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ جياڭ جېيشىنىڭ سۈرىتى ئېسىلدى.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋ-

قۇلئاددە خادىمىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەھكىمە-سىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكاپەرەس ۋۇ زېشياڭ پەۋ-قۇلئاددە خادىمنىڭ ئىشخانىسىدىكى يۇمشاق كرېسلودا ئولتۇرۇش-قا مۇشەررەپ بولدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى قۇرۇلدى. ۋۇ زېشياڭ ئەنگلىيىنىڭ تۇنجى كونسۇلى دىياۋ رۇلې، ئامېرىكا كونسۇلى كې لېبولار بىلەن سىگارت چېكىپ، شامپان ئىچىپ ئولتۇرۇپ سۆھبەتتە بولدى.



20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە خادىمى مەھكىمىسى

1943 ـ ، 1944 ـ يىللىرى جياڭ جيېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇ-رۇشى بويىچە، 29 ـ جىتۇەنجۇن لى تيېجۇننىڭ قوماندانلىقىدا جيۇچۇەندىن قۇمۇلغا يۆتكەلدى. ئۇنىڭ 18 ـ ئاردىلاشما لۇيى، 45 ـ ، 46 ـ ، 48 ـ شىلىرى، زاپاس 7 ـ شىنىڭ تۇەنلىرى بۆلۈنۈپ قۇمۇل، باركۆل، چىتەي، ئۈرۈمچى ئەتراپى، ئالتاينىڭ دابىسىن، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلىشىپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ئىستراتېگىيە-لىك مۇھىم جايلىرىنى ئىگىلىدى.

شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپى گومىنداڭ ھەربىي مەكتەپلىرى

قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ مەركىزىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 9 - تارماق مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىكلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گېرمانىيىچە ھەربىي ئىشلار پروگراممىسى بويىچە دەرس ئۆتۈلىدىغان بولدى.

شىنجاڭ ئەدلىيە مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى لوجيالۇن ئەدلىيە مۇپەتتىشى، ۋاڭ جىتيەن مۇئاۋىن مۇپەتتىش بولدى. بۇ ئورۇن ئاتالىشتا مەركەزگە ۋاكالىتەن شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان ئورگان ئىدى. لېكىن، لو جيالۇن دېگەن بۇ تالىپ مىجەز ئادەم قورال تۇتۇپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەيگە تەڭ كېلەلمەيتتى، ئۆزىنى ئەزەلدىن «ئۇلۇغ» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي گەرچە ئۇ شەرەپلىك نامدىن قۇرۇق قالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب دەپ يۈرۈۋاتاتتى، لو جيالۇننى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايتتى. تاسادىپىي ھالدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ قالسا، تولۇق قوراللانغان مۇھاپىزەتچىلىرى ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئالدىن بېرىپ، ئۆگزىلەردىن تارتىپ مەھكىمىنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلارغىچە خۇددى چوڭ بىر دۈشمەن قوشۇنى كېلىدىغاندەك، قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ ھەيۋىسىنى كۆرسىتەتتى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ يامان نامى ھەممە يەرگە تارقىلىپ ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىدىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئورۇن ئەمدى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، باشقارما باشلىقى يەنىلا شېڭ شىسەينىڭ يېقىنى لى يىڭچى بولۇپ، نامى ئۆزگەرگەن بىلەن ئادىمى ئۆزگەرمىدى. ئۇ ئورۇن بىلەن لى يىڭچىنىڭ ئىسمى چىقسا ئۈرۈمچى خەلقى دىر - دىر تىترەيتتى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا بارلىق پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى



شىڭ شىسەي بازغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت دەرسلىكى» نىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ مۇقاۋىسى

باشقۇرىدىغان ئىش ئەمەلدىن قېلىپ،
مەركىزىي بانكا بۇ يەردە تارماق بانكا
ئاچتى، شىنجاڭ پۇلىلا ئۆتىدىغان ئەھ-
ۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلىپ، ئىچكىرى-
نىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ پۇللىرىنىمۇ
ئىشلىتىشكە بولىدىغان بولدى.

ئارقىدىنلا ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ تا-
موژنا ئىدارىسى قۇرۇلدى، مەملىكەت-
لىك باش تاموژنا ئىدارىسى باج مەھكى-
مىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى
دىڭ گۈيتاڭ قوشۇمچە تاموژنا ئىدارىسى-
نىڭ باشلىقى بولدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ ئائىلىلىكلەر
قورۇسى مەركىزىي مەشىق تۈەنىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تارماق
تۈەنىنىڭ مەشىق ئېلىپ بېرىش ئورنى قىلىندى. شېڭ شىسەي
دائىم بۇ يەرگە كېلىپ دەرس سۆزلەپ، جياڭ جيېشىنىڭ نامىدا
يېزىلغان «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» ناملىق كىتابىنى ماختاپ
كۆككە كۆتۈرەتتى.

ماركسىزم ـ لېنىنىزم كىتابلىرى چەكلەندى، ئىلگىرى
ھۆكۈمەت كادىرلارغا ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغان «ھۆكۈمەتنىڭ
ئۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى»، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت دەرسلىكى»
دېگەن كىتابلارمۇ چەكلەنگەن كىتابلار قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىل-
دى، «ئۈچ مەسلەك»، «ۋېيىۈەنجاڭنىڭ سۆزلىرى»، «يېڭى
تۈرمۇش ھەرىكىتىنىڭ پروگراممىلىرى» دېگەن كىتابلار پۇلنىڭ
كۆزىگە قارالماي زور ساندا بېسىلىپ، ھەرقايسى ئىدارە ـ
ئورگانلارنىڭ ئوقۇپ مۇزاكىرە قىلىشلىرى ئۈچۈن تارقىتىپ
بېرىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» دە يەنئەن بىلەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ

خەۋەرلىرى، تېلېگراممىلىرى كۆرۈنمەيدىغان بولدى، چىن ۋەن-لى مەركەز ئاگېنتلىقىنىڭ شىنجاڭ تارمىقىنىڭ مۇدىرى بولدى. ئۇلار مەركەز ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن باش-قا، شېڭ شىسەينىڭ پائالىيەتلىرىگە ئائىت ئاخباراتلارنى باش-ئىدارىگە مەلۇم قىلىپ تۇراتتى.

شېڭ شىسەينىڭ تېنى جياڭ جيېشىنىڭ تېنى بىلەن يۇغۇ-رۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كالىلىسىنى چۈڭچىڭ تېخى ئۆزگەرتىپ بولالمىغانىدى. ئۇ بىر مەزگىل كۆككە كۆتۈرگەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى قانداق قىلىپ ئۈچ مەسلەككە ئۆز-گەرتىش مەسىلىسى ئۇنىڭ ئالدىدىكى قىيىن بىر مەسىلە ئىدى.

ئايلانغاندا ئاستا - ئاستا ئايلىنىش كېرەك، جىددىي ئايلان-غاندا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ، بۇ ھەقىقەت.

1943 - يىلى، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇل-غاندا، شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەيئەت مۇدىرلىق سالاھىيىتى بىلەن يىغىندا سۆز قىلىپ: «گومىنداڭ دۆلەتنى قۇتقۇزىدىغان پارتىيە، ئۈچ مەسلەك دۆلەتنى قۇتقۇزىدى-غان، دۇنيانى قۇتقۇزىدىغان مەسلەك، نىجاتلىق مەسلەك» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق تاتلىق گەپلەر تېخىمۇ كۆپەيدى.

«‹ئالتە بۈيۈك سىياسەت› نىڭ نەزەرىيىسى ئۈچ مەسلەك نەزەرىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۈچ مەسلەكنىڭ ئالاھىدە مۇھىتتا تەتبىق قىلىنىشى، شۇڭا ‹ئالتە بۈيۈك سىياسەت› نى يولغا قويۇش ئۈچ مەسلەكنى يولغا قويغانلىقتۇر.»

«ئۇلۇغ ئۈچ مەسلەك جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىلا ئازادلىققا چى-قىرىپ قالماي پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىمۇ ئازادلىققا چىقىرى-دۇ. ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، دۆلەتنى قۇرۇش مۇساپىسىدىكى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مۇقەددەس ئىشلىرى-مىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان نۇرلۇق ماياك، دۇنيانىڭ تاجا-ۋۇزچىلىققا قارشى ئۇلۇغ كۈرەشلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدى-

غان نۇرلۇق مایاك (بۇرۇن بۇ مایاك ‹ئالتە بۇيۇك سىياسەت› ئىدى).»

«‹ئالتە بۇيۇك سىياسەت› ئۈچ مەسلەكنىڭ كۆۋرۈكى.»

شېڭ شىسەي يەنە ئىلگىرى ئۆزى ئېتىقاد قىلغان ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراشلار ھەققىدىمۇ ئىلگىرى ئۆزى دېگەنلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان گەپلەرنى قىلدى: «ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراش پۈتكۈل تارىخنىڭ ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.»

شېڭ شىسەي ئاخىر «ئالتە بۇيۇك سىياسەت»تىن ئۈچ مەسلەككە ئۆتۈش، ماركسىزمنىڭ مۇرتىدىن ئۈچ مەسلەكنىڭ مۇرتىغا ئايلىنىش جەريانىنى تولۇق ئورۇنداپ بولدى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئوڭۇشلۇق كىرىشى شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن بولغانىدى. گومىنداڭمۇ ئۇنىڭغا يامان قىلمىدى، دۇبەن بىلەن رەئىسلىكتىن باشقا 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت مۇدىرى، دۇبەن مەھكىمىسى پەۋقۇلئاددە پىرقىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە خادىمى، مەركىزىي مەشىق تۇەنى شىنجاڭ تارماق تۇەنىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي ھەربىي مەكتەپ شىنجاڭ شۆبە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، غەربىي شىمال ترانسپورت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئىتى قاتارلىق سەككىز چوڭ مەنسەپكە ئېرىشتى.

## ۋېيۇەنجاڭغا قىلىنغان سوۋغا

شېڭ شىسەينىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ جياڭ جيېشىغا قىلغان ئەڭ ياخشى سوۋغىسى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بېشى ئىدى.

سوڭ مېيلىڭ شىنجاڭغا كېلىپ - كەتكەننىڭ ئالدى - كەينىدە، شېڭ شىسەي قول سېلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مۇتلەق كۆپ قىسىم كومپارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقاي-

سى جايلىرىدىن ئۆلكە مەركىزىگە ئەكېلىۋالغان، چېن تەنچيۇنىڭ هاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. 1942 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، چېن تەنچيۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزي كومىتېتىغا تېلېگراممىا يوللاپ: «بىز هازىر ھېچقاياققا قىمىرلىيالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالدۇق، هەتتا ئۇلار بىزگە زەهەرلىك قوللىرىنى سېلىشىمۇ مۇمكىن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دىمىتروفقىمۇ تېلېگرامما يوللاپ 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، چېن تەنچيۇ يەنە ئەڭ ئاخىرقى تېلېگراممىسىنى يوللاپ: «دۇبەن بىزگە ئەگەر بىزنى گومىنداڭ بايقاپ قالسا ئۆزىنىڭ ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ خەقنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش… بىزنىڭ ئەھۋالىمىز كۈندىن ـ كۈنگە قىيىن هەم خەتەرلىك بولۇۋاتىدۇ، يىراقتىكىلەر (سوۋېت ئىتتىپاقى) نىڭ بۇ يەردىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئىشىنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز، بولمىسا ئۆلگۈرگىلى بولمايدۇ» دېدى.

دېگەندەك، ئۇ ئىشقا ئۆلگۈرگىلى بولمىدى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرى كومپارتىيە ئەزالىرى يىغىلىپ تۇرۇۋاتقان باخۇلياڭنى تۇيۇقسىز قورشىۋېلىپ، «سىلەرنى شېڭ دۇبەن سۆھبەتكە چاقىردى» دېگەن نام بىلەن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىقلارنى تۇتۇپ كەتتى.

1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بولۇپ 128 ئادەم ليۇ ۋېنلوڭنىڭ قورۇسى، سەنجياۋدى، باخۇلياڭ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئارقا قورۇسىدىكى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار ئەترىتى قاتارلىق جايلاردا نەزەربەند قىلىندى.



1 ـ نەزەربەندخانا — ليۇ گۈڭگۈەن



2 ـ نەزەربەندخانا — سەنجياۋدى

كومپارتىيە ئەزالىرى نەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خېلى كۆپ تىرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئۇلارنىڭ يەنئەنگە قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە: «سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن ستالىن چېن تەنچيۇ بىلەن ماۋ زېمىننىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ» دېدى. ئاللىبۇرۇن ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگەن شېڭ شىسەي ئەمدى ستالىننىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كوممۇنىستلارنى قويۇۋەتسە جياڭ جيېشىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەدەپ بىلەن، ئەمما سوغۇق تەلەپپۇزدا: «مېنىڭ قولغا ئالغىنىم جۇڭگونىڭ پۇقرالىرى، ئۇلار قانۇنغا بويسۇنۇشلىرى كېرەك. سوۋېت تەرەپ، ئەڭ ياخشىسى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسۇن» دېدى. تاشقى ئىشلار سىياسىتى تۈپەيلىدىن باش كونسۇل باشقا گەپ قىلالمىدى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرى مەغلۇپ بولدى.

1943 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، جياڭ جيېشى ئۇرۇم-

www.uyghurkitap.com



3 ـ نەزەربەندخانا — باخۇلياڭ

چىگە بارماقچى بولۇۋاتقان مۇدىر دەرىجىلىك ھەربىي سوتچى ۋاڭ دېپۇنى تۇرالغۇسىدا قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— شىڭ دۇبەندىن تېلېگراما كەلدى، ئۇ كومپارتىيىنىڭ ۋەكىلى چېن تەنچيۇ قاتارلىقلارنى تۇرمىگە ئاپتۇ. ئۇ يەنە «بىر قاتار توپىلاڭ دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى» قۇرۇپ، مەركەزدىن شىنجاڭغا چوڭراق بىر ئەمەلدارنى ئەۋەتىپ سوت ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. مەن سىزنىڭ «ھەربىي كومىتېت قارىمىقىدىكى ھەربىي قانۇننى ئىجرا قىلىش باش نازارەت ئورنىنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىش گۇرۇپپىسى» تەشكىللەپ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئاشۇ دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىپ كېلىشىڭىزنى، ئاساسلىقى كوممۇنىستلارنى تازىلىشىڭىزنى بۇيرۇيمەن، — جياڭ جيېشى يەنە مەنىلىك قىلىپ شۇنداق دېدى، — مەن مەركەزگە ۋاكالىتەن سىزگە ئىشىنىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمەن. سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئەمەلدارلىرىمنىڭ بىرى، بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنداپ كېلىڭ. كومپارتىيىنىڭ مۇھىم خادىملىرىغا چوقۇم ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن، باشقا مۇھىم ئادەملىرىمۇ قاتتىق جازالانسۇن. كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى چوقۇم تازىلاش كېرەك.

ۋاڭ دېپۇ، لى يۈەنپۇ (شاۋجياڭ دەرىجىلىك ھەربىي سوت-

چى) ، جۇ شۇشېڭ (شاۋجياڭ دەرىجىلىك ھەربىي سوتچى) ، جېڭ دالۇن (شاۋشياۋ دەرىجىلىك ھەربىي سوتچى) قاتارلىقلار ئۇرۇمچىگە يېتىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ۋاڭ خۇڭساۋ چىقتى. مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ئادەت بويىچە تولۇق قوراللانغان نەچچە ئون مۇھاپىزەتچى ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە، تاملارغا سەكرەپ چىقىشىپ جىددىي ھالەتتە تۇردى. شېڭ شىسەي ئۇلاردىن ئايرودرومغا چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى ھەم چۈشەندۈرۈپ: «ھازىر پەۋقۇلئاددە چاغ بولغاچقا، ئېھتىيات قىلمىسام بولمايدۇ» دېدى.

كەچتە، شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىدىكى چوڭ زالدا ئۇلارغا زىياپەت بەردى. زىياپەت جىددىي كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى. زىياپەتنىڭ ھەشەمەتلىكى، ئۇستەللەرگە تىزىلغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئېسىللىقى مېھمانلارنى ھەيران قالدۇردى.

ۋاڭ دېپۇ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي «ۋاقىتلىق سوراق قىلىش - تەكشۈرۈش كومىتېتى»نى قايتا قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى ليۇ شياۋلىنى مۇدىر، ۋاڭ دېپۇنى مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ بېكىتتى. ئۇرۇمچى بىلەن چۆچەك تەرەپ بىرلىشىپ بۇ دېلولارنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. كېيىن ۋاڭ دېپۇ ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ:

«دېلو ئارخىپلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، شىنجاڭدا ھەر يىلى 4 - ئاي ئىچىدە ئاتالمىش «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ»لارغا ئوخشاپ كېتىدىغان سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا چېتىلمايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىكەن. ئاڭلىساق، ئۇ توپىلاڭلارنىڭ كۆپىنى سوۋېت كومپارتىيىسى پىلانلىغان بولۇپ، مەقسىتى ھاكىمىيەت ئالماشتۇرۇش ياكى تېررورلۇق پەيدا قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بولغان كونتروللۇقىنى

www.uyghurkitap.com

كۆچەيتىش ئىكەن. ھەممە دېلولاردا جاۋابكارنىڭ ئىقرارلىرىلا ئاساس قىلىنغان، قوشۇمچە پاكىتلار يوق، يازما ئىقرارلار جىنايەت بېكىتىشتە ئاساس قىلىنغان. ئىقرارلارنىڭ كۆپىنى جاۋابكارلار ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان، بەكمۇ ئۇزۇن، خۇددى ھېكايە سۆزلەۋاتقاندەك بارلىق ئىنچىكە تەپسىلاتلار ئەينەن يېزىلغان، توپلىسە قېلىن بىر كىتاب بولىدۇ. مەسىلەن، مائارىپ نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى لى يىئو، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى (شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى دېيىش كېرەك) دۇ جۇڭيۈەن قاتارلىقلارنىڭ ئىقرارلىرى ئەنە شۇنداق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ جىنايەتچىلەرنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشتىن باشقا چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇش، ئالداپ ئىقرار قىلدۇرۇش، ئىقرار قىلغانلىرى سوراقچىلارنىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كېلىشمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدىكەن، شۇ چاغدىلا خاتىرە قالدۇرغۇچىنىڭ خاتىرىلىشىگە يول قويۇلىدىكەن، ياكى جاۋابكار ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بېرىدىكەن، مەزمۇنى خىلمۇخىل بولىدىكەن. راست ـ يالغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى يېزىلىدىغان بولغاچقا، قايسىسىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ يالغان، پەرقلەندۇرۇش قىيىن ئىكەن.»



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرغان 3 ـ قېتىملىق ۋەكىلى، 8 ـ ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى چېن تەنچيۇ

چۇڭچىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى كوممۇنىستلارنى ئۆلتۈرۈش ئىدى.

چېن تەنچيۇ تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ سوراق قىلىنىشقا باشلىدى. شېڭ شىسەي بىلەن جياڭ جيېشى بىرلىشىپ قۇرغان «ۋاقىتلىق سوراق قى-

لىش ـ تەكشۈرۈش كومىتېتى» چېن تەنچيۈنى جۇڭگو كومپارتىـ
يىسى شىنجاڭدا «مەخپىي پائالىيەتلەر» دە بولغان، «تۆپىلاڭ
كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان» دېگەنلەرگــە ئىقرار قىلــدۇرماقچى بولـ
غاندا، چېن تەنچيۈ ئۇلارغا كۈچلۈك رەددىيە بەردى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنــى، لى يۈەنپۇ چېن تەنچيۈدىن:

— سىلەر مەخپىي ھەرىكەتلىرىڭلارنى قانداق ئېلىپ باردىڭـ
لار؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ ھېچقـانداق مەخپــىي ھەرىكەتلىرىمىز بولمىـ
غان! — دەپ جاۋاب بەردى چېن تەنچيۈ.

— سىلەرنىڭ شىنجاڭدا ئەكسىيەتچى پائالىيىتىڭلار بارمۇ،
يوق؟

— كومپارتىيە ساختىلىق قىلمايدۇ. سىزگە يەنە بىر قېتىم
ئېيتىپ قوياي، بىز ھۆكۈمەتكە زىيان كەلتۈرىدىغان ھېچقانداق
ھەرىكەتلەردە بولمىدۇق، ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە مۇخالىپ ئىشـ
لارنى تېخىمۇ قىلمىدۇق، ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە چىن دىلىمىزـ
دىن سادىق بولدۇق.

— سىلەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇ يەردە مەخپىي ھەرىـ
كەتلىرى بار ئىكەن، سېنىڭ ئۇنى ئىقرار قىلغۇڭ كەلمەيۋاتامـ
دۇ، قانداق؟

— جۇڭگو كومپارتىيىسى سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىدىـ
غان كىچىك بىر گۇرۇھ ئەمەس، شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ پائالىـ
يەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىمىز دەپ پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە خىـ
لاپلىق قىلمايمىز.

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئۇلار چېن تەنچيۈنى يەنە سوراق
قىلدى:

— كونسۇلخانىدىكىلەر نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ باشلىقلىرىمىزـ
نى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ؟

— ئۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان.

— ئەگەر سەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بوپقالغان بولساڭ قانداق قىلىسەن؟

— بۇنداق ئىشمۇ مۇتلەق يوق.

— ماددىي ئىسپات ھەم گۇۋاھچىغا ئىشىنەمسەن؟

— ئىشەنمەيمەن، بەلكىم ئۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى كىشىلەرنىڭ ئىسپاتىدۇ. ئىقرار دېگەننى ياسىغىلى بولىدۇ.

— ماددىي ئىسپات كۆرسەتسەك، گۇۋاھچىنى ئالدىڭغا ئېلىپ كەلسەك، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنى قانداق ئاقلايسەن؟

— ماددىي ئىسپاتىنىمۇ، گۇۋاھچىنىمۇ يالغاندىن پەيدا قىلغىلى بولىدۇ.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، دۈشمەن چېن تەنچيۇنى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستىدە بولغانلىقىغا ئىقرار بولۇشقا قىستىدى.

— مەن ئۇنداق پاكىتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى چېن تەنچيۇ ئۇلارغا كۈچلۈك رەددىيە بېرىپ، — كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنداق ئىشلارغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ چىقىشىغىمۇ ئىشەنمەيمەن. مېنى ئۇلارغا كۆرسەتمە بەرگەن دېگەن سۆز پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىقىلغان. بۇ گېپىمگە ئىشەنمىسەڭلار، مەن كۆرسەتمە بەرگەن شۇ كىشىنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار.

ئەتىسى، ۋاڭ دېيۇ بىلەن جى يۈەنپۇ راستىنىلا بۇرۇن خائىن بولۇپ كەتكەن پەن تۇڭ، لىيۇ شىپىڭ، لى يىمىڭ، زاڭ گۇيپىڭلارنى ئېلىپ كېلىپ چېن تەنچيۇ بىلەن «يۈزلەشتۈردى». ئۇلار «يۈزلىشىش» كە جۈرئەت قىلالمىغاچقا، ئۇلارنى پەردىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاللىبۇرۇن تەييارلىغان ئىقرارنامىنى ئۇلارغا ئوقۇتتى، ئوقۇتۇپ بولۇپلا يالاپ ئاچىقىپ كەتتى. ئۇلار چېن تەنچيۇ ئەمدى ئېغىز ئاچالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، چېن تەنچيۇ ئۇلارنى، نومۇسسىز، رەزىل

ئادەملەر ئىكەنسىلەر، دەپ قاتتىق تىللىدى.

— ليۇ شىپىڭ، پەن بونەن (يەنى پەن تۆڭ)، لى يىئو، زاڭ گۇپېڭلارنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسى توقۇلغان، ئۇلار ۋىجدانىنى سېتىپتۇ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى چېن تەنچيۇ.

ۋاڭ دېپۇ يۈزىنى داپتەك قىلىپ چېن تەنچيۇغا:

— توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان سۇيىقەستچىڭنىڭ پاكىتلىرىنى بىرىنى قويماي تولۇق سۆزلە، ساڭا بىرنەچچە مىنۇت ئويلىنىشقا ۋاقىت بېرىمىز، — دېدى.

— توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولغان ئىش زادىلا يوق، ئويلىنىدىغان ھېچقانداق ئىشمۇ قىلمىدۇق! — دەپ جاۋاب بەردى چېن تەنچيۇ.

چۈشتىن كېيىن كەلگەنلەر سوراق قىلغاندىن باشقا، شېڭ شىسەيمۇ چېن تەنچيۇنى تېلېفوندا سوراق قىلغانىدى، چېن تەنچيۇ تېلېفوندا شېڭ شىسەينى ياخشىلىقنى ئۇنتۇغان مەلئۇن، دەپ تىللاپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى يەرگە ئېتىپ پاچاق - پاچاق قىلىۋەتتى. بىر قېتىم شېڭ شىسەي چېن تەنچيۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا قىلغان خىلمۇخىل سۇيىقەستلىرىنى ئىقرار قىلساڭ خوتۇن - بالىلىرىڭ بىلەن بىللە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىسەن، دېگەندە، چېن تەنچيۇ شېڭ شىسەينى قاتتىق تىللاپ تۇرۇپكىنى قويۇۋېتىپ نېرى كەتكەنىدى. شېڭ شىسەي يەنە تېلېفوندا ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ، ئەگەر گەپ ئاڭلىمايدىغان بولساڭ ساڭا ھايات يولى يوق، دېگەندە، چېن تەنچيۇ: «بىز كومپارتىيە ئەزالىرى بېشىمىزنىڭ كېتىشىدىن، قېنىمىزنىڭ ئېقىشىدىن قورقمايمىز، جاسارىتىمىزدىن يانمايمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۈشمەن ماۋ زېمىنىنىمۇ قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلدى. سوراق مەركەزلىك ھالدا سۇيىقەستلىك توپىلاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە بولدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، جى يۈەنپۇ قاتارلىقلار:

www.uyghurkitap.com

— كونسۇلخانا بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟ — دەپ سورىدى ماۋ زېمىندىن.

— ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق، ئومۇمەن ئىشى بىلەن ئالاقىلەشتىم، ئەمما خۇسۇسىي ئىش بىلەن بىر قېتىممۇ كۆرۈشۈپ باقمىغان.

— مەسلىھەتچىلەر سىلەرگە بىرەر ئەھۋالنى ئېيتمىغانمۇ؟

— ياق.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، دۈشمەن ماۋ زېمىننى يەنە سوراق قىلدى:

— سوۋېت ئىتتىپاقى نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلارنىڭ توپىلىڭىنى پىلانلايدۇ؟

— شىنجاڭدىكى ھەر قېتىملىق توپىلاڭلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى باستۇرۇپ بەرگەن. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى شۇ توپىلاڭلارغا ئارىلىشىدىغان بولسا مەن بىرىنچى بولۇپ قارشى چىقاتتىم، ئۇنداق ئىش پەقەتلا بولۇپ باقمىغان.

— ئەگەر سىلەرنىڭ شىنجاڭدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان ئىشىڭلار بولۇپ قالسا قانداق قىلىسەن؟

— ئەگەر شۇنداق ئادەم بولۇپ بولسا ئۇ مىللەتنىڭ خائىنى، گۇناھكارى، ئۇنى دۆلەت قانۇنى بويىچە جازالاش كېرەك. ئەمما، كومپارتىيە ئەزالىرى ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. شۇنداق ئىشنى قىلغان بولسا ئۇ مىللەتنىڭ خائىنى، سىياسىي مۇناپىق. دۆلەت ئۇنداق ئادەمنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك.

مەن ھەرقانداق ئىشنى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ قىلدىم، ئۇ مەنپەئەتكە خىلاپلىق قىلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك دۆلەت، مىللەتنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ خىزمەت قىلدىم. سىلەرنىڭ بىزگە دەۋاتقان، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەردە بولدۇڭلار، دېگەن گەپلىرىڭلار بىزگە قىلىنغان بىر خىل

ھاقارەت... مەن شىنجاڭدا ۋىجدانىم بىلەن، سەمىمىي ساداقىتىم بىلەن ئىشلەپ كەلدىم.

— سوۋېتلىكلەر نېمە ئۈچۈن شېڭ لۈيجاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؟

— ئۇ گەپكە ئىشەنمەيمەن. بۇ ئەمەلىيەتتىن پۈتۈنلەي چەتنىگەن گەپ.

— ئەگەر سەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»كە قارشى تۇرغان بولساڭ، ئۇنىڭغا نېمە دەيتتىڭ؟

— مەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»كە مۇتلەق قارشى تۇرۇپ باقمىدىم، چۈنكى «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئىلغار ھەم شىنجاڭغا ماس كېلىدىغان سىياسەت.

— ناۋادا «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»كە قارشى تۇرغانلىقىڭغا، سۈيىقەست ئىشلەتكەنلىكىڭگە پاكىتلار تولۇق بولسا، بۇ سېنىڭ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىگە قارشى تۇرغانلىقىڭ بولامدۇ؟

— كومپارتىيىنىڭ مەيداندا تۇرغاندىمۇ، گومىنداڭنىڭ مەيداندا تۇرغاندىمۇ ئوخشاشلا «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»كە قارشى تۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق ئىشقا پەرەزنى قوشقىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئىش زادىلا بولۇپ باقمىغان.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، دۈشمەن پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ماۋ زېمىننى پارتىيىدىن چىقىپ كېتىشكە قىستىدى.

— سەن كومپارتىيىدىن ئايرىلساڭ بولامدۇ؟

— مەن ئۈچ مەسلەك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايمەن، ئەمما كومپارتىيىدىن ئايرىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

— كومپارتىيىدىن ئايرىلساڭ زادىلا بولمامدۇ؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس. كومپارتىيە ئەزالىرى نەگىلا بارسا دۆلەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن ياشايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋاڭ دېيۇ قاتارلىقلار ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» مەسىلىسىنى

ھەل قىلماقچى بولۇپ، خائىنلارنى يۈزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۇسۇش ئىغىزى ئاچماقچى بولدى. بۇمۇ ئوخشاشلا ئەخمەقلىق ھەم ئاۋارىچىلىق ئىدى.

— توپىلاڭ كۆتۈرۈش، كونسۇلخانىدا يىغىن ئېچىش، توپىلاڭ پىلانى قاتارلىق پاكىتلارغا قانداق قارايسەن؟

— ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بايرىمى، 1 ـ ماي ئەمگەكچىلەر بايرىمى كۈنىدىن باشقا چاغلاردا مەن كونسۇلخانىغا يىغىنغا بېرىپ باقمىغان.

— ئەمىسە سەن سۈيىقەستلىك توپىلاڭغا قاتناشقانمۇ؟

— ئۇنداق ئىش زادىلا بولۇپ باقمىغان، لى يىئونىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي يالغان.

— سەن ئۇنىڭ پاكىت ئەمەسلىكىگە ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلەمسەن؟

— 8 ـ ئارمىيىنىڭ نەنلياڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن فۇگۇەنلەر باشقارمىسىدىكى ئادەملەردىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ئۇ يەرگە بارمايدۇ. ليۇ شىپىڭ بىلەن پەن بونەنلەر خائىن، ئۇلارنىڭ كونسۇلخانىغا مەجلىسكە بارغان ئىشى ئەڭ ئاددىي مەنىدىن ئېيتقاندىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

— سېنىڭ پاكىتلارنى سەممىيلىك بىلەن سۆزلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز.

— ھېچقانداق پاكىت يوق.

چېن تەنچيۇ بىلەن ماۋ زېمىن، بۇ ئىككى نەپەر سادىق كومپارتىيە ئەزاسى قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىدى. چېن تەنچيۇنى «ئايروپىلان»غا، «تانكا»غا ئولتۇرغۇزدى، ئۇچلۇق تۆمۈرلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ قويدى، داشقاللارنىڭ ئۈستىگە ئۈچ كۈن تىزلاندۇرۇپ قويدى. ئىككى قولىنى ئۇزۇن تاياققا توغرىسىغا باغلاپ قويۇپ، سۇغا چىلانغان قامچا بىلەن ئۇرۇپ پۈتۈن بەدىنىنى تىلغۇەتتى. ماۋ زېمىننىڭ ئالقانلىرى تىتىلىپ

كەتتى، ئاغرىق ئازابىدا كالپۇكىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى، كى-
يىملىرىنى چىشلەپ يىرتىۋەتتى. جازالاش جەريانىدا ئۇلارنى يەنە
يەتتە كېچە - كۈندۈز ئۇخلاتمىدى.
6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جېڭ دالۇن ياساپ چىققان «شۆي
جىي قاتارلىقلارنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان كەلتۈرگەن دېلو-
سىنى سوراق قىلىشتىن خاتىرە» گە 79 ئادەمنىڭ سوراق خاتىرى-
سى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ 15 ى كومپارتىيە ئەزاسى
ئىدى. ئۇنىڭدا چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ ئۇچىگە
ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم
قىلىنسۇن» دېيىلگەن، ئەمما ئازراقمۇ پاكىت يوق ئىدى. ۋاڭ
دېيۇ بىلەن شېڭ شىسەي شۆي مېڭچيۇ، پەن تۇڭ، ليۇ شىپىڭ
قاتارلىق بىرنەچچە خائىننى «سوراق» قىلىپ ئىش چىقارغاندىن
باشقا، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىر ئادىمىدىنمۇ ھېچ نەرسىگە
ئىگە بولالمىدى.
ۋاڭ دېيۇ 6 - ئايدا چۇڭچىڭغا قايتقاندا، شېڭ شىسەي
ئۇنىڭغا مەھكەم پېچەتلەنگەن بىر چاماداننى جياڭ جېيشىنىڭ ئۆز
قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ، دەپ بەردى. چامادانىدىكىسى شېڭ شى-
چىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك دېلوسىغا، ئالتاي توپىلىڭىغا، دۇ جۇڭ-
يۈەن دېلوسىغا ئائىت 18 پارچە ماتېرىيال ئىدى. جياڭ جېيشى
بۇ ماتېرىياللارنى 2 - باشقارمىنىڭ باشلىقى چېن بۇلېي-
غا كۆرۈپ چىقىشقا تاپشۇرۇپ بەردى، چېن بۇلېي شۇ باشقارمى-
نىڭ 6 - گۇرۇپپىسىدىكى مەخسۇس ئاخباراتلارنى رەتلەيدىغان
تاڭ زۇڭغا تاپشۇرۇپ، ھەربىر دېلونى تەكشۈرۈش ۋە ھەل قىلىش
تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى.
تاڭ زۇڭ ئۇ ماتېرىياللارنى ئىككى كېچە - كۈندۈز ئىچىدە
ئاران كۆرۈپ بولدى. ئۇ 1943 - يىلى 6 - ئاينىڭ 21 -
كۈندىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «شىنجاڭدا يۈز
بەرگەن دېلولارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم، ھەربىر دېلو-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئىچىدە 100 دىن ئارتۇق ئادەم بار، شۇنچىلىك قىلىپ،
ئىككى كېچە ـ كۈندۈزدە ئاران كۆرۈپ بولدۇم. شۈي جىي
سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسىغا قاتناشقانلار نازىردىن ئۈچ، ھەر-
بىي ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن 20، تۈەنجاڭ-
دىن سەككىز، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي خادىملاردىن 14
ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىچەينىڭ خوتۇنى چېن
شيۇيىڭنىڭ شىياۋ زوشىن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن-
دىن كېيىن ئېرىنى ئېتىۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق ـــ ماتېرى-
ياللار بار... ھەممە دېلولاردا جاۋابكارلارنىڭ ئىقرارلىرىلا خاتىرى-
لەنگەن، بىرسىنىڭمۇ پاكىتى يوق، شېڭ دۇبەننىڭ مۇددىئاسى
بويىچىلا سوراق قىلىپ بېكىتىلگەن.» بۇ خاتىرىدىكى گەپلەر
شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدى-
كى كادىرلىرىغا قانداق زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى، قانداق تۆھ-
مەت قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

1943 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي
چيۇ يۈشيۈڭدىن ھەربىي كومىتېتنىڭ چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن،
لىن جىلۇلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ تەستىقلىغان تەستىقنامىسىنى
ساقچى ئىدارىسىغا ئەۋەتىپ ئۇلارنى جازانى ئىجرا قىلىشقا ئالدى-
راتتى. چيۇ يۈشيۈڭ لى يىڭچىغا: «شېڭ دۇبەن ئىككى ـ ئۈچ
كۈننىڭ ئىچىدە چۆڭچىڭغا يىغىنغا بارماقچى، شۇڭا چېن تەنچيۇ-
لارنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلدۇرۇپ جياڭ ۋېيۈەنجاڭغا
دوكلات قىلىدىغان ئوخشايدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن چيۇ يۈش-
يۈڭ، لى يىڭچى قاتارلىقلار ئۇ ئۈچى ياتقان 2 ـ تۈرمىگە
بېرىپ، تۈرمە باشلىقى جاڭ سىشىن بىلەن بىللە چېن تەنچيۇ،
ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارنى بىر ـ بىردىن چاقىرىپ چىقىپ
باشلىرىنى قارا لاتا بىلەن ئورىۋەتتى. تۈرمە ئىشخانىسىنىڭ
ئالدىغا كەلگەندە لى يىڭچى ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى قارا لاتىلارنى
بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈۋەت-

كەندىن كېيىن: «سىلەرنى شېڭ دۇبەن چاقىرىۋاتىدۇ!» دەپ، قارا لاتىلار بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىرىنى يەنە ئورىۋېتىپ، ئاندىن ئىشخانىغا سۆرەپ كىرىپ، پۇت - قوللىرىنى بېسىپ تۇرۇپ بويۇنلىرىغا سىرتماق سېلىپ كۈچەپ تارتىپ، ئۇچىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى. ئاندىن جەسەتلەرنى ئەدىياللارغا ئوراپ ماشىنىغا بېسىپ ليۇداۋانغا ئاچىقىپ ئورا كولاپ كۆمۈۋەتتى.

شۇ يىلى 10 - ئايدا، شېڭ شىسەي چۇڭچىڭدا ئېچىلغان گومىنداڭنىڭ 15 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كېلىپ، چېن يۈشيۈگە ئۇ ئۈچەيلەننى كۆمۈپ قويغان يەرنى ئاچقۇزۇپ جەسەتلىرىنى سۈرەتكە تارتقۇزۇپ جياڭ جيېشىغا ئەۋەتىپ بەردى.

شېڭ شىسەي ئاخىر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بېشىنى جياڭ جيېشىغا سوۋغا قىلدى.

## خەير خوش، قىزىل 8 - تۈەن

جياڭ جيېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى چوقۇم تازىلىشى كېرەك ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قومۇلدا تۇرۇۋاتقان قىزىل 8 - تۈەننى كەتكۈزۈۋېتىش كويىلارنىڭ: «مېھماننى چىللىماق ئاسان، ئۇزاتماق تەس» دېگەن گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

1942 - يىلى 10 - ئايدا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پۇشكىن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا بىر باياناتنامە تاپشۇرۇپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بارلىق تېخنىك خادىملارنى، ھەربىي خادىملارنى ئۈچ ئاي ئىچىدە تولۇق چېكىندۇرۇپ كېتىشنى ئېيتتى. چۈنكى، جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ 1943 - يىلى 1 - ئاي ئىچىدە

چوقۇم قۇرۇلىدىغانلىقىنى، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە ئارمىيىسى ستالىنگرادنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانىدى، بۇ سوۋېتلىكلەرنى شىنجاڭدىن ھەيدەشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى.

ئويلىمىغان يەردىن باش كونسۇل پۇشكىننىڭ پوزىتسىيىسى بەكمۇ قاتتىق بولدى.

— بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان خادىملىرىنى ھەرگىز چېكىندۈرۈپ كەتمەيدۇ، قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان قىزىل 8 - تۈەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە، — دېدى ئۇ.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىچىك تىپلىق 20 نەچچە تانكىسى ئىلى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ جىڭ بىلەن شىخۇغا كېلىپ شېڭ شىسەيگە تەھدىت سالدى. ئەتىسى شېڭ شىسەي قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن تانكىلار ئىلگىرىلەشتىن توختىدى.

شېڭ شىسەي پۇشكىننى يەنە بىر قېتىم قوبۇل قىلىپ:

— ستالىنغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، 4 مىليون خەلق ئىگىلىك ھوقۇقىنى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئادەملىرى چىقىپ كەتمەيدىغان بولسا شىنجاڭ تەرەپ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قىلمىشىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايمەن، — دېدى.

1943 - يىلى 3 - ئايدا، شىنجاڭ ئەتىيازلىق چوڭ پارات ئۆتكۈزدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسلىھەتچى ۋاسىلىيغا:

— 8 - ئۇرۇش رايونى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قىسىملارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلىشنى بۇيرۇدى. قۇمۇلدىكى قىزىل 8 - تۈەننى قانداق مەلۇم قىلساق بولار؟ — دېدى.

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە بىلەن بولغان

ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلۈۋاتاتتى. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قارا دېڭىز بويىدا، 2 ـ ئايدا ئازوۋ دېڭىزى بىلەن ئوكرائىنادا ھۇجۇم قوزغىغان، كۇرسكى بىلەن روستوۋ، ۋوروشىلوفگرادلارنى قايتۇرۇۋالغانىدى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، باش كونسۇل پۈشكىن كونسۇلخانىنىڭ كاتىپى بىلەن بىللە دۇبەن مەھكىمىسىگە كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە تۆۋەندىكىدەك ئاغزاكى ئۇقتۇرۇش قىلدى.

1. شىنجاڭدىكى بارلىق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمەككىدىكىلەرنىڭ خىزمىتى توختايدۇ، بارلىق خادىملار بىردەك دۆلەتكە قايتىدۇ، بارلىق ماشىنا ۋە ئۈسكۈنىلەر ئېلىپ كېتىلىدۇ. شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشلارغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

2. قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان قىزىل 8 ـ تۈەن دۆلەتكە قايتىدۇ.

3. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان ئۇچقۇچىلار ئەترىتى دۆلەتكە قايتىدۇ.

4. ئايروپىلان زاۋۇتى ئەمەلدىن قالىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، قىزىل 8 ـ تۈەن چېكىنىشنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ تانكا، توپچى، موتسىكلىت قىسمى ئۇرۇمچىدىن ئۆتكەندە شېڭ شىسەي ئىنتايىن جىددىيلىشىپ، قىسىملىرىغا ھەربىي ھالەتتە تۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەرلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قاتتىق چەكلىدى، گازارمىسىنى تاغ باغرىغا قۇرۇشنى بۇيرۇدى. بۇ تۈەن قورغاستىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئالمۇتادا تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوماندانلىق مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. قىزىل 8 ـ تۈەننىڭ ئاز بىر قىسىم ئادىمى شۇ چاغدا قۇمۇلدىن چىقىپ شىمال تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، سۈڭگۈچتام، قۇلىنچەرى

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئالتاي رايونىغا ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلارنى «قاچاق ئەسكەرلەر» دەپ ئاتىغاچقا، ئالتايدىكى قازاقلارنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق كۈچلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، قىزىل 8 - تۈەننىڭ قۇمۇلدىكى ئەڭ ئاخىرقى 200 ئادىمى 10 ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ غەرب تەرەپكە كەتتى. جۇڭگو تەرەپ ئۇلارنىڭ گازارمىسىنى 2 مىليون شىنجاڭ پۇلىغا سېتىۋالدى، ئۇ گازارمىغا 18 - ئارىلاشما لۈيىنىڭ شۆي رۇچېڭ قىسمى كۆچۈپ باردى.

قېپقالغان كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ كۆڭلى ياخشى ئەمەس ئىدى، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىقسىلا شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرى ماشىنا بىلەن كەينىدىن قوغلايتتى، كونسۇلخانىغا كىرگەنلىكى ئادەملەرنى قولغا ئالاتتى، سودىگەرلەر ئۇلارغا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى، يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئەكىرىپ بېرىشتىن قورقاتتى. قەشقەر، تارباغاتاي، غۇلجا تەرەپلەردىمۇ ئەھۋال ئاساسەن شۇنداق ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېئولوگىيە خادىملىرى بىلەن ئۇسكۈنىلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلارمۇ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارغا، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار، شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن فىلىملەرنىڭ ھەممىسى چەكلەندى.

1942 - يىلى 2 - ئايدا، مايتاغ نېفتلىكىنىڭ بارلىق نېفت قۇدۇقلىرىنى ئۇسكۈنىلىرى بىلەن قوشۇپ، نۇرغۇن باھا تالىشىشلار ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپ 1 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالدى. 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇڭگو تەرەپ تۇدۇڭخابادىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى (ئايروپىلان قۇراشتۇرۇش) زاۋۇتىنى بارلىق ئۇسكۈنىلىرى بىلەن 4 مىليون 200

مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالدى. 6 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى بارلىق خادىملىرىنى، ئاپتوموبىللىرىنى، قىزىل 8 ـ تۇەننىڭ تانكا ـ برونېۋىكلىرىنى تولۇق ئاچىقىپ كەتتى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا ئۈچ ئاي قالغان چاغ ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى ئۆلكە مەركىزىدە ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنتايىن جانلىنىپ، ئەڭ ئاخىردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# 10. تۇزۇغان گۇلگە ئامال يوق

## كېلىشتۈرۈش قىيىن زىددىيەت

شىنجاڭغا گومىنداڭنىڭ كۈچى كىرىپ شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاسىتە تەھدىت يەتكۈزدى.

ئىلگىرى يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن شېڭ شىسەينىڭ چوڭ-ئايتىلىغان سۈرىتىگە ئۇچ قېتىم باش ئۇرۇلاتتى، ئەمدى ھازىر مەرھۇم زۇڭلى بىلەن زۇڭسەينىڭ (1943 - يىلى 9 - ئايدىن كېيىن جياڭ جيېشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ زۇڭسەيى بولدى) سۈرىتىگە باش ئۇرۇلىدىغان بولدى. ئىلگىرى چوڭ يىغىنلاردا «ئۇلۇغ داھىمىز شېڭ دۇبەن» دېگەن گەپ ئېغىزدىن چىقىش بىلەن تەڭ ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى، ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى.

باشلىرىغا شىلەپە، ئۇچىسىغا قارا كاجىدىن جۇڭشەن چاپان كىيىۋالغان، مەيدىلىرىگە گومىنداڭنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكلارنى تاقىۋالغان ئەمەلدارلار دەسلەپتە جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شېڭ شىسەيدىن ئېھتىيات قىلىپ، شىنجاڭنىڭ بۇ خاقانىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ساقلىنىپ يۈرۈشكەنىدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭچىڭدىكى ئادىتىنى قىلىپ، كەينىدە قوللايدىغان مەركىزىي ھۆكۈمەت بولغاچقا، چوڭ ئەمەلدارلىق كېبىرىنى كۆرسىتىپ شېڭ شىسەينى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇش-

تى.

گومىنداڭنىڭ تەسىرىنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىش ئۈچۈن، 1943 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايلاردا لياڭ خەنساۋ گومىنداڭنىڭ ئۆلكە پىرقىسىنىڭ كاتىپى خۇاڭ رۇجىن، ھەيئەتى جاڭ جىجى قاتارلىقلارنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. ئۇلار بارغانلىكى يېرىدە گومىنداڭنىڭ تۇتقان يولىنى تەشۋىق قىلدى، گومىنداڭ تونۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى، جياڭ جيېشىنىڭ سۈرىتىنى تارقاتتى. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەتلىرى شۇ يەردىكى ساقچى ئىدارىسى ۋە مەخپىي خادىملار ئارقىلىق شېڭ شىسەيگە تەپسىلىي يەتكۈزۈلۈپ تۇردى. شېڭ شىسەي ئۇلارنى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ماڭمۇ دەپ قويماي كېتىشكىنىنى قارا، دەپ خاپا بولدى.

مەركەزنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرى گومىنداڭنىڭ ئىچكى يىغىنلىرىدا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، شېڭ شىسەينى ئۆتۈپ كەتكەن گۇمانخور دەپ ئاشكارا ئەيىبلەيدىغان بولدى. ئەزەلدىن مۇستەبىت، چۈشكۈرۈپ قويسا جاھان تىترەپ كېتىدىغان شېڭ شىسەي بۇ ئىشلارغا قانداق چىداپ تۇرالىسۇن؟

بىر قېتىم ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ يىغىنىدا گومىنداڭنىڭ يېڭى ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشى مۇزاكىرە قىلىنىدى. CC گۇرۇھىنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ بىرى، پىرقە ئىشلىرىدا قاتتىق قول سانىلىدىغان جاڭ جىجى، زور تۈركۈمدە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش كېرەك، ھەرقايسى ناھىيىلەر پىرقە قۇرۇپ، ئەزالارنى بىۋاستە تەرەققىي قىلدۇرسا بولىدۇ، دېگەنىدى، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا قوشۇلماي:

— ئۇنداق قىلساق بەك يەڭگىللىك قىلغان بولىمىز. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئالدى بىلەن ساقچى ئىدارىلىرى تۇرغۇزۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۆلكىلىك پىرقىگە تەستىقلاشقا ئەۋەتسۇن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى مەلۇم سانغا كۆپەيگەندىن كېيىن، ئاندىن ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلسۇن، — دېدى.

شىڭ شىسەي كۆرۈنۈشتە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە بولغان قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە لياڭ خەنساۋ، خۇاڭ رۇجىن قاتارلىقلارنىڭ پارتىيىنىڭ كۈچىنى كۆچەيتىشكە كۆچەپ كېتىشۋاتقانلىقىدىن نارازى ئىدى. ساقچى ئىدارىسى تىزىملىك تۇرغۇزۇش كېرەك، دېگىنى، لى يىڭچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشى كېرەك، دېگەن گەپ بولۇپ، بۇ گەپ ئارقىلىق كىمنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى شىڭ شىسەي كۆرسىتىشى ھەم تەستىقلىشى كېرەك، دېمەكچى ئىدى.

جاڭ جىجى جاھىل ئادەم ئىدى، شىڭ شىسەينىڭ ئىشلىرىنى كۆزىگە سىغدۇرالماي يۈرەتتى، شۇڭا يىغىندا شىڭ شىسەيگە ئاشكارا قارشى چىقىپ ئۇنى ئەيىبلىدى.

— شىڭ مۇدىرنىڭ دېگىنى بويىچە بولسا، پارتىيە ئەزالىرىنى ئەمەس، ساقچىلارنى قوبۇل قىلساق بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — بۇ ساقچى دۆلىتىنىڭ قىلىقى.

شىڭ شىسەي ئۆزىگە مۇنداق ئاشكارا قارشى چىققان ئادەمنى ئۆمرىدە تۇنجى كۆرۈشى ئىدى، بۇنىڭغا ئۇ چىداپ تۇرالىسۇنمۇ؟ شۇئان ئۈستەلنى مۇشتلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— جاڭ ھەيئەت بۇ گېپى بىلەن سىياسەت خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزدى، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك، بۇنى قانداقمۇ ساقچى دۆلىتىگە ئوخشاتقىلى بولسۇن؟

ئىككى تەرەپ قاتتىق تىركىشىپ يىغىننى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى.

بۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇنجى تۇتۇشۇشى ئىدى. 1944 - يىلى ئېچىلغان بىر قېتىملىق پىرقە ئىشلىرى يىغىنىدا ئىككىسى يەنە بىر قېتىم قاتتىق تۇتۇشۇپ قالدى. يىغىن ئېچىلىشى بىلەنلا شىڭ شىسەي:

— بەزى ئادەملەر ئېغىر سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزدى، — دەپ ئېلان قىلدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ كىمنى دەۋاتقانلىقىنى

بىلەلمەي ھەيران قېلىشتى. شېڭ شىسەي جاڭ جىجىنى كۆرسى-
تىپ، — ئۇ ئادەم دەل سىز! — دېدى.

جاڭ جىجى ئۇنىڭغا قايىل بولماي:

— ھەيئەت مۇدىر، گەپ قىلغاندا ئاساس بىلەن قىلىڭ. مەن
ئۆزۈمنىڭ قانداق ئېغىر سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزگىنىمنى بىل-
مىدىم، شۇڭا پاكىت بىلەن سۆزلەڭ، بولمىسا بۇ گېپىڭىزنى
قەتئىي قوبۇل قىلمايمەن ھەم ئېتىراپمۇ قىلمايمەن. ئەڭ ياخشى-
سى، سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزدى دېگەن گېپىڭىزنى قايتۇرۇۋې-
لىڭ، — دېدى.

شېڭ شىسەي بۇ گەپكە ھاڭ - تاڭ قېلىپ، ئاچچىقى بىلەن:

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىڭىزدىن بەكلا چەت-
نەپ كەتتىڭىز. مەن شىنجاڭنىڭ مۇھىتىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلى-
كىنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ كەلدىم. نۇرغۇن جايلاردا گومىن-
داڭنىڭ چارىسى بىلەن ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ كۆپچىلىككە
مۇ ئايان. سىزدىن سوراپ باقاي، سىز نېمىشقا شۇنچە كۆپ
دۆلەت بايرىقى، دۆلەت ئاتىسىنىڭ، زۇڭسەيىنىڭ شۇنچە كۆپ
سۈرىتىنى باستۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدا قالايمىقان تارقىتىسىز؟
يا ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىدىڭىز، — شېڭ شىسەي
ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن شەپىسىزلا ئايرىلىپ قېلىشىدىن بەك قور-
قاتتى.

— ھەيئەت مۇدىر، — دېدى جاڭ جىجى ئۇنىڭغا رەددىيە
بېرىپ، — دەيدىغان گېپىمنى ئالدىڭىزدا دەۋېرەي، مەن سىزنىڭ
زۇڭسەيىنىڭ مەقسىتى بويىچە بىزنىڭ پىرقە ئىشلىرىنى ياخشى
ئىشلىشىمىزگە رەھبەرلىك قىلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن
دۆلەت بايرىقى بىلەن داھىيلىرىمىزنىڭ سۈرەتلىرىنى تارقىتىش-
نىڭ نەرى خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. شىنجاڭنىڭ پارتىيە-
مىزنىڭ تۇتقان يولىنى قوبۇل قىلالمىغۇدەك قانداق ئالاھىدە
جايلىرى باركىن تاڭ، ئىلگىرىكىدەك دۇبەننىڭ سۈرىتىنى ھەممە
يەرگە تارقىتىشىمىز كېرەكمىدى - يا؟

شېڭ شىسەينىڭ جاڭ جىجىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالدى، بۇ گەپلەر ئۇنىڭ يېغىرىغا تەگكەنىدى. ئاخىر ئۇ چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن تۇرۇپ پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

شېڭ شىسەي بۇ ئىشنى كۆپ ئويلاندى، هازىر ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى، بۇنداق كېتىۋەرسىمۇ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا ياخشى ئەمەس ئىدى. يىگىت ئۇچۇن ئۈچ ئېلىش ئون يىلدىن كېيىنمۇ كېچىكمەيدۇ، دېگەن گەپمۇ بارغۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كۈنى جاڭ جىجىنى يالغۇز تاماققا تەكلىپ قىلىپ، تاماق ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا:

— مەن ھەربىي ئادەم، شۇڭا گەپلىرىم قوپال، ئۆتكەندە سىزنى رەنجىتىپ قويغان گەپلەرنى قىلغان بولسام كەچۇرۇۋېتىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى. تاماق يەپ بولۇپ قايتىدىغان چاغدا يەنە، — بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىزنى كەچۇرۇپ، ياخشى ھەمكارلىشىپ شىنجاڭ ئۇچۇن كۆپرەك ئىش قىلايلى، — دېدى.

لى يىڭچى شېڭ شىسەيگە ئاخبارات يەتكۈزۈپ:

— جاڭ جىجى دېگەن ئۇ ئەبلەخ زادىلا جىم ياتمايدىكەن، ھەممىلا يەردە ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ يۈرىدۇ. ئىشەنچلىك ئاخباراتلاردىن قارىغاندا، ئۇ ئاخبارات، پىرقە ئىشلىرى، خەۋەر، مەشىق قاتارلىق سىستېمىلاردا بىر قىسىم ئادەملەرنى ئۆزىگە تارتىپ: «ئېسىل ئەنئەنىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك» دەپ يۈرۈپتۇ. بۇ دۇبەن جانابلىرى بىلەن قارشى مۇقام تۇۋۇلىغانلىق، ئۆزىنى سىزنىڭ قارشى تەرىپىڭىزگە قويغانلىق ئەمەسمۇ؟

شېڭ شىسەي بۇ گەپنى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئاڭلىدى، ئەمما گەپ قىلمىدى، ئىچىدە: «بۇ خۇمپەر ھامان بىر كۈنى مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىدۇ» دەپ ئويلىدى.

شېڭ شىسەي كۆپ سانلىق گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنى ئامال

بار ئۆزگە تارتىشقا تىرىشتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئامبىرىدا ھەر خىل يېمەكلىكلەر، لازىمەتلىكلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، شۇلارنى ئاچىقىپ كىشىلەرنى ئۆزگە قارىتىشقا ئىشلەتسە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ جۇ شاۋلياڭ ھاراقنى ياخشى كۆرىدىكەن، پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭغا يەشىكى بىلەن لەنجۇغا ئەۋەتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتىمۇ ئۇ گومىنداڭنىڭ ئەمەلدارلىرىنى مېھمان قىلىپ تۇراتتى. دەسلەپتە ئۇلار بۇ مېھماندارچىلىقتا، ئۇزۇن بولدى كۆرۈشەلمىدۇق، مۇشۇ پۇرسەتتە ئازادە پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇق، دەپ ئويلاپ خۇشال بېرىشقانىدى. كېيىن ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ زىياپىتىنى يېيىشنىڭ ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشتى. تاشقى ئىشلار پەۋقۇلئاددە خادىمىنىڭ مەھكىمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ بىر بۆلۈم باشلىقى مۇنداق دېدى: «شىڭ شىسەينىڭ زىياپىتىدە خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىدە يان قورال بار ئىكەن. شىڭ شىسەي بىلەن بىللە تاماق يېسىڭىز ئىككى قولىڭىز جەزمەن ئۈستەل ئۈستىدە تۇرۇشى، تاماق يېگەندىن باشقا ھەرىكەتلەردە بولماسلىقى كېرەك ئىكەن، ئازراقلا ئېھتىيات قىلمىسىڭىز ئۇ خىزمەتچىلەر يېنىغا ئېسىقلىق يان قورالىنى بەدىنىڭىزگە تەگكۈزۈپ قويۇپ سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويىدىكەن» دېدى. بۇ بىللە تاماق يېيىش ئەمەس زەھەر يېيىشقۇ!

شىڭ شىسەي داڭلىق ھاراق، داڭلىق تاماكا سوۋغا قىلىشتىن باشقا يەنە بوك ماركىلىق ئالتۇن قەلەم، شۋېيتسارىيىنىڭ سائىتى، قىممەت باھالىق تېرە، بۇغا مۈڭگۈزى، بۆكەن مۈڭگۈزى، يۇڭ رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ سوۋغا قىلىپ تۇردى، ھەتتا بويتاقلارغا لايىق تېپىپ بېرىش يولى بىلەنمۇ كىشىلەرنى ئۆزگە تارتتى.

شىڭ شىسەينىڭ ئەڭ خاتىرجەم بولالمايدىغىنى گومىنداڭنىڭ ئارمىيىسى ئىدى. 1943 - يىلى 4 - ئايدا، جۇ شاۋلياڭ ئالتە تۈمەن ئەسكىرىنى شىڭ شىسەينىڭ مەشىق قىلدۇرۇپ بېرى-

شىگە بەردى. شېڭ شىسەي بۇ ئادەملەرنى مەشىقنى تۈگىتىپ
ھەربىي ماھارەتتە يېتىشۋالغاندىن كېيىن باشقۇرالماي قىلىشى-
دىن قورقۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇنىنىڭ تەركىبىگە
كىرگۈزمەي ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆۋەن
دەرىجىلىك بىر تۈركۈم ئوفىتسېرلارنى دۆبەن مەھكىمىسىگە ياكى
ھەربىي ئورگانلارغا مۇلكىي ئىشلارنى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويدى.

لاۋمەنچېڭدا گومىنداڭنىڭ 7 ـ شىسى تۇراتتى، ۋەزىپىسى
شېڭ شىسەينىڭ مەركەزگە پايدىسىز ئىش قىلىپ قويۇشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئىدى. شېڭ
شىسەي بۇنى بايقاپ، 128 ـ شىنى ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى
نازارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئەگەر 7 ـ شىنىڭ تاپتىن
چىققان ھەرىكەتلىرىنى سەزسەڭلار دەرھال قورشىۋېلىپ قورال
تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىڭلار، دەپ يوليورۇق بەردى. شېڭ
شىسەينىڭ گومىنداڭغا تاقابىل تۇرۇشتىكى يەنە بىر چارىسى
ھەربىي ئاشلىقنى كونترول قىلىپ، ھەرقايسى قىسىملارنىڭ زا-
پاس ئاشلىقىنى ئۈچ كۈندىن ئاشۇرماسلىق ئىدى. ئەسكەرلەر
ئاشلىق بولمىسا بىر قەدەممۇ مىدىرلىيالمايدۇ ـ دە.

شۇ يىلى شېڭ شىسەي ئەلنى خاتىرجەم قىلىش باھانىسىدە
قوشۇننى كېڭەيتىپ، ئومۇمىي ئەسكەر سانىنى 28 مىڭغا يەتكۈز-
دى. بۇ 1934 ـ يىلىدىكى ئەسكەر سانىدىن بىر ھەسسە كۆپ
سان ئىدى.

1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ
5 ـ نۆۋەتلىك 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن چۇڭچىڭ-
غا باردى. بۇ قېتىممۇ ئۇ مەركەزدىكى چوڭ ئەمەلدارلارغا شىن-
جاڭنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن سوۋغا تەييارلىدى. بۇ ئۇنىڭ
ئون يىلدىن بېرى چۇڭچىڭغا بىرىنچى قېتىم بېرىشى ئىدى.
جياڭ جيېشى ئۇنى ئالاھىدە قوبۇل قىلدى ۋە خوتۇنى چيۇ يۇفاڭ
ئىككىسىگە چاي بەردى.

شېڭ شىسەي چۇڭچىڭدىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسى كەچتە سۇڭ نيەنسى، شۇي بودا، خې گېڭگۇاڭ، چېڭ دۇڭبەي، لاڭ داۋخېڭ، ۋاڭ نەيجۇڭ قاتارلىق بىرقانچە يۇرتلۇقلىرىنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىچىك يىغىن زالىغا چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئۇ بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن جەريانىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى، ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى. ئالاھىدە تەكىتلەپ يەنە شۇنداق دېدى:

— دۆلىتىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان بۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە نەتىجە ئاز، پارتىيە ئىچىدە مەزھەپ كۈرىشى ئېغىر، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىش كۆرۈنەرلىك ئىكەن. بىز مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۆز ئالدىمىزغا بىر ئىش قىلمىساق، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرمىساق بولمايدۇ…


1943 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ چۇڭچىڭغا يىغىنغا بارغاندا جياڭ جيېشى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى

شېڭ شىسەي سۆزلەپ بولۇپ كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى سورىدى. شېڭ شىسەي بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغىنىغا تويغان بۇ «دوكتورلار» ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ گومىنداڭغا ئۆزىنى ئېتىشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتقان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىمىزغا ئىش قىلساق دېگىنىگە ماقۇل دەمدۇ؟ ئەمما، ئۇلار قورقۇنچاق ئىدى، خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى. بىر ھازادىن كېيىن سۇڭ نيەنسى سۆز قىلىپ:

— بىز مەركەز بىلەن تېخى يېڭىلا مۇناسىۋەت ئورناتتۇق، شۇڭا ئايرىم ئىش قىلىمەن دېگەن گەپنى ھەرگىز قىلمىساق، بولمىسا مەركەز بىزدىن گۇمانسىرەپ قالىدۇ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شېڭ شىسەي بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى ۋە بۇرۇلۇپلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئولتۇرغانلار ھەيران قېلىپ نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي قالدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، شېڭ شىسەي پىرقە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كەلسۇن دەپ، سوڭ نيەنسىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتتى، ئىككىنچى يىلى يەنە گېزىتخانىنىڭ باشلىقى قىلىپ قويدى.

1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1944 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە خەلقئارا ۋەزىيەتتە نېگىزلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى گىتلېرنىڭ ئارمىيىسىنى ئۆز تۇپرىقىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپ، گېرمانىيە فاشىزمى ئۈستىدىن ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازاندى. لېكىن، ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسى يۇشياڭدا قاتتىق مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلىنىشنى ئويلاپ قالدى، ئەمما يەنە چېگرىدا توختىماي ۋەقە تۇغدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپمۇ تۇردى. بۇ ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن يېقىنلىشىشنى ئويلاۋاتقىنىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى.

جياڭ جيېشى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن كۈرەش بارغانسېرى روشەنلىشىشكە باشلىدى. شېڭ شىسەي بۇرۇنقى ئىشلىرىنى يەنە تەكرارلاپ، يېڭىدىن «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، يەنە بىر قېتىم سىياسىي پۈرسەتپەرەسلىك قىلىشقا ئۇرۇندى.

1944 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ، شېڭ شىسەي ناھايىتى ئاز كۆرۈنىدىغان بولدى، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۆلكىلىك پىرقە بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دائىملىق يىغىنلىرىغا قاتناشمايدىغان، ئاممىۋى يىغىنلارغىمۇ بارمايدىغان بولۇۋالدى، بۇ

ئارقىلىق ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قەست قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمەكچى ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ، كېسىلىم بار، يىغىنلارغا بارالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلكىلىك پىرقە ھەيئەتلىرى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى ئىچىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، باشقىچە ئويلىرى بارمىكىن دەپ ئويلايمەن، شۇڭا ئېھتىيات قىلىنىسام بولمايدۇ. ھازىرچە يىغىنلارغا قاتناشماي تۇراي، دېگەنىدى. بۇ ئۇنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن ۋاستىسى بولۇپ، ھەربىر قېتىملىق «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىشتىن ئىلگىرى مۇشۇنداق قىلاتتى.

3 ـ ئايدا، شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىدىكى قازاقلار سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈردى، گومىنداڭ مۇشۇ پۇرسەتتە ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتتى. جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭغا ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قوماندانلىق قىلىشنى، ئۈچ شى ئەسكىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەشنى بۇيرۇدى ۋە قورال ـ ياراغلارنى تولۇقلاپ بەردى. بۇ شېڭ شىسەي ئۈچۈن كۈچلۈك تەھدىت ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقلارنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللاشتىن مەقسىتى شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇۋېتىش ئىدى، ئەمما شېڭ شىسەي ئۇنى، زەربە بېرىش ئارقىلىق مېنى ئۆزىگە تارتماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ خاتا ئويلاپ يۈرۈۋاتاتتى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپتىن 2 مىڭچە كېلىدىغان قازاق قوزغىلاڭچىلىرىنى قوراللاندۇرۇپ شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇشقا سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇلىيە تەرەپتىن ئايروپىلان كىرگۈزۈپ چىڭگىل، بۇرچىن قاتارلىق جايلارنى بومباردىمان قىلدى، ئوققا تۇتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىدىن 1 مىڭ 500 ئەسكەرنى، قازاقلاردىن 1 مىڭ 500 ئادەمنى شىنجاڭ بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىغا توپلاپ، ئاۋۋال كۆكتوقاي، ئاندىن پۈتۈن ئال-

تاي رايونىنى بېسىۋالماقچى بولدى. لېكىن، شېڭ شىسەي بۇنى رۇسلارنىڭ مېنى كونا يولۇمغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلاۋاتقىنى، گومىنداڭنى شىنجاڭدىن قوغلىۋېتەلىسەملا ئۇلار بۇرۇنقىدەك ماڭا قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ مېنى قىزغىن قۇچاقلايدۇ، دەپ ئويلىدى.

بىر قېتىم ئۇ خۇاڭ رۇجېن، جىن شاۋشيەن (ئۆلكىلىك پىرقە هەيئىتى) قاتارلىق كىشىلەرنى تاماققا چاقىرتىپ:

— هازىر ئالتاينىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ قالدى، بۇ چوقۇم رۇسلارنىڭ ئىشى، مېنى ئۆزلىرى بىلەن ياخشى بولۇپ قېلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ، — دېدى.

خۇاڭ رۇجېن بىلەن جىن شاۋ شيەن شۇئان، شېڭ شىسەي ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چۆڭچىڭدىن كەلگەنلەرگە قول سېلىش، شۇ يول بىلەن قايتىدىن سوۋېتلىكلەرنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش نىيىتىگە كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇلار شۇنداق ئويلىغىنى بىلەن ئامال قىلالمايتتى، قولىدىن پەقەت چۆڭچىڭغا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشلا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، خۇاڭ رۇجېن چۆڭچىڭ تەرەپتىن ئايروپىلان كەلسىلا چۆڭچىڭغا خەت ئەۋەتىپ (خەتنى پوچتىدىن سالغىلى بولمايتتى) مەركەزنىڭ كۆپرەك ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىنى ھەربىي جەھەتتە كونترول قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. 1944 - يىلى 6 - ئايدا، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ۋاللاتسې شىنجاڭغا كەلگەندە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې ئۇنى قارشى ئالغىلى ئۈرۈمچىگە كەلدى. جاڭ جىجى، خۇاڭ رۇجېن ئىككىسى ئۆلكىلىك پىرقە هەيئەتلىرىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن ۋاڭ شىجيې بىلەن كۆرۈشۈپ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش كونا كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىپادىلىرىنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئەھۋالنى جياڭ جيېشىغا مەلۇم قىلىپ قويۇشنى، شېڭ شىسەيگە ئىشەنمەسلىكنى،

تېز سۈرئەتتە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ بالا - قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى، شۇ چاغدىلا شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق ئورناتقىلى بولىدىغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

## ئەڭ ئاخىرقى قارا ئاپرېل

1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئىككى ئايدىن بېرى كىشىلەرگە كۆرۈنمەي كەلگەن شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي بىناسىدا ئېچىلغان ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ 11 يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنىدا ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئۇ 40 — 50 نەپەر ماۋزۇر بىلەن قوراللانغان مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قوغدىشى بىلەن يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى. رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، بىر ئالدىدىكى دەپتەرگە، بىر پەستىكىلەرگە قاراپ دەپتەرگە قولىدىكى قىزىل قېرىنداش بىلەن بەلگە قويۇپ ئولتۇردى. يىغىنمۇ چالا - پۇلا ئېچىلىپ يىغىشتۇرۇلدى، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوقلۇقىنى بىلدۈرەتتى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شېڭ شىسەي تۇيۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بىلەن «ئون چوڭ دوكتور»نى قولغا ئالدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە سۇڭ نيەنسى گېزىتخانىدىكى ئىشخانىسىدا ئىدى، تۇيۇقسىز قارا كىيىملىك بىر ساقچى كىرىپ: «بىزنىڭ لى باشقارما باشلىقى (لى يىڭچى) سىزنى مەجلىسكە چاقىرىۋاتىدۇ!» دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇئاۋىن گېزىتخانا باشلىقى لاڭ داۋخېڭنىمۇ چاقىرىپ چىقىپ ئىككىسىنى ماشىنىغا سالدى - دە، يۈرۈپ كەتتى.

شىنجاڭ گېزىتخانىسى شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، شەھەرگە غەربىي دەرۋازىدىن كىرسە ئۇزۇن ماڭمايلا ساقچى باشقارمىسىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. لېكىن، ماشىنا شىمالىي دەرۋازىدىن كىرىپ، شەھەر ئىچىگە كىرگەندىن

كېيىن جەنۇبىي دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سۇڭ نيەنسى گۇمان قىلىپ، ساقچىدىن:

— ساقچى ئىدارىسىگە يىغىنغا باراتتۇقۇ؟ ھازىر نەگە كېتىۋاتىمىز؟ — دەپ سورىدى. بۇ سوئالغا جاۋاب چىقىپ بولغۇچە ماشىنا تار بىر كوچىغا كىرىپ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ماشىنا توختىغاندىن كېيىن، قارا كىيىملىك ساقچى:

— كېلىدىغان يېرىمىز مەشە! — دېدى.

ئىككىيلەن ماشىنىدىن چۈشۈرۈلۈپ، دېرىزىلىرىنىڭ قەغەزلىرى يىرتىلىپ كەتكەن، تام - تورۇسلىرىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەن بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىلدى. قارا كىيىملىك كىشى ئۇ ئىككىسىنى ئۆيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى بوسۇغىدىلا ئولتۇردى. لاڭ داۋخېڭ سۇڭ نيەنسىدىن:

— بۇ نېمە ئىش! — دەپ سورىدى.

— يەنە بىر يېڭى ئويۇن ئويناۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى سۇڭ نيەنسى. بىرئازدىن كېيىن قارا كىيىملىك كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىككىسىنىڭ بەلۋېغىنى، سائەتلىرىنى، قەلەملىرىنى ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئايرىم - ئايرىم سولاپ قويدى. بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەر ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ قورۇسى ئىكەن. ئەتىسى، سۇڭ نيەنسىنى كېچە - كۈندۈز داد - پەرياد ساداسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان، ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر ئۆيگە سولىدى، ئۇنىڭغا پەقەت سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغان تەرەت تۇڭىلا ھەمراھ ئىدى. مانا بۇ دۇنيانىڭ دوزىخى دېگەن مەشھۇر نامى بار كاتولىك دىنى چېركاۋى ئىدى.

سۇڭ نيەنسى بۇ يەردە 70 نەچچە كۈن سولىنىپ ياتتى. ئۇ تۈرمىنىڭ ئازابىنى تازا تارتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى، ئۇشتۇمتۇت ئىككى گۇندىپاي كىرىپ ئۇنىڭ بېشىنى قارا لاتا

بىلەن ئوراپ، ئۇدۇلدىكى چوڭ بىر سوراقخانىغا ئېلىپ كىردى. سوراقخانىنىڭ ئۇدۇل تېمىغا: «دۈبەنىنىڭ بۇيرۇقى: ‹سوراق ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىلسۇن، سوراقتا ئۆلگەنلەر ئۆزىگە›» دې-گەن يوغان خەتلەر چاپلاقلىق ئىدى، سوراق سەھنىسىدە شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى سوتچى دەپ ئاتىۋالغان ئون چوڭ جاللىتىنىڭ بىرى بولغان فۇ باۋلىيەن ئولتۇراتتى.

فۇ باۋلىيەن قولى بىلەن شەرەت قىلىپ تۇرۇپ:

— سەن ئۇزۇنىسىغا (ئىككى قولىنىڭ بىرىنى يۇقىرىغا، بىرىنى تۆۋەنگە قىلىپ)، توغرىسىغا (ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە كېرىپ) مۇناسىۋەتلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇر، راست گەپ قىل. بۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ تامدىكى دۈبەنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ سەنلا ئەمەس، بۇ يەرگە كىرگەن ھەرقانداق باتۇر بولسىمۇ راست سۆزىنى ئېيتماي، مەسىلىسىنى تاپشۇرماي قالمايدۇ، بولمىسا ئۇنىڭغا ھاياتلىق يوق، — دېدى.

— مېنىڭ ئۇزۇنىسىغا مۇناسىۋىتىم جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ بى-لەن باش كاتىپ، تەشكىلات مىنىستىرلىقى، ئۆلكىدە ھەيئەت مۇدىر بىلەن شۇجى، تۆۋەندە...

— سېنىڭ چەت ئەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭچۇ؟ — دېدى فۇ باۋلىيەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ.

— مېنىڭ ھەرقانداق بىر چەت ئەل بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق.

— سەن شۇنچىلىك پاكىز ئادەممۇ؟ بىز سېنى بىلىمىز، سەن مەلۇم بىر تەشكىلاتنىڭ باشلىقى.

— ئۇنداق ئىش مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس.

— ماقۇل، سەن ھازىرچە قايتىپ كېتىپ ياخشى ئويلان، كېلەر قېتىم كەلگەندە بارلىق سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىڭنى بىرىنى قويماي تاپشۇرىسەن.

ئەتىسى، شېڭ شىسەي سۇڭ نيەنسىنى تېلېفوندا ئۆزى سوراق قىلدى.

— مەن سىزنى ئۆزۈن يىللىق مۇناسىۋىتىمىزنىڭ يۈزى ئۈچۈن قىيىن ـ قىستاقتا ئالغۇزمىغان تۇرسام، سىز نېمە ئۈچۈن سەممىيلىك قىلمايسىز؟ نېمە ئۈچۈن مەسىلىڭىزنى تاپشۇرمايسىز؟ — دېدى شېڭ شىسەي، — تەشكىلاتىڭىزنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى دەرھال تاپشۇرۇڭ، ھەرقانچە ھىيلىگەرلىك قىلىسىڭىزمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسىز. باشقىلار تاپشۇرۇپ بولدى، پەقەت سىزلا سەممىي بولمايۋاتىسىز.

چېڭ دۇڭبەي قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قاتتىق تاياق يەپ، تاياقنىڭ زەربىسىگە چىدىماي يالغاندىن ئىقرار قىلدى. لېكىن، فۇ باۋلىيەن ئۇنىڭ ئىقدارىدىن رازى بولماي، ھۇ خۇمپەر، گەپىنىڭ جان يېرىنى دېمەيۋاتىسەن، دەپ، كوممۇنىستلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى پاش قىلىشقا قىستىدى. چېڭ دۇڭبەي ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە، كوممۇنىستلار ئۈرۈمچىدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، دېدى.

فۇ باۋلىيەن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەمدى مېڭەڭ ئېچىلدى. خوش، پارتىيىڭلارنىڭ شېرىكلىرىچۇ؟ — دېۋىدى، چېڭ دۇڭبەي ھېچنېمىنى ئويلىماي، سول ئىدىيىسى كۈچلۈك ئادەملەر بىلەن ئىلگىرى كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى پاش قىلدى.

— كومپارتىيە يالغۇز مۇشۇ ئادەملەرگىلا تايانسا چوڭ ئىشلارنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ؟ سەن تارازىدا تۇرمايدىغان ئادەتتىكى ئادەملەرنى پاش قىلىپ باشلىقلىرىڭنى يوشۇرۇۋاتىسەن، سەن ئۇلارنى نامى بار ئادەملەر، شىنجاڭ ئۇلارنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، دەپ ئويلىما، — دېدى فۇ باۋلىيەن يەنە.

چېڭ دۇڭبەي، نامى بار ئادەملەر، دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا، گومىنداڭنىڭ شۇجىسى خۇاڭ رۇجىن، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ

نازىرى لىن جيۇڭ قاتارلىق گومىنداڭنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى بىر ـ بىرلەپ پاش قىلدى. فۇ باۋلىيەن خۇاڭ رۇجىن بىلەن لىن جيۇڭنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— نېمىدېگەن گالۋاڭ ئادەم سەن، سەندىن پايدىلانغان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ يەردە تاياق يەپ مۇشۇنچىلا جاپا تارتىپ يۈردۈڭمۇ؟ — دېدى.

بۇ 8 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىدىغان گومىنداڭنىڭ خۇاڭ رۇجىن، لىن جيۇڭ باشچىلىقىدىكى ئەمەلدارلىرىنى تۈرمىگە تاشلاشنىڭ باھانىسى بولغانىدى.

شېڭ شىسەي ئۇ ئادەملەرنى قولغا ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلار بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى، ئۇلارنىڭ ھەربىي تاكتىكىسى قازاقلارنى قورالاندۇرۇش، سىياسىي تاكتىكىسى ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دېدى.

شېڭ شىسەي يەنە بۇ ئادەملەرنىڭ جىنايەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى چۆچەكتە مەشىق قىلىۋاتقان چاغدا جۇ ئېنلەي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا بارغان خادىملىرى بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش بۇيرۇقى ئالغان، دېگەننى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شېڭ شىسەي سۇڭ نيەنسىنى سوراق قىلغاندا، ئۇنىڭدىن:

— سەن چۆچەكتىكى ۋاقتىڭدا كومپارتىيە ساڭا قانداق ۋەزىپە تاپشۇرغان؟ قانداق سۇيىقەست ئىشلەتمەكچى بولغان؟ ماڭا قانداق قەست قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان؟ قانداق ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭ ھەممىسى تۆھمەت، توقۇلغان گەپلەر! — دېدى سۇڭ نيەنسى.

— مەن يالغان گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن، ئۆزۈم شۇنداق بايقىدىم، — دېدى شېڭ شىسەي، — مەن سېنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىڭنى چۇڭچىڭدىن كەلگەن ۋاقتىڭدىلا بىلگەن. سەن يەنە ئۆزۈڭنى ئاقلىماقچىمۇ؟ ساڭا دەپ قوياي، سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ بولسىمۇ ئىقرار قىلدۇرماي قويمايمەن. سەن ئەمەس، ھەرقاندىقى مېنىڭ ئالدىمدا قىلغانلىرىغا ئىقرار قىلماي قالمايدۇ. قىلغانلىرىڭنى ھۆكۈمەتتىن يوشۇرىمەن دەپ ئويلىما، سەممىيلىك بىلەن ھەممىنى تاپشۇر.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئادەملەر چۇڭچىڭدىكى مەشىق تۇەنىدە ئەتىگەندىن كەچكىچە روھىي مەشىق، كەسپىي دەرس، پارتىيە ئىشلىرى پائالىيەتلىرى، ھەربىي مەشىق، دەرستىن سىرتقى پائالىيەت قاتارلىق ئىشلاردىن باش كۆتۈرەلمەيتتى، كېچە - كۈندۈز ئالدىراش ئۆتەتتى، ئەركىن يۈرىدىغان، ئەركىن پىكىر قىلىدىغانغا زادىلا ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ چۇڭچىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتىدىن نېرى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ كومپارتىيە تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېڭ شىسەي دەۋاتقان ۋاقىتمۇ ئۇنىڭغا توغرا كەلمەيتتى. چېڭ دۇڭخەي قاتارلىقلارنىڭ مەشىق ۋاقتى 1943 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى توشقان، جۇ ئېنلەي بولسا 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەنشىگە قايتىپ كەتكەنىدى. شېڭ شىسەي يۇرتداشلىرى، كونا ساۋاقداشلىرى شېڭ شىسەيدىن قۇتۇلۇشنىڭ باشقا يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان بولغاچقىلا ئىشنى شۇلاردىن باشلىغانىدى.

شېڭ شىسەينىڭ ھەقىقىي گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ بېشىغا كومپارتىيە قالپىقىنى كىيدۈرۈشى چۇڭچىڭ تەرەپكە زەربە بولغانىدى ھەم ئۇلار بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالماي قىلىۋاتاتتى. شېڭ



www.uyghurkitap.com

شىسەي بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىۋې-لىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇلارغا كۆرسىتىۋاتاتتى.

## «ئۆزىنى مەلۇم قىلىش دېگەن نېمە گەپ؟»

1944 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىكى مائارىپ ساھەسىدىكى كىشىلەر بىلــەن ئوقۇغۇ-چىلارنى قولغا ئېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. كىشىلەر 11 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ كۈننى ئېسىدىن زادىلا چىقىرالمايدۇ. شۇ كۈنى شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىدىكى شەرقىي قورۇدا تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن ئۈچەيــنى ئېتىــپ تاشلىغانىدى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەتىگەندە، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي بىناسى ئالدىدا پىلىموتلار تىكلىنىپ كەتكەن، ماۋزۇر تۇتقان ئون نەچچە مۇھاپىزەتچى ئەتراپقا ھوشيارلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشقانىدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ يۈشياڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 1 - دارىلمۇئەللىمىن ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى-نىڭ بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھويلىسىغا يىغقانىدى. ئۇچىسىغا ھەربىي فورما كىيگەن شېڭ شىسەي قورۇغا كىرىپ كەلدى، قورۇنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئاۋاز يوق، ھەتتا سىرتتىكى يولدا ئادەم ۋە ھارۋىلا-رنىڭ مېڭىشىمۇ چەكلەنگەنىدى.

شېڭ شىسەي ئالدى بىلەن ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇرۇپ خەلقئارا ۋەزىيەت توغرۇلۇق توپتوغرا ئۈچ سائەت سۆزلىدى، ئاندىن شىن-جاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە كۆچتى.

— شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى پروفېسسورلاردىن تارتىپ ئو-قۇغۇچىلارغىچە، — دەپ سۆزلەپ كەتتى شېڭ شىسەي زەھەرخەن-دىلىك بىلەن، — 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن 1 - دارىلمۇئەللى-

www.uyghurkitap.com

ىنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە ھەممىسىلا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن نارازى، باشقىلارغا ئالدىنىپ، چېڭ دۇڭبەي قاتارلىقلار تەشكىللىگەن توپىلاڭ كۆتۈرۈش تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، ئۈچ مەسلەكلىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆلىمى چوڭ، ۋاسىتىسى زەھەرلىك، بۈگۈنگىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان تەشكىلات. بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرغان (ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەم ئۆرە تۇرغان) ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ تەشكىلاتقا قاتناشقانلار. مەن سىلەرنىڭ دۇبەنىڭلار بولغاچقا، سىلەرنىڭ بۇ ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈپ كېتىشىڭلارغا قاراپ تۇرالمىدىم، شۇڭا ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلساڭلار، ئاندىن مەن سىلەرنى قۇتۇلدۇرالايمەن...

ھېرىپ ھالى قالمىغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. يېشى كىچىك ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىدىن بوش ئاۋازدا: «ئۆزىنى مەلۇم قىلىش دېگەن نېمە گەپ؟» دەپ سوراشقا باشلىدى.

قورۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئون نەچچە ئۈستەل تەييارلاپ قويۇلغان، ئۈستەللەرنىڭ ئۈستىدە قەغەز - قەلەملەر قويۇپ قويۇلغانىدى. شېڭ شىسەي كۆپچىلىكنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك:

— ئىقرار قىلىشنى خالىغان ئادەملەر قەغەزگە ئىسمىنى، ئىسمىنىڭ ئاستىغا «ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم» دېگەن گەپنى يېزىپ قويسىلا بولىدۇ، ھۆكۈمەت ئۇلاردىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ، — دېدى.

يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى، ھېچكىم بېرىپ قەغەزگە «ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم» دېگەن گەپنى يازمىدى. شېڭ شىسەي ھېچكىمنىڭ مىدىرلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايىنى تۈرۈپ ئاچچىقى بىلەن:

— كۆپچىلىك ئۆزىنى مەلۇم قىلىشنى خالىمىسا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق، ئىسمىنى ئاتايمىز، ئىسمى ئاتالغانلار ئاۋۇ تەرەپكە (شەرقىي بىنانىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە) يىغىلسۇن، — دېدى.

نەتىجىدە، 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى ئاتالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپى 14 — 15 ياشلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى، ھەتتا بىر ئاينىڭ ئالدىدا سوغا چۆكۈپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىمۇ ئاتالدى. بىر ئوقۇغۇچى ئىسمى ئاتىلىپ، ئۆزى كەلمىگەن بولغاچقا بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى قارا ماشىنىغا ئىتتىرىپ چىقىرىلدى.

بۇ ئادەملەر بىكاردىن بىكار 100 كۈندىن ئارتۇق قامىلىپ، 10 - ئايدا ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا رەئىس بولغاندىن كېيىنلا قويۇپ بېرىلدى.

## «خۇاڭ رۇجىن - لىن جىيۇڭ دېلوسى» — گومىنداڭ قانداق بولۇپ كومپارتىيە بولۇپ قالدى؟

1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ئەمەلدارلىرىغا رەسمىي ئوت ئاچتى. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ جىددىي يىغىن ئېچىش نامى بىلەن ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ، لىن بۇيا (ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى)، تۇڭ شىچۇەن (ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى)، جاڭ جىجى، قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭ تۇشۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گۇ گىڭيې، تاشقى ئىشلار پەۋقۇلئاددە خادىمى مەھكىمىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ ۋېيسى ۋە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ قولغا ئالدى، قولغا ئېلىنغانلار 400 — 500

ئادەمگە يەتتى. ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تامغىسى مۇسادىرە قىلىن-
دى، خىزمەتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئەتىسى، شېڭ شىسەي ۋاڭ خۇڭساۋنى لو جيالۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ قاتارلىقلارنى كوممۇ-
نىست، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى بى-
لەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار، دېدى. ئارقىدىن يەنە 128 - شىنىڭ
شىجاڭى ليۇ جىڭشىن، ۋاقىتلىق 3 - شىنىڭ شىجاڭى تاڭ
جىچۈەن، ئاتلىق ئەسكەرلەر 11 - شىنىڭ شىجاڭى ۋۇ شىجى،
ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - شىنىڭ شىجاڭى چۇي يىڭچۈەن قاتارلىقلار-
نى قولغا ئالدى. بۇ قېتىمقى دېلونىڭ ئاساسىي رولچىلىرى خۇاڭ
رۇجىن، لىن جىيۇڭ ئىككىسى بولغاچقا، بۇ دېلو خۇاڭ
رۇجىن - لىن جىيۇڭ دېلوسى دەپ ئاتالدى.

«11 - ئاۋغۇست دېلوسى» توغرۇلۇق مۇنداق بىر ۋەقە
توقۇپ چىقىلدى: «خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ قاتارلىقلار گو-
مىنداڭغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان كوممۇنىستلار، شىنجاڭغا ئەۋە-
تىلگەن خادىملار سېپىگە قوشۇلۇپ كەلگەن، پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن، توپىلاڭنىڭ باشلىقى لياڭ خەنساۋ.
ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل بىلەن كېلىشىم تۈزگەن.
توپىلاڭغا سوۋېت كونسۇلخانىسى رەھبەرلىك قىلغان، تاشقى
ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ پەۋقۇلئاددە خادىمى مەھكىمىسىنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ ۋېيسى ئالاقىلىشى-
قا، خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭلار قوماندانلىق قىلىشقا، جاڭ
جىجى، لىن بۇيا، تۇڭ شىچۈەن قاتارلىقلار تەشكىلىي خىزمەتكە،
چېڭ دۇڭبەي ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا مەسئۇل بولغان،
باسما زاۋۇتىنىڭ باشلىقى چيۇ خۇاچېڭ خىراجەت بىلەن تەمىنلى-
مەكچى (بۇ زاۋۇتتا قەغەز پۇل بېسىلاتتى) بولغان. 128 -
شىنىڭ شىجاڭى ليۇ جىڭشىن شىنجاڭنىڭ قوشۇنى بىلەن مۇنا-
سىۋەت باغلاپ، گومىنداڭنىڭ شۇ چاغدىكى خادىملىرى (قولغا

ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىست) نى تايانچ قىلىپ، يەرلىك زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغان.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئادەملەر ئالاھىدە تۈرمىگە قامالدى ۋە قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ، شىڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە ئىقرارنامە يېزىشقا مەجبۇرلاندى.

بۇ قېتىم شىڭ شىسەي جاڭ جىجىدىن ئۆچىنى ئېلىپ ئۇنى تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇ ئۇنى تېلېفوندا سوراق قىلغاندا:

— مەن سېنىڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، بۇ دېلونىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلىدىغانسەن؟ — دېدى.

— ئازراقمۇ بىلمەيمەن، كۆرسەتمىگىنىزگە موھتاجمەن.

— سەن خۇاڭ رۇجىن، لىن جيۇڭلار بىلەن بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش سىياسىي مەقسىتىڭگە يەتمەكچى بولدۇڭ. مەن ساڭا بۇرۇنلا دىققەت قىلىشقا باشلىغان، سىلەرنىڭ كومپارتىيىنىڭ مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىڭلارنى بىلەتتىم. سەن لياڭ خەنساۋنى ئۆزۈڭگە نىقاب قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ سۇيىقەستلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندىڭ. ئارقىدىن شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدىڭ، سېنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىڭ مېنىڭ نەزىرىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ھازىر مەن سەندىن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىڭنى ئىقرار قىلساڭ مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، بولمىسا سەن ئۈچۈن ئۆلۈشتىن باشقا يول يوق، ئۇقتۇڭمۇ؟

جاڭ جىجى ئىنتايىن ئەقىللىق ئادەم ئىدى، دەرھاللا:

— ئۇقتۇم، ماقۇل، ھاياتلا قالىدىغان بولسام ئىقرار قىلاي، — دېدى.

8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جياڭ جيېشى قاتناش مىنىستىرلىقى-

نىڭ سىجاڭى شۇ ئېنزېڭ بىلەن جۇ شاۋلىياڭنى شىنجاڭغا بېرىپ بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. شۇ ئېنزېڭ جاڭ جىجى-نى سوراق قىلدى، يېنىدا شېڭ شىسەيمۇ بار ئىدى. جاڭ جىجى مەركەزدىن كەلگەن چوڭ ئەمەلدارلارنى كۆرۈپ شېڭ شىسەينى مەركەزگە خائىنلىق قىلغان خائىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېتىل-غان، دەپ قاتتىق تىللاپ كەتتى. شېڭ شىسەي بۇ ئاھانەتلەرگە چىدىماي تاپانچىسىغا قولىنى ئۇزاتقانىدى، شۇ ئېنزېڭ شۇئان توۋلاپ:

— مەن ھازىر جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ ئورنىدا بۇيرۇق چۈشۈ-رىمەن: شىنجاڭ جاڭ جىجىنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تەگمەسلىكى كېرەك، چۈنكى ئۇ مۇھىم جىنايەتچى، ئېخىمۇ چوڭ دېلولارغا چېتىلىدىغان مۇھىم جىنايەتچى، — دېدى.

شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا قورال ئىشلىتەلمەي، ئادەملىرىگە ۋارقىراپ جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى:

— گۇناھىغا ئىقرار قىلمىغان بۇ كوممۇنىستنى ئاچىقىپ «يۇيۇۋېتىڭلار!»

بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ شۇ ئېنزېڭ يەنە بىر قېتىم قاتتىق توۋلىدى:

— باش سوراقچى، دىققەت قىلىڭ، مەن جاڭ جىجىنى سىزگە تاپشۇرىمەن، بۇ ئادەمنىلا ئەمەس، مەركەز ئەۋەتكەن، ھازىر سوراق ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان بارلىق ئادەملەرنىمۇ ھەم. بۇ ۋېيۈەنجاڭنىڭ ئالاھىدە يوليورۇقى. ئەگەر مەن يەتكۈزگەن ۋېي-يۈەنجاڭنىڭ بۇ بۇيرۇقى «شىنجاڭنىڭ قانۇنى»غا مۇخالىپ كې-لىدىغان بولسا مېنىمۇ تۇتۇپ سولاڭلار.

شېڭ شىسەي شۇندىلا ئاچچىقىدىن ياندى.

تۈرمىدە دىڭ ۋېيسىنىڭ بويىنىغا يوغان كىرېست ئاستى، يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى، شاخارنىڭ ئۈستىدە تىزلاندۇردى، ئوقنىڭ ئۇچى بىلەن بېقىنىنى قىردى، بەدىنىگە پىستان

پاتۇردى، بۇرنىغا لازا سۇيى قۇيدى، سول قولى تاياقتىن تىتىلىپ كەتتى، يارىلىرىغا تۇز سېپىلدى. سوراق جەريانىدا باش سوراقچى شىك شىسەيگە تىلىفون ئارقىلىق سوراق ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇردى، شىك شىسەي ئۇنىڭغا ئۇنى قانداق سوراق قىلىش، جازا قوراللىرىنى ئىشلىتىش ـ ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە يوليورۇقلارنى بېرىپ تۇردى.

فۇ باۋلىيەن سوراق قىلىنغۇچىغا شۇنداق دېدى:

— شىك دۇبەننىڭ جىنايەتچىلەرنى ئىقرار قىلدۇرۇش چارىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە، ياپونىيىلەرنىڭ ئىقرار قىلدۇرۇش تېخنىكىلىرىدىن ئېلىنغان، ھەر قانداق ئادەمنى 15 مىنۇت ئىچىدە ئۆزىنىڭ جىنايىتىگە ئىقرار قىلدۇرىدۇ، ئۇلار شىك دۇبەننى ئالداپ بولالمايدۇ. شىك دۇبەن ئون مىنۇتتا ئىقرار قىلدۇرىمەن دېسە، سەن 11 مىنۇتقا بارمايلا ئىقرار قىلىپ بولىسەن.

ئۇ ئادەملەر بۇنداق ئېغىر تەن جازاسىغا چىدىماي، راستىنلا تېز ئارىدىلا شىك شىسەينىڭ پىلانى بويىچە ئىقرارنامىنى ياساپ چىقاتتى.

شىجاك ليۇ جېڭشىن چيۇ يۈفاڭنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ئۆزدىنىڭمۇ شىك شىسەينىڭ تۇرمىسىگە چۈشۈپ قالارنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەسلىدە شىك شىسەي گومىنداڭنىڭ ئادەملىرىنى قولغا ئالغاندا لاۋمەنچېڭدا تۇرۇۋاتقان زاپاس 7 ـ شىنىڭ ئىشىنىمۇ بىر يولىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتمەكچى بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق شىنىڭ شىجاڭى ليۇ جېڭشىن، تاڭ جىچۇەن، سۇي يىڭجۇن، جياڭ دېيۇ قاتارلىقلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ ھەرىكەت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى. ليۇ جېڭشىن بۇنداق ئىش قىلسا ئاخىردا ئۆزىنىڭ بالاغا قېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، شىك شىسەيدىن بۇنداق تەۋەككۇلچىلىكنى قىلماسلىقنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورىدى. شىك شىسەي بۇ ئادەملەر-

www.uyghurkitap.com

نىڭ تەۋرىنىپ قېلىپ سىرىنى ئاشكارىلا-
پ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى بۇزۇپ قو-
يۇشىدىن ئەنسىرەپ، شۇ كېچىسىلا
ھەممىسىنى تۈرمىگە تاشلىدى.

لېكىن، قاماقتا ياتقانلارنىڭ ھەم-
مىسى بىگۇناھ ئادەملەر بولغاچقا، ئۆز-
لىرىنىڭ ئىقرارىنى يازغان قەغەزنىڭ
چۆرىسىگە «ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىش
يوق»، «تاياقنىڭ ئازابى بىلەن ئىقرار
قىلغان» دېگەندەك خەتلەرنى چاندۇرماي
يېزىپ قويدى.



گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەيىنلى-
گەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
سابىق رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن
(1959 — 1884)

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شېڭ
شىسەي دېلو ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ
جياڭ جيېشىغا ئىككى پارچە تېلېگراما
يوللىدى ۋە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى.
بىر تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن: «يېقىندىن بېرى سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن كومپارتىيە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ شىنجاڭ ئۆل-
كىسىنىڭ پارتىيە ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنى سېتىۋېلىپ، توپىلاڭ
كۆتۈرۈپ قورچاق سوتسىيالىزم ھاكىمىيىتى قۇرماقچى بول-
غان، — ئارقىدىن ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكىنى كۆر-
سىتىپ ئۆتتى. ئەڭ ئاخىردا، — كوممۇنىستلار مېنىڭ ئاشپې-
زىم بىلەن فۇگۇەنمنى (شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ تاغىسى)
سېتىۋېلىپ مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. يېنىمدىكى
مۇھاپىزەتچىمنىمۇ سېتىۋېلىپ مېنى قەستلىدى.»

شېڭ شىسەي شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «11 - ئاۋغۇست
خۇاڭ رۇجىن — لىن جيۇڭ دېلوسى»نى ستالىنغىمۇ دوكلات
قىلدى. لېكىن، دېلودىكى ئادەملەرنى «كوممۇنىستلار» دېمەي،
ياپونىيە جاسۇسلىرى دەپ ئاتىدى.

جياڭ جيېشى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ يەنە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك، سادىق ئۇ ئادەملىرىنىڭ كوممۇنىست بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى.

ستالىن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ يەنە بىر مۇنچە شۇملۇقلارنى ئويدۇرۇپ چىققانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۇنىڭ تۇراقسىز، ئىككى يۈزلىمە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى چۇڭچىڭغا ئەۋەتىپ بەردى. ستالىن شېڭ شىسەينىڭ خائىنلىقىغا يول قويالمايتتى، خېلى بۇرۇنلا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشنى ئويلاپ يۈرەتتى، شېڭ شىسەي ئويلىغاندەك ئۇنى ئۆزىگە تارتىش خىيالى يوق ئىدى. 6 ـ ئايدا، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ۋاللاتسې موسكۋاغا زىيارەتكە بارغاندا ستالىن ئۇنىڭغا: «شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىدىكى قازاقلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغانلارنىڭ خىلمۇخىل زۇلۇملىرىدىن بولغان، شېڭ شىسەي يوقىتىلسىلا ئۇلارمۇ تىنجىيدۇ» دېدى. ستالىنىنىڭ مۇددىئاسى ئېنىق ئىدى، شېڭ شىسەي بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا شىنجاڭغا بىر كۈن خاتىرجەملىك يوق ئىدى، شۇڭا ھەر تەرەپتىن تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى، شۇ چاغدا شېڭ شىسەي كەتمەيمەن دېسىمۇ كەتمەي قالمايتتى. ۋاللاتسې موسكۋادىن قايتىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، شېڭ شىسەينىڭ خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى كۆزىتىش ئارقىلىق بىلىپ، جياڭ جيېشىغا ئۇنى تەڭشىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى، بۇ تەكلىپ جياڭ جيېشىنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىققانىدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى چۇڭچىڭدىكى خۇاڭشەن تېغىدىكى تۇرالغۇسىدا موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ جۇڭشىن بىلەن كۆرۈشۈپ:

— شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تۇرالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ

قالدى. خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرمىسە بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئورنىغا سىزنى ئەۋەتىش خىيالىم بار، — دېدى.

ۋۇ جۇڭشىن ئەنخۇي خېفېيلىق ئادەم ئىدى. 1884 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان، 1959 - يىلى 12 - ئايدا تەيۋەندە ئاغرىپ ئۆلگەن. ئۇ خېلى بۇرۇنلا تۇڭمېڭخۇيغا قاتناشقان، نەنجىڭدا بىرقانچە يىل ساقچى ئىدارىسىگە باش نازارەتچى، سۇڭخۇ ساقچى نازارىتىگە نازىر، ئەنخۇي ئۆلكىسىگە رەئىس، گۇيخۇا ئۆلكىسىگە رەئىس، موڭغۇل - زاڭزۇ كومىتېتىغا مۇدىر بولغانىدى. ئۇ يەنە ما بۇفاڭغا مەركەزگە بېقىنىپ خېشى كارىدورىنى بىكارلاپ بېرىپ، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ شىنجاڭغا ئوڭۇشلۇق كىرىشىگە يول بېرىش ھەققىدە خىزمەت ئىشلەپ تۆھپە ياراتقان، شۇ ئىش بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ تېخىمۇ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى.

## زوراۋاننىڭ ئاقىۋىتى

1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭنى قوبۇل قىلىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. جۇ شاۋلياڭ شۇ كۈنلەردە پۇتىنىڭ ئاغرىقى قوزغىلىپ قېلىپ يول مېڭىشى تەسلىشىپ قالغانىدى. جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا تەختىراۋان ئەۋەتىپ خۇاڭشەن تېغىغا كۆتۈرتكۈزۈپ ئاچىقتى ۋە ئۇ يېتىپ چىققاندا مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۇ بۇرۇن ھېچكىمگە بۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى. ئىككىيلەن شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە ئۈچ - تۆت سائەتچە مەخپىي پاراڭلاشتى. لو جيالۇن شۇنداق دەيدۇ: «ۋېييۈەنجاڭ جۇ شياۋلياڭ بىلەن يېقىن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، بەزىدە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، پۇتلىرىغا ئۇرۇپ قوياتتى، بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ ياشلىرىنى سوراپ كېتەتتى.» ئاخىردا جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭغا شۇنداق دېدى:

— سىز بۇ قېتىم شىنجاڭغا بارغاندا شېڭ شىسەيگە گەپنى
ئوچۇق قىلىپ، شىنجاڭدا ئون نەچچە يىل ئىشلەپ كۆپ جاپا
تارتتىڭ، ئەمدى ئارام ئالساڭمۇ بولىدۇ، دەڭ. مەن ئۇنى دېھقان-
چىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى قىلماق-
چى، ئۇ ئۆزىمۇ دېھقانچىلىقتا ئوقۇغان، شۇ يەردە قابىلىيىتىنى
جارى قىلدۇرالايدۇ. پەقەت ئۇ شىنجاڭدىن كەتسىلا قالغان ئىشلار
ئاسان.
ئۈچ كۈندىن كېيىن، جۇ شاۋلياڭ بۇيرۇق بويىچە ئۈرۈمچى-
گە يېتىپ باردى ۋە شېڭ شىسەيگە شەرقىي قورۇدا جياڭ جيېشى-
نىڭ ئاغزاكى بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. ئۇ جياڭ جيېشى بىلەن
ھەرقانداق چاغدا ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن سىمسىز تېلېگراف-
تىن بىرنى ئالغاچ كەلگەنىدى، بىرنەچچە ھەربىي ئايروپىلاننى
جيۇچۈەن ئايرودرومىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ-
ـۇ قويغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، غەربىي شىمال ئۇرۇش رايونىغا
مەسئۇل قوماندانلارنىڭ بىرى بولغان لو جىمۇ جۇ شاۋلياڭ بىلەن
بىر ئايروپىلاندا قۇمۇلغا كېلىپ شۇ يەردە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋا-
تاتتى. لاۋمەنچېڭدىكى زاپاس 7 - شى بىلەن قۇمۇلدىكى شۈي
رۇچېڭنىڭ لۈيىمۇ جەڭگە تەييارلىنىپ تۇرۇشاتتى.
جۇ شاۋلياڭنىڭ بۇ قېتىمقى ئۈرۈمچى سەپىرى توغرۇلۇق
شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەنگەن لو جيالۇن مۇنداق خا-
تىرە قالدۇرغان:
«1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن،
جۇ شاۋلياڭ ئولتۇرغان ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا يېتىپ
كەلدى. ئەتراپ قاتتىق ھەربىي ھالەتتە ئىدى، قەدەمدە بىر
ئەسكەر قوراللىق تۇراتتى. شېڭ شىسەي ئايرودرومغا كەلمىدى.
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن ئازلا ئادەم كەلگە-
نىدى. مەركەزدىن كېلىدىغانلار بۇرۇن بىر توپ بولسا، بۇ قېتىم
پەقەت بىرلا ئادەم كەلگەنىدى. جۇ شاۋلياڭنىڭ پۇتى ئاغرىق

www.uyghurkitap.com

بولغاچقا، يول مېڭىشى قىيىنراق ئىدى. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆدۈل شەرقىي قورۇغا باردى. ئەرۋازىدىن كىرىپلا تۆت ئەتراپقا پىلىموتلارنىڭ تىكىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، برونېۋىكنىڭ ئىستوۋۇلى قارىغا ئېلىنىپ تۇرغاندەك ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆردۈق، قورۇنىڭ ئىچى خۇددى چوڭ دۈشمەن كېلىدىغاندەك كۆرۈنۈش ئالغاندى. بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ سوغۇق كۈلۈشۈپ قويدۇق، شەرقىي قورۇ دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، قىممەتلىك مېھمانلار كەلسە مەشەگە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. چوڭ زالغا كىرىپلا تۆت بۇلۇڭدا قوراللىق تۇرغان مۇھاپىزەتچىلەرنى كۆردۇق، ھەربىر بۇلۇڭدا ئىككىدىن تۇرۇپتۇ، مىلتىقلىرىنىڭ ئىشتىكلىرى چىقىرىلغان ھالەتتە ئىدى. زالنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدىمۇ ئالتە قوراللىق ئادەم تىك تۇراتتى. سىرتتىمۇ ئەسكەرلەر، ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا يالتىراپ تۇرغان قورال، بۇنىڭدىن بۇ يەردىكى قوغداشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

جۇ شاۋلياڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، پىل چىشىدىن ياسالغان شاھمىتىنى چىقىرىپ، كىچىك ئۈستەلنى ئۆيىنىڭ بوش بىر يېرىگە قويۇپ شاھمات ئۇرۇقلىرىنى تىزىشقا باشلىغان. ئۇ مۇھىم بىر ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ياكى خىزمەت ئارىلىقلىرىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزى بىلەن ئۆزى شاھمات ئويناپ زور مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ ئادىتى بويىچە شۇنداق قىلىپ، شىياڭ شىسەينى قانداق قىلىپ شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىش ئۈستىدە ئويلانغان. مەن بۇ قېتىمقى قارارنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، ئەمما ئۇنىڭغا قايتۇرۇلىدىغان ئىنكاسنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. شۇنداقتىمۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش كېرەك ئىدى. شۇڭا، جۇ شاۋلياڭنىڭ بۇ قېتىم ئويناۋاتقان شاھمىتى ئادەتتىكى شاھمات ئەمەس ئىدى. سائەت 6

بىرىمىدا شېڭ شىسەي شەرقىي قورۇغا كېلىپ تۇيۇقسىزلا ياتاققا كىرىپ كەلگەن ۋە كىرىپلا ئازراق ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلولىرىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى توختىماي سۆزلەپ كەتكەن. سۆزلىگەندە چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن. بىر سائەتچە سۆزلەپ ئاندىن چىقىپ كېتىپتۇ. كەچتە زىياپەت بەرگەندە، ئادەتتە يېنىدىن ئايرىلمايدىغان ئۈچ نەپەر فۇگۇەنى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى خىزمەت قىلىپ يۈرەتتى. مەن ئىنتايىن تەمكىن ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن بەش يۈلتۇزلۇق ۋىنونىڭ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا باشلىدىم. بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋاتىمەن، ئەمما خىيالىم 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەركەز شىنجاڭغا مۇپەتتىشلىككە ئەۋەتكەن خۇاڭ مۇسۇڭدا ئىدى. ئۇمۇ شىنجاڭغا كەلگەندە مۇشۇ ياتاقتا ياتقانىكەن. خۇاڭ مۇسۇڭ مۇشۇ ئۆيدە تۇرسا، شېڭ شىسەي پەستە بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قولىدا يەلپۈگۈچ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ رەھبەرلىرىدىن چېن جۇڭ، لى شياۋلىيەن، تاۋ مىڭيۈ ئۈچىنى مۇھاپىزەتچىلىرىگە تۇتقۇزۇپ، سوراق قىلمايلا ئارقا ھويلىغا ئاچىقىپ ئېتىپ تاشلاشنى بۇيرۇق قىلغان. ئۇلار ئېتىلغان جاي دەل مۇشۇ ئۆينىڭ بېشى. شېڭ شىسەينىڭ ئۇ ئۈچىنى خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ كۆزىچە ئېتىپ تاشلىشى خۇاڭ مۇسۇڭغا، ئاساسلىقى مەركەزگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. زىياپەتتىن كېيىن ئۇ: «يولدا قاتتىق چارچىدىڭلار، ئەمدى ئارام ئېلىڭلار!» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇ شاۋلياڭ ئەتىكى ئىشلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاپ كېچىچە ئۇخلىيالمىغان. ئاخىر بولماي، كىتاب ئوقۇپ ئۇخلاپ قېلىش ئۈچۈن «جۇاڭزى» دېگەن كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىغان. بىر چاغدا، شېڭ

www.uyghurkitap.com

شىسەي ئۆگىسۈلى يوق، تۈيۈقسىز كىرىپ كەلگەن ۋە كىرىپلا جۇ شاۋلياڭدىن قانداق كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى سورىغان، جۇ شاۋلياڭ «جۇاڭزى» دەپ جاۋاب بەرگەن. شېڭ شىسەي ئاڭلاپلا: «ئۇنداق بولمىغۇر كىتابنىمۇ ئوقۇمسىز؟» دېگەن. جۇ شاۋلياڭ: «بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى بەك قىزىق» دەپ جاۋاب بەرگەن. شېڭ شىسەي ئولتۇرمايلا يەنە چىقىپ كەتكەن. روھىي ھالىتى ياخشى ئەمەس، كۆرۈنۈشى پاراكەندە، ئۇيقۇسى قاچقان ھالەتتە ئىكەن. جۇ شاۋلياڭنىڭمۇ ئۇيقۇسى قېچىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئەمدىلا يېتىشىغا، دېرىزىدىن قورۇدا مېڭىپ يۈرگەن قۇراللىق قاراۋۇللار كۆرۈنۈپ تېخىمۇ ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئۇنداق ئەھۋالنى كۈندۈزى كۆرسىمۇ ئادەمنى قورقۇنچ باسىدۇ، بۇ دېگەن كېچىدە. ئەتىسى ئۇ كېچىچە بولغان ئىشلارنى ماڭا سۆزلەپ بەردى، ئىككىمىز قاتتىق كۈلۈشتۇق.»

16 ـ كۈنى، جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىنىڭ شېڭ شىسەينى يۆتكەپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى سىلىق، ئەمما كەسكىن تەلەپپۇزدا شېڭ شىسەيگە ئۇقتۇردى، شېڭ شىسەي ئاڭلاپ تەرلەپ كەتتى، قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇردى. شۇنداقتىمۇ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي، ھازىر ئايرىلسام بولمايتتى، بىر مەزگىل تۇرۇپ ۋەزىيەت پەسەيگەندە، ئاندىن كەتسەم، دەپ باقتى. ئۇ گەپكە قۇلاق سېلىنمىغاندىن كېيىن، رەئىسلىكنى ئېلىۋەتسە مەيلى، دۇبەنلىكنى، ھەربىي ھوقۇقىنى ساقلاپ قالسام، دېدى. جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقىغا سۇسلۇق قىلماي، شېڭ شىسەيگە پەقەتلا يول قويمىدى. شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىكەت قوللىنىشقا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئامالسىز بۇيرۇققا بويسۇندى. جۇ شاۋلياڭ شېڭ شىسەينىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇنىڭغا ئىستېپانامە يېزىپ تاپشۇرۇش-

نى ئېيتتى.

شېڭ شىسەي شۇندىلا ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا خاقان بولۇپ تۇرغان كۈنلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىش بولمىسىمۇ، ئەمما ماڭدامدا بىر يامانلىشىپ ماڭىدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

شېڭ شىسەي ھاياتىدا ھازىرقىدەك ئەنسىزچىلىكتە قالمىغان، خاتىرجەمسىزلەنمىگەن، ئۇمىدسىزلەنمىگەن، بىر كۈننى بىر يىلدەك ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، ئازابلىنىپ باقمىغانىدى. بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا روھىي جەھەتتە تۈگىشىپلا كەتتى، ئون نەچچە يىل جاپالىق ئىشلەپ ئاخىرىدا مۇشۇ كۈنگە قالغىنى ئۇنىڭغا بەك ئەلەم قىلغانىدى، ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. مېنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىشى ئېنىق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ماڭا ئىستېپانامە يازغۇزىدۇ؟ مەن قاچان ئورمانچىلىق — دېھقانچىلىق مىنىستىرى بولىمەن دەپ ئىلتىماس يېزىپ باققان؟ خورازنىڭ تاجىسى بولۇشقا رازىمەنكى ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇقى بولۇشنى خالىمايمەن. مىنىستىر گەرچە ئوخشاش دەرىجە بولسىمۇ، ئەمما مېنى ئۇ يەرگە قويغانلىقى سوغۇق ئوردىغا كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى. كۆك كۆزلەر بىلەن جياڭ جيېشى مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويدى.

شېڭ شىسەي شۇ كېچىسى ئۇزاقىچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇياققا ئۆرۈلەتتى، بۇياققا ئۆرۈلەتتى، چوڭقۇر تىناتتى، يۇرىكى تۇرۇپ سىقىلاتتى، تۇرۇپ قاتتىق سىلىپ كېتەتتى، پۇت — قوللىرى كۆيۈشۈپ قالاتتى. بىر چاغلاردا ئازراق كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك بولدى، لېكىن قارا بېسىپ بىئارام بولدى. چۈشىدە تاۋ مىڭيۇ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەر يۇگۈرۈپ كېلىپ گېلىنى بوغۇپ خۇن تەلەپ قىلاتتى. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر توپ ئەر — ئاياللار كەينىدىن توختىماي قوغلايتتى، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە قاچماقچى بولاتتى، لېكىن قەدىمىنى ئالالمايتتى. قاتتىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قورقۇپ كېتىپ، قۇتۇلدۇرۇڭلار، دەپ بىر تۇۋلاپلا ئويغىنىپ كەتتى، پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئاشقازان كېسىلى ئېغىر ئىدى، يۈرىكىمۇ ياخشى ئەمەس، دائىم يىپ ئاتلاپ تۇراتتى، قان بېسىمى يۇقىرى ئىدى. بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى تېخىمۇ قاچۇراتتى. سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلاپ، ئەمدىلا 50 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ كۆزلىرىنىڭ ئاستى ئىششىپ، چىرايى سارغىيىپ، چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، ئىككى قولىمۇ تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ دائىم كېچىچە ئۇخلىماي تورۇسقا قاراپ خىيال بىلەن ياتاتتى، كاللىسى خۇددى ماشىنىنىڭ چاقىدەك توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى، ھەممە نەرسىگە ھەسرەت چېكەتتى، دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئاغرىناتتى.

چىۋ يۇفاڭ ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ، روھىي ھالىتىنىڭ، سالامەتلىكىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشاتتى، توختىماي نەسىھەت قىلاتتى.

— ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭدىن كېيىن ئانداق قىلىمىز، شۇنى ئويلاڭ، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا.

بۇ گەپ شېڭ شىسەينى سەگەكلەشتۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن، سولانغان، ئۆيلىرى ئاختۇرۇلغان ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلىرى مېنى بوش قويۇۋېتەمدۇ؟ چۇڭچىڭدىن كېلىدىغانلار جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلسا ئۇلار ئىقرارلىرىنى ئاغدۇرۇۋېتەمسىمۇ؟ مەن كەتسەم كىم ماڭا بىرنېمە دېيەلەيدۇ؟ چۇڭچىڭغا بارغاندىن كېيىن ئەمەلدارلار سورۇنلىرىدىكى قورساق سوقۇشتۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرالايمەنمۇ؟ شىنجاڭدىكىلەر بىرلىشىپ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلسا قانداق قىلىمەن؟ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش، جىياڭ جيېشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ دەرەخكە مەھكەم ئېسىلىش . ئۇ ئۆزىمۇ مېنىڭ

بارلىق ئىشىمغا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، دېگەن گېپىد-
دىن يېنىۋالمايدىغاندۇ؟ ئۆلكە خەزىنىسىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردىن باشقا 50 مىڭ سەر ئالتۇن، 600 مىڭ
ئامېرىكا دوللىرىلىق زايوم بار، شۇلارنى مەركەزگە سوۋغا قىل-
سام جياڭ جيېشى مېنى قوغداپ قېلىشى مۇمكىن. ئازراق
نەرسىنىڭ مەرىدىن كەچمىسەممۇ بولمايدۇ. ئاشۇ ئالتۇن ـ كۈ-
مۈشلەر، ئامېرىكا دوللىرى پۈتۈن ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى
قوغداپ قالالايدۇ. مۇشۇلارنى ئويلاپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەندىشى-
لىك كۆڭلى ئازراق ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي خىزمىتىدىن ئىستې-
پا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئىستېپانامىسىدە مۇنداق دېدى: «بۇ
قېتىمقى سۇيىقەستلىك توپىلاڭ نېرۋامغا قاتتىق تەسىر قىلدى.
ھازىرقى مۇشۇ روھىي ھالىتىم بىلەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىش-
لارنى باشقۇرسام بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ داھىيمىزنىڭ
مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىيالماي قالارمەنمۇ، دۆلەت ۋە
خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويۇپ قويارمەنمۇ، دەپ ئەنسىرەپ
قالدىم. نۇرغۇن ئويلاپ، ئاخىر خىزمەتلىرىمدىن ئىستېپا بېرىش-
نى لايىق تاپتىم.» ئىككى كۈندىن كېيىن، جۇ شاۋلياڭ شېڭ
شىسەينىڭ ئىستېپانامىسىنى ئېلىپ چۆچۈڭگە قايتتى. شېڭ
شىجى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. باش مۇپەتتىش لو جيالۇن
نەچچە كۈندىن بېرى قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە بىر كۈننى بىر
يىلدەك ئۆتكۈزگەندى، ئەمدى ئۇمۇ خاتىرجەم بولۇپ، ئايروپى-
لاندا جۇ شاۋلياڭ بىلەن بىللە قايتتى.

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيگە
ئۈچىنچى قېتىم خەت يازدى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دېدى: «ئىنى-
مىز دۆلەت ئۈچۈن چېگرا رايونىدا ئون يىل ئامان ـ ئېسەن
ساقلاپ كەلدىڭىز، بۇ جەرياندا نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىڭىز،
نۇرغۇن ئەجىرلەرنى سىڭدۈردىڭىز، قىلغان ئىشلىرىڭىزنى سۆز

www.uyghurkitap.com

بىلەن تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مىنگودىن بۇيان، چېگرايىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداشتا ئىنىمىزدەك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر تېخى مەيدانغا چىققىنى يوق. سىز يەنە دۆلەتنى، ئۆزدىگىزنى ئويلاپ خىزمىتىڭىزدىن ئىستېپا سوراپسىز، كۆڭلىڭىزنى يەردە قويۇشقا ھەددىم ئەمەس. ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىر سىزنى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىغا مىنىستىر قىلىشنى لازىم تاپتىم. شۇ جايدىمۇ قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ دۆلەت قۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم قىلغايسىز. سىزنىڭ چۆڭچىڭغا بالدۇرراق يېتىپ كېلىپ يېڭى خىزمەتلەرگە چۈشۈپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەرقانداق ئىشىڭىزغا مەن ئىگە، ئارتۇقچە ئەندىشىلەردە بولماڭ. خىزمەتكە تەيىنلىنىش بۇيرۇقىڭىز ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئېچىلىدىغان مەمۇرىي پالاتانىڭ يىغىنىدا جاكارلىنىدۇ.» جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تېزراق چۆڭچىڭغا كېلىشىنى، بۇ يەردە يېڭى ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قايتا شىنجاڭغا بېرىپ قالغان ئىشلارنى بېجىرىشىنى ئويلىغانىدى.

«11 - ئاۋغۇست خۇاڭ رۇجىن - لىن جيۇڭ دېلوسى» نى قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ سىجاڭى شۇ ئېنزېڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى خىزمەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ چۆڭچىڭغا كەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى قالغان ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا قايتا كەلمىدى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، جياڭ جيېشىمۇ ئۇنى ئەۋەتمەيتتى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەينىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىپ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىغا مىنىستىر بولغانلىقىنى، ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەتكە ھەيئەت ئەزا، رەئىس بولغانلىقىنى، ۋۇ جۇڭشىن
ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا بېرىشتىن ئىلگىرى بۇ ۋەزىپىلەرنى جۇ
شاۋلياڭ ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يۇقىرى-
قى ئۇ خەۋەرنى مەركىزىي ئاگېنتلىق ئېلان قىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەۋەرلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ
رۇمىڭ بۇ خەۋەرنى يېڭىلا تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرۇشىغا، شېڭ شى-
سەي ئۇنىڭغا ئۇشتۇمتۇت تېلېفون بېرىپ، ئۇنى ئاشۇ خەۋەرنى
ئېلىپ دۇبەن مەھكىمىسىگە كېلىشكە بۇيرۇدى ھەم بۇ خەۋەرنى
ھېچقانداق ئادەمگە دېمەسلىكنى تاپىلىدى. جاڭ رۇمىڭ ھاسى-
راپ - ھۆمۈدەپ شېڭ دۇبەننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە،
شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا، بۇ خەۋەرنى مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ئېلان
قىلىشقا، ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، خىلاپلىق قىلىدىكەنسەن جاۋاب-
كارلىققا تارتىلىسەن، دېدى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن مۇشۇنداقلا قايتىپ كېتىشنى خا-
لىمايتتى، بىر قىسىم ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ دەردىنى ئالمىسا
بولمايتتى. مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇ لى يىڭچى، شېڭ شىجى،
چيۇ يۇشيۇڭلارنى غەربىي بىناغا چاقىرىپ مەجلىس ئېچىپ،
تۈرمىدىكى سولاقلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى
ئېيتتى، ئىنىسىمۇ شۇ خىيالدا ئىدى. شېڭ شىسەي، ئەڭ
ياخشىسى، مەھبۇسلار توپىلاڭ كۆتۈردى دەپ تۈرمىگە ئوت قويۇ-
ۋېتىپ، شۇ باھانىدە ھەممىسىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش
كېرەك، دېدى. ئۇ لى يىڭچىنى بېنزىن تەييارلاشقا، ئۇ يەرنى
قاتتىق ساقلاشقا مۇھاپىزەتچىلەرنى ئەۋەتىشكە بۇيرۇدى. ئەگەر
ئوت كەتكەندىن كېيىن تۈرمىدىن قاچقۇچىلار بولسا ئوققا تۇتۇل-
دىغان بولدى. لېكىن، لى يىڭچى شېڭ شىسەي كەتكەندىن كې-
يىن ئىگىسىز قالىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاپ،
ئۇ قىرغىنچىلىق پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

شېڭ شىسەينىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى ئالا-

www.uyghurkitap.com

ھىدە خەۋەر 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چوڭ خەتلىك ماۋزۇ بىلەن ئاخىر «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىپ، پۈتۈن ئۈرۈمچى شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈلدى، پوجاڭزىلارنىڭ ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى. كىشىلەر يېڭى كۈنگە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەشتى، كوچىلار تەنتەنە قىلىشىۋاتقان ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. بىر موماي قەغەز پۇللارنى كۆيدۈرگەچ، دۈبەن مەھكىمىسىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھەدەپ شېڭ شىسەينى تىللايتتى: «تۇخۇمى قۇرۇغۇر شېڭ شىسەي، سېنىڭ بېشىڭغىمۇ مۇشۇنداق كۈنلەر كېلىدىكەن. سەن بىز بىر ئائىلىلىك ئادەمنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭغۇ، ئۆلەرسەن ئىلاھىم! ئوغۇللىرىڭ خوتۇن ئالالمىغاي! قىزلىرىڭ ئەرگە تېگەلمىگەي! ئۆلسەڭ كۆمگۈدەك يەر چىقمىغاي ئىلاھىم...» مومايىنى بىرمۇنچە ئادەملەر ئورىۋالدى، ئادەتتە ھەيۋىسىدىن ئىتمۇ قورقىدىغان مۇھاپىزەتچىلەر بۇ ئىشلارنى ئاڭلىماسقا، كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇشاتتى، ئىلگىرىكى ھەيۋىسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

بىرقانچە كۈنگىچە ساقچى باشقارمىسىنىڭ قورۇسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مىڭلىغان ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېرىنى، بەزىلىرى ئوغلىنى، بەزىلىرى دادىسىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەر ئىدى. ساقچىلار توختىماي جىنايەتچىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئاختۇراتتى، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى. قېرىنداشلىرىنىڭ ئامان ـ ئىسەنلىكىنى ئاڭلىغانلار خۇشال قايتىپ كېتىشەتتى. ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانلار يىغازار بىلەن قەبرىنىڭ نومۇرىنى ئېلىپ ليۇداۋاندىكى قەبرىستانلىققا قاراپ يۈگۈرۈشەتتى، بەزىلەر قەبرە نومۇرلىرىنىمۇ تاپالماي، ئۇلارنىڭ ليۇداۋاندىكى تاشلاندۇق قۇدۇقلارغا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈشەتتى. دۈڭشەن، ليۇداۋان تەرەپلەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە قەغەز كۆيدۈرۈۋاتقانلار، يىغلىشىپ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈۋاتقان قېرىلار، ئاياللار، باللار بىلەن

توشۇپ كەتكەنىدى. بەزىلەر چۆل - جەزىرىدە، قەبرىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدا قېرىنداشلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى، سۆڭەكلىرىنى ئىزدىشىپ يۈرەتتى، بۇ كۆرۈنۈشلەر شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىنجاڭغا 11 يىل بەش ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇ مۇستەبىت ئاشۇ داد - پەرياد ۋە قارغىشلار ئىچىدە، سانسىز ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، جۇ شاۋلياڭ بىلەن شۇ ئېنىزىگىنىڭ ھەمراھلىقىدا چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ چۇڭچىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن جەمەتلىرى، يۇرتلۇقلىرى 1 مىڭ 500 ئەسكەرنىڭ ھىمايىسىدە ساندۇق - ساندۇق بايلىقلارنى 150 قارا ماشىنىغا بېسىپ ماڭدى. لەنجۇغا بارغاندا چيۇ زۇڭجۇننىڭ ئائىلىسى قېپقالدى، قالغانلار چۇڭچىڭغا قاراپ داۋاملىق يۈرۈپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، شېڭ شىسەي «شىنجاڭ گېزىتى»دە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەربىي، خەلققە ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ شۇنداق دېدى: «ئون يىللىق قۇرۇلۇش داۋامىدا، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ مۇكەممەل سىياسەت ئىكەنلىكىنى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە دۆلەت ئاتىسى ئوتتۇرىغا قويغان ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ ئېسىل ئۈچ مەسلەكنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئۈچ مەسلەك ئىچىگە يۇغۇرۇۋېتىش قارارىغا كەلدىم. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمدىن ئۈچ مەسلەككە قەتئىي ئىشىنىپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئارقا سەپ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ چوڭ ئىشلىرىمىزنى بالدۇرراق ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

شۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئاخىر خاتىمە بېرىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 11. خاتىمە

## مۇستەبىت كەتتى، خەلقنىڭ پەريادى كەتمىدى

1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، چۆچەكتە شېڭ شىسەينىڭ دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىدا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئەتىسى شېڭ شىسەي مىنىستىرلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى.

شېڭ شىسەي ئاران ئون ئايلا مىنىستىر بولۇپ تۇرالىدى. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مىنىستىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى. كېيىن شەنشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەسلىھەتچى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋۇخەندىكى ئورگىنىغا شاڭجياڭ دەرىجىلىك مەسلىھەتچى بولۇپ تەيىنلەندى.

شېڭ شىسەي كەتكەندىن كېيىن، جياڭ جېيشى خەلقنىڭ غەزىپىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن شىنجاڭغا «ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئۆمىكى» ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى كونا ئۇۋالچىلىق دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. ئاساسلىقى «11 ـ ئاۋغۇست خۇاڭ رۇجىن ـ لىن جىيۇڭ دېلوسى» بولۇپ، گومىنداڭ ئەزالىرىنى تېزدىن ئاقلاپ چىقىش كېرەك ئىدى. بۇ ئۆمەك 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايغا قەدەر ئون ئاي ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۈرمىدىكى ئۇ كىشىلەرنى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بەردى. مۇساد-

ـرە قىلىۋالغان «ھارام ماللار»نى قايتۇرۇش ئىشىنى 1946 -
يىلى 9 - ئايدا ئاندىن تۇتۇپ ئىشلىدى، ئۇ ۋۇ جۇڭشىن كېتىپ
ئورنىغا جاڭ جىجوڭ كەلگەن چاغ ئىدى.

شىنجاڭدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مىڭلاپ ئادەم شېڭ شى-
سەي كېتىشى بىلەن ئىشنى بولدى قىلىندى، خۇن دەۋاسى
قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئەرز بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ئۇ
ئەرزلەر ھازىرغىچە قان ۋە ياش بىلەن تولغان ئەرزلەر سۈپىتىدە
ئارخىپخانىدا ساقلاقلىق تۇرماقتا. كىتابخانىلارنىڭ پايدىلىنىشى
ئۈچۈن، ئاساسلىق ئەرزلەرنىڭ بەزىلىرىنى كىتابتا قىسقارتىپ
بەردۇق.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك ئاياللار جەمئىيىتى چيۇ يۇفاڭنىڭ ئۈستىدىن تۆۋەندىكىدەك
ئەرز سۇنغان: «شېڭ شىسەينىڭ خوتۇنى چيۇ يۇفاڭ بۇيرۇق
بويىچە ئاياللار ھوقۇقىنى كۈچەيتىش دېگەن باھانە بىلەن ھۆكۈ-
مەتنى پەردازلاپ، زىيالىي ئاياللارنى قىلتاققا چۈشۈرۈش، تۈرمى-
لەرگە تاشلاپ ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئاياللار جەمئىيىتىنى قۇر-
غان. ئۇن يىلدىن بۇيان جاڭ يۈجېن، لى يۈگچىن قاتارلىق
بىگۇناھ ئوقۇغۇچىلارنى تۈرمىگە تاشلىدى؛ شېڭ
شىچىنىڭ خوتۇنى چېن شيۇيىڭنى ئېرىنى ئۆلتۈرگەن، دېگەن
تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ دۇڭ فۇگۇەنىنىڭ ئۇزۇن يىل
ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىپ يۈرگەن خوتۇنى شى يىڭنى، ئېرىنى
ئۆلتۈرمەكچى بولغان، دېگەن جىنايەت بىلەن بىر قانچە يىل
تۈرمىگە سولاپ قويدى. ئايروپىلان ھادىسىسى بىلەن يوقاپ كەت-
كەن ۋاڭ يىڭچىنغا، ئايروپىلان بىلەن مەركەزگە قېچىپ كەتكەن،
دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەر - ئايال،
قېرى - ياش ھەممىسىنى تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا،
نەچچە يىللاردىن بېرى چوڭ - كىچىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە
تۆرىلەر، بايلار بولۇپ سانسىز ئادەم تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇلارنىڭ
ئائىلىسىدىكى نەچچە يۈز مىڭ ئادەم ئۆيلىرىدىكى نەرسىلىرى
مۇسادىرە قىلىنىپ ئاچ - يالىڭاچ قالدى. ئۇلارنىڭ دادىغا يېتى-

www.uyghurkitap.com

دىغان ئادەم چىقمىدى. پەريادى پەلەكنى تىترەتتى. يەنە تېخى ئۇلار مۇستەبىت ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «ئىسيانچىلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى» دەپ قارىلىپ، بەزىلىرى تۈرمىلەرگە قامالدى... مىنگونىڭ 28 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئىلىنىڭ كۆرە دېگەن يېرىگە يېقىن ئاھالىلەر رايونى قۇرۇپ، «ئىسيانچىلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى»نى، ھۆكۈمەت سىلەرگە تەمىنات بېرىدۇ، دەپ شۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا بۇيرۇدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى نەزەربەند قىلىش ئىدى. ئۇلارغا ئۈچ كۈن ئىچىدە يولغا چىقىپ بولۇشۇڭلار كېرەك، دەپ جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى، كۆپ نەرسە ئالغۇزمىدى. نەتىجىدە، ئۇ بىچارىلەر كېرەكلىك ئۆي سايمانلىرىنى ئېلىپ كېتەلمەي، يا ساتالماي، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قويۇپمۇ قويالماي خانىۋەيران بولۇپ كەتتى ھەتتا بەزىلىرى بۇ ئەلەملەرگە چىدىماي قۇدۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. سۈرۈك توشقاندا، شېڭ شىسەينىڭ قولچوماقلىرى ئۇلارنى مەجبۇرلاپ، ئۇنىمىغانلىرىنى ئۇرۇپ يولغا چىقىشقا ئالدىراتتى. باللارنىڭ، بوۋاي ـ مومايلارنىڭ، ئاياللارنىڭ يىغا ـ زارلىرى ئالەمنى بىر ئالدى. ئۇ بىچارىلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى يۈرەكلەرنى پارە ـ پارە قىلاتتى.

200 دىن ئارتۇق ئادەم 50 قارا ماشىنىغا قاچىلاندى. قارا قىش مەزگىلى بولغاچقا، كىيىملىرى يېلىڭ ئادەملەر سوغۇقتا قاتتىق ئازاب تارتتى، نۇرغۇنىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرى ئۈششۈپ قالدى. كۆرەگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر يەرگە سولىۋېلىپ شەھەرگە كىرگۈزمىدى ھەتتا سىرتقىمۇ چىقارغۇزمىدى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن سىرتقا چىقىشلىرىغا رۇخسەت قىلدى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى نەزەربەند بىكار قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ چىداۋاندىكى بىر زاۋۇتقا ئاپىرىپ قويدى. بۇ زاۋۇتتا بۇرۇن نەزەربەندتە تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ئائىلىلەر بار ئىكەن، شۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ سانى 150 تىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچتىن بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ سىرتقا چىقىشىغا

مۇتلەق يول قويۇلمىدى، ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئادەم چىقسا
بولاتتى، ئەمما ھەپتىدە بىرلا قېتىم چىقالايتتى. شۇ سەۋەپتىنمۇ
كېسەل بولۇپ قالغان نۇرغۇن باللار سىرتقا چىقىپ داۋالىنالماي
ئۆلۈپ كەتتى ...»

ئۇ ئەرزلەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ئۇلار ئۈچۈن ياش
تۆكمەي قالمايدۇ.

1946 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىرى يەن جۈاڭ بى-
لەن ۋاڭ شىنلىڭ خەلقنىڭ شىكايەتلىرى بويىچە شېڭ شىسەينى
خىزمىتىدىن توختىتىپ تەكشۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار-
نىڭ دوكلاتى شېڭ شىسەينىڭ جىنايەتلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ،
ئوقۇپ ئۆتمىسەك بولماس.

«تەكشۈرۈشىمىزچە، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ رەئىسى شېڭ شىسەينىڭ 22 - يىلى (مىنگو) خىزمەتكە
تەيىنلەنگەندىن بۇيان قىلغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى، زورا-
ۋانلىقلىرى، قەبىھلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. يەن جۈاڭ
قاتارلىقلار يېزىپ قالدۇرغان ‹شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى
قىلمىشلىرى›، ۋە شىنجاڭ ۋاقىتلىق خەلق كېڭىشىنىڭ بارلىق
ئەزالىرى يوللىغان ئەرزلىرىگە ئاساسەن 7 - ئايدا ئۈرۈمچىگە
بېرىپ تەكشۈرۈشنى باشلىغانىدۇق. پاش قىلىنغان، ئەرز قىلىن-
غان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئېتىلغان، تۈرلۈك قىيىن -
قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەر 80 مىڭغا، جازالاش
قوراللىرى 20 نەچچە خىلغا يېتىدىكەن. تۈرمە شىنجاڭنىڭ ھەم-
مىلا يېرىنى قاپلاپ كېتىپتۇ، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر ئىچىدە توققۇز
تۈرمە، شەھەر سىرتىدا ئىككى تۈرمە بار ئىكەن. ھازىر ئۇ
ئورۇنلار گازارما قىلىنىپتۇ. ليۇداۋاندا تاشلىنىپ كەتكەن بىر
خاڭ بار ئىكەن، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى شۇ خاڭغا تاشلايدى-
كەن. ليۇداۋاننىڭ ھەممىلا يېرى قەبرە بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.
مەخپىي ئۆلتۈرۈلۈپ قەبرىسى قوپۇرۇلمىغانلارنىڭ سانى يوق.
شېڭ شىسەي يوقاتقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە سودىگەرمۇ، دېھ-

قانلارمۇ، ئىشچىلارمۇ، ئەسكەرلەرمۇ، ئاھالىلەرمۇ بار. جازا قوراللىرىنىڭ دەھشەتلىكلىكى، تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ مال ـ مۈلكى شۇئان ئاختۇرۇلۇپ مۇسادىرە قىلىنغان، ئائىلە تەۋەلىرى ئالتاي، ئىلى قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئىلى ۋەقەسى (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى) دە ئىلى رايونىدىكىلەرنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كېتىپ ھازىرغىچە سەرسان بولۇپ يۇرۇۋېتىپتۇ. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلاردىن 3 مىڭدەك ئادەمنى توپلاپ بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغان (بۇنىڭغا ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇندىكى ياكوف گۇۋاھ)، كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي قالغان. شېڭ شىسەينىڭ بۇنداق جىنايەتلىرىنىڭ سانىنى ئېلىپ بولمايدۇ.

ئۇندىن باشقا، ئۇنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن خەلقنىڭ مال ـ دۇنياسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان ئىشلىرىمۇ ساناقسىز. ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ئىچىدە ئۇنىڭ تەرىپىدىن بۇلانمىغان بىرمۇ باي قالمىغان. شىنجاڭدىن كېتىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى ئۈرۈمچى خەلقى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان. ئۇنىڭ قولچوماقلىرىنىڭ، يېتىنلىرىنىڭ بۇلىغان، ئوغرىلىغان، ساتقان نەرسىلىرىمۇ ھېسابسىز. ھازىرغىچە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ئۇنىڭ ئۇ خىل جىنايەتلىرىنىڭ تەپسىلاتى، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشلىرى، (قوشۇمچە ماتېرىيال: 1) ۋە مىنگونىڭ 34 ـ يىلى يوللىغان ۋاقىتلىق خەلق كېڭىشىنىڭ ئەرز تېلېگراممىسى (قوشۇمچە ماتېرىيال: 2) دا بار. ئۇنىڭغا تۈرمىلەرگە قامىلىپ ئېيتقۇسىز ئازاب چەككەنلەر گۇۋاھ، بۇ يەردە بىر ـ بىرلەپ سۆزلىمىسەكمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئادەم قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي يەنە ئەركىن ـ ئازادە يۈرسە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەزىپى بېسىلمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەركەزمۇ خەلقنىڭ

ئىشەنچىسىدىن قالىدۇ.
خەلقنى زار قاخشاتقان غالچىلاردىن لى پۇلىن، چيۇ زۇڭ-
جۇن، لى يىڭچى، پېڭ جيۇەن، شېڭ شىجى، چيۇ يۇشيۇڭ،
چيۇ يۇفاڭ قاتارلىق 20 نەچچە ئادەمنىڭ (قوشۇمچە ماتېرى-
يال: 3) جىنايىتى ھەددىدىن زىيادە كۆپ، ھازىر ئۇلارنىڭ
بەزىسى ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەن، بەزىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە
سوقۇنۇپ كىرىۋالغان، بەزىسى گەنسۇغا قېچىپ بېرىپ يەر ئې-
رىپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئەگەر ئۇلار قانۇننىڭ
جازاسىغا تارتىلمايدىغان بولسا خەلقنىڭ غەزىپىنى باسقىلى بولماي-
دۇ. شۇڭا، ئۇلارنى قانۇن بويىچە جازالاشنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا
قويدۇق، يەنى شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قولچۇماقلىرى لى پۇلىن
قاتارلىقلارنى تۇتۇپ قانۇننىڭ جازاسىغا تاپشۇرۇش كېرەك.»
يەن جۇاڭ قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان «قوشۇمچە ماتېرى-
يال: 1» قوغۇشۇن ھەرپتە بېسىلغان «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ-
دىكى قىلمىشلىرى — 2» نىڭ ئۆزى شۇ، 10 مىڭ خەتچە
كېلىدۇ. بۇ كىتابنى ئىككىنچى تۈرمىدە ياتقان ليۇ ئې باشچىلى-
قىدىكى تۈرمىداشلار شىنجاڭدا خىزمەت قىلىش جەريانىدا بېشى-
دىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىگە، تۈرمىدە تارتقان ئازابلىرىغا،
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن تۈزۈپ يېزىپ چىققان.
ئۇلار بۇ كىتابنى تۈزۈش داۋامىدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، مۇڭغۇل-
چە، رۇسچە ھەرخىل ماقالە - ئەرزلەردىن 500 پارچىدىن ئارتۇق
يىغىپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ۋاقىتتا خەلقنى ئازابلىغان،
زوراۋانلىق سىياسەت يۈرگۈزگەن خىلمۇخىل پاكىتلارنى كەڭرەك
دائىرىدە توپلىغان. گەرچە بۇ كىتابتا شېڭ شىسەيگە، سوۋېت
ئىتتىپاقىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك
كۆزقاراشلارغا شۇ دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولسىمۇ، ئەمما
كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن مول پاكىتلاردىن شېڭ شىسەي ھۆكۈم-
رانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆپ جەھەتتىن كۆرۈۋپ يەتكىلى
بولىدۇ.
يەن جۇاڭ ئوتتۇرىغا قويغان «قوشۇمچە ماتېرىيال: 2» شۇ

چاغدا ۋاقىتلىق قۇرۇلغان خەلق كېڭىشىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىلاردىن تۈزۈلگەن. ئۇ تېلېگراممىلاردا شېڭ شىسەينىڭ ھەرخىل كىشىلەردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ قامىغانلىقى، ھەرخىل زەھەرلىك ئۇسۇللار بىلەن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، ئالتاينىڭ كېپەك ئالتۇنىدىن تۆت توننا ئالتۇننى بۇلاپ كېتىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قولچۇماقلىرى بىلەن بۆلۈشۈۋالغانلىقى، توپلىغان بارلىق مال ـ دۇنياسىنى 70 قارا ماشىنىغا بېسىپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتكەنلىكى سۆزلەنگەن.

«قوشۇمچە ماتېرىيال: 3» يەنى «ئون چوڭ جاللات ۋە باشقا جىنايەتچىلەرنىڭ تىزىملىكى» دە لى يىڭچى، لى پۇلىن، ۋاڭ خۇڭساۋ، چيۇ يۇشيۇڭ، جاڭ گۇاڭچيەن (گەنسۇلۇق ئادەم، ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باش سوتچى، ئىشپىيونلار باشلىقى، ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان)، خۇ باۋلىيەن، ليۇ چېڭدې، شېڭ شىجى، پىڭ جيۇەن، ليۇ خەنشېڭلارنىڭ ئون چوڭ جاللات، چيۇ يۇفاڭ، چيۇ زۇڭجۈن، شېڭ شىيىڭ قاتارلىق 22 ئادەمنىڭ «باش جىنايەتچىلەر» ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شېڭ شىسەينىڭ بۇنداق زوراۋانلىقلىرىنىڭ سانىنى ئېلىپ بولمايدۇ. ئۇ ماتېرىيالدا يەنە شېڭ شىسەينىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتلىرىدىن باشقا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى، خىيانەت قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكى، خىيانىتىنىڭ 7 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغانلىقىمۇ سۆزلەنگەن.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن نۇرغۇن ئەرزلەرنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قورقتى، چۈنكى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەشەددىيلىكلىرى كۆڭلىگە ئايان ـ دە. شۇڭا، ئولتۇرالماي قېلىپ، ئۆزى پۇل چىقىرىپ «شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى ئومۇمىي ئەھۋال ۋە ئاتالمىش ‹شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشلىرى› گە رەددىيە» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى. كىتاب 94 بەت، 30 مىڭ خەتچە كېلەتتى. كىتابتا ئۇ ئۆزى

ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرزلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەپ-لەردىكى بارلىق جىنايەتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىنكار قىلدى ۋە يەنە جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ «ئەركە ئوغلى» نى قوغدىغانلىقىغا تەشەككۈر بىلدۈردى.

جياڭ جيېشى قىلغان تەدبىردە تۇرۇپ، 1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شېڭ شىسەيىنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەدلىيە مىنىستىرى شيې گۈەنشېڭغا يوللاپ بەردى، تەستىق مۇنداق ئىدى: «شېڭ شىسەي خىزمەت جەريانىدا دىگەن سىياسىي كۆرەشلەر، ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداشتا قوللىغان خىيالمۇ خىل تەد-بىرلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، تەكشۈرۈش ئىنچىكە بولمىغان، ئەمما بەك ئىچكىرىلەپ كەتمىگەنلەر.»

«خائىنلىق يارلىقى» نى ئىجرا قىلماسلىققا شيې مىنىستىر جۈرئەت قىلالىسۇنمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەينىڭ قىلغان خىيانەتلىرىدىن تارتىپ بارلىق قىلغان ئەتكەنلىرى يوققا چىقىرىلدى. شېڭ شىسەي ئۆزىنى ئاقلاپ شۇنداق دەيدۇ: ئۇ پۇللار خىيانەت قىلىنغان پۇللار ئەمەس، چەت ئەلدىكى ۋە ئۆلكە ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇھىم ئادەملىرىنى سېتىۋېلىپ ئىشپىيونلۇققا سېلىشقا ئىشلەتكەن، پەۋقۇلئاددە مەخپىي ئىشلارغا ئىشلەتكەن پۇللار. مەقسەت: شىنجاڭنى تىنچ تۇتۇپ تۇرۇش، سىرتتىكى كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش. بۇ گەپلەر جياڭ جيېشىنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقىدىغان گەپلەر ئىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ شېڭ شىسەينى قوغداپ قالغانلىقىغا مىسال بولالايدىغان يەنە بىر ئىشمۇ بار ئىدى.

1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، گومىنداڭ 6 - نۆۋەتلىك 16 - ئومۇمىي يىغىنى ئاچتى. يىغىندا شىنجاڭنىڭ ۋەكىلى مەسئۇد شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا ئۆتكۈزگەن جىنايەت-لىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون يىل ئىچىدە 200 مىڭغا يېقىن بىگۇناھ كىشىلەرنى قاماققا ئالدى. ھەر خىل يوللار

www.uyghurkitap.com



مەسئۇد (1888—1950)

بىلەن قۇتۇلۇپ چىققانلار 80 مىڭغا يەت-
تى، قۇتۇلالماي قالغان 120 مىڭ ئادەم
شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە
ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شېڭ شىسەي
شىنجاڭدىن كەتكەندە تۈرمىلەردە
10 مىڭلا ئادەم قالغان... شېڭ شىسەي
ئەڭ ئاچ كۆز ئادەم، ئادەتتە كېشىلەرنى
قاقتى - سوقتى قىلغاندىن باشقا، كې-
تىدىغان چاغدا دۆلەت خەزىنىسىدىكى
بايلىقلارنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كېتىپ
شىنجاڭنىڭ مالىيىسىنى قۇرۇقداپ
قويدى. ھازىر مال باھاسى ئادەملەر تە-
سەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە يۇقىرىلاپ كەتتى. يۇرتلۇقلار بى-
لەن دوست - بۇرادەرلەردىن كەلگەن خەتلەردە يېزىلىشىچە، بىر
چىنە ئۇننىڭ باھاسى مىڭ يۈەنگە چىققان. بىر ئادەم ئاز دېگەندە
ئايدا ئوتتۇز چىنە ئۇن يەيدۇ. مۇشۇنىڭدىن خەلقنىڭ تۇرمۇشى-
نىڭ قانداق ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەسمۇ؟ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال-
لارنىڭ ھەممىسىنى شېڭ شىسەي كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ئا-
دەمنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىشىنى، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن
بويىچە جازالىشىنى سورايمەن...»

مەسئۇدنىڭ بۇ ئۆتكۈر سۆزلىرى يىغىندا قاتناشقانلارنىڭ
كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىپ، يىغىن مەيدانىدا شۇئان: «شېڭ
شىسەينى قاتتىق جازالاش كېرەك!» دېگەن شوئارلار توۋلىنىپ
كەتتى، كەيپىيات ئىنتايىن جىددىي ئىدى. شېڭ شىسەي قايىل
بولماي، ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنازىرىلەشمەكچى بولۇۋىدى، يىغىن
تەرتىپى بۇزۇلۇپ قالايمىقانچىلىق بولۇپ كەتتى. كېيىن يىغىن
باشقۇرغۇچىنىڭ تەدبىرىنىڭ ئوبدان بولغانلىقى بىلەن تەرتىپ
ئەسلىگە كەلدى.

ئەتىسى، جياڭ جيېشى يىغىندا سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە
شىڭ شىسەينى ئاقلاپ شۇنداق دېدى: «مەلۇم بىر يولداش تۈنۈ-
گۈنكى يىغىندا شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈ-
ۋاتقان چاغلاردا پۇقرالارنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرگەن ئىشلى-
رى توغرۇلۇق سۆزلەپتۇ. يولداشلار، شىنجاڭ ئۆلكىسى دۆلىتى-
مىزنىڭ غەربىي شىمالىدا، يەر مەيدانى جېجياڭدەك 15 چىقىدۇ.
مىنگودىن كېيىن مەركەز بىلەن ئۇ ئۆلكىنىڭ مۇناسىۋىتى بەزىدە
ئۈلىنىپ، بەزىدە ئۈزۈلۈپ كەلگەن، سورىقى بولمىغان. يولداش
شىڭ شىسەي ئۇ ئۆلكىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ چىقى-
رىپ، ئۇنى ئاخىر مەركەزنىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ
بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن خىزمىتى چوڭ. يولداشلارنىڭ مېنىڭ
سۆزۈمنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ئۆتۈپ
كەتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىكىنى سورايمەن…» پەستە
ئولتۇرغان شىڭ شىسەي ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىر-
لەندى ۋە شۇ يەردىلا قاتتىق يىغلاپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئاتىلارچە
قىلغان بۇ غەمخورلۇقىغا كۆپلەپ رەھمەت ئېيتتى.
- لېكىن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەكىلى بولغان مەسئۇد زادىلا
يول قويمىدى. 1947 - يىلى شىنجاڭدا مۇپەتتىش بولغان بۇ
ئادەم شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش بىلەن تېخىمۇ ئابرۇي تاپقاچ-
قا، شىڭ شىسەينىڭ ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىنى توختاتماي،
«دۆلەت قانۇن بويىچە خەلقنىڭ پەريادىغا قۇلاق سېلىشى كېرەك»
دېگەن نام بىلەن يۇقىرىغا يەنە ئەرز تۇتتى. بۇ قېتىممۇ جياڭ
جيېشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئورنى بىلەن جازا-
لاش كومىتېتىدىكىلەرگە ئاغزاكى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «بۇ ئىش
سىياسىي دېلوغا ياتىدۇ، شۇڭا ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار قانۇنى
بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشقا بولمايدۇ. بەكمۇ ئىچكىرىلەپ كەتمەڭ-
لار» دەپ، شىڭ شىسەينى يەنە بىر قېتىم قوغداپ قالدى.
جياڭ جيېشى نېمە ئۈچۈن شىڭ شىسەينى باشتىن - ئاخىر

بۇنداق قوغدايدۇ؟ بۇنى ئۇنىڭ شېڭ شىسەيگە بەرگەن باھاسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، بۇمۇ جياڭ جيېشىنىڭ قىممەت قارىشىدىن بولغان. مەسىلەن، يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، 1942 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جياڭ جيېشى «تۇمۇمىي ئويلىنىش» ناملىق نۇتقىدا شىنجاڭنىڭ مەركەزگە قايتىپ كەلگەنلىكى «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى خەلق كېڭىشى كومىتېتىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ چوڭ يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا يەنە: شىنجاڭ ئۆلكىسى بىزنىڭ شەرقىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكىمىزچىلىك كېلىدۇ، مۇشۇنداق بىر جاينى بىر تال ئوق چىقارماي قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىمىز ناھايىتى چوڭ ئىش ھەم بۇ شېڭ شىسەينىڭ تۆھپىسى، دېگەن. جياڭ جيېشىنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭنى ساقلاپ قالالىسىلا نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. شىنجاڭ مەسىلىسى ئاساسىي ئېقىم، پىرقە دۆلەت ئۈچۈن قوشقان بىر تۆھپە ئىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەينىڭ ئۈستىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئەرزنامىلەر كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئېيتقان ئىشلار سىياسىي، ئىقتىسادىي، جىنايى ئىشلار بولسىمۇ ھەممىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولاتتى. بۇ بىر سەۋەب. يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، شېڭ شىسەي 50 مىڭ سەر ئالتۇن، 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق پاي چېكى، 20 مىڭ سەر ئەپيۇن، ئۇلاردىن باشقا يەنە كۈمۈش، بۆكەن مۈڭگۈزى قاتارلىق نۇرغۇن قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغانىدى، مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىلا شېڭ شىسەي بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالالايتتى.

1945 ـ يىلى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى مىنىس-

تىرلىقلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كونا پايتەخت نەنجىڭگە كۆچۈشكە باشلىدى. شىك شىسەي مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغىنى بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرگە ئايروپىلان بىلىتى ئالالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە كۆپ تەئەللۇقاتنى ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ مې- ڭىش تەس ئىدى. شۇڭا، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىنچاقلاپ ئىككى چوڭ قارا ماشىنىغا پاتقۇدەك قىلىپ، ئۆزلىرى ئىككى كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ چۇڭچىڭدىن شەنشىگە، شەنشىدىن نەنجىڭگە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار باۋدىڭغا يېتىپ بارغاندا، شىك شىسەي مال ـ مۈلۈك- لىرىنى پويىز بىلەن نەنجىڭگە سېلىش ئۈچۈن ۋاگون كۈتۈپ باۋدىڭدا تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردە تۇرالغۇ مەسىلىسى قىيىن ئىـ- دى، شىك شىسەي مۇھىم ئەمەلدار بولسىمۇ، بۇ يەردىكىلەرنى ئاۋارە قىلىشنى خالىماي ئادەتتىكى ياتاقتا يېتىپ تۇردى.

بىر كۈنى، شىك شىسەينىڭ ئوغلى كىچىك مۇھاپىزەتچى بىلەن بىللە ئويۇن كۆرگىلى بېرىپ، ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ ئوفىتسېرلار ئەترىتىدىكى بىر ئوفىتسېر بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدى، شىك شىسەينىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئۆزىگە ھاي بەرمەي ئۇ ئادەمنى ئۇرۇپ قويدى. ئۇ ئوفىتسېر ئەلىمىگە چىدى- ماي بىر توپ ئادەمنى باشلاپ شىك شىسەي تۇرۇۋاتقان جايغا ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىپ ئۆچ ئالماقچى بولدى.

بۇ چاغدا شىك شىسەي ياتاقتا يوق ئىدى، ئۇلار ياتاققا بېسىپ كىرىشكە پېتىنالماي، ماشىنا ئىسكىلاتىدا تۇرغان ماشى- نىدىكى ماللارنى كۆرۈپ، ماللاردىن ئېلىشىچە ئېلىپ كېتىپ قالدى.

شىك شىسەي قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئوغلىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ھەم شۇ شەھەرنىڭ مۇداپىئە قوماندانى لىيۇ جىنغا تېلېفون بەردى.

— لىيۇ قوماندان، — دېدى ئۇ تېلېفوندا، — مەن شىك

www.uyghurkitap.com

شىسەي بولىمەن. چۇڭچىڭدىن باۋدىڭغا كەلگىنىمگە بىر قانچە كۈن بولدى. جانابىڭىزنى ئاۋارە قىلغۇم يوق ئىدى، شۇڭا ئالدىڭىزغا ئىزدەپ بارمىغان. يۈك پويىزى كەلسىلا يۈك - تاقلىرىمىزنى بېسىپ نەنجىڭگە ماڭماقچى ئىدۇق. دېمەكچى بولغىنىم، سىزنىڭ قارىمىقىڭىزدىكى ئوفىتسېرلار ئەترىتىدە تۇرۇۋاتقان ئادەملىرىڭىز قاملاشمىغان بىر ئىش قىلىپ، كۈپكۈندۈزدە ماشىنامنىڭ دېرىزىسىنى چېقىپ ئىچىدىكى پۇللۇق نەرسىلىرىمنى بۇلاپ كېتىپتۇ. ئەگەر مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلەردىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ماڭا دېسىلا بولاتتى ئەمەسمۇ؟ مەن ھەرگىز ئۇلارغا يان باسمايتتىم، ئۇنداق قىلماي بۇلاڭچىلىق قىلىشىپتۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەۋج ئېلىپ كەتسە بولمايدۇ - دە. مەن بۇ ئىشنى ۋېيىۋەنجاڭغا مەلۇم قىلىپ، ئىش بىر تەرەپ بولمىغۇچە باۋدىڭدىن كەتمەيمەن.

ليۇ جىن بۇنداق چوڭ ئىش يۈز بېرىدۇ دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەررۇ ئۇلارنى ياخشى باشقۇرمىغان ئەيىبنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىڭ شىسەيدىن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىككى ھەپتە مۆھلەت بېرىشنى، شۇ چاغقىچە بىر تەرەپ قىلىپ بولالمىسا، ئاندىن ۋېيىۋەنجاڭغا مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى .

— مەن ھازىرلا قېشىڭىزغا يېتىپ بارىمەن، قالغان گەپلەرنى كۆرۈشكەندە دېيىشەيلى، — دېدى ئۇ.

شىڭ شىسەي ليۇ جىن كەچۈرۈم سورىغانلىقى ئۈچۈن سەل پەيلىدىن يېنىپ، شۇ يەردىلا يىتكەن نەرسىلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئۇنىڭغا بەردى. ليۇ جىن تىزىملىكنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭدا 40 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئالماس كۆزلۈك بىر تال بىلەزۈك بار ئىدى، بۇ بىلەزۈكنى چيۇ يۈفاڭغا ستالىن سوۋغا قىلغانىدى.

بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا شىڭنىڭ يېتىپ بېرىپ خۇ زوڭنەن-

نى خىجىل قىلىپ قويدى. ئۇ شېلى شىسەي باۋدىڭدا بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قېلىپ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ قولىقىغا يېتىپ قالسا قانداق جاۋاب قىلغۇلۇق، دەپ ئويلاپ، شۇئان بىر ئادىمىنى باۋدىڭغا ئەۋەتىپ شېلى شىسەيىنىڭ شىئەندە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

شېلى شىسەي ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشنى بىئەپ كۆ-رۈپ، شىئەنگە بېرىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدى.

شېلى شىسەي شىئەنگە كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بولاڭچىلىق دېلوسى ئويلىمىغان يەردىن پاش بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى، بىر ئوفىتسېر بىر دۇكانغا كىرىپ ئامېرىكا دوللىرىغا تاماكا سېتىۋالغان. دۇكاننىڭ ئىگىسى بۇنىڭدىن بۇ-رۇن ئامېرىكا دوللىرىغا نەرسە ئالغان ئادەم كېلىپ قالسا شەھەر مۇداپىئە گارنىزونىغا مەلۇم قىلىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش تاپشۇ-رۇۋالغان بولغاچقا، ئۇ ئوفىتسېرغا، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ جۇڭ-گو پۇلىغا تېگىشىش نىسبىتىنى بىلمەيدىكەنمەن، دۇكانغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىز، مەن بانكىغا بېرىپ سوراپ كەلسەم، دەپ، دۇكاندىن چىقىپلا يان تەرەپتىكى بىر ماگىزىننىڭ تېلېفونىدا شەھەر مۇداپىئە گارنىزونىغا تېلېفون بېرىۋەتكەن. ئون مىنۇتقا قالمايلا بىر ماشىنا كېلىپ ئۇ ئوفىتسېرنى تۇتۇپ كەتكەن.

گارنىزونغا بارغاندىن كېيىن، ليۇ جىن ئۇنىڭدىن بۇ دول-لارنى نەدىن ئالغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ راستىنى ئېيتىپ، ئۆزى-نىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، شېلى شىسەينىڭ ماشىنىسىدىن بىرنەچچە تاتازا چەت ئەل يېزىقى بار پۇللارنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قانداق پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ تاماكا سېتىۋالغىلى بارغانلىقىنى ئېيتىپ بەر-گەن. گازارمىدىكىلەر شۇ ھامان ئۇنىڭ ياتىقىغا بېرىپ، يوغان بىر خالتىنىڭ تامدا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. خالتىنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدىكىسى ئامېرىكا دوللىرى، تەخمىنەن 40

www.uyghurkitap.com

مىڭ دوللار ئەتراپىدا ئىدى.

ئالماس كۆزلۈك بىلەزۈك ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

قوماندان ليۇ جىن ئامېرىكا دوللىرىنى ئېلىپ شىئەنگە شېڭ شىسەينى ئىزدەپ بېرىپ، 40 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. شېڭ شىسەي ئامېرىكا دوللىرىنىڭ تېپىلغىنىغا خۇشال بولۇپ باشقا نەرسىلەرنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىدى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، چيۇ زۇڭجۈن نورباغدىكى خۇسۇسىي جايىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سېتىپ، بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنى ئون قارا ماشىنىغا بېسىپ لەنجۇغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. 1949 ـ يىلى ئەتىيازدا، چيۇ زۇڭجۈن، ئوغلى چيۇ يۇشيۇڭ (لەنجۇدا شاۋجياڭ دەرىجىلىك ئالىي سەنمۇ دەپ ئەنگە ئېلىنغان)، كېلىنى فېي بوپىڭ، نەۋرىسى قاتارلىق بىر ئائىلە كىشىلىرىنى شىنجاڭدا ئۇ زىيانكەشلىك قىلغان جياڭ دېيۇ، ليۇ زىلى قاتارلىق كىشىلەر ئۆلتۈرۈۋەتتى، بىر قىز نەۋرىسى ئاغرىپ قېلىپ لەنجۇدىكى شياۋشىخۇ دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالغانىدى، شۇ قىزلا ئامان قالدى. چيۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، جياڭ دېيۇ ئۇلارنىڭ قېنى بىلەن تامغا: «ئون يىللىق ئىنتىقام بىر كېچىدە ئېلىندى» دەپ يېزىپ قويدى. لى پۇلىن ئاۋۋال تەيۋەنگە باردى، كېيىن بىرازىلىيىگە كېتىپ شۇ يەردە ئۆلدى. پېڭ جيۇەن ئۈرۈمچىدە خەقلەردىن ئۆلگۈدەك تاياق يەپ، بارار يېرى يوق، چۇڭچىڭغا كەتكەنىدى، ئازادلىقتىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، بېيجىڭدا قولغا ئېلىنغان لى يىڭچى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ شۇ يەردە سوتلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلدى.

## ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

1949 ـ يىلى، شېڭ شىسەي گومىنداڭ بىلەن بىللە تەيۋەن-

گە كىتىپ «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى» دا شاگجياڭ دەرى-
جىلىك مەسلىھەتچى، «مەمۇرىي پالاتانىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقنى قاي-
تۇرۇۋېلىشنى پىلانلاش كومىتېتى» غا ئەزا بولدى. ئۇ بىر مەز-
گىل سودىگەرچىلىك قىلىپ موگۇ، بېلىق سودىسى بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ باقتى، بولكىخانا ئاچتى، لېكىن ھېچقايسىسىدا سودى-
سىنى ئاقتۇرالماي، ئاخىر ئۆيىدە كومپارتىيىگە قارشى ماقالى-
لەرنى يېزىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقى، باشقىلارنى
قەستلەيدىغان مىجەزى شۇ چاغلاردىمۇ تۈگىمەي، شىنجاڭدا ئىش-
لەپ تەيۋەنگە قېچىپ كېلىۋالغان ئادەملەرنى، بۇ كوممۇنىست،
دەپ يۇقىرىغا چېقىپ كىشىلەرنىڭ غەزىپىگە قالدى. 1953 ـ
يىلى، گۇاڭ لۇ، گۇ گېگىي، سۇڭ نيەنسى، لىن جىيۇڭ
قاتارلىق 15 ئادەم جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ ئۇنىڭ شىنجاڭدى-
كى جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا، تەيۋەندىكى
ئەبەيدۇللا قاتارلىق 114 كىشى ئەرز سۇنۇپ، شېڭ شىسەينىڭ
شىنجاڭدىكى جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. 23 ـ كۈنى، شېڭ
شىسەي ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «مەن دۆلەتنىڭ ئالدىدا يەرگە
قارايدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم» دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى ۋە
يازغان نەرسىسىنى ۋەكىللەرگە تارقىتىپ بەردى. ئۇ مۇشۇنداق
نارازىلىقلارنىڭ ئىچىدە يەنە جياڭ جيېشىنىڭ قوغدىشى بىلەن
ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇ يەنە
خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان بىرىنچى، ئىككىنچى دە-
رىجىلىك ئوردېنلارغا، قۇرۇقلۇق، ھاۋا، دېڭىز ئارمىيە ئوردې-
نىغا ئېرىشتى.

شېڭ شىسەي تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن، «شىنجاڭدا ئۆت-
كەن ئون يىللىق ئەسلىمە»، «چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋېلىش
بۇرچىمىزنى قانداق قىلغاندا ئوڭۇشلۇق ئورۇندىغىلى بولىدۇ»،
«كوممۇنىزم ۋە كاپىتالىزم دەۋرىنىڭ ئۆتمۈشى، دېموكراتىيە

ئەسىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى» قاتارلىق كىتابلارنى يازدى. ئۇ: «ئەسلىمە» ئىنتايىن مۇھىم كىتاب، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغانلار بۇ كىتابنى چوقۇم ئوقۇپ چىقىشلىرى كېرەك. ئۇ مېنىڭ ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭ بىلەن قىلغان بىۋاستە كۆرەشلىرىمنىڭ تارىخى، دېدى.

شېڭ شىسەينىڭ كىتاب يېزىپ، ماقالە يېزىپ كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش، چوڭ قۇرۇقلۇقنى تارتىۋېلىشنى تەرغىب قىلىشتىن باشقا قىلغۇدەك ئىشى يوق ئىدى، شۇڭا ئىچى بەكمۇ پۇشاتتى.

ئۇنىڭ ئەمدى ئۇنداق چوڭ ئىشلارنى قىلغۇدەك ئەھۋالى يوق ئىدى، قولىدىنمۇ كەلمەيتتى، ئۈرۈمچىدىكى بوغدا چوققىسىنى ئەسلەپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى مۇستەقىل پادىشاھ بولۇپ ياشىغانىدى، ھەربىي دەرىجىسى قۇرۇقلۇق ئارمىيە شاڭجياڭى بولسىمۇ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇمىغان، ئۆلكە دەرىجىلىك ئەمەلدار بولسىمۇ، مەركەزدىكى ئەمەلدارلار سورۇنلىرى بىلەن ئاز باردى - كەلدى قىلغانىدى، شۇڭا تەيبېيگە كەلگەندىن كېيىن كۆپ ئادەملەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلالمىدى، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ بېرىش - كېلىش قىلغان ئادەملەرمۇ ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭدىن قاچتى. شۇ سەۋەبلەردىنمۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىدە يېقىن ئۆتىدىغان بىرمۇ ئاغىنىسى بولمىدى.

بۇ دۇنيادىن دېرەكسىز يوقاپ كېتىۋاتقاندەك ياشاۋاتقان تۇرمۇش ئۇنى تېخىمۇ غەمكىن، خەقلەردىن تېخىمۇ قاچىدىغان قىلىپ قويغاچقا، چەت بىر يەردىن ئۆي ئېلىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇۋاتقىنى خوتۇنى بىلەن ئەسلىمىسىلا ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى ئىدى. ئۇنىڭ توختىماي بېشى ئاغرىيتتى، قاياتتى، يۈرىكى سالاتتى، پۇت -

قوللىرى كۆيۈشەتتى، بىر قېتىم قىسقا ۋاقىت كۆزى كۆرمەسمۇ بولۇپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قان تومۇر كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا دورا بىلەن داۋالىنىشتىن باشقا ئۆزىنى بىر خىل تۇتتۇشنى، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئويلىماسلىق-نى ئېيتتى. ھەتتا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ئوقۇۇڭ، ئۇنىڭ-دىكى «ئوبدان ناخشىسى» بەك ياخشى. ئۇنىڭدىكى «خەلقئالەم دەيدۇ بىردەك پەرىشتە ياخشى، ئەمما چىقماس نام - شۆھرەت يادىدىن تامام! ئۆتكەنكى شۇ خان - ۋەزىرلەر نەلەرگە كەتتى، گۆرلىرىنى ئوتلار بېسىپ بولدى باياۋان» دېگەن گەپلەر نەقەدەر توغرا ئېيتىلغان. نام - شۆھرەت، پۇل - مال، توقال، نەۋرە - چەۋرە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىڭىزدىن غىل - پاللا ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسىلەر، ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەس. ئادەم بىر ئۆمۈر تىرىشىپ - تىرمىشىپ ھەممە نېمىگە ئېرىشكەن تەقدىردى-مۇ ئۇ نەرسىلەر نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟ ئۇ نەرسىلەرنىڭ قايسىبىرىنى ئۇ دۇنياغا بىللە ئېلىپ كېتەلەيسىز؟ بۇ دۇنيا چوڭ بىر سەھنە، قالايمىقان، ئۇنىڭدا سىز ناخشا ئېيتىسىز، مەن ئۇسسۇل ئويناي-مەن. ئاخىر بېرىپ، ئاقىۋەتتە ماڭا يات يۇرت ماكان بولدى، قويغىنا بۇ ئەپسانىنى ھەننىۋاسى، باشقىلارغا ئاخىر تويلۇق چاپان بولدى، دېگەندەك ئىش بولىدۇ. كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە سەھنىگە چىققانىكەنسىز، ئۇنىڭدىن چۈشۈشىڭىزمۇ بولىدۇ. سەھنىگە چىقىش «ياخشى»، سەھنىدىن چۈشۈش «تامام»، «ياخشى» بار يەردە «تامام» بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىشلارغا ئۆزى-ڭىزنى بەكمۇ ئاۋارە قىلىپ كەتمەڭ، دېگەنمۇ بولدى.

شىڭ شىسەي، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ھەققىدە جۇڭ-گونىڭ كىشىلىك ھاياتنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بەرگەن كلاسسىك مەشھۇر ئەسىرى ئىكەن. ئۆتمۈشتىكى «بەزمە - مەشرەپ قايند-غان جاي» رۇڭگو قەسرىدە ئاخىر «گۈللەر توزۇپ، دەل - دەرەخلەر خازان بولدى»غۇ؟ «ئۆز ۋاقتىدا بەگ - غوجاملار

www.uyghurkitap.com

تولغان ساراي» لار «غۇربەت بېسىپ قۇرۇق سۆلەت دالان بولدى» غۇ؟ مەن بىر دېھقاننىڭ بالىسى ئىدىم، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتىم، دۆلەتنىڭ چېگرا قوغداش ئەلچىسىمۇ بولدۇم، دۆلەت ئالدىدا، ئەۋلادلىرىم ئالدىدا يۈزۈم يورۇق. لېكىن، ھەممە ئىشلار كۆپۈكتەك ياكى چۈشتەك كۆزدىن غايىب بولدى، ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇنىڭ تەيۋەندە تۇغقانلىرى يوق ئىدى، ئانىسى بىلەن سىڭلىسى چوڭ قۇرۇقلۇقتا قالغانىدى. تەيۋەنگە بىللە ئېلىپ كەلگەنى ئىككىنچى ئىنىسى شېڭ شىيىڭ، بەشىنچى ئىنىسى شېڭ شىجىلا ئىدى، چوڭ ئوغلى كېجىڭ، ئوتتۇرانچى ئوغلى كېچېڭ يېنىدا ئىدى. چوڭ قىزى كېچىن، كەنجە ئوغلى كېۋېن ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. شېڭ شىسەي ئىنىلىرى بىلەنمۇ كۆپ باردى - كەلدى قىلىشمايتتى، ئۆز ۋاقتىدىكى «ئاۋام گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى چېن جىيىڭ بىلەن يىلدا بىر - ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق پىكىر بار ئىدى. چېن جىيىڭ ئۇرۇمچىگە ئۈچ قېتىم كەلگەن، شىنجاڭنىڭ 1938 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللار يېزىلغان، قىممىتى بار «شىنجاڭدا كۆرگەنلىرىم» ناملىق كىتابنى يازغان، بۇ كىتاب شۇ چاغدا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغانىدى.

1970 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شېڭ شىسەي ئۆز ئۆيىدە تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ تەيبېي شەھىرىدىكى ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 76 يېشىدا ئۆلدى. شۇ چاغدا يېنىدا خوتۇنى چيۇ يۇفاڭ بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلى كېچېڭلا بار ئىدى.

ئەتىسى، ئۇنىڭ جەسىتى ئامېرىكىدىكى قىزى كەلگۈچە تەيجېي شەھىرى مىنچۈەن كوچىسىدىكى جەسەتخانىغا قويۇپ تۇرۇل-

دى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دە ئائىلىسىنىڭ، سائەت 9 دا دەپنە كومىتېتىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. جىياڭ جيېشى گۈلچەمبىرەك ئەۋەتتى. سابىق غەربىي شىمال ئارمىيە - ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو جىچياۋ قاتارلىقلار ئۇنىڭ جەسىتى ئۈستىگە دۆلەت بايرىقى ياپتى. ئۇنىڭ ئالدىدا، يەنى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «زۇڭتۇڭ» جىياڭ جيېشى بىلەن «مەمۇرىي پالاتا» باشلىقى يەن جىياگەن «ساداقەت مۇكاپاتى» بىلەن ئۇنى مۇكاپاتلىغانىدى. شېڭ شىسەينىڭ جەسىتى تەيبېي شەھىرى شىمالىي ياڭمىڭشەن تېغىدىكى 1 - ئومۇمىي قەبرىستانلىقنىڭ 12 - رايونىغا كۆمۈلدى. 16 يىلدىن كېيىن، خوتۇنى چيۇ يۇفاڭ نيۇ يوركتا ۋاپات بولۇپ جەسىتى شۇ يەرگە قويۇلدى.



شېڭ شىسەي ئۆلگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۇنىڭ جەسىتى ئۈستىگە بايراق ياپتى

شېڭ شىسەينىڭ ئۆلۈمى كۆرۈنۈشتە داغدۇغىلىق بولدى، ئەمما كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر بۇنىڭ تەشۋىقات ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايتتى. بۇ گومىنداڭنىڭ كىشىلەرگە ئۆلگىچە كومپارتىيىگە قارشى تۇرغان بۇ «قەھرىمان»نى ئۇنتۇپ قالمىغان-

لىقىنى، «ھۆكۇمەت» نىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانلىقى ئىدى. خەلق قانداق قىلدى؟ خاتىرىلەردىن قارىغاندا، دەپنە مۇراسىمىغا ئىنتايىن ئاز ئادەم قاتناشقان، بۇ كۆرۈنۈشتىن كىشىلەر ئۆزى خۇلاسە چىقىرىۋالسا بولىدۇ.

# قوشۇمچە: شېڭ شىسەي يىلنامىسى

1894 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسىدىكى شېڭجياتۇن كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدى.

1901 — 1908 ـ يىللىرى 7 — 14 ياش باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدى.

1909 — 1912 ـ يىللىرى 15 — 18 ياش فېڭتيەن ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مەكتىپىدە ئوقۇدى.

1912 ـ يىلى 18 ياش شاڭخەي ۋۇسۇڭ ئوتتۇرا مەكتە- پىدە ئوقۇدى.

1915 ـ يىلى 21 ياش بىرىنچى قېتىم ياپونىيىگە ئو- قۇشقا چىقىپ مېجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد كەس- پىدە ئوقۇدى.

1919 ـ يىلى 25 ياش ۋەتەنگە قايتىپ چىڭداۋنى قايتۇ- رۇۋېلىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى ھەم ئوقۇيدىغان كەسپىنى قەلەم- دىن ئەلەمگە يۆتكەپ، يۈننەن ھەربىي مەكتىپىنىڭ شاۋجۇ شۆبە مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇدى.

1921 ـ يىلى 27 ياش ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەرقىي شىمال ئارمىيىسى 8 ـ لۈيىنىڭ لۈيجاڭى گو سۇڭلىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىدى.

1923 ـ يىلى 29 ياش چيۇ يۈفاڭ بىلەن توي قىلىپ

يايونىيىگه باردى ۋه ئۇ يەردە ياپونىيه قۇرۇقلۇق ئارمىيه ئۇنىۋىر-
ستىتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى.

1925 - يىلى 31 ياش 11 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ لۇەنجۇ ھەربىي ئۆزگىرىشىگە قاتناشتى. 12 - ئايدا ھەربىي ئۆزگىرىش مەغلۇپ بولدى.

1926 - يىلى 32 ياش يىلنىڭ بېشىدا ياپونىيىگە قايتىپ بېرىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى.

1927 - يىلى 33 ياش ياپونىيىدە ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى ۋە ئىنقىلابىي ئارمىيه قوماندانلىق شتابىدا شاڭشياۋ دەرىجىلىك سەنمۇ بولدى.

1928 - يىلى 34 ياش قوماندانلىق شتابى سەنمۇ باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولدى.

1929 - يىلى 35 ياش گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سەنمۇ بۇ نازارىتى ئۈچىنچى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولدى.

1930 - يىلى 36 ياش 10 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن چىگرا رايون مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك سەنمۇسى، سەنمۇلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شاۋجياڭ دەرىجىلىك مۇدىرى، قوشۇمچە مۇھاپىزەتچىلەر يىغىنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

1931 - يىلى 37 ياش 2 - ئايدا قۇمۇلنىڭ شوبۇل دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان قىسىمىنىڭ كوماندىرى بىر ئۇيغۇر قىزىنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى بىلەن ۋەقە چىقتى ۋە بۇ ۋەقە قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى. ما جۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا قوشۇن تارتىپ كېلىپ قۇمۇلنىڭ يېڭى شەھەر رايونىنى، باركۆلنى بېسىۋالدى. يىلنىڭ ئاخىرىدا يارىلىنىپ ئەنشى، دۇنخۇاڭ، يۈمېن ئەتراپىغا چېكىنىشكە مەجبۇر

بولدى.

1932 ـ يىلى 38 ياش شەرق تەرەپتىكى باندىتلارنى تازىلاشقا قوماندان بولۇپ توپىلاڭنى باستۇردى. شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە توپىلاڭلار يۈز بەردى.

1933 ـ يىلى 39 ياش ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم كىردى. شېڭ شىسەي ئالدىنقى سەپنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، جەڭلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قازاندى.

4 ـ ئايدا، ئۆلكە مەركىزىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ۋاقىتلىق چېگرا رايون مۇداپىئە دۇبەنى بولدى.

6 ـ ئايدا، تاۋ مىڭيۇ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەرنى ئۆلتۈردى. خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىغا قارشى تۇردى.

8 ـ ئايدا، شىنجاڭنىڭ رەسمىي دۇبەنى بولدى. لو ۋېنگەننىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاقىغا زەربە بەردى. 12 ـ ئايدا، ئىچكى جەھەتتە ليۇ ۋېنلۇڭنى، شەرقىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسى ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام باشلىقلارنى باستۇردى، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشتى.

1934 ـ يىلى 40 ياش سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كۈچى بىلەن جاڭ پېييۈەن، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى يوقاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدا كوممۇنىزمنى يولغا قويۇش تەكلىپىنى بەردى. 8 ـ ئايدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى قۇردى. 10 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسىنى قۇردى.

1935 ـ يىلى 41 ياش 5 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز ئالدى. 11 ـ ئايدا، گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك تەپتىش مۇدىرى بولدى، شۇ يىلى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1936 ـ يىلى 42 ياش 5 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئامانلىقنى

www.uyghurkitap.com

ەاقلاش باش ئىدارىسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمى-
سىغا ئۆزگەرتتى. 7 - ئايدا، بىرىنچى قارارلىق ئۈچ يىللىق
قۇرۇلۇش پىلانى باشلاندى. 12 - ئايدا، گومىنداڭ قۇرۇق-
لۇق ئارمىيە جۇڭجياڭى بولدى. شىئەن ۋەقەسىدە جاڭ شۆلياڭغا
شەرتسىز ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى.

1937 - يىلى 43 ياش 1 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
2 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز ئالدى. 5 - ئايدا،
غەربىي يۈنلىش ئارمىيىسى سولقانات تارماق ئەترىتىنىڭ شىن-
جاڭغا كېلىشىنى قارشى ئالدى. 8 - ئايدا، ئاتالمىش «سۈيى-
قەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئىككىنچى
يىلى ۋاقىتلىق توختاپ قالدى. 10 - ئايدا، 8 - ئارمىيىنىڭ
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى
بىرلىك سەپ قۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن كومپارتىيە ئەزالىرى
ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلدى. سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى بىلەن قەشقەردە ماۋت شىجاڭنى، خوتەندە
ما خۇشەننى يوقاتتى.

1938 - يىلى 44 ياش 1 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ قىزىل 8 - تۈەنى قۇمۇلغا كېلىپ تۇردى. 8 - ئايدا،
موسكۋاغا بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىگە ئەزا بولدى.
10 - ئايدا، شىنجاڭدا 3 - نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق ۋەكىللەر
قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى بىلەن بولغان دوستلۇقى پەلەككە چىقتى.

1939 - يىلى 45 ياش شىنجاڭنى گومىنداڭ، كومپار-
تىيە بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ئۈچىنچى بىر سىياسىي گۇ-
رۇھ دەپ ئاتىدى.

1940 - يىلى 46 ياش ئىككىنچى قېتىم «سۈيىقەست-
لىك توپىلاڭ دېلوسى» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، دۇ جۇڭيۈەننى

تاشلىدى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
پېيشېڭنى قولغا ئالدى. 11 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپا-
«شىنجاڭنىڭ قەلەي كانلىرىنى ئىجارىگە ئېلىش كېلى-
قول قويۇشقا مەجبۇرلىدى.
1941 ـ يىلى 47 ياش 1 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىسى
تەكلىپىنى بەردى.
1942 ـ يىلى 48 ياش 3 ـ ئايدا، شېڭ شىچى شەرقىي
سىرلىق هالدا ئۆلۈپ كەتتى. 5 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي
قاتارلىقلارغا خەت يېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىن-
سۈيىقەستلىك هەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقىنى، دۆبەننى
كچى بولغانلىقىنى ئەيىبلىدى. 7 ـ ئايدا، جۇ شاۋلياڭ
شىنجاڭغا كۆپ قېتىم كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن
مەركەزگە قايتۇرۇشنىڭ شەرتلىرى ئۈستىدە سۆھبەت-
سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇ-
نىستىرى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسى-
بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنى هەل قىلىشقا كەلگەندە، شېڭ
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلدى. جياڭ جيېشى «شىنجاڭ-
نىڭ هوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش سىياسىتى»نى تۈزۈپ
9 ـ ئايدا، ۋۇ زېشياڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ
دا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە خادىملىقىغا تەيىنلەندى. 9 ـ
شېڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەت-
11 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى. 10 ـ ئايدا، قىزىل
تۇن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق مۇتەخەسسىسلى-
مەسلىھەتچىلىرى، هەربىي ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈچ ئاي
شىنجاڭدىن چېقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. 11 ـ
8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولدى.
1943 ـ يىلى 49 ياش گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك

پىرقىسى قۇرۇلدى. شىڭ شىسەي پىرقە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى، دۇبەن مەھكىمىسى پەۋقۇلئاددە پىرقىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەيئەت ئەزاسى بولدى. 9 - ئايدا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، دېموكراتىك زات دۇ جۇڭيۈەن ئۆلتۈرۈلدى. شۇ يىلى شىڭ شىسەي سەككىز چوڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەندى.

1944 - يىلى 50 ياش 4 - ئايدا، شىڭ شىسەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ۋە «ئون چوڭ دوكتور» قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چىقاردى. 6 - ئايدا، ئۈرۈمچىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى قولغا ئالدى. 8 - ئايدا خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ دېلوسىدا گومىنداڭنىڭ 500 — 600 ئادىمىنى تۈرمىگە تاشلىدى. 9 - ئايدا، شىڭ شىسەي شىنجاڭدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلۇپ، چۇڭچىڭدا دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولدى.

1945 - يىلى 51 ياش 5 - ئايدا، گومىنداڭنىڭ 5 - نۆۋەتلىك 16 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، يىغىندا مەسئۇد شىڭ شىسەينى 200 مىڭ ئادەمنى قولغا ئالدى، 120 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ شىكايەت قىلدى. 7 - ئايدا، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى، كېيىن شەنشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋۇخەندە تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

1948 - يىلى 54 ياش شىڭ شىسەينىڭ پۈتۈن ئائىلىسى ۋە بىر قىسىم توغقانلىرى تەيۋەنگە كەتتى.

1949 - يىلى 55 ياش ئەتىيازدا چيۇ زوڭجۈننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى لەنجۇدا ئۆلتۈرۈلدى. شىڭ شىسەي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ شائىجياڭ دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى»، «مەمۇرىي پالاتانىڭ چوڭ

责任编辑：凯赛尔·库尔班
责任校对：麦热木尼沙·肉孜

## 图书在版编目(CIP)数据

盛世才外传：蔡锦松；热合曼·马木提译. 一北京：民族出版社，2006.6（2012.3 重印）
ISBN 978-7-105-07760-3

Ⅰ.盛… Ⅱ.①蔡… ②热… Ⅲ. 盛世才（1892～1970）—传记—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K827=7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 059974 号

出版发行：民族出版社 htt://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006 年 12 月第 1 版
2012 年 3 月第 2 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：20.875
定　　价：33.00 元

قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنى پىلانلاش كومىتېتى»نىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

1953 ـ يىلى 59 ياش گۇاڭ لۇ، گۇ گېڭيې، سىڭ نيەنسى، لىن جيۇڭ قاتارلىق 15 ئادەم شىڭ شىسەينىڭ ئۈستى-دىن بىرلىشىپ ئەرز قىلدى. 3 ـ ئايدا، ئەبەيدۇللا قاتارلىق 114 ئادەم شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى جىنايەتلىرى توغرۇلۇق يۇقىرىغا ئەرز سۇندى.

1970 ـ يىلى 76 ياش 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، يۈرەك كېسىلى بىلەن تەيبېيدىكى ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا ئۆلدى. 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ياڭمىڭشەن قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.